بسم الله الرّحمن الرّحیم

# جواهر التفاسير

**مختارات من جواهر التفاسير التالية:**

الطبري، القرطبي، ابن كثير، البغوي، الجلالين، تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان، التفسير الواضح، تفسير الشعراوي، التفسير الميسر، المختصر في التفسير، التحرير والتنوير، صفوة التفاسير، أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير، التفسير الكبير للرازي.

محمد يوسف محمد تورسون

١٠

من سورة الملك إلى سورة الناس

# تەپسىر جەۋھەرلىرى

تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى بەغەۋىي، تەپسىرى جەلالەين، تەپسىرى سەئدىي، تەپسىرى ۋازىھ، تەپسىرى شەئراۋىي، تەپسىرى مۇيەسسەر، تەپسىرى مۇختەسەر، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، سەفۋەتۇتتەفاسىر، تەپسىرى جەزائىرىي، تەپسىرى رازىي قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرى تاللاپ ئېلىنغان.

مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن

10

مۈلك سۈرىسىدىن ناس سۈرىسىگىچە

# تەپسىر جەۋھەرلىرى

## جواهر التفاسير

تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى بەغەۋىي، تەپسىرى جەلالەين، تەپسىرى سەئدىي، تەپسىرى ۋازىھ، تەپسىرى شەئراۋىي، تەپسىرى مۇيەسسەر، تەپسىرى مۇختەسەر، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، سەفۋەتۇتتەفاسىر، تەپسىرى جەزائىرىي، تەپسىرى رازىي قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرى تاللاپ ئېلىنغان.

مختارات جواهر كل من التفاسير: الطبري، القرطبي، ابن كثير، البغوي، الجلالين، تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان، التفسير الواضح، تفسير الشعراوي، التفسير الميسر، المختصر في التفسير، التحرير والتنوير، صفوة التفاسير، أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير، التفسير الكبير للرازي.


مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن

محمد يوسف محمد تورسون



ئونىنچى توم | المجلد العاشر

بىرىنچى نەشرى | الطبعة الأولى

2024م/1446هـ

ISBN:978-625-00-1246-8

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل-تۈركىيە

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

﴿وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلذِّكۡرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيۡهِمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ﴾

﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن (ئەھكاملار)نى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ نازىل قىلدۇق﴾

نەھل سۈرىسى: 44 ـ ئايەت.

﴿وَإِذۡ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ لَتُبَيِّنُنَّهُۥ لِلنَّاسِ وَلَا تَكۡتُمُونَهُۥ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ كىتاب بېرىلگەنلەردىن «كىتابنى كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىسىلەر ۋە يوشۇرمايسىلەر» دەپ ئەھدە ئالغان ئىدى﴾

ئال ئىمران سۈرىسى: 187 ـ ئايەت.

تەپسىرنى كۆرۈپ چىققۇچىلار:

دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ
ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ھاپىز
مۇھەممەد ئۆمەر قارىھاجىم
مۇھەممەد ئەمىن (بېشارەت) قارىھاجىم
ئۇستاز ئۇبۇلقاسىم ئەھمەدى
ئابدۇراززاق قارىھاجىم

ئەدەبىي تەھرىرلەر:

ئابدۇلئەزىز ئاقھۇن
ئالماس ھاجىم
ئىسمايىل قادىر ھاجىم
ئەلانۇر ئەتتار خانىم

لايىھەلىگۈچى:

ئا. ئاقھۇن

بۇ تەپسىر پالۋان مەرىپەت فوندىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن
شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلدى.

# مۇندەرىجە

## 29-پارە

مۇلك سۈرىسى ........ 009
ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىنىڭ ۋە قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرى ........ 009
ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتى، قۇدرىتى ۋە ئىلمىنىڭ بەزى نامايەندىلىرى ........ 015
ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ........ 022
قەلەم سۈرىسى ........ 027
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەۋزىلىدۇر ........ 027
باغ ئىگىلىرىنىڭ قىسسىسى ........ 034
كاپىرلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە ........ 039
كۆز تېگىشنىڭ راستلىقى ........ 044
ھاققە سۈرىسى ........ 048
قىيامەت كۈننى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى ........ 048
ياخشىلار بىلەن يامانلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالى ........ 052
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر ........ 057
مەئارىج سۈرىسى ........ 063
مۇشرىكلارنى ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش ........ 063
ئىنسان تەبىئىتى ۋە قۇرئاننىڭ شىپاسى ........ 069
ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ........ 074
نۇھ سۈرىسى ........ 078
جىن سۈرىسى ........ 090

جىنلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تىڭشاپ ئىمان ئېيتقانلىقى 090
جىنلارنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقى 092
پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئىلاھىي كۆرسەتمىلەر 097
مۇززەممىل سۈرىسى 105
پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئىلاھىي تەلىماتلار 105
بۇ رەببىڭلاردىن بىر يېنىكلىتىش ۋە رەھمەتتۇر 112
مۇددەسسىر سۈرىسى 118
ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا تەلىم بېرىشى 118
كاپىرلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى كۆتۈۋاتقان ئازاب 123
ئازاب ۋە ئۇنىڭغا كىرىدىغانلار 130
قىيامەت سۈرىسى 136
قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ئىشلار 136
ئۆلۈمنىڭ سەكراتى ۋە ئىنساننىڭ يارىتىلىشى 144
ئىنسان سۈرىسى 149
ئىنساننىڭ كېلىپ چىقىشى 149
ياخشىلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى 152
ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ تۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە
تەلىمات 158
مۇرسەلات سۈرىسى 162
كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى 172
مۇئمىنلەرنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى 172

## 30-پارە

نەبەئ سۈرىسى 175
كاپىرلارنىڭ قىيامەتتىكى ئەھۋالى 181
مۇئمىنلەرنىڭ قىيامەتتىكى ئەھۋالى 182
نازىئات سۈرىسى 187

ئەبەسە سۈرىسى ........ 200
قىيامەت كۈنىنىڭ ئەھۋالى ........ 208
تەكۋىر سۈرىسى ........ 211
«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر ........ 216
ئىنفىتار سۈرىسى ........ 221
مۇتەففىفىن سۈرىسى ........ 227
جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەھۋالى ........ 232
ئىنشىقاق سۈرىسى ........ 239
بۇرۇج سۈرىسى ........ 246
تارىق سۈرىسى ........ 253
ئەئلا سۈرىسى ........ 261
غاشىيە سۈرىسى ........ 267
فەجر سۈرىسى ........ 274
ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئۇنىڭ بېشىغا كېلىدىغان سىناقلار ........ 278
بەلەد سۈرىسى ........ 284
شەمس سۈرىسى ........ 290
لەيل سۈرىسى ........ 296
زۇھا سۈرىسى ........ 304
شەرھ سۈرىسى ........ 309
تىين سۈرىسى ........ 316
ئەلەق سۈرىسى ........ 321
قەدر سۈرىسى ........ 330
بەييىنە سۈرىسى ........ 334

زەلزەلە سۈرىسى ..... 343
ئادىيات سۈرىسى ..... 346
قارىئە سۈرىسى ..... 349
تەكاسۇر سۈرىسى ..... 352
ئەسر سۈرىسى ..... 356
ھۇمەزە سۈرىسى ..... 361
فىل سۈرىسى ..... 364
قۇرەيش سۈرىسى ..... 369
مائۇن سۈرىسى ..... 372
كەۋسەر سۈرىسى ..... 376
كافىرۇن سۈرىسى ..... 380
نەسر سۈرىسى ..... 383
مەسەد سۈرىسى ..... 386
ئىخلاس سۈرىسى ..... 391
فەلەق سۈرىسى ..... 395
ناس سۈرىسى ..... 399
خاتىمە ..... 402
«قۇرئان كەرىم» ھەققىدە قىسقىچە بايان ..... 403
قۇرئان كەرىم ھەققىدە ..... 403
ۋەھيي ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ..... 405
مۆجىزە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ..... 407
«قۇرئان كەرىم» مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر ..... 408
مۆجىزىلەر ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلاردۇر ..... 410

«قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئالەم ئۈچۈن مۆجىزىدۇر 413
«قۇرئان كەرىم» نىڭ تەدرىجىي نازىل قىلىنغانلىقى 417
ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى 418
جىبرىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇرئان ئوقۇتۇشى 418
«قۇرئان كەرىم»نىڭ ساقلىنىشى 419
«قۇرئان كەرىم» نىڭ توپلىنىشى 421
«ۋەھيى كاتىپلىرى» ھەيئىتى 422
«ۋەھيى كاتىپلىرى»نىڭ «قۇرئان كەرىم»نى توپلاشتىكى ئۇسۇلى 422
«ۋەھيى كاتىپلىرى» ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى 423
«قۇرئان كەرىم» نىڭ نۇسخىلارغا كۆپەيتىلىشى 424
«قۇرئان كەرىم» نى نۇسخىلاندۇرۇش ئۇسۇلى 425
ھەزرىتى ئوسمان زامانىدىكى قۇرئاننىڭ قوليازما نۇسخىلىرى 425
ئىلگىرىكى ئەرەب ئېلىپبەسى 426
«قۇرئان كەرىم» گە ئوقۇش بەلگىلىرىنىڭ قويۇلۇشى 426
«قۇرئان كەرىم»نىڭ رەسمىي مەتبەدە نەشر قىلىنىش تارىخى 427
«قۇرئان كەرىم»نى نەشر قىلىش ئاكادېمىيەسى 427
قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى 428
قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىملىرى ۋە تەپسىرلىرى 429
«قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلغان ئۇيغۇرلار 430
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تەپسىرلەر 431
«قۇرئان كەرىم»نىڭ تەپسىرى ھەققىدە 432
بىرىنچى باسقۇچ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىر قىلىشى 433
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەممىسىنى تەپسىر قىلغانمۇ؟ 434
ئىككىنچى باسقۇچ: ساھابىلەرنىڭ تەپسىر قىلىشى 437
ساھابىلەرنىڭ تەپسىر قىلىش مېتودى 437
ساھابىلەرنىڭ مەشھۇر مۇپەسسىرلىرى 439

ئۈچىنچى باسقۇچ: تابىئىنلارنىڭ زامانىدىكى تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى 440
تۆتىنچى باسقۇچ: تەپسىرنىڭ توپلىنىشى 440
تەپسىرنىڭ تۈرلىرى 443
بىرىنچىسى: رىۋايەت تەپسىرى 443
ئىككىنچىسى: رەيى تەپسىرى 444
تەپسىر قىلىش ئۇسلۇبى 445
تەپسىردىكى ئاساسلىق قائىدە-پرىنسىپلار 450
يېقىنقى ئەسىردە يېزىلغان بەزى مەشھۇر تەپسىرلەردىن ئۆرنەكلەر 453
تۈگەنچە 459
تەپسىردىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئىزاھاتى 462

# مۇلك سۈرىسى

مۇلك سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 30 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، باشقا مەككە سۈرىلىرىگە ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى تەكىتلەش، ئۇنىڭ ئىلىم-ھېكمىتىنىڭ، چەكسىز قۇدرىتىنىڭ نامايەندىلىرىنى بايان قىلىش، قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئىشلارنى، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسكەرتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سۈرىنىڭ يەنە «مۇنجىيە» (قۇتقۇزغۇچى)، «ۋاقىيە» (ساقلىغۇچى) ۋە «تەبارەك» (ئەڭ بۈيۈك، مۇقەددەس) دېگەن ئىسىملىرىمۇ بار.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ تەڭداشسىز پادىشاھلىقىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتىكى ﴿ٱلْمُلْكُ﴾ «مۇلك» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ «پادىشاھلىق، ئىگىدارچىلىق، ھۆكۈمرانلىق» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

## ◄ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىنىڭ ۋە قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿تَبَٰرَكَ ٱلَّذِي بِيَدِهِ ٱلۡمُلۡكُ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ۝١ ٱلَّذِي خَلَقَ
ٱلۡمَوۡتَ وَٱلۡحَيَوٰةَ لِيَبۡلُوَكُمۡ أَيُّكُمۡ أَحۡسَنُ عَمَلٗاۚ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡغَفُورُ
۝٢ ٱلَّذِي خَلَقَ سَبۡعَ سَمَٰوَٰتٖ طِبَاقٗاۖ مَّا تَرَىٰ فِي خَلۡقِ ٱلرَّحۡمَٰنِ مِن
تَفَٰوُتٖۖ فَٱرۡجِعِ ٱلۡبَصَرَ هَلۡ تَرَىٰ مِن فُطُورٖ ۝٣ ثُمَّ ٱرۡجِعِ ٱلۡبَصَرَ
كَرَّتَيۡنِ يَنقَلِبۡ إِلَيۡكَ ٱلۡبَصَرُ خَاسِئٗا وَهُوَ حَسِيرٞ ۝٤ وَلَقَدۡ زَيَّنَّا

ٱلسَّمَآءَ ٱلدُّنۡيَا بِمَصَٰبِيحَ وَجَعَلۡنَٰهَا رُجُومٗا لِّلشَّيَٰطِينِۖ وَأَعۡتَدۡنَا
لَهُمۡ عَذَابَ ٱلسَّعِيرِ ٥ وَلِلَّذِينَ كَفَرُواْ بِرَبِّهِمۡ عَذَابُ جَهَنَّمَۖ
وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ٦ إِذَآ أُلۡقُواْ فِيهَا سَمِعُواْ لَهَا شَهِيقٗا وَهِيَ تَفُورُ
٧ تَكَادُ تَمَيَّزُ مِنَ ٱلۡغَيۡظِۖ كُلَّمَآ أُلۡقِيَ فِيهَا فَوۡجٞ سَأَلَهُمۡ خَزَنَتُهَآ
أَلَمۡ يَأۡتِكُمۡ نَذِيرٞ ٨ قَالُواْ بَلَىٰ قَدۡ جَآءَنَا نَذِيرٞ فَكَذَّبۡنَا وَقُلۡنَا مَا
نَزَّلَ ٱللَّهُ مِن شَيۡءٍ إِنۡ أَنتُمۡ إِلَّا فِي ضَلَٰلٖ كَبِيرٖ ٩ وَقَالُواْ لَوۡ كُنَّا
نَسۡمَعُ أَوۡ نَعۡقِلُ مَا كُنَّا فِيٓ أَصۡحَٰبِ ٱلسَّعِيرِ ١٠ فَٱعۡتَرَفُواْ بِذَنۢبِهِمۡ
فَسُحۡقٗا لِّأَصۡحَٰبِ ٱلسَّعِيرِ ١١ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَخۡشَوۡنَ رَبَّهُم بِٱلۡغَيۡبِ
لَهُم مَّغۡفِرَةٞ وَأَجۡرٞ كَبِيرٞ ١٢

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-(پۈتۈن كائىناتنىڭ) ھۆكۈمرانلىقى قولىدا بولغان ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

2-ئۇ سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئۆلۈمنى ۋە ھاياتلىقنى ياراتقان زاتتۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ناھايىتى مەغ-پىرەت قىلغۇچىدۇر.

3-ئاللاھ يەتتە ئاسماننى قاتمۇقات قىلىپ ياراتقان زاتتۇر. رەھمان ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ھېچقانداق نۇقسان تاپالمايسەن، سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يېرىقنى كۆرەمسەنكىن؟

4-ئاندىن سەن يەنە ئىككى قېتىم قارىغىن، كۆزۈڭ (ئىزدىگەن نۇقساننى تېپىشتىن) ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ.

5-ئەڭ يېقىن ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن بېزىدۇق ۋە يۇلتۇزلارنى يەنە (پە-رىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاشقا ئۇرۇنغان) شەيتانلارنى ئاتىدىغان ئۇچقۇن قىلدۇق، شەيتانلارغا يالقۇنجاپ تۇرغان دوزاخ ئازابىنى تەييارلىدۇق.

6-رەببىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا دوزاخ ئازابى بار. دوزاخ نېمىدېگەن

يامان بارار جاي!

7ـ ئۇلار دوزاخقا تاشلانغان چاغدا، قايناپ تۇرغان دوزاخنىڭ (ئېشەكنىڭ ئاۋازىدەك) يېقىمسىز ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ.

8ـ دوزاخ (كاپىرلارغا) غەزەپتىن پارچە‐پارچە بولۇپ كېتىشكە تاس قالىدۇ. دوزاخقا ھەرقاچان بىر توپ ئادەم تاشلانغان چاغدا، دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) كەلمىگەنمىدى؟» دەپ سورايدۇ.

9ـ ئۇلار: «ئۇنداق ئەمەس، ئەلۋەتتە بىزگە ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن، بىز (ئۇنى) ئىنكار قىلغان ھەمدە بىز: ‹ئاللاھ (سىلەرگە) ھېچ نەرسە چۈشۈرگەن ئەمەس، سىلەر پەقەت چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا تۇرۇۋاتىسىلەر› دېگەن ئىدۇق» دەيدۇ.

10ـ ئۇلار: «ئەگەر بىز (ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا) قۇلاق سالغان، ياكى ئەقلىمىزنى ئىشلەتكەن بولساق، دوزاخ ئەھلىنىڭ قاتارىدا بولماس ئىكەنمىز» دەيدۇ.

11ـ شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھىنى تونۇيدۇ. دوزاخ ئەھلى (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) يىراق بولسۇن!

12ـ خىلۋەتتە رەببىدىن قورققانلارغا ھەقىقەتەن مەغپىرەت ۋە كاتتا مۇكاپات بار.

### ◄ تەپسىرى

ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە بارلىق كائىناتنىڭ پادىشاھلىقى، ئىگىدارچىلىقى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئىلكىدە بولغان، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئاللاھ تائالا زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە جىمى ئىش‐ھەرىكەتلىرىدە ئەڭ مۇكەممەل، تەڭداشسىز، يېگانە زاتتۇر، ئۇ ئەڭ بۈيۈك، بارچە نۇقسانلاردىن پاك، قۇدرىتى چەكسىز ۋە ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ ئىلاھتۇر.

﴿تَبَٰرَكَ﴾ ئاللاھ تائالانىڭ كامالىتىنى، ئۇلۇغلۇقىنى، كاتتىلىقىنى ۋە بارچە مەخلۇقاتقا بولغان ياخشىلىقىنىڭ كۆپلۈكىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزدۇر.

ئاللاھ تائالا ئۆلۈمنى ۋە ھاياتلىقنى ياراتقان ۋە جىمى جانلىقلارنىڭ ئەجىلىنى بەلگىلىگەن زاتتۇر. ئايەتتە، ئۆلۈمنىڭ ھاياتلىقتىن ئىلگىرى

كەلتۈرۈلگەنلىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىر كۈنى چوقۇم ئۆلـ-
ـدىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈندۇر.

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنى ياراتقانلىقى سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش، قايسىڭلارنىڭ ئەڭ ئىخلاسمەن، ئەڭ ئىتائەتمەن، ئەڭ تەقۋادار ئىكەنـ-ـلىكىڭلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈندۇر. ئەسلىدە ئىنساننىڭ ئەمەلى ياخشى بىلەن يامان ئوتتۇرىسىدا ئەمەس، بەلكى ئەڭ ياخشى بىلەن ياخشى ئوتتۇرىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك. دېمەك، ئاللاھ تائالا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنى ياراتتى. بۇ ھاياتلىق پەقەتلا سىناق مەيدانىدۇر، ئۆلۈم بولسا مۇكاپات ۋە جازا مەيدانىدۇر. ئاللاھ تائالا شۇنداق ھەممىدىن غالىب، ھەممىگە قادىر ۋە ئەپۇسى ناھايىتى كەڭ زات بولۇپ، ئۇزىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشتىن قەتئىي ئاجىز كەلمەيدۇ، تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى بەك مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

ئاللاھ تائالا يەتتە ئاسماننى قاتمۇقات قىلىپ ياراتقان زاتتۇر. ئاسمانغا قارىغان ئادەم ئۇنىڭدا ياراتقۇچىنىڭ گۈزەل سەنئەتلىرىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا بىرەر ئەيىبنى ياكى نۇقسانىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ھەممە تەرىپى شۇنداق مۇكەممەل يارىتىلغان. ئەگەر سىز بۇ سۆزدىن شەكلەنسىڭىز، ئاسمانغا قايتا-قايتا قاراپ بېقىڭ، ئۇنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىڭ، ئاندىن يەنە تەكرار قاراڭ، يەنە كۆزىتىڭ، ئاخىرىدا كۆزىڭىز ئىزدىگەن نۇقسانىنى تاپالماستىن يېڭىلگەن، ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاسماندا بىرەر يېرىقنى ياكى بىرەر ئەيىبنى ۋەياكى بىرەر نۇقسانىنى كۆرەلمەيدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، يەتتە ئاسمان ۋە ئۇلاردىكى شەيئىلەر ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە گۈزەل سەنئىتىنى نامايان قىلىدىغان ئالامەتلەردىن بولۇپ، ئاسمان يۈزىدىكى مىليونلىغان يۇلتۇزلار ئىنتايىن مۇكەممەل ئىنتىزام ۋە تەرتىپ بويىچە ئايلىنىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرماقتا. چوڭ شەھەرلەردە ياشىغانلار بىلىدۇكى، قاتناشنىڭ زىچلىقىدىن بەزىدە ماشىنىلار ئارقا-ئارقىسىغا تىزىلىپ كېتىدۇ. بىرەر ماشىنىنىڭ خاتا ھالدا ياكى بۇزۇلۇپ توختاپ قېلىشى سەۋەبلىك ئارقىسىدىكى بارلىق ماشىنىلار توختاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. مىڭىش توختايدۇ. گاھىدا بۇنداق توسۇلغان يول بىر قانچە سائەتتە ئاران ئېچىلىدۇ. بەزى شەھەرلەردە ھەركۈنى دېگۈدەك قاتناش ۋەقەلىرى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەمما ئالەم

بوشلۇقىدىكى بىرلا سامان يولى سىستېمىسىدا قانچە يۇلتۇز بارلىقىنى بىلەمسىز؟ ئالىملار نەچچە يۈز مىليارد يۇلتۇز بارلىقىنى سۆزلەيدۇ. بۇلارنى جىم ياتىدۇ دەمسىز؟ ياق! بۇلار ھەرگىز جىم ياتمايدۇ، بۇلارمۇ سەييارە، سەييارە بولغاندىمۇ ئالاھىدە چوڭ ۋە مۇرەككەپ سەييارىلەردۇر. بۇلار ئۆز ئوربىتىسىدا تۇرماستىن ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ھاياتىڭىزدا بىرەر قېتىم بۇ سەييارىلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ ۋەقە چىقارغانلىقىنى ياكى بىرەرسى توختاپ قېلىپ باشقىلىرىنىڭ يولىنى توسۇپ قويغانلىقىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ تەبىئىيكى، ياق! چۈنكى، بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەن بولسا، كائىناتنىڭ نىزامىدا بۇزۇلۇش پەيدا بولغان بولاتتى، بەلكى سىز بىلەن مەنمۇ بولمىغان بولاتتۇق. ئەمدى، بۇ يۇلتۇزلار ئۆزلۈكىدىن شۇنداق تەرتىپكە سېلىنىپ، ئۆزلۈكىدىن شۇنداق مۇنتىزىم ھالدا ئايلىنامدۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئاللاھ تائالا مۇشۇنداق مۇكەممەل، ئەيىب ۋە نۇقسانىدىن خالىي ئاسمانلارنى ياراتقان بولۇپ، ئەڭ يېقىن ئاسماننى كېچىلىرى خۇددى چىراقتەك ياندىغان يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدى. بۇ يۇلتۇزلارنىڭ بەزىسىدىن ئوت پارچىلىرى چىقىپ، پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالماقچى بولغان شەيتانلارنى ئېتىپ چۈشۈرىدىغان ئۇچقۇنغا ئايلىنىدۇ. ئاسماندىكى پەرىشتىلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئوغرىلىماقچى بولغانلارنىڭ يولى بۇنىڭ بىلەن توسۇلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، شەيتانلارنىڭ ۋە بەزى جىنلارنىڭ پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋېلىپ يەر يۈزىدىكى پالچىلارغا يەتكۈزۈشى توسۇلغان. ئاسمانغا چىققان شەيتانلار بۇ دۇنيادا يۇلتۇزلار ئارقىلىق ئېتىپ تاشلانسا، ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

ئۆزىنى ياراتقان رەببىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئىلاھلىقىنى تونۇمىغان كاپىرلارغا ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابى بار. دوزاخ تولىمۇ يامان جايدۇر. كاپىرلار دوزاخقا تاشلانغان ۋاقتىدا، دوزاخ ئاچچىقتىن خۇددى قازاندەك قايناۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭدىن خۇددى ئېشەكنىڭ ھاڭرىغىنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يېقىمسىز ئاۋاز چىقىدۇ، كاپىرلار بۇ ئاۋازنى ئاڭلايدۇ. دوزاخ كاپىرلارغا بولغان قاتتىق غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكىلى تاس قالىدۇ. بۇ دوزاخنىڭ تەسۋىرلىرىدىن بىرىدۇر.

دوزاخنىڭ يەنە بىر تەسۋىرىگە كەلسەك، ئۇنىڭغا كاپىرلار ۋە گۇناھكارلار توپ-توپ بولۇپ تاشلانغان چاغدا، دوزاخنىڭ ئىشلىرىغا بەلگىلەنگەن مەسئۇل پەرىشتىلەر دوزاخ ئەھلىگە كايىغان ھالدا، ئۇلاردىن: «سىلەرگە

رەببىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ، ۋەز-نەسىھەت قىلىدىغان، رەببىڭلارنىڭ ئالدىغا چىقىرىلىدىغان مۇشۇ كۈندىن ئاگاھلاندۇرىدىغان بىرەر پەيغەمبەر كەلمىگەنمىدى؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «ئەلۋەتتە بىزگە پەيغەمبەر كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەرنىڭ كەلگەنلىكى، بىزگە رەببىمىزنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ بەرگەنلىكى ۋە بىزنى بۇ كۈننىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغانلىقى ھەق ۋە راستتۇر. ئەمما بىز ئۆزىمىزگە كەلگەن پەيغەمبەرنى يالغانغا چىقاردۇق، ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىننى ئىنكار قىلدۇق، ئۇنىڭغا: ‹ئاللاھ سىلەرگە ھېچ نەرسە چۈشۈرمىدى، سىلەر بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان تۇرساڭلار، قانداقمۇ سىلەرگە ۋەھيى كەلسۇن؟ سىلەر يالغاندىن ئۆزۈڭلارنى پەيغەمبەر دەۋاتىسىلەر، سىلەر ئازغۇنلۇقتا تۇرۇ-ۋاتىسىلەر› دېگەن ئىدۇق» دەپ، قىلمىشلىرىنى ئىقرار قىلىدۇ، گۇناھلىرىنى تونۇيدۇ.

ئۇلار يەنە بارلىق گۇناھلىرىنى تونۇغان، ئۆز قىلمىشلىرىغا ھەسرەت چەككەن ۋە قاتتىق پۇشايمان قىلغان ھالدا «ئەگەر بىز ھەق گەپنى ئاڭلىغان، پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالغان ياكى ئەقلىمىزنى ئىشلەتكەن بولساق، بۇگۈنكىدەك دوزاخ ئەھلىنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قالماس ئىكەنمىز» دەپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا پۇشايمان قىلغاننىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟! شۇڭا ئۇلارغا ﴿دوزاخ ئەھلى (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) يىراق بولسۇن!﴾ يەنى دوزاخ ئەھلى بولغان كاپىرلار ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى بولغان جەننەتتىن يىراق قىلىنسۇن، دېيىلىدۇ.

ئەمما ئاللاھ تائالاغا چىن دىلىدىن ئىشەنگەن، ئۇنىڭغا ھەقىقىي مەنىدە تەقۋالىق قىلىدىغان، ئىشەنچ قىلىدىغان، ھەممە ھالەتتە، ھەتتا خىلۋەتتىمۇ ئۇنىڭدىن قورقىدىغان، ئازابىدىن قورقۇپ، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدىغان مۇئمىنلەرنىڭ ئەھۋالى قىيامەت كۈنىدە باشقىچە بولىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا مەغپىرىتىگە، چوڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بارلىق گۇناھلىرى، كەمچىلىكلىرى، خاتالىقلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ ۋە ئۇلار قانداقلىقىنى ۋە مىقدارىنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدىغان ئېسىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پۈتكۈل كائىناتنىڭ يېگانە ئىگىسى ئاللاھ تائالادۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنى ياراتقانلىقىدا ئىنسانلارنى سىناشتىن باشقا نۇرغۇنلىغان ھېكمەتلەر بار.

3. ئەللامە قەتادە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ يۇلتۇزلارنى مۇنۇ ئۈچ مەقسەت بىلەن ياراتقان بولۇپ، ئۇلار: ئاسماننى زىننەتلەش، شەيتانلارنى ئېتىپ تاشلاش ۋە كېچىدە يول يۈرگۈچىلەرگە يورۇقلۇق بېرىش»[1].

4. پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىش ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىغا لايىق بولۇشنىڭ ئالدىنقى سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر.

5. كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى پۇشايمىنى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. چۈنكى، پۇشايمان قىلىشنىڭ ئورنى مۇشۇ دۇنيادۇر.

6. مۇئمىنلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى ئۇلارنىڭ ئادەم بار جايلاردىمۇ ۋە ھېچكىم يوق خىلۋەت جايلاردىمۇ ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىنى ھەر زامان كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىقىدۇر.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتى، قۇدرىتى ۋە ئىلمىنىڭ بەزى نامايەندىلىرى

﴿وَأَسِرُّواْ قَوۡلَكُمۡ أَوِ ٱجۡهَرُواْ بِهِۦٓۖ إِنَّهُۥ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ
(١٣) أَلَا يَعۡلَمُ مَنۡ خَلَقَ وَهُوَ ٱللَّطِيفُ ٱلۡخَبِيرُ (١٤) هُوَ ٱلَّذِي جَعَلَ
لَكُمُ ٱلۡأَرۡضَ ذَلُولٗا فَٱمۡشُواْ فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُواْ مِن رِّزۡقِهِۦۖ وَإِلَيۡهِ
ٱلنُّشُورُ (١٥) ءَأَمِنتُم مَّن فِي ٱلسَّمَآءِ أَن يَخۡسِفَ بِكُمُ ٱلۡأَرۡضَ فَإِذَا
هِيَ تَمُورُ (١٦) أَمۡ أَمِنتُم مَّن فِي ٱلسَّمَآءِ أَن يُرۡسِلَ عَلَيۡكُمۡ حَاصِبٗاۖ
فَسَتَعۡلَمُونَ كَيۡفَ نَذِيرِ (١٧) وَلَقَدۡ كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ فَكَيۡفَ
كَانَ نَكِيرِ (١٨) أَوَلَمۡ يَرَوۡاْ إِلَى ٱلطَّيۡرِ فَوۡقَهُمۡ صَٰٓفَّٰتٖ وَيَقۡبِضۡنَۚ مَا
يُمۡسِكُهُنَّ إِلَّا ٱلرَّحۡمَٰنُۚ إِنَّهُۥ بِكُلِّ شَيۡءِۢ بَصِيرٌ (١٩) أَمَّنۡ هَٰذَا ٱلَّذِي
هُوَ جُندٞ لَّكُمۡ يَنصُرُكُم مِّن دُونِ ٱلرَّحۡمَٰنِۚ إِنِ ٱلۡكَٰفِرُونَ إِلَّا فِي
غُرُورٍ (٢٠) أَمَّنۡ هَٰذَا ٱلَّذِي يَرۡزُقُكُمۡ إِنۡ أَمۡسَكَ رِزۡقَهُۥۚ بَل لَّجُّواْ فِي
عُتُوّٖ وَنُفُورٍ (٢١) أَفَمَن يَمۡشِي مُكِبًّا عَلَىٰ وَجۡهِهِۦٓ أَهۡدَىٰٓ أَمَّن يَمۡشِي
سَوِيًّا عَلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ (٢٢) قُلۡ هُوَ ٱلَّذِيٓ أَنشَأَكُمۡ وَجَعَلَ لَكُمُ

[1] «تفسير الطبري» 23-توم، 503-بەت.

ٱلسَّمۡعَ وَٱلۡأَبۡصَٰرَ وَٱلۡأَفۡـِٔدَةَۚ قَلِيلٗا مَّا تَشۡكُرُونَ ﴿٢٣﴾ قُلۡ هُوَ ٱلَّذِي
ذَرَأَكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَإِلَيۡهِ تُحۡشَرُونَ ﴿٢٤﴾

## تەرجىمىسى

**13**ـ سىلەر سۆزۈڭلارنى مەيلى مەخپىي قىلىڭلار، مەيلى ئاشكارا
قىلىڭلار (بەربىر، ئاللاھ بىلىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن دىللاردىكىلەرنىمۇ
بىلگۈچىدۇر.

**14**ـ ياراتقان زات (ئۆزىنىڭ ياراتقانلىرىنى) بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نا-
زۇك تەرەپلىرىنىمۇ بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

**15**ـ ئۇ زېمىننى سىلەرگە بويسۇندۇرغان قىلىپ بەرگەن زاتتۇر، ئەمدى سىلەر
(تىرىكچىلىك قىلىپ) زېمىننىڭ تەرەپ-تەرەپلىرىدە مېڭىپ، ئاللاھنىڭ (بەر-
گەن) رىزقىدىن يەڭلار، (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تىرىلدۈرۈلۈپ ئاللاھ-
نىڭ دەرگاھىدۇر.

**16**ـ (ئى كاپىرلار!) سىلەر ئاسماندىكى زاتنىڭ سىلەرنى يەرگە يۇتقۇ-
زۇۋېتىشىدىن خاتىرجەم بولالامسىلەر؟ ئۇ چاغدا زېمىن تۇيۇقسىز قاتتىق
تەۋرەپ كېتىدۇ.

**17**ـ ياكى ئاسماندىكى زاتنىڭ سىلەرگە تاش ياغدۇرۇشىدىن خاتىرجەم بولا-
لامسىلەر؟ سىلەر يېقىندا مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى
بىلىپ قالىسىلەر.

**18**ـ شەكسىزكى، ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار
قىلغان ئىدى، مېنىڭ (ئۇلارغا ئەۋەتكەن) ئازابىم قانداق بولدى؟

**19**ـ ئۇلار قاناتلىرىنى يايغان ۋە يىغقان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدە (ئۇچۇپ
كېتىۋاتقان) قۇشلارنى كۆرمىدىمۇ؟ بۇ قۇشلارنى (ھاۋادا) پەقەت رەھمان ئاللاھ
تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

**20**ـ (ئى كاپىرلار!) رەھمان ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە ياردەم قىلىدىغان شۇ
قوشۇنۇڭلار كىملەر؟ كاپىرلار پەقەت ئالدىنىش ئىچىدىدۇر.

**21**ـ ئەگەر ئاللاھ (سىلەرگە بېرىدىغان) رىزقىنى توختىتىپ قويسا، سىلەرگە
رىزىق بېرىدىغان كىم بار؟ ئۇلار (بۇلارنى ئويلاش ئۇياقتا تۇرسۇن) ئەكسىچە
تەكەببۇرلۇقتا، ھەقتىن يىراقلىششتا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.

**22**ـ يۈزىچە يىقىلىپ يۈرۈپ ماڭغان ئادەمنىڭ يولى توغرىمۇ ياكى قەددىنى

رۇس تۇتۇپ تۈز يولدا ماڭغان ئادەمنىڭ يولىمۇ؟

23ـ(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرنى ياراتقان، سىلەر ئۈچۈن ئاڭلاش، كۆرۈش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئەزالىرىنى قىلىپ بەرگەن زاتتۇر. سىلەر بولساڭلار ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىۋاتىسىلەر».

24ـئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرنى يەر يۈزىدە يارىتىپ كۆپەيتكەن زاتتۇر. سىلەر (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر».

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا يوشۇرغاننى ۋە ئاشكارا قىلغاننى، كۆرۈنگەننى ۋە كۆرۈنمىگەننى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. شۇڭا ئىنسانلار ھەرقانداق بىر ئىشنى ياكى ئوي-پىكرنى مەيلى ئاشكارا قىلسۇن ياكى يوشۇرسۇن، ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن بۇنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوقتۇر. چۈنكى، ئۇ كىشىلەرنىڭ قەلب قاتلىرىدا يوشۇرغانلىرىنى ۋە بارلىق سىرلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئەڭ مەخپىي سىرلارمۇ ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن ئاشكارىنىڭ ئورنىدىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتىنى قانداق بىلمىسۇن؟! ھەرقانداق ئىجادچى ئۆزى ئىجاد قىلغان نەرسىسىنى بىلىدىغان تۇرسا، ياراتقۇچى ئۆزى ياراتقان نەرسىسىنى بىلمەمدۇ؟! ھالبۇكى، ئۇ شەيئىلەرنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ۋە ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىنىمۇ تولۇق بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان، تولىمۇ كۆيۈمچاندۇر، ئۇ بەندىلىرىگە ھەممە تەرەپتىن ياخشىلىق يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئەڭ ھېكمەتلىك ۋە ئەڭ ئەپچىل ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىپ بېرىدۇ، چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر ۋە ھەممىگە قادىردۇر.

ئاللاھ تائالا سىلەر ئۈچۈن زېمىننى مېڭىشقا، پايدىلىنىشقا مۇناسىپ قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر. زېمىننىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن قانچىلىك بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەنلىكى پەن-تېخنىكا تەرەققىي قىلغان ھازىرقى زاماندا تېخىمۇ روشەن ئوتتۇرىغا چىقماقتا. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ ھازىر بارالمايدىغان، پايدىلىنالمايدىغان يېرى يوق. ئىنسانلار كانلارنى قازدى، دېڭىزلاردىن يول ئاچتى، تاغلارنى كېسىپ يوللارنى ئاچتى، زېمىندىن مەھسۇلاتلارنى تېخىمۇ كۆپ ئالىدىغان بولدى، دېڭىزلارنىڭ تېگىگە كىردى، يۇقىرى ئۇپۇقلارغا ئۆرلەپ ھاۋا بوشلۇقىغا چىقتى. دېمەك، ئىنسانلار زېمىندىن خالىغانچە پايدىلىنىش ئىقتىدارىغا ۋە ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان

پەزل-كەرەمى بولۇپ، ناۋادا ئاللاھ تائالا خالىمىغان بولسا، ئىنسانلار يۇقىرىقىلاردىن بىرىنىمۇ قىلالمايتتى.

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرگە زېمىننى بويسۇندۇرغان قىلىپ بەرگەن ئىكەن، سىلەر ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش بىلەن بىللە يەر يۈزىدە ۋە ئۇنىڭ تەرەپ-تەرەپلىرىدە يۈرۈپ رىزقىڭلارنى ئىزدەڭلار، ئىشلەڭلار، تىرىكچىلىك قىلىڭلار، يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇڭلار. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ غەزىپىگە ۋە جازاسىغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى سىلەر بىر كۈنى چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ، ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا توپلىنىسىلەر.

ئى كاپىرلار! سىلەر كۇفرىلىقىڭلار ۋە ئاسىيلىقىڭلار تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا تېگىشلىك بولدۇڭلار. ئەگەر كۇفرىلىقتىن يانمىساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنى چوقۇم جازالايدۇ. سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قورقمامسىلەر؟ ئاسماندىكى زاتنىڭ سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن خاتىرجەم بولالامسىلەر؟ ئۇ چاغدا زېمىنمۇ قاتتىق سىلكىنىپ تەۋرەپ كېتىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئۈستۈڭلارغا تاش ياغدۇرۇپ سىلەرنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋېتىشىدىن خاتىرجەم بولالامسىلەر؟

ئەمدى بۇ يەردە، ئاللاھ تائالا نەدە دېگەن سوئال كېلىشى مۇمكىن. دېمەكچىمىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن ھەممىنى قورشاپ تۇرىدىغانلىقىدا ھېچبىر شەك يوق. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى ئاسماندىمۇ ياكى بەزىلەر ئېيتقاندەك ھەممە جايدىمۇ دېگەن سوئالغا كەلسەك، «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالانىڭ ئاسماندا ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدىغان ئايەتلەر كۆپ. يەنە «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن ﴿ٱلسَّمَآءِ﴾ دېگەن سۆز لۇغەتتە «ئۈستۈن»، «يۇقىرى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ[1]. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «ئاسماننىڭ ئاسمان دەپ ئاتالغانلىقى ئۇنىڭ زېمىندىن ۋە زېمىن ئەھلىدىن ئۈستۈن بولغانلىقى سەۋەبىتىندۇر. بىر نەرسىنىڭ ئۈستىدىكى ھەرقانداق نەرسە ئاستىدىكى نەرسىگە نىسبەتەن ئاسمان سانىلىدۇ. شۇڭا ئەرەبلەر ئۆيىنىڭ تورىسىنى 〈ئۆينىڭ ئاسمىنى〉 دەپ ئاتايدۇ»[2]. مۇتلەق كۆپ سانلىق ئۆلىمالار ئايەتلەرنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن بىر قانچە سەھىھ ھەدىسنىڭ

---

[1] «لسان العرب».

[2] «تفسير الطبري» 1ـ توم، 367 ـ بەت.

دەلىل بويىچە، ئاللاھ تائالانى ئاسماندا ئەرشنىڭ ئۈستىدە دەپ ئېتىقاد قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ. مۇئاۋىيە ئىبنى ھەكەم ئەل سەلەمى مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ بىر خىزمەتچى قىزىم بار بولۇپ، ئۇ قويلىرىمنى باقاتتى، بىر كۈنى قارىسام قويلاردىن بىرىنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ. مەنمۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئاچچىقى كېلىدىغان بىر ئىنسان بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئاچچىقىمدا ئۇ قىزنىڭ كاچىتىغا بىرنى ئۇردۇم. ئەمما بۇ قىلمىشىم ماڭا بەكمۇ ئېغىر كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى بايان قىلدىم، ئۇ قىزنى ئازاد قىلىۋېتىش ھەققىدە مەسلىھەت سورىۋىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ‹ئۇ قىزنى ئېلىپ كەلگىن› دېدى. قىزنى كەلتۈرۈۋىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: ‹ئاللاھ نەدە؟› دەپ سورىۋىدى، ئۇ قىز: ‹ئاللاھ ئاسماندا› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ‹مەن كىم؟› دەپ سورىۋىدى، ‹سىز ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى› دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: ‹أَعْتِقْهَا فَإِنَّهَا مُؤْمِنَةٌ› يەنى ‹ئۇنى ئازاد قىلىۋەتكىن، چۈنكى، ئۇ مۇئمىندۇر› دېدى»[1].

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ تىزىلىشىغا قارىسىڭىز، بۇ ئايەتلەرنىڭ ئەڭ مۇناسىپ ۋە ئەڭ نازۇك شەكىلدە تىزىلغانلىقىنى كۆرىسىز. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئالدى بىلەن ئىنسانلار ئۈچۈن زېمىننى قوللىنالايدىغان، ھەر تەرىپىگە بارالايدىغان ۋە ياشاشقا بولىدىغان قىلىپ بەرگەنلىك نېمىتىنى بايان قىلغان. ئاندىن ئىنسانلارنى بۇ نېمەتنىڭ ئىگىسىگە ئاسىيلىق قىلىپ ئۇنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە ئۇلارنى نېمەتنىڭ ئازابقا ئايلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇشقا بۇيرۇغان. ئاندىن ئەگەر ئىنسانلار ياراتقۇچىغا ئاسىيلىق قىلىپ ھەددىدىن ئاشىدىغان بولسا، ئۇلارغا بويسۇنىدىغان قىلىپ بېرىلگەن بۇ زېمىننى قاتتىق تەۋرىتىپ ئۇلارنى يەرنىڭ ئاستىغا كۆمۈۋېتىشكە ياكى ئۇلارغا ئاسماندىن تاش ياغدۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋېتىشكە ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. بۇ بايانلاردا ئىنسانلار ئۈچۈن ئىبرەت ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن تەسەللى بار.

ھازىرقى كاپىرلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئاد، سەمۇد، پىرئەۋن قەۋملىرىمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ راستچىللىقىنى ۋە ئۇلار چاقىرغان دىنىنىڭ ھەقلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ماددىي مەنپەئەتلىرىدىن قۇرۇق قېلىش خەۋپى بىلەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىققان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ

---

[1] «صحيح مسلم» 1- توم، 381- بەت، 537- ھەدىس.

تائالا ئۇلارنى ھەر خىل ئازابلار بىلەن جازالاپ يوق قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ يۇرت-ماكانلىرىنى كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىپ قالدۇرغان ئىدى. ھالبۇكى، مەككىلىكلەردىن ئىبارەت بۇ كاپىرلار ئىلگىرى ھالاك قىلىنغانلارنىڭ ماكان-جايلىرىدىن قىشلىق ۋە يازلىق سەپەرلىرىدە ئۆتۈپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ يۇرت-ماكانلىرىنىڭ خارابىلىرىنى كۆرۈپ ئاللاھ تائالانىڭ كاپىرلارنى قانداق جازالايدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئالمامدۇ؟

مەككىلىك كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلىۋاتقان دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، ئۇنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتقان ئىدى. ئۇلار ئاللاھ بىزنى بۇ قىلمىشلىرىمىز سەۋەبلىك جازالىمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» ئۇلارغا ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىنغان قەۋملەرنىڭ قىسسىلىرىنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى ئۆزى خالىغان ئازاب بىلەن جازالاشقا ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

«قۇرئان كەرىم» ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىدىن بەزىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ھاۋادا ئۇچىدىغان قۇشلارنى مىسال كەلتۈرۈپ دەيدۇكى، بۇ كاپىرلار يۇقىرى ئۇپۇقلاردا قاناتلىرىنى ئاچقان ۋە يىغقان ھالدا ئۇچۇۋاتقان قۇشلارنى كۆرمەمدۇ؟ بۇ قۇشلارنى يەرگە چۈشۈپ كېتىشتىن كىم تۇتۇپ تۇرىدۇ؟ ئۇلار قانداق بولۇپ شۇنداق ئۇچالايدۇ؟ ئۇلارنى يۇقىرى ئۇپۇقلاردا ئۇچالايدىغان قىلغان كىم؟ ئۇلارغا شۇنداق ئۇچۇش قۇدرىتىنى ۋە ئىقتىدارىنى بەرگەن كىم؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېكمەتلىك ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالامىتى ئەمەسمۇ؟ ئۇلار ئۈستىلىرىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بۇ قۇشلارنى كۆرمەمدۇ؟ بۇ قۇشلار قانداق ئۇچتى دەپ ئويلاپ باقمامدۇ؟

بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇشلار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە يېتەرلىك بايانلاردۇر. مۇشرىك ئەرەبلەر ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارغا قاراپ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى كۆرمەمدۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالىدىغان بىرەر قوشۇن بار دەپ ئېتىقاد قىلامدۇ؟ ياكى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بېرىپ كېلىۋاتقان رىزقىنى توختىتىپ قويسىمۇ، ئۇلارغا رىزىق بېرىدىغان باشقا ئىلاھلار بار دەپ ئويلامدۇ؟ ئەگەر بار دېيىلسە، ئۇلار زادى كىم؟ ئۇلار نەدە؟ يەنى ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالىدىغان ۋە ئۇلارغا رىزىق بېرىدىغان

بىرلىرى بولسا، قېنى ئۇلارنى ئوتتۇرىغا چىقارسۇن؟ قېنى ئۇلارنى كۆرسەتسۇن؟

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ بۇنداق بۇزۇق ئېتىقادىغا ۋە قۇرۇق خىيالىغا ئەجەللىك رەددىيەلەرنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەقىلسىزلىقىنى ئەيىبلەيدۇ. ﴿(ئى كاپىرلار!) رەھمان ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە ياردەم قىلىدىغان شۇ قوشۇنۇڭلار كىملەر؟﴾ يەنى سىلەرنىڭ مۇنداق بىر قوشۇنۇڭلار يوق. كاپىرلار ھەمىشە شۇنداق خام خىياللارنى قىلىپ ئۆزلىرىنى ئالدايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھاياتى چوڭقۇر ئالدىنىش ئىچىدىدۇر.

ئاللاھ تائالا ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلغان كاپىرلار بىلەن ھەقىقەتنى تونۇپ توغرا يولدا ماڭغان مۇئمىنلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن مىساللارنى كەلتۈرگەن. شەكسىزكى، شەيتانغا قولداش بولغان، ئەقلىنى ئىشلەتمىشنى ۋە توغرا-خاتانى مۇھاكىمە قىلىشنى بىلمىگەن كاپىرلار يۈزى بىلەن يەرگە سۈرۈلۈپ مېڭىش تەسلىكتە ماڭىدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئەمما ھەقىقەتنى تونۇپ، توغرا يولغا كىرگەن مۇئمىنلەر تۈپتۈز يولدا قەددىنى رۇسلاپ تۈپتوغرا ماڭغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. بۇ ئىككى پىرقىنىڭ قايسىسىنىڭ يولى ئەڭ توغرا ئىكەنلىكىنى، قايسىسى ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى ھەرقانداق ئەقىل ئىگىسى بىلىدۇ.

مۇشۇ بايانلاردىن كېيىنمۇ يەنە ھەقىقەتكە ئەگەشمىگەنلەرنىڭ ئۆزرىسى ۋە باھانە-سەۋەبلىرى قوبۇل قىلىنامدۇ؟ ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە ئەگەشمەسلىكتە ھېچبىر باھانىسى ياكى ئۆزرىسى يوق. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلاردا كۆز، قۇلاق، ئەقىل قاتارلىق ئەزالارنى يارىتىپ، ئۇلارغا ئاڭلاش، كۆرۈش ئىقتىدارىنى ۋە تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىنى ئاتا قىلدى. بۇ ئەزالارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ توغرا يول تېپىشى ئۈچۈن بېرىلگەن ئىدى. ئەمما ئۇلار بۇ ئەزالىرىنى جايىدا ئىشلەتمىدى، ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىمىدى، ھەقىقەتنىڭ دەلىللىرىنى كۆرمىدى ۋە ئەقلىنى ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلمىدى. يەنى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىگە مۇشۇنداق سەزگۈ ئەزالارنى ئاتا قىلغانلىقىنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلمىدى، ئۇنى تونۇمىدى، ئېتىراپ قىلمىدى. ئۇلار بۇ ئەزالىرىنىڭ ئاساسلىق رولىنى جارى قىلدۇرمىدى. نەتىجىدە، ئۇلار توغرا يولغا ھىدايەت تاپمىدى. ئەللامە بەغەۋىي ﴿قَلِيلًا مَّا تَشْكُرُونَ﴾ دېگەن ئايەتكە «سىلەر بۇ نېمەتلەرگە

شۈكۈر قىلمىدىڭلار»[1] دەپ مەنە ئېيتقان.

ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلارغا دېگىنكى، سىلەرنى ياراتقان، ئاندىن سىلەرنى يەر يۈزىگە تارقاتقان زات ئاللاھ تائالادۇر. شۇنىمۇ ئۇنتۇماڭلاركى، سىلەر چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. بۇ ئايەتلەر ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى تەكىتلەش بىلەن ئاخىرلاشقان. چۈنكى، مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ ئاساسلىق غايىلىرىدىن بىرى ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت بولغان.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھالالدىن رىزىق تېپىش ئۈچۈن ئىشلەش ئىبادەتتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا شۇنداق بۇيرۇغان.

2. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ئۇنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

3. ئۆتمۈشلەردە ھالاك قىلىنغانلاردا كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىبرەتلەر بار، ئەقلىنى ئىشلىتىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەتلەر بار.

4. ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات ئالامەتلىرى ئىبادەتنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ.

5. كاپىرلارنىڭ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلماسلىقى ئۇلاردىكى مەغرۇرلۇق ۋە ھاكاۋۇرلۇقتىن بولۇپ، بۇ ھەر زامان كاپىرلىرىنىڭ ئورتاق ئادىتىدۇر.

6. كاپىرلارنىڭ ئازغۇنلۇقتا، مۇئمىنلەرنىڭ ھەق يولدا ئىكەنلىكى ئوپئوچۇق ھەقىقەتتۇر.

7. ئاللاھ تائالانىڭ ئەقىل، كۆز، قۇلاق قاتارلىق ئەزالارنى ياراتقانلىقىغا شۈكۈر قىلىش ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن پەرزدۇر. مۇئمىنلەرنىڭ شۈكرىسى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

## ◄ ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇش

﴿وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلْوَعْدُ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ۝٢٥ قُلْ إِنَّمَا ٱلْعِلْمُ

[1] «تفسير البغوي» مۇلك سۈرىسىنىڭ تەپسىرى.

عِندَ ٱللَّهِ وَإِنَّمَآ أَنَا۠ نَذِيرٌ مُّبِينٌ ﴿٢٦﴾ فَلَمَّا رَأَوۡهُ زُلۡفَةً سِيٓـَٔتۡ وُجُوهُ
ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَقِيلَ هَٰذَا ٱلَّذِي كُنتُم بِهِۦ تَدَّعُونَ ﴿٢٧﴾ قُلۡ
أَرَءَيۡتُمۡ إِنۡ أَهۡلَكَنِيَ ٱللَّهُ وَمَن مَّعِيَ أَوۡ رَحِمَنَا فَمَن يُجِيرُ ٱلۡكَٰفِرِينَ
مِنۡ عَذَابٍ أَلِيمٖ ﴿٢٨﴾ قُلۡ هُوَ ٱلرَّحۡمَٰنُ ءَامَنَّا بِهِۦ وَعَلَيۡهِ تَوَكَّلۡنَاۖ
فَسَتَعۡلَمُونَ مَنۡ هُوَ فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ ﴿٢٩﴾ قُلۡ أَرَءَيۡتُمۡ إِنۡ أَصۡبَحَ
مَآؤُكُمۡ غَوۡرٗا فَمَن يَأۡتِيكُم بِمَآءٖ مَّعِينِۭ ﴿٣٠﴾

### تەرجىمىسى

25ـ كاپىرلار: «ئەگەر (سىلەر سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار بۇ ۋەدە قاچان (ئىشقا ئاشىدۇ)؟» دەيدۇ.

26ـ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) «(بۇ ھەقتىكى) ئىلىم پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، مەن پەقەتلا ئوپئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» دېگىن.

27ـ كاپىرلار ئازابنىڭ ئۆزىگە يېقىن تۇرغانلىقىنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قارىداپ كېتىدۇ ۋە ئۇلارغا: «مانا بۇ سىلەر (دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا) تەلەپ قىلغان نەرسىدۇر» دېيىلىدۇ.

28ـ ئېيتقىنكى، «ئاللاھ (سىلەر ئارزۇ قىلغاندەك) مېنى ۋە مەن بىلەن بولغانلارنى مەيلى ھالاك قىلسۇن ياكى (ھالاك قىلماي) بىزگە رەھىم قىلسۇن، (بۇ ئاللاھنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىشتۇر). سىلەر دەپ بېقىڭلارچۇ! (سىلەردەك) كاپىرلارنى قاتتىق ئازابتىن كىم قۇتقۇزىدۇ؟».

29ـ ئېيتقىنكى، «ئۇ رەھمان ئاللاھتۇر، بىز ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدۇق، سىلەر كىمنىڭ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى يېقىندا بىلىپ قالىسىلەر».

30ـ (ئۇلارغا يەنە) ئېيتقىنكى، «دەپ بېقىڭلارچۇ، سۈيۈڭلار سىڭىپ كەتسە، سىلەرگە كىم ئېقىن سۇ كەلتۈرۈپ بېرىدۇ؟».

### تەپسىرى

ئۆز ۋاقتىدىكى مەككىلىك ئەرەبلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەر قىيامەت كۈنى چوقۇم تىرىلىسىلەر، كاپىرلار ئاخىرەتتە دوزاخقا

كىرىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلىرىنى مەسخىرە قىلىپ: «سىلەر دەۋاتقان بۇ قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر بۇ سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار بۇنى بىزگە ئېيتىپ بەرمەمسىلەر؟» دەيتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىشتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى: ﴿(بۇ ھەقتىكى) ئىلىم پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، مەن پەقەتلا ئوپئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن﴾ يەنى قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ، بەلگىلەنگەن ۋاقتى كەلگەندە ئاللاھ تائالا قىيامەتنى ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، مەن بولسام پەقەت بىر ئەلچىمەن. مەن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشنىلا بىلىمەن، ئەمما قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلمەيمەن، دېيىشكە بۇيرۇغان.

نىھايەت، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ئەمەلگە ئېشىپ قىيامەت بولغان ۋە كاپىرلار ئاخىرەتنىڭ ئازابىنىڭ ئۆزلىرىگە ناھايىتى يېقىن تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ھەسرەت-نادامەتتىن ۋە ئاچچىقتىن قارىداپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەسرەت -نادامىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا كايىغان ھالدا، «ئى كاپىرلار! مانا بۇ دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا سىلەر ئىشەنمىگەن ۋە ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئېھتىمالدىن يىراق سانىغانلىقتىن مەسخىرە قىلىپ، ئۇنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلغان قىيامەت كۈنىدۇر، مانا بۇ سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابتۇر، مانا ئەمدى ئۇنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈۋاتىسىلەر» دېيىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كاپىرلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغان چاغلىرىدا، ھەمىشە دېگۈدەك ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ توغرا يولدا ماڭغانلىق ئىكەنلىكىنى، بۇتلارغا چوقۇنۇشنىڭ ئازغۇنلۇق ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا بايان قىلاتتى. گاھىدا ئۇلارنىڭ بۇت ۋە ھەيكەللەردىن ئىبارەت ساختا ئىلاھلىرىنى ئەيىبلەپ بۇ نەرسىلەرنىڭ قىلچە پايدىسى يوق ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن چۈشەندۈرەتتى. مەككىلىك كاپىرلار بۇ تۈردىكى ۋەز-نەسىھەتلەرنى ياقتۇرمايتتى ۋە ئىلاھلىرىنى سۆككەنلىكىدىن قاتتىق غەزەپلىنەتتى. شۇنداق چاغلاردا، بۇ كاپىرلار بىر-بىرىگە تەسەللى بېرىپ: «كۈتۈڭلار، مۇھەممەد ئۆلسە، ئۇنىڭ دەۋىتىمۇ ئۆلىدۇ، شۇ چاغدا كۆڭلىمىز خاتىرجەم بولىدۇ» دېيىشەتتى. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتەتتى. ﴿أَمۡ يَقُولُونَ شَاعِرٞ نَّتَرَبَّصُ بِهِۦ رَيۡبَ ٱلۡمَنُونِ﴾ يەنى ﴿ئۇلار تېخى «ئۇ (مۇھەممەد بولسا) بىر شائىردۇر، بىز ئۇنىڭغا ئۆلۈم كېلىشىنى كۈتىمىز» دەۋاتامدۇ؟﴾ [1]. ئاللاھ

---

[1] تۇر سۈرىسى: 30-ئايەت.

تائالا ئۇلارنىڭ بۇ خام خىيالىغا رەددىيە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا مۇنداق دېيىشكە ئەمر قىلغان: «ئى كاپىرلار! ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، مەيلى سىلەر ئارزۇ قىلغاندەك ئاللاھ تائالا مېنى ۋە مەن بىلەن بىللە بولغان مۆئمىنلەرنى ھالاك قىلىۋەتسۇن ياكى بىزگە رەھىم قىلىپ ھالاك قىلمىسۇن، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىختىيارىدىكى ئىشتۇر، سىلەرگە بۇنىڭدىن نېمە پايدا بار؟ سىلەر زادى بۇنىڭدىن قانداق پايدا ئالىسىلەر؟ سىلەر كۇفرى ۋە زالالەتتە تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىۋاتامسىلەر؟ ياق! بۇ مۇمكىن ئەمەس. سىلەرگە بەلگىلەنگەن ئازاب ھەرگىز ئەمەلدىن قالمايدۇ، سىلەر ئۇ ئازابنى چوقۇم تېتىيسىلەر. سىلەرگە قاتتىق ئازاب يۈزلەنگەن چاغدا، سىلەرنى بۇ قاتتىق ئازابتىن كىم قۇتقۇزىدۇ؟ بۇنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟

ئەگەر سىلەر كۇفرىلىقتىن يېنىپ ئىمان ئېيتساڭلار، ھەق دىننى قوبۇل قىلساڭلار، شۇ چاغدىلا ئازابتىن قۇتۇلۇپ قالىسىلەر ۋە ئىككى ئالەملىك بەختلىك بولىسىلەر. چۈنكى، بىزمۇ رەببىمىز ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىپ تايىنىش ئارقىلىق ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇق ۋە ھىدايەت تاپتۇق. شەكسىزكى، ھەممىمىزنى ئازابتىن ۋە تۈرلۈك بەختسىز-لىكلەردىن قۇتقۇزىدىغان نەرسە ئىماندۇر. ئەگەر سىلەر مۇشۇ ئازغۇنلۇقۇڭلاردا ۋە مۇشۇ كۇفرىلىقىڭلاردا چىڭ تۇرىدىغان بولساڭلار، كۆتۈڭلار، كىمنىڭ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى كەلگۈسىدە چوقۇم بىلىپ قالىسىلەر.

ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلارغا رەببىڭنىڭ نېمەتلىرىدىن بىرىنى ئەسلىتىپ شۇنداق دېگىنكى، ئى كاپىرلار! ئەگەر سىلەرنىڭ ئىچىدىغان سۈيۈڭلار يەرگە سىڭىپ يوق بولۇپ كەتسە، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، شۇنداق بىر ئېقىن سۈنى سىلەرگە كىم كەلتۈرۈپ بېرىدۇ؟ ئېنىقكى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم كەلتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەر رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار. ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنى بۇ دۇنيانىڭ خارلىقىدىن ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ساقلايدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھ تائالا ھېچكىمگە بىلدۈرمىگەن، ئەمما ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنى پەيغەمبەرلەرگە بىلدۈرگەن.

2. ئۇز ۋاقتىدا يەھۇدىيلار بىلەن مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-

لامغا كۆپ قېتىم سۈيىقەستلەرنى پىلانلىغان بولسىمۇ، ئۇلار مۇرادىغا يېتەلمىگەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ سۈيىقەستلىرىدىن قوغدىغان.

3. ئىماندىن كېيىنكى ئەڭ ياخشى ئەمەل ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىشتۇر.

4. ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ۋە باتىلنى بەربات قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىل-ئىسپاتلارنى كەلتۈرۈپ مۇنازىرىلىشىش ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئۇسۇللىرىدىن بىرىدۇر.

# قەلەم سۈرىسى

قەلەم سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 52 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، «نۇن سۈرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلىم-ھېكمىتىنى ۋە بەزى سۈپەتلىرىنى نامايان قىلىش، شۇنداقلا مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتا ئەدەپسىزلىكىگە رەددىيە بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بەزىسى ۋە كاپىرلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدىكى تەلىماتلار، كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇش، باغ ئىگىلىرىنىڭ قىسسىسى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. ئاخىرىدا كاپىرلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىش بىلەن بىرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋرچان بولۇشى تەۋسىيە قىلىنغان.

سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتىكى ﴿ٱلْقَلَمُ﴾ «قەلەم» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

## ◄ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەۋزىلىدۇر

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿نٓۚ وَٱلۡقَلَمِ وَمَا يَسۡطُرُونَ ١ مَآ أَنتَ بِنِعۡمَةِ رَبِّكَ بِمَجۡنُونٖ
٢ وَإِنَّ لَكَ لَأَجۡرًا غَيۡرَ مَمۡنُونٖ ٣ وَإِنَّكَ لَعَلَىٰ خُلُقٍ عَظِيمٖ
٤ فَسَتُبۡصِرُ وَيُبۡصِرُونَ ٥ بِأَييِّكُمُ ٱلۡمَفۡتُونُ ٦ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ
أَعۡلَمُ بِمَن ضَلَّ عَن سَبِيلِهِۦ وَهُوَ أَعۡلَمُ بِٱلۡمُهۡتَدِينَ ٧ فَلَا تُطِعِ
ٱلۡمُكَذِّبِينَ ٨ وَدُّواْ لَوۡ تُدۡهِنُ فَيُدۡهِنُونَ ٩ وَلَا تُطِعۡ كُلَّ حَلَّافٖ

مَّهِينٍ ﴿١٠﴾ هَمَّازٍ مَّشَّآءٍۭ بِنَمِيمٍ ﴿١١﴾ مَّنَّاعٍ لِّلْخَيْرِ مُعْتَدٍ أَثِيمٍ ﴿١٢﴾
عُتُلٍّۭ بَعْدَ ذَٰلِكَ زَنِيمٍ ﴿١٣﴾ أَن كَانَ ذَا مَالٍ وَبَنِينَ ﴿١٤﴾ إِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِ
ءَايَٰتُنَا قَالَ أَسَٰطِيرُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿١٥﴾ سَنَسِمُهُۥ عَلَى ٱلْخُرْطُومِ ﴿١٦﴾

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-نۇن (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). قەلەم بىلەن ۋە (قەلەم تۇتقانلار) يازىدىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

2-(ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ (پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت كاتتا) نېمىتى بىلەن سەن (ھەرگىز مۇشرىكلار ئېيتقاندەك) مەجنۇن ئەمەسسەن.

3-شەك-شۈبھىسىزكى، ئەلۋەتتە ساڭا تۈگىمەس مۇكاپات بار.

4-سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن.

5-6-قايسىڭلارنىڭ مەجنۇن ئىكەنلىكىنى كەلگۈسىدە سەنمۇ كۆرىسەن، ئۇلارمۇ كۆرىدۇ.

7-چۈنكى، سېنىڭ رەببىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

8-(ھەق دىنىنى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا بويسۇنمىغىن.

9-ئۇلار سېنىڭ ماسلىشىپ ئۆتۈشۈڭنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىمۇ (ساڭا) ماسلىشىپ ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

10-13- قەسەمخور، پەسكەش، غەيۋەتخور، سۆخەنچى، ياخشىلىقنى توسقۇچى، ھەددىدىن ئاشقۇچى، گۇناھكار، قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارامدىن بولغان ئادەملەرنىڭ ھېچبىرىگە بويسۇنمىغىن.

14-ئۇ مال-مۈلۈكى ۋە ئوغۇللىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن (كۆرەڭلەپ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتتى).

15- بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىلسە: «(بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇر» دېدى.

16-بىز يېقىندا ئۇنىڭ بۇرنىغا بەلگە سالىمىز.

### تەپسىرى

بۇ سۈرىدە كەلگەن ﴿نٓ﴾ ھەرپى باشقا سۈرىلەردىكى ﴿صٓ﴾، ﴿قٓ﴾ دېگەن ھەرپلەرگە ئوخشاش مەنىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدىغان ھەرپلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە قەلەم ۋە قەلەم بىلەن يېزىلىدىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق قەلەمنىڭ ۋە ئىنسانلارغا پايدىلىق ئىلىمنىڭ زور ئەھمىيىتىگە، بۇ ئىككىسىنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان كاتتا نېمەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلغان. چۈنكى، ئىنسانلار ئۇچۇن سۆزلەش ۋە بايان قىلىش نېمىتىدىن قالسا ئەڭ چوڭ نېمەت قەلەم ۋە يېزىش نېمىتىدۇر. شەكسىزكى، قەلەم بىلەن كىتاب قانداقلا بىر مىللەتتە ئومۇملاشسا، شۇ مىللەتنىڭ ئىلىم-مەرىپىتى، تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيىتى گۈللىنىدۇ. چۈنكى، قەلەم بىلەن كىتاب ئىلىم-مەرىپەتنىڭ قوراللىرىدۇر.

﴿قەلەم بىلەن ۋە (قەلەم تۇتقانلار) يازىدىغان نەرسىلەر﴾ دېگەن ئايەتتە ئاللاھ تائالا يارىتىشنى باشلىغان ۋاقىتتا دەسلەپ ياراتقان مەۋجۇداتنى يېزىشقا باشلىغان قەلەم بىلەن، لەۋھۇلمەھپۇزدىن كۆچۈرۈپ يازغان ۋە ئىنسانلارنىڭ ياخشى-يامان ئەمەللىرىنى يېزىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر خاتىرىلەپ تۇرىدىغان نەرسىلەر بىلەن، شۇنداقلا ئىنسانلار يازىدىغان مەنپەئەتلىك نەرسىلەر ۋە ئىلىم- ھېكمەتلەر بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلار گۇمان قىلغاندەك مەجنۇن (يەنى ئەقلىدىن ئازغان بىرى) ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتى بىلەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا تۈگىمەس-پۈتمەس ئەجىر- مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ بۈيۈك ئەخلاق-پەزىلەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئەڭ ئاۋۋال ياراتقان نەرسە قەلەمدۇر. ئاللاھ قەلەمنى يارىتىپ ئۇنىڭغا ‹يازغىن!› دەپ ئەمىر قىلدى، قەلەم ‹نېمىنى يازىمەن؟› دېدى، ئاللاھ ‹تەقدىرنى يازغىن› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ كۈندىن باشلاپ تا قىيامەتكىچە بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يازدى»[1].

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ﴿قەلەم بىلەن ۋە (قەلەم تۇتقانلار) يازىدىغان نەرسىلەر﴾ دېگەن ئايەت ئىنسانلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق

---

[1] «تخريج كتاب السنة» للألباني 105- بەت.

ئىشلىرىغا مەنپەئەتلىك بولغان ۋە ئادالەتنى، ھەققانىيلىقنى پرىنسىپ قىلغان ھەرقانداق يېزىقنى ۋە ئىپادىلەش تۈرلىرىنى، ھازىرقى زاماندا ئوتتۇرىغا چىققان ۋە كەلگۈسىدە بارلىققا كېلىدىغان بارلىق يېزىش قوراللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ھازىرغىچە مەيدانغا كەلگەن ۋە كەلگۈسىدە كېلىدىغان بارلىق ئىشلارنى بىلىدىغان، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممە ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇۋاتقان زات تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئۇلۇغ كىتابتۇر. ئۇنىڭ بايانلىرى تاقىيامەتكە قەدەر بارلىققا كېلىدىغان ھەممە ئىشنى، پۈتۈن تەرەققىياتلارنى ۋە بارچە يېڭىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بايانلاردۇر. مەسىلەن: ﴿وَٱلۡخَيۡلَ وَٱلۡبِغَالَ وَٱلۡحَمِيرَ لِتَرۡكَبُوهَا وَزِينَةٗۚ وَيَخۡلُقُ مَا لَا تَعۡلَمُونَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئاتنى، قېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ئۈچۈن ۋە زىننەت ئۈچۈن ياراتتى، ئۇ يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ﴾ [1] دېگەن ئايەتتە، يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك ھايۋاننىڭ شۇ زامانلاردىكى قاتناش قوراللىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالانىڭ كېلەچەكتە ئۇلار خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان قاتناش قوراللىرىنى يارىتىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان.

بۇ سۈرە «قۇرئان كەرىم»دىن ئەڭ ئاۋۋال نازىل قىلىنغان سۈرىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ سۈرە نازىل قىلىنغان پەيغەمبەر ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان زات ئىدى. ئۇنىڭ قەۋمى بولغان ئەرەبلەر بولسا نادانلىقتا چېكىگە يەتكەن، دۇنيانىڭ ئارقىسىدا قالغان ۋە ئىلىمدىن يىراق ئىكەنلىكى بىلەن ئەتراپىدىكى مىللەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر قەۋم ئىدى. مۇشۇنداق بىلىمسىز بىر قەۋمنىڭ ئىچىدىن چىققان، ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر پەيغەمبەرگە تۇنجى ۋەھيىنىڭ: ﴿ٱقۡرَأۡ بِٱسۡمِ رَبِّكَ ٱلَّذِي خَلَقَ ۝١ خَلَقَ ٱلۡإِنسَٰنَ مِنۡ عَلَقٍ ۝٢ ٱقۡرَأۡ وَرَبُّكَ ٱلۡأَكۡرَمُ ۝٣ ٱلَّذِي عَلَّمَ بِٱلۡقَلَمِ ۝٤ عَلَّمَ ٱلۡإِنسَٰنَ مَا لَمۡ يَعۡلَمۡ﴾ يەنى ﴿ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن! ئۇ ئىنساننى ئەلەقتىن ياراتتى[2]، سەن ئوقۇغىن. رەببىڭ ئىنسانغا قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتكەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئەڭ كەرەملىك زاتتۇر﴾ [3] دېگەن ئايەتلەر بىلەن باشلانغانلىقى ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم-مەرىپەت دىنى ئىكەنلىكىنى، دىن ۋە دۇنيالىق

[1] نەھل سۈرىسى:8- ئايەت.

[2] ئەلەقنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈش ھەج سۈرىسىنىڭ 5- ئايىتىنىڭ تەپسىرىدىكى ئىزاھاتتا بېرىلدى.

[3] ئەلەق سۈرىسى: 1-5-ئايەتلەر.

ئىشلارنى ئوقۇپ ئۆگەنمەستىن توغرا يوسۇندا ئىلىپ بارغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئوقۇش ۋە بىلىش كېرەك. ﴿فَٱعۡلَمۡ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا ٱللَّهُ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىلگىنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر﴾ [1] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ مۇكەممەل ئەخلاقتا ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ھەق دىنىنى يەتكۈزۈش يولىدا چەككەن جاپا-مۇشەققەتلىرى ۋە كاپىرلار تەرىپىدىن يەتكەن ئەزىيەتلەر ئۈچۈن، ئۈنىڭ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان، مەڭگۈلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەن. ئاندىن ئۇنىڭ ھەققەت ئۈستىدە، توپتوغرا يولدا ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ، ئۇنى كاپىرلارنىڭ تۆھمەتلىرىگە ۋە ئەزىيەتلىرىگە پەرۋا قىلماسلىققا بۇيرۇغان.

ئى پەيغەمبەر! سەن ھەق دىنىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ھېچقايسىسىغا بويسۇنمىغىن. چۈنكى، ئۇلار سېنىڭ ئۆزلىرى بىلەن كېلىشىپ ئىش قىلىشىڭنى خالايدۇ. سەن ئۇلارنىڭ خاھىشىغا ھەرگىز ئەگەشمىگىن.

مەلۇمكى، ئىسلام دەۋىتىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك ۋە كۆپ بولغان كاپىرلارغا قارشى ئۆزى يالغۇز تاقابىل تۇراتتى. شۇ چاغلاردا، مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزلىرىنى ئەقىلسىز دېمەسلىك ۋە ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىنى سۆكمەسلىك شەرتى بىلەن ئۆزلىرىمۇ مۇسۇلمانلارغا چېقىلماسلىق دېگەندەك تەكلىپلەرنى قويغان. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىممىتىنى كۆتۈرۈش، ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن: ﴿(ھەق دىنىنى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا بويسۇنمىغىن. ئۇلار سېنىڭ ماسلىشىپ ئۆتۈشۈشۈڭنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىمۇ (ساڭا) ماسلىشىپ ئۆتۈشىنى ئارزۇ قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايىتىنى نازىل قىلغان[2]، يەنى ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا قەتئىي بويسۇنمىغىن، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىغىن. چۈنكى، ئەگەر سەن ئۇ كاپىرلارغا دىن ئىشلىرىدا يۇمشاقلىق قىلساڭ، يول قويساڭ، ئۇلار سېنى رەببىڭگە ئىبادەت قىلىش ۋە ئىتائەت

---

[1] مۇھەممەد سۈرىسى: 19- ئايەت.

[2] «التفسير الواضح» 3-توم، 73-بەت.

قىلىش ئىشلىرىدا بوشاشتۇرۇپ قويىدۇ [1]. ئۇلار سېنىڭ دىنىڭنى قوبۇل قىلمىغان تۇرسا، سېنى ھەر خىل بولمىغۇر سۆزلىرى بىلەن ئەيىبلىگەن، ساڭا دېمىگەنلىرى قالمىغان تۇرسا، ئۇلار ساڭا ۋە سەن بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەرگە شۇنچىلىك دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە بولغان تۇرسا، سەن قانداقمۇ ئۇلار بىلەن مۇرەسسە قىلىسەن؟ قانداقمۇ ئۇلار بىلەن مادارا قىلىسەن؟ قانداقمۇ ئۇلارنىڭ تەلپىگە مايىل بولىسەن؟ سېنىڭ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ كاپىرلارغا بويسۇنۇشۇڭلار قەتئىي توغرا ئەمەس.

بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ ئۇممىتىنى كاپىرلارغا، زالىملارغا بويسۇنماسلىققا بۇيرۇغان ئايەتتۇر. ئاندىن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇئمىنلەرگە ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەگە ئوخشىغان ھەددىدىن ئاشقان كاپىرلارنىڭ سۆزىنى ۋە تەكلىپىنى قوبۇل قىلماسلىق توغرۇلۇق كەسكىن تەلىمات بېرىپ دەيدۇكى، سەن كەلسە-كەلمەس قەسەم ئىچىۋېرىدىغان قەسەمخور، تېگى پەس، ئۆزىمۇ پەسكەش، ھەممىشە كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ ئۇلارنىڭ يۈز ئابرۇيىنى چۈشۈرۈشكە ئامراق، كىشىلەرنى بىر-بىرىگە دۈشمەن قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گەپ توشۇپ سۇخەنچىلىك قىلىدىغان، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ياخشىلىقتىن توسىدىغان، گۇناھ-مەئسىيەتتە، كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزۈشتە ھەددىدىن ئاشقان، تەبىئىتى قوپال، مۇئامىلىسى قاتتىق، ھارامدىن بولغان ئادەمگە قەتئىي بويسۇنمىغىن. چۈنكى، ئۇ ئۆزىگە بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز ئوچۇق ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇ مال-دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكىگە، باللىرىنىڭ جىقلىقىغا كۆرەڭلەپ، بۇ ئايەتلەرنى «قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدۇر» دېدى.

بۇ ئايەتلەردە ئەيىبلەنگەن كاپىر ئادەم شۇ چاغدىكى مەككىلىك كاپىرلارنىڭ بىرى بولغان ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە بولۇپ، ئۇ مۇشۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان ناچار سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىدە توپلىغان بەتبەخت ئىدى. ئۇ ئۆز ئاتىسىنى ئون سەككىز يىشىدىن كېيىن تونۇغان ئىكەن. ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنىڭ مال-دۇنياسى ۋە باللىرى كۆپ ئىدى، ئۇنىڭغا قۇرئان ئايەتلىرى ئوقۇپ بېرىلسە، «بۇ بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇر» دەيتتى. ئاللاھ تائالا ئۇنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان بەزى ئەشەددىي كاپىرلارنى بۇ دۇنيادىلا جازالاشقا ۋەدە قىلغان ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ئەمەلگە ئېشىپ، ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى مەغلۇپ قىلىنغان ۋە ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇقى يەرگە ئۇرۇلۇپ، ئۇلار ئەڭ خار ۋە ئەڭ بىچارە

[1] «تفسير الطبري» 23- توم، 534 -بەت.

ئىنسانلارغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە دېگەن ئىسىم خارلىقنىڭ، رەسۋالىقنىڭ ئۇنۋانى بولغان هالدا تا قىيامەتكىچە شۇنداق قالىدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿بىز يېقىندا ئۇنىڭ بۇرنىغا بەلگە سالىمىز﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما « بۇ مۇغىرەنىڭ بۇرنىغا قىلىچ بىلەن بەلگە سالىمىز، دېگەنلىكتۇر. بەدرى ئۇرۇشىدا ئۇنىڭ بۇرنىغا قىلىچ ئۇرۇلغان ۋە ئۆلگىنىگە قەدەر بۇرنىدىكى ئىز شۇنداق قالغان» دېگەن. قەتادە بۇ ئايەتكە «ئۇنىڭدا ئاخىرغىچە قۇتۇلالمايدىغان سەت بىر نىشانە قالدۇرىمىز» دەپ مەنە بېرىپتىكەن. ئەللامە تەبەري بۇ ئايەت هەققىدىكى بىر قانچە خىل تەپسىرنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «يۇقىرىقى تەپسىرلەرنىڭ ئىچىدە ‹ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى ۋە رەزىللىكلىرىنى ئوپئوچۇق ئوتتۇرىغا چىقىرىمىزكى، خۇددى تۆگىنىڭ بۇرنىدىكى بەلگىنى هەممە ئادەم تونۇغاندەك ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنىمۇ هەممە ئادەم ئېنىق بىلىدىغان قىلىمىز› دەپ تەپسىر قىلغانلارنىڭ تەپسىرى ئەڭ توغرىسىدۇر»[1]. يەنى ئۇنى خار قىلىمىز، رەسۋا قىلىمىز دېگەنلىك بولۇپ، ئەرەبلەر «بۇرۇنغا بەلگە سېلىش» دېگەن سۆزنى خار قىلىش، رەسۋا قىلىش ۋە بىر ئۆمۈر خارلىق بەلگىسىنى ئۇرۇش دېگەندىن كىنايە قىلىپ قوللىنىدۇ.

ئەرەبلەر ئادەتتىكى «بۇرۇن»نى «الأنف» دەپ ئاتايدۇ. ئەمما چوشقىنىڭ ۋە پىلنىڭ بۇرنىنى ۋە هەرقانداق ئۇزۇن بۇرۇننى « ٱلۡخُرۡطُومِ » دەپ ئاتايدۇ. ئەللامە زەمەخشەري مۇنداق دېگەن: «ئاللاه تائالانىڭ ﴿سَنَسِمُهُۥ عَلَى ٱلۡخُرۡطُومِ﴾ دېگەن ئايەتتە مۇغىرەنىڭ بۇرنىغا بەلگە سالىمىز دېگەنلىكى ئۇنى خارلاش ۋە رەسۋا قىلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، بەدەندىكى ئەڭ هۆرمەتلىك جاي يۈزدۇر، يۈزدىكى ئەڭ هۆرمەتلىك جاي بۇرۇندۇر. ئاشۇ ئەڭ هۆرمەتلىك يۈزدىكى ئەڭ هۆرمەتلىك ئورۇن بولغان بۇرۇنغا بەلگە سېلىش خارلاشنىڭ ئەڭ ئوبرازلىق ئىپادىسىدۇر. يەنە مۇغىرەنىڭ بۇرنى ئۈچۈن «ٱلۡخُرۡطُومِ» دېگەن سۆزنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى ئۇنىڭ هاكاۋۇرلۇقىنى يەرگە ئۇرۇش ۋە قاتتىق خارلاش ئۈچۈندۇر»[2].

يۇقىرىقى ئايەتلەردە، ئىنسانىيەتنىڭ ئېپتىخارلىق ئۈلگىسى، ئەخلاق - پەزىلەت ئۇستازى، دۇرۇسلۇق تاجىسى، ئادالەت تىمسالى هەزرىتى مۇهەممەد

---

[1] «تفسير الطبري» 23- توم، 542- بەت.

[2] «الكشاف» 6- توم، 185- بەت.

ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ھەقىقەتنىڭ دۈشمىنى بولغان ئەشەددىي كاپىر ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنىڭ رەزىل ئىللەتلىرىدىن ئون سۈپەت بايان قىلىنغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قەلەم ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ ۋە ھەقىقەتنى يەتكۈزۈشنىڭ قورالىدۇر.

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەخلاق-پەزىلەتتە كامالىغا يەتكەن ئۈلگىلىك پەيغەمبەردۇر.

3. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرا يولنىڭ ۋە ھەقىقەتنىڭ يېتەكچىسىدۇر.

4. ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەگە ئوخشاش رەزىل ئىللەتلەرگە ئىگە بولغان كاپىرلار ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ پەسكەشلىرى ۋە لەنەتكە لايىق بولغۇچىلىرىدۇر.

5. پۇل-مالنىڭ كۆپلۈكى كۆپ ھاللاردا كىشىلەرنى يولدىن چىقىرىدۇ، ئىسلام تەربىيەسىدىن نېسىۋىسى بولمىغان پەرزەنتلەرمۇ ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن ئازاب مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ.

6. ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلار مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ رەزىللىرى بولۇپ، مۇنداقلار ئاللاھ تائالانىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە جىمى مۆئمىنلەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ.

### ◄ باغ ئىگىلىرىنىڭ قىسسىسى

﴿إِنَّا بَلَوۡنَٰهُمۡ كَمَا بَلَوۡنَآ أَصۡحَٰبَ ٱلۡجَنَّةِ إِذۡ أَقۡسَمُواْ لَيَصۡرِمُنَّهَا
مُصۡبِحِينَ ١٧ وَلَا يَسۡتَثۡنُونَ ١٨ فَطَافَ عَلَيۡهَا طَآئِفٞ مِّن رَّبِّكَ
وَهُمۡ نَآئِمُونَ ١٩ فَأَصۡبَحَتۡ كَٱلصَّرِيمِ ٢٠ فَتَنَادَوۡاْ مُصۡبِحِينَ ٢١
أَنِ ٱغۡدُواْ عَلَىٰ حَرۡثِكُمۡ إِن كُنتُمۡ صَٰرِمِينَ ٢٢ فَٱنطَلَقُواْ وَهُمۡ
يَتَخَٰفَتُونَ ٢٣ أَن لَّا يَدۡخُلَنَّهَا ٱلۡيَوۡمَ عَلَيۡكُم مِّسۡكِينٞ ٢٤ وَغَدَوۡاْ
عَلَىٰ حَرۡدٖ قَٰدِرِينَ ٢٥ فَلَمَّا رَأَوۡهَا قَالُوٓاْ إِنَّا لَضَآلُّونَ ٢٦ بَلۡ نَحۡنُ
مَحۡرُومُونَ ٢٧ قَالَ أَوۡسَطُهُمۡ أَلَمۡ أَقُل لَّكُمۡ لَوۡلَا تُسَبِّحُونَ ٢٨ قَالُواْ

سُبۡحَٰنَ رَبِّنَآ إِنَّا كُنَّا ظَٰلِمِينَ ﴿٢٩﴾ فَأَقۡبَلَ بَعۡضُهُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٖ
يَتَلَٰوَمُونَ ﴿٣٠﴾ قَالُواْ يَٰوَيۡلَنَآ إِنَّا كُنَّا طَٰغِينَ ﴿٣١﴾ عَسَىٰ رَبُّنَآ أَن
يُبۡدِلَنَا خَيۡرٗا مِّنۡهَآ إِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا رَٰغِبُونَ ﴿٣٢﴾ كَذَٰلِكَ ٱلۡعَذَابُۖ
وَلَعَذَابُ ٱلۡأٓخِرَةِ أَكۡبَرُۚ لَوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ ﴿٣٣﴾

## تەرجىمىسى

17ـ18ـ شەكسىزكى، بىز ئۇلارنى (يەنى مەككىلىكلەرنى) باغ ئىگىلىرىنى سىنىغاندەك سىنىدۇق. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئۇنى (يەنى بېغىنىڭ مېۋىلىرىنى كەمبەغەللەر كۆرمەستىن) سەھەردىلا ئۈزۈۋېلىشقا قەسەم ئىچىشكەن ۋە «ئاللاھ خالىسا» دېمىگەن ئىدى.

19ـ20ـ ئۇلار ئۇخلاۋاتقاندا، باغقا رەببىڭ تەرىپىدىن يانغىن چۈشۈپ، بىردەمدىلا ئۇ باغ (كۆيۈپ) قاپقارا كۈلدەك بولۇپ قالدى.

21ـ22ـ ئۇلار ئەتىگەندە: «ئەگەر (مېۋىلەرنى) ئۈزمەكچى بولساڭلار، باغقا سەھەردە بېرىڭلار» دەپ، بىر-بىرىنى چاقىرىشتى.

23ـ24ـئۇلار: «بۈگۈن باغقا بىرەر كەمبەغەلمۇ قەتئىي كىرمىسۇن» دەپ پىچىرلىشىپ ماڭدى.

25ـئۇلار: «(كەمبەغەللەرنى باغقا كىرىشتىن) توسۇپ قالىمىز» دېگەن ئوي بىلەن ئەتىگەندە يولغا چىقتى.

26ـ27ـئۇلار (كۆيۈپ كەتكەن) باغنى كۆرۈپ: «بىز چوقۇم ئېزىپ قاپتۇق، ياق (ئېزىپ قالماپتۇق)، بەلكى (ھەممىدىن) قۇرۇق قاپتۇق» دېيىشتى.

28ـئۇلارنىڭ ئەڭ ئەقىللىقى: «مەن سىلەرگە «ئاللاھ خالىسا» دېسەڭلارچۇ، دېمىگەنمىدىم؟» دېدى.

29ـئۇلار: «ئى رەببىمىز! (سەن بارلىق كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلىپتۇق» دېيىشتى.

30ـ32ـشۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر-بىرىنى ئەيىبلەشكە باشلاپ: «ۋاي ئىسىت! بىز راستتىنلا ھەددىمىزدىن ئېشىپتۇق. ئۈمىدىمىز شۇكى، رەببىمىز بىزگە بۇنىڭدىن ياخشىراق باغنى بەرگەي، بىز ئەلۋەتتە رەببىمىزگە ئۈمىد باغلىغۇ-چىلارمىز» دېيىشتى.

33ـ(دۇنيادىكى) ئازاب مانا مۇشۇنداقتۇر. ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ

قاتتىقتۇر. ئەگەر ئۇلار (بۇنى) بىلسە ئىدى (ئازابقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ساقلانغان بولاتتى).

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئۆز ۋاقتىدىكى مەككىلىكلەرگىمۇ ئاللاھ تائالا كۆپلىگەن نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان. مەككىلىكلەردە تىجارەت ئىشلىرى ئالاھىدە راۋاجلانغان ئىدى. ئۇلارنىڭ يىلدا قىشلىق ۋە يازلىق دەپ ئىككى قېتىملىق تىجارەت سەپىرى بار ئىدى. كېيىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەھمەت پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىش بىلەن ئۇلارغا كاتتا ئىنئام قىلغان ۋە نېمىتىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن ئىدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئە-لەيھىسسالام ئەرەبلەرنى ۋە بارلىق ئىنسانىيەتنى كۇفرىنىڭ، ئازغۇنلۇقنىڭ، قالاقلىقنىڭ ۋە نادانلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ، ئىلىم-مەرىپەتنىڭ يورۇقلۇقىغا چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ھىدايەت يېتەكچىسى ئىدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان «قۇرئان كەرىم» ئىمان ئېيتقانلارنىڭ شەنىنى كۆتۈرىدىغان، شەرىپىنى يۈكسەلدۈرىدىغان ۋە ئۇلارنى ھەقىقەتكە يېتەكلەيدىغان ھىدايەت مەشئىلى بولۇپ، ئۇنىڭ قەدرىنى بىلگەن ۋە يولىغا ئەگەشكەنلەر ئىككىلا ئالەملىك پايدىنى تاپتى. ئەمما ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن ۋە يولىغا ئەگەشمىگەنلەر زىيان تارتتى.

ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا مەككىلىك كاپىرلارنى دۇنيالىق نېمەتلەر بىلەن سىنىغاندەك، ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتىش بىلەنمۇ سىنىغان ئىدى. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مال-دۇنياسىنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن مەغرۇرلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭغا كەلگەن ھەق دىنغا قارشى چىققان بولۇپ، ئۇلار بۇ قىلمىشى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق جازاسىغا تېگىشلىك بولغان. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى خۇددى مېۋىلىرى كۆپ، ھوسۇللىرى تولۇق، تولىمۇ بەرىكەتلىك بىر باغقا ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق، بېخىللىق قىلىپ، ئۇنىڭ مېۋىلىرىدىن يوقسۇللارنى مەھرۇم قىلماقچى بولغان باغۋەنلەرنى جازالىغاندەك جازالىغان ئىدى.

باغ ئىگىلىرىنىڭ قىسسىسى مۇنداق: ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان، يوقسۇللارنىڭ ھەققىنى تولۇق بېرىدىغان بىر ياخشى ئادەم بار ئىدى. ئۇ ئادەمنىڭ كاتتا بىر بېغى بار بولۇپ، باغ ئىچىدە ھەر تۈرلۈك مېۋىلەر بار ئىدى. ئۇ ئادەم ھەر قېتىم مېۋىلەرنى ئۈزىدىغان ۋاقتىدا يوقسۇللارنى

چاقىرىپ، ئۇلارغا تېگىشلىك ھەقلىرىنى بېرەتتى. بۇ ئادەم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ باغ ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا قالدۇ. بالىلىرى باغنىڭ مېۋىلىرىنى يىغىدىغان ۋاقىت يېقىنلاشقاندا، ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىدۇ ۋە مۇنداق دېيىشىدۇ: «دادىمىز ياخشى ئادەم ئىدى، ئۇ ھەر قېتىم مېۋىلەرنى ئۈزگەندە يوقسۇللارنى چاقىراتتى ۋە ئۇلارغا خەير-ساخاۋەتتىن ئىبارەت ھەقلىرىنى بېرەتتى. چۈنكى، دادىمىز يالغۇز بىر ئائىلىنىڭلا غېمىنى يەيتتى. ئەمما بىز ھازىر چوڭ ئائىلىلەر بولۇپ قالدۇق، بالىلىرىمىز كۆپ. باغنىڭ مېۋىلىرىدىن يوقسۇللارغا بەرگىلى تۇرساق، بىزگە ۋە بالىلىرىمىزغا نېمە قالدۇ؟ شۇڭا بىز دادىمىزنىڭ بۇ ئىشىنى داۋاملاشتۇرماسلىقىمىز، رىزقىمىزنى يوقسۇللارغا بېرىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. زادى يوقسۇللارنىڭ بىزدە نېمە ھەققى بار؟ باغنى ئۆزىمىز پەرۋىش قىلىۋاتىمىز، ئۇنىڭغا ئۆزىمىز ئىشلەۋاتىمىز. شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن مېۋىلىرىمىزنى يوقسۇللارغا بەرمەيلى، مېۋىلەرنى ئۈزگىلى چىقىدىغان ۋاقتىمىزدا ئۇلارغا خەۋەر قىلمايلى، ئۇلار بىلمەيلا قالسۇن!».

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ ئەقىللىق ۋە توغرا تەپەككۇر قىلالايدىغان بىرى بار ئىدى. ئۇ قېرىنداشلىرىغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى بۇ قىلمىشىدىن توسماقچى بولدۇ-يۇ، ئەمما قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇمۇ ئاخىرى قېرىنداشلىرىنىڭ پىكرىگە قوشۇلدۇ. چۈنكى، شەيتان ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنى ئالداپ كەتكەندەك، ئۇنىمۇ ئالداپ كەتكەن ئىدى. ﴿ٱلشَّيۡطَٰنُ يَعِدُكُمُ ٱلۡفَقۡرَ وَيَأۡمُرُكُم بِٱلۡفَحۡشَآءِۖ وَٱللَّهُ يَعِدُكُم مَّغۡفِرَةٗ مِّنۡهُ وَفَضۡلٗاۗ﴾ يەنى ﴿شەيتان سىلەرگە پېقىرلىق بىلەن تەھدىت سالىدۇ، سىلەرنى يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ سىلەرگە ئۆز دەرگاھىدىن مەغپىرەتنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ﴾[1].

نىھايەت، ئۇلار ئەتىگەن سەھەردىلا ئۆيدىن چىقىپ كېتىشنى ۋە بۇ ئەھۋالدىن يوقسۇللار خەۋەر تاپىپ بولغۇچە باغنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزۈپ بولۇشنى پىلانلاپ تەييارلىق كۆرىدۇ ۋە دېگەندەك سەھەردە باغقا يېتىپ بارىدۇ. ئۇلار قاتتىق مەغرۇرلانغانلىقتىن «ئاللاھ خالىسا» دېگەن سۆزنىمۇ ئېيتمىغان ئىدى. ئۇلار شۇ مېڭىشىدا، ئۆزلىرىنىڭ يوقسۇللارنى باغنىڭ مېۋىسىدىن مەھرۇم قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى ئويلىغان ئىدى. قارىسا باغ كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەن، مېۋىلەردىن ھېچبىر ئەسەر قالمىغان. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، «بىز باشقا بىر جايغا بېرىپ قالغان ئوخشايمىز،

[1] بەقەرە سۈرىسى: 268-ئايەت.

يولدىن ئېزىپ قالغان ئوخشايمىز» دېيىشىدۇ. ئاندىن ئاستا-ئاستا ئەس-ھوشىنى تېپىپ، كۆيگەن باغنىڭ راستتىنلا ئۆزلىرىنىڭ بېغى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ زىيان تارتقانلىقىنى ۋە يوقسۇللارنى باغنىڭ مېۋىسىدىن مەھرۇم قىلىمىز دەپ ئاخىر ئۆزلىرى ھەممىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى جەزم قىلىشىدۇ. ئاندىن ئۇلار بىر-بىرىگە مالامەت قىلىشقىلى ۋە بىر-بىرىنى ئەيىبلىگىلى تۇردۇ.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىق كەلگەن ھېلىقى قېرىندىشى: «سىلەر يوقسۇللارنى باغنىڭ مېۋىسىدىن مەھرۇم قىلىپ، مېۋىنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋالماقچى بولغىنىڭلاردا، مەن سىلەرگە ‹ئاللاھ خالىسا› دېسەڭلارچۇ، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىشتىن قورقساڭلارچۇ، دېمىگەنمىدىم؟» دەيدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ بۇ چوڭ خاتالىقىنى تونۇپ، ئاللاھ تائالاغا مۇنداق دەپ مۇناجات قىلىدۇ: «ئى رەببىمىز! سەن بارچە كەمچىلىكلەردىن ۋە ھەرقانداق بىر نۇقساندىن ئەلۋەتتە پاكتۇرسەن، ئەسلىدە سەن بىزگە قىلچە ئۇۋۋال قىلمىدىڭ، بەلكى بىز كەمبەغەللەرنىڭ ھەققىنى بەرمەيمىز دەپ ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىپتۇق».

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار بىر-بىرىگە مالامەت قىلىپ دەيدۇكى، بىز راستتىنلا ئەقىل ۋە دىنىنىڭ چەك-چېگراسىدىن چىقىپ كەتكەن، ئىلاھىي قانۇنىيەتنى تونۇمىغان ۋە تولىمۇ ھەددىدىن ئاشقان پاسىق قەۋم بولۇپ قاپتىمىز. مانا بىز ئەمدى ھەممىدىن قۇرۇق قالدۇق. ئەمدى بىزنىڭ بىرلا ئۈمىدىمىز شۇكى، بىز گۇناھلىرىمىزغا سەمىمىي تەۋبە قىلىپ، رەببىمىز ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قايتساق، بەلكى ئاللاھ تائالا بىزگە كۆيۈپ كەتكەن شۇ بېغىمىزدىنمۇ ياخشىراق بىر باغنى ئاتا قىلىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە بىز رەببىمىزنىڭ پەزل-كەرەمىدىن ئۈمىد كۈتكۈچىلەرمىز، ئۇنىڭغا يۈزلەنگۈچىلەرمىز، ئۇنىڭغا يالۋۇرغۇچىلارمىز.

ئى ئىنسانلار! ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن ھەرگىز غاپىل ئەمەس. ئاللاھ تائالا ھەددىدىن ئاشقانلارنى ئاۋۋال مۇشۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە چوقۇم جازالايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسى ھالاك قىلىۋېتىش بىلەن بولسا، ئاخىرەتتىكى جازاسى دەھشەتلىك ئوت بىلەن ئازابلاشتۇر. ئاخىرەتنىڭ ئازابى بۇ دۇنيانىڭ ئازابلىرىدىن ئەلۋەتتە چوڭدۇر. ئىنسانلار بۇنى بىلسە ئىدى، ھەرگىزمۇ غەپلەتتە يۈرمەس ئىدى ۋە ئۆزلىرىگە ئازاب ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن

ساقلانغان بولار ئىدى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ سىنىقى گاھىدا ياخشىلىق بىلەن، گاھىدا يامانلىق بىلەن بولىدۇ. ئەڭ بەختلىك كىشىلەر قىيىنچىلىقتا ئاللاھ تائالاغا سەۋر قىلىدىغان، مولچىلىقتا ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىدىغانلاردۇر.

2. ئاتا-ئانىنىڭ ياخشىلىقى ئىمانلىق ئۆسكەن بالىلىرىغىمۇ ئەسقاتىدۇ.

3. قىلماقچى بولغان ھەربىر ئىش ئۈچۈن «ئاللاھ خالىسا» دېيىش ئىسلامىي ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

### ◄ كاپىرلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە

﴿إِنَّ لِلۡمُتَّقِينَ عِندَ رَبِّهِمۡ جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ٣٤ أَفَنَجۡعَلُ ٱلۡمُسۡلِمِينَ
كَٱلۡمُجۡرِمِينَ ٣٥ مَا لَكُمۡ كَيۡفَ تَحۡكُمُونَ ٣٦ أَمۡ لَكُمۡ كِتَٰبٞ فِيهِ
تَدۡرُسُونَ ٣٧ إِنَّ لَكُمۡ فِيهِ لَمَا تَخَيَّرُونَ ٣٨ أَمۡ لَكُمۡ أَيۡمَٰنٌ عَلَيۡنَا
بَٰلِغَةٌ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ إِنَّ لَكُمۡ لَمَا تَحۡكُمُونَ ٣٩ سَلۡهُمۡ أَيُّهُم
بِذَٰلِكَ زَعِيمٌ ٤٠ أَمۡ لَهُمۡ شُرَكَآءُ فَلۡيَأۡتُواْ بِشُرَكَآئِهِمۡ إِن كَانُواْ صَٰدِقِينَ
٤١ يَوۡمَ يُكۡشَفُ عَن سَاقٖ وَيُدۡعَوۡنَ إِلَى ٱلسُّجُودِ فَلَا يَسۡتَطِيعُونَ
٤٢ خَٰشِعَةً أَبۡصَٰرُهُمۡ تَرۡهَقُهُمۡ ذِلَّةٞۖ وَقَدۡ كَانُواْ يُدۡعَوۡنَ إِلَى ٱلسُّجُودِ
وَهُمۡ سَٰلِمُونَ ٤٣ فَذَرۡنِي وَمَن يُكَذِّبُ بِهَٰذَا ٱلۡحَدِيثِۖ سَنَسۡتَدۡرِجُهُم
مِّنۡ حَيۡثُ لَا يَعۡلَمُونَ ٤٤ وَأُمۡلِي لَهُمۡۚ إِنَّ كَيۡدِي مَتِينٌ ٤٥ أَمۡ
تَسۡـَٔلُهُمۡ أَجۡرٗا فَهُم مِّن مَّغۡرَمٖ مُّثۡقَلُونَ ٤٦ أَمۡ عِندَهُمُ ٱلۡغَيۡبُ فَهُمۡ
يَكۡتُبُونَ ٤٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

34ـ شەكسىزكى، تەقۋادارلار ئۈچۈن رەببىنىڭ دەرگاھىدا نازۇنېمەتلىك جەننەتلەر بار.

35ـبىز مۇسۇلمانلارنى ئۇ گۇناھكار (كاپىر)لار بىلەن باراۋەر قىلامدۇق؟

36ـسىلەرگە نېمە بولدى؟ قانداقلارچە مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟

37ـياكى سىلەردە سىلەر ئوقۇيدىغان بىرەر كىتاب بارمۇ؟

38ـئۇنىڭدا «سىلەر نېمىنى خالىساڭلار ئۇ سىلەرنىڭ بولىدۇ» دېگەن ھۆكۈم بارمىكەن؟

39ـياكى «سىلەر قانداق ھۆكۈم چىقارساڭلار بولۇۋېرىدۇ» دەپ ئارىمىزدا قىيامەت كۈنىگە قەدەر كۈچكە ئىگە قىلىنغان بىرەر كېلىشىم بولغانمۇ؟

40ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلاردىن سوراپ باققىنكى، ئۇلارنىڭ قايسىسى بۇ ئىشلارغا كېپىللىك قىلالايدۇ؟

41ـياكى ئۇلارنىڭ (كېپىللىك قىلىدىغان) شېرىكلىرى بارمۇ؟ ئەگەر ئۇلار (بار دېگەن سۆزىدە) راستچىل بولسا، شېرىكلىرىنى كەلتۈرۈپ باقسۇن.

42ـئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئىش قىيىنلىشىدۇ. ئۇلار سەجدە قىلىشقا چاقىرىلىدۇ، (ئەمما) ئۇلار سەجدە قىلالمايدۇ.

43ـئۇلار (قورققىنىدىن) كۆزلىرى چەكچىيىپ قالىدۇ، ئۇلارنى خارلىق قاپلىۋالىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار (دۇنيادىكى) ساغلام چاغلىرىدا سەجدىگە دەۋەت قىلىنغان (بولسىمۇ سەجدىدىن باش تارتقان) ئىدى.

44ـ(ئى پەيغەمبەر!) بۇ قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلارنى ماڭا قويۇۋەتكىن، بىز ئۇلارنى ئۇلار بىلمەيدىغان يەردىن، ئاستا-ئاستا ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىمىز.

45ـئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن، شەكسىزكى، مېنىڭ تەدبىرىم پۇختىدۇر.

46ـياكى سەن (دىنغا دەۋەت قىلغانلىقىڭغا) ئۇلاردىن ھەق تەلەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ (ئىقتىسادىي) يۈكى ئېغىرلىشىپ قاپتۇمۇ؟

47ـياكى ئۇلاردا غەيب ئىلمى بار بولۇپ، (ئېيتىدىغانلىرىنى شۇنىڭدىن كۆچۈرۈپ) يازامدىكەن؟

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا تولۇق ئىتائەت قىلىپ، دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق بىر ئىشنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ئۆزى كۆرسەتكەن بويىچە قىلىش ئارقىلىق تەقۋادارلىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلگەن كىشىلەر ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە

بولىدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق كۆرىدۇ، جەننەتنىڭ بارچە ئېسىل نېمەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا تەقۋادار مۇئمىنلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ گۇناھكار كاپىرلارنى ئىتائەتمەن مۇئمىنلەرگە ئوخشاش قىلمايدىغانلىقىنى، بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئوتتۇ-رىسىدا ئاسمان-زېمىنچە پەرق بارلىقىنى، تەقۋادار مۇئمىنلەر جەننەتلەردە يايرىسا، گۇناھكار كاپىرلارنىڭ دوزاختا كۆيۈپ ئازابلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. ئاندىن كاپىرلارنىڭ ئەقىلسىزلىقىغا رەددىيە بېرىپ دەيدۇكى، سىلەرگە نېمە بولدى؟ سىلەرنىڭ ئەقىلىڭلارغا نېمە بولدى؟ سىلەر قانداقلارچە بىزنى تەقۋادار مۇئمىنلەر بىلەن ئوخشاش قىلىدۇ دەپ جۆيلۈيسىلەر؟ سىلەر نېمىگە ئاساسەن شۇنداق ھۆكۈم قىلىسىلەر؟ ياكى سىلەرگە نازىل بولغان بىرەر ساماۋى كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدا سىلەر قىيامەت كۈنىدە خالىغىنىڭلارغا ئېرىشىسىلەر دەپ يېزىلغانمۇ؟ ياكى سىلەر قانداق ھۆكۈم چىقارساڭلار شۇ ھۆكۈم ئەمەلگە ئاشىدۇ دەپ، سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا تۈزۈلۈپ تا قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە قىلىنغان بىرەر كېلىشىم، بىرەر توختام بارمىدى؟ ياق! ئارىمىزدا بۇنداق بىر كېلىشىم ياكى توختام يوق، سىلەرگە بىرەر ساماۋى كىتاب نازىل بولغانمۇ ئەمەس، سىلەرگە خالىغانچە ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىمۇ بېرىلگەن ئەمەس.

ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلاردىن سورىغىن، ئەگەر ئۇلارنىڭ شۇنداق كىتابى بولسا ئوتتۇرىغا چىقارسۇن، ئەگەر ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بىرەر كېلىشىم بولغان بولسا ئۇنى ئېلىپ كەلسۇن، ئەگەر ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىگە كېپىللىك قىلىدىغان بىرەر يولباشچىسى بولسا ئۇنىمۇ چاقىرىپ كەلسۇن. شەكسىزكى، ئۇلار بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىپ قوشۇۋېلىشىغا ھېچقانداق دەلىل-ئىسپاتى بولمىغانىدەك، ئۇلارنىڭ دەۋاتقانلىرىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر دەلىل-ئىسپاتى يوقتۇر. ئەگەر ئۇلار چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىدىن بۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرەلەيدىغان بىرەرسى بولسا، ئۇنى كەلتۈرۈپ باقسۇن. بۇمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار چوقۇنۇۋاتقان بۇتلار ئەقىل-ئىدراكسىز ۋە جانسىز نەرسىلەردۇر. ئۇلار بۇ مۇشرىكلارغا بۇ دۇنيادا پايدا يەتكۈزەلمىگەنىدەك ئاخىرەتتىمۇ ھېچبىر پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. مۇشرىكلار چوقۇنۇۋاتقان بۇ ساختا ئىلاھلار قىيامەت كۈنىدىكى قىيىنچىلىق ۋاقتىدا ئۇلارغا ئەسقاتامدۇ؟ ھەرگىز ئەسقاتمايدۇ.

ئى مۇشرىكلار! قىيامەت كۈنىدىكى قىيىن ئۆتكەللەرنى بىلەمسىلەر؟ بۇنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ ئۇ چاغدا سىلەر قىيامەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، بۇ دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق سۆزلىگەنلىكىنى بىلىسىلەر ۋە قاتتىق پۇشايمان قىلىسىلەر. شۇ چاغدا سىلەر ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلىسىلەر، ئەمما سەجدە قىلالمايسىلەر. چۈنكى، سىلەر بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالاغا ئىختىيارىي ھالدا سەجدە قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار دەپ چاقىرىلىپ تۇرۇقلۇق، سىلەر تەكەببۇرلۇق قىلىپ ھەقىقەتنىڭ بۇ ساداسىغا قۇلاق سالمايۋاتىسىلەر، ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلمايۋاتىسىلەر.

ئى مۇشرىكلار! سىلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالىڭلار ھەقىقەتەن يامان بولىدۇ، قورقۇنچتىن كۆزلىرىڭلار چەكچىيىپ قالىدۇ، سىلەرنى خارلىق ۋە زەبۇنلۇق ھەر تەرەپتىن ئورىۋالىدۇ، سىلەر ئۇ چاغدا بېشىڭلارنى كۆتۈرۈپ قاراشقىمۇ پېتىنالماي قالىسىلەر، ئاندىن دوزاخقا ھەيدىلىسىلەر.

ئى پەيغەمبەر! بۇ ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى ماڭا قويۇپ بەرگىن، مەن ئۇلارنىڭ جازاسىنى بېرىمەن. بىز ئۇ كاپىرلارغا پۇل- مال، ئەۋلاد ۋە نېمەتلەرنى كۆپ ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى تۇيدۇرماستىن ئاستا-ئاستا ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىمىز، تەدرىجىي ھالدا ئۇلارنى جازاغا ئېلىپ بارىمىز. شۇڭا بىز ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمىز، ئاندىن ئۇلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنى بىراقلا جازالايمىز.

ئاللاھ تائالانىڭ تەدرىجىي جازالىشى قانداق بولىدۇ؟ بۇ مۇنداق بولىدۇ: ئاللاھ تائالا ئۇ كاپىرلارغا پۇل-مالنى كۆپ بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ۋە جەمەتىنى كۆپ ھەم كۈچلۈك قىلىدۇ، ئۇلارغا تەن ساقلىق، بايلىق، شۆھرەت ۋە مەنسەپ دېگەنلەرنى تولۇق بېرىدۇ، دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن قانغۇچە ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى توغرا تەپەككۇر قىلىشتىن، ئەقلىنى ئىشلىتىشتىن، ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىشتىن مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۇنيانىڭ لەززەتلىرى ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرى ئىچىدە غەرق بولغانلىقتىن، ئەقىل-ھوشىنى يوقىتىپ قويىدۇ، تەپەككۇر قىلىشقا ۋاقتىمۇ چىقمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پۈتۈنلەي غەپلەتتە ئۆمۈر ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىنىلىۋاتقانلىقىنى ھەرگىز بىلمەيدۇ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مۇشۇنداق باياشاتتا ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ، ئاخىرەتتىمۇ شۇنداق باياشاتلىق تۇرمۇشقا

ئىگە بولىدىغانلىقىنى، بۇ دۇنيادا ماددىي جەھەتتە مۇسۇلمانلاردىن ئۈستۈن بولغىنىدەك ئاخىرەتتىمۇ ئۇلاردىن ئۈستۈن بولىدىغانلىقىنى، مۇسۇلمانلار ئېرىشىدىغان نازۇنېمەتلىك جەننەتكە ئۆزلىرىمۇ ئېرىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ. ئۇلار شۇنداق پۇتۇنلەي غەپلەت ۋە خام خىيال ئىچىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزۈۋاتقان پەيتتە، تۇساتتىن ئۇلارغا قاتتىق بالايىئاپەت يۈزلىنىپ ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىنى ھەسرەتكە، راھىتىنى جاپاغا، ساقلىقىنى كېسەللىككە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى پۈتۈنلەي ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ تەدرىجىي جازالىشىدۇر.

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى ۋە ھەرقانداق زالىمنى مۇشۇنداق تەدرىجىيلىك بىلەن جازالاشنى ﴿كَيْدِ﴾ يەنى (تەدبىر) دەپ ئاتىغان. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿وَأُمْلِي لَهُمْ ۚ إِنَّ كَيْدِي مَتِينٌ﴾ يەنى ﴿ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن، شەكسىزكى، مېنىڭ تەدبىرىم پۇختىدۇر﴾ دېگەن سۆزىدىن يۇقىرىقى تەدرىجىي جازالاش ئۇسۇلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاللاھ تائالا كاپىرلارغا، زالىملارغا مۆھلەت بەرگىنى بىلەن ئۇلارنى جازالاشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى جازالاش تەدبىرى ھەقىقەتەن پۇختىدۇر، ھەقىقەتەن مۇكەممەلدۇر.

ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلار نېمە ئۈچۈن سېنىڭ دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن سەندىن يىراقلىشىدۇ؟ ياكى سەن ئۇلارغا دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىڭگە، ئۇلارنى دىنغا دەۋەت قىلغانلىقىڭغا ۋە «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇپ بەرگەنلىكىڭگە ئۇلاردىن ھەق تۆلىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويۇپسەنمۇ؟ سەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمىدىڭ، ئۇلاردىن ھەق تەلەپ قىلمىدىڭ. ئەكسىچە، سەن ئۇلارنى ھىدايەتكە يېتەكلەش ئۈچۈن بارلىقىڭنى ئاتىدىڭ، دەۋىتىڭ بارلىق ئۇنۇملۇك ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى قوللاندىڭ، ئۇلارغا تامامىي مېھرىبانلىقىڭنى كۆرسەتتىڭ، ھەتتا ئۇلارنى ھىدايەت تاپمىدى دەپ غەمكىنلىكتىن ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋەتكىلى تاس قالدىڭ. ياكى بۇ مۇشرىكلار ئۆزلىرىنى مۇئمىنلەردىن ئەۋزەل كۆرۈشتە تايانغان بىرەر ساماۋى كىتابى بارمۇ؟ ياكى ئۇلاردا ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە ياخشى ئاقىۋەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن بىرەر غەيب ئىلمى بارمىكەن؟ ۋەياكى ئۇلار «بىزنىڭ ئورنىمىز ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مۇئمىنلەردىن ئەۋزەلدۇر» دەيدىغان سەپسەتىسىنى ئاشۇ غەيب ئىلمىدىن كۆچۈرۈپ يازامدىكەن؟ ئۇلاردا ئۇمۇ يوق، بۇمۇ يوق، ئۇلاردا غەيب ئىلمىمۇ يوق. ئۇلار پەقەت يالغاننىلا ئېيتىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كاپىر بىلەن مۇئمىننىڭ قىيامەت كۈنىدە تەڭ ئەمەسلىكى شەكسىز ھەقىقەتتۇر. مۇئمىنلەر مۇكاپاتقا ۋە جەننەتكە ئېرىشىدۇ، ئەمما كاپىرلار جازاغا ۋە دوزاخقا تېگىشلىك بولىدۇ.

2. قىيامەت كۈنىدە يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللار ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق بولۇپ، ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن قوراللانغانلار ئۈچۈن بارچە قىيىنچىلىقلار ئوڭايدۇر.

### كۆز تېگىشنىڭ راستلىقى

﴿فَٱصۡبِرۡ لِحُكۡمِ رَبِّكَ وَلَا تَكُن كَصَاحِبِ ٱلۡحُوتِ إِذۡ
نَادَىٰ وَهُوَ مَكۡظُومٞ ﴿٤٨﴾ لَّوۡلَآ أَن تَدَٰرَكَهُۥ نِعۡمَةٞ مِّن رَّبِّهِۦ
لَنُبِذَ بِٱلۡعَرَآءِ وَهُوَ مَذۡمُومٞ ﴿٤٩﴾ فَٱجۡتَبَٰهُ رَبُّهُۥ فَجَعَلَهُۥ
مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٥٠﴾ وَإِن يَكَادُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَيُزۡلِقُونَكَ
بِأَبۡصَٰرِهِمۡ لَمَّا سَمِعُواْ ٱلذِّكۡرَ وَيَقُولُونَ إِنَّهُۥ لَمَجۡنُونٞ ﴿٥١﴾ وَمَا
هُوَ إِلَّا ذِكۡرٞ لِّلۡعَٰلَمِينَ ﴿٥٢﴾﴾

### تەرجىمىسى

48-رەببىڭنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن، سەن كىتنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتكەن كىشىگە (يۇنۇسقا) ئوخشاش (ئالدىراڭغۇ) بولمىغىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (كىتنىڭ قارنىدا تۇرۇپ) غەمكىن ھالدا (رەببىگە) ئىلتىجا قىلغان ئىدى.

49-ئەگەر ئۇنىڭغا رەببى تەرىپىدىن بىر نېمەت يېتىپ كەلمىگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇ ئەيىبلەنگەن ھالدا بىر قاقاس دالاغا تاشلانغان بولاتتى.

50-رەببى ئۇنى تاللاپ سالىھلاردىن قىلدى.

51-كاپىرلار قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا، (يامان) كۆزلىرى بىلەن سېنى يىقىتىۋېتىشكە تاس قالىدۇ. ئۇلار (سېنى): «ئۇ چوقۇم بىر مەجنۇندۇر» دېيىشىدۇ.

52-ئۇ (قۇرئان) جاھان ئەھلى ئۈچۈن پەقەتلا نەسىھەتتۇر.

## تەپسىرى

كاپىرلارنىڭ سەپسەتىلىرى ئىشقا يارىمىغان ۋە دەلىل دەپ كەلتۈرگەن نەرسىلىرى بىتچىت قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوقتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى پەيغەمبەر! سەن رەببىڭ ھۆكۈم قىلغان ۋە تەقدىر قىلغان ئىشقا سەۋر قىلغىن. رەببىڭ ھەقىقەتنى ياлغان دېگۈچىلەرنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى جازالىماي قالمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. سېنىڭ ئىشىڭ سەۋر قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىنى كۈتۈشتۇر. سەن ھەرگىز يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش سەۋرسىزلىك قىلمىغىن، ئۇنىڭدەك ئالدىراڭغۇ بولمىغىن. يۇنۇس ئەلەيھىسسالامۇ ئۆز ۋاقتىدا قەۋمى تەرىپىدىن كۆپ جاپا-مۇشەققەتلەرگە ۋە ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغان. ئەمما ئۇ بۇ كۈلپەتلەرگە ۋە ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلالماي، قەۋمىگە بولغان ئاچچىقىنى باسالماي، يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بىر دېڭىز بويىغا كېلىپ قارشى تەرەپكە ئۆتۈش ئۈچۈن كېمىگە چىقىۋالدۇ. ئەمما ئەپسۇسكى، ئۇ كېمىدىن دېڭىزغا تاشلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى بىر كىت يۇتۇۋالدۇ. (يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى سافقات سۈرىسىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى).

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام كىتنىڭ قارنىدىكى قاراڭغۇلۇقتا تۇرۇپ، ئۆز خاتالىقىنى تونۇيدۇ، ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىدۇ ۋە كەمچىلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام شۇ چاغدا: ﴿لَّآ إِلَـٰهَ إِلَّآ أَنتَ سُبۡحَـٰنَكَ إِنِّي كُنتُ مِنَ ٱلظَّـٰلِمِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى رەببىم!) سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، سەن (بارلىق كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن راستتىنلا ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم﴾[1] دەپ ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىدۇ. ناۋادا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆز پەزلىدىن بىر نېمەت ئاتا قىلىپ، رەھىم-شەپقىتى بىلەن ئۇنى قۇتقۇزمىغان بولسا ئىدى، ئۇ خارلانغان ۋە ئەيىبلەنگەن ھالدا كىت تەرىپىدىن ئادەممۇ يوق، دەل-دەرەخمۇ يوق، بىر قاقاس دالاغا تاشلانغان بولاتتى. ئەمما ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەمىگە ۋە نېمىتىگە ئېرىشىپ كىتنىڭ قارنىدىن ساق-سالامەت چىقتى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى تاللاپ ياخشىلاردىن قىلدى، ئۇنى نىنەۋا شەھىرىگە[2] پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. نەينەۋا ئاھالىسى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتى.

---

[1] ئەنبىيا سۈرىسى:87-ئايەت.

[2] نەينەۋا – ھازىرقى ئىراقنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بىر شەھەرنىڭ نامى.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئەجلى توشقانغا قەدەر بەختلىك ياشاتتى. چۈنكى، ئۇلار ياخشى ئادەملەر ئىدى.

ئى پەيغەمبەر! سەن يۇنۇس ئەلەيھىسسالامدەك سەۋرسىز بولمىغىن، ئالدىراڭغۇ بولمىغىن، بەلكى ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەردەك سەۋر-تاقەتلىك ۋە چىدامىلىق بولغىن. ئاللاھ تائالا ئىرادە قىلغان ئىش چوقۇم ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ. بىلگىنكى، ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان بۇ كاپىرلار ساڭا دۈشمەنلىك قىلىپ ھەرگىز پايدا تاپالمايدۇ، ئۇلار ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان قاتتىق دۈشمەنلىكى ۋە ئۆچلۈكى ﴿كاپىرلار قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا، (يامان) كۆزلىرى بىلەن سېنى يىقىتىۋېتىشكە تاس قالىدۇ﴾ دېگەن ئايەتتە تولۇق تەسۋىرلەنگەن. تەپسىرى بەغەۋىيدە بايان قىلىنىشىچە، كاپىرلار ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يامان كۆز بىلەن يىقىتماقچى بولۇپ، كۆزى يامان ئادەملەردىن بىرقانچىسىنى ئۇنىڭغا يامان كۆز بىلەن قارىغىلى سالغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنى كاپىرلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىغان. كۆزنىڭ تېگىدىغانلىقى راستتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اَلْعَيْنُ حَقٌّ ، وَلَوْ كَانَ شَيْءٌ سَابَقَ الْقَدَرَ سَبَقَتْهُ الْعَيْنُ» يەنى«كۆز تېگىدىغانلىقى ھەقتۇر، تەقدىرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدىغان نەرسە بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە كۆز بولاتتى»[1]. بۇ ھەدىستىن كۆز تېگىشنىڭ راستلىقى ۋە ئۇنىڭ تەقدىرنى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقى چىقىدۇ. دېمەك، ھەممە ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ.

كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆز بىلەنمۇ كۆپ يامانلىقلارنى قىلاتتى. گاھىدا ئۇنى سېھىرگەر دېسە، گاھىدا شائىر دەيتتى، ئۇلارنىڭ مەجنۇن دېگىنىمۇ شۇنداق تۆھمەتلىرىدىن بىرىدۇر. شەكسىزكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەجنۇن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەقىل-ھوشى جايىدا، تەبىئىتى ساغلام، ئۇلۇغلۇقلۇق بىر زاتتۇر. ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم» بولسا پەقەت ئالەملەر ئۈچۈن ئۈگۈت، مۆئمىنلەر ئۈچۈن شان-شەرەپتۇر. مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ كىتاب ۋەھيى قىلىنغان زات قانداقمۇ مەجنۇن بولسۇن؟!

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىگە رازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ياخشىلىق

[1] «سەھىھ مۇسلىم» 2188- ھەدىس.

كۈتۈش مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىدۇر.

2. دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى يەتكۈزۈش يولىدا جاپا-مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىش ئىبادەتلەرنىڭ كاتتىسىدۇر.

3. ھەقىقەتكە قارشى چىققۇچىلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش پەرزدۇر.

# ھاققە سۈرىسى

ھاققە سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 51 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، قىيامەتنىڭ بايانىنى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغان قەۋملەرنىڭ ئىبرەتلىك ئاقىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاندىن مۆئمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالىنى تەسۋىرلىگەن. ئاخىرىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: «قۇرئان كەرىم»نىڭ قىيامەت ھەققىدە بەرگەن خەۋەرلىرىنىڭ، مۆئمىنلەر ئۈچۈن قىلىنغان ۋەدىلەرنىڭ ۋە كاپىرلارغا بىرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ راست ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەتتۇر.

سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتىكى ﴿ٱلۡحَآقَّةُ﴾ «چوقۇم بولىدىغان قىيامەت» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

### ◄ قىيامەت كۈننى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿ٱلۡحَآقَّةُ ١ مَا ٱلۡحَآقَّةُ ٢ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا ٱلۡحَآقَّةُ ٣ كَذَّبَتۡ
ثَمُودُ وَعَادُۢ بِٱلۡقَارِعَةِ ٤ فَأَمَّا ثَمُودُ فَأُهۡلِكُواْ بِٱلطَّاغِيَةِ ٥ وَأَمَّا
عَادٞ فَأُهۡلِكُواْ بِرِيحٖ صَرۡصَرٍ عَاتِيَةٖ ٦ سَخَّرَهَا عَلَيۡهِمۡ سَبۡعَ لَيَالٖ
وَثَمَٰنِيَةَ أَيَّامٍ حُسُومٗاۖ فَتَرَى ٱلۡقَوۡمَ فِيهَا صَرۡعَىٰ كَأَنَّهُمۡ أَعۡجَازُ
نَخۡلٍ خَاوِيَةٖ ٧ فَهَلۡ تَرَىٰ لَهُم مِّنۢ بَاقِيَةٖ ٨ وَجَآءَ فِرۡعَوۡنُ وَمَن
قَبۡلَهُۥ وَٱلۡمُؤۡتَفِكَٰتُ بِٱلۡخَاطِئَةِ ٩ فَعَصَوۡاْ رَسُولَ رَبِّهِمۡ فَأَخَذَهُمۡ
أَخۡذَةٗ رَّابِيَةً ١٠ إِنَّا لَمَّا طَغَا ٱلۡمَآءُ حَمَلۡنَٰكُمۡ فِي ٱلۡجَارِيَةِ ١١

لِنَجْعَلَهَا لَكُمْ تَذْكِرَةً وَتَعِيَهَآ أُذُنٌ وَٰعِيَةٌ ﴿١٢﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ(چوقۇم بولىدىغان) قىيامەت.

2ـقىيامەت دېگەن نېمە؟

3ـسەن قىيامەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟

4ـسەمۇد ۋە ئاد قەۋملىرى قەلبلەرنى تىترەتكۈچى (قىيامەت)نى ئىنكار قىلدى.

5ـسەمۇد بولسا ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك قىلىندى.

6ـئاد بولسا قاتتىق ئاۋازلىق سوغۇق بوران بىلەن ھالاك قىلىندى.

7ـئاللاھ بوراننى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي قويۇۋەتتى، سەن (ئەگەر شۇ يەردە بولساڭ) ئۇلارنىڭ خورما دەرىخىنىڭ پور كۆتەكلىرىدەك ياتقانلىقىنى كۆرەتتىڭ.

8ـ (ھازىر) ئۇلاردىن بىرەر ئادەمنىڭ قالغانلىقىنى كۆرەلەمسەن؟

9ـپىرئەۋن، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىلەر ۋە شەھەرلىرى دۈم كۆمتۈرۈلگەنلەر گۇناھقا چۆمگەن ئىدى.

10ـئۇلار رەببىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنى ناھايىتى قاتتىق جازالىدى.

11ـ12ـ شەكسىزكى، توپان بالاسى يامرىغان چاغدا، بىز سىلەر (نىڭ ئەجدادىڭلار)نى كېمىگە چىقارغان ئىدۇق. بىز ئۇنى سىلەرگە ئىبرەت قىلىش ۋە (ئاڭلىغانلىرىنى) ساقلىيالايدىغان قۇلاقلارنىڭ ئۇنى ساقلىۋېلىشى ئۈچۈن (شۇنداق قىلدۇق).

## تەپسىرى

چوقۇم بولىدىغان ۋە ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىدا قىلچە شەك بولمىغان ئۇ قىيامەت زادى نېمە؟ ئۇ قانداق بولىدۇ؟ ئۇ چاغدا قانداق ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ؟ ئى ئىنسان! سەن قىيامەتنىڭ نېمە ۋە قانداق ئىكەنلىكىنى

بىلەمسەن؟ قىيامەتنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلارنىڭ قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ ئىنكار قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟

قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى بارلىق پەيغەمبەرلەر كەسكىن دەلىل-پاكىتلار بىلەن تەكىتلەپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنى ئىنكار قىلغان قەۋملەر بولغان ۋە ھازىرمۇ مەۋجۇت. قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ھەقىقەت شۇكى، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھ تائالا توغرۇلۇق ۋە قىيامەت توغرۇلۇق بەرگەن خەۋەرلىرىنى ئىنكار قىلىپ، پەيغەمبەرلەرگە قارشى تۇرغان قەۋملەر ھالاك قىلىنىپ كەلدى، پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەر غەلىبە قىلىپ كەلدى. «قۇرئان كەرىم» بىزگە ئۇلارنىڭ قىسسىلىرىنى ھەر خىل ئۇسلۇبلاردا بايان قىلىپ بەرمەكتە.

ئى كاپىرلار! ئى قىيامەتنى بولمايدۇ دەپ جۆيلىگەن ئىنكارچىلار! سىلەر بۇ قىلمىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇڭلار! چۈنكى، سىلەر ئاد، سەمۇد ۋە پىرئەۋن قەۋملىرىدىن كۈچلۈك ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەردەك ئىنكار يولىنى تۇتقانلىقى ئۈچۈن ھالاك قىلىنغان قەۋملەردۇر.

سەمۇد قەۋمىگە كەلسەك، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر-سالىھ ئەلەيھىسسالام قىيامەتنى ئىنكار قىلىشنىڭ، ھەقىقەتكە قارشى چىقىشنىڭ ۋە پەيغەمبەرنى يالغانغا چىقىرىشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. ئەمما ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىدى، ئۇنى ئىنكار قىلىشتى، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىشەنمىدى، ئۇنىڭ دەۋىتىگە قارشى چىقتى، زۇلۇمدا ۋە يوسىزلىقتا ناھايىتى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قىلمىشى سەۋەبلىك قاتتىق ئاۋاز بىلەنلا ھالاك قىلىۋەتكەن ئىدى. (سەمۇد قەۋمى ھەققىدىكى قىسسىنىڭ تەپسىلاتى ھۇد سۈرىسىدە ۋە باشقا سۈرىلەردە بايان قىلىنغان).

ئاد قەۋمىگە كەلسەك، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر-ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايلىق نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماستىن، ئۇنىڭغا قارشى چىققان، ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغان، قىيامەتنىڭ بولۇشىنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى يالغان دېگەن. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قاتتىق بوران بىلەنلا ھالاك قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن قاتتىق ئاۋازلىق سوغۇق بوران يەتتە كېچە، سەككىز كۈن توختىماي داۋاملاشقان بولۇپ، بۇ ئارىدا بوران شۇ يۇرتتىكى ھەممە نەرسىنى ھالاك قىلىپ، يۇرتنى خارابىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن، زىرائەتلەرنى ۋە بارچە يېشىللىقلارنى نابۇت

قىلىپ، ئورنىنى قاقاس دالىدەك قۇپقۇرۇق قىلىۋەتكەن، كاپىرلارنى بولسا خۇددى خورما دەرىخىنىڭ پورلىشىپ كەتكەن كۆتەكلىرىدەك يەرگە ياتقۇزۇۋەتكەن ئىدى. هازىر ئۇلاردىن قېپقالغان بىرەر ئەسەرنى كۆرەلەمسەن؟ ياكى بىرەر ئادەمنىڭ قالغانلىقىنى كۆرەمسەن؟ ياق! هەرگىزمۇ كۆرەلمەيسەن. چۈنكى، ئۇلار شۇنداق هالاك قىلىنغان بولۇپ، يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي يوقالغان ئىدى.

پىرئەۋن قەۋمى، ئۇلاردىن ئىلگىرىكى قەۋملەر ۋە لۇت ئەلەيهىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ ئەنە شۇنداق هەق دىنىنى ئىنكار قىلغان، پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقارغان، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىشەنمىگەن ۋە بۇ ئەقىدىگە قارشى چىققان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئەڭ قاتتىق ۋە دەهشەتلىك ئازابلار بىلەن ئەڭ ئىبرەتلىك جازالىغان ئىدى.

ئى مەككىلىك مۇشرىكلار! هەممىڭلار نۇھ ئەلەيهىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ نەسلىدىن كەلگەن ئىنسانلار بولۇش سۈپىتىڭلار بىلەن نۇھ ئەلەيهىسسالامنىڭ زامانىدا يۈز بەرگەن توپان بالاسىنى ئەسكە ئېلىڭلاركى، شۇ ۋاقىتتا سىلەرنىڭ ئەجدادىڭلارنى توپان بالاسىدا غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى كېمىگە سالغان بىز ئىدۇق. شۇ ۋاقىتتا كاپىرلارنى توپان بالاسىدا غەرق قىلىپ هالاك قىلىۋەتكەنمۇ بىز ئىدۇق. بىز سىلەرنىمۇ شۇنداق بىر ئازاب بىلەن جازالاشقا ئەلۋەتتە قادىرمىز.

ئى نۇھ ئەلەيهىسسالامنىڭ كېمىسىدە غەرق بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قالغانلارنىڭ ئەۋلادى! ياراتقۇچىنى ئىنكار قىلىش ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا هېساب بېرىش ئۈچۈن هۇزۇرىغا تۇپلىنىشنى ئىنكار قىلىش سىلەرگە يارىشامدۇ؟ سىلەر بۇ هەقىقەتنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەر؟

ئۇنتۇماڭلاركى، بىز بۇ ئىشلارنىڭ هەممىسىنى پەقەت سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بولسۇن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى ساقلىيالايدىغان قۇلاقلار ساقلىۋالسۇن، كېيىنكىلەر بۇنىڭدىن ئىبرەت ۋە نەسىهەت ئالسۇن دەپ قىلدۇق. ئى كاپىرلار! ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئېلىڭلار! سىلەرمۇ شۇنداق ئاقىۋەتكە ئۇچراپ قېلىشتىن هەزەر ئەيلەڭلار!

### ◄ مۇهىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلىق دىنىنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر. قىيا-مەتكە شەك كەلتۈرگەن ئادەمنىڭ ئىمانى قوبۇل بولمايدۇ. چۈنكى، ئاللاهقا ئىشىنىش بىلەن قىيامەتكە ئىشىنىش ئىككىسى ئىسلام دىنىنىڭ

يادروسىدۇر.

2. ئاد، سەمۇد ۋە پىرئەۋن قەۋملىرىنىڭ ھالاكىتى ئىنكار سەۋەبلىك بولغان.

3. پەيغەمبەرگە ئىتائەتسىزلىك قىلىشنىڭ جازاسى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەسۋالىقتۇر.

4. توپان بالاسى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن چوڭ بىر ئىبرەتتۇر.

### ◄ ياخشىلار بىلەن يامانلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالى

﴿فَإِذَا نُفِخَ فِي ٱلصُّورِ نَفۡخَةٞ وَٰحِدَةٞ ١٣ وَحُمِلَتِ ٱلۡأَرۡضُ
وَٱلۡجِبَالُ فَدُكَّتَا دَكَّةٗ وَٰحِدَةٗ ١٤ فَيَوۡمَئِذٖ وَقَعَتِ ٱلۡوَاقِعَةُ
١٥ وَٱنشَقَّتِ ٱلسَّمَآءُ فَهِيَ يَوۡمَئِذٖ وَاهِيَةٞ ١٦ وَٱلۡمَلَكُ عَلَىٰٓ
أَرۡجَآئِهَاۚ وَيَحۡمِلُ عَرۡشَ رَبِّكَ فَوۡقَهُمۡ يَوۡمَئِذٖ ثَمَٰنِيَةٞ ١٧ يَوۡمَئِذٖ
تُعۡرَضُونَ لَا تَخۡفَىٰ مِنكُمۡ خَافِيَةٞ ١٨ فَأَمَّا مَنۡ أُوتِيَ كِتَٰبَهُۥ
بِيَمِينِهِۦ فَيَقُولُ هَآؤُمُ ٱقۡرَءُواْ كِتَٰبِيَهۡ ١٩ إِنِّي ظَنَنتُ أَنِّي مُلَٰقٍ
حِسَابِيَهۡ ٢٠ فَهُوَ فِي عِيشَةٖ رَّاضِيَةٖ ٢١ فِي جَنَّةٍ عَالِيَةٖ ٢٢
قُطُوفُهَا دَانِيَةٞ ٢٣ كُلُواْ وَٱشۡرَبُواْ هَنِيٓـَٔۢا بِمَآ أَسۡلَفۡتُمۡ فِي ٱلۡأَيَّامِ
ٱلۡخَالِيَةِ ٢٤ وَأَمَّا مَنۡ أُوتِيَ كِتَٰبَهُۥ بِشِمَالِهِۦ فَيَقُولُ يَٰلَيۡتَنِي
لَمۡ أُوتَ كِتَٰبِيَهۡ ٢٥ وَلَمۡ أَدۡرِ مَا حِسَابِيَهۡ ٢٦ يَٰلَيۡتَهَا كَانَتِ
ٱلۡقَاضِيَةَ ٢٧ مَآ أَغۡنَىٰ عَنِّي مَالِيَهۡۜ ٢٨ هَلَكَ عَنِّي سُلۡطَٰنِيَهۡ
٢٩ خُذُوهُ فَغُلُّوهُ ٣٠ ثُمَّ ٱلۡجَحِيمَ صَلُّوهُ ٣١ ثُمَّ فِي سِلۡسِلَةٖ
ذَرۡعُهَا سَبۡعُونَ ذِرَاعٗا فَٱسۡلُكُوهُ ٣٢ إِنَّهُۥ كَانَ لَا يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ
ٱلۡعَظِيمِ ٣٣ وَلَا يَحُضُّ عَلَىٰ طَعَامِ ٱلۡمِسۡكِينِ ٣٤ فَلَيۡسَ لَهُ
ٱلۡيَوۡمَ هَٰهُنَا حَمِيمٞ ٣٥ وَلَا طَعَامٌ إِلَّا مِنۡ غِسۡلِينٖ ٣٦ لَّا
يَأۡكُلُهُۥٓ إِلَّا ٱلۡخَٰطِـُٔونَ ٣٧﴾

## ◄ تەرجىمىسى

13ـ سۇر بىر قېتىم (يەنى بىرىنچى قېتىم) چېلىنغان چاغدا،

14ـ زېمىن ۋە تاغلار (ئورۇنلىرىدىن) كۆتۈرۈلۈپ بىر-بىرىگە بىرلا ئۇرۇلۇش بىلەن كۇكۇم تالقان بولۇپ كەتكەن چاغدا،

15ـ بۇ كۈندە چوڭ ئىش(يەنى قىيامەت) يۈز بېرىدۇ.

16ـ ئاسمان يېرىلىدۇ، بۇ كۈندە ئاسمان بوشىشىپ كېتىدۇ.

17ـ پەرىشتىلەر ئاسمانىنىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ، بۇ كۈندە رەببىڭنىڭ ئەرشىنى سەككىز پەرىشتە ئۈز ئۈستىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

18ـ بۇ كۈندە سىلەر (ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا) چىقىرىلىسىلەر، سىلەرنىڭ ھېچقانداق بىر سىرىڭلار مەخپىي قالمايدۇ.

19ـ20ـ نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم: «ئېلىڭلار! مېنىڭ نامە-ئەمەلىمنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار، مەن ئۆزۈمدىن ھېساب ئېلىنىدىغانلىقىغا چىن ئىشەنگەن ئىدىم» دەيدۇ.

21ـ23ـ ئۇ (مېۋە ئۈزمەكچى بولغان كىشى قايسى ھالەتتە بولسۇن، ئۇنىڭغا) مېۋىلىرى يېقىن كېلىدىغان، ئالىي جەننەتتىكى باياشات تۇرمۇشتا بولىدۇ.

24ـ(ئۇلارغا) «ئۆتكەنكى كۈنلەردە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، خۇشال-خورام يەڭلار، ئىچىڭلار» (دېيىلىدۇ).

25ـ نامە-ئەمەلى سول قولىغا بېرىلگەن ئادەمگە كەلسەك، ئۇ : «كاشكى، نامە-ئەمەلىم ماڭا بېرىلمىگەن بولسىچۇ!

26ـ ھېسابىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىگەن بولسامچۇ!

27ـ كاشكى، ئۇنىڭ (يەنى ئۆلۈم) بىلەن ھەممە ئىشىم تۈگىگەن بولسىچۇ!

28ـ مېنىڭ مال-مۈلكۈم ماڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى.

29ـ مېنىڭ ھوقۇقۇم قولۇمدىن كەتتى» دەپ كېتىدۇ.

30ـ(ئاللاھ پەرىشتىلەرگە ئەمر قىلىدۇ): «ئۇنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار!

31ـ ئاندىن ئۇنى دوزاخقا تاشلاڭلار.

32ـ ئاندىن ئۇنى ئۇزۇنلۇقى يەتمىش گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلاڭلار.

33-چۈنكى، ئۇ (مەندەك) ئۇلۇغ ئاللاھقا ئىمان ئېيتمىغان ئىدى.

34-مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمىغان ئىدى.

35-بۈگۈن بۇ يەردە ئۇنىڭغا بىرەر يېقىن دوست يوقتۇر.

36-37- ئۇنىڭغا پەقەتلا گۇناھكارلار يەيدىغان يىرىڭ-زەرداپتىن باشقا تاماق يوقتۇر».

### تەپسىرى

بۇ چوقۇم بولىدىغانلىقى ۋەدە قىلىنغان قىيامەتنىڭ تەسۋىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ۋاقىتتا سۇر چېلىشقا مەسئۇل پەرىشتە ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنى سۇر چېلىشقا بۇيرۇيدۇ. پەرىشتە بىرىنچى قېتىم سۇر چالغاندا، كائىناتتىكى مەخلۇقاتتىن ئاللاھ تائالا ھايات قېلىشىنى خالىغاندىن باشقا ھەممىسى ئۆلىدۇ. ئاندىن ئىككىنچى قېتىم سۇر چالغاندا، ئىنسانلار ئورنىدىن تۇرۇپ ھېساب مەيدانىغا قاراپ ماڭىدۇ ۋە ھېساب مەيدانىغا توپلىنىدۇ.

بىرىنچى قېتىم سۇر چېلىنىشى بىلەن قاتتىق سىلكىنىش يۈز بېرىپ، زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى تاغلار تەۋرەپ كېتىدۇ، ئاندىن ئورۇنلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاغلار بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ ئۆۋۈلۈپ كېتىدۇ، زېمىن تۈپتۈز بولۇپ قالىدۇ. ئۇ كۈندە يەر قاتتىق تەۋرىگەنلىكتىن ھەممە نەرسە تۈزلىنىپ تاغلارمۇ بىر دۆۋە قۇمغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مانا بۇ ۋاقىتتا قىيامەت قايىم بولغان بولىدۇ. ئاسمانلارنىڭ ۋە يەر يۈزىنىڭ نىزامى بۇزۇلىدۇ.

﴿بۇ كۈندە رەببىڭنىڭ ئەرشىنى سەككىز پەرىشتە ئۈز ئۈستىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ﴾ بۇ ئاللاھ تائالانىڭ سەلتەنىتىنىڭ كاتتىلىقىنى، پادىشاھلىقىنىڭ تەڭداشسىزلىقىنى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇتلەق ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلىگەن ئايەت بولۇپ، ھەممە ئۇنىڭ ئەمرى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ﴿لِّمَنِ ٱلْمُلْكُ ٱلْيَوْمَ ۖ لِلَّهِ ٱلْوَٰحِدِ ٱلْقَهَّارِ﴾ يەنى ﴿بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟ ئەلۋەتتە قەھرلىك بىر ئاللاھقىلا خاستۇر!﴾ [1]. «قۇرئان كەرىم»دە ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن بۇنىڭغا ئوخشىغان تەسۋىرلەرنى كەلگىنى بويىچە قوبۇل قىلىپ ئىمان كەلتۈرۈشىمىز زۆرۈر.

﴿بۇ كۈندە سىلەر (ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا)

[1] غافىر سۈرىسى:16-ئايەت.

چىقىرىلىسىلەر، سىلەرنىڭ ھېچقانداق بىر سىرىڭلار مەخپىي قالمايدۇ﴾ يەنى ئى ئىنسانلار! سىلەر قىيامەت كۈنىدە، بۇ دۇنيادىكى بارلىق ياخشى-يامان ئىشلىرىڭلاردىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا چىقىرىلغان ۋاقىتىڭلاردا، سىلەر يوشۇرۇپ قالماقچى بولغان ئىشلىرىڭلارمۇ ھەممىسى ئاشكارا بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ھېچبىر ئىشىڭلار مەخپىي قالمايدۇ. كىشىلەرنىڭ قەلب قاتلىرىدىكىنى بىلىپ تۇرىدىغان زات ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى قانداق بىلمىسۇن؟!

پۈتۈن ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ كۆرۈپ ۋە كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىر لەھزىمۇ ئېسىدىن چىقارماي، شۇ ئېتىقاد ۋە شۇ ھوشيارلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەنلەر بىلەن بۇ ھېساب كۈنىنى ئۇنتۇغان ھالدا مەسئۇلىيەتسىز ھايات كەچۈرگەنلەرنىڭ تەقدىرى ۋە ئاقىۋىتى ھەرگىز ئوخشاش بولمايدۇ.

قىيامەت كۈنىنىڭ ھېسابىدىن قورقۇپ، ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىپ، ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھايات كەچۈرگەنلەر قىيامەت كۈنىدە نامە-ئەمەلىنى ئوڭ تەرىپىدىن ئالىدۇ. ئەرەبلەر «ئوڭ» دېگەن سۆزنى ياخشىلىق، بەرىكەت ۋە خۇشاللىق ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. قىيامەت كۈنى نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن كىشى قاتتىق خۇشاللىقتىن يېنىدىكىلەرگە: بۇنى ئېلىڭلار! بۇ مېنىڭ نامە-ئەمەلىمدۇر، ئۇنى ئوقۇپ بېقىڭلار! دەيدۇ. ئۇنى ئوقۇغانلارمۇ خۇشاللىققا چۆمىدۇ. نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن كىشى يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەن دۇنيادىكى ۋاقتىمدا، مۇشۇنداق بىر ھېساب كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا چىن كۆڭلۈمدىن ئىشىنەتتىم. شۇڭا ھاياتىمنى شۇ ئېتىقادقا ۋە شۇ ئىشەنچكە توغرىلىغان، ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، يامان قىلىقلاردىن يىراق تۇرغان ئىدىم. مەن بۇلارنى پەقەت مۇشۇ كۈندە ھېساب بېرىشتىن قورقۇپ شۇنداق قىلغان ئىدىم. ئەمدى مانا بۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈۋاتىمەن. مەن ھازىر قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، مەيلى قايسى ھالەتتە بولايلى مېۋىلىرى قولىمىزغا يېقىن بولىدىغان، مەڭگۈلۈك جەننەتنىڭ ئېسىل سارايلىرىدا ياشاشتىن ئىبارەت ئەڭ بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتىم».

ئەمما نامە-ئەمەلى سول قولىغا بېرىلگەن ئادەم قاتتىق ھەسرەت چېكىدۇ، ئۇ: «كاشكى، مېنىڭ نامە-ئەمەلىم ھېچ بېرىلمىگەن بولسىچۇ!

كاشكى، دۇنيادىكى شۇ بىر ئۆلۈم بىلەنلا ھەممە ئىشىم تۈگىگەن بولسىچۇ! كاشكى، ھېسابىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ھېچ بىلمىگەن بولسامچۇ! كاشكى، ئۆلۈپلا تۈگىشىپ كەتكەن بولسامچۇ!» دەپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ دۇنيادىكى ۋاقتىدا ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشەنمەيتتى، قىيامەت بار، ھېساب بار، دېگەن سۆزلەرگە ئىشەنمەيتتى. ئەرەبلەر «سول» دېگەن سۆزنى شۇملۇققا ۋە بەختسىزلىككە ئىشلىتىدۇ. نامە-ئەمەلى سول قولىغا بېرىلگەن ئادەم يەنە قاتتىق ھەسرەت چېكىپ: قېنى مېنىڭ دۇنيادا تىنىم تاپماي يىغقان پۇل-ماللىرىم؟ قېنى مەن ئىشەنچ قىلغان ھوقۇقۇم؟ قېنى مېنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىم؟ بۇلارنىڭ ھېچبىرى ماڭا ئەسقاتمىدىغۇ! دەپ كېتىدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿هَلَكَ عَنِّي سُلْطَانِيَهْ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿سُلْطَانِيَهْ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، تەپسىرى ئىبنى كەسىردە بۇ سۆزگە «يۈز-ئابرۇي» دەپ مەنە ئېيتىلغان بولۇپ، ئايەت «مېنىڭ دۇنيادا قازانغان يۈز- ئابرۇيۇم مېنى ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قوغداپ قالالمىدى»[1] دەپ تەپسىر قىلىنغان. تەپسىرى بەغەۋىيدە «كۈچ-قۇۋۋەت» دەپ مەنە ئېيتىلغان بولۇپ، ئايەت «كۈچ-قۇۋۋىتىم كېتىپ قالدى، ماڭا ئەسقاتمىدى»[2] دەپ تەپسىر قىلىنغان. تەپسىرى تەبەرىيدە «ھوقۇق» دەپ مەنە ئېيتىلغان بولۇپ، ئايەت «مېنىڭ دۇنيادىكى ھوقۇقۇم مېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمىدى»[3] دەپ تەپسىر قىلىنغان.

ئاندىن ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرگە شۇنداق دەپ ئەمر قىلىدۇ: ئۇنى تۇتۇڭلار! بوينىغا تاقاق سېلىڭلار، ئاندىن ئۇنى ئۇزۇنلۇقى يەتمىش گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن مەھكەم باغلاپ دوزاخقا تاشلاڭلار!

بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئۇ بەختسىز ئادەم دۇنيادىكى ۋاقتىدا، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتمىغان، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن ئىدى. ئۇ ئىماندىن كۇفرىلىقنى ئەۋزەل كۆرەتتى، يوقسۇللارنىڭ، خۇسۇسەن، ياردەمگە ئىنتايىن موھتاج مىسكىنلەرنىڭ ھالىغا يەتمەيتتى، ئۇلارغا تائام بەرمەيتتى، ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنمايتتى، باشقىلارنىمۇ يوقسۇللارغا ياردەم قىلىشقا، تائام بېرىپ ئۇلارنى تويغۇزۇشقا تەرغىب قىلمايتتى. شۇڭا ئۇ ئادەم بىرەر شاپائەتچىگە، بىرەر قۇتقۇزغۇچىغا ئىنتايىن زور ھاجەت بولۇپ قالغان ئاشۇ قىيامەت كۈنىدە، ئۇنىڭغا بىرەر يېقىن دوست ياكى بىرەر ياردەم قىلغۇچى ۋەياكى

---

[1] «تفسير ابن كثير» 8- توم، 215- بەت.

[2] «تفسير البغوي» 8- توم، 312- بەت.

[3] «تفسير الطبري» 23- توم، 587- بەت.

بىرەر شاپائەتچى چىقمايدۇ. ئۇنىڭغا گۇناھكارلار يەيدىغان يىرىڭ-زەردابتىن باشقا تاماق بېرىلمەيدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. دۇنيا ھاياتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يېڭى بىر ئاخىرەت ھاياتىنىڭ باشلىنىدىغانلىقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، بۇ دۇنيادىكى ئۆلۈم تۈگىشىش ئەمەس، بەلكى باشقا بىر ئالەمگە كۆچۈشتۇر.

2. قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىدىن تەپسىلي ھېساب بېرىدۇ.

3. ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىشىنىش ئەقىدىسى ئىنسانلارنىڭ يولىنى توغرىلايدىغان ۋە ئۇلارنى ھەر خىل يامانلىقلاردىن ۋە گۇناھلاردىن ساقلايدىغان مۇھىم ئەقىدىدۇر.

4. بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقى بولۇپ، مول ھوسۇل ئاخىرەتتە ئېلىنىدۇ.

5. ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغىنى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل بولۇپ، مال-دۇنياسى بىلەن مەغرۇرلانغۇچىلارنىڭ ئىشى چاتاقتۇر.

6. زاكات بەرمەسلىك ۋە يوقسۇللارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلماسلىق ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئېغىر گۇناھتۇر.

### ◄ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر

﴿فَلَآ أُقۡسِمُ بِمَا تُبۡصِرُونَ ﴿٣٨﴾ وَمَا لَا تُبۡصِرُونَ ﴿٣٩﴾ إِنَّهُۥ لَقَوۡلُ
رَسُولٖ كَرِيمٖ ﴿٤٠﴾ وَمَا هُوَ بِقَوۡلِ شَاعِرٖۚ قَلِيلٗا مَّا تُؤۡمِنُونَ ﴿٤١﴾ وَلَا
بِقَوۡلِ كَاهِنٖۚ قَلِيلٗا مَّا تَذَكَّرُونَ ﴿٤٢﴾ تَنزِيلٞ مِّن رَّبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٤٣﴾
وَلَوۡ تَقَوَّلَ عَلَيۡنَا بَعۡضَ ٱلۡأَقَاوِيلِ ﴿٤٤﴾ لَأَخَذۡنَا مِنۡهُ بِٱلۡيَمِينِ ﴿٤٥﴾
ثُمَّ لَقَطَعۡنَا مِنۡهُ ٱلۡوَتِينَ ﴿٤٦﴾ فَمَا مِنكُم مِّنۡ أَحَدٍ عَنۡهُ حَٰجِزِينَ
﴿٤٧﴾ وَإِنَّهُۥ لَتَذۡكِرَةٞ لِّلۡمُتَّقِينَ ﴿٤٨﴾ وَإِنَّا لَنَعۡلَمُ أَنَّ مِنكُم مُّكَذِّبِينَ
﴿٤٩﴾ وَإِنَّهُۥ لَحَسۡرَةٌ عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٥٠﴾ وَإِنَّهُۥ لَحَقُّ ٱلۡيَقِينِ ﴿٥١﴾ فَسَبِّحۡ

بِٱسۡمِ رَبِّكَ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٥٢﴾

## تەرجىمىسى

38ـ39ـ مەن سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان نەرسىلەر بىلەن ۋە سىلەر كۆرە-لمەيدىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

40ـ شەكسىزكى، بۇ (قۇرئان) ئەلۋەتتە ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرنىڭ (رەببىدىن يەتكۈزگەن) سۆزىدۇر.

41ـ ئۇ شائىرنىڭ سۆزى ئەمەستۇر، سىلەر (ئۇنىڭغا) ئاز ئىشىنىپ كەتمەيسىلەر.

42ـ كاھىننىڭ سۆزىمۇ ئەمەس، سىلەر ئۇنىڭدىن بەك ئاز نەسىھەت ئالىسىلەر.

43ـ (ئۇ) ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

44ـ45ـ ئەگەر ئۇ (مۇھەممەد) بىزنىڭ نامىمىزدىن ئازغىنا سۆزنى يالغاندىن توقۇغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى شىددەت بىلەن جازالايتتۇق،

46ـ ئاندىن ئۇنىڭ جان تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق.

47ـ سىلەردىن ھېچكىم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى.

48ـ شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ (قۇرئان) تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر.
49ـ شەكسىزكى، بىز سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (ئۇنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ بارلىقىنى ئوبدان بىلىمىز.

50ـ شەكسىزكى، بۇ (قۇرئاننى ئىنكار قىلىش) كاپىرلار ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە نادامەتتۇر.

51ـ مۇقەررەركى، قۇرئان شەكسىز ھەقىقەتتۇر.

52ـ شۇنىڭ ئۈچۈن، سەن (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلۇغ رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆزى نازىل قىلغانلىقىنى ئىنسانلار كۆرەلەيدىغان ۋە كۆرەلمەيدىغان بارچە مەۋجۇدات بىلەن قەسەم

قىلىپ تەكىتلىگەن. «قۇرئان كەرىم»دە ﴿إِنَّهُۥ لَقَوۡلُ رَسُولٖ كَرِيمٖ﴾ دېگەن ئايەت ئىككى ئورۇندا كەلگەن بولۇپ، بىرى، بۇ سۈرىدە، يەنە بىرى، تەكۋىر سۈرىسىدە. مۇپەسسىرلەر بۇ سۈرىدە كەلگەن ئايەتتىكى ﴿رَسُولٖ كَرِيمٖ﴾نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى، تەكۋىر سۈرىسىدىكى ئايەتنىڭ جىبرىل ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. تەكۋىر سۈرىسىدە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ﴿ذِي قُوَّةٍ عِندَ ذِي ٱلۡعَرۡشِ مَكِينٖ﴾ يەنى ﴿(ئۇ ئەلچى) كۈچلۈكتۇر، ئەرشنىڭ ئىگىسى (بولغان ئاللاھ)نىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىلىكتۇر﴾ [1] دېگەن ئايەت بۇنى تەقەززا قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» مۇشرىكلار تۆھمەت قىلغاندەك شائىرلارنىڭ سۆزى ئەمەس، كاھىنلارنىڭ[2] سۆزىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ بارچە ئالەملەرنىڭ يېگانە رەببى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر.

ھەقىقەت شۇنداق ئوچۇق-ئاشكارا تۇرسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىن بۇ ھەقىقەتكە ئىشەنمىدىغان كىشىلەر ئىنتايىن ئاز. ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بىلەن شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ۋە كاھىنلارنىڭ يالغان سۆزلىرىنىڭ پەرقى ئۈستىدە ئويلاپ كۆرىدىغان كىشىلەر ئىنتايىن ئاز. ئى ئەرەبلەر! سىلەر ئەدەبىياتتا ۋە شېئىرىيەتتە داڭق چىقارغان بىر خەلقسىلەر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سىلەرگە ئوقۇپ بېرىۋاتقانلىرى شائىرنىڭ سۆزىگە ئوخشامدۇ؟ شەكسىزكى، ئۇ ھەرگىزمۇ شائىرنىڭ سۆزىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولۇپ، ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنى، دىنىي قانۇن-پرىنسىپلارنى ۋە ئىبرەتلىك قىسسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلاھىي كىتابتۇر. سىلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن «قۇرئان كەرىم»گە قىلىۋاتقان بۇ ئورۇنسىز ھەم دەلىلسىز تۆھمەتلىرىڭلارنىڭ ھېچبىر قىممىتى يوقتۇر.

ئى ئەرەبلەر! سىلەر يەنە «قۇرئان كەرىم»نى قانداقمۇ كاھىننىڭ سۆزى دەيسىلەر؟ سىلەر ئوبدان بىلىسىلەركى، كاھىنلار ئەخلاق-پەزىلەتتىن، ئىلىم-ھېكمەتتىن يىراق بولغان، كىشىلەرنى ئالداش ئارقىلىق مال-دۇنيا توپلاشنى كۆزلەيدىغان رەزىل مەخلۇقلاردۇر. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى پەقەت

[1] تەكۋىر سۈرىسى:20- ئايەت.

[2] كاھىن-ئىنسانلار بىلمەيدىغان ئىشلارنى بىلىمەن دەيدىغان پالچىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا كاھىنلىق زور دەرىجىدە راۋاج تاپقان بولۇپ، كىشىلەر يۈتۈپ كەتكەن نەرسىلىرىنىڭ جايىنى سوراش ۋە كېلەچەكتە بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن كاھىنلارنىڭ ئالدىغا باراتتى. كاھىنلار يالغان سۆزلەر بىلەن كىشىلەرنى ئالداپ جان باقاتتى.

يالغاندىنلا ئىبارەتتۇر. ئۇلار ھەمىشە يالغاننى دەسمايە قىلىپ كىشىلەرنى ئالدايدۇ. ھالبۇكى، «قۇرئان كەرىم» ھەقىقەتنىڭ ئۆزى ۋە راستچىللىقنىڭ نەمۇنىسىدۇر. «قۇرئان كەرىم» شېئىر ئەمەس، كاھىننىڭ سۆزىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابتۇر. راستچىللىقتا ۋە گۈزەل ئەخلاقتا ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك قايىل بولغان شۇ ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر – مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان بۇ ئۇلۇغ قۇرئاننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدىن باشقا بىرىنىڭ سۆزى بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ئى كاپىرلار! سىلەر قانداقمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئاننى ئۆزى توقۇپ چىقىپ، ئاندىن ئۇنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىۋالدى» دەپ تۆھمەت قىلىسىلەر؟ سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ «راستچىل مۇھەممەد» دېگەن ئىسىمى ئۇنۋانغا سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بىرەر قېتىممۇ يالغان سۆزلەپ باقمىغانلىقىنى ھەممىدىن ياخشى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالادىن كەلگەن قۇرئاننى قانداقمۇ ئۇنىڭ سۆزى دەيسىلەر؟ ئەگەر ئۇ سىلەر ئويلىغاندەك قىلغان بولسا ئىدى، بىز ئەلۋەتتە ئۇنىڭ جان تومۇرىنى كېسىپ تاشلىغان ۋە ئۇنى ئەڭ قاتتىق جازالار بىلەن جازالىغان بولاتتۇق. ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھېچكىم ياردەم قىلالمايتتى، ئۇنى بىزنىڭ جازالىشىمىزدىن ھېچكىم قوغداپ قالالمايتتى.

شەكسىز ھەقىقەت شۇكى، «قۇرئان كەرىم» رەببىدىن قورقىدىغان، روھى ساپ، نەپسى پاك، تەپەككۇرى ئۆتكۈر، ئەقلى ساغلام كىشىلەر ئۈچۈن ئۆگۈت ۋە ۋەز-نەسىھەتتۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلارمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ بۇ ئىنكارى قىيامەت كۈنى ئۇلارغا ھەسرەت-نادامەت ۋە قاتتىق پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ كاپىرلار «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەر بۇ دۇنيادا ئېرىشكەن ھۆزۈر-ھالاۋەتلىك، سەۋر-قانائەتلىك ۋە بەختلىك ھاياتقا ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ھەسرەت چەكسە، ئاخىرەتتە مۇئمىنلەر ئېرىشكەن مۇكاپاتلارغا ئېرىشەلمىگەنلىكى ۋە ئۇلار كىرگەن جەننەتكە كىرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىدۇ، پەرياد قىلىدۇ، پۇشايماندىن قوللىرىنى چىشلەيدۇ. ئەمما ئۇ كۈندە ئۇلارنىڭ چەككەن ھەسرەت ۋە نادامىتى ئۇلارغا قىلچە پايدا بەرمەيدۇ.

«قۇرئان كەرىم» ھەقىقەتتۇر ۋە ھەقىقەتنىڭ مەنبەسىدۇر، بۇنىڭدا قىلچە شەك يوقتۇر. بۇنداق مۇكەممەل ھىدايەت مەنبەسىنى نازىل قىلىش

ئارقىلىق بەندىلىرىنى ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەت يولىغا يېتەكلىگەن ئۇلۇغ ئاللاھ تائالانىڭ جىمى كەمچىلىكلەردىن ۋە نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىگە چىن دىلىدىن ئېتىقاد قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تىلى بىلەن ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىش ھەربىر مۇئمىن ئۈچۈن زۆرۈردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «كَلِمَتَانِ حَبِيبَتَانِ إِلَى الرَّحْمَنِ ، خَفِيفَتَانِ عَلَى اللِّسَانِ ، ثَقِيلَتَانِ فِي المِيزَانِ: سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ ، سُبْحَانَ اللهِ العَظِيمِ» يەنى «رەھمان ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىق، تىلغا ئەڭ يېنىك، ياخشىلىق تارازىسىدا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ئىككى سۆز بار. ئۇ بولسىمۇ، 'ئاللاھنى مەدھىيەلەپ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىمەن، ئۇلۇغ ئاللاھ بارچە كەمچىلىكلەردىن پاكتۇر' دېگەن سۆزدۇر»[1].

ئىمام ئەھمەد ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: ﴿فَسَبِّحۡ بِٱسۡمِ رَبِّكَ ٱلۡعَظِيمِ﴾ يەنى ﴿شۇنىڭ ئۈچۈن، سەن (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلۇغ رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «بۇنى (يەنى «سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمِ » دېگەن تەسبىھنى) رۇكۇلىرىڭلاردا ئوقۇڭلار» دېگەن. ئاندىن ﴿سَبِّحِ ٱسۡمَ رَبِّكَ ٱلۡأَعۡلَى﴾[2] دېگەن سۈرە نازىل بولغاندا، «ئۇنى سەجدىلىرىڭلاردا ئوقۇڭلار» دېگەن. يەنى بۇ ئىككى سۈرىنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا رۇكۇدا «سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمِ» يەنى «ئۇلۇغ رەببىم ئاللاھ پاكتۇر» دېيىشنى، سەجدىدە «سُبْحَانَ رَبِّيَ الأَعْلَى» يەنى «ئەڭ ئالىي مەرتىۋىلىك رەببىم ئاللاھ پاكتۇر» دېيىشنى ئۆگەتكەن[3].

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيىنى ئىسلام ئۇممىتىگە ئۆز پېتى يەتكۈزگەنلىكى ۋە ۋەھيىنى يەتكۈزۈشتە ئۆز خاھىشىدىن بىر نەرسە قوشمىغانلىقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر» دەپ سۈپەتلىگەنلىكى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى

[1] «صحيح البخاري» 9- توم، 162- بەت 7563- ھەدىس.
[2] ئەئلا سۈرىسى: 1- ئايەت.
[3] «مسند الإمام أحمد» 28-توم، 630 - بەت، 17414-ھەدىس.

مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

3. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىنى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ ئېتىراپ قىلغان بولۇپ، كىشىلەرگە يالغان ئېيتمىغان بىر ئادەمنىڭ ئاللاھ تائالاغا يالغان ئېيتىشى مۇمكىن ئەمەس.

4. ئاللاھ تائالا بارچە نۇقسانلاردىن پاكتۇر، دەپ تەسبىھ ئېيتىش ئىبادەتتۇر.

# مەئارىج سۈرىسى

مەئارىج سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 44 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە مۇشرىكلارنى كېلىۋاتقان ئازابتىن ئاگاھلاندۇرغان، قىيامەتنىڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن، ئاندىن ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئىللەتلەرنى داۋالاشنىڭ چارىلىرىنى بايان قىلغان. بۇ سۈرە قىيامەتنى ئەسلىتىش بىلەن تاماملانغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: كاپىرلارغا چۈشىدىغان ئازابنىڭ ۋە راستچىل مۇئمىنلەرگە ۋەدە قىلىنغان نېمەتلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى 3-ئايەتتىكى ﴿ٱلۡمَعَارِجِ﴾ «مەئارىج» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان. بۇ سۆز «مىئراج» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، «ئۆرلەش يوللىرى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ◄ مۇشرىكلارنى ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿سَأَلَ سَآئِلُۢ بِعَذَابٖ وَاقِعٖ ١ لِّلۡكَٰفِرِينَ لَيۡسَ لَهُۥ دَافِعٞ ٢ مِّنَ
ٱللَّهِ ذِي ٱلۡمَعَارِجِ ٣ تَعۡرُجُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ وَٱلرُّوحُ إِلَيۡهِ فِي يَوۡمٖ كَانَ
مِقۡدَارُهُۥ خَمۡسِينَ أَلۡفَ سَنَةٖ ٤ فَٱصۡبِرۡ صَبۡرٗا جَمِيلًا ٥ إِنَّهُمۡ
يَرَوۡنَهُۥ بَعِيدٗا ٦ وَنَرَىٰهُ قَرِيبٗا ٧ يَوۡمَ تَكُونُ ٱلسَّمَآءُ كَٱلۡمُهۡلِ
٨ وَتَكُونُ ٱلۡجِبَالُ كَٱلۡعِهۡنِ ٩ وَلَا يَسۡـَٔلُ حَمِيمٌ حَمِيمٗا ١٠
يُبَصَّرُونَهُمۡۚ يَوَدُّ ٱلۡمُجۡرِمُ لَوۡ يَفۡتَدِي مِنۡ عَذَابِ يَوۡمِئِذِۭ بِبَنِيهِ ١١
وَصَٰحِبَتِهِۦ وَأَخِيهِ ١٢ وَفَصِيلَتِهِ ٱلَّتِي تُـٔۡوِيهِ ١٣ وَمَن فِي ٱلۡأَرۡضِ

جَمِيعًا ثُمَّ يُنجِيهِ ﴿١٤﴾ كَلَّآ إِنَّهَا لَظَىٰ ﴿١٥﴾ نَزَّاعَةً لِّلشَّوَىٰ ﴿١٦﴾ تَدْعُواْ
مَنْ أَدْبَرَ وَتَوَلَّىٰ ﴿١٧﴾ وَجَمَعَ فَأَوْعَىٰ ﴿١٨﴾

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-3- (كاپىرلاردىن) بىرەيلەن ئۆزلەش يوللىرىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تەرىپىدىن كاپىرلارغا چوقۇم چۈشىدىغان، ھېچكىم توسۇپ قالالمايدىغان بىر ئازابنى تەلەپ قىلدى.

4- پەرىشتىلەر ۋە روھ (جىبرىل) ئۇزۇنلۇقى ئەللىك مىڭ يىل كېلىدىغان بىر كۈندە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئۆرلەيدۇ.

5- (ئى پەيغەمبەر!) سەن چىرايلىقچە سەۋر قىلغىن.

6- كاپىرلار ئۇ ئازابنى يىراق (يەنى كەلمەيدۇ) دەپ قارايدۇ.

7- بىز بولساق ئۇنى يېقىن دەپ قارايمىز.

8- ئۇ كۈندە ئاسمان ئېرىتىلگەن مىستەك بولۇپ قالىدۇ.

9- تاغلار (ئېتىلغان) رەڭلىك يۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ.

10-14- ئۇلار بىر-بىرىگە كۆرسىتىلىدۇ، (ئەمما ئۇ كۈننىڭ دەھشىتىدىن) دوست دوستىدىن (ھال-ئەھۋال) سورىمايدۇ. گۇناھكار ئادەم ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئوغۇللىرىنى، ئايالىنى، قېرىندىشىنى ۋە ئۆزى مەنسۇپ بولغان قەۋم-قېرىنداشلىرىنى ۋە يەر يۈزىدىكى ھەممە ئادەمنى تۆلەپ بېرىپ بولسىمۇ، بۇ كۈندىكى ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

15- بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ (دوزاخ) ئەلۋەتتە يالقۇنجاپ كۆيىدىغان ئوتتۇر.

16- (ئۇنىڭ ھارارىتى) باشنىڭ تېرىسىنى شىلىدۇ.

17-18- ئۇ (ئوت ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتقان، (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەن ۋە پۇل-مال يىغىپ (ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرمەي) ساقلىغان كىشىلەرنى چاقىرىدۇ.

### تەپسىرى

كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇزلىرىگە ئوقۇپ بەرگەن ئايەتلەرنى،

خۇسۇسەن، ئۇلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغان ئايەتلەرنى مەسخىرە قىلاتتى. چۈنكى، ئۇلار ئاخىرەتكە ئىشەنمەيتتى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىنى كۇفرىلىقى سەۋەبلىك جازالىشىنىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق سانايتتى. شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىنى كۆزگە ئىلماي ﴿ٱللَّهُمَّ إِن كَانَ هَـٰذَا هُوَ ٱلْحَقَّ مِنْ عِندِكَ فَأَمْطِرْ عَلَيْنَا حِجَارَةً مِّنَ ٱلسَّمَآءِ أَوِ ٱئْتِنَا بِعَذَابٍ أَلِيمٍ﴾ يەنى ﴿ئى ئاللاھ! ئەگەر بۇ (قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەق (كىتاب) بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن ياكى بىزنى قىينىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىغىن!﴾[1] دېگەن ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىلا ئازابنى تەلەپ قىلغان مەزكۇر كاپىرلارغا رەددىيە بېرىپ: ﴿(كاپىرلاردىن) بىرەيلەن ئۆرلەش يوللىرىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تەرىپىدىن كاپىرلارغا چوقۇم چۈشىدىغان، ھېچكىم توسۇپ قالالمايدىغان بىر ئازابنى تەلەپ قىلدى﴾ دېگەن. بەزى رىۋايەتلەردە سۈرىنىڭ بېشىدىكى بۇ ئايەتنىڭ نەزر ئىبنى ھارىس ھەققىدە نازىل بولغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن[2]. چۈنكى، نەزر ئىبنى ھارىسنىڭ شۇنداق ئازاب تىلىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ئازاب تىلىگەنلىكىگە جاۋاب بېرىپ، مەزكۇر ئازابنىڭ ئۇلارغا چوقۇم چۈشىدىغانلىقىنى ۋە ئۇ ئازابنىڭ چۈشۈشىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى جاكارلىغان. شۇنداقلا مەزكۇر ئازابنىڭ پەرىشتىلەر ئۆرلەيدىغان ئۆرلەش يوللىرىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كېلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

﴿تَعْرُجُ ٱلْمَلَـٰٓئِكَةُ وَٱلرُّوحُ إِلَيْهِ فِى يَوْمٍ كَانَ مِقْدَارُهُۥ خَمْسِينَ أَلْفَ سَنَةٍ﴾ يەنى ﴿پەرىشتىلەر ۋە روھ (جىبرىل) ئۇزۇنلىقى ئەللىك مىڭ يىل كېلىدىغان بىر كۈندە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئۆرلەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتتىكى «ئەللىك مىڭ يىل» توغرۇلۇق مۇپەسسىرلەر ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىلەر: «پەرىشتىلەر ئۆزىدىن باشقىلار ئەللىك مىڭ يىلدا بېسىپ بولىدىغان بۇ ئۇزۇن مۇساپىنى قىيامەت كۈنىدە بىر كۈندىلا بېسىپ زېمىننىڭ ئەڭ ئاستىدىن يەتتە ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرىسىغا قەدەر ئۆرلەپ ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا چىقىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان[3]. يەنە بەزىلەر: «پەرىشتىلەر ئۇزۇنلىقى دۇنيانىڭ يىللىرىدىن ئەللىك مىڭ يىلغا تەڭ

[1] ئەنفال سۈرىسى: 32ـ ئايەت.
[2] «تفسير المنير للزحيلي» 29ـتوم، 113ـبەت.
[3] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 5ـ توم، 430ـ بەت.

كېلىدىغان قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا ئۆرلەيدۇ»[1] دەپ تەپسىر قىلغان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر: «ئايەتتىكى ‹ئەللىك مىڭ يىل› دېگەن قىيامەت كۈنى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى كاپىرلارغا ئەللىك مىڭ يىلدەك ئۇزۇن قىلىدۇ»[2] دېگەن. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ساھابىلەردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا «ئۇزۇنلۇقى ئەللىك مىڭ يىل كېلىدىغان كۈن نېمىدېگەن ئۇزۇن كۈن!» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ ، إِنَّهُ لَيُخَفَّفُ عَلَى الْمُؤْمِنِ ، حَتَّى يَكُونَ أَخَفَّ عَلَيْهِ مِنْ صَلَاةٍ مَكْتُوبَةٍ يُصَلِّيهَا فِي الدُّنْيَا» يەنى «جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ كۈن مۇئمىن بەندە ئۈچۈن يېنىك بولىدۇ، ھەتتا دۇنيادا بىرەر پەرز نامازنى ئادا قىلغان ۋاقىتتىنمۇ يېنىك بولىدۇ»[3].

ئەمدى بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىدۇ: ئايەتتە كاپىر ئادەمنىڭ ئازابىنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلغانلىقى بىلەن پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا ئۆرلىشىنى بىر يەردە كەلتۈرۈشنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: بۇ يەردە ئەللىك مىڭ يىلنى تىلغا ئېلىشتىن مەقسەت شۇكى، كاپىرلارنىڭ نەزىرىدە دۇنيا ھاياتى شۇنداق ئۇزۇن كۆرۈنگەن بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئۇنداق ئۇزۇن ئەمەس. چۈنكى، بىر كۈننىڭ ئىچىدە پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا ئۆرلەپ چىقىپ، ئۇنىڭدىن ئەمر-پەرمانلارنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولىدۇ، ئاللاھ تائالا يەنە شۇ بىر كۈننىڭ ئىچىدە پۈتۈن ئىنسانلاردىن ھېساب ئېلىپ بولىدۇ. يەنى كاپىرلار دۇنيا ھاياتىنى ئۇزۇن ساناپ، ئۆزلىرىگە كېلىدىغان ئازابنى يىراق سانىغان بىلەن، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە دۇنيا ھاياتى ئىنتايىن قىسقىدۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، كاپىرلار نېمە ئۈچۈن ئازابنىڭ تېز كېلىشىگە ئالدىرايدۇ؟

﴿وَإِنَّ يَوْمًا عِنْدَ رَبِّكَ كَأَلْفِ سَنَةٍ مِمَّا تَعُدُّونَ﴾ يەنى ﴿ھەقىقەتەن رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن سىلەر سانايدىغان مىڭ يىلچىلىكتۇر﴾[4] دېگەن ئايەتتە قىيامەتنىڭ بىر كۈننىڭ دۇنيانىڭ مىڭ يىلىغا تەڭ

[1] «تفسير البغوي» 8- توم، 221- بەت.
[2] «تفسير الطبري» 23- توم، 603- بەت.
[3] «مسند الإمام أحمد» 18- توم، 246- بەت، 11717- ھەدىس.
[4] ھەج سۈرىسى47- ئايەت.

ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ يۇقىرىقى ئايەتتىكى ئەللىك مىڭ يىل دېگەن سانغا زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى، «مىڭ» ۋە «ئەللىك مىڭ» دېگەن سانلاردىن مىقدار مەقسەت قىلىنماستىن، پەقەت كۆپلۈك مەقسەت قىلىنغان. دېمەك، بۇ سانلاردىن مەقسەت قىيامەت كۈنىنىڭ ئۇزۇن بىر كۈن بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشتۇر. ئەللامە تەبەريي ئۆز تەپسىرىدە ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «ئاللاھ بىر كۈننىڭ ئىچىدە بەندىلىرىدىن ھېساب ئېلىش ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولىدۇ. ئاشۇ بىر كۈن كاپىرلار ئۈچۈن ئەللىك مىڭ يىلدەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ» دېگەنلىكىنى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ «ئاللاھ قىيامەت كۈنىنى كاپىرلار ئۈچۈن ئەللىك مىڭ يىلدەك قىلىدۇ» دېگەنلىكىنى قەيت قىلغان[1].

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى پەيغەمبەر! سەن چىرايلىقچە سەۋر قىلىپ تۇرغىن ۋە رەببىڭنىڭ ئەمرىنى كۈتكىن. چۈنكى، رەببىڭ كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازاب چوقۇم چۈشىدۇ، ئۇنى ھېچكىم توسالمايدۇ. كاپىرلار ئۆزلىرىگە ۋەدە قىلىنغان بۇ ئازابنى ئېھتىمالدىن يىراق سانايدۇ. ئەمما بىز ئۇنى يېقىن ۋە شەكسىز ئەمەلگە ئاشىدۇ، دەپ قارايمىز.

قىيامەت قايىم بولغان كۈندە ئاسمان ئوتتا ئېرىتىلگەن مىستەك بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، ئاسماننىڭ رەڭگى ۋە ھالىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. تاغلار ئېتىلغان رەڭلىك يۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. ﴿يَوۡمَ يَكُونُ ٱلنَّاسُ كَٱلۡفَرَاشِ ٱلۡمَبۡثُوثِ ۝٤ وَتَكُونُ ٱلۡجِبَالُ كَٱلۡعِهۡنِ ٱلۡمَنفُوشِ﴾ يەنى ﴿شۇ كۈندە ئىنسانلار تارقىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك بولۇپ قالىدۇ، تاغلار ئېتىلغان رەڭگارەڭ يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ﴾ [2]. ئاسمان ۋە زېمىننىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، ئۇلار خۇددى ئاللاھ تائالا تەسۋىرلىگەندەك ھەركىم ئۆز ئەھۋالى بىلەن بولۇپ كېتىدۇ، دوست دوستىنى، قېرىنداش قېرىندىشىنى، تۇغقان تۇغقىنىنى سورىمايدۇ، ئۇلار بىر-بىرىنى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق ئەھۋال سوراشمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كۈندە ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە يەتكۈچىلىك دەردى بولىدۇ. ﴿فَإِذَا جَآءَتِ ٱلصَّآخَّةُ ۝٣٣ يَوۡمَ يَفِرُّ ٱلۡمَرۡءُ مِنۡ أَخِيهِ ۝٣٤ وَأُمِّهِۦ وَأَبِيهِ ۝٣٥ وَصَٰحِبَتِهِۦ وَبَنِيهِ ۝٣٦ لِكُلِّ ٱمۡرِيٍٕ مِّنۡهُمۡ يَوۡمَئِذٖ شَأۡنٞ يُغۡنِيهِ﴾ يەنى ﴿(قۇلاقلارنى گاس قىلىۋېتىدىغان) قاتتىق ئاۋاز كەلگەن چاغدا[3]، (يۇز

[1] «تفسير الطبري» 23-توم، 602-بەت.
[2] قارىئە سۈرىسى:4-5-ئايەتلەر.
[3] بۇ يەردىكى قاتتىق ئاۋازدىن قىيامەت كۈنى ئىنسانلار تىرىلىش ئالدىدا ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چالغان ئاۋازى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بىرىدىغان قىيامەت) كۈنىدە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، ئايالىدىن ۋە بالىلىرىدىنمۇ قاچىدۇ. ئۇ كۈندە ھەرقانداق ئادەم ئۆز غېمى بىلەن بولۇپ كېتىدۇ (باشقىلارغا قارىغۇدەك ھالى قالمايدۇ)﴾[1].

قىيامەت كۈنىدە ھەممە ئادەم ئۆز غېمى ۋە ئۆز دەردى بىلەن بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ كۈندە كاپىر ئادەم شۇ كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىنىمۇ پىدا قىلغۇسى كېلىدۇ، ئۆزىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىنى بولسىمۇ تۇتۇپ بېرىپ ئۆزى ئازابتىن قۇتۇلۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ بالىلىرىنى، ئاتا-ئانىسىنى، جورىسىنى ئۆزىنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش بەدىلىگە تۇتۇپ بەرگۈسى كېلىدۇ، ئەگەر قولىدىن كەلسە، يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى ۋە ھەممە ئادەمنى فىديە (بەدەل) قىلىپ بېرىۋەتكۈسى كېلىدۇ. ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوْ أَنَّ لَهُم مَّا فِى ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا وَمِثْلَهُۥ مَعَهُۥ لِيَفْتَدُواْ بِهِۦ مِنْ عَذَابِ يَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ مَا تُقُبِّلَ مِنْهُمْ ۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ يەنى ﴿كاپىر بولغانلار يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەرگە، يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كېلىدىغان نەرسىلەرگە ئىگە بولغان ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى فىديە قىلىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلاردىن (بۇ فىديە) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار﴾[2].

گويا ئاللاھ تائالا قىيامەتنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلارنىڭ ناۋادا قىيامەت راست بولۇپ قېلىپ، بىز ئاشۇ قىيىن كۈنگە يولۇقساق، خۇددى بۇ دۇنيادا پۇل-مالنىڭ كۈچى بىلەن ھەرقانداق چوڭ جازالاردىن قۇتۇلۇپ قالغىنىمىزدەك، ئاخىرەتتىمۇ باشقىلارنى ئورنىمىزغا تۇتۇپ بېرىپ ئۆزىمىز قۇتۇلۇپ قالىمىز، دەيدىغان گۇمانىغا ۋە ئەمەلگە ئاشمايدىغان خام خىيالىغا رەددىيە بېرىپ ﴿ئىش ھەرگىز ئۇلار ئارزۇ قىلغاندەك بولمايدۇ﴾ دەيدۇ. يەنى كاپىرلارنىڭ خام خىيالى ئەمەلگە ئاشمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئوتقا تاشلىنىدىغانلىقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر. جەھەننەم ئۇلار ئۈچۈن تەييارلانغان بولۇپ، ئۇلار يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ جەھەننەم ئوتىدىن قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئوت ئۇلارنىڭ پۇت-قوللىرىنىڭ ۋە باشلىرىنىڭ تېرىلىرىنى كۆيدۈرۈپ شىلىۋېتىدۇ. بۇ ئوت ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈپ، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشتىن ۋە ئۇنىڭغا

[1] ئەبەسە سۈرىسى:33-37-ئايەتلەر.
[2] مائىدە سۈرىسى:36- ئايەت.

ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، باتىل ۋە خاتا يوللارغا بۇرۇلۇپ كەتكەنلەرنى چاقىرىدىغان ئوتتۇر. ئۇ يەنە دۇنيادا تىنماي مال-دۇنيا يىغىپ، ئۇنىڭ زاكات ۋە سەدىقىدىن ئىبارەت ھەققىنى ئادا قىلماي بېسىپ ياتقانلارنى چاقىرىدىغان ئوتتۇر. ئېنىقكى، پۇل-مال توپلاش سۆكۈلىدىغان ياكى يامان كۆرۈلىدىغان بىر ئىش ئەمەس. ئەمما ھارام يوللار بىلەن پۇل-مال يىغىش ياكى ھالال يول بىلەن يىغقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرمەسلىك سۆكۈلىدىغان ئىشتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ئاللاھ تائالادىن ئۆزگە ئازاب تىلەش چەكلىنىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا ھېچكىم تاقەت قىلالمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالادىن رەھمەت ۋە سالامەتلىك تىلەش لازىم.

**2.** ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرۇش، گۇناھ-مەئسىيەتتىن ساقلىنىش ۋە قىيىن-چىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ سەۋر قىلىش ئىبادەتتۇر.

**3.** قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋال ئىنسانلار تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ ئېغىردۇر.

**4.** ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلماي، پەيغەمبەرنىڭ يولىدا ماڭماي، پۇل-مال توپلاپ پەخىرلەنگۈچىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن ئېخىمۇ يىراقلىشىپ كېتىدىغانلىقى ئېنىقتۇر.

## ◄ ئىنسان تەبىئىتى ۋە قۇرئاننىڭ شىپاسى

﴿إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ خُلِقَ هَلُوعًا ١٩ إِذَا مَسَّهُ ٱلشَّرُّ جَزُوعٗا ٢٠ وَإِذَا مَسَّهُ
ٱلۡخَيۡرُ مَنُوعًا ٢١ إِلَّا ٱلۡمُصَلِّينَ ٢٢ ٱلَّذِينَ هُمۡ عَلَىٰ صَلَاتِهِمۡ دَآئِمُونَ
٢٣ وَٱلَّذِينَ فِيٓ أَمۡوَٰلِهِمۡ حَقّٞ مَّعۡلُومٞ ٢٤ لِّلسَّآئِلِ وَٱلۡمَحۡرُومِ ٢٥
وَٱلَّذِينَ يُصَدِّقُونَ بِيَوۡمِ ٱلدِّينِ ٢٦ وَٱلَّذِينَ هُم مِّنۡ عَذَابِ رَبِّهِم
مُّشۡفِقُونَ ٢٧ إِنَّ عَذَابَ رَبِّهِمۡ غَيۡرُ مَأۡمُونٖ ٢٨ وَٱلَّذِينَ هُمۡ
لِفُرُوجِهِمۡ حَٰفِظُونَ ٢٩ إِلَّا عَلَىٰٓ أَزۡوَٰجِهِمۡ أَوۡ مَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُهُمۡ
فَإِنَّهُمۡ غَيۡرُ مَلُومِينَ ٣٠ فَمَنِ ٱبۡتَغَىٰ وَرَآءَ ذَٰلِكَ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ

ٱلۡعَادُونَ ﴿٣١﴾ وَٱلَّذِينَ هُمۡ لِأَمَٰنَٰتِهِمۡ وَعَهۡدِهِمۡ رَٰعُونَ ﴿٣٢﴾ وَٱلَّذِينَ هُم
بِشَهَٰدَٰتِهِمۡ قَآئِمُونَ ﴿٣٣﴾ وَٱلَّذِينَ هُمۡ عَلَىٰ صَلَاتِهِمۡ يُحَافِظُونَ ﴿٣٤﴾
أُوْلَٰٓئِكَ فِي جَنَّٰتٖ مُّكۡرَمُونَ ﴿٣٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

19ـ ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى.

20ـ ئۇ ئۆزىگە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، بەكمۇ زارلانغۇچىدۇر.

21ـ بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، ناھايىتى بېخىللىق قىلغۇچىدۇر.

22ـ پەقەت (تۆۋەندىكىلەر) بۇنداق ئەمەس:

23ـ ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر.

24ـ25ـ ئۇلار پۇل-ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا مۇئەييەن ھەق (يەنى زاكات) بېرىدۇ.

26ـ ئۇلار قىيامەت كۈنىگە چىن ئىشىنىدۇ.

27 ـ28ـ ئۇلار رەببىنىڭ ئازابىدىن قورققۇچىلاردۇر. چۈنكى، رەببىنىڭ ئازابى (ھېچكىم) خاتىرجەم بولالمايدىغان ئازابتۇر.

29ـ ئۇلار جىنسىي ئەزالىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر.

30ـ پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى، ئۇلار (ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغانلىقىغا) مالامەت قىلىنمايدۇ.

31ـ كىمكى بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرۇشنى) ئىزدەيدىكەن، مۇنداقلار چەكتىن ئاشقۇچىلاردۇر.

32ـ ئۇلار (يەنى سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان مۇئمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ۋەدىسىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر.

33ـ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇۋاھلىقلىرىنى تەلەپكە لايىق ئادا قىلغۇچىلاردۇر.

34ـ ئۇلار نامىزىنى ئەستايىدىل ئادا قىلغۇچىلاردۇر.

35ـ ئەنە شۇلار جەننەتلەردە ھۆرمەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

### تەپسىرى

ئىنساننىڭ ئەسلى تۇپراق بولۇپ، ئۇ (چەكسە) ئاۋاز چىقارغۇدەك قۇرۇغان قارا لايدىن يارىتىلغان، ئاندىن ئاللاھ تائالا جان كىرگۈزگەن مەخلۇقتۇر. دېمەك، ئىنساننىڭ جىسمى تۇپراقتىن، روھى بولسا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىندۇر. ئىنساندا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تۈرتكىلىرى مەۋجۇتتۇر. شۇڭا ئۇ ياخشىلىققىمۇ مايىل، يامانلىققىمۇ مايىلدۇر. چۈنكى، ئۇنىڭدا ياخشىلىق ۋە يامانلىق خاھىشى بار. ئىنساننى پەقەت ساغلام ئىمان، «قۇرئان كەرىم» ۋە ساغلام ئەقىل قاتارلىق ياخشىلىق ئامىللىرىلا يامان ئىشلاردىن ساقلاپ تىزگىنلىيەلەيدۇ. ئەگەر بۇنداق تىزگىنلەنمىگەندە، ئىنساننىڭ باشقا جانلىقلاردىن پەرقى قالمايدۇ. ئىنسان ئۆز تەبىئىتىدە دۇنيالىق مەنپەئەتنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇنى دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكتىن ئالدىنقى ئورۇندا قويۇۋالىدۇ. ئىنساننى مۇنداق قىلىشتىن ئىماندىن باشقا ھېچ نەرسە توسالمايدۇ. ئىنسان پەقەت ئىمان سايىسىدىلا ھەقىقەتنى ھەقىقەت، باتىلنى باتىل دەپ تونۇيدۇ. قەلبى ئىمان بىلەن بېزەلگەن ئادەم ھەقىقەتنى تونۇغان ھامان ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇندايدۇ. مۇنداق ئادەم نەپسى شەيتاننى ئىمان ۋە ئەقىلنىڭ كۈچى بىلەن يېڭىپ چىقىدۇ ۋە ھەقىقەتنىڭ داغدام يولىدا تەۋرەنمەي ماڭىدۇ.

ئەسلىدە ئىنسان تولىمۇ چىدامسىز ۋە ئىرادىسىز يارىتىلغان بىر مەخلۇق بولۇپ، ئۇنىڭغا بىرەر پالاكەت ياكى بىرەر زىيان-زەخمەت يەتكەن ھامان ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋال شۇ كىشىنىڭ ئىمانسىزلىقىدىن ياكى ئىمانى بولغان بىلەنمۇ، ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ ۋە ئىشەنچىسىنىڭ ئىنتايىن ئاجىزلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ خىيالىدا بېشىغا كەلگەن خاپىلىقلار، زىيان-زەخمەتلەر ۋە ھەر تۈرلۈك كۆڭۈلسىزلىكلەر تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان، ئىلاھىي قۇدرەتكە بويسۇنمايدىغان دەرىجىدە چوڭ كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. شۇڭا مۇنداق ئادەم پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قېلىپ، ئۆزىنىڭ مەنىۋى كۈچ-قۇۋۋىتىنى خورىتىشقا باشلايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر ياخشىلىق، بىرەر پايدا، كۈتۈلمىگەن بىرەر تەلەي كېلىپ قالسا، ئۇنى كىشىلەردىن قىزغىنىپ كېتىدۇ، ھېچكىمگە بىر نەرسە بەرگۈسى كەلمەيدۇ، ھېچكىمگە قىلچىلىكمۇ ياخشىلىق قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزى ئېرىشكەن مال-دۇنيانى، يۈز-ئابرۇينى ۋە بارچە ئارتۇقچىلىقنى پەقەتلا ئۆز كۈچۈم بىلەن ۋە ئالاھىدە بىلىمىم بىلەن قولغا كەلتۈردۈم، دەپ ئويلايدۇ. بۇنداق قارۇنچە مەغرۇرلۇق ئىچىدە يۈرىدىغانلار ھېچكىمگە

ياخشىلىق قىلمايدۇ، ئۆز ئۈستىدىكى ھەق-ھوقۇقلارنى تونۇمايدۇ، پۇل-مېلىدا يوقسۇللارنىڭ ھەققى بارلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلمايدۇ. مۇنداق ئادەملەر يامان تەبىئەتلىك، باغرى قاتتىق، ئاچكۆز، تويماس، شەخسىيەتچى، بېخىل ۋە نامەرد كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلار بەزى ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرى بولۇپ، بۇنى تۈزىتىشنىڭ ۋە ئىسلاھ قىلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىماننى كۈچەيتىش، ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، ئاخىرەتكە بولغان ئىماننى تاكامۇللاشتۇرۇش، دۇنيالىق بىلەن ئاخىرەتلىك ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشتىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭ خۇلاسىسى: ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىش بىلەن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ياخشىلىق قىلىش، قىيامەت كۈنىنى ئۇنتۇماسلىق، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قورقۇش قاتارلىقلاردۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ خىلدىكى چىدامسىز ئىنسانلاردىن نامازلىرىنى ۋاقتىدا ئادا قىلىدىغان، پۇل-مېلىدا يوقسۇللارنىڭ مەلۇم مىقداردا ھەققى بارلىقىنى تونۇپ، ئۇنىڭ زاكىتىنى بېرىدىغان، تىلەيدىغان پېقىرلارنىڭ ۋە خىجىل بولغانلىقتىن ھاجىتىنى ئاشكارا قىلالماي بىر نەرسە تىلىمەيدىغان ھاجەتمەنلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان، ئاخىرەت كۈنىگە چىن ئىشىنىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقىدىغان، ھارام، زىنا ئىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان، ئامانەت قويۇلسا ئۇنى سالامەت ساقلاپ، ئۆز ئىگىسىگە ساق تاپشۇرىدىغان، ۋەدە قىلغان بولسا ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدىغان، گۇۋاھلىقتا توغرا ۋە راستچىل بولىدىغان كىشىلەرنى مۇستەسنا قىلغان. دېمەك، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بارلىق ئەمەل-ئىبادەتلەر ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدىكى بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك، دىلى قاتتىقلىق قاتارلىق ئىللەتلەرنى داۋالاپ، ئۇلارنى ياخشىلىقنى سۆيىدىغان، كىشىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىدىغان، سېخىي ۋە مەرد قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا كېپىلدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەتلەرنىڭ مېۋىلىرى بولۇپ، مۇشۇ مېۋىلەرنى ھاسىل قىلسۇن دەپ بۇيرۇلغان بۇ ئىبادەتلەردىن ھېچبىر مېۋە ھاسىل قىلالمىغانلار ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە تېگىشلىك. چۈنكى، ئىبادەتلەر ئىنسان يەتمەكچى بولغان كامالەتلەرنىڭ شوتىسىدۇر. ئىنسان بۇ ئىبادەتلەر ئارقىلىق ئەخلاق-پەزىلەتتە ۋە ئاللاھ تائالاغا بولغان يېقىنلىقتا يۇقىرى دەرىجىلەرگە كۆتۈرۈلىدۇ ۋە ئېسىل مەرتىۋىلەرگە يۈكسىلىدۇ.

يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان مۇئمىنلەرنىڭ «ياخشىلىق-

يامانلىق، پايدا-زىيان ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ» دېگەن ھەقىقەتكە ئىمانى كامىل ۋە ئىشەنچىسى مۇكەممەل بولغانلىقتىن، ئۇلارغا بىرەر بالايىئاپەت ياكى زىيان-زەخمەت ۋەياكى بىرەر مۇسىبەت يەتسىمۇ، ئۇلار ھەرگىز ئاھ ئۇرۇپ كەتمەيدۇ، تولا ھەسرەت چېكىپ ئۆزىنىڭ تەن ساقلىقىنى زىيانغا ئۇچراتمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق تىلەپ ھاياتىنى ۋە ئىبادەتلىرىنى خۇددى بۇرۇنقىدەك نورمال داۋاملاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالانىڭ كۆپلىگەن ئېسىل مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشىدۇ. ئۇلار بىرەر ياخشىلىققا، بىرەر پايدىغا ۋە بىرەر ئامەتكە ئېرىشكەن چاغدىمۇ، ئۆزگىرىپ قالمايدۇ، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، ياردەم قىلىشقا بېخىللىق قىلمايدۇ، ئەكسىچە، قولىدىن كەلگەن ياخشىلىقنى قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىلەر ئېرىشكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئامى ۋە ئېھسانى دەپ بىلىدۇ. ئۇلار يەنە ئاللاھ تائالانىڭ ھاجەتمەن بەندىلىرىگە ياخشىلىق قىلسا، ئۇلارغا ئۆزلىرى ھاجەتمەنلەرگە بەرگەندىن نەچچە ھەسسە كۆپرەكىنى بېرىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان پەرزلەرنى تولۇق ئورۇنداش بىلەن بىرگە، ئاللاھ تائالا توسقان ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ، ئامانەتكە ۋە بەرگەن سۆزىگە رىئايە قىلىدۇ، يالغاندىن گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، گۇۋاھلىقنى يوشۇرمايدۇ. ئۇلار ناماز بىلەن ھۇزۇر-ھالاۋەت ھاسىل قىلىدۇ، ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىشتىن مەنىۋى كۈچ ئالىدۇ. ئۇلار بۇ ئېسىل خىسلەتلىرى بىلەن ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ ئېسىل جەننەتلىرىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۇلار مەزكۇر جەننەتلەردە ئەڭ ئالىي مەرتىۋىلەرگە نائىل بولىدۇ. جانابى ئاللاھ تائالا بىزلەرنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلغاي، ئامىن.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. چىدامسىزلىق ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

2. نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىش، زاكاتنى تولۇق بېرىش، ئاللاھ تائالادىن قورقۇش، ئىپپەتلىك بولۇش، ئامانەتنى ساقلاش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، توغرا گۇۋاھلىق بېرىش، نامازلارغا ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىق ئەمەللەر ئىنسانىنىڭ چىدامچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ ۋە ئۇنى كامالەت دەرىجىلىرىگە كۆتۈرىدۇ.

3. يۇقىرىقى سەككىز تۈرلۈك ئەمەل جەننەتكە كىرىشنىڭ كاپالىتىدۇر.

### ◄ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى

﴿فَمَالِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ قِبَلَكَ مُهۡطِعِينَ ﴿٣٦﴾ عَنِ ٱلۡيَمِينِ وَعَنِ
ٱلشِّمَالِ عِزِينَ ﴿٣٧﴾ أَيَطۡمَعُ كُلُّ ٱمۡرِيٕٖ مِّنۡهُمۡ أَن يُدۡخَلَ جَنَّةَ نَعِيمٖ
﴿٣٨﴾ كَلَّآۖ إِنَّا خَلَقۡنَٰهُم مِّمَّا يَعۡلَمُونَ ﴿٣٩﴾ فَلَآ أُقۡسِمُ بِرَبِّ ٱلۡمَشَٰرِقِ
وَٱلۡمَغَٰرِبِ إِنَّا لَقَٰدِرُونَ ﴿٤٠﴾ عَلَىٰٓ أَن نُّبَدِّلَ خَيۡرٗا مِّنۡهُمۡ وَمَا نَحۡنُ
بِمَسۡبُوقِينَ ﴿٤١﴾ فَذَرۡهُمۡ يَخُوضُواْ وَيَلۡعَبُواْ حَتَّىٰ يُلَٰقُواْ يَوۡمَهُمُ ٱلَّذِي
يُوعَدُونَ ﴿٤٢﴾ يَوۡمَ يَخۡرُجُونَ مِنَ ٱلۡأَجۡدَاثِ سِرَاعٗا كَأَنَّهُمۡ إِلَىٰ نُصُبٖ
يُوفِضُونَ ﴿٤٣﴾ خَٰشِعَةً أَبۡصَٰرُهُمۡ تَرۡهَقُهُمۡ ذِلَّةٞۚ ذَٰلِكَ ٱلۡيَوۡمُ ٱلَّذِي كَانُواْ
يُوعَدُونَ ﴿٤٤﴾﴾

#### ◄ تەرجىمىسى

**36ـ37ـ** (ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلارغا نېمە بولدىكىن، ئۇلار سەن تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىشىپ، ئوڭ-سول تەرىپىڭدە توپ-توپ بولۇپ ئولتۇرۇشىدۇ.

**38ـ**ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئېخى نازۇنېمەتلىك جەننەتكە كىرگۈزۈلۈشنى تەمە قىلىۋاتامدۇ؟

**39ـ**ئىش ئۇلار تەمە قىلغاندەك ئەمەس. شەكسىزكى، بىز ئۇلارنى ئۇلار بىلىدىغان نەرسىدىن (مەنىيدىن) ياراتتۇق (شۇڭا ئۇلارنىڭ چوڭلۇق قىلىش ھەققى يوق).

**40ـ41ـ** مەشرىقلەرنىڭ ۋە مەغرىبلەرنىڭ رەببى نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇلارنى ئۆزلىرىدىن ياخشىراق كىشىلەر بىلەن ئالماشتۇرۇشقا ئەلۋەتتە قادىرمىز، بىز (ھەرگىز) ئاجىز ئەمەسمىز.

**42ـ**(ئى پەيغەمبەر) ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇلغان (قىيامەت) كۈنىگە ئۇچراشقانغا قەدەر (باتىلغا) چۆمسۇن ۋە (دۇنياسىدا) ئويناپ تۇرسۇن.

**43ـ44ـ** ئۇ كۈندە ئۇلار قەبرىلەردىن چىقىپ، كۆزلىرى چەكچەيگەن، ئۆزلىرىنى خورلۇق باسقان ھالدا، خۇددى تىكلەپ قويغان بۇتلىرىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك (ھېساب مەيدانىغا) يۈگۈرىدۇ. ئەنە شۇ ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان ئوقۇۋاتقان چاغلاردا، مۇشرىكلار بويۇنلىرى سوزۇلغان، كۆزلىرى چەكچەيگەن هالدا، قورقۇنچ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئالدىراپ كېلەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ چۆرىسىگە توپ-توپ بولۇپ يىغىلىپ، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالاتتى. ئۇلار جەننەتنىڭ تەسۋىرى ۋە ئىمان ئېيتقانلارنىڭ جەننەتتىكى ئەھۋالى توغرۇلۇق ئايەتلەرنى ئاڭلىغان چېغىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ساھابىلەرنى مەسخىرە قىلىپ باشلىرىنى ئوڭ-سولغا چۆرۈگەن هالدا: «ئەگەر مۇھەممەد ئېيتقاندەك مۇشۇ كەمبەغەللەر جەننەتكە كىرىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە، بۇلاردىن ئىلگىرى بىز كىرىپ بولىمىز، چۈنكى، بىز ئۇلاردىن هەر جەھەتتىن ئۈستۈنمىز» دەيتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى شۇلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن نازىل قىلغان[1].

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرىنى جەننەتكە كىرىشكە سالاھىيەتلىك قىلىدىغان ياخشى ئەمەللەردىن هېچبىرىنى قىلماي تۇرۇپ، جەننەتكە كىرىشنى تەمە قىلغانلىقىغا كايىغان. چۈنكى، ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇماي، ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلغان بۇ كاپىرلارنىڭ جەننەتكە كىرىش سالاھىيىتى يوقتۇر. ئۇ كاپىرلار قانداقمۇ جەننەتكە كىرسۇن؟ بۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار جەننەتكە هەرگىز كىرەلمەيدۇ. چۈنكى، جەننەت ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن مۇئمىنلەرگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ۋەدە قىلىنغان مۇكاپاتتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ كاپىرلارنى ۋە بارلىق ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق بولغان شۇ ئەرزىمەس سۇدىن (ئابمەنىيدىن) ياراتتى. يارىتىلىشتا ھەممە ئىنسانلار ئوخشاشتۇر. ئارتۇقلۇق نەسەب بىلەن ياكى بايلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىمان، تەقۋالىق ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن بولىدۇ. كىشىلەر جەننەتكە مۇشۇ ئارتۇقچىلىقى بىلەن كىرىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، بۇ كاپىرلار جەننەتنىڭ ئەمەللىرىنى قىلماي تۇرۇپ قانداقلارچە جەننەتكە كىرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ؟ ئۇلار نېمىگە ئاساسلىنىپ جەننەتنى تەمە قىلىدۇ؟

---

[1] «التفسير المنير للزحيلي» 29-توم، 128-بەت.

﴿مەشرىقلەرنىڭ ۋە مەغرىبلەرنىڭ رەببى (بولغان ئاللاھنىڭ) نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇلارنى ئۇلاردىن ياخشىراق كىشىلەر بىلەن ئالماشتۇرۇشقا ئەلۋەتتە قادىرمىز﴾ بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ مۇبارەك ئىسمى بىلەن قىلغان قەسىمى بولۇپ، ئۇ بارچە مەخلۇقاتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە رەببى بولغىنىدەك، قۇياش چىقىپ پاتىدىغان جايلارنىڭمۇ رەببىدۇر. مەلۇمكى، بىر يىل ئىچىدە قۇياش چىقىپ پاتىدىغان 360 مەشرىق ۋە 360 مەغرىب بولۇپ، قۇياش ھەر كۈنى ئايرىم بىر جايدىن چىقىپ، يەنە ئايرىم بىر جايغا پاتىدۇ. قۇياش بىر قېتىم چىققان ۋە پاتقان ئورۇنلىرىغا پەقەت بىر يىلدىن كېيىنلا يەنە بىر قېتىم قايتىدۇ. شۇڭا ئايەتتە ﴿مەشرىقلەرنىڭ ۋە مەغرىبلەرنىڭ﴾ يەنى قۇياش چىقىدىغان ئورۇنلارنىڭ ۋە قۇياش پاتىدىغان ئورۇنلارنىڭ دەپ كەلگەن.

ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىر بولغىنىدەك، بۇ كاپىرلارنى ھالاك قىلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۇلاردىن ياخشىراق بىر قەۋمنى كەلتۈرۈشكىمۇ ئەلۋەتتە قادىردۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىدىن غالىب ۋە ھەممىدىن كۈچلۈك زات بولۇپ، ئۇنى ھېچكىم ئاجىز قىلالمايدۇ ۋە قىلماقچى بولغان ئىشىغىمۇ ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلارنى ھازىرچە قويۇپ تۇرغىن، ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويۇۋەتكىن، ئاگاھلاندۇرۇلغان قىيامەت كۈنى يېتىپ كەلگەنگە قەدەر، ئۇلار ئازغۇنلۇقتا تېخىمۇ پاتسۇن ۋە ئۆز دۇنياسىدا ئويناپ تۇرسۇن.

ئى پەيغەمبەر! شۇ قىيامەت كۈنىنى ئۇنتۇمىغىنكى، ئۇ كۈندە كاپىرلار قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ چىقىپ، خارلىق ۋە زەبۇنلۇق ئىچىدە، قورقۇنچتىن كۆزلىرى چەكچەيگەن، ھەتتا چىقىپ كەتكىلى تاس قالغان، ئۆزلىرى بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىيالمىغان ھالدا خۇددى بۇ دۇنيادا ئۆزلىرى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلىۋالغان بۇتلىرىنىڭ يېنىغا يۈگۈرگەندەك ھېساب مەيدانىغا يۈگۈرىدۇ.

بۇ كاپىرلار ئەنە شۇنداق دەھشەتلىك قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلىشماقتا، پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىپ ئۇ كۈننىڭ تېزرەك كېلىشىنى تىلىمەكتە. كاپىرلار ئاگاھلاندۇرۇلغان كۈن ئەنە شۇ كۈندۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

مەككىدىكى ۋاقتىدا مۇشرىكلار تەرىپىدىن كۆپلىگەن ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە ھەممىگە سەۋر قىلغان ئىدى. بۇنىڭدا ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۈلگە بار.

2. جەننەت كۇفرى ۋە شېرىكتىن ئىبارەت مەنىۋى پاسكىنىلىقلاردىن پاك بولغانلارنىڭ كىرىدىغان جايىدۇر.

3. كاپىرلار بۇ دۇنيادا ئۆزلىرىنى ئالداپ ياشايدۇ، ئۇلار بەخت-سائادەتنى ۋە ھەممە خۇشاللىقنى ماددىدىنلا كۆتىدۇ، ئۇلار مەنىۋى ھاياتتىن مەھرۇمدۇر.

4. ئاخىرەتتە زىيان تارتىدىغان پەرقە كاپىرلار پىرقىسىدۇر.

# نۇھ سۈرىسى

نۇھ سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 28 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمى بىلەن باشتىن كەچۈرگەن قىسسىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى بىلەن ﴿سورة نُوحْ﴾ «نۇھ سۈرىسى» دەپ ئاتالغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئىسلامغا دەۋەت قىلغۇچىلارنىڭ چىدامچانلىقىنى، سەۋرچانلىقىنى ۋە ئۇلۇغۋار جىھادلىرىنى بايان ئارقىلىق مۆئمىنلەرنى ھەق يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿إِنَّآ أَرۡسَلۡنَا نُوحًا إِلَىٰ قَوۡمِهِۦٓ أَنۡ أَنذِرۡ قَوۡمَكَ مِن قَبۡلِ أَن يَأۡتِيَهُمۡ
عَذَابٌ أَلِيمٞ ١ قَالَ يَٰقَوۡمِ إِنِّي لَكُمۡ نَذِيرٞ مُّبِينٌ ٢ أَنِ ٱعۡبُدُواْ
ٱللَّهَ وَٱتَّقُوهُ وَأَطِيعُونِ ٣ يَغۡفِرۡ لَكُم مِّن ذُنُوبِكُمۡ وَيُؤَخِّرۡكُمۡ إِلَىٰٓ
أَجَلٖ مُّسَمًّىۚ إِنَّ أَجَلَ ٱللَّهِ إِذَا جَآءَ لَا يُؤَخَّرُۚ لَوۡ كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ٤
قَالَ رَبِّ إِنِّي دَعَوۡتُ قَوۡمِي لَيۡلٗا وَنَهَارٗا ٥ فَلَمۡ يَزِدۡهُمۡ دُعَآءِيٓ
إِلَّا فِرَارٗا ٦ وَإِنِّي كُلَّمَا دَعَوۡتُهُمۡ لِتَغۡفِرَ لَهُمۡ جَعَلُوٓاْ أَصَٰبِعَهُمۡ فِيٓ
ءَاذَانِهِمۡ وَٱسۡتَغۡشَوۡاْ ثِيَابَهُمۡ وَأَصَرُّواْ وَٱسۡتَكۡبَرُواْ ٱسۡتِكۡبَارٗا ٧
ثُمَّ إِنِّي دَعَوۡتُهُمۡ جِهَارٗا ٨ ثُمَّ إِنِّيٓ أَعۡلَنتُ لَهُمۡ وَأَسۡرَرۡتُ لَهُمۡ
إِسۡرَارٗا ٩ فَقُلۡتُ ٱسۡتَغۡفِرُواْ رَبَّكُمۡ إِنَّهُۥ كَانَ غَفَّارٗا ١٠ يُرۡسِلِ
ٱلسَّمَآءَ عَلَيۡكُم مِّدۡرَارٗا ١١ وَيُمۡدِدۡكُم بِأَمۡوَٰلٖ وَبَنِينَ وَيَجۡعَل

لَّكُمۡ جَنَّٰتٖ وَيَجۡعَل لَّكُمۡ أَنۡهَٰرٗا ﴿١٢﴾ مَّا لَكُمۡ لَا تَرۡجُونَ لِلَّهِ
وَقَارٗا ﴿١٣﴾ وَقَدۡ خَلَقَكُمۡ أَطۡوَارًا ﴿١٤﴾ أَلَمۡ تَرَوۡاْ كَيۡفَ خَلَقَ ٱللَّهُ
سَبۡعَ سَمَٰوَٰتٖ طِبَاقٗا ﴿١٥﴾ وَجَعَلَ ٱلۡقَمَرَ فِيهِنَّ نُورٗا وَجَعَلَ ٱلشَّمۡسَ
سِرَاجٗا ﴿١٦﴾ وَٱللَّهُ أَنۢبَتَكُم مِّنَ ٱلۡأَرۡضِ نَبَاتٗا ﴿١٧﴾ ثُمَّ يُعِيدُكُمۡ
فِيهَا وَيُخۡرِجُكُمۡ إِخۡرَاجٗا ﴿١٨﴾ وَٱللَّهُ جَعَلَ لَكُمُ ٱلۡأَرۡضَ بِسَاطٗا
﴿١٩﴾ لِّتَسۡلُكُواْ مِنۡهَا سُبُلٗا فِجَاجٗا ﴿٢٠﴾ قَالَ نُوحٞ رَّبِّ إِنَّهُمۡ عَصَوۡنِي
وَٱتَّبَعُواْ مَن لَّمۡ يَزِدۡهُ مَالُهُۥ وَوَلَدُهُۥٓ إِلَّا خَسَارٗا ﴿٢١﴾ وَمَكَرُواْ مَكۡرٗا
كُبَّارٗا ﴿٢٢﴾ وَقَالُواْ لَا تَذَرُنَّ ءَالِهَتَكُمۡ وَلَا تَذَرُنَّ وَدّٗا وَلَا سُوَاعٗا
وَلَا يَغُوثَ وَيَعُوقَ وَنَسۡرٗا ﴿٢٣﴾ وَقَدۡ أَضَلُّواْ كَثِيرٗاۖ وَلَا تَزِدِ ٱلظَّٰلِمِينَ
إِلَّا ضَلَٰلٗا ﴿٢٤﴾ مِّمَّا خَطِيٓـَٰٔتِهِمۡ أُغۡرِقُواْ فَأُدۡخِلُواْ نَارٗا فَلَمۡ يَجِدُواْ لَهُم
مِّن دُونِ ٱللَّهِ أَنصَارٗا ﴿٢٥﴾ وَقَالَ نُوحٞ رَّبِّ لَا تَذَرۡ عَلَى ٱلۡأَرۡضِ مِنَ
ٱلۡكَٰفِرِينَ دَيَّارًا ﴿٢٦﴾ إِنَّكَ إِن تَذَرۡهُمۡ يُضِلُّواْ عِبَادَكَ وَلَا يَلِدُوٓاْ إِلَّا
فَاجِرٗا كَفَّارٗا ﴿٢٧﴾ رَّبِّ ٱغۡفِرۡ لِي وَلِوَٰلِدَيَّ وَلِمَن دَخَلَ بَيۡتِيَ مُؤۡمِنٗا
وَلِلۡمُؤۡمِنِينَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتِۖ وَلَا تَزِدِ ٱلظَّٰلِمِينَ إِلَّا تَبَارَۢا ﴿٢٨﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ شەكسىزكى، بىز نۇھنى ئۆز قەۋمىگە: «قەۋمىڭگە قاتتىق ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغىن» دەپ ئەۋەتتۇق.

2ـ نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! شەكسىزكى، مەن سىلەرگە (ئەۋەتىلگەن) ئوپئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن.

3ـ (مەن شۇنداق ئاگاھلاندۇرىمەنكى) ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

4ـ (شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە سىلەرنى بەلگىلەنگەن ئەجىلىڭلارغا قەدەر كېچىكتۈرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ بېكىتكەن

ئەجەل كەلگەن چاغدا (ئۇ ئەجەل) كېچىكتۈرۈلمەيدۇ. ئەگەر سىلەر (بۇ ھەقىقەتنى) بىلگەن بولساڭلار (تائەت-ئىبادەتكە ئالدىرىغان بولاتتىڭلار).

5-نۇھ يەنە ئېيتتى: «ئى رەببىم! مەن ھەقىقەتەن قەۋمىمنى كېچە-كۈندۈز (ئىمانغا) دەۋەت قىلدىم.

6-مېنىڭ دەۋىتىم ئۇلارنى تېخىمۇ قاچىدىغان قىلىۋەتتى.

7-مەن ئۇلارنى سېنىڭ مەغپىرەتىڭگە ئېرىشسۇن دەپ، ھەر قاچان دەۋەت قىلسام، (ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن) بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالدى، (مېنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن) كىيىملىرى بىلەن باشلىرىنى چۈمكىۋالدى، (كۇفرىدا) چىڭ تۇرۇۋالدى، چوڭچىلىق قىلىپ (ئىماندىن) تېخىمۇ باش تارتتى.

8-ئاندىن مەن ئۇلارنى ئۈنلۈك دەۋەت قىلدىم.

9-ئاندىن مەن ئۇلارنى ھەم ئاشكارا ھەم يوشۇرۇن دەۋەت قىلدىم.

10-(ئۇلارغا) ئېيتتىم: رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

11-(شۇنداق قىلساڭلار) ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ،

12-سىلەرنىڭ مال-مۈلۈكۈڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ.

13-سىلەر نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئەيمەنمەيسىلەر؟

14-ھالبۇكى، ئاللاھ سىلەرنى بىر قانچە باسقۇچقا بۆلۈپ ياراتتى.

15-سىلەر ئاللاھنىڭ يەتتە ئاسماننى قەۋەت-قەۋەت قىلىپ قانداق ياراتقانلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟

16-ئاللاھ ئاسمانلاردا ئاينى نۇر قىلدى، كۈننى (نۇر چاچقۇچى) چىراغ قىلدى.

17-ئاللاھ سىلەرنى (يەنى ئەسلىڭلارنى) زېمىندىن ياراتتى.

18-ئاندىن سىلەرنى يەنە زېمىنغا قايتۇرىدۇ، ئاندىن سىلەرنى (قىيامەت كۈنى) زېمىندىن چىقىرىدۇ.

19-20-سىلەرنىڭ يەر يۈزىدە كەڭ يوللاردا مېڭىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە يەر يۈزىنى يېيىپ بەردى».

21-نۇھ ئېيتتى: «ئى رەببىم! ئۇلار ھەقىقەتەن ماڭا ئاسىيلىق قىلدى،

پۇل-مېلى ۋە بالىچاقىلىرى ئۇلارنىڭ زىياندىن باشقىسىنى زىيادە قىلمايدىغان كىشىلەرگە ئەگەشتى.

22-ئۇلار (ئەگەشكۈچىلىرىگە) چوڭ ھىيلە-مىكىر ئىشلەتتى.

23-ئۇلار: ‹مەبۇدلىرىڭلارنى ھەرگىز تاشلىماڭلار، بولۇپمۇ ۋەد، سۇۋائ، يەغۇس، يەئۇق ۋە نەسىر قاتارلىق بۇتلىرىڭلاردىن ھەرگىز ۋاز كەچمەڭلار› دېدى.

24-ئۇلار شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەقىقەتتەن ئازدۇردى. (ئى رەببىم!) بۇ زالىملارغا پەقەت ئازغۇنلۇقنىلا زىيادە قىلغىن».

25-ئۇلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن (توپان بالاسىدا) غەرق قىلىندى، (ئاخىرەتتە بولسا) دوزاخقا كىرگۈزۈلىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى تاپالمايدۇ.

26-نۇھ ئېيتتى: «ئى رەببىم! يەر يۈزىدە كاپىرلاردىن بىرىنىمۇ قويمىغىن.

27-چۈنكى، ئەگەر سەن ئۇلارنى ھايات قالدۇرساڭ، شەكسىزكى، ئۇلار بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ، بۇزغۇنچى كاپىر بالىلارنىلا يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.

28-ئى رەببىم! ماڭا، ئاتا-ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە ئىمان ئېيتىپ كىر-گەنلەرگە ۋە (بارلىق) مۆمىن ئەرلەرگە، مۆمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن، زالىملارغا پەقەت ھالاكەتنىلا زىيادە قىلغىن».

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى، ئىرادىلىك پەيغەمبەر-لەرنىڭ بىرىنچىسى بولغان نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ساماۋى دىننى كىشىلەر-گە يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ، ئۇنى ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى. ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى ئۆز قەۋمىگە ھەق دىننى تولۇق يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇفرىنىڭ ئازغۇنلۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىماننىڭ نۇرىغا چىقىرىش ۋە كۇفرىلىقنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولغاندەك، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسىمۇ شۇنداق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز قەۋمىگە مۇنداق دېدى: ئى قەۋمىم! مەن ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن ئىشەنچلىك ۋە راستچىل ئەلچىسىمەن. مەن سىلەرنى ئىبادەتنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىشقا، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئۇنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىشقا ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇش ئۈچۈن كەلدىم. چۈنكى، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. ئەگەر سىلەر سىلەرنى

ياراتقان ۋە پەرۋىش قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئۇلۇغ رەببىڭلار ئاللاھ تائالاغا لايىقىدا ئىبادەت قىلساڭلار، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇندىساڭلار، ئۇ سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ ۋە سىلەرنى بەلگىلەنگەن ئەجىلىڭلار توشقۇچە ئامانلىق ئىچىدە ياشىتىدۇ. تەپسىرى مۇيەسسەردە ﴿وَيُؤَخِّرْكُمْ إِلَىٰٓ أَجَلٍ مُّسَمًّى﴾ دېگەن ئايەتكە «ئۆمرۈڭلارنى بەلگىلەنگەن ئەجىلىڭلارغا قەدەر يەتكۈزىدۇ»[1] دەپ مەنە ئېيتىلغان. سىلەر بۇنى بىلگەن بولساڭلار، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىشقا ئالدىرىغان ۋە پەيغەمبىرىڭلارغا ئىتائەت قىلغان بولاتتىڭلار. شۇنىمۇ ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ئەجەل كەلگەن چاغدا، ئۇ ئەجەل كېچىكتۈرۈلمەيدۇ ۋە ئالدىغىمۇ سۈرۈلمەيدۇ.

ئەگەر نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بۇ ھەقىقەتنى بىلگەن بولسا ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قۇلاق سالسا ئىدى، كۇفرىدا بۇنداق چىڭ تۇرۇۋالمىغان ۋە ئىمان ئېيتقان بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق چىرايلىق دەۋىتىنى ئاڭلاپ تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ كۆيۈمچانلىقىنى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىدى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمىدى ۋە ئۇنىڭ دىنىغا قارشى تۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى.

بۇ ئەھۋالدا نۇھ ئەلەيھىسسالام قانداق قىلدى؟ نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلدى، ئۇنىڭغا دەردىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ئى رەببىم! سەنمۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن، مەن قەۋمىمنى كېچە-كۈندۈز ئىمانغا دەۋەت قىلدىم، مەن بۇ دەۋەتنى ئۇلارغا گاھىدا يۇقىرى ئاۋازدا ئېلان قىلدىم، گاھىدا ئاشكارا، گاھىدا يوشۇرۇن يەتكۈزدۈم. ئەمما مېنىڭ بۇ دەۋىتىم ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى، ئۇلارغا كۇفرىدا چىڭ تۇرۇشتىن باشقىسىنى ئاشۇرمىدى. دېمەك، مېنىڭ دەۋىتىم ئۇلارغا ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈشتىن ۋە چوڭچىلىق قىلىشتىن باشقىسىنى زىيادە قىلمىدى. ئۇلارنى سېنىڭ مەغپىرىتىڭگە ئېرىشسۇن دەپ، ھەر قېتىم ئىمانغا دەۋەت قىلغىنىمدا، ئۇلار بۇ دەۋەتكە قۇلاق سالماسلىق ئۈچۈن بارماقلىرى بىلەن قۇلاقلىرىنى يېپىۋالدى، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى، ھەتتا مېنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن كىيىملىرى بىلەن باشلىرىنى چۈمكىۋالدى، يۈزلىرىنى يۆگىۋالدى، ئۇلار تەكەببۇرلۇقتا تولىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتى.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ گۈزەل تەبىرىگە قاراڭ! كاپىرلارنىڭ ھەق

[1] «التفسير الميسر» 570- بەت.

دەۋەتنى ئاڭلاشتىن باش تارتقانلىقىنى تەسۋىرلەشتە، ئۇلارنى بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالغان، كىيىملىرى بىلەن باشلىرىنى چۈمكىۋالغان قىلىپ تەسۋىرلىگەن. چۈنكى، «بارماقلارنى قۇلاقلارغا تىقىش» بىلەن «كىيىملەر بىلەن باشنى چۈمكىۋېلىش» ھەق دەۋەتنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن قوللىنىلغان چارە-تەدبىرلەرنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلغان ۋە دەۋەتكە قۇلاق سالماسلىقتا ناھايىتى بەك چىڭ تۇرغان. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەتنى دەسلەپ يۇقىرى ئاۋازدا ئېلان قىلغانلىقى، ئۇنى ئاشكارا يوسۇندىمۇ، مەخپىي ھالدىمۇ داۋاملاشتۇرغانلىقى ئۇنىڭ كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىش يولىدىكى بىرىنچى باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى باسقۇچ كېلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، دىنىنى بايان قىلىش ۋە دەلىل-ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش باسقۇچىدۇر. بۇ باسقۇچ توغرۇلۇق نۇھ ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكىلەرنى دېگەن:

﴿(ئۇلارغا) ئېيتتىم: رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. (شۇنداق قىلساڭلار) ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرنىڭ مال-مۈلۈكۈڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ﴾ يەنى ئى قەۋمىم! سىلەر رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ دىنىغا كىرىپ، بارلىق گۇناھلىرىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار، ئىلگىرىكى قىلمىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار. رەببىڭلار ھەقىقەتەن بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغان، گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدىغان، ناھايىتى مېھرىبان زاتتۇر. ئەگەر سىلەر شۇنداق قىلساڭلار، رەببىڭلار سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زىرائەتلىرىڭلار ئوخشايدۇ، مول ھوسۇلۇڭلار كۆپىيىدۇ، رەببىڭلار يەنە سىلەرنىڭ مال-دۇنيالىرىڭلارنى ۋە پەرزەنتلىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، يۇرتۇڭلارنى سىلەر ئۈچۈن بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ، زېمىندىن سىلەرگە بۇلاقلارنى چىقىرىپ بېرىدۇ. دېمەك، سىلەر رەببىڭلارنى تونۇپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتساڭلار، ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلساڭلار ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلساڭلار، ئۇ سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلارنى بەخت-سائادەتكە تولدۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ چاغدا سىلەر ئەڭ بەختلىك ھاياتتا ياشايسىلەر.

ئەمما نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۈچۈن مۇنداق چىرايلىق دەۋەتنىڭ ۋە مۇنداق ئېسىل ۋەدىلەرنىڭ ھېچ نېمىگە پايدىسى بولمىدى،

ئۇلار يەنىلا ئىماندىن باش تارتتى، ھەتتا نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپمۇ باقتى ۋە مۇنداق دېدى: سىلەر نېمىشقا يېگانە رەببىڭلار بولغان ئاللاھ تائالادىن ئەيمەنمەيسىلەر؟ قانداقمۇ ئۇنىڭدىن قورقمايسىلەر؟ سىلەرنىڭ بۇ خاتىرجەملىكىڭلار، غاپىللىقىڭلار ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىكتۇر. چۈنكى، ئەقلى بار كىشىلەر ھەرگىز مۇنداق قىلمايدۇ، سىلەردەك غەپلەتتە يۈرمەيدۇ.

ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىر، ھەممىگە غالىب زاتتۇر. ئۇ سىلەرنى ئوخشىمىغان باسقۇچلار بىلەن ياراتتى. ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن، ئاندىن ئۇنىڭ ئەۋلادىنى ئابمەنىيدىن، ئاندىن ئەلەقتىن، ئاندىن بىر پارچە گۆشتىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاندىن سىلەرنى مۇكەممەل بىر ئىنسان قىلىپ چىقارغان زات ئەمەسمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەرنى ياراتقان ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ؟ ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ ئۇنى ئۇلۇغلىمايسىلەر؟ قانداقمۇ ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقمايسىلەر؟ قانداقمۇ قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمەيسىلەر؟

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشىدىكى مۆجىزىلىك باسقۇچلارنى ئەسلەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ نەزىرىنى بۇ ئاجايىپ كائىناتقا قارىتىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ئاسماننىڭ قانداق يارىتىلغانلىقىغا قارىمامسىلەر؟ ئاللاھ تائالا ئۇنى بىر-بىرىگە تامامەن ئۇيغۇن ۋە قاتمۇقات ئاسمان قىلىپ ياراتتى. شۇڭا سىلەر ئاسمانلاردا بىرەر نۇقساننى ياكى بىرەر يېتەرسىزلىكنى تاپالمايسىلەر. ئاسمان جىسىملىرى ئىچىدىن ئاينى نۇر قىلدى، قۇياشنى چىراغ قىلدى. سۇبھانەللاھ! بۇ ئاجايىپ قۇدرەتكە قاراڭ! ئاللاھ تائالا قۇياشنى ھەم ئىسسىقلىق ھەم يورۇقلۇق بېرىدىغان چىراغقا ئوخشاش قىلدى. ئاينى بولسا قۇياشنىڭ نۇرىدىن ئەكس ئېلىپ جاھانغا يورۇقلۇق بېرىدىغان نۇر قىلدى. چۈنكى، ئايدىكى نۇر ئۇنىڭ ئۆزىدىن چىققان ئەمەس، بەلكى قۇياشتىن ئالغان ئەكستىن پەيدا بولغان بىر نۇردۇر. ﴿هُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ ٱلشَّمْسَ ضِيَآءً وَٱلْقَمَرَ نُورًا وَقَدَّرَهُۥ مَنَازِلَ لِتَعْلَمُوا۟ عَدَدَ ٱلسِّنِينَ وَٱلْحِسَابَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ قۇياشنى نۇر چاچقۇچى ۋە ئاينى نۇرلۇق قىلغان، يىللارنىڭ سانىنى ۋە (ۋاقىتلارنىڭ) ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن ئايغا مەنزىللەرنى بەلگىلىگەن زاتتۇر﴾ [1] ھازىرقى ئىلىم-پەن «قۇرئان كەرىم»دىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەردىن بەزىسىنى ئىسپاتلاپ چىققان.

[1] يۇنۇس سۈرىسى:5-ئايەت.

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى ئۆزلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەپ: ﴿ئاللاھ سىلەرنى (يەنى ئەسلىڭلارنى) زېمىندىن ياراتتى﴾ دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى تۇپراق جىنسىدىن ئىكەنلىكىنى، تۇپراقنىڭ زېمىندىن ئىكەنلىكىنى ئەسلەتكەن. يەنى ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراقتىن يارىتىلغاندەك، بىزنىڭ جىسمىمىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمۇ تۇپراقتىن بولىدۇ. مەسىلەن: سۇ بىلەن ئارىلاشقان تۇپراقتىن ئۈنۈپ چىققان زىرائەتلەر بىزنىڭ جىسمىمىزنى يېتىلدۈرگەن ئوزۇقلۇقلاردۇر. بىزنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئابىمەنىي (ئىسپېرما) قاننىڭ جەۋھىرىدۇر، قان بىز يېگەن ئوزۇقلۇقلارنىڭ جەۋھىرىدۇر، بىز يېگەن ئوزۇقلۇقلار زېمىندىن چىققان زىرائەتلەردىن كېلىدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالا ئىنساننى دەسلەپ تۇپراقتىن ياراتقاندەك، ئۇنىڭ جىسمىنىمۇ شۇ تۇپراقتىن چىققان ئوزۇقلۇقلار بىلەن يېتىلدۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە ئىنساننى باشقا جانلىقلاردىن ئالاھىدە قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەقىل ۋە تەپەككۇر ئاتا قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىلاھىي تەلىماتلارنى چۈشۈردى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئى ئىنسانلار! سىلەر قانداقمۇ رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتمايسىلەر؟

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرنى دۇنيادا بىر مۇددەت ياشاتقاندىن كېيىن، سىلەر ئۆلگەندە سىلەرنى يەنە شۇ تۇپراققا قايتۇرىدۇ، ئاندىن يەنە قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىش ئۈچۈن سىلەرنى قايتىدىن زېمىندىن تىرىلدۈرۈپ چىقىرىدۇ. دېمەك، ئىنسان ئاخىرى چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا بارىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، بۇ ئىنسان نېمىشقا ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتمايدۇ؟

نۇھ ئەلەيھىسسالام شۇنىڭدىن كېيىن قەۋمىنى بۇ پايانسىز زېمىن توغرۇلۇق تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىپ، ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا سىلەر ئۈچۈن يەر يۈزىنى ياشاشقا ۋە ئورۇنلىشىشقا مۇناسىپ قىلىپ بەردى، بىر جايدىن يەنە بىر جايغا بېرىشىڭلارنى ئاسان قىلدى، تۈرلۈك قاتناش قوراللىرىنى يارىتىپ بەردى. سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىلتىپاتى سايىسىدا يەر يۈزىدە خالىغانچە كېزىپ يۈرىسىلەر، خالىغان يېرىڭلارغا بارالايسىلەر. سىلەر بۇ نېمەتلەرنى بەرگەن رەببىڭلار ئاللاھ تائالاغا نېمىشقا ئىمان ئېيتمايسىلەر؟

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە يۇقىرىقى ۋەز-نەسىھەتلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ ۋەز-نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلمىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن باش تارتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ نادانلىقىدىن ۋە ئۇلارنىڭ

تېخىچە كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىدىن ئاللاھ تائالاغا ھال ئېيتىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا قەۋمى ئۈستىدىن دەردلىنىپ دەيدۇكى، ئى رەببىم! ئۇلار ھەقىقەتەن ماڭا ئاسىيلىق قىلدى، ئەمرىمگە ئىتائەت قىلمىدى، ئۇلار ماڭا ئەگەشمەي، پۇل-مېلى ۋە بالىچاقىلىرى ئۆزلىرىگە زىيان سېلىشتىن باشقا ئىشقا يارىمايدىغان ئازغۇن بايلارغا ۋە كاتتىباشلارغا ئەگەشتى. بۇ بايلار بىلەن كاتتىباشلار بولسا ئۇلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ قەۋم ئازغۇن بايلاغا ۋە كاتتىباشلارغا ئەگىشىشنى ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىشتىن ئەۋزەل كۆردى.

مەلۇمكى، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى ئازدۇرغان كاتتىباشلار ئاۋام خەلققە ۋە نۇھ ئەلەيھىسسالامغا قارشى ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلەتكەن ۋە نۇرغۇنلىغان رەزىل پىلانلارنى تۈزگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھىيلە-مىكىرلىرى خەلقنى تېخىمۇ ئازدۇرۇش، ئۇلارنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىدىن يىراقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان. ئۇلارنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئىشلەتكەن ھىيلە-مىكرى بولسا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى خەلقنىڭ ھىمايىچىلىرى قىلىپ كۆرسىتىش ئىدى. ئەمما ئۇلار يوشۇرۇن پىلانلىرىنى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرمەيتتى. بىراق ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بارلىق ھىيلە-مىكىرلىرىنى ۋە رەزىل پىلانلىرىنى بىلىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرمىدى ۋە ھەممىسىنى بەربات قىلىۋەتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە غالىبتۇر ۋە ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ مۇتەكەببىر كاتتىباشلىرى قوللانغان ھىيلە-مىكىرلەردىن بىرى شۇكى، ئۇلار ئاۋام خەلققە كۆيۈنگەندەك قىلىپ ئۇلارغا ئازغۇنلۇقنى تەۋسىيە قىلاتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: ﴿مەبۇدلىرىڭلارنى ھەرگىز تاشلىماڭلار، بولۇپمۇ ۋەد، سۇۋائ، يەغۇس، يەئۇق ۋە نەسر قاتارلىق بۇتلىرىڭلاردىن ھەرگىز ۋاز كەچمەڭلار﴾ چۈنكى، بۇلار ئىلاھلىرىڭلارنىڭ كاتتىلىرىدۇر[1].

---

[1] مەلۇمكى، ئۇلارنىڭ مەشھۇر بۇتلىرىدىن «ۋەد» دەۋمەتۇل جەندەل دېگەن يەردىكى كەلب قەبىلىسىنىڭ بۇتى بولۇپ، ئەرنىڭ شەكلىدە ئىدى. «سۇۋائ» ھەمدان قەبىلىسىنىڭ بۇتى بولۇپ، ئايالنىڭ شەكلىدە ئىدى، «يەغۇس» مەزجەئ قەبىلىسىنىڭ، «يەئۇق» يەنە ھەمدان قەبىلىسىنىڭ بۇتى بولۇپ، ئاتنىڭ شەكلىدە ئىدى. «نەسر» ھەمىر قەبىلىسىنىڭ بۇتى بولۇپ، بۈركۈتنىڭ شەكلىدە ئىدى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ بۇ مۇتەكەببىر كاتتىباشلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ئاللاھ تائالاغا ھال ئېيتىپ دەيدۇكى، ئى رەببىم! بۇ ئازغۇن يولباشچىلار قەۋمىمدىن كۆپ كىشىلەرنى ئازدۇرۇۋەتتى، ئۇلارنى بەختسىزلىككە سۆرەپ ئاپاردى. ئى رەببىم! بۇ ئازغۇن زالىملارغا ئازغۇنلۇقتىن باشقىسىنى زىيادە قىلمىغىن. ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىدىن قىلچە ئۈمىد يوق. ئى رەببىم! ئۇلار ھەققىدىكى ھۆكمىڭنى تېزرەك ئەمەلگە ئاشۇرغىن، ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتكىن.

نىھايەت، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك توپان بالاسىدا غەرق بولۇپ ھالاك قىلىندى. ئاخىرەتتە بولسا ئۇلار يەنە شۇ گۇناھلىرى سەۋەبلىك دوزاخقا كىرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار دوزاخقا مەھكۇم قىلىنىپ بولدى. ئۇلارنى ئۆزلىرى چوقۇنغان ساختا ئىلاھلىرى قوغداپ قالالمايدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالالمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ئالدىدا ئۇلارنىڭ بۇتلىرى ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ. (ھۇد سۈرىسىدە توپان بالاسى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلدى).

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمى تەرىپىدىن كەلگەن ئەزىيەتلەرنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبلىك ئۇلاردىن قاتتىق رەنجىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ: ﴿ئى رەببىم! يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن﴾ دەپ بەددۇئا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭ قەۋمىنى توپان بالاسىدا پۈتۈنلەي غەرق قىلىۋەتكەن. ﴿وَنَصَرۡنَـٰهُ مِنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَـٰتِنَآۚ إِنَّهُمۡ كَانُواْ قَوۡمَ سَوۡءٖ فَأَغۡرَقۡنَـٰهُمۡ أَجۡمَعِينَ﴾ يەنى ﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان قەۋمگە قارشى ئۇنىڭغا ياردەم بەردۇق. ئۇلار ھەقىقەتەن يامان قەۋم ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى غەرق قىلدۇق﴾[1].

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ھالاكىتىنى تىلەپ بەددۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مۇنداق دۇئا قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئوچۇقلاپ مۇنداق دېگەن: ﴿چۈنكى، ئەگەر سەن ئۇلارنى ھايات قالدۇرساڭ، شەكسىزكى، ئۇلار بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ، ئۇلار پاسىق، ناھايىتى تۇزكور باللارنىلا يېتىشتۇرۇپ چىقىدۇ﴾ يەنى ئەگەر سەن بۇ كاپىرلارنى ھالاك قىلىۋەتمەستىن يەر يۈزىدە ساق قويىدىغان بولساڭ، ئۇلار بەندىلىرىڭنى ئازدۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ

---

[1] ئەنبىيا سۈرىسى:77-ئايەت.

پەرزەنتلىرىمۇ خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاش ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدىغان، ئاسىي- گۇناھكار ۋە تۇزكور كاپىرلاردىن بولىدۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام دۇئاسىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: ﴿ئى رەببىم! ماڭا، ئاتا-ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە ئىمان ئېيتىپ كىرگەنلەرگە ۋە (بارلىق) مۆمىن ئەرلەرگە، مۆمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن، زالىملارغا پەقەت ھالاكەتنىلا زىيادە قىلغىن﴾ يەنى مەندىن باشلاپ ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە رەھىم قىلغىن، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن، كۇفرىلىقنى تاللاش بىلەن ئۆزلىرىگە ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلغان زالىم كاپىرلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتكىن.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى ۋە تۇپاندىن كېيىنكى تۇنجى پەيغەمبەردۇر.

2. نۇھ ئەلەيھىسسالامۇ خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش مۇشرىكلارغا ۋە ئۇلارنىڭ بۇزۇق ئەقىدىسىگە قارشى كۈرەش قىلغان پەيغەمبەردۇر.

3. ئەجەل ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنى ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتىلا ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

4. دەۋەتنى پۈتۈن چارىلەرنى ئىشقا سېلىپ، بارلىق شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىش ھەربىر دەۋەتچىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسىدۇر.

5. كاپىرلارنىڭ چوڭچىلىق قىلىپ دەۋەتنى ئاڭلاشتىن باش تارتقانلىقى «بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالدى» دەپ تەسۋىرلەنگەن.

6. ئاللاھ تائالاغا ئىستىغپار ئېيتىش، گۇناھلارغا تەۋبە قىلىش رىزىقنىڭ كەڭ بولۇشىغا، پۇل-مالنىڭ ۋە ياخشىلىقنىڭ كۆپىيىشىگە ۋاستە بولىدۇ.

7. ھەربىر قىيىنچىلىقتا ياكى قىسىنچىلىقتا قولدىن كەلگەنچە سەۋەب قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىش ئەڭ ياخشى چارىدۇر.

8. ھىيلە-مىكىر قىلىش، سۇيىقەست پىلانلاش ئەزەلدىن كاپىرلارنىڭ ئادىتى ۋە گۇناھكارلارنىڭ ئىشىدۇر.

9. زالىملارنىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن بەتدۇئا قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما مۆئمىنلەرگە ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلىش ياخشى ئەمەللەردىن سانىلىدۇ.

10. دۇئانى ئاۋۋال ئۆزىگە قىلىپ، ئاندىن باشقىلارغا قىلىش دۇئانىڭ ئەدەپلىرىدىن سانىلىدۇ.

# جىن سۈرىسى

جىن سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 28 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» جىنلارنىڭ ئېغىزىدىن بايان قىلىنغان ھەقىقەتلەرنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرگەن بەزى تەلىماتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: جىنلارنىڭ ئىمان ئېيتقانلىق قىسسىسىنى ئۆرنەك قىلىش ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ۋە مۇشرىكلارنىڭ گۇمانىي قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايىتىدىكى ﴿ٱلْجِنِّ﴾ «جىن» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

### ◄ جىنلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تىڭشاپ ئىمان ئېيتقانلىقى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿قُلۡ أُوحِيَ إِلَيَّ أَنَّهُ ٱسۡتَمَعَ نَفَرٞ مِّنَ ٱلۡجِنِّ فَقَالُوٓاْ إِنَّا سَمِعۡنَا قُرۡءَانًا
عَجَبٗا ١ يَهۡدِيٓ إِلَى ٱلرُّشۡدِ فَـَٔامَنَّا بِهِۦۖ وَلَن نُّشۡرِكَ بِرَبِّنَآ أَحَدٗا
٢ وَأَنَّهُۥ تَعَٰلَىٰ جَدُّ رَبِّنَا مَا ٱتَّخَذَ صَٰحِبَةٗ وَلَا وَلَدٗا ٣ وَأَنَّهُۥ كَانَ
يَقُولُ سَفِيهُنَا عَلَى ٱللَّهِ شَطَطٗا ٤ وَأَنَّا ظَنَنَّآ أَن لَّن تَقُولَ ٱلۡإِنسُ
وَٱلۡجِنُّ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبٗا ٥ وَأَنَّهُۥ كَانَ رِجَالٞ مِّنَ ٱلۡإِنسِ يَعُوذُونَ
بِرِجَالٖ مِّنَ ٱلۡجِنِّ فَزَادُوهُمۡ رَهَقٗا ٦ وَأَنَّهُمۡ ظَنُّواْ كَمَا ظَنَنتُمۡ أَن
لَّن يَبۡعَثَ ٱللَّهُ أَحَدٗا ٧ وَأَنَّا لَمَسۡنَا ٱلسَّمَآءَ فَوَجَدۡنَٰهَا مُلِئَتۡ

حَرَسًا شَدِيدًا وَشُهُبًا ﴿٨﴾ وَأَنَّا كُنَّا نَقْعُدُ مِنْهَا مَقَٰعِدَ لِلسَّمْعِۖ فَمَن
يَسْتَمِعِ ٱلْـَٔانَ يَجِدْ لَهُۥ شِهَابًا رَّصَدًا ﴿٩﴾ وَأَنَّا لَا نَدْرِىٓ أَشَرٌّ أُرِيدَ
بِمَن فِى ٱلْأَرْضِ أَمْ أَرَادَ بِهِمْ رَبُّهُمْ رَشَدًا ﴿١٠﴾ وَأَنَّا مِنَّا ٱلصَّٰلِحُونَ
وَمِنَّا دُونَ ذَٰلِكَۖ كُنَّا طَرَآئِقَ قِدَدًا ﴿١١﴾ وَأَنَّا ظَنَنَّآ أَن لَّن نُّعْجِزَ ٱللَّهَ
فِى ٱلْأَرْضِ وَلَن نُّعْجِزَهُۥ هَرَبًا ﴿١٢﴾ وَأَنَّا لَمَّا سَمِعْنَا ٱلْهُدَىٰٓ ءَامَنَّا
بِهِۦۖ فَمَن يُؤْمِنۢ بِرَبِّهِۦ فَلَا يَخَافُ بَخْسًا وَلَا رَهَقًا ﴿١٣﴾ وَأَنَّا مِنَّا
ٱلْمُسْلِمُونَ وَمِنَّا ٱلْقَٰسِطُونَۖ فَمَنْ أَسْلَمَ فَأُو۟لَٰٓئِكَ تَحَرَّوْا۟ رَشَدًا ﴿١٤﴾
وَأَمَّا ٱلْقَٰسِطُونَ فَكَانُوا۟ لِجَهَنَّمَ حَطَبًا ﴿١٥﴾

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

**1-2-** (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ماڭا ھەقىقەتەن شۇنداق ۋەھيى قىلىندىكى، بىر قانچە جىن (مېنىڭ قۇرئان ئوقۇۋاتقانلىقىمنى) ئاڭلاپ، (ئۆز قەۋمىنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ) مۇنداق دېدى: ‹بىز ھەقىقەتەن توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق، بىز رەببىمىزگە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز.

**3-** ھەقىقەت شۇكى، رەببىمىزنىڭ ئۇلۇغلۇقى ناھايىتى ئۈستۈندۇر، ئايالىمۇ، بالىسىمۇ يوقتۇر.

**4-** شەكسىزكى، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئەخمەق (ئىبلىس) ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق كەلمەيدىغان سۆزلەرنى قىلدى.

**5-** ھەقىقەتەن بىز ئىنسانلار ۋە جىنلار (ئارىسىدىن ھېچكىم) ئاللاھنىڭ نامىدىن ھەرگىز يالغاننى توقۇمايدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدۇق.

**6-** شەكسىزكى، ئىنسانلاردىن بەزى ئەرلەر بەزى ئەركەك جىنلارغا سىغىنىپ پاناھ تىلەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ جىنلارنىڭ ئازغۇنلۇقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتەتتى.

**7-** (ئى جىنلار!) شەكسىزكى، ئۇلارمۇ (يەنى ئىنسانلارنىڭ كاپىرلىرىمۇ) سىلەرگە ئوخشاش، ئاللاھ ھېچكىمنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرمەيدۇ،

دەپ قارايتتى.

8-بىز ھەقىقەتەن (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسمانغا چىقىشقا ئۇرۇنغان ئىدۇق، ئاسماننىڭ (پەرىشتىلەردىن بولغان) كۈچلۈك مۇھاپىزەتچىلەر ۋە كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدۇق.

9-شەكسىزكى، بىز (ئىلگىرى) ئاسماننىڭ تىڭشاشقا بولىدىغان جايلىرىدا ئولتۇراتتۇق. ئەمدى كىمكى تىڭشاشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇ (ئۆزىنى) كۆزىتىپ تۇرغان كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارغا يولۇقىدۇ.

10-زېمىندىكىلەرگە يامانلىق ئىرادە قىلىندىمۇ ياكى رەببى ئۇلارغا ياخشىلىق ئىرادە قىلدىمۇ؟ ھەقىقەتەن بىز ئۇنى بىلمەيمىز.

11-شەكسىزكى، بىزنىڭ ئارىمىزدا ياخشىلارمۇ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارمۇ بار. بىز تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈنىدۇق.

12-بىز جەزمەن ئىشەندۇقكى، زېمىندا ئاللاھ بىلەن ھەرگىز قارشىلىشالمايمىز، ئۇنىڭ (ئازابى) دىنمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايمىز.

13-شەكسىزكى، بىز ھىدايەتنى (قۇرئاننى) ئاڭلىغان چېغىمىزدا ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئىمان كەلتۈردۇق. كىمكى رەببىگە ئىمان ئېيتىدىكەن، نە (ياخشى ئەمەللىرىنىڭ) كېمىيىپ كېتىشىدىن، نە (گۇناھلىرى كۆپەيتىلىپ) ئۇۋالچىلىققا ئۇچراشتىن ئەنسىرىمەيدۇ.

14-ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇسۇلمانلارمۇ ۋە ھەق يولدىن چىققۇچىلارمۇ بار. مۇسۇلمان بولغانلار توغرا يولنى نىشانلاپ ماڭغان بولىدۇ.

15-ئەمما توغرا يولدىن چىققۇچىلار جەھەننەمگە ئوتۇن بولىدۇ».

## جىنلارنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا، جىنلار كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىرائىتىگە قۇلاق سالغان ۋە ئۆزلىرى ئاڭلاۋاتقان بۇ سۆزلەرنىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئىمان ئېيتقان ۋە قەۋم-قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ئاڭلىغانلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغان. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى جىنلارنىڭ بۇ ئىشىدىن خەۋەردار قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش يولىدىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئىرادىسىنى

تېخىمۇ كۈچەيتكەن.

ئەينى ۋاقىتتا مۇشرىك ئەرەبلەر «قۇرئان كەرىم»نى تىڭشاشتىن ۋە ئۇنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سېلىشتىن يۈز ئۆرۈگەن بىر پەيتتە، جىنلارنىڭ ئوقۇلۇۋاتقان قۇرئان ئايەتلىرىنى تىڭشاپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ ئىمان ئېيتقانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن تەسەللى ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ خەۋەر ئەرەبلەرنى ئەقلىنى ئىشلىتىشكە ۋە تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيتتى. چۈنكى، بەزى ئەرەبلەرگە قارىغاندا جىنلارنىڭ ئىسلام دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشى تېز بولغان. ھالبۇكى، جىنلار ئىنسان جىنسىدىن ئەمەس، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار بىر ئىنسانغا ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقان يەردە، ئەرەبلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىققان ۋە ئۆزلىرى ناھايىتى ئوبدان تونۇيدىغان بىر پەيغەمبەرگە ئەگىشىشنى خالىمىغانلىقى ۋە ئۆز تىلىدا نازىل قىلىنغان بىر كىتابقا قۇلاق سېلىشتىن باش تارتقانلىقى ھەقىقەتەن ئۈچىغا چىققان ئەقىلسىزلىق ئىدى.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە مۇنداق دېگىن: ماڭا شۇنداق ۋەھيى قىلىندىكى، جىنلاردىن بىر قانچە نەپىرى مەن تىلاۋەت قىلغان قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتقان، ئاندىن ئۇلار ئۆز قەۋمىنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇلارغا تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتقان: «بىز ئىنسان سۆزىگە قەتئىي ئوخشىمايدىغان، ھەتتا ئىلگىرىكى كىتابلاردىن ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايدىغان، تەسىرى ئاجايىپ كۈچلۈك، بەدىئىيلىكتە ئالاھىدە ئۈستۈن بىر قۇرئاننى ئاڭلىدۇق، ئۇ چوقۇم توغرا يولغا، ياخشىلىققا ۋە ھەقىقەتكە باشلايدىغان كىتابتۇر. شۇڭا بىز ئۇ كىتابقا ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئۇ كىتاب نازىل قىلىنغان زات مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئىمان ئېيتتۇق. بىز ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن، رەببىمىزگە ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز، رەببىمىزنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىمىز. بىز رەببىمىزنىڭ ناھايىتى ئۇلۇغ، يەككە-يېگانە بىرلا ئىلاھ ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ئايالىمۇ، بالىسىمۇ يوقلۇقىغا چىن ئىشەندۇق».

مۇجاھىد، ئىكرىمە، قەتادە، سۇددىي قاتارلىق كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر ﴿وَأَنَّهُۥ كَانَ يَقُولُ سَفِيهُنَا عَلَى ٱللَّهِ شَطَطًا﴾ دېگەن ئايەتتىكى «سەفيە» (ئەخمەق) دېگەن سۆزدە شەيتانلارنىڭ پېشۋاسى ئىبلىس كۆزدە

تۇتۇلغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن[1]. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق بولىدۇ: «بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئەخمەق ئىبلىس ‹ئاللاھنىڭ ئايالى بار، بالىسى بار› دېگەنگە ئوخشىغان ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا مەرتىۋىسىگە ۋە يېگانە ئىلاھلىقىغا ھەرگىز لايىق كەلمەيدىغان، ھەقىقەتكە قەتئىي ئۇيغۇن كەلمەيدىغان يالغان سۆزلەرنى قىلاتتى». بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى ‹ئەخمەق› دېگەن سۆزدىن جىنلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇشرىكلار كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن[2]. ئەللامە ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «ئايەتتىكى ‹ئەخمەق› دېگەن سۆزدىن ‹ئاللاھنىڭ بالىسى بار› ياكى ‹ئاللاھنىڭ ئايالى بار› دەپ گۇمان قىلىدىغان ھەرقانداق كاپىر كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى ئېھتىمال»[3].

دېمەك، بۇ بىر قانچە نەپەر جىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان ئوقۇۋاتقانلىقىنى دەسلەپ ئاڭلىغان ۋاقتىدىلا، ئىبلىس قاتارلىق كاپىرلارنىڭ ئېتىقادىدىكى بىر قىسىم خاتالىقلارنى دەرھال بايقىغان. چۈنكى، ئىبلىس ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كاپىرلار ئاللاھ تائالانى مەخلۇقاتقا ئوخشىتىپ تەسەۋۋۇر قىلاتتى، ھەتتا ئاللاھ تائالانىڭ ئايالى ۋە بالىلىرى بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتى. شۇڭا قۇرئان تىلاۋىتىنى ئاڭلىغان جىنلار بۇنى قەۋمىگە يەتكۈزگەن چاغدا، ﴿بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئەخمەق (ئىبلىس) ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق كەلمەيدىغان سۆزلەرنى قىلدى﴾ دېگەن. ئۇلار يەنە قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئەگىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالا توغرۇلۇق نالايىق چۈشەنچىلەردە ۋە خاتا تەسەۋۋۇردا بولغانلىقىغا پۇشايمان قىلغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلارنى ۋە جىنلارنى ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇمايدۇ، دەپ قاراشتا خاتالاشقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

جاھىلىيەتتىكى ئەرەبلەر سەپەرگە چىقىپ، چۆللەردە ياكى قورقۇنچلۇق جايلاردا قونۇپ قالغان چاغلىرىدا، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئەركەك جىنلارغا تۇۋلاپ: «ئى مۇشۇ جاينىڭ كاتتىبېشى! قەۋمىڭنىڭ ئەخمەقلىرىدىن بىرەرسىنىڭ بىزگە چېقىلىپ قويماسلىقى ئۈچۈن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز» دەيتتى. بۇنى ئاڭلىغان جىنلار بىردىنلا ھاكاۋۇرلىشىپ كېتەتتى، ھەددىدىن ئېشىپ كېتەتتى ۋە چاقىرغۇچىنى كۆپ قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىتاتتى. ﴿شەكسىزكى، ئىنسانلاردىن بەزى ئەرلەر بەزى ئەركەك

[1] «تفسير ابن كثير» 8۔ توم، 239۔ بەت.
[2] «تفسير القرطبي» 19۔ توم، 11۔ بەت.
[3] «تفسير ابن كثير» 8۔ توم، 239۔ بەت.

جىنلارغا سىغىنىپ پاناھ تىلەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ جىنلارنىڭ ئازغۇنلۇقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتەتتى﴾ يەنى ئىنسانلاردىن بەزى ئەخمەق كىشىلەر بەزى جىنلاردىن پاناھ تىلەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ جىنلار ھەددىدىن ئېشىپ كېتەتتى ۋە تەكەببۇرلۇقى ئېشىپ ئازغۇنلۇقى كۈچلىنىپ كېتەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قۇرئان تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ مۇسۇلمان بولغان جىنلار ئۆز قەۋمىگە يەنە ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىمۇ خۇددى جىنلارنىڭ ئارىسىدا بولغاندەك توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن ۋە قىيامەت بولمايدۇ، دەپ ئويلايدىغان كاپىرلارنىڭمۇ بارلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن.

جىنلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ دەيدۇكى، بىز پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشىۋېلىش ئۈچۈن ئاسمانغا چىقىشقا ئۇرۇنغان ئىدۇق. ئەمما ئاسمانغا يېقىنلاشقان چېغىمىزدا، ئۇنىڭ ھەممە تەرىپى پەرىشتىلەردىن بولغان ناھايىتى كۈچلۈك قوغدىغۇچىلار بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئوغرىلىقچە تىڭشىماقچى بولغانلارنى ئېتىش ئۈچۈن تەييار تۇرغانلىقىنى ۋە كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارنىڭمۇ ئېتىپ چۈشۈرۈشكە تەييار ئىكەنلىكىنى كۆردۇق. چۈنكى، بۇرۇن بىز پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاش ئۈچۈن ئاسماننىڭ ئولتۇرۇشقا بولىدىغانلىكى يەرلىرىدە ئولتۇراتتۇق. بۇ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرى ئىدى. ئەمما ھازىر كىمكى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاش ئۈچۈن ئاسمانغا چىقىدىكەن، ئۇنى كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار دەرھال ئېتىپ چۈشۈرىدۇ. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەري ﴿وَأَنَّا لَا نَدۡرِيٓ أَشَرٌّ أُرِيدَ بِمَن فِي ٱلۡأَرۡضِ أَمۡ أَرَادَ بِهِمۡ رَبُّهُمۡ رَشَدٗا﴾ دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: «ئاللاھ بىزنى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشتىن مەنئى قىلىشتا ۋە ئارىمىزدىن كىم ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالماقچى بولسا، ئۇنى كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارغا ئەمر قىلىپ ئېتىپ چۈشۈرۈشتە يەر يۈزىدىكىلەرگە ئازاب چۈشۈرۈشنى ئىرادە قىلغانمۇ ياكى ئۇلارغا بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاشنى ئىرادە قىلغانمۇ؟ بۇ تەرىپىنى بىز بىلمەيمىز»[1] دەپ تەپسىر قىلغان.

جىنلار دەيدۇكى، يەنە شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىمىزكى، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغان مۇئمىنلەرمۇ

[1] «تفسير الطبري» 23ـ توم، 659ـ بەت.

بار، ئاللاھ تائالانى تونۇمايدىغان كاپىرلارمۇ بار. توغرىسىنى ئېيتساق، بىز تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈنگەن ئىدۇق. بىز ئەمدى شۇنداق ئىشەندۇقكى، دۇنيانىڭ قانداقلا يېرىدە بولايلى، ئاللاھ تائالانىڭ قولىدىن قېچىپ كېتەلمەيمىز، ئۇنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايمىز، ئاسمانغا چىقىۋالساقمۇ ئۇنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايمىز. چۈنكى، ھەممە جاي ئۇنىڭ ئىلكىدە ۋە باشقۇرۇشى ئاستىدىدۇر.

ھەقىقەت شۇكى، بىز ھىدايەتنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىسى بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ دەرھال ئىمان ئېيتتۇق. شۇ ئېنىقكى، كىمكى رەببىگە ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ نە مۇكاپاتىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن، نە جازاسى كۆپەيتىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلىنىشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھېچكىمگە قىلچىلىكمۇ ئۇۋال قىلمايدۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغانلار مۇكاپاتىنى، يامان ئىش قىلغانلار جازاسىنى ئالىدۇ. مۇئمىن ئادەمنىڭ ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتى ھەرگىز كېمەيتىلمەيدۇ، بەلكى تولۇق بېرىلىدۇ. بىزدىن مۇسۇلمانلارمۇ بولغىنىدەك توغرا يولدىن ئاداشقانلارمۇ بار. ئەمما مۇسۇلمانلار ئەخلاقلىق كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئادالەتنى ياخشى كۆرىدىغان، ھەقىقەتنى ياقلايدىغانلاردۇر. شۇڭا ئۇلار ھەقىقەتكە ئەگەشتى ۋە ئىمان ئېيتتى. توغرا يولدىن چىققانلار بولسا ھەقىقەتنىڭ، ئادالەتنىڭ ۋە ئىززەت-ھۆرمەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن چىققانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بارىدىغان يېرى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاخقا ئوتۇن ۋە يېقىلغۇ بولىدۇ.

يۇقىرىقىلار جىنلارنىڭ تىلى ئارقىلىق بىزگە يەتكۈزۈلگەن ئىسلام ھەقىقەتلىرى بولۇپ، بۇلار بىزنىڭ كۆپلىگەن مەنىۋى كېسەللىكلىرىمىزگە شىپا بولىدۇ ۋە كۆپلىگەن خاتا چۈشەنچىلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسان ۋە جىن ھەممىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇر.

2. «قۇرئان كەرىم» يۇقىرى مەرتىۋىلىك، تەڭداشسىز كىتابتۇر.

3. جىنلارنىڭ ئىچىدە مۇئمىن كىشىلەرمۇ بولغىنىدەك، كاپىرلارمۇ بار.

4. جىنلاردىن ياردەم تىلەشكە بولمايدۇ. جىنلارنى ئىشقا سېلىپ غەيبنى بىلگەنلىك دەۋاسىنى قىلىدىغان رەمچىلەرنىڭ ۋە پالچىلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگەن ئادەم ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ.

5. ئادالەت ساماۋى دىنىنىڭ ئاساسىدۇر.

### ◄ پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامغا ئىلاھىي كۆرسەتمىلەر

﴿وَأَلَّوِ ٱسْتَقَـٰمُوا۟ عَلَى ٱلطَّرِيقَةِ لَأَسْقَيْنَـٰهُم مَّآءً غَدَقًا ﴿١٦﴾ لِّنَفْتِنَهُمْ
فِيهِ ۚ وَمَن يُعْرِضْ عَن ذِكْرِ رَبِّهِۦ يَسْلُكْهُ عَذَابًا صَعَدًا ﴿١٧﴾ وَأَنَّ
ٱلْمَسَـٰجِدَ لِلَّهِ فَلَا تَدْعُوا۟ مَعَ ٱللَّهِ أَحَدًا ﴿١٨﴾ وَأَنَّهُۥ لَمَّا قَامَ عَبْدُ
ٱللَّهِ يَدْعُوهُ كَادُوا۟ يَكُونُونَ عَلَيْهِ لِبَدًا ﴿١٩﴾ قُلْ إِنَّمَآ أَدْعُوا۟ رَبِّى
وَلَآ أُشْرِكُ بِهِۦٓ أَحَدًا ﴿٢٠﴾ قُلْ إِنِّى لَآ أَمْلِكُ لَكُمْ ضَرًّا وَلَا رَشَدًا
﴿٢١﴾ قُلْ إِنِّى لَن يُجِيرَنِى مِنَ ٱللَّهِ أَحَدٌ وَلَنْ أَجِدَ مِن دُونِهِۦ مُلْتَحَدًا
﴿٢٢﴾ إِلَّا بَلَـٰغًا مِّنَ ٱللَّهِ وَرِسَـٰلَـٰتِهِۦ ۚ وَمَن يَعْصِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَإِنَّ
لَهُۥ نَارَ جَهَنَّمَ خَـٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ﴿٢٣﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا رَأَوْا۟ مَا يُوعَدُونَ
فَسَيَعْلَمُونَ مَنْ أَضْعَفُ نَاصِرًا وَأَقَلُّ عَدَدًا ﴿٢٤﴾ قُلْ إِنْ أَدْرِىٓ
أَقَرِيبٌ مَّا تُوعَدُونَ أَمْ يَجْعَلُ لَهُۥ رَبِّىٓ أَمَدًا ﴿٢٥﴾ عَـٰلِمُ ٱلْغَيْبِ فَلَا
يُظْهِرُ عَلَىٰ غَيْبِهِۦٓ أَحَدًا ﴿٢٦﴾ إِلَّا مَنِ ٱرْتَضَىٰ مِن رَّسُولٍ فَإِنَّهُۥ يَسْلُكُ
مِنۢ بَيْنِ يَدَيْهِ وَمِنْ خَلْفِهِۦ رَصَدًا ﴿٢٧﴾ لِّيَعْلَمَ أَن قَدْ أَبْلَغُوا۟ رِسَـٰلَـٰتِ
رَبِّهِمْ وَأَحَاطَ بِمَا لَدَيْهِمْ وَأَحْصَىٰ كُلَّ شَىْءٍ عَدَدًۢا ﴿٢٨﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

16-17- ئەگەر ئۇلار توغرا يولدا بولسا ئىدى، ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرەتتۇق (بۇ ئارقىلىق رىزقىنى كەڭ قىلاتتۇق)، كىمكى رەببىنىڭ زىكرى (قۇرئان) دىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، رەببى ئۇنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدۇ.

18- شەكسىزكى، مەسجىدلەر ئاللاھ ئۈچۈندۇر، سىلەر (ئۇ مەسجىدلەردە) ئاللاھقا ھېچكىمنى شېرىك قىلىپ ئىبادەت قىلماڭلار.

19- ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام) ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن (نامازغا) تۇرغاندا، جىنلار (قۇرئان ئاڭلاش ئۈچۈن)

ئۆلتۈشۈپ كېلىپ، ئۇنى بېسىۋېلىشقا تاس قالدۇ.

20ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «مەن رەببىمگىلا ئىبادەت قىلىمەن، ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن».

21ـ ئېيتقىنكى، «مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈشكە ئىگە بولالمايمەن».

22ـ ئېيتقىنكى، «(ئەگەر ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلسام) شەكسىزكى، مېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ، ئاللاھتىن باشقا ھېچ پاناھگاھمۇ تاپالمايمەن.

23ـ مەن پەقەت ئاللاھنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈشكىلا قادىرمەن، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن، شەكسىزكى، ئۇنىڭغا مەڭگۈ قالىدىغان دوزاخ ئوتى بار.

24ـ نىھايەت، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنى كۆرگەن چاغدا، كىمنىڭ ياردەمچىسى ئاجىز ۋە سانى ئاز ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ».

25ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب يېقىنمۇ ياكى رەببىم ئۇنىڭغا ئۇزاق بىر مۇددەتنى بەلگىلەمدۇ، مەن ئۇقمايمەن.

26ـ ئاللاھ غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ئۆزىگە خاس سىرلارنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىمايدۇ.

27ـ پەقەت ئۇزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبلەرنى) ئاشكارىلايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىسىغا چوقۇم مۇھاپىزەتچى (پەرىشتىلەرنى) سېلىپ قويىدۇ.

28ـ(بۇنداق قىلىش) پەيغەمبەرلەرنىڭ رەببىنىڭ دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچى ۋە ھەممە نەر-سىنىڭ سانىنى تولۇق ئىگىلىگۈچى ئىكەنلىكىنى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسا-لامنىڭ) بىلىشى ئۈچۈندۇر».

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە مۇنداق دېگىن: ماڭا شۇنداق ۋەھيى قىلىندىكى، ئەگەر ئىنسانلار ۋە جىنلار ئىمان ئېيتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ پارلاق يولىدا ئىزچىل ماڭىدىغان بولسا ئىدى، بىز ئەلۋەتتە ئۇلارغا مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرەتتۇق، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلاتتۇق،

تۇرمۇشىنى پاراۋان قىلاتتۇق. ﴿وَلَوۡ أَنَّ أَهۡلَ ٱلۡقُرَىٰٓ ءَامَنُواْ وَٱتَّقَوۡاْ لَفَتَحۡنَا عَلَيۡهِم بَرَكَٰتٖ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِ﴾ يەنى ﴿(پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (گۇناھ-مەئسىيەتتىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارغا ئاسمان-زېمىننىڭ بەرىكەتلىرىنى ياغدۇرۇپ بېرەتتۇق. لېكىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) يالغانغا چىقاردى، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق﴾[1]، ﴿وَلَوۡ أَنَّهُمۡ أَقَامُواْ ٱلتَّوۡرَىٰةَ وَٱلۡإِنجِيلَ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِم مِّن رَّبِّهِمۡ لَأَكَلُواْ مِن فَوۡقِهِمۡ وَمِن تَحۡتِ أَرۡجُلِهِمۚ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇلار تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە رەببى تەرىپىدىن ئۇلارغا نازىل قىلىنغان (قۇرئان ئايەتلىرى)گە ئەمەل قىلسا ئىدى، ئۇلار چوقۇم ئۈستىدىن ۋە ئايىغى ئاستىدىن (بېرىلگەن رىزىقنى) يەيتتى﴾ [2].

بىز ئۇلارغا بۇ نېمەتلەرنى ئۇلارنىڭ نېمەت بەرگۈچىگە قانداق شۈكۈر قىلىدىغانلىقىنى سىناش ئۈچۈن ئاتا قىلاتتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۈچۈن بىر سىناق باسقۇچى باشلىناتتى. چۈنكى، ئىنسانلارغا بېرىلىدىغان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىدە سىناق بولىدۇ. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿هَٰذَا مِن فَضۡلِ رَبِّي لِيَبۡلُوَنِيٓ ءَأَشۡكُرُ أَمۡ أَكۡفُرُ﴾ يەنى ﴿بۇ رەببىمنىڭ مېنى شۈكۈر قىلامدۇ ياكى تۇزكورلۇق قىلامدۇ دەپ سىناش ئۈچۈن ماڭا قىلغان پەزلىدۇر﴾[3] دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. شۇ ئېنىقكى، كىمكى رەببىگە تائەت-ئىبادەت قىلىشتىن، ئۇنى ياد ئېتىشتىن، ئۇنىڭ سۆزى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇپ، ئاڭلاپ، مەنىسىنى چۈشىنىپ ئەمەل قىلىشتىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ چوقۇم دوزاخقا كىرىدۇ، دوزاخ ئوتىدا قاتتىق ئازابلىنىدۇ.

مەسجىدلەر ئاللاھ تائالا ئۈچۈن، ئاللاھ تائالاغا خالىس ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن سېلىنىدۇ، مەسجىدلەردە ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش، ئاللاھ تائالاغا زىكىر ۋە تەسبىھ ئېيتىش، تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىش، ۋەز-نەسىھەت ئاڭلاش، ئىلىم تەھسىل قىلىش قاتارلىق ئىبادەتلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا مەسجىدلەردە ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشكە ۋە دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەمەللەرنى قىلىشقا بولمايدۇ. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەريي قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئىبادەتخانىلىرىغا كىرسە،

[1] ئەئراف سۈرىسى:96- ئايەت.
[2] مائىدە سۈرىسى:66- ئايەت.
[3] نەمل سۈرىسى:40- ئايەت.

ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرەتتى، شۇڭا ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسجىدلەردە ئىبادەتنى ۋە دۇئانى ئاللاھقا خالىس قىلىشقا بۇيرۇغان»[1].

ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە ھەق پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام رەببىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن نامازغا تۇرغان چاغلىرىدا، جىنلار ئۇنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئولىشىپ كېلىپ چوڭ بىر قىستىلاڭچىلىق پەيدا قىلاتتى، ھەتتا ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بېسىۋېلىشقا تاس قالاتتى.

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: ئاللاھنىڭ بەندىسى - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىۋاتقان چاغلاردا، ئىنسان ۋە جىنلاردىن بولغان كاپىرلار ئۇنىڭ دەۋىتىنى توسۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ كېتىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا بۇ كاپىرلار قانچىلىك يامان كۆرسىمۇ، ئۆزىنىڭ نۇرىنى چوقۇم مۇكەممەل قىلىدۇ ۋە دىنىنى ۋايىغا يەتكۈزىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، سىلەرگە نېمە بولدى؟ مەن سىلەرگە نېمە يامانلىق قىلدىم؟ مەن پەقەت رەببىم تاپشۇرغان ئەلچىلىك ۋەزىپەمنى ئورۇنداش يولىدا سىلەرگە دىنىنى يەتكۈزدۈم، سىلەرگە ياخشىلىق تىلىدىم. مەن بولسام يالغۇز رەببىمگە ئىبادەت قىلىمەن، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن. مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمدىن سىلەرگە ھېچبىر زىيان يوق. سىلەر نېمە ئۈچۈن ماڭا بۇنچىلىك قارشى تۇرىسىلەر، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمگە توسقۇنلۇق قىلماقچى بولىسىلەر؟ ھالبۇكى، پايدا ياكى زىيان يەتكۈزۈش مېنىڭ قولۇمدا ئەمەس، ئۇ پەقەت رەببىمنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا يەنە ئېيتقىنكى، مەن زادى قانداق قىلىمەن؟ ئەگەر سىلەرنى ياخشىلىققا، ھەق دىنغا دەۋەت قىلمىسام، رەببىمنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىسام، رەببىم مېنى جازالايدۇ. ناۋادا رەببىم مېنى جازالاپ قالسا، مېنى ھېچكىم ئۇنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالالمايدۇ، ئۇ چاغدا مەن رەببىمدىن باشقا بىرەر پاناھگاھمۇ تاپالماي قالىمەن. مەن پەقەت ھەق دىنغا دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇلغان بىر ئەلچىمەن، مەن بۇ ۋەزىپەمنى چوقۇم ئورۇندىشىم كېرەك. ئەگەر ئورۇندىمىسام رەببىم مېنى جازالىسا، سىلەر ماڭا نېمە قىلىپ بېرەلەيسىلەر؟ مېنى رەببىمنىڭ جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالالامسىلەر؟ ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايسىلەر. مەن

[1] «تفسير الطبري» 23ـ توم، 666ـ بەت.

سىلەرگە ھەق دىننى يەتكۈزۈشتىن باشقىسىغا ئىگە ئەمەسمەن. ھەق دىننىڭ دەۋىتىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ۋە توغرا يولغا كىرگەن ئادەمنى رەببىم جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئەمما كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن، ھەق دىننىڭ دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى ئاڭلاشتىن، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈلۈك ئازابلىنىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئاز-تولا كۈچ-قۇۋۋىتىگە ۋە قەۋم-قېرىنداشلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە ئىشىنىپ، ئۆزلىرىنى قۇدرەتلىك سانىغانلىقتىن، تېخىچە سېنى ۋە سەن بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ، سېنىڭ ئۇلارغا قىلغان ئاگاھلاندۇرۇشلىرىڭنى ۋە ئاخىرەت ھاياتىنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ كۇفرلىقى ۋە مەسخىرىسى ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنى كۆرگەنگە قەدەر داۋاملىشىدۇ. ئۇلار ئازابنى كۆرگەن ۋاقتىدا، كىمنىڭ ياردەمچىلىرى ئاجىز ۋە سانى ئاز ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ. شۇ چاغدىلا ئۇلار مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى پىرقىنىڭ قايسىسى توغرا يولدا ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىپ قالىدۇ.

مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەت بار، كاپىرلارغا ئازاب بار، دېگەن سۆزلىرىگە ئىشەنمەيتتى، ئۇنىڭ كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرغان سۆزلىرىنى مەسخىرە قىلىپ، قېنى ئۇ بىزنى قورقۇتۇۋاتقان ئازاب؟ ئۇ ئازاب قاچان كېلىدۇ؟ دەيتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇغان: سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ ۋاقتىنى مەن بىلمەيمەن. ئۇنىڭ ۋاقتىنى پەقەت رەببىم ئۆزىلا بىلىدۇ. ئەمما بۇ ئازابنىڭ سىلەرگە چۈشىدىغانلىقىدا قىلچە شەك يوق. ئۇنىڭ ۋاقتى يېقىنمۇ؟ ياكى رەببىم ئۇنى ئۇزۇن بىر مۇددەتلىك قىلىپ بەلگىلىدىمۇ؟ بۇنى مەن بىلمەيمەن. كېلەچەكتە بولىدىغان ئىشلارنى، غەيبنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە خاس سىرلارنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەيدۇ. پەقەت پەيغەمبەرلىرى ئارىسىدىن ئۆزى بىلدۈرۈشنى خالىغان ۋە ئۆزى مەمنۇن بولغان زاتلارغىلا بەزى غەيبلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەت ئىشلىرىدا بىلىشكە موھتاج بولغان مەسىلىلىرى دائىرىسىدە بولىدۇ. ئەمما باشقا غەيبلەرنى ئۇلارغا بىلدۈرمەيدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالا غەيبلەرنى نە ئىنسانلارغا، نە جىنلارغا، نە پەرىشتىلەرگە بىلدۈرمەيدۇ. ئەھۋال بۇنداق تۇرسا، ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ئارىسىدىكى غەيبنى بىلىمەن

دەپ كىشىلەرنى ئالدايدىغان كاززاپلار نېمىنى بىلسۇن؟ ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھېچ نېمىنى بىلمەيدۇ. ﴿وَعِندَهُۥ مَفَاتِحُ ٱلۡغَيۡبِ لَا يَعۡلَمُهَآ إِلَّا هُوَۚ﴾ يەنى ﴿غەيبنىڭ ئاچقۇچلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا ئاللاھ بىلىدۇ﴾ [1].

خۇلاسە قىلغاندا، غەيبنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئاللاھ تائالا بۇ غەيبلەرنى نە ئىنسان، نە جىن، نە پالچى، نە ئالىم ھېچكىمگە بىلدۈرمەيدۇ. پەقەت پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆزى بىلدۈرۈشنى خالىغان كىشىلەرگە بەزى غەيبلەرنى بىلدۈرىدۇ، خالاس. پەيغەمبەرلەرگە بىلدۈرۈلگەن غەيبلەر ئۇلارغا ۋەھيى ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلار شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىشەنچلىك خەۋەرلەردۇر. پەيغەمبەرلەر تاپشۇرۇپ ئالغان بۇ ۋەھيىلەر ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن، ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇلدا ۋە ئەڭ ھوشيارلىق بىلەن ساقلانغان بولۇپ، بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەھيىلەردىن بەزىسىنى ئۇنتۇپ قېلىشى ياكى باشقا سۆزلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشى ۋەياكى خاتالىققا يول قويۇشى مۇمكىن ئەمەس. ﴿ئۇنىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىسىغا چوقۇم مۇھاپىزەتچى (پەرىشتىلەرنى) سېلىپ قويىدۇ. (بۇنداق قىلىش) پەيغەمبەرلەرنىڭ رەببىنىڭ دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچى ۋە ھەممە نەرسىنىڭ سانىنى تولۇق ئىگىلىگۈچى ئىكەنلىكىنى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) بىلىشى ئۈچۈندۇر»﴾ دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالدىغا، ئارقىسىغا ۋە ھەممە تەرىپىگە مۇھاپىزەتچى پەرىشتىلەرنى بەلگىلەپ قويغان بولۇپ، بۇ پەرىشتىلەر ئۇلارنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن، شەيتاننىڭ زىيانكەشلىكىدىن ۋە ھەرقانداق بىر خاتالىقنى سادىر قىلىشتىن قوغداپ تۇرىدۇ. قىسقىسى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرگە قىلغان ۋەھيىلەرنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ، بەلكى ئۇنى ساقلاش ۋە قوغداشقا كاپالەت قىلىدۇ. ﴿إِنَّ عَلَيۡنَا جَمۡعَهُۥ وَقُرۡءَانَهُۥ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئۇنى (سېنىڭ دىلىڭغا) توپلاش ۋە ئۇنى ساڭا ئوقۇتۇش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر﴾[2] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھ تائالا تاپشۇرغان ۋەھيىلەرنى ئۈممەتلىرىگە تولۇق يەتكۈزۈپ، بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى مۇكەممەل ئادا قىلغانلىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىنى

---

[1] ئەنئام سۈرىسى:59-ئايەت.
[2] قىيامەت سۈرىسى:17-ئايەت.

ۋە بارلىق ئىشلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممە نەرسىنىڭ سانىنى تولۇق ئېگىلەپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىشى ئۈچۈندۇر.

مۇپەسسىرلەر ﴿لِّيَعْلَمَ أَن قَدْ أَبْلَغُواْ رِسَـٰلَـٰتِ رَبِّهِمْ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «قەتادە بۇ ئايەتكە ‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى يەتكۈزگەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈندۇر› دەپ مەنە ئىبېتقان، يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ‹مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق دىننى تولۇق يەتكۈزگەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈندۇر› دەپ مەنە ئىبېتقان، يەنە بەزىسى ‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى يەتكۈزگەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈندۇر› دەپ مەنە ئىبېتقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالدىنقىسى كۈچلۈكتۇر»[1].

بۇ سۈرە غەيبنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغانلىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ بەزى غەيبلەرنى پەقەت ئۆزى بىلدۈرۈشنى خالىغان پەيغەمبەرلىرىگىلا بىلدۈرىدىغانلىقىنى جاكارلاش بىلەن ئاخىرلاشقان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، جىنلار، غەيبنى بىلىمەن دەپ كىشىلەرنى ئالدايدىغان رەمچىلەر، پالچىلار، جىنگە ۋە ئالقانغا ئوقۇيدىغانلار شەكسىز كاززاپلار بولۇپ، ئۇلار غەيبنى ھەرگىز بىلمەيدۇ، ئۇلار بەزى ئىنسانلارنى ئالداش ئۈچۈن ئاشۇنداق يالغان سۆزلەرنى قىلىدۇ، خالاس.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلام يولىدا ئىزچىل يۈرۈش دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتنىڭ كېپىلىدۇر.

2. پۇل-مال ئاللاھ تائالانىڭ سىنىقى بولۇپ، بۇ سىناقتىن ئۆتۈپ چىقىدىغانلار بەكمۇ ئازدۇر.

3. ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىش قەتئىي ھارامدۇر، خۇسۇسەن، مەسجىدلەردە ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ دۇئا قىلىشنىڭ گۇناھى بەكمۇ ئېغىردۇر. چۈنكى، مەسجىدلەر ئاللاھ تائالانىڭ زىكرى ئۈچۈن بىنا قىلىنغان ئىبادەت ئۆيلىرىدۇر.

4. ھەممىنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تائالادۇر. شۇڭا بارلىق ھاجەتلەرنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىدىنلا تىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ.

---

[1] «تفسير الطبري» 23- توم، 674 - بەت.

5. ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىش مەڭگۈلۈك ئازابقا سەۋەب بولىدۇ.

6. غەيبنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا بىلدۈرۈشكە ئۆزى رازى بولغان پەيغەمبەرلىرىدىن بەزىسىگە بەزى غەيبلەرنى بىلدۈرىدۇ.

7. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى چەكسىز بولۇپ، ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا مەخپىي ئەمەستۇر.

# مۇززەممىل سۈرىسى

مۇززەممىل سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 20 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەنىۋى جەھەتتىن كۈچلەندۈرۈش ئارقىلىق ئىسلام دەۋىتىنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشتە مۇستەھكەم قىلىش يولىدا ئۇنىڭغا بېرىلگەن بەزى ئىلاھىي تەلىماتلارنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام-نى چىدامچانلىققا رىغبەتلەندۈرۈش، مۇشرىكلارنى كەلگۈسىدىكى ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دەۋەت يولىدا مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قىيىنچىلىقلارغا ۋە توسقۇنلۇقلارغا تاقابىل تۇرۇشتىكى كۈچ-قۇۋۋىتىنى ۋە چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايىتىدە كەلگەن ﴿يۆگىنىۋالغۇچى﴾ دېگەن مەنىدىكى ﴿ٱلْمُزَّمِّلُ﴾ «ئەل مۇززەممىل» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

## ◄ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىلاھىي تەلىماتلار

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡمُزَّمِّلُ ﴿١﴾ قُمِ ٱلَّيۡلَ إِلَّا قَلِيلٗا ﴿٢﴾ نِّصۡفَهُۥٓ أَوِ ٱنقُصۡ مِنۡهُ
قَلِيلًا ﴿٣﴾ أَوۡ زِدۡ عَلَيۡهِ وَرَتِّلِ ٱلۡقُرۡءَانَ تَرۡتِيلًا ﴿٤﴾ إِنَّا سَنُلۡقِي عَلَيۡكَ
قَوۡلٗا ثَقِيلًا ﴿٥﴾ إِنَّ نَاشِئَةَ ٱلَّيۡلِ هِيَ أَشَدُّ وَطۡـٔٗا وَأَقۡوَمُ قِيلًا ﴿٦﴾ إِنَّ
لَكَ فِي ٱلنَّهَارِ سَبۡحٗا طَوِيلٗا ﴿٧﴾ وَٱذۡكُرِ ٱسۡمَ رَبِّكَ وَتَبَتَّلۡ إِلَيۡهِ
تَبۡتِيلٗا ﴿٨﴾ رَّبُّ ٱلۡمَشۡرِقِ وَٱلۡمَغۡرِبِ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ فَٱتَّخِذۡهُ وَكِيلٗا
﴿٩﴾ وَٱصۡبِرۡ عَلَىٰ مَا يَقُولُونَ وَٱهۡجُرۡهُمۡ هَجۡرٗا جَمِيلٗا ﴿١٠﴾ وَذَرۡنِي

وَٱلْمُكَذِّبِينَ أُوْلِى ٱلنَّعْمَةِ وَمَهِّلْهُمْ قَلِيلًا ﴿١١﴾ إِنَّ لَدَيْنَآ أَنكَالًا
وَجَحِيمًا ﴿١٢﴾ وَطَعَامًا ذَا غُصَّةٍ وَعَذَابًا أَلِيمًا ﴿١٣﴾ يَوْمَ تَرْجُفُ ٱلْأَرْضُ
وَٱلْجِبَالُ وَكَانَتِ ٱلْجِبَالُ كَثِيبًا مَّهِيلًا ﴿١٤﴾ إِنَّآ أَرْسَلْنَآ إِلَيْكُمْ رَسُولًا
شَٰهِدًا عَلَيْكُمْ كَمَآ أَرْسَلْنَآ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ رَسُولًا ﴿١٥﴾ فَعَصَىٰ فِرْعَوْنُ
ٱلرَّسُولَ فَأَخَذْنَٰهُ أَخْذًا وَبِيلًا ﴿١٦﴾ فَكَيْفَ تَتَّقُونَ إِن كَفَرْتُمْ يَوْمًا
يَجْعَلُ ٱلْوِلْدَٰنَ شِيبًا ﴿١٧﴾ ٱلسَّمَآءُ مُنفَطِرٌۢ بِهِۦ ۚ كَانَ وَعْدُهُۥ مَفْعُولًا
﴿١٨﴾ إِنَّ هَٰذِهِۦ تَذْكِرَةٌ ۖ فَمَن شَآءَ ٱتَّخَذَ إِلَىٰ رَبِّهِۦ سَبِيلًا ﴿١٩﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئى يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!)

2ـ4ـ كېچىنىڭ كۆپ قىسمىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا، ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن، قۇرئاننى دانە-دانە ئوچۇق ئوقۇغىن.

5ـ ساڭا بىز يېقىندا ھەقىقەتەن (مەسئۇلىيىتى) ئېغىر قۇرئاننى نازىل قىلىمىز.

6ـ شەكسىزكى، كېچىدە تۇرۇپ (ئىبادەت قىلىش قەلبكە) ئەڭ تەسىرلىكتۇر، قىرائەت قىلىشقا ئەڭ مۇناسىپتۇر.

7ـ ھەقىقەتەن كۈندۈزدە ساڭا ئۇزۇن بىر مەشغۇلىيەت بار.

8ـ رەببىڭنىڭ ئىسمىنى ياد ئەتكىن، ئۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن يۈزلەنگىن.

9ـ ئۇ مەشرىقنىڭمۇ، مەغرىبنىڭمۇ رەببىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر. (بارلىق ئىشىڭنى) ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن.

10ـ سەن كاپىرلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن ۋە ئۇلارنى چىرايلىقچە تەرك ئەتكىن.

11ـ (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچى دۆلەتمەنلەرنى ماڭا قويۇپ بەرگىن، ئۇلارغا بىرئاز مۆھلەت بەرگىن.

12-13- شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا (ئۇلار ئۈچۈن ھازىرلانغان) ئېغىر ئىشكەللەر، دوزاخ، گالغا تۇرۇپ قالىدىغان تاماق ۋە قاتتىق ئازاب بار.

14- ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) زېمىن ۋە تاغلار قاتتىق تەۋرەيدۇ، تاغلار كۆچمە قۇم بارخانلىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

15- شۈبھىسىزكى، بىز پىرئەۋنگە پەيغەمبەر ئەۋەتكەندەك، سىلەرگىمۇ (ئەھلى مەككىلەرگە) گۇۋاھلىق بېرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.

16- پىرئەۋن پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلغان ئىدى، بىز ئۇنى قاتتىق جازالىدۇق.

17-18- (ئى كاپىرلار!) ئەگەر كۇفرىلىقتا چىڭ تۇرساڭلار، (دەھشىتىدىن) باللارنىڭ بېشىغا ئاق كىرگۈزۈۋېتىدىغان، ئاسمان يېرىلىدىغان كۈندىكى ئازابتىن قانداق ساقلىنىسىلەر؟ ئاللاھنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

19- بۇ ئايەتلەر ھەقىقەتەن نەسىھەتتۇر، خالىغان ئادەم رەببىگە (يەتكۈزىدىغان) يولنى تۇتسۇن.

## ◄ تەپسىرى

ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغان پەيغەمبەر! سەن كېچىنىڭ كۆپ قىسمىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغىن، نامازدا قۇرئاننى ھەربىر ئايەتنىڭ ھەرپلىرىنى تولۇق چىقىرىپ دانە-دانە ۋە ئوچۇق ئوقۇغىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن ھەر كېچىسى يېرىم كېچىدە، بەزىدە كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى قالغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ، تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشقا ئادەتلەنگەن ئىدى. ﴿وَمِنَ ٱلَّيۡلِ فَتَهَجَّدۡ بِهِۦ نَافِلَةٗ لَّكَ عَسَىٰٓ أَن يَبۡعَثَكَ رَبُّكَ مَقَامٗا مَّحۡمُودٗا﴾ يەنى ﴿ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئويغىنىپ، ناماز ئوقۇغىن، رەببىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ماقامغا كۆتۈرىدىغانلىقى ئېنىقتۇر﴾ [1].

سەئىد ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿ئى يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر)! كېچىنىڭ كۆپ قىسمىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا، ياكى يېرىمىدىن

[1] ئىسرا سۈرىسى:79-ئايەت.

كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن، قۇرئاننى دانە-دانە ئوچۇق ئوقۇغىن﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىدە تۇرۇپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشنى ئون يىل داۋاملاشتۇردى، ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدىن بەزى كىشىلەرمۇ شۇنداق قىلدى. ئون يىلدىن كېيىن، ئاللاھ ﴿إِنَّ رَبَّكَ يَعْلَمُ أَنَّكَ تَقُومُ أَدْنَىٰ مِن ثُلُثَيِ ٱلَّيْلِ وَنِصْفَهُۥ وَثُلُثَهُۥ وَطَآئِفَةٌ مِّنَ ٱلَّذِينَ مَعَكَ ۚ وَٱللَّهُ يُقَدِّرُ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ ۚ عَلِمَ أَن لَّن تُحْصُوهُ فَتَابَ عَلَيْكُمْ ۖ فَٱقْرَءُوا۟ مَا تَيَسَّرَ مِنَ ٱلْقُرْءَانِ ۚ عَلِمَ أَن سَيَكُونُ مِنكُم مَّرْضَىٰ ۙ وَءَاخَرُونَ يَضْرِبُونَ فِى ٱلْأَرْضِ يَبْتَغُونَ مِن فَضْلِ ٱللَّهِ ۙ وَءَاخَرُونَ يُقَٰتِلُونَ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ۖ فَٱقْرَءُوا۟ مَا تَيَسَّرَ مِنْهُ ۚ وَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُوا۟ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَقْرِضُوا۟ ٱللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا ۚ وَمَا تُقَدِّمُوا۟ لِأَنفُسِكُم مِّنْ خَيْرٍ تَجِدُوهُ عِندَ ٱللَّهِ هُوَ خَيْرًا وَأَعْظَمَ أَجْرًا ۚ وَٱسْتَغْفِرُوا۟ ٱللَّهَ ۖ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌۢ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئەلۋەتتە، رەببىڭ سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغان بىر توپ كىشىنىڭ كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، يېرىمىدا ۋە ئۈچتىن بىر قىسمىدا (تەھەججۇد نامىزىغا) تۇرىدىغانلىقىڭنى بىلىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ مىقدارىنى بەلگىلىگەن ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۇنى ھېسابلاپ بولالمايدىغانلىقىڭلارنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن (تەھەججۇد نامىزىنىڭ پەرزلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئارقىلىق) سىلەرگە رەھىم قىلدى﴾ [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىش ئارقىلىق ئۇلاردىن بۇ ئىبادەتنى يەڭگىللەتتى»[2]. بۇ ئايەتلەردىكى خىتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنى جىسماني جەھەتتىن جاپا-مۇشەققەتلەرگە چىداملىق، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا سەۋرچان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى، ئۇلارنى يەنە مەنىۋى جەھەتتىن تەربىيەلەپ يۈكسەلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ جىسماني ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن كۈچلۈك، چىداملىق بولۇشى زۆرۈردۇر.

شەك-شۈبھىسىزكى، كېچىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇش ئادەمگە ئېغىر كېلىدىغان قىيىن ئىشتۇر. ئەمما بۇنداق قىلىش بەدەننى مۇشەققەتكە چىداملىق قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش، ئىرادىنى كۈچەيتىش، روھنى يۈكسەلدۈرۈش رولىغا ئىگە. كېچە نامىزى يەنە رىيادىن يىراق بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىق ھاسىل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دەۋىتىنى دەسلەپ باشلىغان ۋاقىتتا، ئۇ

---

[1] مۇززەممىل سۈرىسى: 20-ئايەت.

[2] «تفسيرابن كثير» 8- توم، 255- ئايەت.

ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان قىيىنچىلىقلارغا، نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرگە ۋە ھەر تۈرلۈك دۈشمەنلىكلەرگە يولۇققان ئىدى. بۇلارنى يېڭىپ چىقىشنىڭ يولى ئۆزىنى جاپاغا كۆندۈرۈش، ئىرادىسىنى كۈچەيتىش، ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداپ، كېچىلەردىكى تاتلىق ئۇيقۇسىنىڭ لەززىتىدىن كېچىپ، ئۇزۇلۇكسىز تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ئۆزىنى جاپاغا كۆندۈرۈش ئارقىلىق شۇنداق مۇكەممەل يېتىشكەن، ساھابىلىرىنىمۇ شۇنداق يېتىشتۈرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىلىرى تەھەججۇد نامىزىدا قىيامدا كۆپ تۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ كېچىدە نامازدا ئۇزۇن تۇرۇپ پۇتلىرى ئىششىپ كەتكەن ئىدى. مەن ئۇنىڭغا ‹يارەسۇلۇللاھ! ئاللاھ سىلىنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان تۇرسىمۇ، ئۆزلىرىنى شۇنچە قىينامىلا؟› دېۋىدىم، ئۇ ماڭا: ‹أَفَلاَ أُحِبُّ أَنْ أَكُونَ عَبْدًا شَكُورًا› يەنى ‹ئاللاھنىڭ كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى بەندىسى بولمايمەنمۇ؟› دېگەن ئىدى»[1].

مۇپەسسىرلەر ﴿إِنَّا سَنُلْقِي عَلَيْكَ قَوْلًا ثَقِيلًا﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى بۇ ئايەتكە «بىز ساڭا ئەمەل قىلىش ئېغىر كېلىدىغان قۇرئاننى نازىل قىلىمىز» دەپ مەنە ئېيتقان. يەنە بەزىسى، «ھەقىقەتەن بىز ساڭا بۇ دۇنيادا ئەمەل قىلىش ئېغىر كەلگەندەك، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان كىشىنىڭ ئەمەلى ئاخىرەتتە تارازىدا ئېغىر كېلىدىغان ئۇلۇغ قۇرئاننى نازىل قىلىمىز» دەپ مەنە ئېيتقان. يەنە بەزىسى «بىز ساڭا پەرزلىرىنى ئورۇنداش ئېغىر كېلىدىغان قۇرئاننى نازىل قىلىمىز» دەپ مەنە ئېيتقان. ئەللامە تەبەري يۇقىرىقىلارنى خۇلاسىلەپ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتنىڭ ئەڭ توغرا مەنىسى شۇكى، ئاللاھ قۇرئاننى ‹ئېغىر بىر سۆز› دەپ تەرىپلىگەن بولۇپ، قۇرئان ھەقىقەتەن ئاللاھ ئۆزى سۈپەتلىگەندەك، مەسئۇلىيىتى ئېغىر، پەرزلىرىنى ئورۇنداش ۋە بەلگىلىملىرىگە رىئايە قىلىش قىيىن كىتابتۇر»[2]. تەپسىرى مۇيەسسەردە: «بىز ساڭا ئەمر-پەرمانلارنى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆز

---

[1] «صحيح البخاري» 6-توم، 135-بەت، 4837 - ھەدىس.

[2] «تفسير الطبري» 23-توم، 682-بەت.

ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغ قۇرئاننى نازىل قىلىمىز»[1].

گويا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇشۇنداق ئۆزىنى جاپاغا كۆندۈرۈشكە بۇيرۇشتىكى سەۋەبنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: ئى پەيغەمبەر! سەن چوڭ بىر ۋەزىپىنى ئۈستۈڭگە ئېلىۋاتىسەن، كىشىلەرنى چوڭ بىر دەۋەتكە چاقىرىۋاتىسەن، سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭ كۆپ بولىدۇ، يولۇڭنى توسماقچى بولغانلارمۇ كۆپىيىدۇ، سەن ئىسلامغا قارشى زور بىر كۈچنىڭ ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشۇڭ كېرەك. شۇڭا بىز سېنى جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزۈڭنى چېنىقتۇرۇشقا بۇيرۇدۇق. چۈنكى، ساڭا بىز يۈكى ۋە مەسئۇلىيىتى ناھايىتى ئېغىر ۋە تولىمۇ شەرەپلىك قۇرئاننى نازىل قىلىمىز.

بەزىلەر سورىشى مۇمكىن، كېچىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ دەۋەت يولىدىكى مۇشەققەتلەرنى كۆتۈرۈش بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ بىز دەيمىزكى، كېچىدە ئۆزىنىڭ تاتلىق ئۇيقۇسىنىڭ لەززىتىدىن كېچىپ، نەپسىنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلىپ، بەدىنىنىڭ راھىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئادەمگە راستىنلا ئېغىر تۇيۇلىدىغان، جاپالىق بىر ئىبادەتتۇر. مۇشۇنداق جاپالىق ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلاردىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش يولىدا كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە بولغىلى، ئۆزىنى چېنىقتۇرغىلى، ئىرادىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. شۇ-نىڭدەك، كېچىدىكى جىمجىتلىق «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىشكە ۋە ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ تەپەككۇر قىلىشقا ياردەمچى بولىدۇ. چۈنكى، كۈندۈزدە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار كۆپتۇر. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىپ، چۈشىنىپ ئوقۇش ۋە ئاللاھ تائالاغا كۆپرەك سەجدە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ يېقىنلىقىغا ئېرىشىشنىڭ ئەڭ ئوبدان پەيتى كېچە ۋاقتىدۇر.

رەببىڭنىڭ ئىسمىنى ياد ئېتىپ، ئۇنى مەدھىيىلىگىن ۋە ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ئۇنىڭغا چىن دىلىڭدىن ئىشەنچ باغلاپ تايانغىن، سەن ھەر ۋاقىت رەببىڭگە يۈزلەنگىن. چۈنكى، ساڭا ياردەم ئۇنىڭدىنلا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم ساڭا پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم سېنى زىياندىن توسۇپ قالالمايدۇ. ھەقىقىي مۇئمىن ئادەم ئاللاھ تائالاغىلا تايىنىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا

[1] «التفسير الميسر» 574ـ بەت.

كۆنچىقىشنىڭمۇ، كۈنپېتىشنىڭمۇ رەببىدۇر، ئۇ ھەممىنىڭ رەببىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇدات ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە، ئۇنىڭ ئادالىتىگە ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە گۇۋاھتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى پەيغەمبەر! سەن ھەممە ئىشىڭنى رەببىڭ ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرغىن، ئاللاھ تائالانى ئۆزۈڭ ئۈچۈن ھامىي قىلىۋالغىن. چۈنكى، سېنى تولۇق ھىمايىسىگە ئېلىپ قوغدايدىغان زات ئاللاھ تائالادۇر. رەببىڭدىن ياردەم تىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشنى توختاتمىغىن. جاپا-مۇشەققەتتىن قورقمىغىن، كاپىرلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغىن، دەۋىتىڭنى داۋاملاشتۇرغىن.

مەلۇمكى، كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغانلار تارىختىن بېرى ئەزىيەتلەرگە، سۇيىقەستلەرگە ۋە ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپ كەلدى. ئى پەيغەمبەر! بۇنداق قىيىنچىلىقلار ئەلۋەتتە سېنىڭ بېشىڭغىمۇ كېلىدۇ ۋە كېلىۋاتىدۇ. بۇلارنى يېڭىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى سەۋرچانلىق، چىدامچانلىق ۋە قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى ۋاقىتلىق قويۇپ تۇرۇشتۇر. چۈنكى، سەۋرچانلىق بىلەن چىدامچانلىق مۇئمىنىنىڭ قورالىدۇر. ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىگە قارشى چىققانلارنى ئۆز ھالىغا قويۇپ تۇرۇش ۋە ئۇلار بىلەن كارى بولماسلىقمۇ، دەۋەتنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ بىر چارىسىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كېچىلەردە تۇرۇپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-لامنىڭ سۈننىتىدۇر.

2. «قۇرئان كەرىم»نى ئالدىرىماي، قائىدىسى بويىچە تىلاۋەت قىلىش كاتتا ئىبادەتتۇر.

3. كېچىلەردىكى تەھەججۇد نامىزى پەرز نامازلاردىن قالسا ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەتتۇر.

4. ناماز ئوقۇش، دۇئا قىلىش، تەسبىھ ئېيتىش ۋە ئىلىم ئۆگىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلغانلىققا ياتىدۇ.

5. ئاللاھ تائالاغا تائەت-ئىبادەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش، گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ئۆزىنى ساقلاش چىدامچانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

6. كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىش گۈزەل ئەخلاقتۇر.

7. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش ھەق

دىننى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلگەن پەيغەمبەردۇر.

**8.** ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدىغانلار ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» ئەڭ ياخشى ۋەز-نەسىھەتتۇر.

### ◄ بۇ رەببىڭلاردىن بىر يېنىكلىتىش ۋە رەھمەتتۇر

﴿إِنَّ رَبَّكَ يَعْلَمُ أَنَّكَ تَقُومُ أَدْنَىٰ مِن ثُلُثَيِ ٱلَّيْلِ وَنِصْفَهُۥ وَثُلُثَهُۥ وَطَآئِفَةٌ مِّنَ ٱلَّذِينَ مَعَكَ ۚ وَٱللَّهُ يُقَدِّرُ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ ۚ عَلِمَ أَن لَّن تُحْصُوهُ فَتَابَ عَلَيْكُمْ ۖ فَٱقْرَءُوا۟ مَا تَيَسَّرَ مِنَ ٱلْقُرْءَانِ ۚ عَلِمَ أَن سَيَكُونُ مِنكُم مَّرْضَىٰ ۙ وَءَاخَرُونَ يَضْرِبُونَ فِى ٱلْأَرْضِ يَبْتَغُونَ مِن فَضْلِ ٱللَّهِ ۙ وَءَاخَرُونَ يُقَـٰتِلُونَ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ۖ فَٱقْرَءُوا۟ مَا تَيَسَّرَ مِنْهُ ۚ وَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُوا۟ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَقْرِضُوا۟ ٱللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا ۚ وَمَا تُقَدِّمُوا۟ لِأَنفُسِكُم مِّنْ خَيْرٍ تَجِدُوهُ عِندَ ٱللَّهِ هُوَ خَيْرًا وَأَعْظَمَ أَجْرًا ۚ وَٱسْتَغْفِرُوا۟ ٱللَّهَ ۖ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌۢ ﴿٢٠﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

20-(ئى پەيغەمبەر!) ئەلۋەتتە، رەببىڭ سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغان بىر توپ كىشىنىڭ كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، يېرىمىدا ۋە ئۈچتىن بىر قىسمىدا (تەھەججۇد نامىزىغا) تۇرىدىغانلىقىڭنى بىلىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ مىقدارىنى بەلگىلىگەن ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۇنى ھېسابلاپ بولالمايدىغانلىقىڭلارنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن (تەھەججۇد نامىزىنىڭ پەرزلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئارقىلىق) سىلەرگە يېنىكلىتىپ بەردى. قۇرئاندىن ئوڭاي بولغاننى ئوقۇڭلار[1]، ئاللاھ بىلىدۇكى، ئاراڭلاردا بەزىلەر كېسەل بولۇپ قالىدۇ، بەزىلەر ئاللاھنىڭ پەزلىنى ئىزدەپ يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ تەھەججۇد نامىزىدىن

---

[1] ﴿فَٱقْرَءُوا۟ مَا تَيَسَّرَ مِنَ ٱلْقُرْءَانِ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿ٱلْقُرْءَانِ﴾غا بەزى مۇپەسسىرلەر تەھەججۇد نامىزى دەپ مەنە ئېيتىپ، «تەھەججۇد نامىزىدىن قانچىلىك ئوقۇيالىساڭلار شۇنچىلىك ئوقۇڭلار» دەپ تەپسىر قىلغان.

قانچىلىك ئوقۇش ئاسان بولسا شۇنچىلىك ئوقۇڭلار، (پەرز) نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئاللاھقا ياخشى قەرز بېرىڭلار[1]. ئۆزۈڭلار ئۈچۈن قانداقلا بىر ياخشى ئىشنى قىلساڭلار، ئەلۋەتتە ئۇنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كاتتا مۇكاپات بولغان ھالدا تاپىسىلەر. ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

### ◄ تەپسىرى

بۇ ئايەت سۈرىنىڭ ئەڭ بېشىدىكى ئايەتلەرگە قايتىدۇ. چۈنكى، ھەر ئىككىسىدىكى بۇيرۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە قارىتىلغان. ئاللاھ تائالا دەسلەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى بىلەن، كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى ئارىسىدا ئورنىدىن تۇرۇپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشنى پەرز قىلغان. ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا بۇ پەرزنى يېنىكلىتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقىلارغا تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشنى نەپلە (ئىختىيارىي ئىبادەت) قاتارىدا قىلغان. ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتتىن ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن تەھەججۇد نامىزىنىڭ پەرزلىكىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ، بۇ كۆپ سانلىق ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر»[2]. ئاللاھ تائالا بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىدىن تەھەججۇد نامىزىنى يېنىكلەتكەن. چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئىسلام دىيارىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا بولمىغان يېڭى ئىشلار ۋە يېڭى ھادىسىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان. كېسەللەرنىڭ، ئاجىزلارنىڭ، تىرىكچىلىك يولىدا سەپەر قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە جىھادقا قاتنىشىش زۆرۈرىيىتىنىڭ تۇغۇلۇشى بۇنىڭ مىسالى. بۇ ھالەتتىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن كېچىدە تۇرۇپ تەھەججۇد ئوقۇشنىڭ ئېغىر كېلىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇلارنىمۇ ھېسابقا ئالغان ھالدا، تەھەججۇد نامىزىنى مەيلى ئۆزرىلىك ياكى ئۆزرىسىز بولسۇن، بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن نەپلە[3] ئىبادەت قاتارىدا قىلىۋەتكەن. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان شەپقىتى ۋە پەزل-كەرەمىدۇر.

---

[1] ياخشى قەرز-ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئايەتتە ﴿قَرْضًا حَسَنًا﴾ (ياخشى قەرز) دەپ تەبىرلەنگەن.

[2] «شرح النووي على مسلم» 1- توم، 168- بەت.

[3] نەپلە-ئىختىيارىي ئىبادەت بولۇپ، قىلسا ساۋاب بولىدۇ، قىلمىسا گۇناھ بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ سېنىڭ بەزى ساھابىلىرىڭ بىلەن بىللە كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرگەنلىكىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ. مەيلى كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىدىن ئاز تۇرغان بولۇڭلار، مەيلى ئۇنىڭ يېرىمىدا تۇرغان بولۇڭلار، مەيلى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىدە تۇرغان بولۇڭلار، رەببىڭلار ھەممىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ ۋە شۇنىڭغا يارىشا ساۋاب بېرىدۇ. قىسقىسى، سىلەرنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىڭلار ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدۇ.

كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ مىقدارىنى بەلگىلىگەن زات ئاللاھ تائالادۇر. ئۇ بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە ئۇلار ئۈچۈن نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. سىلەرنى دەسلەپتە كېچىدە تۇرۇپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشقا بۇيرۇغان مەزكۇر ئون يىللىق مۇددەت سىلەرنىڭ ئىسلام تەربىيەسى بىلەن تەربىيەلىنىپ، ئىسلام ئىبادەتلىرى بىلەن كۈچ-قۇۋۋەت ھاسىل قىلىپ، ئۆ-زۈڭلارنى يېتىشتۈرۈشۈڭلار ئۈچۈن بېرىلگەن مۇددەتتۇر. سىلەردىن كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ كېسەللىك، جىسمانىي ئاجىزلىق ۋە جىھاد ياكى باشقا مەقسەتلەر بىلەن سەپەردە بولۇش سەۋەبلىك كېچىدە تۇرۇپ تەھەججۇد ئوقۇشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى مەيدانغا چىقتى. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنىڭ كېچىدە تۇرۇپ تەھەججۇد ئوقۇشقا قادىر ئەمەسلىكىڭلارنى ۋە ئۇنى سىلەرگە پەرز قىلىپ ئاخىرغىچە بەلگىلى-ۋەتكەندە، كۆپلىرىڭلارنىڭ ئۇنى ئورۇندىيالماي گۇناھكار بولۇپ قالىدى-غىنىڭلارنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، سىلەردىن بۇ ئىبادەتنى يېنىكلەتتى.

شۇ ئېنىقكى، گەرچە كېچە نامىزى پەرز بولمىسىمۇ، خالىغان كىشىلەرنىڭ كېچىدە تۇرۇپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشىدا ھەقىقەتەن كاتتا ساۋاب بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَفْضَلُ الصِّيَامِ ، بَعْدَ رَمَضَانَ ، شَهْرُ اللهِ الْمُحَرَّمُ ، وَأَفْضَلُ الصَّلَاةِ ، بَعْدَ الْفَرِيضَةِ ، صَلَاةُ اللَّيْلِ» يەنى «رامىزان روزىسىدىن قالسا ئەڭ ئەۋزەل روزا ئاللاھنىڭ ئېيى بولغان مۇھەررەم ئېيىنىڭ روزىسىدۇر، ئەڭ ئەۋزەل ناماز پەرز نامازدىن قالسا كېچىنىڭ (تەھەججۇد) نامىزىدۇر»[1]. تەھەججۇد نامىزى ساۋابى كۆپ، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى قىممىتى يۇقىرى ئىبادەتتۇر.

﴿فَٱقۡرَءُواْ مَا تَيَسَّرَ مِنَ ٱلۡقُرۡءَانِۚ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿ٱلۡقُرۡءَانِ﴾ نى بەزى

---

[1] «صحيح مسلم» 2-توم، 821-بەت، 1163-بەت.

مۇپەسسىرلەر «قۇرئان» دەپ تەپسىر قىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسەن ئايەتنىڭ مەنىسى ﴿(نامازدا) قۇرئاندىن ئوڭاي بولغاننى ئوقۇڭلار﴾ يەنى سىلەرگە ئوڭاي كەلگەن سۈرە ۋە ئايەتلەرنى ئوقۇڭلار دېگەنلىك بولىدۇ، يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى ﴿ٱلْقُرْءَانِ﴾ نى «تەھەججۇد نامىزى» دەپ تەپسىر قىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسەن ئايەتنىڭ مەنىسى: «تەھەججۇد نامىزىدىن قانچىلىك ئوقۇيالىساڭلار شۇنچىلىك ئوقۇڭلار» دېگەنلىك بولىدۇ. ئەللامە قۇرتۇبىي ئالدىنقىسىنى كۈچلەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتتىكى ﴿ٱلْقُرْءَانِ﴾ دېگەن سۆزگە «قۇرئان» دەپ مەنە بېرىش ئۇنىڭغا «ناماز» دەپ مەنە بېرىشقا قارىغاندا ئەڭ توغرىدۇر. چۈنكى، «قۇرئان» ئەسلى مەنىسى، «ناماز» كۆچمە مەنىسىدۇر»[1].

ئاللاھ تائالا شۇنداق ئەمر قىلىدۇكى، ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر نامازلىرىڭلاردا قۇرئاننىڭ ئۆزۈڭلار ئاسان ئوقۇيالايدىغان سۈرە ۋە ئايەتلىرىنى ئوقۇڭلار. ئاللاھ تائالا بىلىدۇكى، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېسەللەر ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىز كىشىلەر ئۈچۈن كېچىدە تۇرۇپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش راستتىنلا ئېغىر كېلىدۇ. يەنە سىلەردىن جىھاد، ئىلىم تەھسىل قىلىش، سودا-سېتىق ئىشلىرى ئۈچۈن سەپەر قىلىدىغانلار بولغانلىقتىن، ئۇلار ئۈچۈن كېچىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇش قىيىن كېلىدۇ، ھەتتا بەزىدە مۇمكىن بولماي قالىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا سىلەرگە رەھىم قىلىپ، سىلەر ئۈچۈن كېچە نامىزىنى يەڭگىللەتتى، ئۇنىڭ پەرزلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇردى[2]. شۇڭا تەھەججۇد نامىزىنى ئوقۇش سىلەرگە سۈننەتتۇر. ئەگەر كېچىلىرى تۇرۇپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇماقچى بولساڭلار، ئۇ نامازدا قۇرئاننىڭ ئۆزۈڭلار ئاسان ئوقۇيالايدىغان ئايەتلىرىنى ئوقۇڭلار، سىلەرگە قانچىلىك ئايەت ئوقۇش ئوڭاي بولسا شۇنچىلىك ئوقۇڭلار، تەھەججۇد نامىزىنىمۇ قانچە رەكئەت ئوقۇغۇڭلار كەلسە شۇنچىلىك ئوقۇڭلار. چۈنكى، رەببىڭلار سىلەرگە يېنىكلىكنى ۋە ئاسانلىقنى ئىرادە قىلدى، شۇڭا تەھەججۇد نامىزىنىڭ پەرزلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئەمما بەش ۋاخ نامازنى ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى تېگىشلىك بولغانلارغا تولۇق بېرىڭلار، ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل-مال سەرپ قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ياخشى قەرز بېرىڭلار. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بۇ قەرزىڭلارنى بىرگە ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگە قەدەر كۆپەيتىپ

---

[1] «تفسير القرطبي» 19- توم، 50 -بەت.

[2] تەھەججۇد نامىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەرز ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇرۇندىن باشلاپلا سۈننەت ئىدى، دېگەنلەرمۇ بار.

قايتۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممىدىن بىھاجەتتۇر. ئەمما سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا قەرز بەرگەن ھېسابتا ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل-مال سەرپ قىلغىنىڭلارنىڭ پايدىسى پەقەت ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر. چۈنكى، سىلەر ياخشىلىقتىن نېمىنى قىلساڭلار، پۇل-مېلىڭلاردىن نېمىنى سەرپ قىلساڭلار، ئەلۋەتتە ئۇنى سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ يېنىدا مۇكاپاتى ھەسسىلەپ ئاشقان، قىممىتى تولىمۇ كاتتا بولغان ھالدا تاپىسىلەر. ئاللاھ تائالاغا تەۋبە-ئىستىغپارنى كۆپ ئېيتىڭلار، بارلىق گۇناھلىرىڭلار ۋە خاتالىقلىرىڭلار ئۈچۈن سەممىي تەۋبە قىلىڭلار. چۈنكى، رىيا، مەغرۇرلۇق قاتارلىق مەنىۋى كېسەللىكلەر ئىبادەتلەرنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا ھەر ۋاقىت نىيىتىڭلارنى دۇرۇسلاپ، ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەپ تۇرۇڭلار، تەۋبە-ئىستىغپارنى ئۆزۈڭلارغا ھەمراھ قىلىۋېلىڭلار. چۈنكى، تەۋبە -ئىستىغپار سىلەرنى پاكلاپ تۇرىدۇ. شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بارچە گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

ئەللامە قۇرتۇبىي مۇنداق دېگەن: «تەھەججۇد نامىزىنىڭ پەرز ئەمەسلىكى ئېسپاتلانغان ئىكەن، ئايەتتىكى ﴿ٱلْقُرْءَانِ﴾ دېگەن سۆزدىن قۇرئان مەقسەت قىلىنغان بولىدۇ. ئۆلىمالار نامازدا قۇرئاندىن قانچىلىك ئوقۇسا كۇپايە قىلىدىغانلىقى ئۈستىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىمام شافىئىي ھەرقانداق نامازدا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىسا ناماز دۇرۇس بولمايدۇ، بۇ سۈرىنى قىسقارتىپ ئوقۇشقىمۇ بولمايدۇ، دەيدۇ، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە نامازدا ئۇزۇن ئايەتلەردىن بىر ئايەت، قىسقا ئايەتلەردىن ئۈچ ئايەت ئوقۇش كۇپايە قىلىدۇ، دەيدۇ. توغرىسى ئىمام شافىئىينىڭ سۆزىدۇر»[1].

ئەمدى بۇ يەردە مۇنداق بىر مەسىلە بار. بۇ مەككىدە نازىل بولغان سۈرە بولۇپ، ئۇ چاغلاردا زاكات تېخى پەرز قىلىنمىغان. چۈنكى، زاكات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن ئىككى يىل كېيىن پەرز قىلىنغان. ئۇنداقتا، بۇ ئايەتتىكى «زاكات» قايسى زاكاتنى كۆرسىتىدۇ؟ بەزى مۇپەسسىرلەر: زاكات مەككىدە پەرز بولۇپ، پۇل-مال قانچىلىك مىقدارغا يەتسە زاكات كېلىدىغانلىقى ۋە زاكات بېرىش مىقدارى مەدىنىدە بېكىتىلگەن، دەيدۇ. ئەللامە ئىبنى كەسىر ﴿وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَقْرِضُواْ ٱللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە «بۇ ‹زاكات مەككىدە پەرز قىلىنغان، ئەمما پۇل-مال قانچىلىك مىقدارغا يەتسە زاكات كېلىدىغانلىقى ۋە زاكات بېرىش مىقدارى مەدىنىدە بەلگى-

---

[1] «تفسير القرطبي» 1-توم، 57-بەت.

ــلەنگەن، دېگــەن ئۆلىمالارنىــڭ دەلىلىنــى كۈچلەندۈرىــدۇ»[1] دېگــەن. يەنــە بەزىســى: بــۇ ئايەتنىــڭ ھۆكمــى كېيىنچــە ئەمەلدىــن قالدۇرۇلغــان بولــۇپ، زاكاتنىــڭ پەرزلىكــى مەدىنىــدە نازىــل بولغــان ئايەتلــەر بىلــەن بېكىتىلگــەن، دەيــدۇ. يەنــە بەزىســى: ئايەتتىكــى زاكاتتىــن سەدىقە ۋە خەيــر-ئېھسان كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەيدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. تەھەججۇد نامىــزى ئوقــۇش سۈننــەت بولــۇپ، ئۇنىــڭ ۋاقتــى خۇپتەندىــن بامداتقىچە داۋاملىشىدۇ.

2. بــەش ۋاخ نامــاز ئوقــۇش ۋە زاكات بېرىــش ئىســلام پەرزلىرىنىــڭ ئــەڭ ئەھمىيەتلىكلىرىدۇر.

3. نەپلــى ئىبادەتلەرنــى كــۆپ قىلىــش بەندىنــى ئاللاھ تائالاغا يې-قىنلاشتۇرىدۇ.

4. قانداقــلا بىــر ۋاقىتتــا مەســجىدكە كىرگــەن ئادەمنىــڭ ئولتۇرمايــلا ئىككــى رەكئــەت نامــاز ئوقۇشــى سۈننەتتۇر. پەيغەمبــەر ئەلەيھىسســالام «إِذَا دَخَلَ أَحَدُكُمُ الْمَسْجِدَ فَلْيَرْكَعْ رَكْعَتَيْنِ قَبْلَ أَنْ يَجْلِسَ» يەنــى «سىلەر مەسجىدكە كىرگەنــدە ئولتۇرۇشــتىن بــۇرۇن ئىككــى رەكئــەت نامــاز ئوقــۇڭلار»[2] دەپ كۆرســەتكەن. بــۇ ھەدىــس ھەممــە نامازنــى ئــۆز ئىچىگــە ئالىــدۇ. بــۇ فىقھــى كىتابلىرىــدا «تەھىيەتــۇل مەســجىد نامىــزى» دەپ ئاتىلىــدۇ. مەسجىدكە كىرگەن ۋاقىتتا پەرز ناماز تېخى باشلانمىغان بولسا، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش لازىم. ھەرقانداق ئادەم مەسجىدكە كىرگەندە، جامائەت پەرز نامــاز ئوقۇۋاتقــان بولســا، گەرچــە ئــۇ ئــادەم شــۇ ۋاقىتنىــڭ نامىزىنى ئوقۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۇنىــڭ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ جامائەت ئوقۇۋاتقــان نامازنــى بىللــە ئوقۇشــى لازىــم. بــۇ چاغدا مەزكۇر ئادەمنىڭ ئوقۇغان نامىزى تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

5. ســادىر قىلىنغــان ھەربىــر گۇنــاھ ئۈچــۈن ئاللاھ تائالادىــن مەغپىــرەت تىلــەش زۆرۈردۇر. ھــەر ۋاقىــت تەۋبە-ئىســتىغپارنى ئۆزىگــە ھەمــراھ قىلغان ئادەم نۇرغۇنلىغان خاتالىقلاردىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

---

[1] «تفسير ابن كثير» 8-توم، 259-بەت.

[2] «صحيح البخاري» 1-توم، 96-بەت، 444 - ھەدىس.

# مۇددەسسىر سۈرىسى

مۇددەسسىر سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 56 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ سۈرىنىڭ ﴿وَمَا جَعَلْنَآ أَصْحَٰبَ ٱلنَّارِ إِلَّا مَلَٰٓئِكَةً﴾ دېگەن ئايىتىنى مەدىنىدە نازىل بولغان دەپ قارايدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىسلام دەۋىتىنى ئوچۇق-ئاشكارا جاكارلاش ۋە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان كاپىرلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ سۈرىدە دەۋەت ئىشلىرىدا زۆرۈر بولىدىغان كۆپلىگەن مەسىلىلەر ھەققىدە تەلىم بەرگەن. ئاندىن مەككىلىك مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ كاتتىباشلىرىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن، جەھەننەمنىڭ دەھشەتلىك ئوتىدىن ئاگاھلاندۇرغان. بۇ سۈرە ئالدىنقى سۈرە بىلەن كۆپ تەرەپتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئالدىنقى سۈرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى ئىسلام دەۋەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بۇ دەۋەتكە تەييارلاپ يېتىشتۈرۈلگەن بولسا، بۇ سۈرىدە، ئۇنىڭغا دەۋەت يولىدا ئۇنى غەلىبىگە ئېلىپ بارىدىغان ئامىللار ھەققىدە تەلىم بېرىلگەن.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايىتىدە كەلگەن «يۆگىنىۋالغۇچى» دېگەن مەنىدىكى ﴿ٱلْمُدَّثِّرُ﴾ «ئەل مۇددەسسىر» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

## ◄ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەلىم بېرىشى

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلْمُدَّثِّرُ ١ قُمْ فَأَنذِرْ ٢ وَرَبَّكَ فَكَبِّرْ ٣ وَثِيَابَكَ فَطَهِّرْ
٤ وَٱلرُّجْزَ فَٱهْجُرْ ٥ وَلَا تَمْنُن تَسْتَكْثِرُ ٦ وَلِرَبِّكَ فَٱصْبِرْ ٧

فَإِذَا نُقِرَ فِى ٱلنَّاقُورِ ﴿٨﴾ فَذَٰلِكَ يَوْمَئِذٍ يَوْمٌ عَسِيرٌ ﴿٩﴾ عَلَى ٱلْكَٰفِرِينَ
غَيْرُ يَسِيرٍ ﴿١٠﴾

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئى يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!)

2ـ ئورنۇڭدىن تۇر! (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغىن،

3ـ رەببىڭنى ئۇلۇغلىغىن،

4ـ كىيىمىڭنى پاك تۇتقىن،

5ـ گۇناھتىن يىراق بولغىن،

6ـ (كىشىلەرگە بىر نەرسە بەرسەڭ) كۆپرەك ئۇندۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە بەرمىگىن.

7ـ رەببىڭ (نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش) ئۈچۈن چىداملىق بولغىن.

8ـ9ـ سۇر چېلىنغان ۋاقىت ـ ئۇ كۈن ناھايىتى جاپالىق بىر كۈندۇر.

10ـ كاپىرلارغا ئاسان ئەمەستۇر.

### تەپسىرى

ئىمام بۇخارىي جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيى ئۈزۈلۈپ قېلىپ قايتا باشلانغانلىق قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بَيْنَما أنا أَمْشِي يَوْما إذ رأيْتُ المَلَكَ الَّذِي كان يأتِيني بِحِرَاءَ على كُرْسِيّ بَينَ السَّماءِ والأرْضِ ، فَجَثَثْتُ مِنْهُ رُعْبا ، فَرَجَعْتُ إلى خَدِيجَةَ فَقُلْتُ "زَمِّلُونِي" ، "زَمِّلُونِي" فأنزل اللّٰه...» يەنى «مەن بىر كۈنى يولدا كېتىپ باراتتىم، تۇساتتىن ئاسمان تەرەپتىن قاتتىق بىر ئاۋاز كەلدى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىۋىدىم، ھىرا غارىدا يېنىمغا كەلگەن پەرىشتە ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدىكى كۇرسىيدا ئولتۇراتتى. مەن ئۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتىم، ھەتتا يەرگە يىقىلغىلى تاس قالدىم. ئاندىن ئۆيگە كېلىپ، خەدىجەگە: ‹مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! مېنى يۆگەپ قويۇڭلار!› دېدىم. شۇ چاغدا

ئاللاھ ماڭا ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلْمُدَّثِّرُ ① قُمْ فَأَنذِرْ ② وَرَبَّكَ فَكَبِّرْ ③ وَثِيَابَكَ فَطَهِّرْ ④ وَٱلرُّجْزَ فَٱهْجُرْ﴾ دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى»[1]. ئەللامە ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «جىبرىل ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ۋەھيىنى ئېلىپ كېلىپ: ﴿ٱقْرَأْ بِٱسْمِ رَبِّكَ ٱلَّذِى خَلَقَ ① خَلَقَ ٱلْإِنسَٰنَ مِنْ عَلَقٍ ② ٱقْرَأْ وَرَبُّكَ ٱلْأَكْرَمُ ③ ٱلَّذِى عَلَّمَ بِٱلْقَلَمِ ④ عَلَّمَ ٱلْإِنسَٰنَ مَا لَمْ يَعْلَمْ﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ۋەھيى ئۈزۈلۈپ قالغان. ئاندىن بۇ سۈرىنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن ۋەھيى يېڭىدىن باشلانغان. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئىبتىقاندەك ۋەھيى ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن تۇنجى نازىل بولغان ۋەھيى مۇشۇ سۈرىدۇر (يەنى مۇددەسسىر سۈرىسىدۇر)»[2].

ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغان، تەپەككۇرغا چۆكۈپ كەتكەن، ۋەھيىگە ئىشتىياق باغلاپ ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن پەيغەمبەر! ئورنۇڭدىن تۇر! دەۋەت يولىغا ئاتلانغىن. چۈنكى، سېنىڭ ۋەزىپەڭ كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىشتۇر. سەن ئىلاھىي دەۋەت ئۈچۈن ھازىرلانغان، ئۇلۇغۋار مەقسەتكە ئاتالغان پەيغەمبەرسەن. شۇڭا سەن ئورنۇڭدىن تۇر! كىشىلەرگە رەببىڭنىڭ دىنىنى يەتكۈزگىن، ئۇلارنى كۇفرىنىڭ ۋە جاھالەتنىڭ زۇلمەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا ئېلىپ چىققىن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۈكلەنگەن بۇ ۋەزىپە ھەرگىزمۇ ئاسان ۋە يېنىك ۋەزىپە ئەمەس ئىدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەتنىڭ ئەھۋالىنى، ئەڭ قىيىن بولغىنى ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋال ئەرەبلەرنى، ئاندىن بارلىق ئىنسانلارنى بۇتلارغا چوقۇنۇشنىڭ خارلىقىدىن ئازاد قىلىپ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئەزىزلىكىگە چىقىرىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. بىر ئادەمنى ئاتا-بوۋىلىرىدىن بېرى قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئەقىدىسىدىن ياندۇرۇش ھەرگىز ئوڭاي ئىش ئەمەس. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بۇ قىيىن ۋە شەرەپلىك دەۋەتكە ھازىرلاش ۋە يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىلەرنى بۇيرۇغان:

﴿وَرَبَّكَ فَكَبِّرْ﴾ يەنى نەدە بولساڭ بولغىن ۋە قانداق بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولساڭ بولغىن، چوقۇم رەببىڭنى ئۇلۇغلىغىن، مەدھىيىلىگىن، ئۇنى بارچە نۇقسانلاردىن پاكتۇر، دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭغا تەسبىھ

---

[1] «صحيح البخاري» 6-توم، 174-بەت، 4954 - ھەدىس.

[2] «تفسير ابن كثير» 8- توم، 262- بەت.

ئېيتقىن، رەببىڭنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ناماز ئوقۇغىن، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن، ئەقىدەڭنى رەببىڭ ئۈچۈن خالىس قىلغىن.

﴿وَثِيَابَكَ فَطَهِّرْ﴾ يەنى كىيىمىڭنى پاك تۇتقىن. بۇ بۇيرۇقتىن كىيىم-كېچەكلىرىڭنى پاسكىنىلىقلاردىن پاكىز تۇتقىن دېگەن مەنە چىققاندەك، ئۆزۈڭنى ۋە نەپسىڭنى پاك تۇتقىن دېگەن مەنىمۇ چىقىدۇ. چۈنكى، ئەرەبلەر كىيىمنىڭ پاكلىقىنى نەپسىنىڭ پاكلىقىغا ئىشارەت ئورنىدا قوللىنىدۇ. مەسىلەن: بىراۋنى «نەپسى پاك ئادەم» دېمەكچى بولسا، ئۇنى «كىيىمى پاك ئادەم» دەپ تەرىپلەيدۇ. قەتادە مۇنداق دېگەن: «ئەرەبلەر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان ئادەمنى ‹كىيىمىنى پاسكىنا قىلدى› دەيدۇ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلسا ۋە خاتالىقىنى تۈزەتسە ‹كىيىمىنى پاكلىدى› دەيدۇ. يەنە ئۇلار ‹گۇناھتىن پاكلانغىن› دېگەننى ‹كىيىمىڭنى پاكلىغىن› دەپمۇ ئىپادىلەيدۇ»[1].

بۇ ئايەتتىن كىيىم بىلەن بەدەننىڭ پاكلىقى ۋە نەپسىنىڭ پاكلىقىدىن ئىبارەت ھەر ئىككى پاكلىق كۆزدە تۇتۇلغان دېيىشكە بولىدۇ. ئەللامە تەبەري مۇنداق دېگەن: «ئايەتنىڭ ئەڭ روشەن مەنىسى كىيىم-كېچەكلىرىڭنى سۇ بىلەن يۇيۇپ پاكىز تۇتقىن، دېگەن مەنىدۇر. چۈنكى، مۇشرىكلار كىيىملىرىنى تازىلىمايتتى، ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كىيىم-كېچەكنى پاكىز تۇتۇشقا بۇيرۇغان. بۇ ئايەتكە ئىبنى ئابباس، ئىكرىمە قاتارلىق ساھابىلەر ‹ئۆزۈڭنى گۇناھتىن پاك تۇتقىن› دەپ مەنە ئېيتقان. كۆپ سانلىق سەلەف ئالىملىرىمۇ شۇنداق مەنە ئېيتقان. توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ»[2].

﴿وَٱلرُّجْزَ فَٱهْجُرْ﴾ يەنى سېنى ئازابقا ئېلىپ بارىدىغان بارلىق گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى تەرك ئەتكىن، بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق تۇرغىن، رەببىڭنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرغىن. مۇپەسسىرلەرنىڭ بەزىسى بۇ ئايەتكە «بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق تۇرغىن» دەپ مەنە ئېيتقان، يەنە بەزىسى «بارلىق گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى تەرك ئەتكىن» دەپ مەنە ئېيتقان[3].

مەلۇمكى، يۇقىرىقى ئايەتلەر بارلىق ئىسىل-پەزىلەتلەرنى توپلىغان ئايەتلەر بولۇپ، ئەقلىنى ۋە ئەقىدىنى شېرىكتىن ئازاد قىلىش، نەپسىنى

[1] «تفسير الطبري» 24-توم، 11-بەت.
[2] «تفسير الطبري» 24-توم، 12-بەت.
[3] «تفسير الطبري» 24-توم، 13-بەت.

پاكلاش ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق بەدەننى ۋە روھنى مۇھاپىزەت قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى: ﴿فَٱسۡتَقِمۡ كَمَآ أُمِرۡتَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بۇيرۇلغىنىڭدەك (توغرا يولدا) راۋۇرۇس بولغىن﴾[1] يەنى سەن داۋام قىلىۋاتقان توغرا يولدا چىڭ تۇرغىن، دېگەن ئايەت تەقەززا قىلغان مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

﴿وَلَا تَمۡنُن تَسۡتَكۡثِرُ﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتكە «بىراۋغا بىر نەرسە بەرمەكچى بولساڭ، بەرگىنىڭدىن ئەۋزەلرەكىنى قايتۇرۇۋېلىش نىيىتى بىلەن بەرمىگىن»[2] دەپ مەنە ئېيتقان. قەتادە، مۇجاھىد، ئىكرىمە، زەھھاك قاتارلىقلار «كىشىلەرگە بىر نەرسە بەرسەڭ، ئۇنى ئۇلاردىن كۆپرەك ئۇندۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە بەرمىگىن»[3] دەپ مەنە ئېيتقان. يەنى ئاز بىر نەرسە بېرىپ قويۇپ كۆپرەكىنى ئېلىۋېلىش نىيىتىدە بولمىغىن. ناۋادا بىراۋغا بىر نەرسە بەرمەكچى بولساڭ، ئۇنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگىن. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر «قىلغان ئەمەلىڭنى كۆپ ساناپ رەببىڭگە مىننەت قىلمىغىن»[4] دەپ مەنە ئېيتقان. يەنى قانچىلىك كۆپ ياخشى ئەمەل-ئىبادەتلەرنى ۋە خەير-ساخاۋەتلەرنى قىلساڭمۇ، ئۇنى يەنىلا ئاز دەپ قارىغىن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭ سەۋەبلىك رەببىڭگە مىننەت قىلمىغىن. چۈنكى، قانچىلىك كۆپ ياخشى ئەمەل قىلساڭمۇ، قانچىلىك چوڭ ساخاۋەتلەرنى قىلساڭمۇ، ئۇنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن قىلىسەن ۋە رەببىڭنىڭ ساڭا قىلغان ئاتا-ئېھسانلىرىنىڭ مىڭدىن بىرىنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلالمايسەن.

سېخىيلىق ياخشىلارنىڭ سۈپىتى ۋە ئاللاھ تائالاغا يېقىملىق كېلىدىغان گۈزەل ئەخلاقتۇر. دىنغا دەۋەت قىلىدىغان ئادەم ئەلۋەتتە مەرد، سېخىي بولۇشى لازىم. چۈنكى، ئۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشقا ۋە ئۇلارنى يېنىغا تارتىشقا موھتاج. شۇنداق بولغاندىلا ئۇلارغا سۆزىنى ئاڭلىتالايدۇ ۋە ئۇلارنى ئۆز پىكرىگە قايىل قىلالايدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار بېخىل ئادەملەردىن قاچىدۇ. چۈنكى، بېخىل ئادەملەر كىشىلەرنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

﴿وَلِرَبِّكَ فَٱصۡبِرۡ﴾ يەنى سەن رەببىڭنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئىش

[1] ھۇد سۈرىسى:112-ئايەت.
[2] «تفسير الطبري» 24- توم، 14- بەت.
[3] «تفسير الطبري» 24- توم، 14- 15 بەتلەر.
[4] «تفسير الطبري» 24- توم، 15- بەت.

كۆرۈپ، كىشىلەرنى چىرايلىق ئۇسلۇبتا دىنغا دەۋەت قىلغان بولساڭمۇ، ئۇلار سەندىن ۋە سېنىڭ دەۋىتىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە ساڭا تۈرلۈك ئەزىيەتلەرنى قىلغان بولسا، سەن ئۇنىڭغا سەۋر قىلغىن، رەببىڭنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، تائەت-ئىبادەتلەردە ۋە رەببىڭنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتا چىداملىق بولغىن. چۈنكى، چىدامچانلىق ۋە سەۋرچانلىق مۇسۇلماننىڭ قورالى، مەقسەتكە يېتىشنىڭ يولىدۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئورنۇڭدىن تۇر! كىشىلەرنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغىن، رەببىڭنىڭ دىنىنى تولۇق يەتكۈزگىن. ئەگەر ئۇلار سېنىڭ دەۋىتىڭدىن يۈز ئۆرۈسە، سۆزۈڭگە قۇلاق سالمىسا، بىلگىنكى ئۇلارنى قىيامەت كۈنىدىن ئىبارەت قاتتىق ئازابلىق بىر كۈن كۈتمەكتىدۇر. قىيامەت قايىم بولۇپ ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام سۇر چالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئىشى ھەقىقەتەن قىيىن بولىدۇ. چۈنكى، قىيامەت كۈنى كاپىرلار ئۈچۈن ئازابلىق كۈندۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھوشيارلىق، ھەرقانداق ئىشنى ۋاقتىدا قىلىش ۋە ھەر ئىشقا جىددىي مۇئامىلە قىلىش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىدۇر. ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم ھورۇن، غاپىل بولمايدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى، ئۇنىڭ كىتابىنى ۋە ئەمر-پەرمانلىرىنى ئۇلۇغلاش تەقۋالىقنىڭ بەلگىسىدۇر.

3. مۇئمىن ئادەمنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنى، كىيىم-كېچىكىنى، ئولتۇرىدىغان يېرىنى ھالالدىن قىلىشى ۋە ناماز ئوقۇيدىغان جايىنى پاكىز تۇتۇشى پەرزدۇر.

4. مۇئمىن ئادەم ئۆزى قىلغان ياخشى ئىشلىرىدىن، ئەمەل-ئىبادەتلىرىدىن مەغرۇرلانمايدۇ. چۈنكى، مەغرۇرلۇق ئازغۇنلۇققا ئېلىپ بارىدىغان خەتەرلىك قىلىقتۇر.

5. سەۋرچانلىق ئەڭ ئېسىل ئەخلاقتۇر.

### ◄ كاپىرلارنىڭ كاتتىباشلىرىنى كۈتۈۋاتقان ئازاب

﴿ذَرۡنِي وَمَنۡ خَلَقۡتُ وَحِيدٗا ﴿١١﴾ وَجَعَلۡتُ لَهُۥ مَالٗا مَّمۡدُودٗا ﴿١٢﴾

وَبَنِينَ شُهُودٗا ﴿١٣﴾ وَمَهَّدتُّ لَهُۥ تَمۡهِيدٗا ﴿١٤﴾ ثُمَّ يَطۡمَعُ أَنۡ أَزِيدَ
﴿١٥﴾ كَلَّآۖ إِنَّهُۥ كَانَ لِأٓيَٰتِنَا عَنِيدٗا ﴿١٦﴾ سَأُرۡهِقُهُۥ صَعُودًا ﴿١٧﴾ إِنَّهُۥ
فَكَّرَ وَقَدَّرَ ﴿١٨﴾ فَقُتِلَ كَيۡفَ قَدَّرَ ﴿١٩﴾ ثُمَّ قُتِلَ كَيۡفَ قَدَّرَ ﴿٢٠﴾ ثُمَّ
نَظَرَ ﴿٢١﴾ ثُمَّ عَبَسَ وَبَسَرَ ﴿٢٢﴾ ثُمَّ أَدۡبَرَ وَٱسۡتَكۡبَرَ ﴿٢٣﴾ فَقَالَ إِنۡ هَٰذَآ
إِلَّا سِحۡرٞ يُؤۡثَرُ ﴿٢٤﴾ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا قَوۡلُ ٱلۡبَشَرِ ﴿٢٥﴾ سَأُصۡلِيهِ سَقَرَ ﴿٢٦﴾
وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا سَقَرُ ﴿٢٧﴾ لَا تُبۡقِي وَلَا تَذَرُ ﴿٢٨﴾ لَوَّاحَةٞ لِّلۡبَشَرِ ﴿٢٩﴾
عَلَيۡهَا تِسۡعَةَ عَشَرَ ﴿٣٠﴾ وَمَا جَعَلۡنَآ أَصۡحَٰبَ ٱلنَّارِ إِلَّا مَلَٰٓئِكَةٗۖ
وَمَا جَعَلۡنَا عِدَّتَهُمۡ إِلَّا فِتۡنَةٗ لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ لِيَسۡتَيۡقِنَ ٱلَّذِينَ
أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ وَيَزۡدَادَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِيمَٰنٗا وَلَا يَرۡتَابَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ
ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَ وَلِيَقُولَ ٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٞ وَٱلۡكَٰفِرُونَ
مَاذَآ أَرَادَ ٱللَّهُ بِهَٰذَا مَثَلٗاۚ كَذَٰلِكَ يُضِلُّ ٱللَّهُ مَن يَشَآءُ وَيَهۡدِي مَن
يَشَآءُۚ وَمَا يَعۡلَمُ جُنُودَ رَبِّكَ إِلَّا هُوَۚ وَمَا هِيَ إِلَّا ذِكۡرَىٰ لِلۡبَشَرِ ﴿٣١﴾

## ◄ تەرجىمىسى

11-مەن (ھېچ نەرسىسى يوق) تەنھا ياراتقان شۇ ئادەمنى ماڭا قويۇۋەتكىن[1].

12-ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال-مۈلۈك بەردىم.

13-ئۇنىڭغا (ھەمىشە) يېنىدا تۇرىدىغان ئوغۇللارنى بەردىم.

14-ئۇنىڭغا (ياشاش يوللىرىنى) كەڭ ئېچىپ بەردىم.

15-ئۇ بولسا يەنىمۇ كۆپ بېرىشىمنى تەمە قىلىپ تۇرىدۇ.

16-ياق (ئۇنىڭ خالىغىنى ھەرگىز بولمايدۇ)، چۈنكى ئۇ (گەدەنكەشلىك قىلىپ) بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە قارشى چىقتى.

17-مەن ئۇنى يېقىندا قاتتىق ئازابقا قىستايمەن.

---

[1] ئايەتتىكى «ئادەم» ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە ئىسىملىك كاپىر بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى «ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە مېنىڭ تەڭدىشىم يوق» دەپ تەكەببۇرلۇق قىلاتتى. (تەپسىرى رازى) .

18ـ ئۇ (پەيغەمبەر ۋە قۇرئان ھەققىدە) ئويلاندى (ۋە قانداق بوھتان قىلىشنى پىلانلىدى.

19ـ ئۇنىڭغا لەنەت بولسۇنكى! ئۇ قانداق پىلانلىدى؟

20ـ ئاندىن ئۇنىڭغا لەنەت بولسۇنكى! ئۇ قانداق پىلانلىدى؟

21ـ ئاندىن ئۇ (ئۆز پىلانىغا) قاراپ چىقتى.

22ـ ئاندىن قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.

23ـ25ـ ئاندىن ئۇ (ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن) باش تارتتى ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىپ: «بۇ (قۇرئان) پەقەت ئىلگىرىكىلەردىن قالغان بىر سېھىردىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇ پەقەتلا ئىنسان سۆزىدۇر» دېدى.

26ـ ئۇنى مەن يېقىندا سەقەرگە تاشلايمەن.

27ـ سەن سەقەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

28ـ ئۇ ھەممە نەرسىنى قالدۇرماي كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان دوزاختۇر.

29ـ ئۇ ئىنسانلارنىڭ تېرىسىنى كۆيدۈرۈپ قاپقارا قىلىۋېتىدۇ.

30ـ ئۇنىڭغا ئون توققۇز پەرىشتە مەسئۇلدۇر.

31ـ بىز دوزاخ مەسئۇللىرىنى پەقەت پەرىشتىلەردىن قىلدۇق، بىز ئۇلارنىڭ سانىنى پەقەت كاپىرلار ئۈچۈن سىناق قىلدۇق. بۇنداق قىلىشىمىز (بۇ سان تەۋرات ۋە ئىنجىللاردا بايان قىلىنغان سانغا مۇۋاپىق كەلگەچكە) كىتاب بېرىلگەنلەرنىڭ (قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) تولۇق ئىشەنچ قىلىشى، مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىنىڭ ئېشىپ كۈچىيىشى، كىتاب بېرىلگەنلەر ۋە مۇئمىنلەرنىڭ (بۇ ھەقتە) شەكلەنمەسلىكى ئۈچۈن، شۇنداقلا دىلىدا (مۇناپىقلىق كېسىلى بارلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ (ھەيران قىلىپ): «ئاللاھ بۇ مىسال بىلەن نېمىنى ئىرادە قىلغاندۇ؟» دەپ قېلىشى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ خالىغان ئادەمنى (مۇشۇنداق) ئازدۇرىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، رەببىڭنىڭ قوشۇنىنى پەقەت ئۆزىلا بىلىدۇ. بۇ (بايانلار) پەقەت ئىنسانىيەت ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يول خەرىتىسى سىزىپ بەرگەن بولۇپ، ئەڭ ئاساسلىقى ئەقلىنى ھوشيار ۋە ئەقىدىسىنى ساپ تۇتۇش، ئۆزىنى گۈزەل ئەخلاق بىلەن يېتىلدۈرۈش، چوڭ-كىچىك بارلىق گۇناھلاردىن يىراق تۇرۇش،

كىشىلەرگە سېخىي بولۇش ۋە ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دەۋىتىنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى ئاساسلىق پىرىنسىپلاردۇر.

﴿ذَرْنِي وَمَنْ خَلَقْتُ وَحِيدًا﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿وَحِيدًا﴾ دېگەننىڭ مەنىسى: «دۇنيالىقتىن ھېچ نەرسىسى يوق، باللىرىمۇ يوق، پۇل-مېلىمۇ يوق ھالىتىدە يارىتىلغان ئادەم» دېگەنلىك بولۇپ، مەزكۇر ئادەمنىڭ ئىسلامغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى قولىدىن كەلگەن يامانلىقنىڭ ھەممىنى قىلغان، ئەشەددىي كاپىر ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە ئىكەنلىكىدە مۇپەسسىرلەر بىرلىككە كەلگەن. مۇجاھىد ئايەتكە: «مەن پۇل-مېلىمۇ يوق، باللىرىمۇ يوق تەنھا ھالىتىدە ياراتقان شۇ ئادەمنى ماڭا قويۇپ بەرگىن»[1] دەپ مەنە ئېيتقان.

يەنى مەن ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە دېگەن بۇ كاپىر ئادەمنى شۇنداق يوقلۇق ئىچىدە ياراتقان ئىدىم، ئاندىن ئۇنىڭغا مال-دۇنيا، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە بالىچاقا ئاتا قىلدىم، ئاندىن باللىرىنىڭ، قەۋم-قېرىنداشلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ بەردىم، ئۇنىڭ نوپۇزىنى ۋە ئابرۇيىنى تىكلەپ بەردىم. ئەمما ئۇ ماڭا شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا مېنى ئىنكار قىلىش، مېنىڭ پەيغەمبىرىمنى يالغانغا چىقىرىش ۋە مېنىڭ دىنىمغا قارشى چىقىش يولىنى تۇتتى. ئۇ شۇنداق قىلسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا دۇنيادا باياشاتلىقنىڭ يوللىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردىم، ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەردىم. ئۇ يەنە زىيادىسىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، تېخىمۇ كۆپ ئىنئام قىلىشىمنى تەمە قىلىۋاتىدۇ. ياق! ئەمدى ئۇ كاپىر ئادەم تەمە قىلغان نەرسىلىرىگە ئېرىشەلمەيدۇ، بەلكى ئۇ جازاغا تارتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرغان، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن باش تارتقان مۇتەكەببىردۇر، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تارقىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ كاتتىباشلىرى قاتتىق ئەندىشىگە چۈشىدۇ، بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى قەبىلىلەرگە ۋە ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرىغا ئارقا-ئارقىدىن مەكتۇبلارنى يوللاپ ئۇلارنى دىنغا دەۋەت

[1] «تفسير الطبري» 24- توم، 19- بەت.

قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، مۇشرىك ئەرەبلەر بۇ دەۋەتكە قارشى چارە-تەدبىر قوللىنىش ئۈچۈن ئۆزئارا پىكىرلىرىنى بىرلەشتۈرمەكچى بولۇپ توپلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شائىر دەپ تۆھمەت قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۇنىڭ دەۋىتىدىن توسماقچى بولىدۇ، بەزىسى ئۇنى پالچى دىمەكچى بولىدۇ، يەنە بەزىسى مەجنۇن (ئەقلى جايىدا ئەمەس) دېمەكچى بولىدۇ. ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، ھېچ نېمە دېمەيدۇ. باشقىلار ئۇنىڭغا: «ئى ۋەلىد! سۆزلىمەيسەنغۇ؟» دېگەندە، ئۇ «مەن مۇھەممەدتىن ئاجايىپ بىر سۆزلەرنى ئاڭلىدىمكى، ئۇ ئىنسانىنىڭ سۆزلىرى ئەمەس، جىنلارنىڭ سۆزلىرىمۇ ئەمەس، ئۇ ئېيتقان سۆزلەردە شۇنداق بىر ھۇزۇر-ھالاۋەت باركى، ئادەمنى تەسىرلەندۈرمەي قالمايدۇ، ئۇ سۆزلەر بارچە سۆزلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ، ھېچبىر سۆز ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ. مۇھەممەدنىڭ سۆزلىگەنلىرى بىرەر ئىنسانىنىڭ سۆزلىرى ئەمەس» دەيدۇ. ۋەلىدنىڭ بۇ سۆزلىرى ئولتۇرغانلارغا قاتتىق تەسىر قىلغان بولۇپ، ئۇلار ۋەلىدنى «ئۆز دىنىنى تاشلاپتۇ، مۇھەممەد ئۇنىڭغا سېھىر قىلىۋېتىپتۇ» دېيىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھېچبىر مەسىلىگە كېلىشەلمەي تارقىلىپ كېتىدۇ.

ئەمما ئەبۇ جەھل بۇ ئىشنى مۇنداق تاشلاپ قويمىدى، ئۇ ۋەلىدنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ئۇنىڭغا سۆزلەشكە باشلىدى. سۆزلىگەندىمۇ ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان ۋە ئەسەبىيلىكىنى، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ دىنىغا بولغان مۇتەئەسسىپلىكىنى ئاشۇرىدىغان سۆزلەرنى قىلدى. ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «قۇرەيش قەبىلىسى سېنىڭ مۇھەممەدكە قارشى تۇرۇشۇڭ ئۈچۈن ساڭا بايلىق توپلاپ بېرىشكە تەييارلىنىۋاتىدۇ». ۋەلىد دېدى: «سەنمۇ بىلىسەن، مەن قۇرەيش قەبىلىسىدىكىلەردىنمۇ بەك باي، شۇڭا مېنىڭ ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىغا ھاجىتىم يوق، مەن مۇھەممەدتەك بىر يېتىمگە تەڭ كېلەلمەيمەنمۇ؟ ياق! مەن بۇ ئىشنى بولدى قىلمايمەن، تۇرۇڭلار! كېڭەش سورۇنىمىز (دارۇننەدۋە) گە بارىمىز، شۇ يەردە سۆزۈمنى تۈزىتىمەن». شۇنداق قىلىپ، ئۇلار دارۇننەدۋەدە توپلىشىدۇ. ۋەلىد سۆز باشلاپ: «مۇھەممەد شائىر ئەمەس، پالچىمۇ ئەمەس، يالغانچىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەقىقەتەن ئادەمگە ھۇزۇر- ھالاۋەت بېرىدىغان، ھېچقانداق سۆزنىڭ ئالدىدا يېڭىلمەيدىغان ۋە دائىم ئۈستۈن تۇرىدىغان سۆزلەردۇر»[1] دەيدۇ.

---

[1] «تفسير ابن كثير» 8- توم، 267- بەت.

«قۇرئان كەرىم» ۋەلىدنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى ئىنتايىن مۇكەممەل تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن: «ۋەلىد ‹قۇرئان كەرىم› بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە نېمە دېيىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ئۇزۇن-ئۇزۇن ئويلاندى، خىيال سۈردى، پىلان تۈزدى، ھەممە ئۇنى نېمە دەيدىكىن، دەپ ئىنتىزار بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى. بۇ ئارىدا ۋەلىد ئۆزىنىڭ تۈزگەن پىلانىغا قاراپ چىقتى، ئاندىن ئەتراپتىكىلەرگە شۇنداق سىنچىلاپ بىر قارىۋەتتى، ئاندىن شۇ ھامان قوشۇمىسىنى تۈردى، چىرايىنى سەتلەشتۈرۈپ پۈرۈشتۈردى، ئاندىن تەمكىنلىك بىلەن سۆزگە باشلاپ: «مۇھەممەد سېھىرگەردۇر! كۆرمىدىڭلارمۇ؟ ئۇ بالىسىنى ئاتىسىدىن، ئاتىسىنى بالىسىدىن، قۇلنى خوجايىنىدىن ئايرىۋەتتى ئەمەسمۇ؟ بۇ قۇرئان مۇھەممەد ئېيتقاندەك ئاللاھنىڭ سۆزى ئەمەس، ئۇ ئۆتمۈشتىكىلەردىن قالغان سېھىردىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ پەقەتلا ئىنسان سۆزىدۇر» دېدى. قۇرەيشلەر ۋەلىدنىڭ بۇ پىلانىدىن قاتتىق خۇشال بولۇشۇپ كەتتى. چۈنكى، ئۇلار بۇ قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېڭى بىر تۆھمەتنى ئارتىشقا مۇۋەپپەق بولغان ئىدى.

ئەمدى مۇنداق بىر كاپىرنىڭ جازاسى قانداق بولىدۇ؟ ئاللاھ تائالا دېدىكى، شەكسىزكى، مەن ئۇنىڭغا ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىنى تېتىتىمەن، ئۇنى سەقەرگە تاشلايمەن. سەن سەقەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ بۇ سوئال ھەيرانلىقنى ئاشۇرۇش ۋە ئازابنىڭ قاتتىقلىقىغا ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئىنسانلار سەقەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قانچە كۆپ ئويلانسىمۇ، قانچە كۆپ ئىزدەنسىمۇ بىلەلمەيدۇ، بىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئاللاھ تائالا تونۇشتۇرغاندەك تونۇشتۇرالمايدۇ. سەقەر دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاجايىپ دەھشەتلىك بىر ئوت ۋادىسى بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە تاشلانغانلارنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ، دوزاخقا كىرگەنلەردىن ھېچكىم ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ. ئۇ سەقەر ئۆزىگە تاشلانغان ئىنسانلارنىڭ تېرىسىنى ۋە بەدىنىنى كۆيدۈرۈپ قاپقارا قىلىۋېتىدۇ.

مۇجاھىد ﴿لَا تُبۡقِي وَلَا تَذَرُ﴾ دېگەن ئايەتنى «تاشلانغانلارنى يا تىرىك قالدۇرمايدۇ ياكى ئۆلتۈرۈپ تۈگەشتۈرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى كۆيۈپ بولۇشىغا دەرھال بۇ تېرىلەر يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ ۋە ئازاب داۋاملىشىدۇ»[1] دەپ تەپسىر قىلغان. دېمەك، سەقەر ئۇلارنى يا ھايات قويماي، ياكى ئۆلتۈرمەي ئازابلاشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

[1] «تفسير الطبري» 24-توم، 27-بەت.

بىز دوزاخقا مەسئۇل بولىدىغانلارنى پەرىشتىلەردىن قىلدۇق. يەنى ئۇلار ئىنسان ئەمەس. بۇ بەزى ئەخمەق مۇشرىكلارنىڭ دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتىلەرنى مەسخىرە قىلىپ: «بولدى، ئۇلار ئارانلا ئون توققۇز كىشى ئىكەنغۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى بىزدىن ئون ئادەم ئەلۋەتتە يىقىتىپ تاشلىيالايدۇ» دېگەن سۆزىگە رەددىيە بەرگەن ئايەت بولۇپ، ئۇلارغا شۇنى جاكارلايدۇكى، دوزاخقا مەسئۇل بولغانلار ئىنسانلاردىن بولمايدۇ، بەلكى پەرىشتىلەردىن بولىدۇ. پەرىشتىلەر ئەلۋەتتە كۈچلۈك بەندىلەردۇر، ئۇلارنىڭ كۈچىنى سىلەردىن ئىلگىرى ھالاك قىلىنغان ئاد، سەمۇد ۋە لۇت قەۋملىرىدىن سوراپ بېقىڭلار. چۈنكى، پەرىشتىلەر ئۇلارنى يۇرتلىرى بىلەن قوشۇپ پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتكەن ئىدى.

دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتىلەرنىڭ سانىنى ئون توققۇز قىلغانلىقىمىز ئىنسانلارنى سىناش ۋە كاپىرلارنىڭ كاپىرلىقىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىش ئۈچۈندۇر. ئەمەلىيەتتە ئەبۇ جەھلگە ئوخشىغان نۇرغۇن كاپىرلار دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتىلەرنىڭ سانىنىڭ ئون توققۇز ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش ئارقىلىق كۇفرىلىقىدا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ كەتكەن ئىدى.

بىزنىڭ دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتىلەرنىڭ سانىنى ئون توققۇز قىلغانلىقىمىز يەنە يەھۇدىيلاردىن ۋە خرىستىيانلاردىن ئىبارەت ساماۋى كىتاب بېرىلگەن قەۋملەرنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنىپ ئىمانىنى مۇكەممەللەشتۇرۇشى، مۇئمىنلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ كالامىغا بولغان ئىمانىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشى، كىتاب بېرىلگەنلەر بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ ئاللاھ تائالا بايان قىلغان ھەقىقەتلەردىن قىلچە شەكلەنمەسلىكى، شۇنداقلا دىلىدا مۇناپىقلىق كېسىلى بارلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ بۇ ساندىن ھەيران قېلىپ: «ئاللاھ بۇ مىسال بىلەن نېمىنى ئىرادە قىلغاندۇ؟» دەپ قېلىشى ئۈچۈندۇر. يەنى كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلار ئاللاھ تائالا بىزنى ئون توققۇز پەرىشتە بىلەن قورقۇتماقچى ئوخشىمامدۇ؟ ئەمما بىز ئۇلاردىن قورقمايمىز، دېيىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشى ۋە ئاخىرىدا تېگىشلىك جازاسىنى چېكىشى ئۈچۈندۇر.

بۇنداق مىساللار ئارقىلىق ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىلىرىنى ھىدايەت قىلىدۇ ۋە خالىغان بەندىلىرىنى ئازدۇرىدۇ. توغرا يول تېپىشقا ئىنتىلگەن، ئۆزىدە ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلگە قارىتا مايىللىق بولغان ئادەمنى ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ياخشىلىقنى ياكى يامانلىقنى

قوبۇل قىلالايدىغان، توغرا يولنى ياكى ئازغۇنلۇقنى تاللىيالايدىغان قابىلىيەتتە يارىتىلغان مەخلۇق بولغانلىقتىن، ھىدايەت تېپىشنى ياكى ئازغۇنلۇقتا قېلىشنى تاللاش ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز ئىختىيارىدىكى ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا شۇ ئىنساننىڭ كۆڭۈل مايىللىقىغا قاراپ ئۇنى يا ھىدايەت قىلىدۇ ياكى ئازغۇنلۇقىدا قالدۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشقا بەلگىلەنگەن پەرىشتىلەر قوشۇنىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ سانىنى ۋە ئىشلىرىنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدۇ. دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوت ۋادىسى دەپ تەرىپلەنگەن سەقەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ ۋە قانداق ئىكەنلىكىنىمۇ ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پۇل-مال، پەرزەنت ۋە مەنسەپ ھەم نېمەت ھەم سىناق بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ سىناقتىن ئۆتەلمەيدۇ.

2. كىشىلەرنىڭ ئەڭ رەزىللىرى باشقىلارنى توغرا يولدىن توسقۇچىلاردۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىققانلار ھەرگىز مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ.

4. ئاللاھ تائالانىڭ قوشۇنلىرىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

## ◄ ئازاب ۋە ئۇنىڭغا كىرىدىغانلار

﴿كَلَّا وَٱلْقَمَرِ ٣٢ وَٱلَّيْلِ إِذْ أَدْبَرَ ٣٣ وَٱلصُّبْحِ إِذَآ أَسْفَرَ ٣٤ إِنَّهَا
لَإِحْدَى ٱلْكُبَرِ ٣٥ نَذِيرًا لِّلْبَشَرِ ٣٦ لِمَن شَآءَ مِنكُمْ أَن يَتَقَدَّمَ
أَوْ يَتَأَخَّرَ ٣٧ كُلُّ نَفْسٍۭ بِمَا كَسَبَتْ رَهِينَةٌ ٣٨ إِلَّآ أَصْحَٰبَ ٱلْيَمِينِ
٣٩ فِى جَنَّٰتٍ يَتَسَآءَلُونَ ٤٠ عَنِ ٱلْمُجْرِمِينَ ٤١ مَا سَلَكَكُمْ فِى
سَقَرَ ٤٢ قَالُوا۟ لَمْ نَكُ مِنَ ٱلْمُصَلِّينَ ٤٣ وَلَمْ نَكُ نُطْعِمُ ٱلْمِسْكِينَ
٤٤ وَكُنَّا نَخُوضُ مَعَ ٱلْخَآئِضِينَ ٤٥ وَكُنَّا نُكَذِّبُ بِيَوْمِ ٱلدِّينِ ٤٦
حَتَّىٰٓ أَتَىٰنَا ٱلْيَقِينُ ٤٧ فَمَا تَنفَعُهُمْ شَفَٰعَةُ ٱلشَّٰفِعِينَ ٤٨ فَمَا لَهُمْ
عَنِ ٱلتَّذْكِرَةِ مُعْرِضِينَ ٤٩ كَأَنَّهُمْ حُمُرٌ مُّسْتَنفِرَةٌ ٥٠ فَرَّتْ مِن

قَسْوَرَةٍ ﴿٥١﴾ بَلْ يُرِيدُ كُلُّ ٱمْرِيٍٕ مِّنْهُمْ أَن يُؤْتَىٰ صُحُفًا مُّنَشَّرَةً ﴿٥٢﴾
كَلَّا ۖ بَل لَّا يَخَافُونَ ٱلْءَاخِرَةَ ﴿٥٣﴾ كَلَّآ إِنَّهُۥ تَذْكِرَةٌ ﴿٥٤﴾ فَمَن شَآءَ
ذَكَرَهُۥ ﴿٥٥﴾ وَمَا يَذْكُرُونَ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ ۚ هُوَ أَهْلُ ٱلتَّقْوَىٰ وَأَهْلُ
ٱلْمَغْفِرَةِ ﴿٥٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

32ـ37ـ ياق (ئەمەلىيەت كاپىرلار دېگەندەك ئەمەس!). ئاي بىلەن، ئۆتۈپ كەتكەن كېچە بىلەن، يورۇغان سۈبھى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەقىقەتەن، دوزاخ ئىنسانلارنى، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى (ياخشىلىققا) ئىلگىرىلەشنى ياكى (ئۇنىڭدىن) چېكىنىشنى خالىغان ئادەملەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان چوڭ (بالا)لارنىڭ بىرىدۇر!

38ـھەر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن رەنىگە ئېلىنغاندۇر.

39ـپەقەت نامە ـئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

40ـ42ـ ئۇلار جەننەتلەردە تۇرۇپ، گۇناھكارلاردىن: «سىلەرنىڭ سەقەرگە كىرىپ قېلىشىڭلارغا نېمە سەۋەب بولدى؟» دەپ سورايدۇ.

43ـئۇلار: «بىز ناماز ئوقۇيدىغانلاردىن بولمىغان ئىدۇق،

44ـيوقسۇللارغا تائام بەرمەيتتۇق،

45ـ(باتىلغا) چۆكۈپ كەتكەنلەر بىلەن بىللە (بىزمۇ چۆكۈپ كەتكەن ئىدۇق،

46ـ47ـتاكى بىزگە ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلاتتۇق.

48ـشاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ.

49ـ51ـ ئۇلار نېمىشقا خۇددى يولۋاستىن قاچقان ياۋايى ئېشەكلەردەك ۋەز-نەسىھەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ؟

52ـبەلكى ئۇلاردىن ھەربىرى ئۆزىگە ئېچىقلىق سەھىپىلەرنىڭ بېرىلىشىنى تەمە قىلىدۇ.

53ـياق (ئىش ھەرگىز ئۇلار تەمە قىلغاندەك بولمايدۇ). ئۇلار ئاخىرەتتىن قورقمايدۇ.

54ـ شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ (قۇرئان) ۋەز ـ نەسىھەتتۇر.

55ـ خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ.

56ـ ئۇلار پەقەت ئاللاھ خالىسىلا، ئاندىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالالايدۇ، ئاللاھ قورقۇشقا تېگىشلىك زاتتۇر، (بەندىلىرىگە) مەغپىرەت قىلىشقا لايىق زاتتۇر.

## ◄ تەپسىرى

مۇشرىكلار جەھەننەمگە مەسئۇل پەرىشتىلەر ۋە ئۇلارنىڭ سانى توغرۇلۇق كەلگەن ئايەتلەرنى مەسخىرە قىلاتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار كۇفرىلىقنىڭ ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ ئازگاللىرىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ كەتكەن ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە مۇشرىكلارنىڭ بۇ مەسخىرىسىگە ئەجەللىك رەددىيە بەرگەن بولۇپ، سۆزنى ﴿كَلَّا﴾ يەنى ياق! ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇ كاپىرلار ئويلىغاندەك ئەمەس دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن باشلىغان. ئاندىن ئاي، كېچە ۋە سۈبھى قاتارلىقلارنى سۆزىگە گۇۋاھ قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن قەسەم قىلىپ، مۇشرىكلار مەسخىرە قىلغان جەھەننەمنىڭ ئەڭ چوڭ بالالاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى ۋە مۇشرىكلارنىڭ شۇ بالالارغا چوقۇم دۇچار بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئاللاھ تائالانىڭ ئاي، كېچە ۋە سۈبھى قاتارلىقلار بىلەن قەسەم قىلىشى مۇشرىكلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ۋە ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. يەنە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئاي، كېچە ۋە سۈبھى قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلغانلىقى ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىگە ئىشارەتتۇر. چۈنكى، ئىنساننىڭ ھاياتىمۇ بىر كۈنى خۇددى قۇياشنىڭ نۇرى ئۆچكەندەك ئۆچۈپ، يەنە سۈبھى ئاقارغاندەك يېڭى بىر ھاياتقا ـ ئاخىرەت ھاياتىغا قەدەم باسىدۇ.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغان، دوزاخنىڭ ھەقلىقىگە ئىشەنمىگەن كاپىرلارنى دوزاخنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە بۇ دوزاخنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى، خۇسۇسەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ياخشىلىققا ئىلگىرىلەشنى ياكى ئۇنىڭدىن چېكىنىشنى خالىغان كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان چوڭ بالالارنىڭ بىرى قىلغان. ئەمما ئېنىقكى، ئۇنىڭدىن ئۈگۈت ئالىدىغانلار ۋە ئىبرەت ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى تۈزەيدىغانلار يەنىلا شۇ قىيامەتنىڭ بولۇشىغا ئىشىنىدىغان ۋە ئۇنىڭ دەھشەتلىرىدىن قورقىدىغان كىشىلەردۇر.

دىمەك، دوزاخ ياخشى ئىش قىلىدىغانلارنىمۇ، يامان ئىش قىلىدىغانلارنىمۇ ئاگاھلاندۇرىدىغان، قورقۇتىدىغان بالالارنىڭ بىرىدۇر.

مۇپەسسىرلەرنىڭ ﴿كُلُّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ رَهِينَةٌ﴾ دېگەن ئايەتكە قىلغان تەپسىرى بىر خىل بولمىغان. قۇرتۇبىي، ئىبنى كەسىر، تەپسىرى ۋازىھ قاتارلىق تەپسىرلەردە: «ھەربىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ياخشى-يامان ئەمەللىرى يۈزىسىدىن رەنگە ئېلىنغان بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭ ئەمەلى ياخشى بولسا، ئۇ رەنىدىن قۇتۇلىدۇ، ئەگەر ئەمەلى يامان بولسا، ئۇ جازاسىنى تارتقانغا قەدەر ئۇنىڭ رەنىسى داۋاملىشىدۇ»[1] دەپ تەپسىر قىلىنغان. بەغەۋىي، ئەيسەرۇتتەفاسىر، تەبەرىي، سەئدىي قاتارلىق تەپسىرلەردە: «ھەربىر ئىنساننىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن جەھەننەمدە مەھبۇستۇر، پەقەت نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلىدىغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، يەنى نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن مۆئمىنلەر جەھەننەمدە مەھبۇس ئەمەس»[2] دەپ تەپسىر قىلغان.

﴿پەقەت نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾ يەنى بۇلار رەنگە ئېلىنغانلارنىڭ قاتارىدىن ئەمەس، چۈنكى، ئۇلار ھاياتتىكى ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلغان، رەببىنى رازى قىلغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ئېسىل جەننەتلەردە ئىززەت-ئىكراملارغا نائىل بولىدۇ. ئۇلار جەننەتتىكى ئالىي تەختلەردە ئولتۇرۇپ، بىر-بىرى بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ ۋە خۇشاللىقتا ئورتاقلىشىدۇ. ئۇلار بىر-بىرىدىن دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئۆزلىرى بىلىدىغان بەزى گۇناھكارلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق سورىشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن جەھەننەمگە قاراپلا ئۇلارنىڭ جەھەننەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئاندىن ئۇلار مەزكۇر گۇناھكارلاردىن سورايدۇ: ﴿سىلەرنىڭ سەقەرگە كىرىپ قېلىشىڭلارغا نېمە سەۋەب بولدى؟﴾ گۇناھكارلار جاۋاب بېرىپ دەيدۇ: «بىزنى سەقەردىن ئىبارەت دەھشەتلىك دوزاخقا كىرگۈزگەن نەرسە شۇكى: ﴿بىز ناماز ئوقۇيدىغانلاردىن بولمىغان ئىدۇق، يوقسۇللارغا تائام بەرمەيتتۇق، (باتىلغا) چۆكۈپ كەتكەنلەر بىلەن بىللە (بىزمۇ چۆكۈپ كەتكەن) ئىدۇق، تاكى بىزگە ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلاتتۇق﴾ » يەنى بىز ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلمايتتۇق، نەپسى خاھىشىمىزغا ۋە ساختا ئىلاھلىرىمىزغا چوقۇناتتۇق، يوقسۇللارنىڭ،

---

[1] «تفسير القرطبي» 19- توم، 79- بەت.
[2] «تفسير البغوي» 8- توم، 272- بەت.

يېتىملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمايتتۇق، ئاچ-يالىڭاچ قالغانلارنىڭ قارنىنى تويغۇزمايتتۇق، كىيىم-كېچەك بېرىپ ئۈستى - بېشىنى ياپمايتتۇق، ناۋادا ئۇلارغا بىر نەرسە بەرگەندىمۇ ئۆزىمىزنى سېخىي ۋە مەرد قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن بېرەتتۇق، يالغان-ياۋىداق سۆزلەرگە بېرىلىپ دىننى مەسخىرە قىلغۇچىلار بىلەن بىللە بىزمۇ شۇنداق مەسخىرە قىلاتتۇق، بىز ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيتتۇق، مۇنداق بىر ھېساب كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلاتتۇق، بىز پۈتۈن ھاياتىمىز بويىچە مۇشۇنداق قىلمىشلارنى قىلىپ، ئاخىرى ئۆلۈمگە ئۇچراشتۇق، ئۆلۈم بىزنى شۇنداق كاپىرلىق ھالىتىمىزدە چاڭگىلىغا ئالدى.

ئۇلار شۇنداق كۇفرىلىق ھالىتىدە ئۆلگەن ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنى چوقۇم دوزاخ بولىدۇ، ئۇلارغا بىرەر شاپائەتچىنىڭ شاپائىتىمۇ پايدا بەرمەيدۇ. زادى كاپىرلارغا ھېچكىم شاپائەت قىلمايدۇ. بۇ دۇنيادا ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنۇپ، ئۇلارنىڭ شاپائىتىنى ئۈمىد قىلغانلار ئاخىرەتتە ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇلار ئېتىقاد قىلغان ساختا ئىلاھلار چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ بېشىغا كۈن كەلگەندە، ئۇلارغا ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمەيدۇ.

بۇ كاپىرلارنىڭ ھالىغا ۋايكى، ئۇلار شۇنداق ئوچۇق ۋە ئېنىق باياندىن كېيىن قانداقمۇ «قۇرئان كەرىم»دىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟ ئۇلار ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈپ نېمىگە ئېرىشەلەيدۇ؟ نېمىشقا ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىدىن، ئۇنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ؟ نېمىشقا ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىنسا، خۇددى يولۋاستىن قاچقان ياۋايى ئېشەكلەردەك قاچىدۇ؟ تېخى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشى ئۈچۈن ئاسماندىن ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىرەردىن كىتاب چۈشۈپ ئۇلارنى ئەگىشىشكە بۇيرۇشىنى تەمە قىلىدۇ. بۇ بولىدىغان ئىشمۇ؟ ئۇلار پەيغەمبەرمىدى كىتاب چۈشكىلى؟ ياق، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بۇنى ئارزۇ قىلمايدۇ، بۇ پەقەت ئېغىزلىرىنىڭ ئۇچىدا مەسخىرە ئۈچۈنلا دەپ قويغان گەپ. ئەسلىدە ئۇلار ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدۇ، شۇڭا ئاخىرەتتىن قورقمايدۇ.

ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇ كاپىرلار ئويلىغاندەك ئەمەس، «قۇرئان كەرىم» ھەرگىز ئۇلار تۆھمەت قىلغاندەك ئىنسان سۆزى ئەمەس، سېھىرمۇ ئەمەس، ئەكسىچە بۇ كىتاب ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا بېرىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىدىغان مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئۈگۈت ۋە ۋەز-نەسىھەتتۇر. خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ئۈگۈت ئالىدۇ ۋە ئىمان ئېيتىدۇ. بۇ ئىشمۇ پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى، ھەممە ئىش

ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئىنسانىنىڭ ئىرادىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ئىچىدە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئازابىدىن ۋە جازاسىدىن قورقۇشقا تېگىشلىك زاتتۇر، بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدىغان زاتتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى ئىنسانلار! نېمە ئۈچۈن رەببىڭلارنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلىپ، ئۆزۈڭلارنى ئىسلاھ قىلمايسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلمەيسىلەر؟

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئەسلىدىكى «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە مۇۋاپىق ئىكەنلىكى ساماۋى كىتابلارغا ھەقىقىي ئىمانى بار كىشىلەرنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىدۇ.

2. نامازغا ئوقۇماسلىق، زاكات بەرمەسلىك، قىيامەتنى ئىنكار قىلىش ۋە باتىلغا بېرىلىپ خاتا سۆزلەرنى قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە تولىمۇ ئېغىر گۇناھلاردۇر.

3. كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرگە قىيامەت كۈنى شاپائەت يوقتۇر، ئۇلارنى ھېچكىم دوزاختىن قۇتقۇزالمايدۇ.

4. ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشەنمەسلىك جىمى ئازغۇنلۇقنىڭ بېشىدۇر.

5. تەقۋالىقنى ئاتا قىلغۇچى ۋە گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى ئاللاھ تائالادۇر.

# قىيامەت سۈرىسى

قىيامەت سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 40 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، قىيامەتنىڭ ھەقلىقى ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرى، شۇنداقلا قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋاللارنىڭ بايانى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساننى تىرىلدۈرۈشكە ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىنى توپلاشقا قادىر ئىكەنلىكىنىڭ بەزى ئۆرنەكلىرىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتىكى ﴿ٱلۡقِيَٰمَةِ﴾ «قىيامەت» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

## ◄ قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ئىشلار

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿لَآ أُقۡسِمُ بِيَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ ١ وَلَآ أُقۡسِمُ بِٱلنَّفۡسِ ٱللَّوَّامَةِ ٢
أَيَحۡسَبُ ٱلۡإِنسَٰنُ أَلَّن نَّجۡمَعَ عِظَامَهُۥ ٣ بَلَىٰ قَٰدِرِينَ عَلَىٰٓ أَن
نُّسَوِّيَ بَنَانَهُۥ ٤ بَلۡ يُرِيدُ ٱلۡإِنسَٰنُ لِيَفۡجُرَ أَمَامَهُۥ ٥ يَسۡـَٔلُ
أَيَّانَ يَوۡمُ ٱلۡقِيَٰمَةِ ٦ فَإِذَا بَرِقَ ٱلۡبَصَرُ ٧ وَخَسَفَ ٱلۡقَمَرُ ٨
وَجُمِعَ ٱلشَّمۡسُ وَٱلۡقَمَرُ ٩ يَقُولُ ٱلۡإِنسَٰنُ يَوۡمَئِذٍ أَيۡنَ ٱلۡمَفَرُّ ١٠
كَلَّا لَا وَزَرَ ١١ إِلَىٰ رَبِّكَ يَوۡمَئِذٍ ٱلۡمُسۡتَقَرُّ ١٢ يُنَبَّؤُاْ ٱلۡإِنسَٰنُ
يَوۡمَئِذِۭ بِمَا قَدَّمَ وَأَخَّرَ ١٣ بَلِ ٱلۡإِنسَٰنُ عَلَىٰ نَفۡسِهِۦ بَصِيرَةٞ ١٤ وَلَوۡ
أَلۡقَىٰ مَعَاذِيرَهُۥ ١٥ لَا تُحَرِّكۡ بِهِۦ لِسَانَكَ لِتَعۡجَلَ بِهِۦٓ ١٦ إِنَّ عَلَيۡنَا
جَمۡعَهُۥ وَقُرۡءَانَهُۥ ١٧ فَإِذَا قَرَأۡنَٰهُ فَٱتَّبِعۡ قُرۡءَانَهُۥ ١٨ ثُمَّ إِنَّ عَلَيۡنَا

بَيَانَهُۥ ﴿١٩﴾ كَلَّا بَلْ تُحِبُّونَ ٱلْعَاجِلَةَ ﴿٢٠﴾ وَتَذَرُونَ ٱلْأَخِرَةَ ﴿٢١﴾ وُجُوهٌ
يَوْمَئِذٍ نَّاضِرَةٌ ﴿٢٢﴾ إِلَىٰ رَبِّهَا نَاظِرَةٌ ﴿٢٣﴾ وَوُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ بَاسِرَةٌ ﴿٢٤﴾ تَظُنُّ
أَن يُفْعَلَ بِهَا فَاقِرَةٌ ﴿٢٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

2ـ ئۆزىنى كۆپ ئەيىبلىگۈچى نەپس بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر).

3ـ (كاپىر) ئىنسان بىزنى ئۆزىنىڭ (چىرىپ ئۇۋۇلۇپ كەتكەن) سۆڭەكلىرىنى يىغالمايدۇ دەپ ئويلامدۇ؟

4ـ ئۇنداق ئەمەس، بىز ئۇنىڭ (ئەڭ نازۇك ئەزاسى بولغان) بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز.

5ـ6ـ بەلكى ئىنسان كەلگۈسى ھاياتىدا گۇناھتا ئەزۋەيلىمەكچى بولىدۇ. ئۇ (مەسخىرە قىلىپ): «قىيامەت كۈنى قاچان بولىدۇ؟» دەپ سورايدۇ.

7ـ10ـ كۆزلەر قاماشقان، ئاينىڭ نۇرى ئۆچكەن، كۈن بىلەن ئاي بىرلەشتۈرۈلگەن شۇ (قىيامەت) كۈندە، ئىنسان: «قاچىدىغان جاي قەيەردە؟» دەپ كېتىدۇ.

11ـ ياق، قاچىدىغان ھېچقانداق پاناھگاھ يوقتۇر.

12ـ بۇ كۈندە بارىدىغان قارارگاھ پەقەتلا رەببىڭنىڭ دەرگاھىدۇر.

13ـ بۇ كۈندە ئىنسانغا ئىلگىرى ـ ئاخىر قىلغان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ.

14ـ بەلكى ئىنسان ئۆزىنىڭ زىيىنىغا ئۆزى گۇۋاھ بولغۇچىدۇر.

15ـ ئۇ (ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن) قانچە ئۆزرە ئېيتقان تەقدىردىمۇ (ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ).

16ـ (ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقان چاغدا) ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما.

17ـ شەكسىزكى، ئۇنى (سېنىڭ دىلىڭغا) توپلاش ۋە ئۇنى ساڭا ئوقۇتۇش

بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر.

18-بىز ئۇنى (ساڭا جىبرىل ئارقىلىق) ئوقۇپ بەرگەندە، سەن ئۇنى (جەم تۇرۇپ) ئاڭلىغىن.

19-ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشمۇ بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر.

20-(ئى مۇشرىكلار!) ئەمەلىيەت ھەرگىز (سىلەر ئويلىغاندەك) ئەمەس، بەلكى سىلەر دۇنيانى ياخشى كۆرىسىلەر.

21-ئاخىرەتنى بولسا بىر ياققا قايرىپ قويىسىلەر.

22-قىيامەت كۈنىدە، نۇرغۇن يۈزلەر نۇرلۇق بولىدۇ،

23-رەببىگە قاراپ تۇرىدۇ.

24-بۇ كۈندە، نۇرغۇن يۈزلەر تۇتۇق بولىدۇ.

25-ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چوڭ قىيىنچىلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى جەزم قىلىدۇ.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ بىكارغا يارىتىلمىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىدىن ھېساب ئېلىنماي تاشلاپ قويۇلمايدىغانلىقىنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئاللاھ تائالا يەنە ئۆزىنى كۆپ ئەيىبلىگۈچى نەپس بىلەن قەسەم قىلغان. مەلۇمكى، ئۆزىنى ئەيىبلەيدىغان نەپس ۋىجدانلىق ئادەمنىڭ نەپسىدۇر. چۈنكى، ۋىجدانلىق ئادەملا ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئالالايدۇ، ۋىجدانلىق ئادەملا ئۆزىنى ئەيىبلىيەلەيدۇ. ۋىجدانلىق ئادەملا ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرى (يەنى ياخشىلىقنى ئاز قىلغانلىقى ياكى گۇناھ سادىر قىلىپ قويغانلىقى) تۈپەيلىدىن ئۆزىگە ئۆزى مالامەت قىلىشنى ۋە خاتالىقنى تۈزىتىشنى بىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن ﴿ٱلنَّفۡسُ﴾ يەنى «نەپس» ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار: ﴿ٱلنَّفۡسُ ٱلۡأَمَّارَةُۢ بِٱلسُّوٓءِ﴾ يەنى ﴿يامان ئىشقا كۈشكۈرتكۈچى نەپس﴾، ﴿ٱلنَّفۡسُ ٱللَّوَّامَةِ﴾ يەنى ﴿ئۆزىنى كۆپ ئەيىبلىگۈچى نەپس﴾ ۋە ﴿ٱلنَّفۡسُ ٱلۡمُطۡمَئِنَّةُ﴾ يەنى ﴿ئارام تاپقۇچى نەپس﴾ قاتارلىقلاردۇر.

يامان ئىشقا كۈشكۈرتكۈچى نەپس - ئىگىسىنى ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ئىشلارنى قىلىشقا، گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىشقا كۈشكۈر-

تىدىغان نەپستۇر.

ئۆزىنى كۆپ ئەيىبلىگۈچى نەپس – تائەت-ئىبادەتنى تەرك ئەتكەنلىكى، گۇناھ ۋە يامان ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنى ئەيىبلەيدىغان ۋە ئۆزىگە مالامەت قىلىدىغان نەپستۇر.

ئارام تاپقۇچى نەپس – ئاللاھ تائالاغا تائەت-ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنى ياد ئېتىپ تۇرۇش بىلەن ئارام تاپقان، خاتىرجەم نەپستۇر.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، بولىدىغانلىقىدا قىلچە شەك بولمىغان قىيامەت كۈنى بىلەن ۋە تائەت-ئىبادەتنى تەرك ئەتكەنلىكى، گۇناھ، يامان ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلەيدىغان مۆئمىن ئادەمنىڭ نەپسى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئى ئىنسانلار! سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر ۋە قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىڭلاردىن بىر-بىرلەپ ھېساب بېرىسىلەر.

ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋالغان كاپىر ئىنسانلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىزگە شەك قىلىۋاتامدۇ؟ ئۇلار بىزنى مۇنداق قىلالمايدۇ دەپ ئويلامدۇ؟

مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، ﴿ئۆزىنى كۆپ ئەيىبلىگۈچى نەپس بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر)﴾ دېگەن ئايەت ئەدى ئىبنى رەبىئە بىلەن ئەخنەس ئىبنى شەرىق دېگەن ئىككى ئادەمگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن نازىل بولغان. بۇ ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قوشنا ئىدى. بىر كۈنى ئەدى ئىبنى رەبىئە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن قىيامەت ھەققىدە ۋەز قىلىپ بېرىشنى سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قىيامەتنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئەدى: «قەسەم قىلىمەنكى، ئى مۇھەممەد! سەن دېگەن شۇ قىيامەتنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن تەقدىردىمۇ، مەن ساڭا ئىشەنمەيمەن، چۈنكى، ئاللاھ چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى قانداق يىغالايدۇ؟»[1] دېگەن.

دېمەك، بۇ ئايەت ئەدى ئىبنى رەبىئەگە ئوخشىغان ئەشەددىي كاپىرلارنىڭ ھەممىسىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن نازىل بولغان بولۇپ، چىرىپ، ئۇۋۇلۇپ، توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ توپلاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، ھەتتا ئۇلارنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنىمۇ ئەسلىدىكىگە

[1] «تفسير القرطبي» 19-توم، 93-بەت.

ئوخشاش قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان. بارماقلارنىڭ ئۇچىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن مەقسەت ئىنساننى ئەسلىدىكى ھالىتىگە تولۇق قايتۇرۇش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، بارماقلاردىكى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇش، بارماق ئىزلىرىدىكى گۈزەل سەنئەت ۋە بىر ئىنساننىڭ بارماق ئىزلىرىنىڭ يەنە بىر ئىنساننىڭ بارماق ئىزلىرىغا ئوخشىمايدىغانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى نامايان قىلىدىغان دەلىللەردۇر. بۇ ئەينى ۋاقىتتا بەدەننى چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن ئىنساننى ئاللاھ تائالانىڭ تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ بارلىق ئورگانلىرىنى ئۆز جايىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى دەسلەپ يارىتىلغان چاغدىكى ھالىتىگە ئوخشاش قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر.

﴿بَلَىٰ قَادِرِينَ عَلَىٰٓ أَن نُّسَوِّيَ بَنَانَهُۥ﴾ يەنى ﴿ئۇنداق ئەمەس، بىز ئۇنىڭ (ئەڭ نازۇك ئەزاسى بولغان) بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز﴾ دېگەن ئايەت يەنە شۇنداق ئىلمىي ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇكى، گەرچە ئىنسانلارنىڭ ئەزالىرى كۆرۈنۈشتە بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىر خىل ئەمەس. مەسىلەن: بارماقلاردىكى ئىزلار (سىزىقچىلار) ھەرگىزمۇ بىر-بىرىگە ئوخشاش چىقمايدۇ، ھېچقانداق ئادەمنىڭ بارماق ئىزى يەنە بىرسىنىڭ بارماق ئىزىغا ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتىكى ﴿بىز ئۇنىڭ (ئەڭ نازۇك ئەزاسى بولغان) بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز﴾ يەنى بارماقلىرىنىڭ ئىزلىرىنىمۇ ئوخشاش قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىرمىز، دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ بارماق ئىزلىرىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. بۇ ھەقىقەت 1884-يىلى بايقىلىپ، شۇنىڭدىن بېرى بارماق ئىزلىرى ئىنسانلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن قوللىنىلماقتا.

﴿بەلكى ئىنسان كەلگۈسى ھاياتىدا گۇناھتا ئەزۋەيلىمەكچى بولىدۇ. ئۇ (مەسخىرە قىلىپ): «قىيامەت كۈنى قاچان بولىدۇ؟» دەپ سورايدۇ﴾ بۇ ئايەت كاپىر ئىنساننىڭ ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشەنمىگەنلىكتىن، ئۇنى يالغان دېيىش ئۈچۈن، بىرەر باھانە، بىرەر چارە ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، مەزكۇر كاپىر ئىنسان ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشەنمەسلىك بىلەن توختاپ قالماستىن، ئۆزىنىڭ قىيامەت بولمايدۇ دەيدىغان سەپسەتىسىنى بازارغا سېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئەخمەقتۇر. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىش، قىيامەتنى ئىنكار قىلىش

ۋە گۇناھ-مەئسىيەتتە، ئازغۇنلۇقتا ھەددىدىن ئېشىش قاتارلىق قىلمىشلىرىنىڭ سىرتىدا، ئەقلىنى ئىشلەتمەستىن، ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالماستىن، ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنى ھېچ ئويلىماستىن، پەقەت ھايۋانلارغا ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ شەھۋىتى ۋە نەپسىنىڭ يولسىز تەلەپلىرى ئۈچۈنلا ياشاشنى ھاياتلىق مىزانى قىلىۋالغان ئادەمدۇر. مۇنداقلارغا چىرايلىق ۋەز-نەسىھەت قىلىنسا ياكى ئاخىرەت ھاياتى ئېسىگە سېلىنسا، ئۇلار قىيامەتنىڭ بولۇشىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن، ئۇنى مەسخىرە قىلىپ: ﴿قىيامەت قاچان بولىدۇ؟﴾ دەپ سورايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار: ئى مۇھەممەد! قىيامەتنىڭ بولۇشى يېقىنمۇ ياكى يىراقمۇ؟ بۇنى بىزگە ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟ دېگەنگە ئوخشىغان سوئاللىرى ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلاتتى. مۇنداق كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان كاپىرلار ئاخىرى شۇ ئىنكار بىلەن كاپىر پېتى ئۆلىدۇ. نىھايەت، ئۇلار قىيامەتنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن چاغدىلا، دۇنيادا ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان بۇ قىيامەتنىڭ ھەقىقەتەن راست ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قاچىدىغان ھېچقانداق جاي تاپالماي قالىدۇ.

ئېنىقكى، قىيامەت كۈنىدە كاپىرلار ئۈچۈن قاچىدىغان جاي تېپىلمايدۇ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدىغان ياكى ئۇلارنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئۇلارغا شاپائەت قىلىدىغان بىرەر شاپائەتچىمۇ چىقمايدۇ. مۇنداق كاپىرلار ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا بېرىشتىن باشقا يول تاپالمايدۇ. چۈنكى، قىيامەت كۈنىدە ھەممە خالايىق ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا چىقىرىلىدۇ. ئۇ چاغدا نېمە بولماقچى؟ ئۇ چاغدا ھەربىر ئىنسانغا ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ۋاقتىدا قىلغان ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ. ھەربىر ئىنساننىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرى يېزىلغان نامە-ئەمەل دەپتىرى ئۇلارنىڭ قولىغا بېرىلىدۇ، بەزىسىنىڭ نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلىدۇ، بەزىسىنىڭ نامە-ئەمەلى سول قولىغا بېرىلىدۇ. نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلىدىغانلار جەننەتكە كىرىدىغان بەختلىك كىشىلەر، نامە-ئەمەلى سول قولىغا بېرىلىدىغانلار دوزاخقا كىرىدىغان بەختسىزلەردۇر. قىيامەت كۈنىدە ھەممە ئادەم خەت ئوقۇيالايدىغان بولىدۇ ۋە ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ نامە-ئەمەلىنى ئوقۇيدۇ. ﴿ٱقْرَأْ كِتَٰبَكَ كَفَىٰ بِنَفْسِكَ ٱلْيَوْمَ عَلَيْكَ حَسِيبًا﴾ يەنى ﴿(ئۇنىڭغا) «نامە-ئەمەلىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن ئۆزۈڭدىن ھېساب ئېلىشقا ئۆزۈڭ يېتەرلىكسەن»

(دەيمىز)﴾ [1].

قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنىڭ ياخشى-يامان بارلىق ئەمەللىرى ئوقۇتۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇچۇن ئىككىنچى باسقۇچ كېلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىگە ئۆزىنىڭ گۇۋاھ بولۇشى ۋە بارلىق قىلمىشلىرىغا ئىقرار قىلىشى، ئاندىن ياخشى ئىشلىرىغا مۇكاپات، يامان ئىشلىرىغا جازا ئېلىشىدۇر. ﴿يَوْمَ تَشْهَدُ عَلَيْهِمْ أَلْسِنَتُهُمْ وَأَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُم بِمَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇ (قىيامەت) كۈنىدە ئۇلارنىڭ تىللىرى، قوللىرى ۋە پۇتلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدىن ئۇلارغا قارشى گۇۋاھلىق بېرىدۇ﴾[2]. ئىنسان ئۇ كۈندە قانچىلىك كۆپ باھانە-سەۋەبلەرنى بايان قىلىپ باقسىمۇ، بۇ باھانە-سەۋەبلەر ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. ئۇ بەرىبىر ئۆز قىلمىشلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»دىن نازىل بولۇۋاتقان ۋەھيىنى يادلىۋېلىشقا بەكمۇ ھېرىس ئىدى، جىبرىل ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئايەتلەرنى تېزرەك يادلىۋېلىش ۋە دىلىدا مەھكەم ئورۇن ئالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگىشىپ تەڭ ئوقۇيتتى ۋە بىر تەرەپتىن ئاڭلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇشقا ئالدىرايتتى. ئاللاھ تائالا ئۇنى تاھا سۈرىسىدە بۇنداق قىلىشتىن مەنئى قىلىپ: ﴿وَلَا تَعْجَلْ بِٱلْقُرْءَانِ مِن قَبْلِ أَن يُقْضَىٰٓ إِلَيْكَ وَحْيُهُۥ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) قۇرئاننىڭ ساڭا نازىل قىلىنىۋاتقان بۆلۈكى تولۇق نازىل قىلىنىپ بولمىغۇچە، ئۇنى ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمىگىن﴾[3] دېگەن. بۇ سۈرىدىكى ﴿بىز ساڭا ئۇنى (جىبرىل ئارقىلىق ئوقۇپ بەرگەندە، سەن ئۇنى (جىم تۇرۇپ) ئاڭلىغىن﴾ دېگەن ئايەتلەرنىڭ مەنىسى شۇكى، ئى پەيغەمبەر! جىبرىل ساڭا ۋەھيىنى ئوقۇپ تۈگىتىپ بولماستىن، ئۇنى ئوقۇشقا ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. چۈنكى، بۇ قۇرئاننىڭ ھەممىسىنى سېنىڭ دىلىڭغا مەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە سېنى قۇرئاننى باشتىن ئاخىر تولۇق ۋە توغرا شەكىلدە ئوقۇيالايدىغان قىلىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. سەن ئۇنى ئۇنتۇپ قالمايسەن ۋە ھەممىنى تولۇق ئوقۇيالايدىغان بولىسەن. شۇڭا بىزنىڭ ئەلچىمىز جىبرىل ساڭا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بەرگەن ۋاقىتتا، ئۇنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغىن،

---

[1] ئىسرا سۈرىسى:14- ئايەت.

[2] نۇر سۈرىسى:24-ئايەت.

[3] تاھا سۈرىسى:114-ئايەت.

جىبرىل ئوقۇشنى تۈگەتمىگۈچە سەن ئوقۇشقا ئالدىرىما. جىبرىل ئوقۇشنى توختاتقاندىن كېيىن، ئاندىن سەن ئوقۇغىن، شۇنداق قىلساڭ قۇرئاننى دىلىڭدا تولۇق ساقلىيالايسەن. سەن ئۇنىڭ مەنىسى ھەققىدىمۇ باش قاتۇرۇپ كەتمە. چۈنكى، رەببىڭ ئۇنى ساڭا ئوچۇقلاپ بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ سىر-ئەسرارلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ بايانلارنىڭ ھەممىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟

ئى كاپىرلار! ئىش ھەرگىز سىلەر ئويلىغاندەك ئەمەس. سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن بارلىق قىلمىشىڭلاردىن تەپسىلىي ھېساب بېرىسىلەر، ئاندىن، سىلەر دوزاختىكى ئورنۇڭلارنى تاپىسىلەر. چۈنكى، سىلەرنى يوقتىن بار قىلغان زات سىلەرنى يەنە قايتىدىن يارىتىشقا ۋە چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلىرىڭلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئى كاپىرلار! سىلەرنىڭ ئاخىرەت ھاياتىنى ئىنكار قىلىشىڭلار پەقەت دۇنيا سۆيگۈسىدىن ۋە دۇنيا ھاياتىغا بولغان ھېرىسمەنلىكىڭلار يۈزىسىدىندۇر. چۈنكى، سىلەر دۇنيالىقنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈپ، دۇنيانى ھەممىدىن بەك دوست تۇتۇپ، بارلىقىڭلارنى ئۇنىڭغىلا ئاتاپ، ئاخىرەت ھاياتىنى ئۇنتۇپ كەتكەن، ھەتتا ئاخىرەتنى خىيالىڭلارغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدىغان ئادەملەردۇر.

ئېنىقكى، ئىنسانلار ئاخىرەتتە ئىككى پىرقىغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، جەننەتتە، يەنە بىرى دوزاختا بولىدۇ. جەننەتتە بولىدىغانلارنىڭ يۈزلىرى ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرى ۋە ئۇلارغا تەقدىم قىلىنغان ئىززەت-ئىكراملار سايىسىدا نۇرلۇق بولىدۇ ۋە خۇشاللىقنىڭ ئەسەرلىرى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە پارلايدۇ. ئۇلار يەنە رەببىنىڭ جامالىنى كۆرۈشتىن ئىبارەت كاتتا ئىنئام سايىسىدا رەببىگە قاراپ تۇرىدۇ. ئەمما دوزاختا بولىدىغان پىرقىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى تۇرتۇلگەن ۋە غەم-ئەندىشىنىڭ كۆپلۈكىدىن قارىداپ كەتكەن، خاپا چىراي بولىدۇ. ئۇلار شۇ ھالىتىدە ئۆزلىرىنىڭ زور قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ قالغانلىقىنى جەزم قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئىنسانىنىڭ بىرەر مۇسىبەتنى ياكى بىرەر چوڭ خاپىلىقنى كۈتۈپ تۇرۇشى ئۇنىڭ ئەڭ ئازابلىق لەھزىلىرىدۇر.

ئەمدى بۇ يەردە بىر مەسىلە قالدى. ئۇ بولسىمۇ، قىيامەت كۈنىدە مۇئمىنلەر رەببىنى كۆرەمدۇ؟ كۆپ سانلىق ئۆلىمالار ﴿رەببىگە قاراپ تۇرىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ۋە بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ دەيدۇكى، ھەممە ئاللاھ تائالاغا قارىغان بىلەن بەزى كۆزلەر

ئۇنى كۆرۈشتىن توسۇلۇپ قالىدۇ، يەنى مەھرۇم قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ جامالىنى ئۆزى خالىغان بەندىلىرىگىلا كۆرسىتىدۇ. يەنە بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، بۇ ئايەت قىيامەت كۈنى مۆئمىنلەر ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئىنئاملىرىنى كۈتۈپ قاراپ تۇرىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

خۇلاسە كالام شۇكى، ئاخىرەت ئالەمنى بۇ دۇنياغا قىياس قىلغىلى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿رەببىگە قاراپ تۇرىدۇ﴾ دېگەن ئىكەن، بىزمۇ بۇنىڭغا شۇ پېتى ئىمان ئېيتىمىز، تەۋىل قىلمايمىز. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەت كۈندىكى تىرىلىشكە ۋە ھېساب بېرىشكە ئىشىنىش ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەركىبىدۇر.

2. بارماق ئىزلىرىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى ئەڭ دەسلەپ «قۇرئان كەرىم» ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئىنسانلار 19-ئەسىرگە كەلگەندىلا بۇ ھەقىقەتنى بىلدى ۋە شۇنىڭدىن بېرى بارماق ئىزلىرى ئىنسانلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن قوللىنىشقا باشلىدى.

3. ئىنسان ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىشتىن باشقا، ئۆزى سەۋەب بولغان ئىشلار (يەنى ئۆزىدىن كېيىن داۋام قىلىنىشقا قالدۇرۇپ كەتكەن ياخشىلىق ۋە يامانلىق) ئۈچۈنمۇ ھېسابقا تارتىلىدۇ.

4. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالادىن نازىل بولغان پېتى ساقلىنىپ قالغان يېگانە كىتابتۇر.

5. قىيامەت كۈنىدە جەننەت ئەھلىنىڭ يۈزى ئىمانىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇق ۋە پارلاق بولىدۇ، دوزاخ ئەھلىنىڭ يۈزى بولسا بۇ دۇنيادىكى كۇفرىلىقى سەۋەبلىك قاپقارا ۋە نۇرسىز بولىدۇ.

## ◄ ئۆلۈمنىڭ سەكراتى ۋە ئىنساننىڭ يارتىلىشى

﴿كَلَّآ إِذَا بَلَغَتِ ٱلتَّرَاقِيَ ٢٦ وَقِيلَ مَنْۜ رَاقٖ ٢٧ وَظَنَّ أَنَّهُ ٱلۡفِرَاقُ
٢٨ وَٱلۡتَفَّتِ ٱلسَّاقُ بِٱلسَّاقِ ٢٩ إِلَىٰ رَبِّكَ يَوۡمَئِذٍ ٱلۡمَسَاقُ ٣٠ فَلَا

صَدَّقَ وَلَا صَلَّىٰ ﴿٣١﴾ وَلَٰكِن كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰ ﴿٣٢﴾ ثُمَّ ذَهَبَ إِلَىٰٓ أَهْلِهِۦ
يَتَمَطَّىٰٓ ﴿٣٣﴾ أَوْلَىٰ لَكَ فَأَوْلَىٰ ﴿٣٤﴾ ثُمَّ أَوْلَىٰ لَكَ فَأَوْلَىٰٓ ﴿٣٥﴾ أَيَحْسَبُ
ٱلْإِنسَٰنُ أَن يُتْرَكَ سُدًى ﴿٣٦﴾ أَلَمْ يَكُ نُطْفَةً مِّن مَّنِيٍّ يُمْنَىٰ ﴿٣٧﴾ ثُمَّ
كَانَ عَلَقَةً فَخَلَقَ فَسَوَّىٰ ﴿٣٨﴾ فَجَعَلَ مِنْهُ ٱلزَّوْجَيْنِ ٱلذَّكَرَ وَٱلْأُنثَىٰٓ
﴿٣٩﴾ أَلَيْسَ ذَٰلِكَ بِقَٰدِرٍ عَلَىٰٓ أَن يُحْـِۧىَ ٱلْمَوْتَىٰ ﴿٤٠﴾

## تەرجىمىسى

26ـ27ـ شەك-شۈبھىسىزكى، جان ھەلقۇمغا كەلگەن چاغدا، «(بۇنىڭغا) كىم ئىلاج قىلالايدۇ؟» دېيىلىدۇ.

28ـ(سەكراتقا چۈشكەن ئادەم) بۇنىڭ (دۇنيادىن) ئايرىلىش ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىدۇ.

29ـ(سەكراتنىڭ قاتتىقلىقىدىن) پاچاق پاچاققا كىرىشىپ كېتىدۇ.

30ـبۇ كۈندە ھەيدەپ بېرىلىدىغان جاي رەببىڭنىڭ دەرگاھىدۇر.

31ـكاپىر (قۇرئانغا) ئىشەنمىدى، ناماز ئوقۇمىدى.

32ـئەكسىچە، (قۇرئاننى) يالغان دېدى ۋە ئىماندىن ئېتىشتىن باش تارتتى.

33ـئاندىن كېرىلگەن ھالدا ئۆيىگە قايتتى.

34ـساڭا (ھالاكەت) تېگىشلىكتۇر! تېگىشلىك بولغاندىمۇ تازا تېگىش-لىكتۇر!

35ـئاندىن ساڭا (ھالاكەت) تېگىشلىكتۇر! تېگىشلىك بولغاندىمۇ تازا تېگىشلىكتۇر!

36ـئىنسان ئۆزىنى «بىز ئۇز مەيلىمىزگە قويۇۋېتىلىمىز» دەپ ئويلامدۇ؟

37ـئۇ ئەسلىدە (بالىياتقۇغا) تۆكۈلىدىغان مەنىي ئەمەسمىدى؟

38ـ39ـ ئاندىن ئۇ ئەلەق[1] بولغاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇنى چىرايلىق شەكىلدە (ئىنسان قىلىپ) يارىتىپ، ئۇنىڭدىن ئەر-ئايال ئىككى جىنسنى پەيدا قىلغان ئەمەسمىدى؟

---

[1] ئەلەق توغرۇلۇق ئىزاھات ئۈچۈن ھەج سۈرىسىنىڭ 5ـئايىتىگە بېرىلگەن ئىزاھاتقا قارالسۇن.

40ـ(بۇ ئىشلارنى قىلالىغان ئاللاھ) ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟

### ◄ تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارنىڭ دىققىتىنى ئۆلارنىڭ جېنى چىقىدىغان ۋاقىتتىكى ھالىتىگە بۇراش ئارقىلىق ئۆلارغا مۇھىم بىر ئىشنى ئەسلەتكەن. ئۇ بولسىمۇ، ئىنسانىنىڭ دەسلەپكى يارىتىلىشىدۇر. بۇنىڭدىن مەقسەت ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راست ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتۇر. بۇ سۈرە باشتىن ئاخىر قىيامەت ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختالغان.

ئى ئىنسانلار! سىلەر ھەددىدىن زىيادە دۇنيا سۆيگۈسىدىن ۋاز كېچىپ، ئاخىرەتنىمۇ ئويلاپ قويۇڭلار، ئۇنىڭغا يېتەرلىك ھالدا تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن، بارچە تىرىشچانلىقڭلارنى كۆرسىتىڭلار، قولۇڭلاردىن كەلگەنچە ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىڭلار. سىلەر سەكراتقا چۈشكەن چاغدا بېشىڭلارغا كېلىدىغان قىيىنچىلىقنى ئەستىن چىقارماڭلار.

شۇنى قەتئىي ئۇنتۇماڭلاركى، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن بىرىنىڭ ئەجىلى توشۇپ سەكراتقا چۈشكەن ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، قولۇم-قوشنىلىرى، دوست-يارەنلىرى ۋە يېقىنلىرى ئۇنىڭ بېشىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا بىرەر ياردەمدە بولۇشقا تىرىشىپ باقىدۇ، ئۇنىڭدىن سەكراتنىڭ قاتتىقلىقىنى يەڭگىللەتكۈسى كېلىدۇ، ئەمما ئۇلار ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمەيدۇ، بىرەر دوختۇر، بىرەر چارە قىلغۇچى ۋە بىرەر داۋالىغۇچى بارمىدۇ؟ بۇنىڭغا بىرەر ئامال بارمىدۇ؟ دەپ، ھەركىم ئىزدىنىدۇ، ئەمما كەلگەن ئەجەلنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ ۋە سەكراتنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم يەڭگىللەتەلمەيدۇ. ئەجەل دېگەن شۇنداق بىر ئوقكى، ئۇ ئېتىلغاندىن كېيىن قايتۇرغىلى بولمايدۇ. نىھايەت ھەممە جانلىق ئۆلىدۇ، ھەممە ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا بارىدۇ.

جان ھەلقۇمغا يەتكەندە، ھەركىم ئەجىلىنىڭ توشقانلىقىنى، ئۆلىدىغانلىقىنى ۋە بۇ دۇنيادىن جەزمەن ئايرىلىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ. بەزى كىشىلەر سەكراتقا چۈشكەندە قاتتىق جان تالاشقانلىقتىن ئۇنىڭ پاچاقلىرى بىر-بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئاللاھ تائالاغا قالغان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلغان ئازغۇنلارنىڭ ئەھۋالى بەكمۇ يامان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە «قۇرئان كەرىم»گە ئىشەنمىدى، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان پەرزنى تەرك قىلىپ ناماز ئوقۇمىدى. ئۇلار يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭ دەۋىتىدىن ۋە «قۇرئان كەرىم»دىن يۈز ئۆرۈدى، ھەق دىننى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتتى. ئەسلىدە ئۇنى دۇنيا تىرىكچىلىكى ئالداپ قويغان. چۈنكى، ئۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىگە ۋە ئۆتكۈنچى لەززەتلىرىگە قاتتىق بېرىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۇنتۇغان، ئىنسانلارغا چوڭلۇق قىلىپ تەكەببۇرلۇق بىلەن دەۋر سۈرگەن، قىلمىشلىرىدىن بىر كۈنى ھېساب سورىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنمىگەن ئىدى. ئى كاپىر ئىنسان! ساڭا ھالاكەت ۋە ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابى تېگىشلىكتۇر! تېگىشلىك بولغاندىمۇ تازا تېگىشلىكتۇر! ئىسىت، سېنىڭ ھالىڭغا!.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ﴿ساڭا (ھالاكەت) تېگىشلىكتۇر! تېگىشلىك بولغاندىمۇ تازا تېگىشلىكتۇر!﴾ دېگەن ئايەت بىلەن ئەبۇ جەھلنى ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. ئەبۇ جەھل تەكەببۇرلۇقتا ھەددىدىن ئاشقان ھاكاۋۇر كاپىر ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: «ئى مۇھەممەد! سەن تېخى ماڭا تەھدىت سېلىۋاتامسەن؟ بىلىپ قوي! نە سەن، نە سېنىڭ رەببىڭ مېنى ھېچ نېمە قىلالمايسىلەر. چۈنكى، مەن سەندىن كۈچلۈك ۋە ئابرۇيلۇق ئادەممەن»[1] دېگەن ئىدى. كۆپ ۋاقىت ئۆتمەستىن ئەبۇ جەھل بەدرى ئۇرۇشىدا ئەڭ خارلانغان ھالدا، ئىبرەتلىك شەكىلدە ئۆلتۈرۈلگەن.

دۇنيا ھاياتىغا ئالدىنىپ يۈرگەن بۇ ئازغۇن ئىنسان ئۆزىنى بىر شۇنداق ھېسابسىز، سوئال-سوراقسىز ۋە جازاسىز قويۇۋېتىلىمىز دەپ ئويلامدۇ؟ ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىدىن ھېساب ئېلىنىدىغان بىر كۈننىڭ كېلىشىنى ئويلىمامدۇ؟ بۇ ئىنسان قانداقلارچە بۇنداق ھاكاۋۇرلىشىپ كەتتى؟ ھالبۇكى، بۇ ئىنسان ئەسلىدە بالىياتقۇغا تۆكۈلىدىغان، ئاندىن ئاستا-ئاستا تەرەققىي قىلىپ ئىنسان بولغان بىر ئەرزىمەس سۇ ئەمەسمىدى؟ ئاللاھ تائالا ئۇنى ئاشۇ بىر تامچە سۇ ھالىتىدىن بالىياتقۇنىڭ تېمىغا چاپلاشقان ئۇيۇق ھالىتىگە، ئاندىن بىر پارچە گۆشكە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ئىنسان قىلىپ ياراتتى ئەمەسمۇ؟ ئاللاھ تائالا ئىنسان نەسلىنى داۋام قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاشۇ بىر تامچە سۇدىن ئەر-ئايال ئىككى جىنسنى پەيدا قىلدى ئەمەسمۇ؟

[1] «تفسير الطبري» 24- توم، 82- بەت.

ئەمدى ئۈيلاپ باقايلى، شۇنچىلىك چوڭ ۋە نازۇك ئىشلارنى ئۆز جايىدا تاماملىغان، ئىنساننى شۇنداق بىر تامچە سۇ ھالىتىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، راۋۇرۇس ئىنسان قىلىپ ياراتقان زات ـ ئاللاھ تائالا ئۆلارنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە ۋە ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە قادىردۇر!

ئى ئىنسانلار! ئىبرەت ئېلىڭلار، ئۆگۈت ئېلىڭلار ۋە بىلىڭلاركى، سىلەرنى يوقتىن بار قىلغان ۋە شۇ بىر تامچە سۇدىن راۋۇرۇس ئىنسان ھالىغا كەلتۈرگەن، تۈرلۈك رىزىقلارنى ئاتا قىلىپ سىلەرنى نېمەتلەندۈرگەن زات سىلەرنى شۇنداق تاشلاپ قويارمۇ؟ بەرگەن نېمەتلىرىنىڭ ھېسابىنى سورىماسمۇ؟ سىلەرنى بىكارغا ياراتقانمىدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ﴿ثُمَّ لَتُسْـَٔلُنَّ يَوْمَئِذٍ عَنِ ٱلنَّعِيمِ﴾ يەنى ﴿ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېمەتلەر توغرۇلۇق بۇ كۈندە سورالقا تارتىلىسىلەر﴾ [1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ناماز ئوقۇماسلىق ۋە زاكات بەرمەسلىك ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر.
2. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ۋە ئاز-تولا ئارتۇقچىلىقىغا ئىشىنىپ ئۆزىنى قالتىس ساناش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىدىن ئەمەس.
3. ئىنسان ۋە جىمى كائىنات ھەرگىز بىكارغا يارىتىلغان ئەمەس.
4. ئىنسان دۇنيانىڭ سەۋەبلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ۋاقتىدا، ئاللاھ تائالاغا يېلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيدۇ.

---

[1] تەكاسۇر سۈرىسى:8ـ ئايەت.

# ئىنسان سۈرىسى

ئىنسان سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 31 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ سۈرىنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ سۈرە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىش، ئىنساننىڭ يارىتىلىشى، ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋە يامانلىق يوللىرىنىڭ كۆرسىتىلگەنلىكى، شۇنداقلا ياخشىلارنىڭ مۇكاپاتى، يامانلارنىڭ جازاسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىنسانغا ئۆزىنىڭ ئەسلىنى، يارىتىلغانلىقىنىڭ ھېكمىتىنى ۋە ئاخىر قايتىدىغان جايىنى ئەسلىتىش، شۇنداقلا مۆئمىنلەرنى ئىمانىدا مۇستەھكەم قىلىش، كاپىرلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتىكى ﴿ٱلۡإِنسَٰنِ﴾ «ئىنسان» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

### ◄ ئىنساننىڭ كېلىپ چىقىشى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿هَلۡ أَتَىٰ عَلَى ٱلۡإِنسَٰنِ حِينٞ مِّنَ ٱلدَّهۡرِ لَمۡ يَكُن شَيۡـٔٗا مَّذۡكُورًا
١ إِنَّا خَلَقۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ مِن نُّطۡفَةٍ أَمۡشَاجٖ نَّبۡتَلِيهِ فَجَعَلۡنَٰهُ سَمِيعَۢا
بَصِيرًا ٢ إِنَّا هَدَيۡنَٰهُ ٱلسَّبِيلَ إِمَّا شَاكِرٗا وَإِمَّا كَفُورًا ٣ إِنَّآ
أَعۡتَدۡنَا لِلۡكَٰفِرِينَ سَلَٰسِلَاْ وَأَغۡلَٰلٗا وَسَعِيرًا ٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئىنسان ھەقىقەتەن (جان كىرىشتىن بۇرۇن) تىلغا ئېلىنغۇدەك بىر نەرسە ئەمەس چېغىدا زامانلاردىن مەلۇم بىر مۇددەتنى (باشتىن) ئۆتكۈزگەن ئەمەسمىدى؟!

2ـ ھەقىقەت شۇكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنىيدىن ياراتتۇق، بىز ئۇنى سىنايمىز، شۇڭا ئۇنى ئاڭلايدىغان ۋە كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق.

3ـ شەكسىزكى، بىز ئۇنىڭغا (ياخشى-يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ ياكى (ياخشى يولدا مېڭىپ) شۈكۈر قىلغۇچى بولىدۇ، ياكى (يامان يولدا مېڭىپ) تۇزكورلۇق قىلغۇچى بولىدۇ.

4ـ شەكسىزكى، بىز كاپىرلار ئۈچۈن زەنجىرلەرنى، تاقاقلارنى ۋە يالقۇنجاپ تۇرغان دوزاخنى تەييارلىدۇق.

## ◄ تەپسىرى

مۇپەسسىرلەر ﴿ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۇنىڭغا جان كىرىشتىن بۇرۇن) زامانلاردىن مەلۇم بىر مۇددەتنى (باشتىن) ئۆتكۈزدىكى، شۇ مۇددەتتە ئۇ تىلغا ئېلىنغۇدەك بىر نەرسە ئەمەس ئىدى﴾ دېگەن ئايەتتىكى «مۇددەت»نىڭ مىقدارى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى، بۇ مۇددەتنى قىرىق يىل دېگەن، يەنى «ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جىسمى لايدىن يارىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈلگىچە قىرىق يىل ئۆتكەن. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇ چاغدا لايدىن يارىتىلغان بىر جىسىم بولسىمۇ، ئۇنىڭدا جان بولمىغانلىقتىن، ئۇ تىلغا ئالغۇدەك نەرسە ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇ يا تونۇلمىغان ياكى نامى چىقمىغان، پەقەت قۇرۇق لايدىنلا ئىبارەت بىر نەرسە ئىدى». يەنە بەزىسى «ئۇ مۇددەتنىڭ چېكى يوقتۇر» دېگەن. بۇلارنى ئەللامە تەبەري بايان قىلغان[1]. يەنە بەزىسى «ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلىشتىن بۇرۇن گەرچە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تىلغا ئالغۇدەك نەرسە سانالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى»[2] دەپ تەپسىر قىلغان. يەنە بەزىسى «ئىنسان يارىتىلىشتىن بۇرۇن بۇ كائىناتتا ئۇزۇن بىر مۇددەت ئۆتتى. ئۇ چاغلاردا ئىنسان كائىناتتا يوق ئىدى، ئۇنى كېيىنچە ئاللاھ تائالا يوقتىن بار قىلغان. ئۇنداقتا، ئىنساننى يوقتىن بار قىلغان زات ئۇلار ئۆلۈپ سۆڭەكلىرى چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە

[1] «تفسير الطبري» 24ـ توم، 88ـ بەت.

[2] «تفسير القرطبي» 19ـ توم، 107ـ بەت.

قادىردۇر!»[1] دەپ تەپسىر قىلغان.

﴿ھەقىقەتەن شۈكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنىيدىن ياراتتۇق﴾ بۇ ئايەتتىكى ﴿ئارىلاشما﴾ دىن مەقسەت ئەر-ئايال ئىككىسىنىڭ ئىسپېرمىسىنىڭ ئارىلاشمىسىدۇر. يەنى ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى بولغان ئىنسانلارنى مەنىيدىن ياراتقان.

بەزى مۇپەسسىرلەر دەيدۇكى، «بۇ ئارىلاشمىغا ئەر-ئايال ئىككىسىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق گېنلىرى، ئىرسىيەت، ھەر خىل سۈپەتلەر ۋە ئۆزگىچىلىكلەرمۇ كىرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى بىرخىل (يا ھەممىسىنى ياخشى ياكى ھەممىسىنى يامان) قىلىپ ياراتقان بولاتتى. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بۇ سىناق دۇنياسىغا قولىدىن ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ كېلىدىغان، تونۇشنىمۇ، بۇزۇشنىمۇ بىلىدىغان، پىكىر ۋە قاراشتا بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان قىلىپ ئەۋەتكەن. ئاللاھ تائالا بۇنى كائىناتنى گۈللەندۈرۈش ۋە دۇنيانى ئاۋات قىلىش ئۈچۈن قىلغان. چۈنكى، ئىنسانلاردىكى بۇ ئۆزگىچىلىكلەرنىڭ ھەممىسى دۇنيانىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ئاۋات بولۇشىغا ھەسسە قوشىدۇ، ئىنسانلارنىڭ تىنىم تاپماستىن ئىشلىشىگە تۈرتكە بولۇپ تۇرىدىغان نەرسە دەل ئۇلاردىكى ياخشىلىققا ۋە يامانلىققا بولغان ھېرىسلىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا بىزنى ئارىلاشما ئىسپېرمىدىن ياراتتى، سىناش ئۈچۈن بىزگە ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ئىقتىدارىنى بەردى. يەنى ئاللاھ تائالا بۇ سىناقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن، بىزگە ئەقىل-ئىدراك ئاتا قىلدى. بۇ ئەقىل-ئىدراكنى ئىشلىتىشنىڭ يولى ئاڭلاش ۋە كۆرۈش بىلەن بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ياخشى - ياماننى ئايرىش ئۈچۈن ئەقىل ئۆزى يالغۇز كۇپايە قىلمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ ئورۇندا ﴿شەكسىزكى، بىز ئۇنىڭغا (ياخشى-يامان) يولنى كۆرسەتتۇق﴾ دېگەن ئايەتنى يانداشتۇرۇپ كەلتۈرگەن. ئايەتتىكى ﴿يول﴾ ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق بىلدۈرگەن ھىدايەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ يوللىرىنى ئېپادىلەيدۇ»[2].

دېمەك، ئاللاھ تائالا ئىنساننى يارىتىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭدا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ھېرىسلىرىنى ۋە تۈرتكىلىرىنىمۇ ياراتتى،

---

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 793- بەت.

[2] «التفسير الواضح» 3- توم، 793- بەت.

ئاندىن ئۇنىڭغا ئەقىل-ئىدراك ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى بەردى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىنسان يا رەببىنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىدىغان مۆئمىن بولىدۇ ياكى نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىدىغان كاپىر بولىدۇ. بۇ ئىككى يولنىڭ قايسىسىنى تاللاش ئىنساننىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلغان. خالىغان ئادەم ئاللاھ تائالانى تونۇپ، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ياخشىلىق يولىغا كىرىدۇ ۋە ئاقىۋەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ، خالىغان ئادەم ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىدۇ ۋە ئاقىۋەتتە زىيان تارتىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەر ئىككى پىرقىنىڭ ئاقىۋەتتىكى ئورنىنى بەلگىلىۋەتكەن بولۇپ، كۇفرىنىڭ يولىنى تۇتقانلار ئۈچۈن ﴿شەكسىزكى، بىز كاپىرلار ئۈچۈن زەنجىرلەرنى، تاقاقلارنى ۋە يالقۇنجاپ تۇرغان دوزاخنى تەييارلىدۇق﴾ دېگەن. ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ يولىنى تۇتقان مۆئمىنلەرنىڭ بايانى كېيىنكى ئايەتلەردە كېلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. تۆرەلمىنىڭ ئەر-ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ ئىسپېرمىسىدىن تۆرىلىدىغانلىقى «قۇرئان كەرىم» ئېلان قىلغان ئىلمىي ھەقىقەت بولۇپ، بۇنى ھازىرقى ئىلىم-پەن ئىسپاتلىغان.

2. ئىنسانغا بېرىلگەن ئەڭ كاتتا نېمەت ئەقىلدۇر، ئەقىل دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنىڭ يۈكلىنىشى ئۈچۈن شەرتتۇر.

3. يول تاللاش ئەركىنلىكى ئىنسانغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئەڭ تەبىئىي ھەقتۇر.

### ◄ ياخشىلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى

﴿إِنَّ ٱلۡأَبۡرَارَ يَشۡرَبُونَ مِن كَأۡسٖ كَانَ مِزَاجُهَا كَافُورًا ٥ عَيۡنٗا
يَشۡرَبُ بِهَا عِبَادُ ٱللَّهِ يُفَجِّرُونَهَا تَفۡجِيرٗا ٦ يُوفُونَ بِٱلنَّذۡرِ
وَيَخَافُونَ يَوۡمٗا كَانَ شَرُّهُۥ مُسۡتَطِيرٗا ٧ وَيُطۡعِمُونَ ٱلطَّعَامَ عَلَىٰ
حُبِّهِۦ مِسۡكِينٗا وَيَتِيمٗا وَأَسِيرًا ٨ إِنَّمَا نُطۡعِمُكُمۡ لِوَجۡهِ ٱللَّهِ
لَا نُرِيدُ مِنكُمۡ جَزَآءٗ وَلَا شُكُورًا ٩ إِنَّا نَخَافُ مِن رَّبِّنَا يَوۡمًا

عَبُوسًا قَمۡطَرِيرًا ١٠ فَوَقَىٰهُمُ ٱللَّهُ شَرَّ ذَٰلِكَ ٱلۡيَوۡمِ وَلَقَّىٰهُمۡ نَضۡرَةً
وَسُرُورًا ١١ وَجَزَىٰهُم بِمَا صَبَرُواْ جَنَّةً وَحَرِيرًا ١٢ مُّتَّكِـِٔينَ فِيهَا
عَلَى ٱلۡأَرَآئِكِۖ لَا يَرَوۡنَ فِيهَا شَمۡسًا وَلَا زَمۡهَرِيرًا ١٣ وَدَانِيَةً
عَلَيۡهِمۡ ظِلَٰلُهَا وَذُلِّلَتۡ قُطُوفُهَا تَذۡلِيلًا ١٤ وَيُطَافُ عَلَيۡهِم بِـَٔانِيَةٍ
مِّن فِضَّةٍ وَأَكۡوَابٍ كَانَتۡ قَوَارِيرَا۠ ١٥ قَوَارِيرَاْ مِن فِضَّةٍ قَدَّرُوهَا
تَقۡدِيرًا ١٦ وَيُسۡقَوۡنَ فِيهَا كَأۡسًا كَانَ مِزَاجُهَا زَنجَبِيلًا ١٧ عَيۡنًا
فِيهَا تُسَمَّىٰ سَلۡسَبِيلًا ١٨ ۞ وَيَطُوفُ عَلَيۡهِمۡ وِلۡدَٰنٌ مُّخَلَّدُونَ إِذَا
رَأَيۡتَهُمۡ حَسِبۡتَهُمۡ لُؤۡلُؤًا مَّنثُورًا ١٩ وَإِذَا رَأَيۡتَ ثَمَّ رَأَيۡتَ نَعِيمًا
وَمُلۡكًا كَبِيرًا ٢٠ عَٰلِيَهُمۡ ثِيَابُ سُندُسٍ خُضۡرٌ وَإِسۡتَبۡرَقٌۖ وَحُلُّوٓاْ
أَسَاوِرَ مِن فِضَّةٍ وَسَقَىٰهُمۡ رَبُّهُمۡ شَرَابًا طَهُورًا ٢١ إِنَّ هَٰذَا كَانَ
لَكُمۡ جَزَآءً وَكَانَ سَعۡيُكُم مَّشۡكُورًا ٢٢

### تەرجىمىسى

5ـ ياخشىلار چوقۇم كافۇر ئارىلاشتۇرۇلغان (شاراب بىلەن تولدۇرۇلغان) جاملاردىن ئىچىدۇ.

6ـ (ئۇ شاراب جەننەتتىكى بىر) بۇلاقتىن (ئېتىلىپ چىققان) بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ (ياخشى) بەندىلىرى ئىچىدۇ، ئۇ بۇلاقنى ئۇلار (خالىغان جايلىرىغا ئوڭايلا) ئېقىتىپ بارالايدۇ.

7ـ (ئۇلار بۇ دۇنيادا شۇنداق كىشىلەركى) ئۇلار (ئاللاھقا) ۋەدە قىلغان ئىشنى[1] ئورۇنلايدۇ ۋە دەھشىتى كەڭ دائىرىلىك بولغان (قىيامەت) كۈنىدىن قورقىدۇ.

8ـ ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، يوقسۇلغا، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ.

9ـ (ئۇلار ئېيتىدۇ) «بىز سىلەرگە پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا تائام بېرىمىز، سىلەردىن ھېچقانداق ياندۇرۇق ۋە تەشەككۇر تەلەپ قىلمايمىز.

[1] ئاللاھقا ۋەدە قىلغان ئىش (نەزر) – ئاللاھ ئۈچۈن قىلىشنى ۋەدە قىلغان ھەر قانداق ئەمەل-ئىبادەتنى كۆرسىتىدۇ.

10-چۈنكى، بىز ئىنتايىن ئېغىر ۋە قاتتىق (بولىدىغان قىيامەت) كۈندە رەببىمىز (نىڭ ئازابى)دىن قورقىمىز».

11-(ئەلۋەتتە) ئاللاھ ئۇلارنى شۇ كۈننىڭ يامانلىقلىرىدىن ساقلايدۇ، ئۇلارنىڭ (يۈزلىرىگە) نۇر، (دىللىرىغا) خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ.

12-ئۇلار (تائەت-ئىبادەتتە) چىداملىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى جەننەت بىلەن ۋە (جەننەتتىكى) يىپەك (كىيىملەر) بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.

13-ئۇلار جەننەتتە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتتە قاتتىق ئىسسىقنىمۇ، قاتتىق سوغۇقنىمۇ كۆرمەيدۇ.

14-جەننەتتىكى (دەرەخلەرنىڭ) سايىلىرى ئۇلارغا چۈشۈپ تۇرىدۇ، جەن-نەتنىڭ مېۋىلىرى (ئۇلارنىڭ ئۈزۈشى ئۈچۈن) ناھايىتى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

15-16- ئۇلارغا كۈمۈش تەخسىلەر ۋە ئۆلچىمىنى ئۇلار ئۆزلىرى بەلگىلىگەن شارابلار تولدۇرۇلغان شىشىدەك سۈزۈك كۈمۈش جاملار ئايلاندۇرۇپ سۇنۇپ تۇرۇلىدۇ.

17-18-ئۇلار يەنە جەننەتتە ئۈنىڭدىكى سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدىغان بۇ-لاقتىن (چىقىدىغان) زەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇلغان جام (يەنى جاملارغا تولدۇرۇلغان شاراب) بىلەن سۇغىرىلىدۇ.

19-ھەمىشە ياش تۇرىدىغان مۇلازىمەتچىلەر ئۇلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىدۇ، سەن كۆرگەن چېغىڭدا ئۇلارنى (ئەتراپقا) چېچىلىپ كەتكەن مەرۋايىتمىكىن دەپ قالىسەن.

20-سەن (جەننەتتە نەگە) قارىساڭ، شۇ يەردە (تەسۋىرلەپ بولالمايدىغان) نېمەتلەرنى ۋە شاھانە تۇرمۇشنى كۆرىسەن.

21-ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا يۇپقا ۋە قېلىن يىپەكتىن (تىكىلگەن) يېشىل كىيىملەر بولىدۇ، ئۇلارغا كۈمۈش بىلەزۈكلەر سېلىپ قويۇلىدۇ، رەببى ئۇلارنى پاك-پاكىز شاراب بىلەن سۇغىرىدۇ.

22-(ئۇلارغا ئېيتىلىدۇكى) «شەكسىزكى، بۇ سىلەر ئۈچۈن تەييارلانغان مۇكاپاتتۇر، (دۇنيادىكى) تىرىشچانلىقىڭلار قوبۇل قىلىنغان ئىدى».

### ◄ تەپسىرى

رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن قورقۇتۇشنى، ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن بېشارەت

بېرىشنى بىرگە ياندۇرۇپ كەلتۈرۈش، كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى بايان قىلغاندىن كېيىنلا، مۆئمىنلەرنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى ئاقىۋىتىنى بايان قىلىش «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەل ئۇسلۇبلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايرىۋېلىشى ۋە كۇفرىنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن قورقۇپ ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈن ئەلۋەتتە پايدىلىقتۇر.

شەكسىز ھەقىقەت شۇكى، ياخشىلار ئېسىل جەننەتلەردە تۈرلۈك نېمەتلەر ئىچىدە بولىدۇ، ئەڭ ئالىي ئىززەت-ئىكراملارغا نائىل بولىدۇ، ئۇلار يەنە جەننەتلەردىكى سۈيى ھەرگىز تۈگەپ قالمايدىغان، جەننەت ئەھلى ئۆزلىرى خالىغان جايغا ئېقىتىپ ئاپىرالايدىغان بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىقىدىغان كافۇر ئارىلاشتۇرۇلغان شارابنى ئىچىدۇ.

ئۇلار جەننەتلەردە نېمە سەۋەبتىن بۇنچىلىك ئىززەت-ئىكرامغا ۋە بۇنچىلىك ئېسىل نېمەتلەرگە ئېرىشىدۇ؟ چۈنكى، ئۇلار دۇنيادا ئۆزلىرىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق مەسئۇلىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلغان، ھەممىشە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدا، تەقۋالىق دائىرىسىدە ھايات كەچۈرگەن، ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى تولۇق ئورۇندىغان، مەيلى ئاللاھ تائالاغا ياكى ئىنسانلارغا ۋەياكى ئۆزىگە بەرگەن قانداقلا بىر ۋەدىسىگە ئەمەل قىلغان، دەھشىتى كەڭ دائىرىلىك بولىدىغان قىيامەت كۈنىدىن ۋە ئۇ كۈندە خارلىنىپ قېلىشتىن قورققان، يوقسۇللارنىڭ، موھتاجلارنىڭ، خۇسۇسەن، يېتىملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغان، ئۇلارنى ئاچ قويمىغان، ئۇلارغا تائام بەرگەن كىشىلەردۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق مەسئۇلىيىتىنى مۇكەممەل ئادا قىلىشى ۋە ئاللاھ تائالاغا ۋەدە بېرىپ ئۈستىگە ئالغان ياكى ئاللاھ تائالا پەرز قىلىپ ئۈستىگە يۈكلىگەن ئەمەللەرنى تولۇق ئورۇندىشى ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىغا دالالەت قىلسا، ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدە ھېساب بېرىشتىن قورقۇشى ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ كامىللىقىغا، ئاندىن ئۇلارنىڭ يوقسۇللارغا، موھتاجلارغا ۋە يېتىملەرگە تائام بېرىشى ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ھېساب كۈنىدىن قورقۇشى ئۇلارنى ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىپ، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ.

شەكسىزكى، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش ئىمانىنىڭ كامىللىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، ئىنساندا مەن ئاللاھ تائالانىڭ يوقسۇل بەندىلىرىگە بىر نەرسە بەرسەم، ئاللاھ تائالا

ماڭا ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ، دەيدىغان ئىشەنچ تولۇق بولمىسا، ئۇ خەير-ئېھسانغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدۇ. توغرا، مۇسۇلمان ئەمەسلەرمۇ ساۋاب كۈتمەستىن، بىر-بىرىگە ئىنسانىي ياردەملەرنىمۇ قىلىشىدۇ. ئەمما ئۇلار قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى مۇشۇ دۇنيادا ئالىدۇ. چۈنكى، ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتى ئىمان ئېيتمىغانلارغا بېرىلمەيدۇ.

يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلارنى ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقىدىن ساقلاش، ئېسىل جەننەتلەرگە كىرگۈزۈش ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىش بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. مانا بۇلار تەقۋادارلارنىڭ ئاقىۋىتى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزۈش بىلەن بىرگە ئۇلارغا ئېسىل يىپەك كىيىملەرنى كىيگۈزىدۇ، ئۇلارنى ئېگىز تەختلەردە ئولتۇرغۇزۇپ ئىززەت-ئىكرام قىلىدۇ. ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە كۆيدۈرگۈچى قاتتىق ئىسسىقنىمۇ كۆرمەيدۇ، توڭلىتىدىغان قاتتىق سوغۇقنىمۇ كۆرمەيدۇ، بەلكى ئىنتايىن راھەت ۋە ھۇزۇر بېغىشلىغۇ-چى بىر ھاۋادا ھۇزۇرلىنىدۇ. جەننەتلەردىكى دەرەخلەرنىڭ سايىلىرى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ، مېۋىلىرى ئۇلارنىڭ قولىغا يېقىن بولۇپ، خالىغان مېۋىلەردىن ئۈزۈپ يېيىش ئۇلارغا شۇنچىلىك ئوڭاي بولىدۇ، ھەتتا مېۋىلىك دەرەخلەر ئۇلارغا ئېگىلىپ بېرىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە ئەنە شۇنداق راھەت- پاراغەتتە ياشايدۇ.

جەننەت ئەھلى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كۆپلىگەن ئىززەت-ئىكراملارغا ۋە ئەڭ ئېسىل مۇكاپاتلارغا نائىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىدىغان مۇلازىملار، ئۇلارغا تەقدىم قىلىنىدىغان ئېسىل شارابلار، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۇلارغا ئېگىلىپ بېرىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جەننەت ئەھلىگە قىلىنىدىغان ئىززەت-ئىكراملارنىڭ بىر قىسمىدۇر.

جەننەت ئەھلى جەننەتلەردە گاھىدا كافۇر ئارىلاشتۇرۇلغان شارابلاردىن، گاھىدا زەنجىۋىل سۈيى ئارىلاشتۇرۇلغان شارابلاردىن ئىچىدۇ. بۇ شارابلار جەننەتتىكى «سەلسەبىيل» دەپ ئاتىلىدىغان بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدۇ ۋە ھەرگىز توگەپ قالمايدۇ، جەننەت ئەھلىگە خىزمەت قىلىدىغان مۇلازىملارمۇ بىر خىل ياشتا تۇرىدۇ، قېرىمايدۇ، ئۇلارنىڭ سۈزۈكلۈكىنى كۆرگەن ئادەم ئۇلارنى ئەتراپقا چېچىلىپ كەتكەن مەرۋايىتلاركەن، دەپ قالىدۇ.

جەننەتتە سىز نەگىلا قارىسىڭىز - ئاللاھ ھەممىمىزنى كۆرگىلى نېسىپ قىلسۇن - ئۇ يەردە تەسۋىرلەپ توگەتكىلى بولمايدىغان ئېسىل

نازۇنېمەتلەرنى ۋە شاھانە بىر ئېسىل تۇرمۇشنى كۆرىسىز، جەننەت ئەھلىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى كۆرۈنۈشى ھەركىمنىڭ، ھەتتا دۇنيا پادىشاھلىرىنىڭمۇ كۆزلىرىنى قاماشتۇرىدىغان، ئەقلىنى لال قىلىدىغان دەرىجىدە ئېسىل، كۆركەملىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا ئىچى يۇپقا يىپەكتىن، تېشى قېلىن يىپەكتىن تىكىلگەن يېشىل كىيىملەر بولىدۇ، ئۇلارغا تولىمۇ ئېسىل ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەزۈكلەر تاقاپ قويۇلىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى پاك-پاكىز شاراب بىلەن سۇغىرىپ تۇرىدۇ. ئۇلار شۇنداق نېمەتلىنىۋاتقان پەيتلىرىدە، ئۇلارغا: ﴿شەكسىزكى، بۇ سىلەر ئۈچۈن تەييارلانغان مۇكاپاتتۇر، سىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىڭلار ئۆز مۇكاپىتىنى تاپتى﴾ يەنى جەننەتتىكى بۇ نېمەتلەرنىڭ ھەممىسى رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەر ئۈچۈن تەييارلانغان مۇكاپاتتۇر، سىلەرنىڭ دۇنيادىكى ۋاقىتىڭلاردا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىڭلار، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلار قوبۇل بولغانلىقتىن، سىلەرگە بۇ مۇكاپاتلار ئاتا قىلىندى، دېيىلىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئەمەل-ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش پەرزدۇر. ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆزىگە ئۆزى ۋەدە قىلغان ئەمەلنى ئورۇنداش ۋاجىپتۇر.

2. يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش مۇسۇلمانىنىڭ خىسلىتى ۋە دىنىي مەجبۇرىيىتىدۇر.

3. ئالتۇن قاچىلارنى ئىشلىتىش ھارامدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لاَ تَلْبَسُواْ الحَرِيرَ وَلاَ الدِّيبَاجَ ، وَلاَ تَشْرَبُواْ فِي آنِيَةِ الذَّهَبِ وَالفِضَّةِ ، وَلاَ تَأْكُلُواْ فِي صِحَافِهَا ، فَإِنَّهَا لَهُمْ فِي الدُّنْيَا وَلَنَا فِي الآخِرَةِ» يەنى «سىلەر يىپەك كىيىملەرنى كىيمەڭلار، ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلاردا بىر نەرسە يەپ-ئىچمەڭلار، ئۇ نەرسىلەر بۇ دۇنيادا كاپىرلار ئۈچۈن، ئاخىرەتتە بىز ئۈچۈندۇر» [1] دېگەن.

4. بۇ دۇنيادىكى نىجىس ھاراقتىن لەززەت ئالغانلار - ئەگەر تەۋبە قىلمىسا- ئاخىرەتتىكى پاك شارابلاردىن مەھرۇم قالىدۇ ۋە دوزاختا ئازابلىنىدۇ.

5. ئەرلەرگە ئالتۇن بىلەن زىننەتلىنىش ۋە يىپەك رەختتىن كىيىم

[1] «صحيح البخاري» 7-توم، 77-بەت، 5426-ھەدىس.

كېيىش ھارام، ئاياللارغا ھالالدۇر.

### ◄ ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ تۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە تەلىمات

﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا عَلَيْكَ ٱلْقُرْءَانَ تَنزِيلًا ﴿٢٣﴾ فَٱصْبِرْ لِحُكْمِ رَبِّكَ
وَلَا تُطِعْ مِنْهُمْ ءَاثِمًا أَوْ كَفُورًا ﴿٢٤﴾ وَٱذْكُرِ ٱسْمَ رَبِّكَ بُكْرَةً
وَأَصِيلًا ﴿٢٥﴾ وَمِنَ ٱلَّيْلِ فَٱسْجُدْ لَهُۥ وَسَبِّحْهُ لَيْلًا طَوِيلًا ﴿٢٦﴾ إِنَّ
هَٰٓؤُلَآءِ يُحِبُّونَ ٱلْعَاجِلَةَ وَيَذَرُونَ وَرَآءَهُمْ يَوْمًا ثَقِيلًا ﴿٢٧﴾ نَّحْنُ
خَلَقْنَٰهُمْ وَشَدَدْنَآ أَسْرَهُمْ ۖ وَإِذَا شِئْنَا بَدَّلْنَآ أَمْثَٰلَهُمْ تَبْدِيلًا ﴿٢٨﴾ إِنَّ
هَٰذِهِۦ تَذْكِرَةٌ ۖ فَمَن شَآءَ ٱتَّخَذَ إِلَىٰ رَبِّهِۦ سَبِيلًا ﴿٢٩﴾ وَمَا تَشَآءُونَ إِلَّآ
أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿٣٠﴾ يُدْخِلُ مَن يَشَآءُ فِى
رَحْمَتِهِۦ ۚ وَٱلظَّٰلِمِينَ أَعَدَّ لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًۢا ﴿٣١﴾﴾

#### ◄ تەرجىمىسى

23ـ(ئى پەيغەمبەر!) ھەقىقەتەن بىز ساڭا قۇرئاننى بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلدۇق.

24ـسەن رەببىڭنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن، سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېچبىر گۇناھكارغا ياكى كاپىرغا بويسۇنمىغىن.

25ـئەتىگەن-ئاخشامدا رەببىڭنىڭ ئىسمىنى ياد ئەتكىن.

26ـكېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلغىن (يەنى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغىن)، كۆپ قىسمىدا ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن.

27ـشەكسىزكى، ئاشۇلار (يەنى مۇشرىكلار) دۇنيالىقنىلا ياخشى كۆرۈپ، ئالدىدىكى ئېغىر كۈنگە (قىيامەت كۈنىگە) پەرۋا قىلمايدۇ.

28ـئۇلارنى بىز ياراتتۇق، بەدىنىنى ساغلام قىلدۇق، ئەگەر بىز خالىساق (ئۇلارنى ھالاك قىلىۋېتىپ) ئورنىغا ئۇلارغا ئوخشاش باشقا ئادەملەرنى دەسسىتەتتۇق.

29ـشەكسىزكى، بۇ (ئايەتلەر) بىر ۋەز- نەسىھەتتۇر. خالىغان ئادەم رەببىگە ئېلىپ بارىدىغان يولنى تۇتسۇن.

30ـ پەقەت ئاللاھ خالىغان چاغدىلا، سىلەر (بىرەر ئىشنى) خالىيالايسىلەر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

31ـ ئاللاھ خالىغان ئادەمنى رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ، ئاللاھ زالىملارغا دەردلىك ئازاب تەييارلىدى.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا توغرا يولنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىسى بولغان بۇ «قۇرئان كەرىم»نى ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىغا ۋە شارائىتىغا قاراپ ئاز-ئازدىن، بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلدۇق. بۇ كىتابنىڭ يۈزدە يۈز ھەقىقەتنى بايان قىلىدىغانلىقىدا قىلچە شەك يوق، سېنىڭ ۋەزىپەڭ ۋە مەسئۇلىيىتىڭ بۇ كىتابنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش كۆرۈش ۋە كىشىلەرنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىشتۇر. ئەمما ساڭا ۋە سەن بىلەن بىللە بولغان مۆئمىنلەرگە ياردەم قىلىش، كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ھەممە ئىش بۇ «قۇرئان كەرىم»نى توغرا يولنىڭ دەستۇرى ۋە دائىملىق مۆجىزە قىلىپ نازىل قىلغان ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى پەيغەمبەر! سەن رەببىڭنىڭ چىقارغان ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن، كەلگۈسىدىكى ئىشلاردىمۇ ئۇنىڭ ھۆكمىنى كۈتكىن. چۈنكى، رەببىڭ ئەڭ ئادالەتلىك ۋە ئەڭ توغرا ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر. ئۇ سەن بىلەن دۈشمەنلىرىڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەلۋەتتە ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقىرىدۇ. شۇڭا سەن سەۋر بىلەن كۈتكىن، سەن بۇ گۇناھكارلارنىڭ ۋە ھەددىدىن ئاشقان ئەشەددىي كاپىرلارنىڭ ھېچبىرىگە بويسۇنمىغىن، ئۇلارغا قىلچە بويۇن ئەگمىگىن.

قەتادەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەككىنىڭ ئەشەددىي كاپىرلىرىدىن بولغان ئەبۇ جەھىل «ئەگەر مەن مۇھەممەدنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەم، ئۇنىڭ بوينىغا دەسسەيمەن» دېگەندە، ئاللاھ تائالا ﴿وَلَا تُطِعۡ مِنۡهُمۡ ءَاثِمًا أَوۡ كَفُورٗا﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان[1]. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ ئۇتبە ئىبنى رەبىئە بىلەن ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مال-دۇنيا، ئابرۇي ۋە دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن كۆپلىرىنى ۋەدە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىسلام دەۋىتىدىن ۋاز كېچىشىنى تەلەپ

[1] «تفسير القرطبي» 19ـ توم، 130ـ بەت.

قىلغاندا، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ ھېچبىرىگە بويسۇنماسلىققا ئەمر قىلىپ مەزكۇر ئايەتنى نازىل قىلغان.[1]

ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇ كاپىرلارنى رەببىڭنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرغىن، چۈنكى، رەببىڭ ئۇلارنى قانداق جازالاشنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلار دۇنيا سۆيگۈسىنىڭ مەستانىلىكىدە ھوشىنى بىلمەيدۇ، كۆز ئالدىدىكى ۋاقىتلىق مەنپەئەت ۋە تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان دۇنيا لەززىتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاتىدۇ، ئۇلار كەلگۈسىدىكى كۆلپەتلىك، ئېغىر بىر كۈن – قىيامەت كۈنىگە ھېچ پەرۋا قىلمايدۇ، قىلچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۇ قىيامەتنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەخت-سائادىتىنى مۇشۇ دۇنيادىنلا كۈتىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن ھەممە ئىش تۈگەيدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ھەقىقەت شۇكى، ئۇلارنى بىز ياراتتۇق ۋە بىز شۇنداق چىرايلىق شەكىلگە كىرگۈزۈپ ئىنسان قىلىپ ياراتتۇق. ئەگەر خالىغان بولساق، ئۇلارنى ھالاك قىلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۇلارغا ئوخشايدىغان، ئەمما ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈپ ئىتائەت قىلىدىغان باشقا ئادەملەرنى دەسسىتەتتۇق. چۈنكى، بىز ھەممىگە قادىرمىز.

مەككە كاپىرلىرىنىڭ سۆيىقەستلىرى ۋە ئىسلام دەۋىتىگە بولغان قاتتىق قارشىلىقى ئالدىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئىمانىنىڭ كۈچى بىلەن قوراللىنىشتىن باشقا يول يوق ئىدى. مەلۇمكى، ئەتىگەن-ئاخشاملىرى ئاللاھ تائالاغا زىكىر ۋە تەسبىھ ئېيتىپ ئۇنى ياد ئېتىش، كېچىلىرى ئۇزۇن-ئۇزۇن سەجدىلەرنى قىلىپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش قاتارلىق ئەمەللەر ئىماننى كۈچەيتىدۇ، مۆئمىنلەرنى ئاللاھ تائالاغا يېقىن قىلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! بۇ سۈرە ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرى ئۆگۈت ئېلىشنى خالىغانلار ئۈچۈن مۇكەممەل بىر ئۆگۈتتۇر، ئۇ رەببى تەرەپكە يول ئالماقچى بولغانلار ئۈچۈنمۇ مۇكەممەل بىر يېتەكچىدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، خالىغان ئادەم ئۆزىنى رەببىگە يەتكۈزىدىغان يولنى تۇتسۇن، شۇنىڭ بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولسۇن! ئەمما ئىنسان ئۆگۈت ئېلىشنى خالىماستىن كۇفرىنىڭ يولىنى تۇتسا بۇمۇ ئۇنىڭ ئىختىيارىدۇر. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىدىن رازى بولمايدۇ ۋە مۇنداق ئازغۇن كاپىرلارنى ھەرگىز نىجاتلىققا ئېرىشتۈرمەيدۇ.

شەكسىزكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى

[1] ئالدىنقى مەنبەدىن.

بىرىش ۋە ئۇنىڭ دەۋەت يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇشىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن بايانلاردۇر.

﴿خالىغان ئادەم رەببىگە ئېلىپ بارىدىغان يولنى تۇتسۇن﴾ يەنى بەندىنىڭ ئالدىدا ئاللاھ تائالاغا بارىدىغان يول ئېنىق ۋە ئوچۇقتۇر. ﴿وَهَدَيْنَـٰهُ ٱلنَّجْدَيْنِ﴾ يەنى ﴿ئۇنىڭغا (ياخشى ۋە يامان) ئىككى يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟﴾ [1]. شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. بەندىنىڭ ئىختىيارى ئاللاھ تائالانىڭ ئىختىيارىغا باغلىق بولىدۇ. شۇڭا بىرەر ئىشنى ئاللاھ تائالا خالىمىسا، ئۇ ئىش بەندىنىڭ خالىغىنى بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بەندىنىڭ چەكلىك ئىختىيارى بار، ئۇ بولسىمۇ، ھىدايەتنى ياكى ئازغۇنلۇقنى تاللاشتۇر. بەندە بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىنى تاللىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۇنىڭغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

بۇ سۈرە ئىككى پىرقىنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە كىرىدىغانلار، يەنە بىرى، ئازغۇن كاپىرلاردۇر. ئاللاھ تائالا كاپىرلارغا قاتتىق ئازابنى تەييارلىدى.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. گۇناھكارلارغا ۋە كاپىرلارغا بويسۇنۇشقا بولمايدۇ.
2. مۆئمىنلەر ئۈچۈن ناماز، زىكىر ۋە دۇئا ئەڭ ياخشى ياردەمچىدۇر.
3. كېچىلىرى تاتلىق ئۇيقۇدىن ۋاز كېچىپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشنىڭ مۇكاپاتى ئەلۋەتتە چوڭدۇر.
4. ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ.
5. «قۇرئان كەرىم» مۆئمىنلەر ئۈچۈن بىردىنبىر ئۈگۈتتۇر، ئىنسانلارغا ۋەز-نەسىھەتتۇر.

---

[1] بەلەد سۈرىسى: 10-ئايەت.

# مۇرسەلات سۈرىسى

مۇرسەلات سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 50 ئايەتلىك سۈرىدۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: قىيامەتنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلارغا دەلىل-پاكىتلار بىلەن رەددىيە بېرىش ئارقىلىق قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەش ۋە كاپىرلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىش ۋە ئۇنىڭ مۇقەددىمىلىرى، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى چەكسىز قۇدرىتىنىڭ نامايەندىلىرى، كاپىرلار بىلەن مۆئمىنلەردىن ئىبارەت ئىككى پىرقىدىن ھەربىرىنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سۈرە كاپىرلارنى ئۇلارنىڭ يامان قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ئەيىبلەش بىلەن ئاخىرلاشقان.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايىتىدە كەلگەن «شاماللار» دېگەن مەنىدىكى ﴿ٱلۡمُرۡسَلَٰتِ﴾ «مۇرسەلات» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿وَٱلۡمُرۡسَلَٰتِ عُرۡفٗا ١ فَٱلۡعَٰصِفَٰتِ عَصۡفٗا ٢ وَٱلنَّٰشِرَٰتِ نَشۡرٗا
٣ فَٱلۡفَٰرِقَٰتِ فَرۡقٗا ٤ فَٱلۡمُلۡقِيَٰتِ ذِكۡرًا ٥ عُذۡرًا أَوۡ نُذۡرًا ٦
إِنَّمَا تُوعَدُونَ لَوَٰقِعٞ ٧ فَإِذَا ٱلنُّجُومُ طُمِسَتۡ ٨ وَإِذَا ٱلسَّمَآءُ
فُرِجَتۡ ٩ وَإِذَا ٱلۡجِبَالُ نُسِفَتۡ ١٠ وَإِذَا ٱلرُّسُلُ أُقِّتَتۡ ١١ لِأَيِّ يَوۡمٍ
أُجِّلَتۡ ١٢ لِيَوۡمِ ٱلۡفَصۡلِ ١٣ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا يَوۡمُ ٱلۡفَصۡلِ ١٤ وَيۡلٞ
يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ١٥ أَلَمۡ نُهۡلِكِ ٱلۡأَوَّلِينَ ١٦ ثُمَّ نُتۡبِعُهُمُ ٱلۡأٓخِرِينَ
١٧ كَذَٰلِكَ نَفۡعَلُ بِٱلۡمُجۡرِمِينَ ١٨ وَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ١٩ أَلَمۡ

نَخۡلُقكُّم مِّن مَّآءٖ مَّهِينٖ ﴿٢٠﴾ فَجَعَلۡنَٰهُ فِي قَرَارٖ مَّكِينٍ ﴿٢١﴾ إِلَىٰ قَدَرٖ
مَّعۡلُومٖ ﴿٢٢﴾ فَقَدَرۡنَا فَنِعۡمَ ٱلۡقَٰدِرُونَ ﴿٢٣﴾ وَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿٢٤﴾
أَلَمۡ نَجۡعَلِ ٱلۡأَرۡضَ كِفَاتًا ﴿٢٥﴾ أَحۡيَآءٗ وَأَمۡوَٰتٗا ﴿٢٦﴾ وَجَعَلۡنَا فِيهَا رَوَٰسِيَ
شَٰمِخَٰتٖ وَأَسۡقَيۡنَٰكُم مَّآءٗ فُرَاتٗا ﴿٢٧﴾ وَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿٢٨﴾
ٱنطَلِقُوٓاْ إِلَىٰ مَا كُنتُم بِهِۦ تُكَذِّبُونَ ﴿٢٩﴾ ٱنطَلِقُوٓاْ إِلَىٰ ظِلّٖ ذِي ثَلَٰثِ
شُعَبٖ ﴿٣٠﴾ لَّا ظَلِيلٖ وَلَا يُغۡنِي مِنَ ٱللَّهَبِ ﴿٣١﴾ إِنَّهَا تَرۡمِي بِشَرَرٖ
كَٱلۡقَصۡرِ ﴿٣٢﴾ كَأَنَّهُۥ جِمَٰلَتٞ صُفۡرٞ ﴿٣٣﴾ وَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿٣٤﴾
هَٰذَا يَوۡمُ لَا يَنطِقُونَ ﴿٣٥﴾ وَلَا يُؤۡذَنُ لَهُمۡ فَيَعۡتَذِرُونَ ﴿٣٦﴾ وَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ
لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿٣٧﴾ هَٰذَا يَوۡمُ ٱلۡفَصۡلِۖ جَمَعۡنَٰكُمۡ وَٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٣٨﴾ فَإِن كَانَ
لَكُمۡ كَيۡدٞ فَكِيدُونِ ﴿٣٩﴾ وَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿٤٠﴾ إِنَّ ٱلۡمُتَّقِينَ
فِي ظِلَٰلٖ وَعُيُونٖ ﴿٤١﴾ وَفَوَٰكِهَ مِمَّا يَشۡتَهُونَ ﴿٤٢﴾ كُلُواْ وَٱشۡرَبُواْ هَنِيٓـَٔۢا
بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٤٣﴾ إِنَّا كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٤٤﴾ وَيۡلٞ
يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿٤٥﴾ كُلُواْ وَتَمَتَّعُواْ قَلِيلًا إِنَّكُم مُّجۡرِمُونَ ﴿٤٦﴾
وَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿٤٧﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ ٱرۡكَعُواْ لَا يَرۡكَعُونَ ﴿٤٨﴾
وَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿٤٩﴾ فَبِأَيِّ حَدِيثِۭ بَعۡدَهُۥ يُؤۡمِنُونَ ﴿٥٠﴾

## ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئۈزۈلمەي چىققۇچى شاماللار بىلەن قەسەم قىلىمەن،

2ـ شىددەت بىلەن چىققۇچى بورانلار بىلەن قەسەم قىلىمەن،

3ـ (بۇلۇتلارنى) تارقاتقۇچى شاماللار بىلەن قەسەم قىلىمەن،

4ـ (ھەق بىلەن باتىلنى) ئايرىغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەن،

5ـ 6ـ (بەندىلەرگە) ئۆزرە (قالدۇرماسلىق) ياكى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئا-
گاھلاندۇرۇش ئۈچۈن (پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيىنى) ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر

بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

7ـ سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان (قىيامەت) چوقۇم بولىدۇ.

8ـ(ئۇ قىيامەت) يۇلتۇزلار (نىڭ نۇرى) ئۆچۈرۈلگەن چاغدا،

9ـ ئاسمان يېرىلغان چاغدا،

10ـ تاغلار تىتىلىپ (بوران ئۇچۇرتقان توزانلاردەك) توزۇغان چاغدا،

11ـ پەيغەمبەرلەرگە (ئۈممەتلىرى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشكە) ۋاقىت بەلگىلەنگەن چاغدا (قىيامەت مەيدانىغا كېلىدۇ).

12ـ(بۇ ۋاقىت) قايسى كۈنگە كېچىكتۈرۈلدى؟

13ـ(خالايىقنىڭ ئارىسىدا) ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈنگە (كېچىكتۈرۈلدى)

14ـ ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈننىڭ قانداق كۈن ئىكەنلىكىنى سەن بىلەمسەن؟

15ـ(بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

16ـ بىز ئىلگىرىكىلەرنى (كاپىرلىقى سەۋەبلىك) ھالاك قىلمىدۇقمۇ؟

17ـ ئاندىن ئۇلارغا ئەگەشتۈرۈپ كېيىنكىلەرنى ھالاك قىلدۇق.

18ـ بىز بۇ گۇناھكارلارنىمۇ شۇنداق جازالايمىز.

19ـ(بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

20ـ(ئى ئىنسانلار!) بىز سىلەرنى ئەرزىمەس مەنىيدىن ياراتمىدۇقمۇ؟

21ـ22ـ بىز ئۇنى مەلۇم ۋاقىتقىچە (بالىياتقۇدىن ئىبارەت) پۇختا قارارگاھتا تۇرغۇزدۇق.

23ـ بىز (بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا) قادىر بولدۇق. بىز نېمىدېگەن ياخشى قادىر بولغۇچىمىز!

24ـ(بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

25ـ26ـ بىز زېمىننى تىرىكلەرنى ۋە ئۆلۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان جاي قىلمىدۇقمۇ؟

27ـ بىز زېمىنغا مۇستەھكەم تاغلارنى ئورناتتۇق، سىلەرنى تاتلىق سۇ بىلەن سۇغاردۇق.

28ـ(بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

29ـ31ـ (ئۇ كاپىرلارغا) «سىلەر يالغان دەپ كېلىۋاتقان جەھەننەمگە قاراپ ئىلگىرلەڭلار، ئۈچ تارماقلا ئايرىلىپ چىققان، سەگدەتمەيدىغان، (جەھەننەمنىڭ) يالقۇنىنىمۇ توسالمايدىغان (ئاچچىق تۈتۈندىن ئىبارەت) سايىگە بېرىڭلار» (دېيىلىدۇ).

32ـئۇ يالقۇن سارايدەك (چوڭ) ئۇچقۇنلارنى چىقىرىدۇ.

33ـئۇ ئۇچقۇنلار قارامتۇل تۆگىلەرگە ئوخشايدۇ.

34ـ(بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

35ـبۇ، (كاپىرلار) گەپ قىلالمايدىغان بىر كۈندۇر.

36ـئۇلارنىڭ ئۆزرە ئېيتىشىغىمۇ ئىجازەت بېرىلمەيدۇ.

37ـ(بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

38ـ(ئۇلارغا) «بۇ ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈندۇر. سىلەرنى ۋە ئاۋۋالقىلارنى يىغدۇق.

39ـئەگەر (بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا) بىرەر چارەڭلار بولسا، قېنى قىلىپ بېقىڭلار» (دېيىلىدۇ).

40ـ(بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

41ـ42ـ شەكسىزكى، تەقۋادارلار (جەننەتتە) سايىلەردىن، بۇلاقلاردىن ۋە كۆڭلى تارتقان مېۋىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

43ـ(ئۇلارغا) «قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىڭلار ئۈچۈن (مۇكاپات سۈپىتىدە) خۇشال-خۇرام يەڭلار ۋە ئىچىڭلار» (دېيىلىدۇ).

44ـبىز (تائەت-ئىبادەتنى) قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلارنى ئەلۋەتتە مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

45ـ(بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

46ـ(ئى كاپىرلار!) «(دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) يەڭلار ۋە ۋاقىتلىق بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇڭلار، شەكسىزكى، سىلەر گۇناھكارسىلەر».

47ـ(بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

48ـئۇلارغا: «رۇكۇ قىلىڭلار» دېيىلسە رۇكۇ قىلمايدۇ.

49ـ(بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

50ـئۇلار بۇ قۇرئانغا ئىشەنمەي، زادى قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا كاپىرلار ئىنكار قىلىپ كېلىۋاتقان قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈشتە، بەزى مەخلۇقاتى بىلەن قەسەم قىلىپ تەكىتلىگەن. ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقات بىلەن قەسەم قىلىشى ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە ئىلىم-ھېكمىتىنى نامايان قىلىش ۋە قەسەم قىلىپ تەكىتلەنگەن ئىشلارنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

﴿وَٱلْمُرْسَلَٰتِ عُرْفًا﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى مۇپەسسىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى «ئۇزۇلمەي چىققۇچى شاماللار» دەپ تەپسىر قىلغان بولسا، بەزىسى «ئارقىمۇئارقا ئەۋەتىلگۈچى پەرىشتىلەر» دەپ تەپسىر قىلغان[1]. ئايەتتىكى ﴿وَٱلْمُرْسَلَٰتِ﴾ نى شامال دەپ تەپسىر قىلغاندا، ئاللاھ تائالا شامالنىڭ كائىناتتىكى تەسىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئاساسلىق ماۋزۇغا مەركەزلەشتۈرۈشنى ئىرادە قىلغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا باشقا سۈرىلەردىمۇ كۆپلىگەن مەخلۇقات بىلەن قەسەم قىلغان. مەسىلەن: نازىئات سۈرىسىدە يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم قىلغان بولسا، ئادىيات سۈرىسىدە يۈگۈرۈك ئاتلار بىلەن قەسەم قىلغان.

ئەمما ﴿وَٱلْمُرْسَلَٰتِ﴾ نى پەرىشتىلەر دەپ تەپسىر قىلغاندا، پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشتىكى تېزلىكىنى ئىپادىلىگەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىشى خۇددى باشقا مەخلۇقاتى بىلەن قەسەم قىلغىنىغا ئوخشاش بەرمەكچى بولغان خەۋەرنىڭ ۋە دېمەكچى بولغان سۆزنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇلۇتلارنى ھەيدەيدىغان، ئۆسۈملۈكلەرنى چاڭلاشتۇرىدىغان، ئۇرۇقلارنى تارقىتىدىغان ۋە كېمىلەرنى ماڭدۇرىدىغان لەرزان شامال بىلەن قەسەم قىلغان. بۇ شامال دەسلەپتە ئىللىق ۋە لەرزان چىقسىمۇ، بىردىنلا ئالدىغا چىققان نەرسىلەرنى سۈرۈپ تۇزىتىشتا شىددەت تۇسىنى ئېلىپ بورانغا ئايلىنىدۇ. ﴿فَٱلْعَٰصِفَٰتِ عَصْفًا﴾ دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. ھاۋا بوشلۇقىدا شامالنىڭ بۇلۇتلارنى ئەتراپقا يېيىشىنى ۋە بۇلۇتلارنى ئاللاھ تائالا يامغۇر ياغدۇرۇشنى ئىرادە قىلغان جايلارنىڭ ئۈستىگە ھەيدەپ ئېلىپ بېرىشىنى ﴿وَٱلنَّٰشِرَٰتِ نَشْرًا﴾ دېگەن ئايەت ئىپادىلىگەن.
﴿وَهُوَ ٱلَّذِى يُرْسِلُ ٱلرِّيَٰحَ بُشْرًۢا بَيْنَ يَدَىْ رَحْمَتِهِۦ ۖ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَقَلَّتْ سَحَابًا ثِقَالًا

[1] «تفسير القرطبي» 19- توم، 135- بەت.

﴿سُقْنَهُ لِبَلَدٍ مَّيِّتٍ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ رەھمىتى (بولغان يامغۇر) يېغىش ئالدىدا شامالللارنى بېشارەتچى قىلىپ ئەۋەتىدىغان زاتتۇر، شامالللار ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەن چاغدا، ئۇلارنى ئۆلۈك (قاقاس) جايلارغا سۈرىمىز﴾[1]. دېمەك، شامال لەرزان شامال، قاتتىق بوران ۋە تارقاتقۇچى شامال دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن قەسەم قىلغان.

بۇ شامالللار بۇلۇتلارنى پارچىلاپ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالا خالىغان جايلارغا تارقىتىپ بولغاندىن كېيىن، كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئەسلىتىدۇ. چۈنكى، يامغۇر ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە، جۈملىدىن بارلىق مەخلۇقاتىغا ئاتا قىلغان رەھمىتى بولۇپ، سۈنىڭ مەنبەسى يامغۇر بولغاندەك، سۇ ھاياتلىقنىڭ جېنىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالانى تونۇغان مۇئمىن ئادەم ئۇنىڭ نېمەتلىرىنىمۇ ئەلۋەتتە تونۇيدۇ، ئۇنىڭ يامغۇرغا ئوخشىغان ئومۇمىي رەھمىتى ياغقان چاغدا، بۇنىڭدىن سۆيۈنىدۇ-دە، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ.

﴿فَٱلْفَٰرِقَٰتِ فَرْقًا﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿فَٱلْفَٰرِقَٰتِ فَرْقًا﴾ دېگەن سۆزنى كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر «پەرىشتىلەر» دەپ تەپسىر قىلغان. بەزىسى «شامالللار» دەپ تەپسىر قىلغان[2]. قەتادە بۇ سۆزگە «قۇرئان» دەپ مەنە بېرىتقان[3]. بۇ سۆزنى «پەرىشتىلەر» دەپ تەپسىر قىلغاندا، پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى ئېلىپ چۈشۈش ئارقىلىق ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىپ بەرگەنلىكىنى ياكى كىشىلەرنىڭ ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىشىغا ۋەسىلە بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ﴿فَٱلْفَٰرِقَٰتِ﴾ نى «شامالللار» دەپ تەپسىر قىلغاندا، بۇلۇتلارنى پارچىلاپ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالا ئىرادە قىلغان جايلارغا ھەيدەپ بارغۇچى شامالللارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ياغقان يامغۇرنىڭ كىشىلەرگە بىر رەھمەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بۇ يامغۇرنى ئەۋەتكەن رەببى-ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەن ۋە ئۇنىڭ كامالىي سۈپەتلىرىنى ئەسكە ئالغانلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ يۇيۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى، يامغۇرنى رەھمەت ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتى دەپ بىلمەستىن، ئۇنى تەبىئەتنىڭ تەقەززاسى دەپ بىلگەنلەر ئۈچۈن، بۇنداق قاراشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە بىر ئاگاھلاندۇرۇش بولىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆزنى «قۇرئان» دەپ تەپسىر قىلغاندا،

[1] ئەئراف سۈرىسى:57-ئايەت.
[2] «تفسير القرطبي» 19- توم، 135- بەت.
[3] «تفسير الطبري» 24- توم، 128- بەت.

ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم» نى نازىل قىلىش ئارقىلىق ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

ھەر ھالدا، ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق قىيامەتنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ ۋە مۇكاپات بىلەن جازانىڭ راستلىقىنى تەكىتلىگەن.

ئەمدى قىيامەت كۈندىكى تىرىلىشنىڭ مۇقەددىمىلىرىگە كەلسەك، ئۇ چاغدا يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈلىدۇ، ئاسمان يېرىلىپ، پارچە-پارچە بولۇپ كېتىدۇ، زېمىندىكى قوزۇقتەك مۇستەھكەم تاغلار ئورنىدىن قوزغىلىپ خۇددى شاماللار ئۇچۇرتقان توزانلاردەك ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ توزۇپ كېتىدۇ. ﴿وَسُيِّرَتِ ٱلْجِبَالُ فَكَانَتْ سَرَابًا﴾ يەنى ﴿تاغلار (ئورنىدىن) قوزغۇتۇلۇپ سەراپتەك بولۇپ قالىدۇ﴾[1]، ﴿وَبُسَّتِ ٱلْجِبَالُ بَسًّا ۝٥ فَكَانَتْ هَبَآءً مُّنۢبَثًّا﴾ يەنى ﴿تاغلار پارچە-پارچە بولۇپ توزاندەك توزۇپ كەتكەن چاغدا...﴾[2]. بۇلارنىڭ ھەممىسى قىيامەت قايىم بولغان چاغدا ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق ئىلگىرى بولىدىغان ئىشلاردۇر. قىيامەت كۈندە سوئال-سوراقتىن ھېچكىم قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ، ھەتتا پەيغەمبەرلەرمۇ ئۆزلىرىگە بەلگىلەنگەن مۇئەييەن ۋاقىتتا، ئۆزلىرى ۋە ئۈممەتلىرى ئۈچۈن گۇۋاھلىقتىن ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشى دۇنيادا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئادا قىلغانلىقىغا دائىر گۇۋاھلىق بېرىشىنى، ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرى ئۈچۈن گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشى بولسا، ئۈممەتلىرىگە دىننى تولۇق يەتكۈز-گەنلىكىگە دائىر گۇۋاھلىق بېرىشىنى مەقسەت قىلىدۇ. ﴿پەيغەمبەرلەرگە (ئۈممەتلىرى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشكە) ۋاقىت بەلگىلەنگەن چاغدا...﴾ دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

﴿(بۇ ۋاقىت) قايسى كۈنگە كېچىكتۈرۈلدى؟﴾ يەنى يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسى قايسى كۈن ئۈچۈن كېچىكتۈرۈلدى؟ بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، بۇ ئىشلار قىيامەتتىن ئىبارەت خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش كۈنىگە كېچىكتۈرۈلدى. بۇ كۈندە ياخشىلار بىلەن يامانلار ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بارىدىغان يېرى ئايرىلىدۇ، ياخشىلار مۇكاپاتىنى ئالىدۇ ۋە جەننەتكە كىرىدۇ، يامانلارمۇ جازاسىنى چېكىدۇ ۋە دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئى ئىنسان! بۇ ھۆكۈم كۈنىنىڭ نېمە

---

[1] نەبەئ سۈرىسى20-ئايەت.

[2] ۋاقىئە سۈرىسى:5-6-ئايەتلەر.

ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىتىنى ۋە ئەھۋالىنى سەن بىلەمسەن؟ ئۇنىڭ دەھشىتىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ سېنىڭ بۇ كۈندىن غەپلەتتە قېلىشىڭ ۋە ئۇنىڭغا تەييارلىق كۆرمەسلىكىڭ راستتىنلا ئەجەبلىنەرلىكتۇر. ئۇنتۇمىغىنكى، پەيغەمبەرلەرنى، «قۇرئان كەرىم»نى ۋە مۇشۇ ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى بۇ كۈندە تولىمۇ يامان بولىدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق بىر كۈننى قانداقمۇ ئۇنتۇدى؟ ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي! ئىست ئۇلارغا!

ئى ئىنسانلار! يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى ئۆچۈرۈلگەن، ئاسمان پارچىلانغان چاغدا، ھەممىڭلار ھەقىقەتنى بىلىپ يېتىسىلەر، ۋەھيىنىڭ قىيامەتنى ئىسپاتلاشتىكى راستچىللىقىنى ۋە دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا ئۆزۈڭلارنىڭ قانچىلىك ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىغا پاتقان بىر ھاياتتا ياشىغانلىقىڭلارنى بىلىسىلەر.

«قۇرئان كەرىم» قىيامەت قايىم بولغان ۋاقىتتىكى ئىشلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن، كاپىرلارنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ سېلىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى كېلەچەكتىكى ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئاد، سەمۇد، پىرئەۋن قەۋملىرىدىن ئىبارەت كاپىر قەۋملەرنىڭ ئىبرەتلىك ئاقىۋىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق ھالاك قىلىنغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. دېمەكچىكى، ئى كاپىرلار! ئۇنتۇماڭلاركى، سىلەردىن ئىلگىرى ھالاك قىلىنغانلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغان، پەيغەمبەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى يالغان دېگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەت بولدى، ئەگەر سىلەرمۇ يەنە كۇفرىدا چىڭ تۇرىدىغان بولساڭلار، سىلەرنىڭ ئاقىۋىتىڭلارمۇ شۇنداق ھالاكەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن، ئىنسانلارنى ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشىغا قاراپ بېقىشقا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەرزىمەس نەرسىدىن (ئابىمەنىيدىن) پەيدا بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىققا ئۈندىگەن ھالدا دەيدۇكى، سىلەرنى بىز ئابىيمەنىدىن ئىبارەت بىر تامچە ئەرزىمەس سۇدىن ياراتتۇق ئەمەسمۇ؟ سىلەر نېمەڭلارغا بۇنچىلىك كۆرەڭلەپ كېتىسىلەر؟ سىلەر نېمىشقا تەكەببۇرلۇق قىلىپ رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىسىلەر؟ رەببىڭلارنىڭ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىكى ۋاقتىڭلاردا قانچىلىك ئاسرىغانلىقىنى ۋە كۆپلىگەن خەۋپ-خەتەرلەردىن سىلەرنى قوغداپ بۇ دۇنياغا كەلتۈرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ رەببىڭلار سىلەرنى سىلەر بوۋاق ۋاقتىڭلاردا ئاناڭلارنىڭ بالىياتقۇسىدىن ئىبارەت خاتىرجەم قارارگاھتا ئۆزىنىڭ ئىنايىتى ۋە شەپقىتى بىلەن ئاسراپ

ساقلىمىدىمۇ؟!

تىببىي مۇتەخەسسىسلەر دەيدۇكى، ئانىنىڭ بالىياتقۇسى بوۋاق ئۈچۈن ئامانلىق جاي ۋە ئەڭ خاتىرجەم قارارگاھ بولۇپ، بوۋاقنىڭ ئۇنىڭدا تۇرىدىغان ۋاقتىمۇ مەلۇم مۇددەتكە بەلگىلەنگەن. بوۋاقنىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىش ۋاقتى كەلگەندە، ئانىنىڭ بالىياتقۇسى كېڭىيىپ، سۆڭەكلىرى ئاجراپ، بوۋاقنىڭ چۈشۈش يولى ئېچىلىدىكەن. ئاندىن بوۋاق تۇغۇلۇپ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، ئانىنىڭ سۆڭەكلىرى قايتىدىن ئورنىغا چۈشۈپ، بالىياتقۇسىمۇ ئۆز ئەسلىگە كېلىدۇ. بۇنداق ئىشلار ئۆزلۈكىدىن بولۇپ قالامدۇ؟ ياكى تەبىئەت شۇنداق قىلامدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز مېھرىبانلىقىنىڭ ۋە چەكسىز قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرى ئەمەسمۇ؟ ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ياخشىلىقىنى قانداقمۇ تونۇمايدۇ؟ بۇ ياخشىلىقلارنى قانداقمۇ ئىنكار قىلغىلى بولىدۇ؟ ئاللاھ تائالا نېمىدېگەن ماھىر ياراتقۇچى! نېمىدېگەن شەپقەتلىك زات!

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿فَقَدَرۡنَا فَنِعۡمَ ٱلۡقَٰدِرُونَ﴾ دېگەن ئايەتنى «(ئاندىن ئۇنىڭ سۈپىتىنى) بەلگىلىدۇق، بىز نېمىدېگەن قۇدرەتلىك!» دەپ تەپسىر قىلغان. چۈنكى «قَدَرَ» دېگەن پېئىل «قَدَّرْنَا» دەپ شەددە بىلەن ئوقۇغاندا «تەقدىر قىلدۇق»، «بەلگىلىدۇق» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما بۇ سۆزنى «قَدَرْنَا» دەپ شەددەسىز يېنىك قىلىپ ئوقۇغاندا «كۈچىمىز يېتىدۇ»، «قادىر بولدۇق» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. گەرچە ئايەتنىڭ سىياقى ھەر ئىككى مەنىگە ئېھتىمال كەلتۈرسىمۇ، «قادىر بولدۇق» دېگەن مەنىگە بەكرەك ئېھتىمال كەلتۈرىدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەتنىڭ ئالدىدا كەلگەن ئايەتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ ئىلگىرىكى ئىنكارچى قەۋملەرنى قانداق ھالاك قىلغانلىقى، ئىنساننى ئەرزىمەس مەنىيدىن يارىتىپ، راۋۇرۇس ئىنسان قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. شۇڭا بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتكە ﴿بىز (بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا) قادىر بولدۇق﴾ دەپ مەنە بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرگەن.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «مۇپەسسىرلەر ﴿فَقَدَرۡنَا فَنِعۡمَ ٱلۡقَٰدِرُونَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ئوقۇلۇشىدا ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، مەدىنىلىك قارىيلار «قَدَّرْنَا» دەپ شەددە بىلەن ئوقۇغان، كۇفە ۋە بەسرەلىك قارىيلار «قَدَرْنَا» دەپ شەددەسىز ئوقۇغان. ھەر ئىككى قىرائەت دۇرۇستۇر، قايسىسىنى ئوقۇسا بولىدۇ. چۈنكى، ئەرەبلەر بۇ سۆزنى بەزىدە شەددەلىك،

بەزىدە شەددەسىز ئوقۇيدۇ. ھەر ئىككى ئوقۇشتا بىر مەنىنى ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: ئەرەبلەر ‹قَدَّرَ عَلَيْهِ المَوْتَ› دەپ شەددە بىلەنمۇ ئوقۇيدۇ، ‹قَدَرَ عَلَيْهِ المَوْتَ› دەپ شەددەسىزمۇ ئوقۇيدۇ. ھەر ئىككى ئوقۇشتا ‹ئۆلۈمنى تەقدىر قىلدى› دېگەن بىرلا مەنە ئىپادىلىنىدۇ»[1].

ئەللامە قۇرتۇبىي مۇنداق دېگەن: «‹قَدَر› دەپ شەددەسىز ئوقۇغاندا، قۇدرەت مەنىسىدە كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئايەتنىڭ مەنىسى «بىز ئۇلارغا ئىگە بولدۇق، بىز نېمىدېگەن ياخشى ئىگە بولغۇچى!» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇنى ‹قَدَّر› دەپ شەددە بىلەن ئوقۇغاندا، تەقدىر مەنىسىدە كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئايەتنىڭ مەنىسى «بىز ئۇنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشىنى تەقدىر قىلدۇق، بىز نېمىدېگەن ياخشى تەقدىر قىلغۇچى!» دېگەنلىك بولىدۇ»[2].

تەپسىرى مۇيەسسەردە، مەزكۇر ئايەتتە «بىز ئىنساننى يارىتىشقا، ئۇنى چىرايلىق شەكىلگە كىرگۈزۈشكە ۋە ئانىسىنىڭ قارنىدىن چىقىرىشقا قادىر بولدۇق، بىز نېمىدېگەن قۇدرەتلىك!»[3] دەپ مەنە ئېيتىلغان.

ئاندىن «قۇرئان كەرىم» كىشىلەرنى ئۆزلىرى ئۈستىدە ھايات كەچۈرۈۋاتقان زېمىنغا بىر قاراپ بېقىشقا ۋە ئىبرەت ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. بىز زېمىننى سىلەرنى تىرىك ۋە ئۆلۈك ھەر ئىككى ھالەتتىلاردا ئۆز قوينىغا ئالىدىغان قىلىپ ياراتمىدۇقمۇ؟ سىلەر زېمىندىن چىقتىڭلار، يەنە زېمىنغا قايتىسىلەر. سۇبھانەللاھ! ئىنسانلارنىڭ يەر يۈزىدە ھايات كەچۈرۈشى، ئۇنىڭدا خالىغان جايلارغا بېرىشى ۋە خالىغانچە ياشىشى، ئاندىن ئۇلارنىڭ يەنە شۇ يەرنىڭ ئاستىغا كىرىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاجايىپ بىر مۆجىزە ۋە كاتتا قۇدرەتنىڭ ئەسىرى ئەمەسمۇ؟

ئاللاھ تائالانىڭ زېمىننى مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قوينىغا ئالىدىغان قىلىپ ياراتقانلىقى، ئۇنىڭدا مۇستەھكەم تاغلارنى ئورناتقانلىقى ئۇنىڭ كاتتا نېمىتىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق جانلىقلارنى تاتلىق سۇ بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇۋاتقانلىقىمۇ ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىشقا يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

---

[1] «تفسير الطبري» 24ـ توم، 133ـ بەت.
[2] «تفسيرالقرطبي» 19ـ توم، 140ـ بەت.
[3] التفسير الميسر» 582ـ بەت.

## كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالى

قىيامەت كۈنىدە كاپىرلارغا دېيىلىدۇكى، بېرىڭلار، دۇنيادىكى ۋاقىتىڭلاردا ئۆزۈڭلار ئىنكار قىلىپ كېلىۋاتقان دوزاخ ئازابىنى تېتىڭلار! چۈنكى، دوزاخ سىلەردەك كاپىرلارنى جازالاش ئۈچۈن تەييارلانغان جايدۇر. بېرىڭلار، سايىغا بېرىڭلار؟! سۇبھانەللاھ! بۇ قانداق سايە ئەمدى؟ دوزاختا سايە بولامدۇ؟

قىيامەت كۈنىدە ئىككى خىل سايە بولىدۇ: بىرى، مۇئمىنلەرگە بولىدىغان سايە، يەنە بىرى، كاپىرلارغا بولىدىغان سايە. مۇئمىنلەر جەننەتلەردىكى دەل-دەرەخلەرنىڭ سايىلىرىدا ھۇزۇرلىنىدۇ، ئۇلار قاتتىق سوغۇقنىمۇ كۆرمەيدۇ، قاتتىق ئىسسىقنىمۇ كۆرمەيدۇ، بەلكى مۆتىدىل، يېقىملىق ھاۋادىن ھۇزۇرلىنىدۇ. ئەمما كاپىرغا قاتتىق ئازابلىق سايە بار بولۇپ، ئۇ سايە ئاچچىق تۈتۈن ۋە كۆيدۈرگۈچى ئوت يالقۇنىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ سايە نەپەسنى قىستايدۇ، يۈزلەرنى كۆيدۈرىدۇ ۋە سارايدەك-سارايدەك چوڭ ئۇچقۇنلارنى چىقىرىپ كاپىرلارنى قىينايدۇ. دېمەك، كاپىرلارغا بولىدىغان سايە يا ئۇلارنى كۈننىڭ ئىسسىقىدىن مۇداپىئە قىلالمايدىغان ياكى دوزاخنىڭ يالقۇنىدىن قوغدىيالمايدىغان جەھەننەم سايىسىدۇر. ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىغاي!

بۇ كۈندە كاپىرلار قورقۇنچتىن ئېغىزلىرىنى ئاچالمايدۇ، بىر ئېغىز سۆز قىلىشقىمۇ پېتىنالمايدۇ، ئۇلارغا ئۆزرە ئېيتىش ئۈچۈن سۆزلەشكىمۇ رۇخسەت بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتتا ئۆزرە ئېيتقاننىڭ ۋە تەۋبە قىلغاننىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن! (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

قىيامەت دېگەن ھۆكۈم كۈنى بولۇپ، خالايىقنىڭ ئارىسىدا ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ياخشىلار بىلەن يامانلار بىر-بىرىدىن ئايرىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ بارىدىغان يېرى بەلگىلىنىدۇ. بۇ كۈندە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە توپلىنىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئاۋۋالقىلىرى بىلەن كېيىنكىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە يىغىدۇ. ئۇلاردىن بىرەرسىنىڭ ھېساب مەيدانىدىن قېچىپ كېتەلىشى مۇمكىنمۇ؟ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس! مۇشۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

## مۇئمىنلەرنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالى

شۇ ئېنىقكى، بۇ دۇنيادا رەببىنىڭ غەزىپىگە ياكى جازاسىغا ئۇچراپ

قىلىشتىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلغان ۋە ھاياتتىكى ئۆزىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئورۇندىغان، قىيامەتتىن ئىبارەت خاپىلىقى ۋە قىيىنچىلىقى چوڭ بىر كۈندە يامان ئاقىۋەتكە ئۇچراپ قىلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۆمرىنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشىلەر ئەلۋەتتە ئېسىل جەننەتلەردە راھەتلىك سايىلەر ئاستىدا ۋە شېرىن بۇلاقلارنىڭ يېنىدا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرغان قارارگاھىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە خالىغان مېۋىلەردىن قانغۇچە نېمەتلىنىدۇ ۋە ھۇزۇرلىنىدۇ. ئۇلارغا ھەمىشە: «ئى جەننەت ئەھلى! جەننەت سىلەر ئۈچۈن تەييارلانغان زىياپەتتۇر، سىلەر بۇ يەردە كەڭتاشا يەڭلار، ئىچىڭلار، دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە بۇ يەردە نېمەتلەردىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنىڭلار» دېيىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ﴿بىز ياخشىلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايمىز﴾ دېگەن سۆزى ھەقىقەتەن راستتۇر.

ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارغا بۇ دۇنيادىلا شۇنداق دېيىلىدۇ: سىلەر ھايۋانلار يەپ-ئىچكەندەك يەپ-ئىچىڭلار، بۇ دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن ۋاقىتلىق ھۇزۇرلىنىپ تۇرۇڭلار، ئەمما ئۇزۇنغا قالماي بۇ نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن بىر-بىرلەپ ھېساب بېرىسىلەر، كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇق ھاياتىدا ياشىغانلىقىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر. چۈنكى، سىلەر گۇناھكار كاپىرلارسىلەر. (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

ئۇ كاپىرلار دۇنيادىكى ۋاقتىدا ئاللاھ تائالانى تونۇمايتتى، ئۇنى ئۇلۇغلىمايتتى، ﴿رۇكۇ قىلىڭلار﴾ يەنى رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار دېيىلسە، مۇتەكەببىرلىك قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتاتتى. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ ٱرۡكَعُواْ لَا يَرۡكَعُونَ﴾ دېگەن ئايەتنى «رەببىڭلارغا بويسۇنۇڭلار دېيىلسە، ئۇلار مۇتەكەببىرلىك قىلاتتى، ئىماندىن باش تارتاتتى» دەپ تەپسىر قىلغان. چۈنكى، «رۇكۇ» دېگەن سۆز بويسۇنۇشنى ۋە باش ئېگىشنى ئىپادىلەيدۇ. (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي! چۈنكى، ئۇلار نېمەتكە شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا تۇزكورلۇق قىلدى.

«قۇرئان كەرىم» ئىنسانىيەتنى بەخت-سائادەت يولىغا يېتەكلەش ئۈچۈن تۈرلۈك ئۇسلۇبلار بىلەن ئۇلارغا قىممەتلىك ئۈگۈتلەرنى ۋە تەسىرلىك ۋەز-نەسىھەتلەرنى تەقدىم قىلىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، كاپىرلار

بۇنىڭدىن ھېچقانداق ئۆگۈت ياكى ئىبرەت ئالمايۋاتىدۇ. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت مۆشۈنداق ھەق سۆزگە ۋە مۆشۈنداق ئىلاھىي ئۆگۈتلەرگە ئىشەنمىسە، قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا نامىنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلغان نەرسىلەر، ئەلۋەتتە شۇ نەرسىلەرنىڭ ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

2. قىيامەت قايىم بولغاندا دۇنيانىڭ نىزامى پۈتۈنلەي بۇزۇلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممە يوق بولىدۇ.

3. زېمىن تىرىكلەرنىڭ ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ قارارگاھىدۇر.

4. پۈتۈن ئىنسانىيەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئامى بىلەن نەپەس ئېلىپ تۇرۇۋاتقان تۇرۇپ، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدىغانلار ئىنتايىن ئازدۇر.

5. ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ جازاسى ئىنتايىن قاتتىق بولىدۇ.

6. دوزاخ ئەھلى دوزاختا جىسمانىي جەھەتتىن ئازابلانغاندەك مەنىۋى جەھەتتىنمۇ ئازابلىنىدۇ.

7. قىيامەت كۈندىكى قىيىنچىلىقتىن پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ شەپقىتىگە لايىق بولغان كىشىلەرلا ئاسان خالاس بولىدۇ.

8. تەقۋالىق مۆئمىن ئادەمنىڭ يەتمەكچى بولغان ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىدۇر.

9. «قۇرئان كەرىم»دە كاپىرلارغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ ئۆزۈنغا قالماي ئەمەلگە ئاشقانلىقى «قۇرئان كەرىم»دە بېرىلگەن خەۋەرلەرنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر.

10. بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالاغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئېگىلمىگەنلەر ئاخىرەتتە چوقۇم ئېگىلىدۇ ۋە قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىدۇ. ئەمما ئۇ چاغدىكى پۇشايماننىڭ قىلچە پايدىسى بولمايدۇ.

# نەبەئ سۈرىسى

نەبەئ سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 40 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، «ئەممە سۈرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ، ئاخىرەتتىكى مۇكاپات ۋە جازانىڭ راست ئىكەنلىكىنى يېتەرلىك دەلىل-پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راست ئىكەنلىكى، ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ بەزى نامايەندىلىرى، ئاخىرەت هاياتىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى، مۇئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى، شۇنداقلا قىيامەت كۈنىدە يۈز بېرىدىغان دەهشەتلىك ئىشلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى ئىككىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿ٱلنَّبَإِ﴾ «خەۋەر» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿عَمَّ يَتَسَآءَلُونَ ١ عَنِ ٱلنَّبَإِ ٱلۡعَظِيمِ ٢ ٱلَّذِي هُمۡ فِيهِ مُخۡتَلِفُونَ
٣ كَلَّا سَيَعۡلَمُونَ ٤ ثُمَّ كَلَّا سَيَعۡلَمُونَ ٥ أَلَمۡ نَجۡعَلِ ٱلۡأَرۡضَ
مِهَٰدٗا ٦ وَٱلۡجِبَالَ أَوۡتَادٗا ٧ وَخَلَقۡنَٰكُمۡ أَزۡوَٰجٗا ٨ وَجَعَلۡنَا
نَوۡمَكُمۡ سُبَاتٗا ٩ وَجَعَلۡنَا ٱلَّيۡلَ لِبَاسٗا ١٠ وَجَعَلۡنَا ٱلنَّهَارَ مَعَاشٗا
١١ وَبَنَيۡنَا فَوۡقَكُمۡ سَبۡعٗا شِدَادٗا ١٢ وَجَعَلۡنَا سِرَاجٗا وَهَّاجٗا ١٣
وَأَنزَلۡنَا مِنَ ٱلۡمُعۡصِرَٰتِ مَآءٗ ثَجَّاجٗا ١٤ لِّنُخۡرِجَ بِهِۦ حَبّٗا وَنَبَاتٗا ١٥
وَجَنَّٰتٍ أَلۡفَافًا ١٦ إِنَّ يَوۡمَ ٱلۡفَصۡلِ كَانَ مِيقَٰتٗا ١٧ يَوۡمَ يُنفَخُ فِي

ٱلصُّورِ فَتَأۡتُونَ أَفۡوَاجٗا ١٨ وَفُتِحَتِ ٱلسَّمَآءُ فَكَانَتۡ أَبۡوَٰبٗا ١٩
وَسُيِّرَتِ ٱلۡجِبَالُ فَكَانَتۡ سَرَابًا ٢٠ إِنَّ جَهَنَّمَ كَانَتۡ مِرۡصَادٗا ٢١
لِّلطَّٰغِينَ مَـَٔابٗا ٢٢ لَّٰبِثِينَ فِيهَآ أَحۡقَابٗا ٢٣ لَّا يَذُوقُونَ فِيهَا بَرۡدٗا
وَلَا شَرَابًا ٢٤ إِلَّا حَمِيمٗا وَغَسَّاقٗا ٢٥ جَزَآءٗ وِفَاقًا ٢٦ إِنَّهُمۡ كَانُواْ لَا
يَرۡجُونَ حِسَابٗا ٢٧ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا كِذَّابٗا ٢٨ وَكُلَّ شَيۡءٍ أَحۡصَيۡنَٰهُ
كِتَٰبٗا ٢٩ فَذُوقُواْ فَلَن نَّزِيدَكُمۡ إِلَّا عَذَابًا ٣٠ إِنَّ لِلۡمُتَّقِينَ مَفَازًا
٣١ حَدَآئِقَ وَأَعۡنَٰبٗا ٣٢ وَكَوَاعِبَ أَتۡرَابٗا ٣٣ وَكَأۡسٗا دِهَاقٗا ٣٤ لَّا
يَسۡمَعُونَ فِيهَا لَغۡوٗا وَلَا كِذَّٰبٗا ٣٥ جَزَآءٗ مِّن رَّبِّكَ عَطَآءً حِسَابٗا
٣٦ رَّبِّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَا ٱلرَّحۡمَٰنِۖ لَا يَمۡلِكُونَ مِنۡهُ
خِطَابٗا ٣٧ يَوۡمَ يَقُومُ ٱلرُّوحُ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ صَفّٗاۖ لَّا يَتَكَلَّمُونَ إِلَّا مَنۡ
أَذِنَ لَهُ ٱلرَّحۡمَٰنُ وَقَالَ صَوَابٗا ٣٨ ذَٰلِكَ ٱلۡيَوۡمُ ٱلۡحَقُّۖ فَمَن شَآءَ ٱتَّخَذَ
إِلَىٰ رَبِّهِۦ مَـَٔابًا ٣٩ إِنَّآ أَنذَرۡنَٰكُمۡ عَذَابٗا قَرِيبٗا يَوۡمَ يَنظُرُ ٱلۡمَرۡءُ مَا
قَدَّمَتۡ يَدَاهُ وَيَقُولُ ٱلۡكَافِرُ يَٰلَيۡتَنِي كُنتُ تُرَٰبَۢا ٤٠

## ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئۇلار نېمە توغرۇلۇق سورىشىۋاتىدۇ؟

2ـ3ـ ئۇلار ئۆزلىرى ئىختىلاپ قىلىشىۋاتقان (قىيامەتتىن ئىبارەت) چوڭ بىر خەۋەر توغرۇلۇق سورىشىۋاتىدۇ.

4ـ ئەمەلىيەت ئۇلار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، ئۇلار (قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلىقىنىڭ جازاسىنى) يېقىندا بىلىپ قالىدۇ.

5ـ يەنە ئەمەلىيەت ئۇلار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، ئۇلار (قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلىقىنىڭ جازاسىنى) يېقىندا بىلىپ قالىدۇ.

6ـ بىز زېمىننى سېلىنچا قىلمىدۇقمۇ؟

7ـ(زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟

8ـبىز سىلەرنى ئەر-ئايال قىلىپ ياراتمىدۇقمۇ؟

9ـئۇيقۇڭلارنى (سىلەر ئۈچۈن) راھەت قىلمىدۇقمۇ؟

10ـكېچىنى (سىلەرنى يۆگەپ تۇرىدىغان) كىيىم قىلمىدۇقمۇ؟

11ـكۈندۈزنى تىرىكچىلىك قىلىدىغان ۋاقىت قىلمىدۇقمۇ؟

12ـئۈستۈڭلاردا مۇستەھكەم يەتتە ئاسماننى بىنا قىلمىدۇقمۇ؟

13ـيېنىپ تۇرغان چىراغ (قۇياش)نى ياراتمىدۇقمۇ؟

14ـ16ـ ئاشلىقلارنى، ئوت-چۆپلەرنى ۋە دەرەخلىرى قويۇق باغلارنى ئۆستۈ-رۈش ئۈچۈن بۇلۇتلاردىن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرمىدۇقمۇ؟

17ـ(خالايىق ئارىسىدا) ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان (قىيامەت) كۈنى ھەقىقەتەن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتۇر.

18ـئۇ كۈنى سۇر چېلىنىشى بىلەنلا، سىلەر توپ-توپ بولۇپ كېلىسىلەر.

19ـئاسمان ئېچىلىپ نۇرغۇن ئىشىكلەر پەيدا بولىدۇ.

20ـتاغلار (ئورنىدىن) قوزغۇتۇلۇپ سەراپتەك بولۇپ قالىدۇ.

21ـشەكسىزكى، (ئۇ كۈندە) جەھەننەم (ئۆزىگە كىرىدىغانلارنى) كۈتۈپ تۇرىدۇ.

22ـ(ئۇ جەھەننەم) ھەددىدىن ئاشقانلارنىڭ بارىدىغان جايىدۇر.

23ـئۇلار جەھەننەمدە ئۇزاق مۇددەت قالىدۇ.

24ـئۇلار جەھەننەمدە (ھارارەتتىن) بىرەر سالقىنغا ۋە (ئۇسسۇزلۇقتىن) بىرەر ئىچىملىككە ئېرىشەلمەيدۇ،

25ـلېكىن ئۇلار يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق سۇ بىلەن يىرىڭنى ئېتىيدۇ.

26ـبۇ (ئۇلار ئۈچۈن) مۇۋاپىق جازادۇر.

27ـچۈنكى، ئۇلار (قىلمىشلىرىدىن) ھېساب ئېلىنىشقا ئىشەنمەيتتى.

28ـھەمدە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى قاتتىق ئىنكار قىلاتتى.

29ـبىز ھەربىر ئىشنى تولۇق خاتىرىلەپ قويغان ئىدۇق.

30ـ(ئۇلارغا ئېيتىمىزكى) «ئەمدى سىلەر (بۇ ئازابنى) تېتىڭلار، زادى بىز سىلەرگە ئازابنىلا كۆپەيتىمىز».

31_34_ تەقۋادارلار ئۈچۈن ئۇتۇقلار: باغلار، ئۈزۈملەر، كۆكسى كۆتۈرۈلگەن، تەڭتۇش ھۆرلەر، (شاراب بىلەن) تولدۇرۇلغان جاملار بار.

35_ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە ۋە يالغان سۆز ئاڭلىمايدۇ.

36_37_(بۇلارنىڭ ھەممىسى) رەببىڭ ــ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ ئىگىسى بولغان رەھمان ئاللاھ ـ تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپات ۋە يېتەرلىك ئىنئامدۇر. (ئۇ كۈندە) ھېچكىم ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ.

38_جىبرىل ۋە پەرىشتىلەر سەپ بولۇپ تۇرۇپ كېتىدىغان كۈندە، رەھمان ئاللاھنىڭ ئىجازىتىگە ئېرىشكەن، توغرا (ۋە ھەق) سۆزلىگەنلەردىن باشقا ھېچكىم (بىراۋغا شاپائەت قىلىش ئۈچۈن) گەپ قىلالمايدۇ.

39_ئەنە شۇ چوقۇم كېلىدىغان كۈندۇر. خالىغان ئادەم رەببىگە ئېلىپ بارىدىغان يولنى تۇتسۇن.

40_شەكسىزكى، بىز سىلەرنى يېقىندا يۈز بېرىدىغان (ئاخىرەتنىڭ) ئازابىدىن ئاگاھلاندۇردۇق، ئۇ كۈندە كىشى ئىلگىرى قىلغان ئەمەللىرىنى كۆرىدۇ. (ھەربىر) كاپىر: «كاشكى مەن توپا بولۇپ كەتكەن بولسامچۇ!» دەپ كېتىدۇ.

### ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ھەسەندىن رىۋايەت قىلىدۇكى، «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، مەككىلىكلەر ئۆز ئارىسىدا قىيامەت توغرۇلۇق سورىشىشقا باشلىغۇدى، ئاللاھ ﴿عَمَّ يَتَسَآءَلُونَ ۝١ عَنِ ٱلنَّبَإِ ٱلْعَظِيمِ﴾ دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى»[1].

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، «ئى پەيغەمبەر! قۇرەيش مۇشرىكلىرى نېمە توغرۇلۇق سورىشىۋاتىدۇ؟» دېگەن. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە، ئىسلام دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىگە ۋە قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىشنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلغاندا، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلىۋاتقان بۇ ھەقىقەتلەر

[1] «تفسير الطبري» 24_ توم، 146_ بەت.

ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىشاتتى، جېدەللىشەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «ئۇلار نېمە توغرۇلۇق سورىشىۋاتىدۇ؟ ۋە نېمىگە تالاش- تارتىش قىلىشىۋاتىدۇ؟» دېگەن[1].

«مۇشرىكلار قىيامەتنىڭ بولۇشىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن، مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن بىر-بىرىدىن قىيامەت توغرۇلۇق سورىشاتتى. ئاللاھ تائالا قىيامەتنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش دائىرىسىدىن تاشقىرى ناھايىتى چوڭ بىر ئەھۋال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارغا سوئال تەرىقىسىدە رەددىيە بەرگەن. قىيامەت توغرىسىدا سورىشىۋاتقانلار بىر خىل ئەمەس ئىدى، چۈنكى، ئۇلارنىڭ بەزىسى قىيامەتنى قەتئىي بولمايدۇ دەپ كېسىپ ئېيتاتتى. ﴿مَا هِيَ إِلَّا حَيَاتُنَا ٱلدُّنۡيَا نَمُوتُ وَنَحۡيَا وَمَا يُهۡلِكُنَآ إِلَّا ٱلدَّهۡرُۚ﴾ يەنى ﴿ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلۈپ تۇرىمىز ۋە تۇغۇلۇپ تۇرىمىز، بىزنى پەقەت زامانلا يوق قىلىدۇ﴾ [2] يەنى بۇ ھاياتلىقتىن باشقا ھاياتلىق يوق، بىز بىر تەرەپتىن ئۆلۈپ تۇرىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن تۇغۇلۇپ تۇرىمىز. ھايات دېگەن مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش دەيدىغان ئىش يوق. مانا بۇ قىيامەت كۈنىگە قەتئىي ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارنىڭ ئېتىقادىدۇر. يەنە بەزىسى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىش بىلەن بىرلىكتە قىيامەتنىمۇ ئىنكار قىلاتتى»[3].

﴿كَلَّا﴾ دېگەن سۆز «ئۇنداق ئەمەس»، «ئەمەلىيەت ئۇلار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان كايىش ۋە رەددىيە سۆزى بولۇپ، بۇ يەردە، كاپىرلارنىڭ تولا سوئال سورۇشى ۋە تولا ئىختىلاپ قىلىشىغا كايىش مەنىسىدە كەلگەن. يەنى قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى ئەقىل ۋە دىن بىردەك تەقەززا قىلغان، شەك قوبۇل قىلمايدىغان ئېنىق بىر ھەقىقەت تۇرسا، بۇ كاپىرلار تېخىچە ئۇنىڭدىن شەكلىنىپ، بىر-بىرىدىن سورىشىۋاتامدۇ؟ ئۇلار تېخىچە قىيامەت توغرۇلۇق ئىختىلاپ قىلىۋاتامدۇ؟ ئۇلار بۇنداق قىلمىسۇن، ئۇلار ھەددىنى بىلسۇن! چۈنكى، ئۇلار ئۇزاققا قالماي قىيامەتنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ؟ ئاندىن قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ھەقلىقىنى تېخىمۇ ئوبدان بىلىپ يېتىدۇ.

ئى ئىنسانلار! شۇنى ئېتىراپ قىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا زېمىننى سىلەر ئۈچۈن ياشاشقا قولايلىق قىلىپ، كەڭرى يېيىپ بەردى، زېمىننى تەۋرەپ

[1] «تفسير الطبري» 24- توم، 146- بەت.
[2] جاسىيە سۈرىسى:24-ئايەت.
[3] «التفسير الواضح» 3- توم، 811- ئايەت.

كەتمىسۇن دەپ، ئۇنىڭدا تەۋرەنمەس تاغلارنى قوزۇقتەك تۇرغۇزۇپ بەردى، يەر يۈزىدە ئىنسان نەسلى داۋام قىلسۇن دەپ، سىلەرنى ئەر-ئايال قىلىپ ياراتتى، ئاللاھ تائالا يەنە سىلەرنىڭ ئۇيقۇڭلارنى سىلەر ئۇچۇن راھەت قىلىپ بەردى. سىلەر بۇ ئۇيقۇ سايىسىدا تىرىكچىلىكنىڭ تۈگىمەس مەشغۇلاتلىرىدىن ۋاقىتلىق بولسىمۇ قۇتۇلۇپ ئارام ئالىسىلەر. بۇنىڭ سايىسىدا مېڭەڭلەرنى ئوبدان دەم ئالدۇرىسىلەر ۋە راھەتلەندۈرىسىلەر.

مەلۇمكى، ئۇيقۇ ئىككى ئۆلۈمنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئىككى ئۆلۈمنىڭ بىرى، جاننىڭ بەدەندىن پۈتۈنلەي چىقىپ كېتىشى، يەنە بىرى، ئادەتتىكى ئۇيقۇدۇر. ئۇيقۇ ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەر ئىچىدە ئەڭ كاتتا نېمەتتۇر. چۈنكى، بىر قانچە سائەت ئۇخلاش ئادەمنى راھەتلەندۈرىدۇ، بەدەننىڭ كۈچىنى ۋە پائالىيەتچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە كېچىنى خۇددى كىيىم بەدەننى يۆگەپ تۇرغاندەك ئۆزىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن ھەممىنى يۆگەپ تۇرىدىغان قىلدى. چۈنكى، كىيىم ئادەمنىڭ ئەۋرەت جايلىرىنى ئېچىلىپ قېلىشتىن يۆگەپ تۇرغاندەك ۋە ئۇنى يازدا ئىسسىقتىن، قىشتا سوغۇقتىن قوغداپ تۇرغاندەك، كېچىمۇ ئادەملەرنى بىر-بىرىدىن يۆگەپ تۇرىدۇ. خۇددى كىيىمنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن كۆپلىگەن پايدىلىرى بولغىنىدەك، كېچىنىڭمۇ ئىنسانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە كۆپ پايدىلىرى بار. ئىنسانلار ئۈچۈن كۈندۈز قانچىلىك زۆرۈر بولسا، كېچىمۇ شۇنداق زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالا يەنە كۈندۈزنى تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئىشلەش ۋاقتى قىلىپ بەردى. ئىنسانلار كۈندۈزى رىزىق يولىدا ئىشلەيدۇ ۋە كۆپلىگەن ياخشى ئىشلارنى كۈندۈزدە قىلىدۇ. يەنى كۈندۈزدە ھايات ۋە ئىشلەش، كېچىدە ئۇيقۇ ۋە جىمجىتلىق بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئىنسان ھەر ئىككىسىگە موھتاج. ئاللاھ تائالا يەنە ئۈستىمىزدە يەتتە قات ئاسماننى ياراتقان بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن شۇنداق مۇستەھكەم تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە ئاسماندا خۇددى چىراقتەك يېنىپ تۇرىدىغان، ئەتراپقا نۇر چېچىپ تۇرىدىغان قۇياشنى ياراتتى. قۇياش كائىناتتىكىلەرگە يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن ياغدۇرۇپ بەرگەن يامغۇر بىلەن ياپيېشىل باغلار، دەل-دەرەخلەر بارلىققا كېلىدۇ، ھەر خىل زىرائەتلەر ۋە تۈرلۈك مېۋىلەر چىقىدۇ.

بۇلارنى يوقتىن بار قىلغان زات ئۆلۈكلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ يەنى ئاللاھ تائالا كائىناتتىكى بۇنچىلىك كۆپ مەۋجۇداتنى يوقتىن بار قىلغان تۇرسا، ئەمدى ئۇ ئۆزى يارىتىپ، ئاندىن جېنىنى

ئېلىپ تۇپراقتا ئايلاندۇرغان شۇ مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە قادىردۇر.

﴿(خالايىق ئارىسىدا) ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان (قىيامەت) كۈنى ھەقىقەتەن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتۇر﴾ يەنى بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان قىيامەت كۈنى ئىلگىرىكىلەر بىلەن كېيىنكىلەرنى توپلاش ئۈچۈن ئالدىن بەلگىلەنگەن مۇئەييەن ۋاقىتتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ كۈندە ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ھېچكىمگە قىلچىلىمۇ زۇلۇم قىلىنمايدۇ. بۇ كۈن يەنە ئايرىش كۈنى بولۇپ، ئۇ كۈندە ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلىدۇ، ياخشىلار بىلەن يامانلارنىڭ ئارىسى ئايرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازاغا ئېرىشىدىك بولىدۇ.

## ◄ كاپىرلارنىڭ قىيامەتتىكى ئەھۋالى

ئەمدى قىيامەت قايىم بولغان كۈندە كاپىرلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟ مەلۇمكى، قىيامەت كۈنى خالايىق ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان، ھەق بىلەن ناھەق، ياخشى بىلەن يامان ئايرىلىدىغان، ئادالەت تولۇق مەنىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدىغان كۈندۇر. ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم سۈر چالغان چاغدا، ئىنسانلار تىرىلىپ، قەبرىلىرىدىن چىقىپ، ھېساب مەيدانىغا توپ-توپ بولۇپ كېلىدۇ، ھېساب مەيدانىغا ھەربىر ئۈممەت ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بىللە ھازىر بولىدۇ، ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ھەر تەرەپتىن ئېچىلىپ كېتىدۇ، تاغلار ئۆز ئورۇنلىرىدىن قوزغىتىلىپ، ھاۋادا توزاندەك ھەر تەرەپكە ئۇچۇشقا باشلايدۇ ۋە سەراپتەك بولۇپ قالىدۇ، يەنى يىراقتىن قارىسا مۇستەھكەم تاغلاردەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما يېنىغا بارسا تاغ ئەمەس، ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن توزان بولۇپ قالىدۇ.

﴿شەكسىزكى، (ئۇ كۈندە) جەھەننەم (ئۆزىگە كىرىدىغانلارنى) كۈتۈپ تۇرىدۇ﴾ يەنى جەھەننەم بۇ كۈندە كاپىرلارنى كۈتۈۋالىدىغان جاي بولۇش سۈپىتى بىلەن كاپىرلارنىڭ تېزرەك كەلتۈرۈلۈشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن ھالدا ئىنتىزار بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى، جەھەننەم كاپىرلارنى ۋە ھەددىدىن ئاشقان ھەرقانداق زالىمنى جازالاش ئۈچۈن تەييارلانغان جازا ئورنى بولۇپ، كاپىرلار جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ ۋە ئۇ جايدا مەڭگۈلۈك قالىدۇ. جەھەننەم ئەھلى جەھەننەمنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ھارارىتى سەۋەبلىك مۇزدەك سوغا شۈنچىلىك زور ئېھتىياجلىق بولغان تۇرۇقلۇق ئۇلارغا قايناق سۇ

بىلەن قان-يىرىڭ ئارىلاشمىسىدىن باشقىسى بېرىلمەيدۇ، ئۇلار بىرەر سالقىنلىقنى ياكى ئۇسسۇلۇقتىن بىرەر ئىچىملىككە قەتئىي ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ ھەرگىز ئۇلارغا ئۇۋال قىلىنغانلىق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان، ئادالەتلىك جازادۇر.

ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى نېمە ئىدى؟ ئۇلارنىڭ گۇناھى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش ۋە قىلمىشلىرىدىن ھېساب بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنمەسلىك ئىدى. چۈنكى، ئۇلار دۇنيادىكى ۋاقىتلىرىدا، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە، چەكسىز قۇدرىتىگە، گۈزەل سەنئەتلىرىگە دالالەت قىلىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىگە، كائىنات ئالامەتلىرىگە ئىشەنمەيتتى، قىلمىشلىرىدىن ھېساب ئېلىنىشىنى ئېھتىمالدىن يىراق سانايتتى. شۇڭا قىيامەتتىن قورقمايتتى. بىز ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى ئېنىق ۋە تەپسىلىي خاتىرىلەپ قويغانمىز. ئۇلارغا دەيمىزكى، ئەمدى ئازابنى قانغۇچە تېتىڭلار، زادى بۇگۈن سىلەرگە ئازابتىن باشقىسى ئاشۇرۇلمايدۇ، دوزاختا كۆيۈشتىن باشقىسى كۆپەيتىلمەيدۇ.

## ◄ مۇئمىنلەرنىڭ قىيامەتتىكى ئەھۋالى

دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قورقۇپ، ئۆزىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەسئۇلىيەتلىرىنى تونۇپ تولۇق ئورۇندىغان ۋە تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرگەن كىشىلەر قىيامەت كۈنىدە تامامەن مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار زور مۇۋەپپەقىيەتكە ۋە مەڭگۈلۈك نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ، شۇنداقلا تۈگىمەس بەخت-سائادەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە كۆڭۈلنى راھەتلەندۈرىدىغان، نازۇنېمەتلىك، چىرايلىق باغلاردىن، ھەر خىل مېۋىلەردىن، شېرىن ئۈزۈملەردىن، كۆكسى ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن، ياشتا تەڭتۇش ھۆرلەردىن، جەننەتنىڭ شېرىن شارابلىرى تولدۇرۇلغان جاملاردىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇلار بۇ نېمەتلەر بىلەن خالىغانچە ھوزۇرلىنىدۇ.

يۇقىرىقى نېمەتلەر بۇ دۇنيادا ھەركىم ئارزۇ قىلىدىغان ۋە بەھرىمەن بولغۇسى كېلىدىغان نېمەتلەر بولۇپ، ئاخىرەتتە مۇئمىنلەرگە خاس قىلىنىدۇ. بۇ نېمەتلەرنىڭ دۇنيا نېمەتلىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقى ئېنىق. جەننەتنىڭ بۇ نېمەتلىرى پەقەت كىشىلەرنىڭ زېھنىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىگە ئوخشىتىپ بايان قىلىنغان. ئەمەلىيەتتە ئاخىرەتتىكى نېمەتلەرنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنى

بايان قىلىپ: «فِيهَا مَا لَا عَيْنٌ رَأَتْ ، وَلَا أُذُنٌ سَمِعَتْ ، وَلَا خَطَرَ عَلَى قَلْبِ بَشَرٍ» يەنى «جەننەتتە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان نېمەتلەر بار»[1] دېگەن.

جەننەت ئەھلى جەننەتنىڭ لەززەتلىك شارابلىرىدىن ھوزۇرلىنىدۇ، ئۇلار جەننەتتە يالغان گەپ ياكى بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالمايدۇ، چۈنكى، جەننەتتە مۇنداق گەپ ـ سۆزلەر يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمەت ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ جەننەت ئەھلىگە بەرگەن مۇكاپاتى ۋە يېتەرلىك ئىنئامىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا جەننەت ئەھلىنى ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ياخشى ئەمەللىرى يۈزىسىدىن شۇنداق مۇكاپاتلايدۇ ۋە ئىززەتلەيدۇ.

ئەمدى بۇ يەردە قىيامەتنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ قىيامەت كۈنىدە قورقۇنچتىن گەپ قىلالمايدىغانلىقىدۇر. چۈنكى، ئۇ چاغدا ئاللاھ تائالا گەپ قىلىشقا ۋە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت بەرگەن كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم گەپ قىلالمايدۇ. ﴿يَوْمَ يَأْتِ لَا تَكَلَّمُ نَفْسٌ إِلَّا بِإِذْنِهِۦۚ﴾ يەنى ﴿ئۇ كۈن كەلگەندە، ئاللاھنىڭ ئىجازىتىسىز ھېچكىم سۆز قىلالمايدۇ﴾[2].

مۇپەسسىرلەر ﴿لَّا يَتَكَلَّمُونَ إِلَّا مَنْ أَذِنَ لَهُ ٱلرَّحْمَـٰنُ وَقَالَ صَوَابًا﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، مۇجاھىد ۋە زەھھاك ئايەتكە «رەھمان ئاللاھ شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت بەرگەن ۋە ھەق گەپنى قىلىدىغان كىشىلەرلا شاپائەت قىلالايدۇ» دەپ مەنە ئېيتقان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ««ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر» دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى ئېيتقان ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان ئادەملا شاپائەت قىلىدۇ» دەپ مەنە ئېيتقان[3]. مۇجاھىد ئايەتنىڭ ﴿وَقَالَ صَوَابًا﴾ دېگەن قىسمىغا «دۇنيادىكى ۋاقتىدا ھەق گەپنى قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان ئادەملا گەپ قىلالايدۇ»[4] دەپ مەنە ئېيتقان.

خۇلاسە شۇكى، مۇپەسسىرلەر ﴿لَّا يَتَكَلَّمُونَ إِلَّا مَنْ أَذِنَ لَهُ ٱلرَّحْمَـٰنُ وَقَالَ صَوَابًا﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿وَقَالَ صَوَابًا﴾ دېگەن سۆز ھەققىدە ئىختىلاپ-لاشقان بولۇپ، بەزىسى «دۇنيادىكى ۋاقتىدا ھەق گەپ قىلغان ئادەم

---

[1] «صحيح مسلم» 4ـتوم، 2175ـبەت، 2825ـھەدىس.
[2] ھۇد سۈرىسى: 105ـئايەت.
[3] «تفسير القرطبي» 19ـ توم، 162ـ بەت.
[4] «تفسير الطبري» 24ـ توم، 178ـ بەت

ئاخىرەتتە شاپائەت ھەققىدە گەپ قىلالايدۇ» دەپ مەنە ئېيتقان، يەنە بەزىسى «شاپائەت قىلغاندا ھەق گەپ قىلىدۇ» دەپ مەنە ئېيتقان. ئالدىنقى مەنىگە ئاساسەن، يۇقىرىقى ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق بولىدۇ: ئاللاھ تائالا شاپائەت ھەققىدە گەپ قىلىشقا رۇخسەت بەرگەن ۋە ھاياتىدا ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان، ھەمىشە توغرا ۋە راست سۆزلىگەن كىشىدىن باشقا ھېچكىم گەپ قىلالمايدۇ. يەنى پۈتۈن پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا سەپ تۈزۈپ تىك تۇرغان شۇ دەھشەتلىك قىيامەت كۈنىدە، شاپائەت قىلىنىشقا ھەقلىق بولغانلارغا شاپائەت قىلىش ئۈچۈن گەپ قىلىش ھەققى ھاياتىدا راستچىللىق بىلەن ئۆتكەن، ھەمىشە راست سۆزلىگەن، ئاللاھ تائالا شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلغان كىشىلەرگىلا بېرىلىدۇ. ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم ئاللاھ تائالانىڭ ھۇززۇرىدا گەپ قىلالمايدۇ، ھېچكىمگە شاپائەتمۇ قىلالمايدۇ.

كېيىنكى مەنىگە ئاساسەن، ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق بولىدۇ: قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا شاپائەت قىلىش رۇخسىتىگە ئېرىشكەن ئادەملا شاپائەت ھەققىدە گەپ قىلالايدۇ، ئۇ شاپائەت قىلغاندا ھەق گەپنى قىلىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. قىيامەت كۈنى ھېساب مەيدانىدا ئاللاھ تائالاغا بىرىنچى بولۇپ گەپ قىلىدىغان زات مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكى ھەققىدە سەھىھ ھەدىس كەلگەن. ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان ئۇزۇن بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن «... ئاندىن مەن قىيامەت كۈنى ئەرشنىڭ ئاستىغا بېرىپ، ئاللاھقا سەجدە قىلىمەن، ئاندىن ئاللاھ ماڭا ئىلھام قىلىپ، ئىلگىرى ھېچقانداق بەندىگە بىلدۈرمىگەن مەدھىيەلەرنى ۋە ئەڭ ياخشى ھەمدۇسانانى ئۆگىتىدۇ. ئاندىن ‹ئى مۇھەممەد! بېشىڭنى كۆتۈر، نېمىنى تىلىسەڭ شۇنى بېرىمەن، شاپائەت قىلغىن، سېنىڭ شاپائىتىڭنى قوبۇل قىلىمەن› دەيدۇ، مەن ‹ئى رەببىم! ئۇممىتىم، ئۇممىتىم، ئى رەببىم! ئۇممىتىم، ئۇممىتىم› دەيمەن. ئاندىن ئاللاھ ماڭا ‹ئۇممىتىڭ ئىچىدىن ھېساب ئېلىنمايدىغان جەننەتكە كىرىدىغانلارنى جەننەتنىڭ ئوڭ ئىشىكلىرىدىن كىرگۈزگىن› دەيدۇ ...»[1].

مۇشرىكلارنىڭ «قىيامەت كۈنى بىزگە شاپائەت قىلىدۇ» دەپ چوقۇنغان بۇتلىرى قېنى؟ بىدئەتچىلەر «بىزگە شاپائەت قىلىدۇ» دەپ ئىشەنگەن ئاتالمىش ئەۋلىيالار قېنى؟ دېمەك، بۇ كۈندە جىبرىلدىن باشلاپ بارلىق

[1] «مسند الإمام أحمد» 15- توم، 384- بەت، 9623- ھەدىس.

پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالادىن پەرمان كۈتۈپ سەپ-سەپ بولۇپ تۇرۇپ كېتىدۇ، ئىنسانلار گەپ قىلالماي جىمجىت تۇرۇپ كېتىدۇ، ئاندىن ئاللاھ تائالا گەپ قىلىشقا ۋە شاپائەت قىلىشقا ئىجازەت بەرگەن كىشىلەرلا شاپائەت ھەققىدە گەپ قىلىدۇ ۋە شاپائەتكە لايىق بولغان كىشىلەرگە شاپائەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىجازەت بەرگەن كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم شاپائەت قىلالمايدۇ.

ئاشۇ قىيامەت كۈنى ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقىدىغان، ئادالەت تولۇق ئىپادىسىنى تاپىدىغان ھەق كۈندۇر. بۇ كۈننىڭ بولۇشىدا قىلچە شەك يوق. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، خالىغان ئادەم ئۆزىنى رەببىگە ئېلىپ بارىدىغان توغرا يولنى تۇتسۇن، ئۆزىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلسۇن!

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن، قىيامەتنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمەيدىغان ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇشقا قايتىپ، ئۇلارغا دەيدۇكى: بىز سىلەرنى يېقىندا بېشىڭلارغا كېلىدىغان قىيامەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇردۇق، ئۇ ۋاقىتتا ھەركىم ئۆزىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىگە قارايدۇ ۋە ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەمەلىنى كۆرىدۇ. كاپىر ئادەم ئۇ كۈندە، كاشكى تۇپراق بولۇپ كەتسەمچۇ، كاشكى يارىتىلمىغان بولسامچۇ، دەپ قاتتىق ھەسرەت چېكىدۇ، ئۇ بىرەر قاتتىق جىسىمغا ئايلىنىپ كېتىشنى ياكى تۇپراق بولۇپ كېتىشنى قاتتىق ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما بۇ مۇمكىن ئەمەس.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى جاھان ئەھلى ئۈچۈن تولىمۇ چوڭ ۋە قورقۇنچلۇق بىر ۋەقەلىكتۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئىنئاملىرىنى ساناپ تۈگەتىش مۇمكىن ئەمەس.

3. زۇلۇم ۋە يولسىزلىقنىڭ جازاسى ھەم بۇ دۇنيادا ھەم ئاخىرەتتە بېرىلىدۇ.

4. بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى بىر-بىرلەپ خاتىرىلەپ تۇرۇش ۋە ھەممىنى ساناپ تۇرۇش ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ھەرگىز قىيىن ئەمەس.

5. ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى مەڭگۈلۈك بولغانىدەك، ئۇنىڭ ئازابىمۇ

مەڭگۈلۈك بولۇپ، تۈگەنچىسى يوقتۇر.

**6.** تەقۋادارلارنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتى ئالاھىدە كاتتا بولىدۇ. كىشىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى تەقۋالىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «كىشىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى قايسى؟» دەپ سورالغاندا، «تَقْوَى اللهِ وَحُسْنُ الخُلُقِ» يەنى: «ئاللاھتىن قورقۇش ۋە گۈزەل ئەخلاقتۇر»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن.

**7.** جەننەتنى ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى تولۇق تەسۋىرلەپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

**8.** كۆپلىگەن يامانلىقنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم يالغانچىلىق بولىدۇ. چۈنكى، يالغانچىلىق يامانلىقلارنىڭ باش رولچىسىدۇر.

ياخشى ئەمەل جەننەتكە، يامان ئەمەل دوزاخقا باشلايدۇ.

---

[1] «سنن الترمذي» 3-توم، 431-بەت، 2004 - ھەدىس.

# نازىئات سۈرىسى

نازىئات سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 46 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىسپاتلاش يولىدا پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىپ، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ئىبرەتلىك قىسسىلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق مۇشرىكلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش، شۇنداقلا ئىنسانلارنى يارىتىشتىن ئىبارەت ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ نامايەندىلىرىنى بايان قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، ئىنسانلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئۆلۈم، تىرىلىش، ھېساب مەيدانىغا توپلىنىش، جەننەت ياكى دوزاختا قاراپ يول ئېلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئاخىرەت ھەقىقەتلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلارنىڭ دىللىرىنى ساراسىمىگە سېلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرە ئاخىرەتتىكى تىرىلىشكە مۇناسىۋەتلىك بەزى ھەقىقەتلەرنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشقان.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتىكى ﴿ٱلنَّٰزِعَٰتِ﴾ «قاتتىق تارتىپ ئالغۇچى» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿وَٱلنَّٰزِعَٰتِ غَرۡقٗا ١ وَٱلنَّٰشِطَٰتِ نَشۡطٗا ٢ وَٱلسَّٰبِحَٰتِ سَبۡحٗا
٣ فَٱلسَّٰبِقَٰتِ سَبۡقٗا ٤ فَٱلۡمُدَبِّرَٰتِ أَمۡرٗا ٥ يَوۡمَ تَرۡجُفُ ٱلرَّاجِفَةُ
٦ تَتۡبَعُهَا ٱلرَّادِفَةُ ٧ قُلُوبٞ يَوۡمَئِذٖ وَاجِفَةٌ ٨ أَبۡصَٰرُهَا خَٰشِعَةٞ
٩ يَقُولُونَ أَءِنَّا لَمَرۡدُودُونَ فِي ٱلۡحَافِرَةِ ١٠ أَءِذَا كُنَّا عِظَٰمٗا نَّخِرَةٗ

﴿١١﴾ قَالُواْ تِلْكَ إِذًا كَرَّةٌ خَاسِرَةٌ ﴿١٢﴾ فَإِنَّمَا هِيَ زَجْرَةٌ وَٰحِدَةٌ ﴿١٣﴾ فَإِذَا
هُم بِٱلسَّاهِرَةِ ﴿١٤﴾ هَلْ أَتَىٰكَ حَدِيثُ مُوسَىٰٓ ﴿١٥﴾ إِذْ نَادَىٰهُ رَبُّهُۥ
بِٱلْوَادِ ٱلْمُقَدَّسِ طُوًى ﴿١٦﴾ ٱذْهَبْ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ إِنَّهُۥ طَغَىٰ ﴿١٧﴾ فَقُلْ
هَل لَّكَ إِلَىٰٓ أَن تَزَكَّىٰ ﴿١٨﴾ وَأَهْدِيَكَ إِلَىٰ رَبِّكَ فَتَخْشَىٰ ﴿١٩﴾ فَأَرَىٰهُ
ٱلْـَٔايَةَ ٱلْكُبْرَىٰ ﴿٢٠﴾ فَكَذَّبَ وَعَصَىٰ ﴿٢١﴾ ثُمَّ أَدْبَرَ يَسْعَىٰ ﴿٢٢﴾ فَحَشَرَ
فَنَادَىٰ ﴿٢٣﴾ فَقَالَ أَنَا۠ رَبُّكُمُ ٱلْأَعْلَىٰ ﴿٢٤﴾ فَأَخَذَهُ ٱللَّهُ نَكَالَ ٱلْـَٔاخِرَةِ
وَٱلْأُولَىٰٓ ﴿٢٥﴾ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَعِبْرَةً لِّمَن يَخْشَىٰٓ ﴿٢٦﴾ ءَأَنتُمْ أَشَدُّ خَلْقًا
أَمِ ٱلسَّمَآءُ ۚ بَنَىٰهَا ﴿٢٧﴾ رَفَعَ سَمْكَهَا فَسَوَّىٰهَا ﴿٢٨﴾ وَأَغْطَشَ لَيْلَهَا
وَأَخْرَجَ ضُحَىٰهَا ﴿٢٩﴾ وَٱلْأَرْضَ بَعْدَ ذَٰلِكَ دَحَىٰهَآ ﴿٣٠﴾ أَخْرَجَ مِنْهَا
مَآءَهَا وَمَرْعَىٰهَا ﴿٣١﴾ وَٱلْجِبَالَ أَرْسَىٰهَا ﴿٣٢﴾ مَتَٰعًا لَّكُمْ وَلِأَنْعَٰمِكُمْ
﴿٣٣﴾ فَإِذَا جَآءَتِ ٱلطَّآمَّةُ ٱلْكُبْرَىٰ ﴿٣٤﴾ يَوْمَ يَتَذَكَّرُ ٱلْإِنسَٰنُ مَا سَعَىٰ
﴿٣٥﴾ وَبُرِّزَتِ ٱلْجَحِيمُ لِمَن يَرَىٰ ﴿٣٦﴾ فَأَمَّا مَن طَغَىٰ ﴿٣٧﴾ وَءَاثَرَ ٱلْحَيَوٰةَ
ٱلدُّنْيَا ﴿٣٨﴾ فَإِنَّ ٱلْجَحِيمَ هِيَ ٱلْمَأْوَىٰ ﴿٣٩﴾ وَأَمَّا مَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِۦ
وَنَهَى ٱلنَّفْسَ عَنِ ٱلْهَوَىٰ ﴿٤٠﴾ فَإِنَّ ٱلْجَنَّةَ هِيَ ٱلْمَأْوَىٰ ﴿٤١﴾ يَسْـَٔلُونَكَ
عَنِ ٱلسَّاعَةِ أَيَّانَ مُرْسَىٰهَا ﴿٤٢﴾ فِيمَ أَنتَ مِن ذِكْرَىٰهَآ ﴿٤٣﴾ إِلَىٰ رَبِّكَ
مُنتَهَىٰهَآ ﴿٤٤﴾ إِنَّمَآ أَنتَ مُنذِرُ مَن يَخْشَىٰهَا ﴿٤٥﴾ كَأَنَّهُمْ يَوْمَ يَرَوْنَهَا
لَمْ يَلْبَثُوٓاْ إِلَّا عَشِيَّةً أَوْ ضُحَىٰهَا ﴿٤٦﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ(كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى) قاتتىق تارتىپ ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەن،

2ـ(مۆمىنلەرنىڭ جانلىرىنى) سىلىق ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەن،

3ـ(ئاللاھنىڭ ئەمرىنى) تېز ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەن،

4ـ(ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن) تېز ئىلگىرىلىگۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەن،

5ـ(ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى) ئىجرا قىلغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

6ـ7ـ (سۇر بىرىنچى قېتىم چېلىنىشى بىلەن) بارلىق شەيئىلەر تەۋرەپ (ھالاك بولۇپ) كېتىدىغان، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنىدىغان قىيامەت كۈنىدە (سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر).

8ـبۇ كۈنىدە (كاپىرلارنىڭ) دىللىرى قورقۇنچتىن تىترەپ كېتىدۇ.

9ـ(قورققۇچىلارنىڭ) كۆزلىرىدە خارلىق ئەكس ئېتىدۇ.

10ـئۇلار: «بىز (ئۆلگەندىن كېيىن) راستىنلا ئاۋۋالقى ھالىمىزغا قايتۇ-رۇلامدۇق؟

11ـيەنى بىز چىرىگەن سۆڭەك بولۇپ كەتسەكمۇ شۇنداق بولامدۇ؟» دېيى-شىۋاتىدۇ.

12ـئۇلار يەنە: «ئۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ زىيانلىق قايتىش ئىكەنغۇ!» دېدى.

13ـئۇ (تىرىلىش) بىر ئاۋاز بىلەنلا ئىشقا ئاشىدۇ،

14ـشۇنىڭ بىلەن ھەممە خالايىق يەر يۈزىگە چىقىپ قالىدۇ.

15ـ(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا مۇسانىڭ خەۋىرى كەلدىمۇ؟

16ـئۇز ۋاقتىدا رەببى ئۇنىڭغا تۇۋا[1] دېگەن مۇقەددەس ۋادىدا (مۇنداق دەپ) نىدا قىلغان ئىدى:

17ـ«سەن پىرئەۋننىڭ قېشىغا بارغىن. ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.

18ـئۇنىڭغا: ›سەن (كۇفرىدىن ۋە زۇلۇمدىن) پاك بولۇشنى خالامسەن؟

19ـسېنى رەببىڭنىڭ يولىغا يېتەكلىشىمنى خالامسەن؟ (ئەگەر شۇنداق

[1] تۇۋا- جاي ئىسمى. تاھا سۈرىسىنىڭ 12-ئايىتىگە بەت ئاستىدا بېرىلگەن ئىزاھاتقا قارالسۇن.

قىلساڭ، رەببىڭدىن) قورققىدىغان بولىسەن›› دېگىن.

20ـ مۇسا پىرئەۋنگە چوڭ مۆجىزىنى كۆرسەتتى.

21ـ پىرئەۋن مۇسانى ئىنكار قىلدى ۋە (ئاللاھقا) ئاسىيلىق قىلدى.

22ـ ئاندىن ئۇ (مۇسانىڭ دەۋىتىدىن) يۈز ئۆرۈپ، (ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا) كىرىشىپ كەتتى.

23ـ24ـ ئۇ دەرھال (ئۆز جامائەسىنى) توپلاپ، ئۇلارغا نىدا قىلىپ: ‹‹مەن سىلەرنىڭ ئەڭ ئالىي رەببىڭلار بولىمەن›› دېدى.

25ـ ئاللاھ ئۇنى كېيىنكى ۋە ئىلگىرىكى (كۇفرى سۆزىنىڭ[1]) گۇناھى ئۈچۈن قاتتىق جازالىدى.

26ـ شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئاللاھتىن قورققىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.

27ـ سىلەرنى يارىتىش قىيىنمۇ ياكى ئاسماننى يارىتىشمۇ؟ ئاللاھ ئاسماننى ياراتتى،

28ـ ئۇنىڭ ئېگىزلىكىنى يۈكسەك ۋە كەم ـ كوتىسىز قىلدى،،

29ـ ئۇنىڭ كېچىسىنى قاپقاراڭغۇ، كۈندۈزىنى يوپيورۇق قىلدى.

30ـ شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننى (ياشاشقا لايىق قىلىپ) يايدى.

31ـ33ـ سىلەرنىڭ ۋە چارۋىلىرىڭلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، ئاللاھ زېمىندىن بۇلاقلارنى ئاقتۇردى، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردى، تاغلارنى مۇستەھكەم قىلىپ ئورناتتى.

34ـ35ـ ئەڭ چوڭ پالاكەت (قىيامەت) كەلگەن كۈندە، ئىنسان قىلغان (ياخشى-يامان) ئىشلىرىنى ئەسلەيدۇ.

36ـ كۆرىدىغان ئادەمگە جەھەننەم ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ.

37ـ كىمكى (كۇفرىدا، گۇناھتا) چېكىدىن ئاشىدىكەن،

38ـ دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق كۆرىدىكەن،

39ـ ئۇنىڭ جايى ھەقىقەتەن جەھەننەم بولىدۇ.

40ـ41ـ رەببىنىڭ ماقامىدىن (يەنى رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپ سوراققا تار-

[1] پىرئەۋن ئىككى قېتىم ئۆزىنى مىسىر خەلقىنىڭ ئىلاھى دەپ ئېلان قىلغان ئىدى.

تىلىشتىن) قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ.

42ـ ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ.

43ـ سەن ئۇنى قانداقمۇ دەپ بېرەلەيسەن؟

44ـ ئۇنىڭ ۋاقتىنى بىلىش رەببىڭگە خاستۇر.

45ـ سەن پەقەتلا قىيامەتتىن قورقىدىغان كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن.

46ـ ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە، ئۆزىنى (دۇنيادا) پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەكلا ھېس قىلىدۇ.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، ئىنسانلارنىڭ جېنىنى ئالىدىغان پەرىشتىلەر بىلەن، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداش يولىدا ئاسمان ۋە زېمىن ئارىسىدا تېز ئىلگىرىلىگۈچى پەرىشتىلەر بىلەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشتە بىر-بىرى بىلەن بەسلەشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى تەكىتلىگەن.

جان ئالغۇچى پەرىشتىلەر كاپىرلارنىڭ جېنىنى قاتتىق يۇلۇپ ۋە ئۇلارنى قاتتىق قىيناپ ئالىدۇ، ئەمما مۇئمىنلەرنىڭ جېنىنى بولسا ناھايىتى سىلىقلىق بىلەن ئاسان ئالىدۇ ۋە ئۇلارنى ھېچ قىينىمايدۇ. باشقا ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەن پەرىشتىلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىخلاس بىلەن ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئورۇنداش ئۈچۈن ئاسمان ۋە زېمىن ئوتتۇرىسىدا قاتناپ يۈرىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىگە بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلىرىنى بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىپ ئورۇندايدۇ.

قەتادە ﴿وَٱلنَّٰزِعَٰتِ غَرۡقٗا ١ وَٱلنَّٰشِطَٰتِ نَشۡطٗا ٢ وَٱلسَّٰبِحَٰتِ سَبۡحٗا ٣ فَٱلسَّٰبِقَٰتِ سَبۡقٗا ٤ فَٱلۡمُدَبِّرَٰتِ أَمۡرٗا﴾ دېگەن ئايەتلەردىكى ﴿ٱلنَّٰزِعَٰتِ﴾، ﴿ٱلنَّٰشِطَٰتِ﴾، ﴿ٱلسَّٰبِحَٰتِ﴾، ﴿ٱلسَّٰبِقَٰتِ﴾، ﴿ٱلۡمُدَبِّرَٰتِ﴾ دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى «يۇلتۇزلار» دەپ تەپسىر قىلغان[1]. بۇ تەپسىرگە ئاساسەن، ئاللاھ تائالا ئاخىرەت ھاياتىنىڭ راستلىقىنى تەكىتلەشتە يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم قىلغان بولۇپ، بۇ يۇلتۇزلار مەلۇم نىزام ۋە سىستېما بويىچە

[1] «تفسير ابن كثير» 8ـ توم، 312ـ بەت.

ھەرىكەت قىلىدۇ، بۇ يۇلتۇزلارنىڭ ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىپ تۇرۇشى ۋە ھەرىكەتلىرى بىر خىل بولمايدۇ. ئەمما بۇ يۇلتۇزلارنىڭ ھېچبىرى ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن نىزامنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ. مۇشۇنداق چوڭ مەۋجۇداتنى يارىتىپ، ئاندىن ئۇلارنى ئىنتىزاملىق ھالدا ئايلاندۇرۇپ تۇرۇۋاتقان زات ئىنساندەك بىر كىچىك مەخلۇقاتنى ئۆلگىنىدىن كېيىن تىرىلدۇرۇشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە قادىردۇر.

ئاندىن ئاللاھ تائالا قىيامەتنىڭ قانداق باشلىنىدىغانلىقىنى ۋە قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. شىددەتلىك بىر تەۋرەش بىلەن باشلانغان بۇ قىيامەتنىڭ كاپىرلارنىڭ دىللىرىنى قورقۇنۇچتىن تىترىتىدىغان، كۆزلىرىنى خارلىقتىن يەرگە قارىتىدىغان ۋە ئۇلارنى تىكىلىپ قاراشقىمۇ پېتىنالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق بۇ كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ كاپىرلار قىيامەتكە ئىشەنمە-سگەنلىكتىن، قىيامەت ھەققىدە ئېيتىلغان ۋەز-نەسىھەتلەرنى مەسخىرە قىلىدۇ ۋە «بىز ئۆلۈپ، سۆڭەكلىرىمىز چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن قانداق تىرىلدۈرۈلىمىز؟ بىز يەنە بۇرۇنقىدەك ھاياتقا قايتامدۇق؟ بۇ راستتىنلا ئەجەبلىنەرلىك بىر سۆزدۇر» دەيدۇ. ئۇلار يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ: «ئەگەر ئىش مۇھەممەد دېگەندەك بولىدىغان بولسا، بىز ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ قىلمىشلىرىمىزدىن ھېساب بېرىدىغان بولساق ۋە بىز تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن يەنە ھاياتقا قايتىدىغان بولساق، بۇ راستتىنلا زىيانلىق بىر قايتىش ئىكەنغۇ!» دەيتتى. توغرا بۇ قايتىش كاپىرلار ئۈچۈن راستتىنلا زىيانلىق قايتىشتۇر. چۈنكى، ئۇلار ئاخىرەتكە ئىشەنمىدى، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن تەييارلىق كۆرمىدى، ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئوزۇقلانمىدى.

ئاللاھ تائالا قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارنىڭ «بىز چىرىگەن سۆڭەككە ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ تىرىلەمدۇق؟» دېگەن سۆزىگە رەددىيە بېرىشتە يوقتىن بار قىلىشقا قادىر بولغان زاتنىڭ يارىتىپ بولغان نەرسىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى دەلىللىگەن، شۇنداقلا ئىنساندىن نەچچە ھەسسە چوڭ مەۋجۇداتنى ياراتقان زاتنىڭ ئىنساننى ئۆلگىنىدىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ﴿لَخَلْقُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ أَكْبَرُ مِنْ خَلْقِ ٱلنَّاسِ﴾ يەنى ﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى ئەلۋەتتە

ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشىدىن چوڭ بىر ئىشتۇر﴾[1].

ئاللاھ تائالا بۇ مەندە دەيدۇكى، سىلەر ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى يىراق سانىماڭلار، چۈنكى، ئۇ بىر ئاۋاز بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان بەكمۇ چوڭ ئىشتۇر. ﴿وَنُفِخَ فِي ٱلصُّورِ فَصَعِقَ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَن فِي ٱلْأَرْضِ إِلَّا مَن شَآءَ ٱللَّهُۖ ثُمَّ نُفِخَ فِيهِ أُخْرَىٰ فَإِذَا هُمْ قِيَامٌ يَنظُرُونَ﴾ يەنى ﴿سۇر سۇر چېلىنغان چاغدا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئاللاھ خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، ئاندىن سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغان ھامان ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقىنى) كۈتۈپ تۇرىدۇ﴾[2] يەنى قىيامەت كۈنىدە ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم سۇر چالغان ھامان بارلىق خالايىق تىرىلىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ.

بۇ يەردە، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش ۋە مۇشرىكلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن بىلەن بولغان قىسسىسىنى بايان قىلغان. ئەمەلىيەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىققان ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىنى توسماقچى بولغان ئەرەب مۇشرىكلىرى ئۆزىنى مىسىرلىقلارنىڭ ئىلاھى دەپ ئاتىۋالغان پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىدىن كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. مەككىلىكلەر ئۆزىنىڭ ھالىغا باقماستىن كۆرەڭلەپ ئۆزلىرىنى قۇدرەتلىك ساناپ كەتكەن ئىدى. ھالبۇكى، ئۇلاردىن ئىلگىرى ھالاك قىلىنغان قەۋملەردىن ئاد، سەمۇد ۋە پىرئەۋن قەۋملىرى قوشۇن سانى ۋە كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتە بۇ ئەرەبلەردىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن ئىدى. ئاللاھ تائالا شۇلارنى ھالاك قىلغان يەردە، بۇ مەككىلىكلەرنى ھالاك قىلىشقا ۋە ئىبرەتلىك ھالدا جازالاشقا قادىر ئەمەسمۇ؟!

﴿(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا مۇسانىڭ خەۋىرى كەلدىمۇ؟﴾. خىتابنى بۇنداق سوئال قويۇش بىلەن باشلاش ئاڭلىغۇچىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ۋە ئۇنى ئاڭلاشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئۇسلۇب بولۇپ، گويا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى تۇنجى قېتىم سۆز-لىنىۋاتقاندەك ھېس-تۇيغۇ بېرىدۇ ۋە ئاڭلىغۇچىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. يەنى ئى پەيغەمبەر! ساڭا ھەقىقەتنىڭ جارچىسى بولغان مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئازغۇنلۇقنىڭ نەمۇنىسى بولغان پىرئەۋن

---

[1] غافىر سۈرىسى:57-ئايەت.

[2] زۇمەر سۈرىسى:68-ئايەت.

ئىككىسىنىڭ قىسسىسى كەلدىمۇ؟ ئەلۋەتتە كەلدى! ئۇنداقتا، ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشىغىن.

ئۆز ۋاقتىدا رەببى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مىسىردىكى تۇرىسىنا تېغىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى تۇۋۋا ۋادىسىدا نىدا قىلغان ۋە ئۇنى پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىپ، پىرئەۋننى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئاساسەن، پىرئەۋننىڭ يېنىغا بارغان ۋە ئۇنىڭغا ئىنتايىن مۇلايىم، سىلىق ۋە ئېسىل ئۇسلۇبتا چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىپ ئۇنى دىنغا دەۋەت قىلغان ئىدى. ئەمما پىرئەۋن ئۇچىغا چىققان زالىم بولغانلىقتىن، ھەقىقەتنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سالمىغان ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقان ئىدى. ھەتتا مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋنگە ئەڭ چوڭ مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، پىرئەۋن يەنىلا ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغان، ئەكسىچە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن بارلىق ھىيلە-مىكىرلىرىنى ئىشقا سالغان، داڭلىق سېھىرگەرلەرنى توپلاپ ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان، ئۆزىنى ئىلاھ دەپ ئېلان قىلىپ: ﴿مەن سىلەرنىڭ ئەڭ ئالىي رەببىڭلار بولىمەن﴾ دېگەن. پىرئەۋن ئۆزىنىڭ مۇتەكەببىرلىكىدىن ۋە ئىلاھلىق دەۋاسى قىلىشتىن يانماي، شۇ زالىملىقى بىلەن غەرق بولۇپ تۈگەشتى. ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى مىسىر زېمىنىدىن پەلەستىن زېمىنىگە ئېلىپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى باشلاپ يولغا چىقىپ قىزىل دېڭىزنىڭ بويىغا كەلگەندە، پىرئەۋن بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قىزىل دېڭىزغا يېتىپ كېلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بويىچە ھاسىسىنى دېڭىزغا ئۇرۇپ قەۋمىگە دېڭىزدىن قۇرۇقلۇق يولى ئېچىپ بېرىدۇ ۋە ھەممەيلەن بۇ قۇرۇقلۇق يولىغا كىرىپ دېڭىزدىن سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇلارنى قوغلاپ كەلگەن پىرئەۋن قوشۇنى دېڭىزغا كىرىشى بىلەنلا دېڭىز سۈيى ئەسلىگە قايتىپ بۇ قۇرۇقلۇق يوق بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى قىزىل دېڭىزدا غەرق بولۇپ تۈگىشىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ۋەقەلىكنى مۇنداق بايان قىلغان: ﴿وَجَٰوَزۡنَا بِبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱلۡبَحۡرَ فَأَتۡبَعَهُمۡ فِرۡعَوۡنُ وَجُنُودُهُۥ بَغۡيٗا وَعَدۡوًاۖ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَدۡرَكَهُ ٱلۡغَرَقُ قَالَ ءَامَنتُ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا ٱلَّذِيٓ ءَامَنَتۡ بِهِۦ بَنُوٓاْ إِسۡرَٰٓءِيلَ وَأَنَا۠ مِنَ ٱلۡمُسۡلِمِينَ﴾ يەنى ﴿بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلىش ئۈچۈن دەرھال ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى.

پىرئەۋن غەرق بولىدىغان چاغدا: «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، مەنمۇ مۇسۇلمان بولدۇم» دېدى﴾[1]. ئاللاھ تائالا پىرئەۋننى ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىۋەتتى. پىرئەۋننىڭ غەرق قىلىنىشى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن چوڭ بىر ئىبرەت ئىدى. ﴿شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئاللاھتىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار﴾ يەنى پىرئەۋننىڭ بۇ قىسسىسىدە ۋە ئۇنىڭغا چۈشكەن ئازابتا ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان ۋە بۇنداق قىسسىلەردىن ۋەز-نەسىھەت ئالىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە چوڭ ئىبرەت بار.

﴿فَأَخَذَهُ ٱللَّهُ نَكَالَ ٱلْأَخِرَةِ وَٱلْأُولَىٰٓ﴾ دېگەن ئايەتكە كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەر ﴿ئاللاھ ئۇنى كېيىنكى ۋە ئىلگىرىكى (كۇفرى سۆزىنىڭ) گۇناھى ئۈچۈن قاتتىق جازالىدى﴾ دەپ مەنە ئېيتقان. چۈنكى، پىرئەۋن ئىككى چوڭ كۇفرى سۆزنى قىلىپ ئۆزىنى ئىلاھ دەپ ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇ ئىككى كۇفرى سۆزنىڭ بىرى، قەسەس سۈرىسىدىكى: ﴿مَا عَلِمْتُ لَكُم مِّنْ إِلَـٰهٍ غَيْرِى﴾ يەنى ﴿مەن ئۆزۈمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن﴾[2] دېگەن سۆزىدۇر، يەنە بىرى بۇ سۈرىدىكى: ﴿مەن سىلەرنىڭ ئەڭ ئالىي رەببىڭلار بولىمەن﴾ دېگەن سۆزىدۇر[3]. پىرئەۋن ھەددىدىن ئاشقان زالىم ۋە ئەشەددىي كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە ئۇنىڭ بۇ گۇناھى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى قاتتىق جازالىشىغا يېتەرلىك سەۋەب بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەممىنى ياراتقۇچى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىپ ئۆزىنى ئىلاھ دېگەنلىكى ئەڭ كەچۈرۈلمەس گۇناھ، ئەڭ چوڭ يولسىزلىق ۋە ھەددىدىن ئاشقان مۇتەكەببىرلىك ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنى ھەر ئىككى كۇفرى سۆزى ئۈچۈن ئىبرەتلىك جازالىغان، ئۇنىڭ جەسىتىنى تا قىيامەتكىچە قەدەر بارلىق زالىملارغا ئىبرەت بولۇشى ئۈچۈن ساقلاپ قويغان. بەزى ئۆلىمالار پىرئەۋننىڭ ئالدىنقى كۇفرى سۆزى بىلەن كېيىنكى كۇفرى سۆزىنىڭ ئارىلىقىدا قىرىق يىل ئۆتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ﴿مەن ئۆزۈمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن﴾ دېگەن كۇفرى سۆزىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ئېيتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

[1] يۇنۇس سۈرىسى: 90-ئايەت.
[2] قەسەس سۈرىسى:38- ئايەت.
[3] «تفسير الطبري» 24- توم، 203- بەت.

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿فَأَخَذَهُ ٱللَّهُ نَكَالَ ٱلْءَاخِرَةِ وَٱلْأُولَىٰٓ﴾ دېگەن ئايەتكە «شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ پىرئەۋننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا دۇچار قىلدى»[1] دەپ مەنە ئېيتقان. چۈنكى، پىرئەۋن بۇ دۇنيادا غەرق قىلىنىش بىلەن جازالانغان بولسا، ئاخىرەتتە دوزاختا تاشلىنىش بىلەن جازالىنىدۇ.

ئى مەككە كاپىرلىرى! ئۆزىنى مىسىر خەلقىنىڭ ئىلاھى دەپ ئېلان قىلغان ۋە مىسىر خەلقىنى، خۇسۇسەن، مىسىردىكى ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇل قىلىپ ئىشلەتكەن زالىم پىرئەۋننى شۇنداق ئىبرەتلىك جازالىغان زات ـ ئاللاھ تائالا سىلەرنى جازالاشقا قادىر ئەمەسمۇ؟

ئى مەككە كاپىرلىرى! ئىبرەت ئېلىڭلار ۋە ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار، سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا قارىتا بېكىتكەن قانۇنىيىتى ۋە تۇتۇپ كەلگەن يولى ئاۋۋال ئۇلارغا مۆھلەت بېرىش ۋە گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈن پۇرسەت بېرىش، ئاندىن يەنە ئىمان ئېيتمىغانلارنى تۇيۇقسىز ھالاك قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ قانۇنىيىتى ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا شۇنىڭدىن كېيىن مەككىلىك مۇشرىكلارغا كايىغان ھالدا دەيدۇكى، ئى كاپىرلار! سىلەرنى يارىتىش قىيىنمۇ ياكى ئاسماننىمۇ؟ يەنى سىلەر بىر تامچە ئەرزىمەس مەنىيدىن يارىتىلغان ئاجىز بىر ئىنسان. ئاسماننى كۆرۈۋاتىسىلەركى، ئاسمان سىلەردىن نەچچە ھەسسە چوڭ ۋە سىلەردىن مۇرەككەپ تۈزۈلمىدە. ئاسماندىن ئىبارەت شۇنداق كاتتا ۋە شۇنداق مۇرەككەپ مەۋجۇدات ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلمامدۇ؟

ئاللاھ تائالا ئاسماننى مۇستەھكەم بىر بىنا قىلىپ ياراتتى، ئۇنىڭ ئېگىزلىكىنى يۈكسەك قىلدى ۋە كەم-كۈتىسىز ھەم مۇكەممەل قىلدى، ئاسمان جىسىملىرىنى ئۇنىڭدا مۇستەھكەم قىلىپ تۇرغۇزدى. ئۇ يەنە بۇ كائىناتنىڭ كېچىسىنى ئىنسانلارنىڭ راھەتلىنىشى ئۈچۈن قاپقاراڭغۇ، كۈندۈزىنى ئىنسانلارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن يوپيورۇق قىلىپ بەردى. ئىنسانلارنىڭ ھەر تەرەپكە سەپەر قىلىشى ۋە ئېھتىياجلىرىنى قامدىشى ئۈچۈن يەر يۈزىنى يېيىپ كەڭ ياراتتى، يول يۈرۈشكە، سەپەر قىلىشقا قولاي قىلىپ بەردى. ئاللاھ تائالا يەنە ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى

[1] «تفسير ابن كثير» 8ـ توم، 315ـ بەت.

ۋە ئۇلارنىڭ چارۋىلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، زېمىندىن بۇلاقلارنى ئاقتۇرۇپ بەردى، ھەر تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى، مېۋىلەرنى ۋە زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى، زېمىننىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم تاغلارنى ئورناتتى، بۇ تاغلارنى خۇددى زېمىننى تەۋرەپ كېتىشتىن تۇتۇپ تۇرىدىغان قوزۇقلاردەك قىلىپ بەردى.

ئىنسانلارنىڭ ئۆگۈت ئېلىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ئومۇمىي ئەھۋالنى تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرلەپ بەرگەن: قىيامەت قايىم بولغان ۋاقىتتا، ھەركىم ئۆزىنىڭ دەردى بىلەنلا قالىدۇ، ئەتراپىدىكىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، قىيامەت شۇنداق دەھشەتلىك ۋە پالاكەتلىك كۈن بولغانلىقتىن، كىشىلەرنى ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ. ئاندىن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ نامە-ئەمەلىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن ۋاقىتتا، دۇنيادا ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن قىلغان بارلىق ئىشلىرىنى بىر-بىرلەپ ئەسلەيدۇ. ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، شۇ ئىمانىغا يارىشا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار خاتىرجەملىك ھېس قىلسا، ھاياتىنى كۇفرى ۋە مەئسىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزگەنلەر قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، نالە-پەرياد قىلىدۇ. دېمەك، ئىنسانلار بۇ كۈندە بەختلىك ۋە بەختسىز دەپ ئىككى پىرقىغا بۆلۈنىدۇ. دۇنيادا كۇفرىدا ۋە زۇلۇمدا ھەددىدىن ئاشقان ۋە دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكنىڭ ئالدىدا قويۇپ ئىش كۆرگەنلەر بەختسىزلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاخ بولىدۇ. ئەمما ھايات ۋاقتىدا ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا گۇناھ بىلەن چىقىشتىن ھەزەر ئەيلەپ، تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرگەن ۋە نەپسى ھەۋەسلىرىنى ئەقلى بىلەن تىزگىنلەپ، شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلغان كىشىلەر بەختلىك كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارارگاھى ھەقىقەتەن ئېسىل جەننەتلەر بولىدۇ. دېمەك، دوزاخقا كىرىشنىڭ سەۋەبى كۇفرىلىق، ھەددىدىن ئېشىش ۋە ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ دۇنياغا چوقۇنۇش بولسا، جەننەتكە كىرىشنىڭ سەۋەبى ئاللاھ تائالانى تونۇش، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇش ۋە نەپسىنى يامانلىقتىن توسۇش قاتارلىقلاردۇر.

كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھەمىشە قىيامەت ھەققىدە سورىشاتتى، ئۇلار: «ئى مۇھەممەد! قېنى ئۇ سەن بىزنى تەھدىت قىلىپ تۇرغان قىيامەت؟ ئۇ قاچان بولىدۇ؟» دەيتتى. ئۇلار بۇ سوئاللارنى قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن

سورايتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سوراق شەكلىدە خىتاب قىلىشنى مۇناسىپ كۆرۈپ مۇنداق دېگەن: ﴿سەن ئۇنى قانداقمۇ دەپ بېرەلەيسەن؟﴾ يەنى ئى پەيغەمبەر! مەن ئۇ قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ساڭا دەپ بەرمىگەن تۇرسام، سەن ئۇلارغا قانداق دەپ بېرەلەيسەن؟ قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلىش ئالەملەرنىڭ رەببىگىلا خاس ئىلىم ئەمەسمۇ؟ ئۇلار نېمانچە ھەددىدىن ئېشىپ كېتىدۇ؟ گويا سەن قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ۋە غەيبلەرنى بىلىدىغاندەك بۇنى ئۇلار سەندىن سوراۋاتىدۇ. سەن قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلمەيسەن، سەن پەقەت رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن، سەن پەقەت قىيامەت كۈنىدە يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقىدىغان ۋە رەببىڭنىڭ سۆزىگە ئىشىنىدىغان كىشىلەرنىلا ئاگاھلاندۇرالايسەن، سېنىڭ ۋەزىپەڭ ھەقىقەتنى يەتكۈزۈشتۇر. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى سېنى غەمكىن قىلمىسۇن، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمە، دەۋەت يولىدا چىداملىق بول! ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋرچان بول! ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن ۋاقتىدا، ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيادا تۇرغان بىر ئۆمۈر ۋاقتىنى پەقەت بىر كەچقۇرۇنلۇقى ياكى بىر ئەتىگەنلىكى تۇرغاندەكلا ھېس قىلىپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ ۋاقىتتا، دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئۆزلىرى ئىنكار قىلىپ كەلگەن بۇ قىيامەتنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، پۇشايماندىن قوللىرىنى چىشلەيدۇ ۋە داد-پەرياد قىلىپ كېتىدۇ، ئەمما ئۇ چاغدىكى پۇشايمان ئۇلارغا قىلچە ئەسقاتمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇئمىن ئادەمنىڭ جىنىنىڭ ئاسان ئېلىنىدىغانلىقى، كاپىر ئادەمنىڭ جىنىنىڭ قىيناپ ئېلىنىدىغانلىقى ھەقىقەتتۇر.

2. كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىدىغانلارنىڭ ئەڭ ياخشى قورالى سەۋرچانلىقتۇر.

3. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىۋاستە سۆز قىلغان.

4. نەپسنى ئاچكۆزلۈكتىن، پەس ئىشلاردىن ۋە بارلىق رەزىللىكلەردىن پاكلاپ، مەنىۋىياتنى يۈكسەلدۈرۈشتە ئىسلامنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان شىپاسىدىن باشقىسى ئىشقا يارىمايدۇ.

5. ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇغان ئادەم ئۇنى چوقۇم ئۇلۇغلايدۇ، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھوزۇرىغا گۇناھكار بولۇپ چىقىپ قېلىشتىن

قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدۇ. چۈنكى، ھەركىمنىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقۇشى ئۇنى تونۇشىغا قاراپ بولىدۇ، ئۇنى تونۇغانلار ئۇنىڭدىن چوقۇم قورقىدۇ. ﴿إِنَّمَا يَخۡشَى ٱللَّهَ مِنۡ عِبَادِهِ ٱلۡعُلَمَٰٓؤُاْۗ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ﴾[1].

6. ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن مۆجىزە شەرت ئەمەس، چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆرگەن ئادەملەرنىڭ نۇرغۇنى ئىمان ئېيتمىغان. چۈنكى، ئىمان ۋە ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنى ئۆزى خالىغان بەندىلىرىگە ئاتا قىلىدۇ.

7. قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

[1] فاتىر سۈرىسى:28ـ ئايەت.

# ئەبەسە سۈرىسى

ئەبەسە سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 42 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئىسىملىك ساھابىنىڭ قىسسىسى ۋە ئۇگۈت ئېلىشنى خالىغانلارغا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەڭ پايدىلىق ئۇگۈت ۋە ۋەز-نەسىھەت ئىكەنلىكى، ئاندىن ئىنسان يارىتىلغان ماددا ۋە ئاللاھ تائالا ئىنسانلار ئۇچۇن ياراتقان بەزى مېۋىلەر بايان قىلىنغان. ئاخىرىدا ئاخىرەت ھاياتى ھەققىدە توختالغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: «قۇرئان كەرىم»نىڭ دەۋىتىنىڭ ھەقىقىتى، ئۇنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىسى، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ ئەزىزلىككە ئېرىشىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ خارلىققا مەھكۇم بولىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿عَبَسَ﴾ «چىرايىنى پۈرۈشتۈردى» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿عَبَسَ وَتَوَلَّىٰٓ ١ أَن جَآءَهُ ٱلۡأَعۡمَىٰ ٢ وَمَا يُدۡرِيكَ لَعَلَّهُۥ يَزَّكَّىٰٓ
٣ أَوۡ يَذَّكَّرُ فَتَنفَعَهُ ٱلذِّكۡرَىٰٓ ٤ أَمَّا مَنِ ٱسۡتَغۡنَىٰ ٥ فَأَنتَ لَهُۥ
تَصَدَّىٰ ٦ وَمَا عَلَيۡكَ أَلَّا يَزَّكَّىٰ ٧ وَأَمَّا مَن جَآءَكَ يَسۡعَىٰ ٨
وَهُوَ يَخۡشَىٰ ٩ فَأَنتَ عَنۡهُ تَلَهَّىٰ ١٠ كَلَّآ إِنَّهَا تَذۡكِرَةٞ ١١ فَمَن
شَآءَ ذَكَرَهُۥ ١٢ فِي صُحُفٖ مُّكَرَّمَةٖ ١٣ مَّرۡفُوعَةٖ مُّطَهَّرَةِۭ ١٤ بِأَيۡدِي
سَفَرَةٖ ١٥ كِرَامِۭ بَرَرَةٖ ١٦ قُتِلَ ٱلۡإِنسَٰنُ مَآ أَكۡفَرَهُۥ ١٧ مِنۡ أَيِّ
شَيۡءٍ خَلَقَهُۥ ١٨ مِن نُّطۡفَةٍ خَلَقَهُۥ فَقَدَّرَهُۥ ١٩ ثُمَّ ٱلسَّبِيلَ يَسَّرَهُۥ

﴿٢٠﴾ ثُمَّ أَمَاتَهُۥ فَأَقْبَرَهُۥ ﴿٢١﴾ ثُمَّ إِذَا شَآءَ أَنشَرَهُۥ ﴿٢٢﴾ كَلَّا لَمَّا يَقْضِ
مَآ أَمَرَهُۥ ﴿٢٣﴾ فَلْيَنظُرِ ٱلْإِنسَٰنُ إِلَىٰ طَعَامِهِۦٓ ﴿٢٤﴾ أَنَّا صَبَبْنَا ٱلْمَآءَ
صَبًّا ﴿٢٥﴾ ثُمَّ شَقَقْنَا ٱلْأَرْضَ شَقًّا ﴿٢٦﴾ فَأَنۢبَتْنَا فِيهَا حَبًّا ﴿٢٧﴾ وَعِنَبًا
وَقَضْبًا ﴿٢٨﴾ وَزَيْتُونًا وَنَخْلًا ﴿٢٩﴾ وَحَدَآئِقَ غُلْبًا ﴿٣٠﴾ وَفَٰكِهَةً وَأَبًّا ﴿٣١﴾
مَّتَٰعًا لَّكُمْ وَلِأَنْعَٰمِكُمْ ﴿٣٢﴾

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ2ـ ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن چىرايىنى پۈرۈشتۈردى ۋە تەتۈر قارىدى.

3ـ4ـ (ئى پەيغەمبەر!) سەن نېمە بىلىسەن؟ بەلكى ئۇ (سېنىڭ سۆھبىتىڭ سايىسىدا گۇناھلىرىدىن) پاكلىنىپ قېلىشى ياكى ۋەز-نەسىھەت ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن ئىدى.

5ـ6ـ ئۆزىنى (ئىماندىن) بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن (ئۇنى ئىمان ئېيتىپ قالارمىكىن دەپ) ئۇنىڭغا يۈزلىنىۋاتىسەن.

7ـ ئۇ (كۇفرىدىن) پاكلانمىسا، ساڭا نېمە زىيىنى؟

8ـ10ـ ئاللاھتىن قورقۇپ سېنىڭ يېنىڭغا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا قارىمايۋاتىسەن.

11ـ سەن ئۇنداق قىلمىغىن. بۇ ئايەتلەر ۋەز-نەسىھەتتۇر.

12ـ خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالىدۇ.

13ـ16 ئۇ (ئايەتلەر) قىممەتلىك، يۇقىرى مەرتىۋىلىك پاك سەھىپىلەرگە ھۆرمەتلىك، ياخشى پۈتۈكچى (پەرىشتە) لەرنىڭ قولى بىلەن يېزىلغاندۇر.

17ـ (كۇفرىلىق قىلغان) ئىنسانغا لەنەت بولسۇن، ئۇ نېمىدېگەن تۈزكور!

18ـ ئاللاھ ئۇنى نېمىدىن ياراتتى؟

19ـ ئاللاھ ئۇنى ئابمەنىيدىن ياراتتى، ئاندىن (ئۇنىڭ ئەزالىرىنى) ئۆلچەملىك قىلدى.

20ـ ئاندىن ئۇنىڭغا يولنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردى.

21ـ ئاندىن ئۇنى ۋاپات قىلدۇرۇپ، قەبرىگە كىرگۈزدى.

22ـ ئاندىن ئاللاھ ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا تىرىلدۈرىدۇ.

23ـ ھەقىقەت شۇكى، ئۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇندىمىدى.

24ـ ئىنسان ئۆزىنىڭ يېمەكلىكلىرىگە قاراپ باقسۇن.

25ـ شەكسىزكى، بىز مول يامغۇر ياغدۇردۇق،

26ـ ئاندىن زېمىننى (ئۈسۈملۈكلەر بىلەن) ياردۇق.

27ـ32ـ سىلەرنىڭ ۋە چارۋىلىرىڭلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا دانلىق زىرائەتلەرنى، ئۈزۈمنى، يېشىل ئوتلارنى، زەيتۇننى، خورمىنى، دەرەخلىرى قويۇق باغلارنى، تۈرلۈك مېۋىلەرنى، ئوت-چۆپلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردۇق.

### تەپسىرى

مۇپەسسىرلەر بايان قىلدۇكى، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنىڭ كاتتىباشلىرىدىن كەئب ئىبنى رەبىئە، ئۇنىڭ قېرىندىشى شەيبە، ئەبۇ جەھل ئىبنى ھىشام، ئۇمەييە ئىبنى خەلەف قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئىدى، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىۋاتاتتى، قىيامەتنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنىڭ بۇ كاتتىباشلىرىنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى ۋە شۇلارنى مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننىڭ ھەممىنى قىلىشقا ھازىر ئىدى. چۈنكى، ناۋادا ئۇلار ئىمان ئېيتسا، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان ئاۋاملاردىن نۇرغۇنلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

شۇ ئەسنادا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم دېگەن ئەما كىشى: «يارەسۇلۇللاھ! ماڭا قۇرئان ئوقۇپ بەرگىن، ئاللاھنىڭ ساڭا بىلدۈرگەنلىرىدىن ماڭىمۇ ئۆگەتكەن بولساڭكەن» دېگىنىچە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چاقىرغان ھالدا، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى مۇشرىكلار بىلەن مەشغۇل بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى ياقتۇرمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا چىرايىنى پۈرۈشتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن يۈزىنى چۆرۈيدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاللاھ تائالا ﴿ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن

چىرايىنى پۈرۈشتۈردى ۋە تەتۈر قارىدى﴾ دېگەن ئايەتتىن باشلاپ كېيىنكى ئايەتلەرنى نازىل قىلىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئەما (كۆزى كۆرمەيدىغان) ئادەمگە تەرىنى تۈرۈپ، تەتۈر قارىغانلىقى ۋە كاپىرلار بىلەنلا بولۇپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك ئۇنىڭغا كايىغان[1].

بۇ قىسسە «قۇرئان كەرىم»نىڭ كاپىرلار ئويلىغاندەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئوپئوچۇق دەلىلدۇر. چۈنكى، مۇبادا «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى بولىدىغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى ئۆزى ئاچارمىدى؟ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە كايىغانلىقىنى كىشىلەرگە ئېيتارمىدى؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمغا قىلغان بۇ مۇئامىلىسى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا كايىپ مۇنداق دېدى: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن نېمە بىلىسەن؟ بەلكى ئۇ (سېنىڭ سۆھبىتىڭ سايىسىدا گۇناھلىرىدىن) پاكلىنىپ قېلىشى ياكى ۋەز-نەسىھەت ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن ئىدى﴾ يەنى سەن نەدىن بىلىسەن؟ بەلكى بۇ ئادەم سەندىن «قۇرئان كەرىم»نى ئاڭلاش ۋە بىلمىگەنلىرىنى سەندىن سوراپ ئۆگىنىش ئارقىلىق كۇفرى ۋە زالالەتنىڭ كىرلىرىدىن، گۇناھلىرىدىن پاكلىنىپ قېلىشى، ئىمانىنى تولۇقلىشى ياكى سەندىن ئۇگۇت ئېلىپ پايدىلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما سەن سەندىن دىنىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن تەشنالىق بىلەن ئالدىڭغا يۈگۈرۈپ كەلگەن بۇ ئادەمگە كۆڭۈل بۆلمەي، ئىماندىن يۈز ئۆرۈگەن كاپىرلار بىلەن بولۇپ كەتتىڭ. سەن كۆڭۈل بۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئىمان ئېيتىش ياكى ئېيتماسلىقىنىمۇ بىلمەيسەن، شۇنداقتىمۇ سەن ئۇلارنى ئىسلامغا كىرگۈزۈشكە ئالدىراپ شۇنداق قىلىۋاتىسەن.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق سىلىق كايىپ دەيدۇكى، سەندىن سادىر بولغان بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: ئۆزىنىڭ ئاز-تولا مال-دۇنياسىغا ۋە قەۋمى ئىچىدىكى يۈز-ئابرۇيىغا ئىشىنىپ، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان، ئۆزىنى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشقا ھاجىتىم يوق دەپ سانىغان، ئاللاھ تائالادىن قورقمايدىغان شۇ كاپىرلارغا سەن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىش بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ كېتىۋاتىسەن، ئەمما ئاللاھ تائالادىن

[1] «تفسير الطبري» 24-توم، 217-بەت.

قورقۇپ، سەندىن تەلىم ئېلىشقا ئالدىراپ كەلگەن ئادەمگە بولسا كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىسەن، ئۇنىڭدىن يۈزۈڭنى چۆرۈپ باشقىلار بىلەن بەند بولۇپ قېلىۋاتىسەن. بەلكى سەندىن تەلىم ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن ئادەم راستىنلا سەندىن ئۆگۈت ئېلىپ گۇناھتىن ۋە شېرىكنىڭ قالدۇقلىرىدىن پاكلىنىشى ۋە ۋەز-نەسىھەتلىرىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما سەن كۆڭۈل بۆلۈپ كەتكەن ۋە ھىدايەت تېپىشىغا ھېرىسمەن بولۇپ كەتكەن كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقنى تاللىشىدىن ساڭا نىمە زىيان يېتەتتى، ھىدايەت تاپمىسا ساڭا گۇناھ بولامتى؟ سېنىڭ ۋەزىپەڭ ھەق دىننى پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر، خالاس. ئەمما ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقىدىن سەن سورالمايسەن. چۈنكى، ئۇ ئۇلارنىڭ تاللىشىدۇر. سەن ھەقىقەتنى يەتكۈزگەن ئىكەنسەن، سېنىڭ ۋەزىپەڭ ئادا بولدى دېگەنلىكتۇر. ئىمان ئېيتىش ياكى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىش ئۇلارنىڭ قارارىدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئۇ كاپىرلارنىڭ ھىدايىتىنى تىلەپ بۇنچىلىك قىلىپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھىدايەت يېتەكچىسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ بۇ مەنىدە دەيدۇكى، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ئۆگۈت ۋە ۋەز-نەسىھەتلەردۇر. خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ئۆگۈت ئالىدۇ ۋە توغرا يولنى تاپىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆگۈت ئېلىشنى خالىمىغانلار ئۆز ئازغۇنلۇقىدا قېلىۋېرىدۇ، ئۇلار ئازغۇنلۇقىنىڭ زىيىنىنى ئۆزلىرى تارتىدۇ.

ئاندىن ئاللاھ تائالا بۇ ئۆگۈتلەرنى ۋە بۇ ۋەز-نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ بىر كىتاب ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بۇ مەنىدە دەيدۇكى، بۇ قۇرئان ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئاساسەن، پەرىشتىلەردىن بولغان ھۆرمەتلىك ۋە ئىشەنچلىك پۈتۈكچىلەرنىڭ قوللىرى بىلەن يېزىلىپ قىممەتلىك سەھىپىلەردە ساقلانغان ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس كىتابتۇر، ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىدە ۋە توغرىلىقىدا قىلچە شەك يوقتۇر.

شۇنداق ياخشى ئۆگۈتلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇقلۇق ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمىغان، ئىماندىن باش تارتقان كاپىر ئىنسانغا لەنەت بولسۇن، ئۇ نېمىدېگەن تونكور، نېمىدېگەن ۋاپاسىز! ئۇ ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى ئىنكار قىلىپ ئەجەب كاپىر بولدى! ئىنساننىڭ ئۆز ئىگىسىنى، ياراتقۇچىسىنى تونۇماسلىقى ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلماسلىقى نېمىدېگەن قەبىھ ئىش! بۇ نېمىدېگەن ئەقىلسىزلىق! نېمىدېگەن ئىنساپسىزلىق!

ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ كۇفرىلىقنى تاللاپ ئۆزىنىڭ دۇنيا ۋە ئا-

خىرەتلىك بەخت-سائادىتىنى نابۇت قىلغانلىقىنى ﴿قُتِلَ ٱلۡإِنسَٰنُ مَآ أَكۡفَرَهُۥ﴾ دەپ ئىپادىلىگەن. چۈنكى، ﴿قُتِلَ﴾ دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى «ئۆلتۈرۈلدى» دېگەنلىك بولۇپ، ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىپ كاپىر بولغانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە ۋە ئۆزىنى ھالاك قىلغانلىقىغا تەڭدۇر. چۈنكى، ئۇ كاپىرلىقنى تاللاش بىلەن ئۆزىنىڭ بارلىق بەخت-سائادىتىنى ئۆلتۈرگەن بولىدۇ. ﴿مَآ أَكۡفَرَهُۥ﴾ دېگەن ئايەت ئەجەبلەنگەنلىكنى ۋە ھەيرانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئابىمەنىيدىن ئىبارەت ئاشۇ ئەرزىمەس سۇدىن يارىتىلىپ بۇ ھالەتكە كەلگەن ئىنسان قانداقلارچە ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى ئىنكار قىلىدۇ؟ بۇ نېمىدېگەن ئەقىلسىزلىق؟ بۇ نېمىدېگەن قەبىھ كۇفرىلىق!

ئىنسان ئۆزىنى سىلىكىۋېتىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر ئويلاپ باقسۇن، ئۆزىنىڭ نېمىدىن يارىتىلغانلىقىغا بىر قاراپ باقسۇن! ئۇ ئابىمەنىيدىن (يەنى ئىسپېرمىدىن) ئىبارەت بىر ئەرزىمەس سۇدىن يارىتىلدى ئەمەسمۇ؟ ئاللاھ تائالا ئۇنى شۇ ئەرزىمەس سۇدىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭ يارىتىلىش باسقۇچلىرىنى ھېكمەت بىلەن بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەنىيدىن ئەلەقكە (يەنى تۈرلىنىشكە تالىنىپ، بالياتقۇ تېمىغا ئېسىلىپ قالغان ئۇرۇققا)، ئاندىن گۆش پارچىسىغا، ئاندىن ئىنسانغا ئايلاندى. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ قارنىدىن تۇغۇلۇش يولىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردى. ئاللاھ تائالا ئىنساننى بۇ دۇنيادا مەلۇم مۇددەت ياشاتقاندىن كېيىن، ئۇنى ھامان بىر كۈنى ۋاپات قىلدۇرىدۇ ۋە قەبرىگە كىرگۈزىدۇ. ئاندىن قىيامەت قايىم بولغان ۋاقىتتا ئۇنى تىرىلدۈرىدۇ ۋە ھېساب مەيدانىغا يىغىدۇ. بۇ شەكسىز ھەقىقەتتۇر. شۇڭا ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىشى ۋە كېلەچىكىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

مۇپەسسىرلەر ﴿ثُمَّ ٱلسَّبِيلَ يَسَّرَهُۥ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە تەبەري مۇنداق دېگەن: «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، قەتادە، سۇددىي قاتارلىق مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتكە ‹ئاللاھ ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چىقىشىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردى› دەپ مەنە ئېيتقان. مۇجاھىد ‹ئاللاھ ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋە يامانلىق يولىنى كۆرسەتتى› دەپ مەنە ئېيتقان. مەن بۇ ئىككى خىل مەنىنىڭ بىرىنچىسىنى ئەڭ توغرىسى دەپ قارايمەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنىڭ ئالدىدىكى ۋە كېيىنكى ئايەتلەردە ئىنساننى قانداق ياراتقانلىقىنى، ئۇنىڭ جىسمىنى قانداق شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ

يارىتىلىش ئەھۋالىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئايەتتە ‹ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چىقىشىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردى› دەپ مەنە ئېيتىش ئالدىدىكى ۋە كېيىنكى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىگە مۇۋاپىقلىشىدۇ»[1].

ئايەتتە «ئاللاھ ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋە يامانلىق يولىنى كۆرسەتتى» دەپ مەنە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مەنىسى ئىنسان سۈرىسىدىكى ﴿إِنَّا هَدَيْنَٰهُ ٱلسَّبِيلَ إِمَّا شَاكِرًا وَإِمَّا كَفُورًا﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بىز ئۇنىڭغا (ياخشى-يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ ياكى (ياخشى يولدا مېڭىپ) شۈكۈر قىلغۇچى بولىدۇ، ياكى (يامان يولدا مېڭىپ) تۇزكورلۇق قىلغۇچى بولىدۇ﴾ [2] دېگەن ئايەتكە ئوخشاش بولىدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ۋە كىتابلارنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئىنسانغا توغرا يول بىلەن خاتا يولنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭغا ھەق بىلەن باتىلنى، ياخشى بىلەن ياماننى بىلدۈردى. ئۇنى قايسى يولدا ماڭسا ماڭالايدىغان ئىختىيار ئىگىسى قىلدى. ئەمما ئالدىنقى مەنە بۇ ئورۇنغا ئەڭ مۇناسىپتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ﴿قُتِلَ ٱلْإِنسَٰنُ مَآ أَكْفَرَهُۥ ۝١٧ مِنْ أَيِّ شَيْءٍ خَلَقَهُۥ ۝١٨ مِن نُّطْفَةٍ خَلَقَهُۥ فَقَدَّرَهُۥ ۝١٩ ثُمَّ ٱلسَّبِيلَ يَسَّرَهُۥ ۝٢٠ ثُمَّ أَمَاتَهُۥ فَأَقْبَرَهُۥ ۝٢١ ثُمَّ إِذَا شَآءَ أَنشَرَهُۥ﴾ دېگەن ئايەتلەردە، ئىسپېرمىدىن ئىبارەت شۇ ئەرزىمەس سۇدىن يارىتىلىشى، يارىتىلىش باسقۇچلىرى، ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن بۇ دۇنياغا چىقىشى، ئاندىن ئەجىلى توشقاندىن كېيىن ئۆلۈشى، قەبرىگە قويۇلۇشى، ئاندىن ئاخىرەتتە تىرىلدۈرۈلۈشى قاتارلىق ئىشلاردا ئۆزىدە قىلچە ئىختىيار ياكى قۇدرەت بولمىغان ئاشۇ ئاجىز ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالاغا چوڭلۇق قىلىش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىش ھەققى يوق ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنداق قىلغۇچىلارنىڭ ھەقىقەتەن تۇزكور، ناشۈكۈر ئىنسانلار ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن، ئىنساننى ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە ئۇنى ئەقلىنى ئىپىشقا، ئۆزىنىڭ يولىنى توغرىلاشقا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەقىقەت شۇكى، ئۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇندىمىدى﴾ يەنى ئەمەلىيەتتە ئۇ كاپىر ئىنسان ئويلىغاندەك ۋە قىلغاندەك ئەمەس، ئۇ كاپىر ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى تېخى ئادا قىلمىدى. ئى ئىنسان! سەن توغرا قىلمىدىڭ، رەببىڭنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭ، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى بەجا كەلتۈرمىدىڭ، ھاياتتىكى ۋەزىپەڭنى ئۇنتۇدۇڭ.

---

[1] «تفسير الطبري» 24-توم، 223- 224- بەتلەر.

[2] ئىنسان سۈرىسى: 3- ئايەت.

ئەمدى بولسىمۇ ئەقلىڭنى ئىپپۇالغىن، يولۇڭنى توغرىلىۋالغىن!

ئەرەب تىلىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ﴿كَلَّا﴾ دېگەن سۆزگە ھەر خىل مەنىلەرنى ئېيتقان. مەسىلەن: بەسرىلىكلەر ئۇنىڭغا «ياق»، «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس» دەپ مەنە ئېيتقان. كىسائىي[1] «ھەقىقەت شۇكى»، «ھەقىقەتەن» دەپ مەنە ئېيتقان. سەئلەب[2] «شۇنداق ئەمەسمۇ» دەپ مەنە ئېيتقان. ئىمام فەررا[3] «ئەلۋەتتە شۇنداق»، «ھەئە» دەپ مەنە ئېيتقان. يۇقىرىقى مەنىلەر ئايەتلەرنىڭ سىياقىغا قاراپ بولىدۇ. ئايەتلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن ﴿كَلَّا﴾ دېگەن سۆزگە شۇ ئايەتتىكى ئورنىغا، ئالدىنقى ۋە كېيىنكى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىگە قاراپ مەنە ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بىز بۇ يەردىكى ﴿كَلَّا لَمَّا يَقْضِ مَآ أَمَرَهُۥ﴾ دېگەن ئايەتكە ﴿ھەقىقەت شۇكى، ئۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇندىمىدى﴾ دەپ مەنە ئېيتىشنى لايىق كۆردۇق.

ئىنسان ئۆزىنىڭ يەۋاتقان تامىقىغا قاراپ باقسۇن! ئۇ تاماق نەدىن كەلدى؟ ئاللاھ تائالا بۇ تاماقنى قانداق يارىتىپ بەردى؟ ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق يەر-زېمىننى سۇغىرىۋاتقانلىقىنى ۋە شۇ سۇ بىلەن ھەر تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى، زىرا-ئەتلەرنى چىقىرىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرمەمدۇ؟ ئى ئىنسانلار! ئۇنتۇ-ماڭلاركى، زېمىندىن چىققان زىرائەتلەر - بۇغداي، قوناق، ئارپا قاتارلىق ئاشلىقلار، ئۈزۈم، ئالما، ئانار، زەيتۇن، خورما قاتارلىق مېۋىلەر، بوك-باراقسان باغلار ھەممىسى سىلەر ۋە سىلەرنىڭ چارۋىلىرىڭلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بولۇپ، بۇلار سىلەرگە ۋە چارۋىلىرىڭلارغا ئوزۇقتۇر. سىلەر بۇنى كۆرمەيۋاتامسىلەر؟!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئالىي مەرتىۋىلىك بەندە مۇھەممەد

---

[1] ئەبۇلھەسەن ئەلى فەيرۇز كىسائىي (119 ھـ 737 م/189 ھـ805 م)(ھازىرقى ئىراقنىڭ كۇفە شەھىرىدە تۇغۇلغان، ئەرەب تىلى مۇتەخەسسىسى، قىرائەت ئىلمىدە يېتىنچى قاتاردا كېلىدىغان كاتتا ئالىم.

[2] ئەبۇ ئابباس ئەھمەد ئىبنى سىيانى سەئلەب 200) - -291ھـ/ 816- 904م) ھازىرقى ئىراقنىڭ كۇفە شەھىرىدە تۇغۇلغان، ئەرەب تىلى ۋە گرامماتىكىسىدا داڭق چىقارغان ئالىم.

[3] ئەبۇ زەكەرىييا ئىبنى مەنزۇر فەررا (144 ھـ - 206ھـ) ھازىرقى ئىراقنىڭ كۇفە شەھىرىدە تۇغۇلغان، كاتتا مۇپەسسىر ۋە تىلشۇناس ئالىم.

ئەلەيھىسسالامدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسى بىلەن تەربىيەلەنگەن مۇكەممەل زاتتۇر.

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە قىلىنغان ۋەھيىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق يەتكۈزگەن ۋە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغان زاتتۇر.

3. ھەرقانداق سەنئەت ئەسىرى ئۆزىنىڭ سەنئەتكارىنىڭ ماھىرلىقىنى نامايان قىلغاندەك، ئاللاھ تائالانىڭ سەنئەت ئەسىرى بولغان بۇ كائىنات ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا. ئەمما كاپىرلارنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقى ئۇلارنىڭ ئەقىل كۆزىنىڭ پەردىلەنگەنلىكىدىن بولىدۇ.

4. ئىنسان قانچىلىك كۆپ ئىبادەت قىلسىمۇ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە لايىق رەۋىشتە شۈكۈر ئادا قىلالمايدۇ.

### ◄ قىيامەت كۈنىنىڭ ئەھۋالى

﴿فَإِذَا جَآءَتِ ٱلصَّآخَّةُ ٣٣ يَوۡمَ يَفِرُّ ٱلۡمَرۡءُ مِنۡ أَخِيهِ ٣٤ وَأُمِّهِۦ
وَأَبِيهِ ٣٥ وَصَٰحِبَتِهِۦ وَبَنِيهِ ٣٦ لِكُلِّ ٱمۡرِيٕٖ مِّنۡهُمۡ يَوۡمَئِذٖ شَأۡنٞ
يُغۡنِيهِ ٣٧ وُجُوهٞ يَوۡمَئِذٖ مُّسۡفِرَةٞ ٣٨ ضَاحِكَةٞ مُّسۡتَبۡشِرَةٞ ٣٩ وَوُجُوهٞ
يَوۡمَئِذٍ عَلَيۡهَا غَبَرَةٞ ٤٠ تَرۡهَقُهَا قَتَرَةٌ ٤١ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡكَفَرَةُ
ٱلۡفَجَرَةُ ٤٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

33-36- (قۇلاقلارنى گاس قىلىۋېتىدىغان) قاتتىق ئاۋاز كەلگەن چاغدا[1]، (يۈز بېرىدىغان قىيامەت) كۈنىدە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، ئايالىدىن ۋە بالىلىرىدىنمۇ قاچىدۇ.

37- ئۇ كۈندە ھەربىر ئادەم ئۆز غېمى بىلەن بولۇپ كېتىدۇ (باشقىلارغا قارىغۇدەك ھالى قالمايدۇ).

38-39- ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەردىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال-خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ.

---

[1] بۇ يەردىكى قاتتىق ئاۋازدىن قىيامەت كۈنى ئىنسانلار تىرىلىش ئالدىدا ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چالغان ئاۋازى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**40-41- يەنە بۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەر چاڭ-توزان بېسىپ، قارىداپ كەتكەن بولىدۇ.**

**42-ئەنە شۇلار كاپىرلاردۇر، گۇناھكارلاردۇر.**

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئىنسانلارغا ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنىڭ بەزىسىنى ساناپ ئۆتكەن ۋە ئۇلارغا بۇ نېمەتلەرنى ئەسلەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ غېمى بىلەنلا بولۇپ كېتىدىغان شۇ دەھشەتلىك قىيامەتنىڭ ئەھۋالىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق قىلىشى ئىنسانلارنى كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقتىن ۋاز كېچىپ، ئىمان ۋە ھىدايەتنى قوبۇل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر.

ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئىككىنچى قېتىم سۇر چالغان چاغدىكى قاتتىق ئاۋاز قۇلاقلارنى گاس قىلىپ قويىدۇ. مانا بۇ قىيامەتنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، ئىنسانلار قاتتىق قورقۇنچتا قالىدۇ، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ دەردى ۋە غېمى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ھېچكىم بىلەن كارى بولمايدۇ، ئۇلار بىر-بىرىدىن قاچىدۇ، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىنمۇ قاچىدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادا بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، ئۆزئارا ھەمكارلىشىدىغان، بىر-بىرىگە ياردەم قىلىشىدىغان، ھەتتا بىر-بىرىنى كۆرمىسە تۇرالمايدىغان كىشىلەرمۇ قىيامەت كۈنىدە بىر-بىرىدىن قاچىدۇ، بىر-بىرىنى ئويلاپ قويمايدۇ. چۈنكى، بۇ كۈندە ھەربىر ئادەمنىڭ دەردى ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدۇ. ئاشۇ كۈندە بەزى كىشىلەرنىڭ يۈزى خۇشاللىقتىن، مەمنۇنلۇقتىن پارلاپ، نۇرلىنىپ كېتىدۇ. بۇ ھاياتىنى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن ئۆتكۈزگەن، رەببىنى تونۇپ، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى بىلىپ ئادا قىلغان، ھاياتلىقتىكى ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىغان كىشىلەردۇر. يەنە بۇ كۈندە بەزىلەرنىڭ يۈزى غەم-ئەندىشىنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋە ئالغان خەۋىرىنىڭ يامانلىقىدىن قاپقارا بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار كۇفرىدا چىڭ تۇرغان، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقان، ھاياتىنى گۇناھ-مەئسىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن كاپىرلاردۇر، گۇناھكارلاردۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەت كۈنىدە كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن قېچىشى ئۇ كۈننىڭ

دەھشىتىنىڭ ھەقىقەتەن قاتتىقلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

2. بۇ دۇنيادا كىشىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلغانلارنىڭ جازاسىنى تارتىشى قىيامەتنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بىرىدۇر.

3. قىيامەت كۈنىدە ئىنسانغا ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلدەك ياخشى ھەمراھ يوقتۇر.

4. قىيامەت كۈنىدە ئىماننىڭ نۇرى مۇئمىنلەرنىڭ يۈزىنى پارلاتقاندەك، كۇفرىنىڭ زۇلمىتى كاپىرلارنىڭ يۈزىنى قارايتىۋېتىدۇ.

# تەكۋىر سۈرىسى

تەكۋىر سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 29 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، قىيامەت قايىم بولۇشنىڭ ئالدى-كەينىدە بولىدىغان بەزى ئىشلار ۋە ئاخىرەتتىكى تىرىلىش ھەققىدە توختالغان. ئاندىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان ئىلاھىي كىتاب ئىكەنلىكى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كاپىرلار توقۇپ چىققان تۆھمەتلەردىن پاك ئىكەنلىكى قەسەم بىلەن تەكىتلەنگەن.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسان ئورگانلىرىنى توپلاشقا ۋە ئۇنى تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنىڭ بەزى ئۆرنەكلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿كُوِّرَتۡ﴾ «نۇرى ئۆچۈرۈلگەن» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿إِذَا ٱلشَّمۡسُ كُوِّرَتۡ ١ وَإِذَا ٱلنُّجُومُ ٱنكَدَرَتۡ ٢ وَإِذَا ٱلۡجِبَالُ
سُيِّرَتۡ ٣ وَإِذَا ٱلۡعِشَارُ عُطِّلَتۡ ٤ وَإِذَا ٱلۡوُحُوشُ حُشِرَتۡ ٥ وَإِذَا
ٱلۡبِحَارُ سُجِّرَتۡ ٦ وَإِذَا ٱلنُّفُوسُ زُوِّجَتۡ ٧ وَإِذَا ٱلۡمَوۡءُۥدَةُ سُئِلَتۡ
٨ بِأَيِّ ذَنۢبٖ قُتِلَتۡ ٩ وَإِذَا ٱلصُّحُفُ نُشِرَتۡ ١٠ وَإِذَا ٱلسَّمَآءُ
كُشِطَتۡ ١١ وَإِذَا ٱلۡجَحِيمُ سُعِّرَتۡ ١٢ وَإِذَا ٱلۡجَنَّةُ أُزۡلِفَتۡ ١٣
عَلِمَتۡ نَفۡسٞ مَّآ أَحۡضَرَتۡ ١٤﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ كۈننىڭ نۇرى ئۆچۈرۈلگەن چاغدا،

2ـ يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا،

3ـ تاغلار سۈرۈلدۈرۈلگەن چاغدا،

4ـ بوغاز تۆگىلەر ئىگىسىز تاشلىۋېتىلگەن چاغدا،

5ـ ياۋايى ھايۋانلار توپلانغان چاغدا،

6ـ دېڭىزلار ئوت بولۇپ ياندۇرۇلغان چاغدا،

7ـ جانلار (تەنلەر بىلەن) قوشۇلغان چاغدا،

8ـ9ـ تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىز بوۋاقتىن: «سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدىڭ؟» دەپ سورالغان چاغدا،

10ـ (نامە ـ ئەمەل) دەپتەرلىرى ئېچىلغان چاغدا،

11ـ ئاسمان (يۈزى) ئېچىپ تاشلانغان چاغدا،

12ـ دوزاخ قىزىتىلغان چاغدا،

13ـ جەننەت يېقىنلاشتۇرۇلغان چاغدا،

14ـ ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ (ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن) نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى بىلىدۇ.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان بەزى ئىشلارنى بايان قىلىش بىلەن باشلىغان. بۇ ئىشلارنىڭ بەزىسى قىيامەتتىن ئىلگىرى بولىدۇ، بەزىسى قىيامەت قايىم بولغاندىن كېيىن بولىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، قىيامەت قايىم بولۇشىنىڭ ئالدىدا كائىناتنىڭ نىزامى بۇزۇلىدۇ، ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام بىرىنچى قېتىم سۇر چالغان چاغدا، قۇياش خۇددى يۆگەلگەن نەرسىدەكلا يۆگىلىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نۇرى ئۆچىدۇ، ئىسسىقلىقى يوقىلىدۇ، يۇلتۇزلار ھەر تەرەپكە چېچىلىپ تۆكۈلىدۇ، زېمىن قاتتىق تەۋرەپ كېتىدۇ. بۇ تەۋرەشتىن تاغلار ئۆز ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ كۆچىدۇ ۋە پارچىلىنىدۇ، ھەتتا ئېتىلغان

يۇڭدەك ياكى ئۇچۇپ يۈرگەن توزانلاردەك بولۇپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا كائىناتتىكى جانلىقلارنى قورقۇنچ ۋە ئىزتىراپ قاپلاپ كېتىدۇ. قورقۇنچتىن ھامىلىدار ئاياللارنىڭ بوۋاقلىرى چۈشۈپ كېتىدۇ، ھەممە ئادەم ئەس-ھوشىنى يوقاتقاندەك بولۇپ قالىدۇ. ھەممە ئادەم ئۆز دەردى ۋە ئۆز غېمى بىلەنلا بولۇپ كېتىدۇ، ھاياتتىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىگىمۇ قىزىقمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ، ھەتتا ئەرەبلەر ئەڭ قىممەتلىك بايلىق دەپ سانايدىغان بوغاز تۆگىلەرمۇ تاشلىۋېتىلىدۇ، ئىگىسىز قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بارلىق ياۋايى ھايۋانلار ھەر تەرەپتىن كېلىپ بىر يەرگە توپلىنىدۇ، دېڭىزلار قاتتىق تەۋرىنىش نەتىجىسىدە بىر-بىرىگە تۇتۇشۇپ بىرلا دېڭىزغا ئايلىنىپ قالىدۇ، بۇ دېڭىزلار ئىلگىرى سۇ بىلەن تولدۇرۇلغاندەك، ئۇ كۈنى ئوت بىلەن تولدۇرۇلىدۇ ۋە ئوت بولۇپ لاۋۇلدايدۇ. چۈنكى، يەرنىڭ ئاستى قاتتىق ھارارەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن ۋۇلقانلار ئېتىلىپ چىقىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام بىرىنچى قېتىم سۇر چالغاندا بولىدىغان ئىشلاردۇر. ئۇ ئىككىنچى قېتىم سۇر چالغاندا بولسا ھەممە خالايىق تىرىلىدۇ. ﴿ثُمَّ نُفِخَ فِيهِ أُخْرَىٰ فَإِذَا هُمْ قِيَامٌ يَنظُرُونَ﴾ يەنى ﴿ئاندىن سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغان ھامان ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقىنى) كۈتۈپ تۇرىدۇ﴾[1].

قىيامەتنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن كېيىنكى بىرىنچى باسقۇچ ئىنسانلار تىرىلىپ ئۇلارنىڭ جانلىرىنىڭ بەدەنلىرىگە قايتىشىدۇر. ئىنسانلار تىرىلىپ، قەبرىلىرىدىن چىقىپ، ھېساب مەيدانىغا يىغىلغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش ئىشى باشلىنىدۇ. يوقسۇللۇقتىن ياكى نومۇستا قېلىشتىن قورقۇپ تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىز باللارمۇ كەلتۈرۈلىدۇ ۋە ئۇلاردىن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى سورىلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرىنى تىرىك كۆمۈۋېتىش جاھىلىيەتتىكى بەزى ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى ئىدى. ئەمما ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن بۇ ئادەت قاتتىق چەكلەنگەن. مەلۇمكى، بۇ قىزلارنىڭ ھېچبىر گۇناھى يوق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالا ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. شۇنداق تۇرسىمۇ، قىيامەت كۈنى قىزلاردىن بۇنداق سوراش ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن تاش يۈرەك قاتىل ئاتىلىرىنىڭ بۇ قەبىھ جىنايىتىنى ئەيىبلەش ۋە ئۇلارنى قاتتىق ھەسرەت-نادامەت چەكتۈرۈش ئۈچۈندۇر.

مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، جاھىلىيەتتىكى ئەرەبلەرنىڭ بەزى قەبىلىلىرىدە ئۆز قىزلىرىنى ئائىلىمىزگە نومۇس كەلتۈرىدۇ دېگەن

[1] زۇمەر سۈرىسى:68-ئايەت.

سەپسەتە بىلەن تىرىك تۇرغۇزۇپ تۇپراقتا كۆمۈۋېتىدىغان قەبىھ ئادەت هۆكۈم سۈرەتتى. ئەرەبلەرنىڭ قىزلارنى كۆمۈشتىكى ئادىتى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بەزىسى ئايالىنىڭ تۇغىدىغان ئاي-كۈنى يېقىنلىشىپ قالغاندا، بىر ئورا كولايتتى. بوۋاق ئوغۇل تۇغۇلسا ساقلاپ قالاتتى، ئەگەر قىز تۇغۇلسا دەرھال ئورىغا كۆمۈپ تاشلايتتى. يەنە بەزىسى قىز بالىسى ئالتە ـ يەتتە ياشلارغا كىرگەندە، ئايالىنى قىزىنى چىرايلىق ياساندۇرۇپ قويۇشقا بۇيرۇيتتى. ئايال قىزىنى نېمە ئۈچۈن ياساندۇرىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ چارىسىزلىكتىن، يىغلاپ تۇرۇپ قىزىنى ياساندۇراتتى. ئاندىن ئاتىسى قىزىغا «مەن سىزنى ئويىنىتىپ كېلىمەن» دەپ ئۇنى ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى. ئاندىن ئۇنى چۆلگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەردە بىر ئورا كولايتتى. ئاندىن قىزىغا «قىزىم بۇ ئورىغا قاراپ باقىڭ» دەيتتى. قىز ئورىغا شۇنداقلا قارىشى بىلەن، ئۇنى ئارقىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ، ئورىنى تۇپا بىلەن كۆمۈۋېتەتتى[1].

قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ نامە-ئەمەللىرى ئېچىلغاندا، هەركىم ئۆزىنىڭ نامە-ئەمەلىنى ئوقۇيالايدىغان بولىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئاسمان ئۆزىنىڭ ئورنىدىن پۈتۈنلەي يوق قىلىنغان چاغدا، هەركىم ئۆزىنىڭ دۇنيادا ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن قىلغان ئەمەللىرىنى ۋە بارلىق قىلغان-ئەتكەنلىرىنى بىلىدۇ. مۇقاتىل ﴿وَإِذَا ٱلسَّمَآءُ كُشِطَتۡ﴾ دېگەن ئايەتنى «ئاسماننىڭ پەردىسى ئېچىلغان چاغدا» دەپ تەپسىر قىلغان[2]. ﴿لَّقَدۡ كُنتَ فِي غَفۡلَةٖ مِّنۡ هَٰذَا فَكَشَفۡنَا عَنكَ غِطَآءَكَ فَبَصَرُكَ ٱلۡيَوۡمَ حَدِيدٞ﴾ يەنى ﴿(ئۇنىڭغا) «(ئى ئىنسان!) سەن بۇ كۈندىن غەپلەتتە ئىدىڭ، سەندىن (كۆزۈڭدىكى) پەردىڭنى كۆتۈرۈۋەتتۇق، بۈگۈن كۆزۈڭ ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى» (دېيىلىدۇ)﴾[3]. چۈنكى، پەردىلەر ئېچىلىپ هەممە نەرسە ئاشكارا بولغان چاغدا، ئىنساننىڭ بارلىق ئەمەللىرىمۇ ئوچۇق-ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئىنسان بۇرۇن بىلمىگەنلىرىنى بىلىدۇ، بۇرۇن كۆرمىگەنلىرىنى كۆرىدۇ[4].

قىيامەتنىڭ باشلىنىشىدا بولىدىغان ئىشلار توغرۇلۇق قاف سۈرىسىدە كەلگەن بايانلار بۇ سۈرىدە بىر ئاز تەپسىلىي بايان قىلىنغان. مەسىلەن: قاف سۈرىسىدە: ﴿وَنُفِخَ فِي ٱلصُّورِۚ ذَٰلِكَ يَوۡمُ ٱلۡوَعِيدِ﴾ يەنى ﴿سۇر چېلىنىدۇ،

---

[1] «التفسير الكبير للرازي» 16ـ توم، 64ـ بەت.
[2] «تفسير البغوي» 8ـ توم، 348ـ بەت.
[3] قاف سۈرىسى:22ـ ئايەت.
[4] «التفسير الواضح» 3ـ توم، 829ـ بەت.

ئەنە شۇ (كاپىرلار) ئاگاھلاندۇرۇلغان كۈندۇر﴾ [1] دەپ كەلگەن بولسا، بۇ سۈرىدە: ﴿كۈننىڭ نۇرى ئۆچۈرۈلگەن چاغدا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا، تاغلار سۈرۈلدۈرۈلگەن چاغدا، بوغاز تۆگىلەر ئىگىسىز تاشلىۋېتىلگەن چاغدا، ياۋايى ھايۋانلار توپلانغان چاغدا، دېڭىزلار ئوت بولۇپ يانغان چاغدا، جانلار (تەنلەر بىلەن) قوشۇلغان چاغدا﴾ دەپ تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

يەنە بۇ سۈرىدە قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ئىشلاردىن قىز بوۋاقلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە سورىلىشى، جەھەننەمنىڭ قىزىتىلىشى ۋە جەننەتنىڭ مۆئمىنلەرگە يېقىن قىلىنىشى قاتارلىقلارنى بايان قىلىش بىلەن كۇپايىلەنگەن. ئەمما قاف سۈرىسىدە بۇلار تەپسىلىي
بايان قىلىنغان. مەسىلەن: ﴿وَجَآءَتۡ كُلُّ نَفۡسٖ مَّعَهَا سَآئِقٞ وَشَهِيدٞ ٢١ لَّقَدۡ
كُنتَ فِي غَفۡلَةٖ مِّنۡ هَٰذَا فَكَشَفۡنَا عَنكَ غِطَآءَكَ فَبَصَرُكَ ٱلۡيَوۡمَ حَدِيدٞ ٢٢
وَقَالَ قَرِينُهُۥ هَٰذَا مَا لَدَيَّ عَتِيدٌ ٢٣ أَلۡقِيَا فِي جَهَنَّمَ كُلَّ كَفَّارٍ عَنِيدٖ ٢٤ مَّنَّاعٖ
لِّلۡخَيۡرِ مُعۡتَدٖ مُّرِيبٍ ٢٥ ٱلَّذِي جَعَلَ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ فَأَلۡقِيَاهُ فِي ٱلۡعَذَابِ
ٱلشَّدِيدِ ٢٦ ۞ قَالَ قَرِينُهُۥ رَبَّنَا مَآ أَطۡغَيۡتُهُۥ وَلَٰكِن كَانَ فِي ضَلَٰلِۭ بَعِيدٖ ٢٧ قَالَ
لَا تَخۡتَصِمُواْ لَدَيَّ وَقَدۡ قَدَّمۡتُ إِلَيۡكُم بِٱلۡوَعِيدِ ٢٨ مَا يُبَدَّلُ ٱلۡقَوۡلُ لَدَيَّ وَمَآ أَنَا۠
بِظَلَّٰمٖ لِّلۡعَبِيدِ ٢٩ يَوۡمَ نَقُولُ لِجَهَنَّمَ هَلِ ٱمۡتَلَأۡتِ وَتَقُولُ هَلۡ مِن مَّزِيدٖ ٣٠
وَأُزۡلِفَتِ ٱلۡجَنَّةُ لِلۡمُتَّقِينَ غَيۡرَ بَعِيدٍ ٣١ هَٰذَا مَا تُوعَدُونَ لِكُلِّ أَوَّابٍ حَفِيظٖ ٣٢
مَّنۡ خَشِيَ ٱلرَّحۡمَٰنَ بِٱلۡغَيۡبِ وَجَآءَ بِقَلۡبٖ مُّنِيبٍ ٣٣ ٱدۡخُلُوهَا بِسَلَٰمٖۖ ذَٰلِكَ يَوۡمُ
ٱلۡخُلُودِ ٣٤ لَهُم مَّا يَشَآءُونَ فِيهَا وَلَدَيۡنَا مَزِيدٞ﴾ يەنى ﴿ھەر ئىنسان (ھېساب
مەيدانىغا) بىر ھەيدىگۈچى ۋە بىر گۇۋاھچى بىللە بىلەن كېلىدۇ. (ئۇنىڭغا) «(ئى ئىنسان!) سەن بۇ كۈندىن غەپلەتتە ئىدىڭ، سەندىن (كۆزۈڭدىكى) پەردىڭنى كۆتۈرۈۋەتتۇق، بۈگۈن كۆزۈڭ ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى» (دېيىلىدۇ). ئۇنىڭغا مەسئۇل بولغان پەرىشتە: «مانا بۇ (نامە-ئەمەل) مېنىڭ ئالدىمدا تەيياردۇر» دەيدۇ. (ئاللاھ ئۇ ئىككى پەرىشتىگە ئەمر قىلىپ:) «كۇفرىدا چىڭ تۇرغۇچى، ياخشىلىقتىن توسقۇچى، ھەددىدىن ئاشقۇچى، (دىنغا) شەك كەلتۈرگۈچى، ئاللاھقا باشقا مەبۇدنى شېرىك قىلغۇچى ھەربىر كاپىرنى جەھەننەمنىڭ ئىچىگە -شىددەتلىك ئازابنىڭ ئىچىگە ئېتىڭلار» (دەيدۇ). ئۇنىڭ ھەمراھى (بولغان شەيتان): «ئى رەببىمىز! مەن ئۇنى ئازدۇرمىدىم، لېكىن ئۇ ئۆزى چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا

[1] قاف سۈرىسى:20-ئايەت.

ئىدى» دەيدۇ. ئاللاھ: «مېنىڭ ئالدىمدا دەۋالاشماڭلار، سىلەرنى مەن ئالدىنئالا ئاگاھلاندۇرغان ئىدىم، مېنىڭ دەرگاھىمدا سۆز ئۆزگەرمەيدۇ، مەن بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەسمەن» دەيدۇ. ئۇ كۈندە بىر جەھەننەمگە: «توشتۇڭمۇ؟» دەيمىز، جەھەننەم: «يەنە بارمۇ؟» دەيدۇ. جەننەت تەقۋادارلارغا يىراق بولمىغان بىر جايغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ. (ئۇلارغا) «سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان (جەننەت) مۇشۇدۇر، (بۇ) ئاللاھقا يۈزلەنگەن، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان، خىلۋەتتە رەھماندىن قورققان ۋە ئىخلاسمەن قەلب بىلەن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە خاستۇر. سىلەر جەننەتكە ئامان-ئېسەن كىرىڭلار، بۇ مەڭگۈ قېلىش كۈنىدۇر» (دېيىلىدۇ). جەننەتتە ئۇلارغا خالىغان نەرسىلەر بار ۋە بىزنىڭ ھوزۇرىمىزدا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق نېمەت بار ﴾[1]. دېمەك، بۇ ئىككى سۈرە قىيامەتنىڭ مۇقەددىمىلىرىنى ۋە ئۇ كۈندە بولىدىغان ئىشلارنى بايان قىلىشتا بىر-بىرىنى تولۇقلىغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەت كائىناتتىكى نىزامنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن باشلىنىدۇ ۋە ھەممە نەرسە ئۆز ئورنىدىن يۆتكىلىپ كېتىدۇ، نۇرغۇنلىرى توپا-توزانغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

2. ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى جەننەت بولسا، كۇفرى ۋە گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى دوزاختۇر.

### ◄ «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر

﴿فَلَآ أُقۡسِمُ بِٱلۡخُنَّسِ ١٥ ٱلۡجَوَارِ ٱلۡكُنَّسِ ١٦ وَٱلَّيۡلِ إِذَا عَسۡعَسَ
١٧ وَٱلصُّبۡحِ إِذَا تَنَفَّسَ ١٨ إِنَّهُۥ لَقَوۡلُ رَسُولٖ كَرِيمٖ ١٩ ذِي قُوَّةٍ
عِندَ ذِي ٱلۡعَرۡشِ مَكِينٖ ٢٠ مُّطَاعٖ ثَمَّ أَمِينٖ ٢١ وَمَا صَاحِبُكُم
بِمَجۡنُونٖ ٢٢ وَلَقَدۡ رَءَاهُ بِٱلۡأُفُقِ ٱلۡمُبِينِ ٢٣ وَمَا هُوَ عَلَى ٱلۡغَيۡبِ
بِضَنِينٖ ٢٤ وَمَا هُوَ بِقَوۡلِ شَيۡطَٰنٖ رَّجِيمٖ ٢٥ فَأَيۡنَ تَذۡهَبُونَ ٢٦ إِنۡ
هُوَ إِلَّا ذِكۡرٞ لِّلۡعَٰلَمِينَ ٢٧ لِمَن شَآءَ مِنكُمۡ أَن يَسۡتَقِيمَ ٢٨ وَمَا

---

[1] قاف سۈرىسى: 21-35- ئايەتلەر.

تَشَآءُونَ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ رَبُّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٢٩﴾

### تەرجىمىسى

15-16- كۆندۈزى كۆرۈنمەيدىغان ۋە پاتىدىغان ۋاقتىدا يوشۇرۇنىدىغان سەييارە يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم قىلىمەن،

17-قاراڭغۇلۇقنى ئېلىپ كەلگەن كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەن،

18-يورۇشقا باشلىغان سۈبھى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

19-ئەلچىلىكنى (قۇرئان) ھۆرمەتلىك بىر ئەلچى (جىبرىل ئاللاھتىن) ئېلىپ كەلگەن سۆزدۇر.

20-(ئۇ ئەلچى) كۈچلۈكتۇر، ئەرشنىڭ ئىگىسى (بولغان ئاللاھ)نىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىلىكتۇر.

21-ئۇ بۇ يەردە (يەنى ئاسماندا پەرىشتىلەر تەرىپىدىن) ئىتائەت قىلىنغۇچىدۇر، (ۋەھىيگە) ئىشەنچلىكتۇر.

22-سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (مۇھەممەد) مەجنۇن ئەمەس.

23-شەكسىزكى، ئۇ جىبرىلنى روشەن ئۇپۇقتا كۆردى.

24-ئۇ غەيبكە (يەنى ۋەھيىنى يەتكۈزۈشكە) بېخىل ئەمەستۇر.

25-بۇ (قۇرئان) قوغلاندى شەيتاننىڭ سۆزى ئەمەستۇر.

26-(شۇنداق تۇرسا)، سىلەر نەگە كېتىپ بارىسىلەر؟

27-28- بۇ (قۇرئان) پۈتۈن ئالەملەر ئۈچۈن، بولۇپمۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى توغرا يولدا بولۇشنى خالايدىغانلار ئۈچۈن پەقەتلا ۋەز-نەسىھەتتۇر.

29-پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ خالىغان چاغدىلا سىلەر (شۇ يولنى تۇتۇشنى) خالىيالايسىلەر.

### تەپسىرى

ئەرەبلەر ئادەتتە ناھايىتى ئېنىق بىر ئىشنى ئىسپاتلىماقچى بولۇپ قەسەم قىلسا، قەسەمنىڭ بېشىغا ﴿لَآ﴾ ھەرپىنى قوشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ئىسپاتلىماقچى بولغان ئىشنىڭ ناھايىتى ئېنىق بولغانلىقتىن، قەسەم بىلەن تەكىتلەشكە ھاجىتى يوقلۇقىغا ئىشارەت قىلىش ئۈچۈندۇر.

بۇنىڭغا بىنائەن، بۇ ئايەتتىكى ﴿لَآ﴾ «يوق» ياكى «ياق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرمەيدۇ. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر قەسەم ئايەتلىرىنىڭ بېشىدىكى ﴿لَآ﴾ نىڭ ئىستاتلىماقچى بولغان نەرسىنىڭ مۇھىملىقىغا ئىشارەت قىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئاللاھ تائالانىڭ كۈندۈز، كېچە، يۇلتۇز، قۇياش، ئاي قاتارلىق شەيئىلەر بىلەن قەسەم قىلىشى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ۋە دېمەكچى بولغان سۆزنىڭ مۇھىملىقىغا ئىشارەت قىلىش ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، كۈندۈزى كۆرۈنمەيدىغان، پاتىدىغان ۋاقتىدا كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇنىدىغان، كېچىسى ئۆز ئوربىتىسىدا ئاشكارا بولىدىغان سەييارە يۇلتۇزلار بىلەن، قاراڭغۇلۇقىنى ئېلىپ كېلىدىغان كېچە بىلەن، يورۇشقا باشلىغان سۈبھى بىلەن قەسەم قىلىپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھۆرمەتلىك، كۈچلۈك ۋە ئېتىبارلىق پەرىشتە جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ كەلگەن ئىلاھىي كىتاب ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

مۇپەسسىرلەر ﴿إِنَّهُۥ لَقَوۡلُ رَسُولٖ كَرِيمٖ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ھۆرمەتلىك ئەلچىنىڭ جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. بۇ ئايەتتە «قۇرئان كەرىم»نى جىبرىلغا مەنسۇپ قىلغانلىق ئەمەلىيەتتە ئۇنى جىبرىلنىڭ سۆزى دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالادىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ كەلگەن سۆز دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» شەكسىز ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر. مەلۇمكى، پەرىشتە جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئالاھىدە ھۆرمەتكە ۋە ئېتىبارغا سازاۋەر بولغان، كۈچ-قۇۋۋەتتە ۋە ئەقىل-پاراسەتتە ئالاھىدە ئۈستۈن يارىتىلغان، باشقا پەرىشتىلەرنى ئۆزىگە ئەتائەت قىلدۇرىدىغان بىر پەرىشتىدۇر. ئاللاھ تائالا جىبرىلنى نەجم سۈرىسىدە: ﴿عَلَّمَهُۥ شَدِيدُ ٱلۡقُوَىٰ﴾ يەنى ﴿ۋەھيىنى ئۇنىڭغا ناھايىتى كۈچلۈك پەرىشتە (جىبرىل ئۆگەتتى﴾ [1] دەپ سۈپەتلىگەن. ئېنىقكى، ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ ئىتائەتچان بەندىلەر بولۇپ، خۇسۇسەن، جىبرىل ئەلەيھىسسالام ۋەھيىنى پەيغەمبەرلەرگە ئۆز ئەينى يەتكۈزۈشتە ئەڭ ئىشەنچلىك يارىتىلغان پەرىشتىدۇر. ئايەتتە جىبرىل ئەلەيھىسسالامنى تەرىپلەشتىن مەقسەت ۋەھيىنىڭ ساغلاملىقىنى، ئۇنىڭ ۋەھيىنى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەينەن يەتكۈز-

[1] نەجم سۈرىسى:5-6-ئايەتلەر.

گەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر.

ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىلىك مۇشرىكلار تۆھمەت قىلغانىدەك مەجنۇن (ئەقلىدىن ئازغان) ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەقلى جايىدا، گەپ-سۆزلىرى ئورۇنلۇق ۋە توپتوغرا يولدىكى بىر پەيغەمبەردۇر. ئۇ ئۆزىگە ۋەھيى ئېلىپ كەلگەن پەرىشتە جىبرىلنى ناھايىتى ياخشى تونۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىراج كېچىسى ئۇنى ئەسلى سۈرىتىدە يۇقىرى ئۇپۇقتا كۆرگەن ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋەھيىگە خىيانەت قىلىدىغان ياكى ئۇنى تولۇق يەتكۈزمەيدىغان كىشى ئەمەس، بەلكى ئۇ سۆزىدە ۋە ئەمەلىيىتىدە ئەڭ راستچىل زاتتۇر. ئۇنىڭ يەتكۈزگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتتۇر. بۇ قۇرئانمۇ ھەرگىز قوغلاندى شەيتانلارنىڭ سۆزى ئەمەس، پالچىلارنىڭ ياكى سېھىرگەرلەرنىڭ سۆزىمۇ ئەمەس، ئۇ قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرى ئېخىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ سۆزىدۇر.

ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سىلەر بۇ ئوپئوچۇق ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈپ نەگە بارماقچىسىلەر؟ قايسى يولنى تۇتماقچىسىلەر؟ نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟ سىلەرنىڭ بارلىق تۆھمەتلىرىڭلارغا رەددىيەلەر بېرىلىپ، ئويلىغانلى-رىڭلارنىڭ خاتالىقى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزۈڭلارنىڭ يولسىزلىقى ئاشكا-رىلانغاندىن كېيىن، ئەمدى نەگە بارىسىلەر؟ نېمە قىلىسىلەر؟

بۇ قۇرئان پۈتۈن ئىنسانلارغا ئۆگۈت، ۋەز-نەسىھەت، ئىبرەت ۋە ئىمان ئېيتقانلارغا كاتتا شان-شەرەپتۇر. توغرا يولدا يۈرۈشنى خالايدىغانلار ئۇنىڭدىن ئۆگۈت ئالىدۇ ۋە پايدىلىنىدۇ. يەنى «قۇرئان كەرىم»دىن پەقەت ھەقىقەتنى ئىزدىگەن ۋە ئىسلامغا كىرىشنى خالىغان كىشىلەرلا مەنپەئەت ئالالايدۇ. ئەمما باشقىلار ئۇنىڭدىن نېسىۋە ئالالمايدۇ. چۈنكى، مۇنداقلار قەلبى پېچەتلەنگەن، كۆزى پەردىلەنگەن، قۇلاقلىرى ئېغىرلاشتۇرۇلغان كىشىلەردۇر. شۇڭا ھەقىقەتنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ قەلبىگە كىرەلمەيدۇ، ئۇلار قۇرئاننىڭ ھىدايىتىدىن پايدا ئالالمايدۇ.

ئەمدى بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىدۇ، ئىنساننىڭ خاھىشى مۇتلەق خاھىشمۇ ياكى چەكلىكمۇ؟ جاۋاب شۇكى، ئىنساننىڭ خاھىشى چەكلىك بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ئاستىدىكى خاھىشتۇر، يەنى ئىنسان بىر ئىشنى خالىغان بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا يول قويمىسا، بۇ ئىشنى قىلالمايدۇ، دېگەنلىك. ئاللاھ تائالا ئىنساندا ياخشىلىقنى ياكى يامانلىقنى ئىختىيار قىلىش خاھىشىنى ياراتقان بولۇپ، ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى، ئىنساندىن بۇ خاھىشنى ئېلىپ

تاشلىغان بولاتتى. ئۇ چاغدا ئىنساندا ئىختىيار بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قىلغان ئىشلىرىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلمىغان بولاتتى. ئەمما ئىنساندا ئەقىل بار، ئىختىيار قىلىش ۋە تاللاش ھەققى بار. شۇڭا ئۇ قىلغان ياخشى ۋە يامان ئىشلىرىدىن جاۋابكاردۇر.

بارچە ئالەملەرنى ياراتقان زات ئىنسانىنى ۋە ئىنساندىكى ئىختىيار قىلىش، تاللاش، ئىرادە قىلىش ئىقتىدارىنىمۇ ياراتقانلىقى ئۈچۈن، خۇددى ئىنساننىڭ ھاياتى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولغاندەك، ئۇنىڭ ئىرادىسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە باغلىقتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا خالىمىسا، ئىنساننىڭ خالىغىنى بىكار. مانا بۇ ﴿پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ خالىغان چاغدىلا سىلەر (شۇ يولنى تۇتۇشنى) خالىيالايسىلەر﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دائىملىق مۆجىزىسىدۇر.

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيىنى ئېلىپ كەلگەن پەرىشتە جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئىشەنچلىك پەرىشتىدۇر.

3. بەندىنىڭ ئىرادىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىرادە قىلمىغۇچە ھېچكىم ھېچبىر ئىشنى قىلالمايدۇ.

# ئىنفىتار سۈرىسى

ئىنفىتار سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 19 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىش ۋە قىيامەت كۈنى ھەققىدىكى بايانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. يەنە بەزى ئىنسانلارنىڭ تۇزكورلۇقى، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا ئاسىيلىق قىلىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى مەخسۇس پەرىشتىلەرنىڭ يېزىپ تۇرىدىغانلىقى، ئاخىرىدا ئىنساننىڭ بارىدىغان يېرى يا جەننەت ياكى دوزاخ بولىدىغانلىقى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: مەۋجۇداتنىڭ تەبىئىي ھالىتىدىن ئۆزگىرىشى، كائىنات نىزامىنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى بايان قىلىش ئارقىلىق قىيامەت قايىم بولىدىغان كۈننى تەسۋىرلەشتىن ئىبارەتتۇر.

سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿ٱنفَطَرَتۡ﴾ «يېرىلدى» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿إِذَا ٱلسَّمَآءُ ٱنفَطَرَتۡ ١ وَإِذَا ٱلۡكَوَاكِبُ ٱنتَثَرَتۡ ٢ وَإِذَا ٱلۡبِحَارُ
فُجِّرَتۡ ٣ وَإِذَا ٱلۡقُبُورُ بُعۡثِرَتۡ ٤ عَلِمَتۡ نَفۡسٞ مَّا قَدَّمَتۡ
وَأَخَّرَتۡ ٥ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡإِنسَٰنُ مَا غَرَّكَ بِرَبِّكَ ٱلۡكَرِيمِ ٦ ٱلَّذِي
خَلَقَكَ فَسَوَّىٰكَ فَعَدَلَكَ ٧ فِيٓ أَيِّ صُورَةٖ مَّا شَآءَ رَكَّبَكَ ٨ كَلَّا
بَلۡ تُكَذِّبُونَ بِٱلدِّينِ ٩ وَإِنَّ عَلَيۡكُمۡ لَحَٰفِظِينَ ١٠ كِرَامٗا
كَٰتِبِينَ ١١ يَعۡلَمُونَ مَا تَفۡعَلُونَ ١٢ إِنَّ ٱلۡأَبۡرَارَ لَفِي نَعِيمٖ ١٣ وَإِنَّ
ٱلۡفُجَّارَ لَفِي جَحِيمٖ ١٤ يَصۡلَوۡنَهَا يَوۡمَ ٱلدِّينِ ١٥ وَمَا هُمۡ عَنۡهَا

بِغَآئِبِينَ ﴿١٦﴾ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا يَوْمُ ٱلدِّينِ ﴿١٧﴾ ثُمَّ مَآ أَدْرَىٰكَ مَا يَوْمُ
ٱلدِّينِ ﴿١٨﴾ يَوْمَ لَا تَمْلِكُ نَفْسٌ لِّنَفْسٍ شَيْـًٔا ۖ وَٱلْأَمْرُ يَوْمَئِذٍ لِّلَّهِ ﴿١٩﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئاسمان يېرىلغان چاغدا،

2ـ يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا،

3ـ دېڭىزلار پارتلاپ بىر-بىرىگە قوشۇلغان چاغدا،

4ـ قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر (تىرىلدۈرۈلۈپ) چىقىرىلغان چاغدا،

5ـ ھەربىر ئادەم ئىلگىرى-كېيىن قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ.

6ـ8ـ ئى (كاپىر) ئىنسان! سېنى يارىتىپ، (ئەزالىرىڭنى) بېجىرىم، قامەتىڭنى تۈز قىلغان، سېنى ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزگەن كەرەملىك رەببىڭگە ئاسىيلىق قىلىشقا سېنى نېمە ئالداپ قويدى؟

9ـ(ئى كاپىرلار!) ئەمەلىيەتتە ھەرگىز سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، بەلكى سىلەر ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر.

10ـ11ـ شەكسىزكى، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى، (قىلمىشىڭلارنى) يېزىپ تۇرغۇچى، ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بار.

12ـ ئۇلار سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.

13ـ شەكسىزكى، ياخشىلار ئەلۋەتتە جەننەتتە بولىدۇ.

14ـ گۇناھكارلار چوقۇم دوزاختا بولىدۇ.

15ـ ئۇلار ئۇ دوزاخقا قىيامەت كۈنى كىرىدۇ.

16ـ ئۇلار دوزاختىن (ھېچقاچان) ئايرىلالمايدۇ.

17ـ سەن قىيامەت كۈنىنىڭ قانداق كۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

18ـ راستتىنلا سەن قىيامەت كۈنىنىڭ قانداق كۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

19ـ ئۇ ھېچكىم ھېچكىمگە قىلچە ئىگە بولالمايدىغان كۈندۇر، ئۇ كۈندە

هۆكۈم قىلىش تامامەن ئاللاھقا خاستۇر.

### تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم» ئىنسانغا قىيامەت كۈنىنى ۋە ئۇ كۈندە بولىدىغان ئىشلارنى، خۇسۇسەن، ئۇ كۈندە ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان بارلىق ياخشى-يامان ئەمەللىرى ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، بۇنىڭغا قارىتا مۇكاپات ۋە جازا بېرىلىدىغانلىقىنى قايتا-قايتا ئەسكەتكەن. «قۇرئان كەرىم» بۇلارنى ھەر قېتىم ئىنسانلارغا ئەسلەتمەكچى بولغىنىدا، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قىيامەتنىڭ دەھشەتلىك ئەھۋالىنى، ئۇ كۈندىكى قىيىنچىلىقلارنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن مۇسۇلمان ئادەم ھەر قېتىم ﴿ئاسمان يېرىلغان چاغدا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا، دېڭىزلار پارتلاپ بىر-بىرىگە قوشۇلغان چاغدا، قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر (تىرىلدۈرۈلۈپ) چىقىرىلغان چاغدا﴾ دېگەن ئايەتلەرنى ئاڭلىغىنىدا ياكى ئوقۇغىنىدا، قىيامەت كۈنىدىن قورقۇش تۇيغۇسىدا بولىدۇ ۋە شۇ لەھزىلەردە بۇ ئايەتلەر ئۈستىدە ئويلىنىدۇ، تەپەككۇر قىلىدۇ.

ئاسمان يېرىلغان، كېشىلەرگە كېچىدە يورۇقلۇق بېرىدىغان شۇ گۈزەل يۇلتۇزلار خۇددى يىپى ئۈزۈلۈپ كەتكەن مارجانلار چېچىلىپ كەتكەندەك چېچىلىپ ھەر يانغا تۆكۈلگەن، زېمىن قاتتىق تەۋرەپ كەتكەن، ئۇنىڭ ھەر تەرىپى بۇزۇلغان، دېڭىزلار ۋە ئوكيانلار پارتلاپ بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن، ئاندىن بارلىق دېڭىزلار بىردىنلا ئوت دولقۇنىغا ئايلىنىپ كەتكەن، بىر تەرەپتىن قەبرىلەر يېرىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۆلۈكلەر چىقىرىلغان، كىشىلەرنىڭ نامە-ئەمەللىرى ئۆز قوللىرىغا بېرىلگەن چاغدا، ھەركىم ئۆزىنىڭ بۇ كۈن ئۈچۈن ياخشىلىقتىن ۋە يامانلىقتىن نېمىلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ.

ئىست ساڭا ئى كاپىر ئىنسان! سېنى نېمە ئالداپ قويدى؟ سېنىڭ شۇ رەھىم-شەپقەتلىك، پەزل-كەرەملىك رەببىڭگە ئاسىيلىق قىلىشىڭغا ۋە بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيانىڭ لەززەتلىرىگە ئالدىنىپ رەببىڭنى ئۇنتۇشۇڭغا نېمە سەۋەب بولدى؟ ھالبۇكى، سەن قىيامەت كۈندە بولىدىغان ئىشلارنى ئوبدان بىلىسەن، قىلغان-ئەتكەنلىرىڭدىن بىر-بىرلەپ ھېساب بېرىدىغانلىقىڭنىمۇ بىلىسەن، سەن قانداقلارچە رەببىڭگە ئاسىيلىق قىلىش يولىنى تۇتتۇڭ؟ سېنى يوقتىن ياراتقان، ئاندىن ساڭا دۇنيادا ھاياتلىقنى

تەقدىر قىلغان، سېنى چىرايلىق بىر شەكىلگە كىرگۈزگەن، ئەزالىرىڭنى بىجىرىم، ساق، قامىتىڭنى تۈپتۈز ۋە راۋرۇس قىلغان شۇ رەھىم-شەپقەتلىك ۋە پەزل-كەرەملىك رەببىڭگە ئاسىيلىق قىلىشىڭغا سەۋەب بولغان نەرسە زادى نېمە؟

ئى ئىنسان! سەن ھەرگىز ئالدانما، ئەمەلىيەت سەن ئويلىغاندەك ئەمەس، يەنى قىيامەت چوقۇم بولىدۇ. شۇڭا سەن بۇنداق مەغرۇرلۇقتىن ۋە ئۆتكۈنچى دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىگە ۋە لەززەتلىرىگە ئالدىنىپ ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىشتىن ۋاز كەچكىن، ئاخىرەتتە رەببىڭنىڭ ئالدىغا ھازىر قىلىنىدىغانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قالما!

ئى كاپىرلار! سىلەر ئەسلىدە قىيامەت كۈنىنى يالغان دەپ ئويلايسىلەر، ئۇنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيسىلەر، شۇڭا ئۇنى ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر، قىيامەت توغرۇلۇق ئېيتىلغان ھەق سۆزلەرنىمۇ ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر، شۇنچە چىرايلىق ۋەز-نەسىھەتلەرگىمۇ قۇلاق سالمايۋاتىسىلەر. شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، سىلەرنىڭ بۇ قىلمىشىڭلار ھەرگىز جازاسىز قالمايدۇ. چۈنكى، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا، كېچە-كۈندۈز ۋە ھەر ۋاقىت سىلەرنى كۆزىتىدىغان، بارلىق قىلمىشىڭلارنى بىر-بىرلەپ يېزىپ تۇرۇۋاتقان، ئىشەنچلىك ۋە رەببىنىڭ دەرگاھىدا ئالاھىدە ھۆرمەتكە ئىگە پەرىشتىلەر بار. قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ بارلىق قىلمىشىڭلار ئالدىڭلارغا قويۇلىدۇ. ئۇ چاغدا، سىلەر ھېچبىر قىلمىشىڭلارنى ئىنكار قىلالمايسىلەر، ھەممە گۇناھىڭلارنى ئىقرار قىلىسىلەر ۋە قاتتىق پۇشايمان قىلىسىلەر. ئەمما ئۇ چاغدا قىلغان پۇشايماننىڭ قىلچە پايدىسى بولمايدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەر﴿بَلۡ تُكَذِّبُونَ بِٱلدِّينِ﴾ دېگەن ئايەتكە «ئى كاپىرلار! ئەمەلىيەتتە سىلەر دىنىنى ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر» دەپ مەنە ئېيتقان بولۇپ، بۇنداق بولغاندا، ئايەتتىن كاپىرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان بولىدۇ. ئەمما ئەللامە تەبەري، قۇرتۇبىي، بەغەۋىي قاتارلىق مۇپەسسىرلەر مۇجاھىدنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلىنىپ، ئايەتتىكى ﴿ٱلدِّينِ﴾ دېگەن سۆزگە «قىيامەت كۈنى» دەپ مەنە ئېيتقان. ﴿ٱلدِّينِ﴾ دېگەن سۆزگە مەيلى ئىسلام دىنى دەپ مەنە ئېيتايلى ياكى قىيامەت كۈنى دەپ مەنە ئېيتايلى، ھەممىسى كاپىرلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ۋەھيىنى ئىنكار قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

پەرىشتىلەرنىڭ نامە-ئەمەللەرنى يېزىپ، خاتىرىلەپ تۇرۇشىنىڭ پايدىسى شۇكى، قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب مەيدانىدا نامە-ئەمەللەر

ئوقۇلىدۇ، ئوقۇلغاندىمۇ ھەركىم ئۆزىنىڭ نامە-ئەمەلىنى ئۆزى ئوقۇيدۇ، گۇناھكارلار ئۆز قىلمىشلىرىنى ئىقرار قىلىدۇ، تېنىۋالمايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ياخشىلار نېمەتلىك جەننەتلەرگە كىرىدۇ، يامانلار ئازابلىق دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

ياخشىلار دېگەن كىملەر؟ ياخشىلار ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەرىشتىلىرىگە ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ، ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ھاياتىنى شۇ ئىماننىڭ تەقەززاسىغا لايىق رەۋىشتە رەتكە سېلىپ، ئىماننىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق ھالدا ھايات كەچۈرگەن، ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلغان، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلغان، ئۈستىدىكى ئىنسانلىق ۋە مۇسۇلمانلىق بۇرچىنى تولۇق ئورۇندىغان، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان پەرزلەرنى تولۇق ئورۇنداپ، توسقان يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرغان، ھاياتى پارلاق، كېلەچىكى نۇرلۇق كىشىلەردۇر. ئەمما يامانلار يۇقىرىقىلارنىڭ تامامەن ئەكسىنى قىلغانلاردۇر.

﴿سەن قىيامەت كۈنىنىڭ قانداق كۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ راستتىنلا سەن قىيامەت كۈنىنىڭ قانداق كۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟﴾

بۇ بەزى ئىنسانلارنىڭ مۇشۇنداق بىر شىددەتلىك كۈنىنىڭ ئەھۋالىدىن بىغەم ياشاۋاتقانلىقىغا ۋە ئۇ كۈننىڭ ئازابىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھېچبىر تىرىشچانلىق كۆرسەتمەيۋاتقانلىقىغا ئەجەبلەنگەنلىكتىن قويۇلغان سوئالدۇر. يەنى ئىنسان قىيامەت كۈنىنىڭ شۇنداق دەھشەتلىك كۈن ئىكەنلىكىنى بىلسە، ھەرگىز بۇنداق غەپلەتتە ياشىمايتتى، شۇ كۈندە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلاتتى. قىيامەت كۈندە ھەرقانداق ئادەمگە ئۆزىنىڭ ئىماندىن ۋە ئەمەلىدىن باشقا نەرسە ئەسقاتمايدۇ. بىراۋ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىگىمۇ قىلچە پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇ كۈندىكى ھۆكۈم ھەممىگە غالىب، تەڭداشسىز، قۇدرەتلىك، يېگانە ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئۇ كۈندە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھۆكۈم قىلغۇچى يوقتۇر. چۈنكى، ئۇ كۈندە يېگانە ھاكىم ئاللاھ تائالادۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرىنچى قېتىم سۇر چېلىشى بىلەن كائىنات ۋەيران بولۇپ، ئۇنىڭدىكى جانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدىغانلىقى، ئاندىن ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم سۇر چېلىشى بىلەن بارلىق خالايىقنىڭ تىرىلىدىغانلىقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر.

2. بىرەر يامان ئىشنى باشلاپ قويۇپ كەتكەن ئادەم ئۆزىنىڭ گۇناھىغا قوشۇپ، شۇ يامان ئىشنى قىلغانلارنىڭ گۇناھىنىمۇ ئۈستىگە ئالىدۇ.

3. يەر يۈزىدىكى بارلىق يامانلىقلارنىڭ ۋە بارلىق جىنايەتلەرنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىدىن بىرى ئاخىرەتكە ئىشەنمەسلىكتۇر. چۈنكى، قىلمىشلىرىدىن ھېساب بېرىشكە ئىشەنگەن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قورقىدۇ ۋە يامانلىقتىن ۋاز كېچىدۇ.

4. ھەربىر ئىنساننىڭ ئۇلۇغ ۋە سول مۈرىسىدە ئىككى پەرىشتىنىڭ ئۇنىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىنى يېزىپ تۇرىدىغانلىقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر.

5. قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالانىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىم ھېچكىمگە شاپائەت قىلالمايدۇ.

# مۇتەففىفىن سۈرىسى

مۇتەففىفىن سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 36 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىدە ئۆلچەمدە ئادىل ۋە دۇرۇس بولماسلىق، قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمەسلىك، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش، «قۇرئان كەرىم»گە تىل تەككۈزۈش قاتارلىق قىلمىشلار ۋە مۇنداق قىلغۇچىلارنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى، ئاخىردا ياخشىلارنىڭ مۇكاپاتى بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئۆلچەمدە، تارازىدا كەم بەرگۈچىلەرنى ۋە قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿ٱلْمُطَفِّفِينَ﴾ «(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەر» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿وَيۡلٞ لِّلۡمُطَفِّفِينَ ١ ٱلَّذِينَ إِذَا ٱكۡتَالُواْ عَلَى ٱلنَّاسِ يَسۡتَوۡفُونَ ٢
وَإِذَا كَالُوهُمۡ أَو وَّزَنُوهُمۡ يُخۡسِرُونَ ٣ أَلَا يَظُنُّ أُوْلَٰٓئِكَ أَنَّهُم
مَّبۡعُوثُونَ ٤ لِيَوۡمٍ عَظِيمٖ ٥ يَوۡمَ يَقُومُ ٱلنَّاسُ لِرَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٦
كَلَّآ إِنَّ كِتَٰبَ ٱلۡفُجَّارِ لَفِي سِجِّينٖ ٧ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا سِجِّينٞ ٨
كِتَٰبٞ مَّرۡقُومٞ ٩ وَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ١٠ ٱلَّذِينَ يُكَذِّبُونَ
بِيَوۡمِ ٱلدِّينِ ١١ وَمَا يُكَذِّبُ بِهِۦٓ إِلَّا كُلُّ مُعۡتَدٍ أَثِيمٍ ١٢ إِذَا تُتۡلَىٰ
عَلَيۡهِ ءَايَٰتُنَا قَالَ أَسَٰطِيرُ ٱلۡأَوَّلِينَ ١٣ كَلَّاۖ بَلۡۜ رَانَ عَلَىٰ قُلُوبِهِم
مَّا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ١٤﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەر قاتتىق ئازابقا دۇچار بولسۇن!

2ـ ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغاندا تولۇق ئالىدۇ،

3ـ كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەندە بولسا كەم بېرىدۇ.

4ـ 5ـ ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ؟

6ـ ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ.

7ـ ھەقىقەتەن شۇكى، گۇناھكارلارنىڭ نامە ـ ئەمەلى چوقۇم «سىججىن»دا بولىدۇ.

8ـ «سىججىن»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلىسەن؟

9ـ ئۇ (گۇناھكارلارنىڭ قىلمىشلىرى) خاتىرىلەنگەن دەپتەردۇر.

10ـ 11ـ قىيامەت كۈنىنى يالغان دېيىدىغان ئىنكارچىلارنىڭ بۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

12ـ ئۇنى پەقەت ھەددىدىن ئاشقان، گۇناھكار ئادەملا ئىنكار قىلىدۇ.

13ـ ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇ: «(بۇ) قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدۇر» دەيدۇ.

14ـ ئەمەلىيەتتە ھەرگىز ئۇلار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، بەلكى ئۇلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەنلەردۇر.

## تەپسىرى

بەزى كىشىلەر ئىنتايىن شەخسىيەتچى، بەكمۇ ئاچكۆز كېلىدۇ، ئۇلار ئۆزىدىن باشقىسىنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ھېچكىمگە بىكارغا ياخشىلىق قىلىپ قويۇشنى خالىمايدۇ، ھەممە ئىشنى ماددىغا باغلايدۇ، ئۆزىگە پايدا تەگمەيدىغان ئىشنى قىلمايدۇ، ئۆزىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ماددىدىن ئىزدەشكە ئۇرۇنىدۇ. مۇنداق كىشىلەرنىڭ مال ـ دۇنياغا بولغان ئاچكۆزلۈكى ئۇلارنىڭ ئەقىل كۆزىنى كور قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ باشقىلاردا ئېلىشى بولسا تولۇق ۋە كامىل ئالىدۇ، ئەمما باشقىلارغا بېرىشى بولسا ئامال بار كىچىكلىتىۋېتىپ بېرىدۇ، بەرگەندىمۇ كەم بېرىشكە تىرىشىدۇ. ئەگەر

تارازىدا تارتىپ بېرىدىغان نەرسە بولسا، ئۇنى چوقۇم كەم تارتىپ بېرىدۇ. ئەمما ئۆزى تارتىپ ئالىدىغاندا بولسا تولۇق تارتىپ ئالىدۇ. مۇنداق رەزىل ئىنسانلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ لەنىتى بولسۇن! ئۆلچەمدە ئادالەتلىك بولمايدىغان، ئېلىم-سېتىمدا يولسىزلىق قىلىدىغان مۇنداق رەزىل ئىنسانلارنىڭ ھالىغا ۋاي! ﴿ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغاندا تولۇق ئالىدۇ، كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەندە بولسا كەم بېرىدۇ﴾ بۇ نېمىدېگەن رەزىللىك-ھە! ئەجەبا، مۇنداق كىشىلەر قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىشتىن قورقمامدىغاندۇ؟ ياكى ئاخىرەتتىكى تىرىلىشكە ئىشەنمەمدىغاندۇ؟ ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىرىلىدىغانلىقىغا، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىغا ۋە قىلمىشلىرىدىن ھېساب بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن بولسا ئىدى، ھەرگىزمۇ مۇنداق رەزىللىكنى قىلمىغان بولار ئىدى. چۈنكى، ھالالنىڭ ھېسابىنى بېرىش شۇنچە قىيىن تۇرسا، ھارامنىڭ ئازابىغا قانداق چىدىغىلى بولسۇن؟!

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يەۋالىدىغان، ھارامدىن قورقمايدىغان ئادەملەر قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەملەردۇر. ئاخىرەتتىكى ھېساب بېرىشكە ئىشەنگەن ئادەم شۇنداق قىلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. ھەقىقەت شۇكى، زامانىمىزدا نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرەتكە ئىشىنىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ، مۇسۇلمانچە يۈرىدۇ، مۇسۇلمانچە ناماز ئوقۇيدۇ، ئەمما مۇسۇلمانچە ياشىمايدۇ، مۇسۇلمانچە مۇئامىلە قىلمايدۇ. ئۇلار ئاخىرەتكە ئىشىنىمەن دەيدۇ-يۇ، ئاخىرەتكە ئىشەنگەن مۇئمىندەك ياشىمايدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقىمەن دەيدۇ-يۇ، ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان مۇئمىندەك ئىش قىلمايدۇ.

بۇ ئايەتلەردە، كىشىلەرنى قاقتى-سوقتى قىلىدىغان، تارازىنى دۇرۇس تۇتمايدىغان، سودىدا ئادالەتلىك بولمايدىغان، ھارام يېيىشتىن قورقمايدىغان قارا كۆڭۈل ئىنسانلار ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلار بىلەن بىر ئورۇندا قويۇلغان. چۈنكى، كاپىرلار ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ھېساب بېرىشتىن قورقمايدۇ. ئۆلچەمدە ئادالەتلىك بولمايدىغان، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشتىن قورقمايدىغان ئادەمنىڭ بۇ قىلىقى ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەنلىكتىن ياكى ئۇنىڭغا شەك قىلغانلىقتىن ۋەياكى ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە ئىشەنچ قىلغانلىقتىن بولسا كېرەك. شۇ ئېنىقكى، ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش، تەۋبە-ئىستىغپارنى كۆپ ئېيتىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارىتا سادىر قىلىنغان قىلمىشلارنىڭ گۇناھى يۇيۇلىدۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ ھەققىنى تەۋبە ياكى كۆپ ئىبادەت

قىلىش بىلەن يۇيۇۋەتكىلى قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھەققىگە قارىتا قىلىنغان گۇناھلارنى خالىسا تەۋبە بىلەن، خالىسا تەۋبىسىزمۇ كەچۈرۈۋېتىدۇ، ئەمما ئىنسانلارنىڭ ھەققىگە قارىتا قىلىنغان قىلمىشلارنىڭ گۇناھىنى ئاشۇ ئىنسانلار كەچۈرمىگۈچە قەتئىي كەچۈرمەيدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىدۇر.

ھەقىقەت شۇكى، گۇناھكارلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرى ئۇلارنىڭ نامە-ئەمەل دەپتىرىگە بىر-بىرلەپ خاتىرىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا بارغان چېغىدا، قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسىدىن تەپسىلىي ھېساب بېرىدۇ ۋە تېگىشلىك جازاسىنى تولۇق تېتىيدۇ.

﴿قىيامەت كۈنىنى يالغان دېگۈچىلەرگە ئىنكارچىلارنىڭ بۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!﴾ ئۇلار ئۆزلىرى يالغان دەپ ئىشەنمىگەن قىيامەت كۈنىگە بارغاندا، ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيادا ئازغۇنلۇققا پاتقان ئەرزىمەس بىر ھايات كەچۈرگەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ ۋە قاتتىق پۇشايمان قىلىپ قوللىرىنى چىشلەيدۇ. ئەمما ئۇ چاغدا بىلگەنلىكى ۋە پۇشايمان قىلغانلىقى ئۇلارغا قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. ئۇلارغا قاتتىق ئازاب تېگىشلىك بولىدۇ.

﴿ئۇنى پەقەت ھەددىدىن ئاشقان، گۇناھكار ئادەملا ئىنكار قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەت بىزگە شۇنى ئوچۇقلاپ بېرىدۇكى، ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشەنمەسلىك ۋە قىيامەت كۈنىدىكى ھېسابنى ئىنكار قىلىش گۇناھنى كۆپ قىلىپ، ئەقىل ۋە دىنىنىڭ چەك-چېگراسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكتىن بولىدۇ. چۈنكى، گۇناھقا پاتقان، يامانلىقنى ئادەت ھالىغا كەلتۈرۈۋالغان بىر ئىنساننىڭ بۇ ئەھۋالى ئۇنىڭ قىلمىشلىرىدىن ھېساب بېرىشكە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئەگەر ئۇ قىيامەت كۈنىگە كۆڭلىدىن ئىشەنسە بۇنداق ھەددىدىن ئاشمايدۇ. بۇ يەردە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ كىشىلەرنى نۇرغۇنلىغان يولسىزلىقتىن، ناھەق ئىش قىلىشتىن ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشتىن ساقلاپ قالىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. چۈنكى، بىر دۆلەتنىڭ قانۇنىدىن قورققان ئادەم جىنايەت سادىر قىلىشتىن ساقلانغان يەردە، ئاللاھ تائالادىن راستتىنلا قورققان ئادەم گۇناھ قىلىشتىن قانداقمۇ يانمىسۇن؟! ئەگەر ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن يەرلىك قانۇنلاردىن قورققانچىلىك قورقىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ھەرگىز گۇناھ قىلمايتتى. شەكسىزكى، بۇ ئەھۋال ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدىن، ئاللاھ تائالانى تولۇق تونۇمىغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

دېمەك، ئىنسانلارنىڭ ھارام يېيىشى، يولسىزلىقنى ۋە گۇناھ-

مەئسىيەتلەرنى قورقماستىن قىلىشى ئۇلارنىڭ ئاخىرەتكە بولغان ئىمانىنىڭ يوقلۇقىدىن ياكى ئىنتايىن ئاجىزلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا ئايەتتە، تارازىدا ياكى ئۆلچەمدە ئادالەتلىك، دۇرۇس، لېكىن بولمايدىغانلار قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب بېرىشكە ئىشەنمىگەنلەر قاتارىدىن سانالغان. ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھارام يېيىشى، كىشىلەرنى قاقتى-سوقتى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردىكى ئەڭ چاتاق ئىش نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئىسلامغا مەنسۇپ قىلىپ قويۇپ، ئىسلامسىز، گاھىدا ئىمانسىز ھايات كەچۈرۈشنى ئادەت ھالىغا كەلتۈرۈۋالغانلىقىدا بولماقتا. ئەگەر ئۇلار راستتىنلا ئاخىرەتكە ئىشەنسە، ئاخىرەتنىڭ ئاشۇ قاتتىق ئازابىنى بىلىپ تۇرۇپ قانداقمۇ ھارام يېيىشكە جۈرئەت قىلالىسۇن؟!

ئاخىرەتكە ۋە ھېساب بېرىشكە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلار ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولغان «قۇرئان كەرىم»گىمۇ ئىشەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە ئوقۇپ بېرىلگەن «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى كۆزگە ئىلمايدۇ. مۇنداقلارغا ئاخىرەتنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، قىيامەت قايىم بولغاندا ھەممە خالايىق ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا چىقىرىلىدىغانلىقىنى دەلىللەپ «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلار بۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ ۋە «بۇ قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدۇر» دەيدۇ.

گەرچە مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نى ئەپسانە دەپ ئېتىقاد قىلمىسىمۇ، بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىدىن قورقمىغانلىقى ئۇلارنىڭ بۇ كىتابنى ئەپسانە ئورنىدا كۆرگەنلىكىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئەپسانىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

زامانىمىزدا ئېغىزىدا كەلىمە شاھادەتنى ئېيتىدىغان، ھەتتا بەش ۋاخ نامازنى مۇكەممەل ئوقۇيدىغان، باشقا پەرزلەرنىمۇ تولۇق ئورۇندايدىغان تۇرۇقلۇق، خۇددى ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارغا ئوخشاش ھايات كەچۈرىدىغان، تۇرمۇشىدا، مۇئامىلىسىدە، ئەخلاقىدا مۇسۇلمانلىقىنىڭ ھېچبىر ئىزناسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان مۇسۇلمانلار ئىنتايىن كۆپتۇر. ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالى «بىز ئاخىرەتكە ئىشەنمەيمىز» دېگەننى نامايان قىلماقتا. ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە تۇتقان ئەمەلىي مەۋقەسى كاپىرلارنىڭ «(بۇ) قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدۇر» دېگەن سۆزىنى تەستىقلىغاندەك كەيپىياتنى بېرىپ قويىدۇ.

ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇلار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، بەلكى ئۇلار

گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەنلەردۇر ﴾ يەنى «قۇرئان كەرىم» كاپىرلار ئويلىغاندەك ئەپسانە ياكى رىۋايەت ئەمەس، بەلكى ئۇ ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتلىق دەستۇرىدۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن بەزى مۇسۇلمانلار ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ قىلىقىنى قىلىدۇ؟ چۈنكى، ئۇلار گۇناھ-مەئسىيەتنى كۆپ قىلغانلىقتىن، ھارام يېيىشنى، يالغان ئېيتىشنى، ئالدامچىلىقنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ دىلى قاتتىق، كۆڭلى قارا بولۇپ كەتكەن، ھەتتا ھېچقانداق ۋەز-نەسىھەت تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ كەتكەن.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. تارازىدا كەم تارتىپ بېرىش قەتئىي ھارامدۇر.

2. قىيامەت كۈنى ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا چىقىرىلىدىغان چوڭ كۈندۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا بېرىشنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئەڭ چوڭ زىيان تارتقانلاردۇر.

4. گۇناھ-مەئسىيەت دىللاردا قارا چېكىتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئادەم گۇناھنى قىلغانسېرى ئۇنىڭ دىلى قارىيىپ ئەڭ ئاخىرى قاپقارا بولۇپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قەلبىگە ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرى چۈشمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

### ◄ جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەھۋالى

﴿كَلَّآ إِنَّهُمْ عَن رَّبِّهِمْ يَوْمَئِذٍ لَّمَحْجُوبُونَ ١٥ ثُمَّ إِنَّهُمْ لَصَالُواْ
ٱلْجَحِيمِ ١٦ ثُمَّ يُقَالُ هَٰذَا ٱلَّذِى كُنتُم بِهِۦ تُكَذِّبُونَ ١٧ كَلَّآ
إِنَّ كِتَٰبَ ٱلْأَبْرَارِ لَفِى عِلِّيِّينَ ١٨ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا عِلِّيُّونَ ١٩
كِتَٰبٌ مَّرْقُومٌ ٢٠ يَشْهَدُهُ ٱلْمُقَرَّبُونَ ٢١ إِنَّ ٱلْأَبْرَارَ لَفِى نَعِيمٍ ٢٢
عَلَى ٱلْأَرَآئِكِ يَنظُرُونَ ٢٣ تَعْرِفُ فِى وُجُوهِهِمْ نَضْرَةَ ٱلنَّعِيمِ ٢٤
يُسْقَوْنَ مِن رَّحِيقٍ مَّخْتُومٍ ٢٥ خِتَٰمُهُۥ مِسْكٌ ۚ وَفِى ذَٰلِكَ فَلْيَتَنَافَسِ

ٱلْمُتَنَٰفِسُونَ ﴿٢٦﴾ وَمِزَاجُهُۥ مِن تَسْنِيمٍ ﴿٢٧﴾ عَيْنًا يَشْرَبُ بِهَا ٱلْمُقَرَّبُونَ
﴿٢٨﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ أَجْرَمُوا۟ كَانُوا۟ مِنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ يَضْحَكُونَ ﴿٢٩﴾ وَإِذَا
مَرُّوا۟ بِهِمْ يَتَغَامَزُونَ ﴿٣٠﴾ وَإِذَا ٱنقَلَبُوٓا۟ إِلَىٰٓ أَهْلِهِمُ ٱنقَلَبُوا۟ فَكِهِينَ
﴿٣١﴾ وَإِذَا رَأَوْهُمْ قَالُوٓا۟ إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ لَضَآلُّونَ ﴿٣٢﴾ وَمَآ أُرْسِلُوا۟ عَلَيْهِمْ
حَٰفِظِينَ ﴿٣٣﴾ فَٱلْيَوْمَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مِنَ ٱلْكُفَّارِ يَضْحَكُونَ ﴿٣٤﴾ عَلَى
ٱلْأَرَآئِكِ يَنظُرُونَ ﴿٣٥﴾ هَلْ ثُوِّبَ ٱلْكُفَّارُ مَا كَانُوا۟ يَفْعَلُونَ ﴿٣٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

15ـ ھەقىقەت شۇكى، ئۇلار ئۇ كۈندە رەببىنى كۆرۈشتىن چوقۇم مەنئى قىلىنغۇچىلاردۇر.

16ـ ئاندىن ئۇلار ئەلۋەتتە دوزاخقا كىرگۈچىلەردۇر.

17ـ ئاندىن (ئۇلارغا): «سىلەر ئىنكار قىلىپ كېلىۋاتقان (ئازاب) مانا مۇشۇدۇر» دېيىلىدۇ.

18ـ شەكسىزكى، ياخشىلارنىڭ نامە ـ ئەمەلى چوقۇم «ئىللىييۇن»دا بولىدۇ.

19ـ «ئىللىييۇن»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن بىلەمسەن؟

20ـ (ئۇ) ياخشىلارنىڭ ئەمەللىرى خاتىرىلەنگەن دەپتەردۇر.

21ـ ئۇنىڭغا ئاللاھقا يېقىن بولغانلار (يۇقىرى مەرتىۋىلىك پەرىشتىلەر) شاھىت بولىدۇ.

22ـ ھەقىقەت شۇكى، ياخشىلار ئەلۋەتتە نېمەت ئىچىدە بولىدۇ.

23ـ ئۇلار تەختلەردە ئولتۇرۇپ (ئەتراپقا زوق بىلەن) قارايدۇ.

24ـ ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن نېمەتنىڭ خۇشاللىق ئىپادىلىرىنى كۆرىسەن.

25ـ ئۇلار ئاغزى پېچەتلەنگەن ساپ شاراب بىلەن سۇغىرىلىدۇ.

26ـ ئۇنىڭ پېچىتى ئىپاردۇر. (ياخشى ئىشلاردا) بەسلەشمەكچى بولغانلار پەقەت بۇ نېمەتلەرگە (ئېرىشىش ئۈچۈن) بەسلەشسۇن!

27ـ ئۇ شارابقا «تەسنىم» سۈيى ئارىلاشتۇرۇلغان بولىدۇ.

28ـ «تەسنىم» جەننەتتىكى بىر بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ يېقىن

بەندىلىرى ئىچىدۇ.

29ـكاپىرلار (دۇنيادىكى چاغلىرىدا) ھەقىقەتەن مۇئمىنلەرنى (مەسخىرە قىلىپ) كۈلەتتى.

30ـ(مۇئمىنلەر) ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار ئۆزئارا كۆز قىسىشاتتى.

31ـئۆيلىرىگە قايتقاندا (ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، قىلمىشلىرىدىن) ھۇزۇرلانغان ھالدا قايتىشاتتى.

32ـئۇلار مۇئمىنلەرنى كۆرگەندە: «بۇلار شەكسىز ئازغۇنلاردۇر» دېيىشەتتى.

33ـھالبۇكى، ئۇ كاپىرلار مۇئمىنلەرگە كۆزەتكۈچى قىلىپ ئەۋەتىلمىگەن.

34ـئەمدى بۈگۈن مۇئمىنلەر كاپىرلارنىڭ (دوزاختىكى) ھالىغا كۈلۈشىدۇ.

35ـئۇلار تەختلەر ئۈستىدە (ئۆزلىرىگە تەييارلانغان جەننەت نېمەتلىرىگە) قاراپ ئولتۇرىدۇ.

36ـكاپىرلارغا قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى راستتىنلا بېرىلدىمۇ؟ (ئەلۋەتتە بېرىلدى).

تەپسىرى

كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىلسىزلىقىدىن، نادانلىقىدىن ۋە ئۇچىغا چىققان تەكەببۇرلۇقىدىن، ئاخىرەتنى مەسخىرە قىلىپ: «ئەگەر مۇھەممەدنىڭ ‹ئاخىرەتتىكى تىرىلىش ھەقتۇر› دېگەن سۆزلىرى راست بولىدىغان بولسا، بىز ئاخىرەتكە بارغان تەقدىردىمۇ ئەلۋەتتە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىمىز» دەيتتى. ﴿وَمَآ أَظُنُّ ٱلسَّاعَةَ قَآئِمَةً وَلَئِن رُّجِعْتُ إِلَىٰ رَبِّىٓ إِنَّ لِى عِندَهُۥ لَلْحُسْنَىٰ﴾ يەنى ﴿مۇبادا (قىيامەت بولۇپ) مەن رەببىمنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، شەكسىزكى، ئۇنىڭ يېنىدا ماڭا ئەڭ ياخشىسى بولىدۇ﴾[1].

ئاللاھ تائالا بۇ يەردە كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇ كۈندە ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى كۆرۈشتىن مەنئى قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار دوزاخقا تاشلىنىدۇ ۋە دوزاخنىڭ دەھشەتلىك ئازابىنى تېتىيدۇ. ئاندىن پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئۇلارغا كايىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەسرەت-نادامىتىنى ئاشۇرغان ھالدا: «مانا بۇ سىلەر دۇنيادىكى ۋاقىتلاردا خەۋەرنى ئاڭلىساڭلار مەسخىرە قىلىپ

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى:50ـئايەت.

كۆلگەن، بارچە كۆچۈۋاتلار بىلەن ئىنكار قىلغان ئازابتۇر، سىلەرگە تېگىشلىك بولغان جازادۇر» دېيىلىدۇ.

﴿كَلَّا﴾ دېگەن سۆز بۇ يەردە كاپىرلارنىڭ مەغرۇرلۇقىغا ۋە قۇرۇق تەمەلىرىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، «ھەقىقەت شۇكى»، «گەپنىڭ تۈتامى شۇكى» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن. يەنى ئى كاپىرلار! بىز سىلەرگە ھەق گەپنى قىلساق، ئاخىرەتتە سىلەرگە قىلچە ياخشىلىق يوق، ئۇ كۈندە زىيان تارتىدىغانلار پەقەتلا سىلەر بولىسىلەر. ئەمما ئىمان ئېيتقانلار، يارىتىلىشتىكى ئەسلى تەبىئىتى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ياراتقۇچىسىغا ئىتائەت قىلىپ ئۆتكەنلەر ئەلۋەتتە يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ نامە-ئەمەللىرىمۇ ياخشىلارنىڭ ئىشلىرىلا خاتىرىلىنىدىغان «ئىللىيۇن» دېگەن مەخسۇس دەپتەردە بولىدۇ. ئۇلار ئاشۇ ئەمەللىرىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئېسىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدۇ.

ئەرەبلەر خۇشاللىقنى ۋە بەخت-سائادەتنى سۈپەتلىمەكچى بولسا، ئۇلارنى يۇقىرى، پاك، كەڭ دېگەندەك سۆزلەر بىلەن، ئەمما خاپىلىقنى ۋە بەختسىزلىكنى سۈپەتلىمەكچى بولسا، تۆۋەن، زۇلمەت ۋە تار دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ياخشىلارنىڭ نامە-ئەمەلى ئىللىيۇندا، گۇناھكارلارنىڭ نامە-ئەمەلى سىججىندا بولىدىغانلىقىمۇ بۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك. «قۇرئان كەرىم» بىزگە ياخشىلارنىڭ نامە-ئەمەلى يېزىلىدىغان دەپتەرنى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان، يۇقىرى مەرتىۋىلىك پەرىشتىلەر ئىچىدىكىلەرگە شاھىت بولغان، ھەممە مەلۇمات تولۇق ۋە ئېنىق خاتىرىلەنگەن مەخسۇس دەپتەر، دەپ سۈپەتلىگەندىن كېيىن، بۇ دەپتەردە نامە-ئەمەللىرى يېزىلغان ياخشىلارنىڭ مۇكاپاتىنىمۇ بايان قىلغان. ياخشىلار ئەلۋەتتە تۈرلۈك ئېسىل نېمەتلەر بىلەن تولغان جەننەتلەردە، خۇشاللىق ۋە بەخت-سائادەت ئىچىدە بولىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىگە تەييارلانغان نازۇنېمەتلەرگە ۋە جەننەتنىڭ ئېسىل مەنزىرىلىرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ تاماشا قىلىدۇ ۋە ھۇزۇرلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خۇشاللىقى ۋە ئالغان ھۇزۇر-ھالاۋىتى ئۇلارنىڭ چىرايىدىن چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئاغزى پېچەتلىنىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن مەخسۇس ئېلىپ كېلىنگەن، باشنى قايدۇرمايدىغان، ئادەمنى راھەتسىز قىلمايدىغان، پېچىتىنى ئېچىش بىلەنلا ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان ساپ شاراب بىلەن سۇغىرىلىدۇ. بەسلىشىدىغانلار مانا مۇشۇنداق ياخشى ئاقىۋەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، كاتتا مۇكاپاتقا نائىل بولۇش ئۈچۈن بەسلەشسە بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ يېقىن بەندىلىرى جەننەتتە ئىچىدىغان شارابنىڭ قوشۇلىدىغان ماددىسى جەننەتتىكى تەسنىم دېگەن بۇلاقنىڭ سۈيىدۇر. بۇ بۇلاقتىن ئاللاھ تائالانىڭ يېقىن بەندىلىرى ئىچىدۇ. چۈنكى، ئۇ بۇلاق ئاشۇلار ئۈچۈن تەييارلانغان بولۇپ، ئۇلارغىلا سۇنۇلىدۇ.

ئەمدى گۇناھكارلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئاخىرەت كۈنىدىكى ئەھۋالى مۇئمىنلەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. ئۇلار خارلىقتا، پۇشايمانغا تولغان ھالدا، ئۆزلىرىگە تەييارلانغان قاتتىق ئازابنى كۈتۈۋالىدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۇنيادىكى ۋاقىتلىرىدا، ئىمان ئېيتقانلار-نى مەسخىرە قىلىپ ئۇلارغا كۈلەتتى، ھەتتا مۇئمىنلەردىن بىرەرسى ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالسا ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىشىپ ئۆزئارا كۆز قىسىشاتتى، ھەتتا ئۆيلىرىگە قايتقانلىرىدىمۇ، ئۆيدىكىلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلىۋالغانلىقى توغرۇلۇق ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن پاراڭ سالاتتى. ئۇلار مۇئمىنلەرنى كۆرسە، «بۇلار شەكسىز ئازغۇنلاردۇر» دېيىشەتتى. يەنى بۇلار ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ دىنىنى تاشلاپ ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت يېڭى بىر دىننى قوبۇل قىلغان ئازغۇنلاردۇر، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يولىدىن چىققانلاردۇر، دەيتتى. ئۇلار نېمىشقا مۇ-سۇلمانلارنىڭ دىن تاللىشىغا ئارىلىشىۋالىدۇ؟ ياكى ئۇلار مۇسۇلمانلارنى دىنىي تەرەپتىن قوغداشقا بەلگىلەنگەنمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

ئەمما رەببىڭ بەندىلىرىدىن ھېساب ئالماي قويمايدۇ، ئەلۋەتتە ياخشىلارنىڭ مۇكاپاتىنى، يامانلارنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ. مۇئمىنلەرنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، كاپىرلارنى دوزاخ بىلەن جازالايدۇ. دېمەك، ئاخىرەتتە بۇ ئىككى پىرقىنىڭ يولى ئايرىلىدۇ.

﴿فَٱلۡيَوۡمَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنَ ٱلۡكُفَّارِ يَضۡحَكُونَ﴾ يەنى قىيامەت كۈنى مۇئمىنلەر كاپىرلارنىڭ ھالىغا قاراپ كۈلۈشىدۇ. چۈنكى، كاپىرلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىپ ئۇلارغا كۈلەتتى، ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايتتى. شۇڭا مۇئمىنلەرمۇ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھالىغا كۈلۈشىدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿عَلَى ٱلۡأَرَآئِكِ يَنظُرُونَ﴾ دېگەن ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، تەپسىرى مۇيەسسەردە «مۇئمىنلەر تەختلەردە ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان نېمەتلەرنى تاماشا قىلىدۇ»[1] دەپ تەپسىر قىلىنغان. تەپسىرى ئىبنى كەسىردە «مۇئمىنلەر تەختلەردە ئاللاھ

[1] «التفسير الميسر» 588-بەت.

تائالانىڭ جامالىغا قاراپ ئولتۇرىدۇ»[1] دەپ تەپسىر قىلىنغان. تەپسىرى سەئدىيدە «مۇئمىنلەر تەختلەردە ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرىگە ھازىرلانغان نېمەتلەرنى تاماشا قىلىش بىلەن بىرلىكتە ئاللاھ تائالانىڭ جامالىنى كۆرىدۇ»[2] دەپ تەپسىر قىلغان. ئەمما تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، تەپسىرى رازىي ۋە تەپسىرى بەغەۋىي قاتارلىق تەپسىرلەردە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تەپسىرىگە ئاساسلىنىپ، «مۇئمىنلەر تەختلەرنىڭ ئۈستىدە كاپىرلارنىڭ ئازابلىنىۋاتقان ھالىغا قاراپ ئولتۇرىدۇ»[3] دەپ تەپسىر قىلىنغان.

تەپسىرى بەغەۋىيدە مۇنداق دېيىلگەن: «جەننەت ئەھلى بولغان ئادەم دۇنيادا ئۆزىگە دۈشمەنلىك قىلغان بىرەر كاپىرنى كۆرمەكچى بولسا، دوزاختا قارايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئازابلىنىۋاتقان ھالىنى كۆرۈپ كۈلىدۇ. ﴿فَٱطَّلَعَ فَرَءَاهُ فِي سَوَآءِ ٱلۡجَحِيمِ﴾ يەنى ﴿ئۇ قاراپلا ئۇنى دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرىدۇ﴾[4] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ»[5].

مۇپەسسىرلەر ﴿هَلۡ ثُوِّبَ ٱلۡكُفَّارُ مَا كَانُواْ يَفۡعَلُونَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ كىمنىڭ سۆزى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە تەبەرىي، بەغەۋىي، ئىبنى كەسىر قاتارلىق مۇپەسسىرلەر بۇ سۆز ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر، دەپ قارىغان. ئەمما قۇرتۇبىي قاتارلىق مۇپەسسىرلەر بۇ سۆزنىڭ مۇئمىنلەرنىڭ سۆزى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: كاپىرلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلىش، مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىش قاتارلىق قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتتىمۇ؟ ئەلۋەتتە تارتتى.

دېمەك، قىيامەت كۈنىدە مۇئمىنلەر مەڭگۈلۈك جەننەتلەردە خۇشال-خۇرام يايرىسا، كاپىرلار مەڭگۈلۈك دوزاختا ئازابلىنىدۇ. بۇ كۈندە مۇئمىنلەر كاپىرلارنىڭ ئازابلىنىشىغا قاراپ كۈلىدۇ. بۇ كۈلۈش كاپىرلارنىڭ دۇنيادا مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىپ كۈلگىنىدەك مەغرۇرلىنىپ كۈلگەنلىك ئەمەس، بەلكى بۇ مەمنۇنلۇق ۋە خۇشاللىق كۈلكىسىدۇر. بۇ كۈلۈش ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرگەن بىرىنىڭ چىن كۆڭلىدىن يايراپ كۈلگىنىدۇر.

---

[1] «تفسير ابن كثير» 8-توم، 35-بەت.
[2] «تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان» 930- بەت.
[3] «تفسير الطبري» 24-توم، 305-بەت.
[4] سافقات سۈرىسى: 55- ئايەت.
[5] «تفسير البغوي» 8- توم، 370- بەت.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇئمىنلەرنىڭ قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالانى كۆرىدىغانلىقى ھەقتۇر.

2. جەننەتنىڭ نېمەتلىرىگە ئېرىشىشنىڭ يولى ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلدۇر.

3. كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش قەتئىي ھارامدۇر، خۇسۇسەن، مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلغانلار ئەگەر ئۇلارنى ئىمانى سەۋەبلىك مەسخىرە قىلغان بولسا، مەسخىرە قىلغۇچى چوقۇم كاپىر بولىدۇ.

# ئىنشىقاق سۈرىسى

ئىنشىقاق سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 25 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، قىيامەتنىڭ مۇقەددىمىلىرى ۋە ئىنسانلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: كائىناتنىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان بەزى ئىشلارنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿ٱنشَقَّتۡ﴾ «يېرىلدى» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، «ئىنشىقاق» يەنى (يېرىلىش) دەپ ئاتالغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿إِذَا ٱلسَّمَآءُ ٱنشَقَّتۡ ١ وَأَذِنَتۡ لِرَبِّهَا وَحُقَّتۡ ٢ وَإِذَا ٱلۡأَرۡضُ
مُدَّتۡ ٣ وَأَلۡقَتۡ مَا فِيهَا وَتَخَلَّتۡ ٤ وَأَذِنَتۡ لِرَبِّهَا وَحُقَّتۡ ٥
يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡإِنسَٰنُ إِنَّكَ كَادِحٌ إِلَىٰ رَبِّكَ كَدۡحٗا فَمُلَٰقِيهِ ٦ فَأَمَّا
مَنۡ أُوتِيَ كِتَٰبَهُۥ بِيَمِينِهِۦ ٧ فَسَوۡفَ يُحَاسَبُ حِسَابٗا يَسِيرٗا
٨ وَيَنقَلِبُ إِلَىٰٓ أَهۡلِهِۦ مَسۡرُورٗا ٩ وَأَمَّا مَنۡ أُوتِيَ كِتَٰبَهُۥ وَرَآءَ
ظَهۡرِهِۦ ١٠ فَسَوۡفَ يَدۡعُواْ ثُبُورٗا ١١ وَيَصۡلَىٰ سَعِيرًا ١٢ إِنَّهُۥ كَانَ
فِيٓ أَهۡلِهِۦ مَسۡرُورًا ١٣ إِنَّهُۥ ظَنَّ أَن لَّن يَحُورَ ١٤ بَلَىٰٓۚ إِنَّ رَبَّهُۥ كَانَ
بِهِۦ بَصِيرٗا ١٥ فَلَآ أُقۡسِمُ بِٱلشَّفَقِ ١٦ وَٱلَّيۡلِ وَمَا وَسَقَ ١٧ وَٱلۡقَمَرِ
إِذَا ٱتَّسَقَ ١٨ لَتَرۡكَبُنَّ طَبَقًا عَن طَبَقٖ ١٩ فَمَا لَهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ٢٠

وَإِذَا قُرِئَ عَلَيۡهِمُ ٱلۡقُرۡءَانُ لَا يَسۡجُدُونَ۩ ﴿٢١﴾ بَلِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ
يُكَذِّبُونَ ﴿٢٢﴾ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا يُوعُونَ ﴿٢٣﴾ فَبَشِّرۡهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٢٤﴾
إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُمۡ أَجۡرٌ غَيۡرُ مَمۡنُونِۭ ﴿٢٥﴾

## ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ2ـ ئاسمان يېرىلغان، رەببىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلغان ۋە (شۇنداق قىلىشقا) لايىق بولغان چاغدا،

3ـ5ـ زېمىن سوزۇلغان، قوينىدىكى نەرسىلەرنى سىرتقا چىقىرىپ قۇرۇقدىلىپ قالغان، رەببىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلغان ۋە (شۇنداق قىلىشقا) لايىق بولغان چاغدا، (ھەربىر ئادەم ئۆز ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ).

6ـ ئى ئىنسان! شەكسىزكى، سەن رەببىڭنىڭ ئالدىغا بارغانغا قەدەر جاپالىق ئىشلەيسەن، ئاندىن ئەمەلىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن.

7ـ8ـ نامە ـ ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ،

9ـ ئۇ (جەننەتتىكى) ئائىلىسىگە خۇشال ـ خۇرام قايتىدۇ.

10ـ12ـ نامە ـ ئەمەلى ئارقا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمگە كەلسەك، ئۇ «ۋاي ئۆلۈپلا قۇتۇلسامچۇ!» دەپ ۋارقىرايدۇ ۋە لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ.

13ـ شەكسىزكى، ئۇ (دۇنيادىكى چېغىدا) ئائىلىسىدە شاد ـ خۇرام ئىدى.

14ـ ئۇ رەببىنىڭ دەرگاھىغا قايتمايمەن دەپ ئويلايتتى.

15ـ ئىش ئۇ ئويلىغاندەك ئەمەس ئىدى، رەببى ھەقىقەتەن ئۇنى كۆرۈپ تۇراتتى.

16ـ18ـ (كەچكى) شەپەق بىلەن، كېچە ۋە ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقان نەرسىلەر بىلەن، تولۇن ئاي بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

19ـ سىلەر ئەلۋەتتە بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا يۆتكىلىپ تۇرىسىلەر.

20ـ (ھەقىقەت ئوپئوچۇق تۇرسا) ئۇلار نېمىشقا ئىمان ئېيتمايدۇ؟

21-ئۇلارغا قۇرئان ئوقۇپ بېرىلگەن چاغدا نېمىشقا سەجدە قىلمايدۇ؟

22-بەلكى كاپىرلار (قۇرئاننى) ئىنكار قىلىدۇ.

23-ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ.

24-(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن.

25-لېكىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۈزۈلمەس مۇكاپات بار.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئالەمگە خاتىمە بېرىپ، قىيامەتنى مەيدانغا كەلتۈرگەن چاغدا، دۇنيانىڭ نىزامى پۈتۈنلەي بۇزۇلىدۇ، ھەممە ئىش باشقىچە بولۇپ كېتىدۇ، ئاسمان يېرىلىدۇ، ئۈپۈقنى بۇلۇتلار قاپلىغان بولىدۇ. ﴿وَيَوۡمَ تَشَقَّقُ ٱلسَّمَآءُ بِٱلۡغَمَٰمِ وَنُزِّلَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ تَنزِيلًا﴾ يەنى ﴿شۇ كۈندە ئاسمان بۇلۇت بىلەن بىرلىكتە يېرىلىدۇ، پەرىشتىلەر ئارقىمۇئارقا چۈشۈرىلىدۇ﴾[1]. شۇ چاغدا ئاسمان بارلىق جىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە رەببىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ خالىغىنى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇ قانداقمۇ شۇنداق قىلمىسۇن؟ ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرسا؟! ئۇ چاغدا قۇياشنىڭ نۇرى ئۆچۈرۈلىدۇ، يۇلتۇزلار يەرگە چېچىلغان مەرۋايىتلاردەك چېچىلىپ چۈشۈشكە باشلايدۇ، زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇ قاتتىق تەۋرەيدۇ، ئۈنىڭدىكى تاغلار ھەريانغا ئۇچۇپ توزۇپ كېتىدۇ، يەر يۈزى تۈپتۈز بولۇپ كېتىدۇ، يەرنىڭ ئاستىدىكى بايلىقلار، جەسەتلەر ۋە چىرىگەن سۆڭەكلەر سىرتقا ئېتىلىپ چىقىدۇ، شۇنداق قىلىپ يەرنىڭ ئاستى قۇپقۇرۇق بولۇپ قالىدۇ، يەر ئاستىدا ھېچ نەرسە قالمايدۇ. شۇ چاغدا ئىنسانلار تىرىلىدۇ ۋە رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا چاقىرىلىپ، رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا بارلىق ياخشى-يامان ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡإِنسَٰنُ إِنَّكَ كَادِحٌ إِلَىٰ رَبِّكَ كَدۡحًا فَمُلَٰقِيهِ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتكە «ئى ئىنسان! سەن رەببىڭگە ئۇچراشقانغا قەدەر ئىشلەيسەن، ئاندىن ئەمەلىڭ مەيلى ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، ئاللاھقا شۇ ئەمەلىڭ بىلەن ئۇچرىشىسەن» دەپ مەنە ئېيتقان.

[1] فۇرقان سۈرىسى:25-ئايەت.

ئەللامە تەبەري بۇ ئايەتكە «ئى ئىنسان! سەن رەببىڭگە ئۇچراشقانغا قەدەر بىر قاتار ئەمەللەرنى قىلىسەن، ئاندىن ئاخىرەتتە شۇ ئەمەللىرىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن، ئەمەللىرىڭ ياخشى بولسا مۇكاپاتقا ئېرىشىسەن، يامان بولسا جازاغا ئۇچرايسەن. شۇڭا ئەمەلىڭ سېنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان، ئۇنىڭ غەزىپىدىن ساقلايدىغان ئەمەللەردىن بولسۇن»[1] دەپ مەنە ئېيتقان. كەلبىي، زەههاك، قەتادە قاتارلىق مۇپەسسىرلەرمۇ بۇنىڭغا يېقىن مەنىلەرنى ئېيتقان.

بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسان! ئى تىرىكچىلىك يولىدا تۇرماستىن تىرىشىۋاتقان، ياخشى-يامان ئەمەللەرنى قىلىۋاتقان ۋە دۇنيا ھەلەكچىلىكىدە ئۇچقاندەك چېپىۋاتقان ئىنسان! سەن ھاياتىڭدىكى ئارزۇلىرىڭنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ھارماستىن ئىشلەۋاتىسەن، زامان سەن ئۈچۈن ئىنتايىن ئاستا ماڭغاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ، كۈننىڭ تېز ئۆتۈشىنى، ئاينىڭ تېزرەك تۈگىشىنى ۋە يېڭى يىلغا تېزرەك كىرىشىڭنى ئارمان قىلىسەن. ئەمما سەن ئۆمرۈڭنىڭ قانداق تېز تۈگەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمايسەن، ئۆتكەن ھەربىر سائەت، ھەربىر مىنۇت سېنىڭ ئۆمرۈڭدىن قىسقارغان ۋاقىت ئىكەنلىكىنى ۋە ھەر كۈنى ئۆمرۈڭ قىسقىراپ كېتىپ بارغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايسەن. سەن بىلىپ-بىلمەي كېلەچەككە قاراپ ئىلگىرىلەيسەن ۋە رەببىڭنىڭ ئالدىغا بارغانغا قەدەر شۇنداق جاپالىق ئىشلەيسەن، ئاندىن رەببىڭنىڭ ئالدىغا بارغاندا بۇ دۇنيادىكى بارلىق ياخشى-يامان ئەمەللىرىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن، ياخشى ئەمەللىرىڭنىڭ مۇكاپاتىنى ئالىسەن، يامان ئەمەللىرىڭنىڭ جازاسىنى تارتىسەن، رەببىڭنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىرىلغان ۋاقتىڭدا، سېنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى-يامان بارلىق ئەمەللىرىڭ ساڭا خۇددى كۈندۈزدىكى قۇياشتەك روشەن ۋە ئېنىق ئايان بولىدۇ. چۈنكى، ھەممىسى ئالدىڭغا قويۇلىدۇ. شۇڭا سەن ھاياتىڭنى مۇشۇ ئېتىقادىڭنىڭ ئۈستىگە (يەنى ھەممە ئىشىمدىن ھېساب بېرىمەن دېگەن ئېتىقادىڭنىڭ ئۈستىگە) قۇرغىن»[2].

ئى ئىنسان! سەن قىيامەت كۈنىدە چوقۇم رەببىڭنىڭ ئالدىغا چىقىرىلىسەن، ھەممە سىرلىرىڭ شۇ جايدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ﴿يَوْمَئِذٍ تُعْرَضُونَ لَا تَخْفَىٰ مِنكُمْ خَافِيَةٌ﴾ يەنى ﴿بۇ كۈندە سىلەر (ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا) چىقىرىلىسىلەر، سىلەرنىڭ ھېچقانداق بىر

---

[1] «تفسير الطبري» 24-توم، 312-بەت.

[2] «التفسير الواضح» 3- توم، 844- بەت.

سىرىڭلار مەخپىي قالمايدۇ﴾[1].

شۇ ۋاقىتتا ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەمەلىنى بىلىدۇ. نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەر جەننەت ئەھلى بولىدىغان مۆئمىنلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېساب بېرىشى ناھايىتى ئاسان بولىدۇ، ئۇلار قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ، جەننەتتىكى ئائىلىسىگە، شۇنداقلا مۆئمىن دوستلىرىنىڭ يېنىغا تولۇپ تاشقان خۇشاللىق بىلەن قايتىدۇ. ﴿وَجَزَىٰهُم بِمَا صَبَرُواْ جَنَّةً وَحَرِيرًا﴾ يەنى ﴿ئۇلار (تائەت-ئىبادەتتە) چىداملىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى جەننەت بىلەن ۋە (جەننەتتىكى) يىپەك (كىيىملەر) بىلەن مۇكاپاتلايدۇ﴾[2].

ئەمما نامە-ئەمەلى سول قولىغا بېرىلىدىغانلار دوزاخ ئەھلى بولىدىغان گۇناھكار كاپىرلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېساب بېرىشى ئىنتايىن قىيىن ۋە جاپالىق بولىدۇ. ئۇلار بېشىغا كەلگەن كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۆلۈپلا يوق بولۇپ كېتىشنى، تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىشنى تىلەيدۇ. «ۋاي ئىست! ئۆلۈپلا كەتسەمچۇ!» دەپ پەرياد چېكىدۇ. ئۇلار دوزاخقا تاشلىنىدۇ، دوزاختىكى دەھشەتلىك ئوت بىلەن ئازابلىنىدۇ.

دوزاخ ئەھلى بولغانلار دۇنيادىكى ۋاقتىدا، ئائىلىسى ئىچىدە ۋە يېقىنلىرىنىڭ يېنىدا تولىمۇ بىغەم ياشايتتى، ئۇلار دۇنيانىڭ لەززەتلىرىگە ۋە راھەتلىرىگە چۆكۈپ كەتكەنلىكتىن، ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنى ۋە بارىدىغان يېرىنى ئۇنتۇغان ئىدى. ھەتتا رەببىگە ئۇچرىشىدىغان كۈنگىمۇ ئىشەنمەيتتى، ھېساب بېرىشنى ئويلاپمۇ قويمايتتى، قىيامەتنى بولمايدۇ دەپ ئويلايتتى. ئەمما ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس، ئۇلار چوقۇم رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا چاقىرىلىدۇ ۋە دۇنيادا قىلغان-ئەتكەنلىرىدىن تولۇق ۋە تەپسىلىي ھېساب بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ھېچكىمنى ھېسابسىز تەرك ئەتمەيدۇ، ھەممىسىدىن ھېساب ئالىدۇ، ياخشىلارنى ياخشىلىقى ئۈچۈن مۇكاپاتلايدۇ، يامانلارنى يامانلىقى ئۈچۈن جازالايدۇ. گۇناھكارلارنى قىلمىشلىرىدىن ھېساب ئالماستىن تەرك ئېتىش مۇنۇ ئىككى سەۋەبنىڭ بىرىدىن بولىدۇ: يا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەسلىك ياكى ئادالەتسىزلىك. ئاللاھ تائالا بۇ ھەر ئىككى نۇقساندىن ئەلۋەتتە پاكتۇر. چۈنكى، ئۇ بەندىلەرنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنى تولۇق بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئادالەت بىلەن ئىش قىلىدۇ.

---

[1] ھاققە سۈرىسى:18-ئايەت.

[2] ئىنسان سۈرىسى:12-ئايەت.

ئاللاھ تائالادىنمۇ ئادالەتلىك كىم بولسۇن؟!

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، كۈن پېتىش ئالدىدىكى قىزىللىق بىلەن، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدىغان كېچە ۋە ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن، نۇرى تاكامۇللاشقان تولۇن ئاي بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر بۇ ھاياتتىن باشقا بىر ھاياتقا يۆتكىلىپ، رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىغا بارىسىلەر ۋە ئۇ جايدا بۇ دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى كۆرىسىلەر.

ئۇنتۇماڭلاركى، ئاسمان جىسىملىرىنى ئۆزگەرتىشكە، ھەتتا ئۇلارنى باشقا نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇشقا قادىر بولغان زات ئىنسانىنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ بەزى ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىشەنمەيدۇ؟ پۈتۈن كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق، جانسىز ھەممە مەخلۇقات بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىدۇ؟ ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولغان «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ئوقۇپ بېرىلگەندە ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا بويسۇنمايدۇ؟ بەلكى بۇ كاپىرلار ھېچقانداق بىر دەلىل-ئىسپاتى يوق تۇرۇپ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدۇ، «قۇرئان كەرىم»نى يالغان دەيدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى ئۆچ-ئاداۋەتنى ۋە ھەسەتخورلۇقنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلارغا ئاخىرەتتىكى قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئەمما ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، شۇ ئىمانىغا لايىق ھالدا ھايات كەچۈرگەن كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلارغا مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان كاتتا مۇكاپاتلار ۋە ھېسابسىز نېمەتلەر بار.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەت كۈنى ھەممە خالايىق ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا بارلىق ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىدۇ.

2. ئىنسان ئۆزىنىڭ رىزقىنى ئىشلەپ تاپىدىغان ۋە رەببىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان مەخلۇقتۇر.

3. تەقۋادار مۆئمىنلەرنىڭ ئاخىرەت كۈنىدىكى ھېساب بېرىشى ئوڭاي بولىدۇ، ئەمما نامە-ئەمەلى سول تەرىپىدىن بېرىلگەن بەختسىزلەر ئۆلۈپلا

يوق بولۇپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

4. دۇنيالىقتىلا بېرىلىپ ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇپ كېتىش ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ ئىشىدۇر.

5. ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇمايدىغان ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمايدىغان ئىنسانلارنىڭ ھالى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىكتۇر.

6. سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان كىشىنىڭ سەجدە قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ.

7. ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كەلتۈرگەنلىرىنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.

# بۇرۇج سۈرىسى

بۇرۇج سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 22 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قەۋمىدىن يەتكەن ئەزىيەتلەر ئۈچۈن تەسەللى بېرىش، ئورەك ئىگىلىرىنىڭ، پىرئەۋننىڭ، سەمۇد قەۋمىنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاخىرىدا مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى پىرقىدىن ھەربىرىنىڭ ئاقىۋىتى ۋە بارىدىغان جايلىرى بايان قىلىنىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز كۈچ-قۇۋۋىتىنى، ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ۋە مۇئمىنلەرگە زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارنىڭ قاتتىق ئازابقا ئۇچرايدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق زالىملارنى ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿ٱلۡبُرُوجِ﴾ «ئوربىتىلار» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿وَٱلسَّمَآءِ ذَاتِ ٱلۡبُرُوجِ ١ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡمَوۡعُودِ ٢ وَشَاهِدٖ وَمَشۡهُودٖ
٣ قُتِلَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡأُخۡدُودِ ٤ ٱلنَّارِ ذَاتِ ٱلۡوَقُودِ ٥ إِذۡ هُمۡ عَلَيۡهَا
قُعُودٞ ٦ وَهُمۡ عَلَىٰ مَا يَفۡعَلُونَ بِٱلۡمُؤۡمِنِينَ شُهُودٞ ٧ وَمَا نَقَمُواْ
مِنۡهُمۡ إِلَّآ أَن يُؤۡمِنُواْ بِٱللَّهِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡحَمِيدِ ٨ ٱلَّذِي لَهُۥ مُلۡكُ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ شَهِيدٌ ٩ إِنَّ ٱلَّذِينَ فَتَنُواْ
ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ ثُمَّ لَمۡ يَتُوبُواْ فَلَهُمۡ عَذَابُ جَهَنَّمَ وَلَهُمۡ
عَذَابُ ٱلۡحَرِيقِ ١٠ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُمۡ

جَنَّٰتٌ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُۚ ذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡكَبِيرُ ﴿١١﴾ إِنَّ بَطۡشَ
رَبِّكَ لَشَدِيدٌ ﴿١٢﴾ إِنَّهُۥ هُوَ يُبۡدِئُ وَيُعِيدُ ﴿١٣﴾ وَهُوَ ٱلۡغَفُورُ ٱلۡوَدُودُ
﴿١٤﴾ ذُو ٱلۡعَرۡشِ ٱلۡمَجِيدُ ﴿١٥﴾ فَعَّالٞ لِّمَا يُرِيدُ ﴿١٦﴾ هَلۡ أَتَىٰكَ حَدِيثُ
ٱلۡجُنُودِ ﴿١٧﴾ فِرۡعَوۡنَ وَثَمُودَ ﴿١٨﴾ بَلِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فِي تَكۡذِيبٖ
﴿١٩﴾ وَٱللَّهُ مِن وَرَآئِهِم مُّحِيطُۢ ﴿٢٠﴾ بَلۡ هُوَ قُرۡءَانٞ مَّجِيدٞ ﴿٢١﴾ فِي لَوۡحٖ
مَّحۡفُوظِۭ ﴿٢٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ3ـ بۇرجلار (ئوربىتىلار) ئورۇن ئالغان ئاسمان بىلەن، ئاگاھلاندۇرۇلغان (قىيامەت) كۈنى بىلەن، (ئۇ كۈندە) گۇۋاھ بولغۇچى ۋە گۇۋاھ قىلىنغۇچىلار بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

4ـ5ـ لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈپ تۇرغان ئورەكلەرنىڭ ئىگىلىرى ھالاك قىلىندى.

6ـ7ـ ئۇ چاغدا ئۇلار ئورەكلەرنىڭ لېۋىدە ئۆزلىرىنىڭ مۇئمىنلەرگە قىلىۋاتقان قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ (تاماشا قىلىپ) ئولتۇراتتى.

8ـ9ـ (ئۇ زالىملار) مۇئمىنلەردىن پەقەت ئۇلارنىڭ غالىب، مەدھىيەگە لايىق، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىلكىدە بولغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈنلا ئۆچ ئالغان ئىدى. ئاللاھ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

10ـ مۇئمىن ئەرلەرگە ۋە مۇئمىن ئاياللارغا زىيانكەشلىك قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلمىغانلار، شەكسىزكى، جەھەننەمنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارغا لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ.

11ـ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، شەكسىزكى، ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە سازاۋەر بولىدۇ. مانا بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

12ـ شەكسىزكى، رەببىڭنىڭ جازاسى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر.

13ـ ئاللاھ ھەقىقەتەن (مەۋجۇداتنى) يوقتىن بار قىلىدىغان، (ئىنسانلارنى ئۆلگەندىن كېيىن ھاياتقا) قايتۇرىدىغان زاتتۇر.

14ـئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئىمان ئېيتقانلارنى) دوست تۇتقۇچىدۇر،

15ـئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر، بەكمۇ ئۇلۇغدۇر،

16ـخالىغىنىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىدۇر.

17ـ18ـ (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا ئۇ لەشكەرلەرنىڭ ـ پىرئەۋن ۋە سەمۇدنىڭ (ھالاكەت) خەۋىرى كەلدىمۇ؟

19ـبەلكى كاپىرلار (بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالماقتا يوق، داۋاملىق ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلماقتىدۇر.

20ـئاللاھ ئۇلارنى (ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن ھەر تەرەپتىن) قورشاپ تۇرغۇ-چىدۇر.

21ـ22ـ(ئۇ مۇشرىكلار تۆھمەت قىلغاندەك شېئىر ياكى سېھىر ئەمەس) بەلكى ئۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا كىچىدە ئەتراپنى يورۇتىدىغان، كېچىدە ماڭغۇچىلارغا يول كۆرسىتىدىغان ۋە شەيتانلارنى ئېتىپ چۈشۈرىدىغان نۇرلۇق يۇلتۇزلارنىڭ ئوربىتىلىرى جايلاشقان ئاسمان بىلەن، ئىنسانلار ئاگاھلاندۇرۇلغان قىيامەت كۈنى بىلەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىپ گۇۋاھ بولۇۋاتقان، گۇۋاھ قىلىنىۋاتقان جىمى ئالەملەر ۋە بارلىق مەخلۇقات بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق پەقەت ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇپ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈنلا زالىم كاپىرلار تەرىپىدىن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ۋە چىدىغۇسىز دەرىجىدە قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرىغان ئەر ـ ئايال مۆئمىنلەرنىڭ ئىماندا چىڭ تۇرۇش، ئاللاھ يولىدا چىدامچانلىق كۆرسىتىش ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە سەۋر قىلىش نەتىجىسىدە ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ھازىرقى مۆئمىنلەرنى ئىسلام ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇشقا، كاپىرلارنىڭ ھەر خىل توسقۇنلۇقلىرىغا ۋە تەھدىتلىرىگە باش ئەگمەي ئىماندا مۇستەھكەم تۇرۇشقا چاقىرىدۇ.

﴿وَشَاهِدٍ وَمَشْهُودٍ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى توغرىسىدا مۇپەسسىرلەر ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە قەتادە قاتارلىقلار ﴿وَشَاهِدٍ﴾ جۈمە كۈنىدۇر، ﴿مَشْهُودٍ﴾ ئەرەپات كۈنىدۇر، دېگەن. يەنە بەزىسى ﴿وَشَاهِدٍ﴾ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ﴿مَشْهُودٍ﴾ قىيامەت

كۈنىدۇر، دېگەن. يەنە بەزىسى ﴿وَشَاهِدٍ﴾ ئىنسان، ﴿مَشْهُودٍ﴾ قىيامەت كۈنىدۇر، دېگەن. يەنە بەزىسى ﴿وَشَاهِدٍ﴾ ئاللاھ، ﴿مَشْهُودٍ﴾ قىيامەت كۈنىدۇر، دېگەن. يەنە بەزىسى ﴿وَشَاهِدٍ﴾ قۇربان ھېيت كۈنى، ﴿مَشْهُودٍ﴾ جۈمە كۈنىدۇر، دېگەن. ئەڭ توغرىسى شۇكى، ئاللاھ تائالا ﴿وَشَاهِدٍ وَمَشْهُودٍ﴾ يەنى ﴿گۇۋاھ بولغۇچى ۋە گۇۋاھ قىلىنغۇچى﴾ بىلەن قەسەم قىلغان بولسىمۇ، بۇ قەسەمدە قايسى گۇۋاھ بولغۇچىنى ۋە قايسى گۇۋاھ قىلىنغۇچىنى ئىرادە قىلغانلىقىنى بايان قىلمىغان. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىمالارنىڭ ئېيتقانلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان مەنىنى توغرا دەپ قارىغان»[1].

دەھشەتلىك ئوت ئورىكىنى ھازىرلاپ، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان ۋە بارلىق ساختا مەبۇدلارنى ئىنكار قىلغان مۆئمىنلەرنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ھۇزۇرلانغان ۋە ئۇلارنىڭ ئازابلىنىشىنى تاماشا قىلغان ئورەك ئىگىلىرىگە لەنەت بولسۇن، ئۇلارغا ھالاكەت بولسۇن!

ئورەك ئىگىلىرى – قەدىمقى كاپىرلاردىن بولۇپ، بەزىلەر ئۇلارنىڭ يەمەننىڭ كاتتىباشلىرى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. يەنە بەزىلەر ئۇلارنى يەھۇدىيلارنىڭ كاتتىباشلىرى دەپ قارىغان . نېمىلا بولسۇن، بۇ كاپىرلار شۇ زامانلاردا ئۆزىنىڭ رەببىنى تونۇپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان مۆئمىنلەرنى قاتتىق يامان كۆرگەن ۋە ئۇلارنى ئىمانىدىن قايتۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئىنسان تاقەت قىلالمايدىغان دەرىجىدىكى دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەتلەر بىلەن ئازابلاپ ئۇلاردىن ئۆچ ئالغان ئىدى. ئۇ زالىملار ئاۋۋال چوڭ بىر ئورەك كولىغان ۋە ئۇنى ئوتۇن بىلەن تولدۇرۇپ ئوت ياققان. ئوت قاتتىق لاۋۇلداپ كۆيگەن ۋاقىتدا، مۆئمىنلەرنى ئېلىپ كېلىپ ئوتقا تاشلىغان ئىدى. بۇ زالىملار شۇنداق يۈرىكى قاتتىق، كۆڭلى قارا ۋە شەپقەتسىز مەخلۇقلار ئىدىكى، ئۆزلىرى ئورەكنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ، مۆئمىنلەرنىڭ ئازابلىنىشىنى تاماشا قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئازابلىنىشىدىن ھۇزۇرلىناتتى.

بۇ مۆئمىنلەر ئۇ زالىملارغا نېمە قىلغان؟ ئۇلار ئوتتا كۆيدۈرۈلۈشكە تېگىشلىك بىر جىنايەت سادىر قىلغانمۇ؟ ياق! ئۇلار ھېچقانداق گۇناھ ياكى جىنايەت سادىر قىلغان ئەمەس، ئۇلار پەقەت «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دەپ ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ يولىدا ئىزچىل ماڭغان ئىدى. مەلۇمكى، ئىمان يولىدىكى بۇنداق قىيىن سىناقلار مۆئمىنلەرنىڭ ئىما-

---

[1] «تفسير الطبري» 24- توم، 334- 337- بەتلەر.

نىنى كۆچەيتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئەجرىنى كۆپەيتىدۇ. ھەقىقەت بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بولۇپ، باتىلنىڭ تەرەپدارلىقى ھەمىشە ھەقىقەتنىڭ تەرەپدارلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان. ئەمما ئاخىرقى غەلىبە يەنىلا ھەقىقەتنىڭ تەرەپدارلىرىغا مەنسۇپ بولۇپ كەلگەن.

بۇ مۇئمىنلەر ئىمان ئېيتقان زات – ئاللاھ تائالا ھېچكىمگە موھتاج بولمايدىغان، چەكسىز قۇدرەتلىك، ئىلىم-ھېكمەتلىك، ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھەممە ئۇنىڭغا مەدھىيە ئېيتىدىغان، تەڭداشسىز زاتتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، كاپىرلارنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقى بىلەن ئۇنىڭغا قىلچە زىيان يەتمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئىمانىغا موھتاج ئەمەس. ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىمانىنىڭ پايدىسى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. كاپىر بولغانلارنىڭ كۇفرىلىقىنىڭ زىيىنىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى كاپىرلارنىڭ ئازابلىشىغا ۋە بوزەك قىلىشىغا تاشلاپ قويامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر، ئۇلارنى چوقۇم قوغدايدۇ. ئاخىرقى غەلىبە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ، كاپىرلار بولسا چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ ۋە قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

مۇئمىنلەرنى ئازابلىغاندىن كېيىن، قىلمىشلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالا تەرەپكە قايتمىغانلار ئۇچۇن ئاخىرەتتە كۆيدۈرگۈچى ئازابلار تەييارلانغان بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ھەرگىزمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىلمى ۋە مىسلىسىز قۇدرىتى بىلەن ھەر تەرەپتىن قورشاپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇ ھەممىگە قادىردۇر.

ئەمدى، ئاللاھ تائالاغا، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىمانىغا لايىق ئىش كۆرگەن، ھاياتىنى شۇ ئىمانىنىڭ تەلىپىگە لايىق قىلىپ توغرىلىغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق شۇ ئىمانىنى ئىسپاتلىغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنى قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، نازۇنېمەتلىك جەننەتلەر كۈتمەكتە. ئۇلار شۇ ئېسىل جەننەتلەرگە كىرىپ، ئۇنىڭ نېمەتلىرىدىن مەڭگۈلۈك ھۇزۇرلىنىدۇ. مانا بۇ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر، ئەڭ چوڭ بەختتۇر. شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئاللاھ تائالانىڭ كاپىرلارنى ئازابلىشى ھەقىقەتەن قاتتىق ۋە دەھشەتلىك بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى قاتتىقتۇر. ئاللاھ

تائالا مەخلۇقاتنى يوقتىن بار قىلىپ ئاندىن يەنە ئۇلارنى ئۆلگىنىدىن كېيىن قايتا ھاياتقا قايتۇرۇشقا قادىر بولغان زاتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كاپىرلارغا ئەنە شۇنداق قاتتىقتۇر. ئەمما ئۇنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھىم-شەپقىتى ئىمان ئېيتىپ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن كەڭدۇر.

ياخشى ئاقىۋەتنىڭ ئىماندا چىڭ تۇرغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا چىدامچانلىق كۆرسەتكەن مۇئمىنلەرگە خاس ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان مىساللاردىن بىرى پىرئەۋن، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ ئىبرەتلىك قىسسىلىرى بولۇپ، ئۇلار مەغلۇپ بولغان، مۇئمىنلەر بولسا غەلىبە قىلغان ئىدى. پىرئەۋن، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرى مال-دۇنيادا، كۈچ-قۇۋۋەتتە، ئەسكەر ساندا ئۆزلىرىنىڭ شۇ زامانلاردىكى كىشىلەردىن ئالاھىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى، ياراتقۇچى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغان، ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشەنمىگەن ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئەزىيەت قىلغان، ھەتتا ئۇلارغا دۈشمەن بولغان ئىدى. ئەمما ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى، ئۇلارنىڭ بايلىقى، كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە توپلىغان ئەسكەرلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى تاقىيا-مەتكىچە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئىبرەت بولغۇدەك دەرىجىدە قاتتىق جازالىدى. ھازىرقى كاپىرلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ زالىملىقىنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرىمىز دەپ خام خىيال قىلمىسۇن! ئاللاھ تائالا زالىملارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرسىمۇ، قەتئىي ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئۇلارنى ھەرگىز جازاسىز قويمايدۇ.

ئەقىللىق ئادەم بۇ ئايەتلەرگە تەپەككۇر نەزىرى بىلەن قاراپ ئىبرەت ئالىدىغان بولسا، ئۇ ئەلۋەتتە كۈچلۈك ئىمانغا ئىگە بولىدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا قارىتا توغرا قاراشتا بولىدۇ. «ئاللاھ نېمىشقا بىزگە ياردەم قىلمايدۇ؟» دەپ ئاغرىنمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئالدىرىمايدۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدۇ، ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. تارىخلارغا قارايدىغان بولساقمۇ، ئەزەلدىن ھەقىقەت ئىگىلىرى كېچىكىپ بولسىمۇ غەلىبە قىلىپ كەلدى، ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى ۋاقىتلىق دەۋر سۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىرى ھالاك بولۇپ تۈگەشتى. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى بولۇپ، ھەقىقەت ئىگىلىرىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ، ھەقىقەت دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، كاپىرلار ئاللاھ تائالانى ۋە ئاخىرەت ھاياتىنى، شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلىپ كەلمەكتە. ئەمما ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قېچىپ

قوتۇلالمايدۇ.

كاپىرلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا بىرەر باھانىسى بارمۇ؟ يوق! چۈنكى، ئۇلارغا ھەقىقەت ئوپئوچۇق يورۇتۇپ بېرىلدى، ھەق دىن تولۇق يەتكۈزۈلدى، پەيغەمبەرلەر ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. كاپىرلار ئىنكار قىلىپ كەلگەن بۇ مۇقەددەس كىتاب – «قۇرئان كەرىم» بولسا لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان شەرەپلىك قۇرئاندۇر.

ئىمام مۇھەممەد ئابدۇھ مۇنداق دېگەن: «لەۋھۇلمەھپۇزنىڭ ئاللاھ تائالا ‹قۇرئان كەرىم›نى ساقلاپ كەلگەن بىر دىۋان ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، ئەمما ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىزگە ئاللاھ تائالا بىلدۈرمىگەن. شۇڭا بىز ئۇنىڭ شۇنداق قوغدالغان بىر دىۋان ئىكەنلىكىگە، ‹قۇرئان كەرىم›نىڭ ئۇنىڭدا ساقلانغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرىمىز»[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. جەننەت سىناقلاردىن ئۆتۈشنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، مۆئمىن ئادەم بۇ دۇنيادا پېقىرلىق، ئاغرىق- سىلاق ۋە قىيىنچىلىقلار بىلەن سىنالغاندەك، تەن ساقلىق، باي - باياشاتلىق بىلەنمۇ سىنىلىدۇ.

2. مۆئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى بىلەن كاپىرلارنىڭ جازاسى ئېنىقتۇر. يول تاللاش ئەركىنلىكى ھەممىگە ئوخشاشلا بېرىلگەن ھوقۇقتۇر.

3. زالىملار ھەرگىز جازاسىز قالمايدۇ.

4. قىسسىلەر كىشىلەرنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشى ۋە تەپەككۇر قىلىشى ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىقتۇر.

5. بەندىلەرنىڭ ئىشى ۋە تەقدىرى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر.

6. «قۇرئان كەرىم» ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان ئىدى.

[1] «تفسير المنار» 7-توم، 393-بەت.

# تارىق سۈرىسى

تارىق سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 17 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئىنسانىنى ياراتقان زات ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىشە ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ ۋە ئۇلارنى خېيىم-خەتەرلەردىن قوغداپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش بىلەن بىرگە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى ھەق سۆز ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ۋە ئاخىرىدا كاپىرلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىنىڭ ھېچبىر ئىشقا يارىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿ٱلطَّارِقِ﴾ «تۈندە چاقنىغۇچى» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿وَٱلسَّمَآءِ وَٱلطَّارِقِ ١ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا ٱلطَّارِقُ ٢ ٱلنَّجۡمُ
ٱلثَّاقِبُ ٣ إِن كُلُّ نَفۡسٖ لَّمَّا عَلَيۡهَا حَافِظٞ ٤ فَلۡيَنظُرِ ٱلۡإِنسَٰنُ
مِمَّ خُلِقَ ٥ خُلِقَ مِن مَّآءٖ دَافِقٖ ٦ يَخۡرُجُ مِنۢ بَيۡنِ ٱلصُّلۡبِ
وَٱلتَّرَآئِبِ ٧ إِنَّهُۥ عَلَىٰ رَجۡعِهِۦ لَقَادِرٞ ٨ يَوۡمَ تُبۡلَى ٱلسَّرَآئِرُ ٩
فَمَا لَهُۥ مِن قُوَّةٖ وَلَا نَاصِرٖ ١٠ وَٱلسَّمَآءِ ذَاتِ ٱلرَّجۡعِ ١١ وَٱلۡأَرۡضِ
ذَاتِ ٱلصَّدۡعِ ١٢ إِنَّهُۥ لَقَوۡلٞ فَصۡلٞ ١٣ وَمَا هُوَ بِٱلۡهَزۡلِ ١٤ إِنَّهُمۡ
يَكِيدُونَ كَيۡدٗا ١٥ وَأَكِيدُ كَيۡدٗا ١٦ فَمَهِّلِ ٱلۡكَٰفِرِينَ أَمۡهِلۡهُمۡ
رُوَيۡدَۢا ١٧﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئاسمان بىلەن ۋە تۈندە چاقنىغۇچى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

2ـ (ئى پەيغەمبەر!) سەن تۈندە چاقنىغۇچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

3ـ ئۇ يورۇق يۇلتۇزدۇر.

4ـ ھەربىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە كۆزەتچى (پەرىشتە) بار.

5ـ ئىنسان ئۆزىنىڭ نېمىدىن يارىتىلغانلىقىغا قاراپ باقسۇن.

6ـ7ـ ئۇ ئومۇرتقا بىلەن كۆكرەك سۆڭەكلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغان مەنىيدىن يارىتىلغان.

8ـ شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇنى (ئۆلگىنىدىن كېيىن ھاياتقا) قايتۇرۇشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

9ـ سىرلار ئاشكارىلىنىدىغان (قىيامەت) كۈنىدە،

10ـ ئۇ ئىنسانغا (ئۇنى ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) ھېچقانداق كۈچ ۋە ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى بولمايدۇ.

11ـ قايتۇرىدىغان ئاسمان بىلەن قەسەم قىلىمەن،

12ـ يېرىلىدىغان زېمىن بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

13ـ ئەلۋەتتە بۇ (قۇرئان) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان سۆزدۇر.

14ـ ئۇ چاقچاق ئەمەس.

15ـ شەكسىزكى، ئۇ كاپىرلار ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ تۇرىدۇ.

16ـ مەنمۇ ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىنى بەربات قىلىپ تۇرىمەن.

17ـ (ئى پەيغەمبەر!) شۇڭا سەن كاپىرلار(نىڭ ھالاك بولۇشى) ئۈچۈن ئالدىراپ كەتمىگىن، ئۇلارغا ئازراق مۆھلەت بەرگىن.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئاسمان بىلەن ۋە ئۇنىڭدىكى بىز بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان بارلىق مەۋجۇدات بىلەن، شۇنداقلا كېچىدە كۆرۈنىدىغان يورۇق يۇلتۇز

بىلەن قەسەم قىلىدۇ. بۇ قەسەم بايان قىلىنماقچى بولغان ماۋزۇغا ئىنسانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈن بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنى ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئەمما بىز تۈنىدە چاقنىغۇچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنى بىزگە بىلدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن: ﴿تۈنىدە چاقنىغۇچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟﴾ دېگەن شەكىلدە سوئال قويىدۇ ۋە ئارقىدىنلا ئۆزى جاۋاب بېرىپ: ﴿ئۇ يورۇق يۇلتۇزدۇر﴾ دەيدۇ. بۇ تۈنىدە چاقنىغۇچى تارىق يۇلتۇزنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلغان ئۇسلۇبتۇر. يۇلتۇزلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كىشىلەرگە يول كۆرسىتىش خۇسۇسىيىتى بار. يۇلتۇزلارنىڭ ماددىي جەھەتتىن يول كۆرسەتكەنلىكى كېچىدە يول يۈرگەنلەرگە يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىشى، مەنىۋى جەھەتتىن بولغىنى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە سەنئەتلىرىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا تۈرتكە بولۇشىدۇر. ئاللاھ تائالا ئاسمان بىلەن ۋە تۈنىدە چاقنىغۇچى تارىق يۇلتۇزى بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق شۇنى تەكىتلەيدۇكى، ھەربىر ئىنساننىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىنى نازارەت قىلىپ تۇرىدىغان مەخسۇس پەرىشتە بولىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿إِن كُلُّ نَفْسٍ لَّمَّا عَلَيْهَا حَافِظٌ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿حَافِظٌ﴾ دېگەن سۆزگە «ئەقىل» دەپ مەنە ئېيتقان، يەنى ئىنساننى ساقلىغۇچى ئۇنىڭ ئەقلى بولۇپ، ئەقىل ئىنساننى ئۆزىگە پايدىلىق ئىشلارغا يېتەكلەيدۇ ۋە زىيانلىق ئىشلاردىن ساقلايدۇ. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى ﴿حَافِظٌ﴾ دېگەن سۆزدىن ئاللاھ تائالا مەقسەت قىلىنىدۇ، دېگەن. ئۇلار بۇنىڭغا ﴿فَٱللَّهُ خَيْرٌ حَٰفِظًا ۖ وَهُوَ أَرْحَمُ ٱلرَّٰحِمِينَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئەڭ ياخشى ساقلىغۇچىدۇر، ئۇ رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكىدۇر﴾ [1] دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن[2]. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ﴿إِن كُلُّ نَفْسٍ لَّمَّا عَلَيْهَا حَافِظٌ﴾ دېگەن ئايەتكە «ھەربىر ئادەمگە رەببى تەرىپىدىن بىر ساقلىغۇچى پەرىشتە قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمەللىرىنى ساقلايدۇ، ياخشى ۋە يامان بارلىق ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ» دەپ مەنە ئېيتقان[3]. مۇتلەق كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر بۇنى كۈچلەندۈرگەن.

---

[1] يۈسۈف سۈرىسى: 64-ئايەت.

[2] «تفسير القرطبي» 20- توم، 6- بەت.

[3] «تفسير الطبري» 24- توم، 353- بەت.

ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدىغان ئىنسان ئۆزىگە قاراپ باقسۇن، ئۇ نېمىدىن يارىتىلدى؟ قانداق يارىتىلدى؟ شەكسىزكى، ئۇ ئومۇرتقا بىلەن كۆكرەك سۆڭىكىنىڭ ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغان ئەرزىمەس سۇدىن يارىتىلدى. بۇ سۇ مەنىي (ياكى ئىسپېرما) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمدى ئىنسان ئويلاپ باقتىمۇ؟ بۇ سۇ نېمىلەردىن تەركىب تاپىدۇ، قانداق بولۇپ بۇ سۇدىن ساغلام بىر ئىنسان مەيدانغا كېلىدۇ؟ مۇنداق بولۇشنى تاسادىپىيلىق ياكى تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى دېيىشكە بولامدۇ؟ بۇ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئەگەر مۇنداق بىر سۇدىن ساق-ساغلام ئىنساننىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى ياكى تاسادىپىيلىق دەيدىغان بولساق، نېمە ئۈچۈن بەزىدە جىسمانىي تەرەپتىن كەمتۈك بالىلار تۇغۇلىدۇ؟ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى دېگەن ئۆزگەرمەس ئەمەسمىدى؟

ئىنساننىڭ بۇ شەكىلدە ۋە مۇشۇ مۇكەممەل سۈرەتتە يارىتىلغانلىقى، ئۇنىڭ بىر تامچە ئەرزىمەس سۇدىن تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەل ئىنسانغا ئايلانغانلىقى ئەلۋەتتە بىر ماھىر ياراتقۇچىنىڭ گۈزەل سەنئىتىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلمامدۇ؟

ئەمدى بۇ ئىنساننى شۇنداق كۆپلىگەن باسقۇچلارغا بۆلۈپ ساق-ساغلام ياراتقان زات ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرەمدۇ؟ ئۇنىڭدىن ھېساب ئالمامدۇ؟ ئەلۋەتتە بىر كۈنى ئۇنىڭدىن ھېساب ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا دۇنيادا قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىدۇ.

ئەرنىڭ ئومۇرتقىسى بىلەن ئايالنىڭ كۆكرەك سۆڭىكىنىڭ ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغان بۇ سۇ قاندىن، قان يېمەكلىكلەردىن، يېمەكلىكلەر بولسا ئۆسۈملۈكلەردىن ۋە ھايۋانلاردىن ھاسىل بولىدۇ. ئاندىن بۇ سۇ ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىرلىشىشى بىلەنلا ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەمدى، شۇ ئەرزىمەس سۇدىن جانلىق بىر ئىنساننى مەيدانغا كەلتۈرگەن كىم؟ ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالادۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئىنساننى يوقتىن بار قىلغان زات ئۇنى ئۆلگىنىدىن كېيىن، پۈتۈن سىرلار ئاشكارىلىنىدىغان، يوشۇرغانلار مەيدانغا چىقىدىغان ۋە ئىنسان ھېچبىر ئىشىنى يوشۇرالمايدىغان قىيامەت كۈنىدە قايتىدىن يېڭى بىر ھاياتقا قايتۇرۇشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. بۇ كۈندە ئازابقا ھەقلىق بولغان ئىنسان ئۈچۈن ئۇنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان ھېچبىر كۈچ ۋە ھېچبىر مەدەتكار چىقمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كۈندە ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا قايتىدىغان نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاسمان ۋە يېرىلىپ ئۆزىدىن تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىدىغان زېمىن بىلەن

قەسەم قىلىش ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى ھەق سۆز، چاقچاق ياكى ئەپسانە ئەمەس، ياكى كاپىرلار تۆھمەت قىلغاندەك سېھىر ياكى شېئىر ئەمەس، بەلكى كۈچلۈك پەرىشتە جىبرىل ئارقىلىق ئۆز تەرىپىدىن بەندىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ئىلاھىي كىتاب ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

«ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن ئالىملىرى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَٱلسَّمَآءِ ذَاتِ ٱلرَّجۡعِ﴾ دېگەن ئايەت ئاسماننىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئاسمان ئەمەلىيەتتە «قايتۇرۇش»، «ياندۇرۇش» رولىغا ئىگە. قەدىمقى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى «يامغۇرلۇق ئاسمان» ياكى «يامغۇر ياغدۇرغۇچى ئاسمان» دەپ تەپسىر قىلغان. چۈنكى، ئۇلار شۇ زامانلارنىڭ سەۋىيەسى بىلەن تەپەككۇر قىلىپ ئاسماندىن چۈشىدىغان نەرسە پەقەتلا يامغۇردۇر، دەپ چۈشەنگەن. ئەمما ھازىر ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلىپ ئاسماندىن زېمىنغا قايتىدىغان نەرسىلەرنىڭ پەقەت يامغۇرلا ئەمەس، بەلكى ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى بايقالدى. ئايەتتىكى ﴿ٱلرَّجۡعِ﴾ دېگەن سۆز (ئىنگلىزچىدە return) «باشلانغان يېرىگە قايتۇرۇش»، «كەلگەن يېرىگە ياندۇرۇش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ دېگەنلىك بىر نەرسىنى كەلگەن يېرىگە كەلگەن يولى بىلەن قايتۇرۇۋېتىش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ سادانىڭ قايتقىنىغا، رادىيو دولقۇنلىرىنىڭ قايتقىنىغا، زېمىندىن پارغا ئايلىنىپ يۇقىرىغا ئۆرلىگەن سۇنىڭ يەنە زېمىنغا يامغۇر بولۇپ قايتقىنىغا ئوخشاش قايتىشتۇر. ئاسمان بۇلارنى زېمىنغا قايتۇرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئاسماننى ﴿ٱلرَّجۡعِ﴾ يەنى ﴿قايتۇرىدىغان﴾ دەپ تەرىپلىگەنلىكى ھازىرقى زاماندىلا ئىسپاتلانغان بۇ ئىلمىي ھەقىقەتلەردىن ئالدىن خەۋەر بەرگەنلىكى ئىدى. ئاسمان يەنە زېمىندىن ئۆرلىگەن ھەر نەرسىنى باشقا جايغا ئۆتۈپ كېتىشتىن توسۇپ تۇرغۇچى قالقاننىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. ھازىرقى ئىلىم-پەن مۇنۇلارنى ئىسپاتلاپ چىققان:

- ئاتموسفېرا زېمىندىن پارغا ئايلىنىپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ چىققان سۇنى يامغۇر ھالىتىدە يەنە زېمىنغا قايتۇرىدۇ.
- ئاتموسفېرا كۆپلىگەن ئاقار يۇلتۇزلارنى سىرتقى ھاۋا بوشلۇقىغا قايتۇرۇپ تۇرىدۇ.
- ئاتموسفېرا سۈنئىي ھەمراھ، رادار سىگناللىرىنى ۋە رادىيو دولقۇنلىرىنى زېمىنغا قايتۇرۇپ تۇرىدۇ. ئاتموسفېرانىڭ يەنە ئەينەككە ئوخشاش نۇر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار.

- ئاتموسفېرا يەنە ئىسسىقلىق قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، كۈننىڭ قاتتىق ئىسسىقنى قايتۇرىدىغان قالقاننىڭ رولىنى ئوينايدۇ. كۈندۈزدە كۈننىڭ قاتتىق ئىسسىقنى قايتۇرىدۇ، كېچىدە زېمىننىڭ ھارارىتىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ تەڭپۇڭلۇق يوقىلىدىغان بولسا، يەر يۈزىدە ياشاش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. چۈنكى، بۇ چاغدا يەر يۈزىدىكى جانلىقلار يا قاتتىق ئىسسىقتىن كۆيۈپ تۈگەشكەن ياكى قاتتىق سوغۇقتىن توڭلاپ ھالاك بولغان بولىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئاتموسفېرا ئىنسانغا پايدىلىق بولغان ھەممە نەرسىنى زېمىنغا قايتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا زىيانلىق بولغان ھەر نەرسىنى زېمىندىن قايتۇرۇۋېتىدۇ»[1].

ئەللامە مۇھەممەد راتىپ نابلىسى ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا ﴿وَٱلسَّمَآءِ ذَاتِ ٱلرَّجۡعِ﴾ دېگەن بۇ سۆزىدە بىزگە كۆپلىگەن ئىلمىي ھەقىقەتلەردىن خەۋەر بەرگەن. مەسىلەن: ئاي ئۆزىنىڭ ئوربىتىسىدا زېمىننى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاخىرى يەنە ئۆزى يۈرۈشنى باشلىغان جايغا قايتىپ بارىدۇ، قۇياشمۇ ئۆز ئوربىتىسىدا باشقا بىر يۇلتۇزنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ ئاخىرى ئۆزىنىڭ دەسلەپتىكى ئورنىغا قايتىپ بارىدۇ. دېمەك، ئاي، قۇياش، زېمىن ۋە بارلىق يۇلتۇزلار ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ يەنە دەسلەپكى ئورنىغا قايتىپ تۇرىدۇ. ھاۋا بوشلۇقىغا قويۇپ بېرىلگەن رادىيو دولقۇنلىرى، تېلېۋىزور قانال‌لىرى قويۇپ بېرىلگەن ئاۋاز ۋە سۈرەتلەرنى زېمىنغا قايتۇرىدۇ، دېڭىز، ئوكيانلاردىن ۋە دەريالاردىن پارغا ئايلىنىپ ئاسمانغا ئۆرلەپ چىققان سۇ ئاسماندىن يامغۇر بولۇپ يەنە زېمىنغا قايتىدۇ»[2].

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە زېمىندىن ئاسمانغا ئۆرلەپ يەنە زېمىنغا قايتىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئىنسانلار تېخى بىلىپ بولالمىغان نۇرغۇنلىغان ھەقىقەتلەر بار بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا ئىنسانلارغا تۈرلۈك يوللار بىلەن بىلدۈرىدۇ.

﴿وَٱلۡأَرۡضِ ذَاتِ ٱلصَّدۡعِ﴾ زېمىن ھەقىقەتەن يېرىقتۇر، ئۇ ھەممىشە يېرىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ يېرىلغان يېرىدىن ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىپ تۇرىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى ئىلىم-پەن ئىسپاتلىغاندەك، زېمىندىكى بارلىق

---

[1] «هذا محمد صلى الله عليه وسلم وهذه براهين رسالته» ناملىق كىتابنىڭ 554-555- بەتلىرى.

[2] «التفسير المختصر للنابلسي» 2890-بەت.

قىتئەلەر ئەسلىدە بىر-بىرىگە تۇتاش بولۇپ، ئۇلار كېيىن يېرىلغان ۋە ئايرىلغان، چوڭ تاشلار يېرىلىدۇ، ھەتتا كىچىك جىسىملارمۇ يېرىلىدۇ. زېمىننى سۈپەتلىمەكچى بولغان ئادەم ئۇنىڭ يارىتىلىشتىن تا ھازىرغىچە يېرىلىپلا كەلگەنلىكىنى سۈپەتلەيدۇ. زېمىننى ياراتقان ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتنى ئوبدان بىلگەنلىكتىن، ئۇنى ﴿ذَاتِ ٱلصَّدۡعِ﴾ يەنى ﴿يېرىلىدىغان﴾ دەپ سۈپەتلىگەن. زېمىن خۇددى تۇخۇمدەك قاتمۇقاتتۇر. سىز بىر تۇخۇمنى قولىڭىزغا ئېلىپ قاراپ بېقىڭكى، تۇخۇمنىڭ سىرتىدا ئۇنىڭ تاش پوستى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ناھايىتى نېپىز پەردىسى بولىدۇ، ئۇنىڭمۇ ئىچىدە تۇخۇمنىڭ ئېقى بولىدۇ، ئۇنىڭمۇ ئىچىدە سېرىقى بولىدۇ. زېمىننىڭ تاش پوستى قاتتىق بولىدۇ، زېمىننىڭ ئاستىغا ئىلگىرىلەپ كىرگەنسېرى زېمىن يۇمشاپ ماڭىدۇ، ئاندىن يېپيېشقاق بولۇپ قالىدۇ، ئاخىرىدا ئاقىدىغان بولۇپ چىقىدۇ.

زېمىن يەنە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چىقىشى ئۈچۈن يېرىلىپ بېرىدۇ. ھازىرقى ئىلىم-پەن زېمىننىڭ ھەر تەرىپىدىن يېرىق ھالىتىنى بايقىغان.

زېمىننىڭ يېرىق بولغانلىقىنىڭ پايدىلىرىدىن بەزىسى شۇكى، زېمىندىكى بۇ يېرىقلار يەر ئاستىدىكى ھارارەتنىڭ ئۆتۈشى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەگەر زېمىندا مۇنداق يېرىق بولمىغان بولسا ئىدى، يەرنىڭ ئاستىدىكى ھارارەت سەۋەبلىك پارتلاش كېلىپ چىققان بولاتتى. زېمىندىكى بۇ يېرىقلار ئارقىلىق يەر ئاستىدىكى گاز ۋە ھور قاتارلىقلار چىقىپ، زېمىننىڭ گاز ۋە سۇ قاتلىمىنى ھاسىل قىلىدۇ. زېمىندىكى بۇ يېرىقلار زېمىننىڭ تاش پوستىنى ۋە تاغ تىزمىلىرىنى ھاسىل قىلىشىغا ياردەمچى بولىدۇ، شۇنداقلا يەر يۈزىدە دېڭىز ۋە دەريالارنى ھاسىل قىلىش ئارقىلىق سۇنى يىراق جايلارغا ئېلىپ بېرىشقا ياردەمچى بولىدۇ. زېمىندىكى بۇ يېرىقلار ئارقىلىق قىممەتلىك يەر ئاستى بايلىقلىرىنى چىقىرىشقا بولىدۇ. ئىنسانلار بۇ ھەقىقەتنى پەقەت ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىن بېرى بىلىپ يەتكەن بولدى.

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە، ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر ھەققىدە توختالغان، ئاندىن ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راستلىقىنى دەلىللىگەن. بۇ ئىككىسى ئىماننىڭ ئەڭ ئاساسلىق شەرتلىرىدۇر. چۈنكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى يېزىپ تۇرىدىغان پەرىشتىنىڭ بارلىقىغا ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ ئۆز قىلمىشلىرىدىن تەپسىلي ھېساب بېرىدىغانلىقىغا چىن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇ ھەقىقىي مۇئمىن بولغىنىدەك،

ياخشىلىقنىڭ مەنبەسى بولالايدۇ. ئاللاھ تائالا ئاندىن «قۇرئان كەرىم» ۋە «قۇرئان كەرىم» نازىل قىلىنغان زات ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە توختالغان. شۇنداق قىلىپ بۇ سۈرە كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلامغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق سۇيىقەستلىرى، ئىشلەتكەن ھىيلە-مىكىرلىرى ۋە پىلانلاۋاتقان تۈزاقلىرىنىڭ چوقۇم بەربات بولىدىغانلىقىدىن ئۇلارنى خەۋەرلەندۈرۈش بىلەن ئاخىرلاشقان. ئاللاھ تائالا كاپىرلارغا ۋە ھەرقانداق بىر گۇناھكارغا تەۋبە قىلىپ، ھەقىقەتكە قايتىۋېلىشى ئۈچۈن پۇرسەت بېرىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى دەرھال جازالىمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ ۋە ئۇلاردىن ھېساب ئالماي قويمايدۇ. ﴿فَمَن يَعۡمَلۡ مِثۡقَالَ ذَرَّةٍ خَيۡرٗا يَرَهُۥ ۝٧ وَمَن يَعۡمَلۡ مِثۡقَالَ ذَرَّةٖ شَرّٗا يَرَهُۥ﴾ يەنى ﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلسا، ئۇ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾ [1]. بۇ ئومۇمىي پرىنسىپتۇر.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەلىم بېرىپ دەيدۇكى، كاپىرلارنىڭ بارلىق ھىيلە-مىكىرلىرىنى، ساڭا ۋە سېنىڭ دەۋىتىڭگە قارشى قۇرغان بارچە تۇزاقلىرىنى رەببىڭ بەربات قىلىۋېتىشقا قادىر بولغان ئىكەن، سەن بۇ كاپىرلارنىڭ جازالىنىشىغا ئالدىراپ كەتمىگىن، ئۇلارغا مۆھلەت بەرگىن ۋە ئۇلارنى بىرئاز ئۆز ھالىغا قويۇۋەتكىن. شەكسىزكى، رەببىڭنىڭ ئازابى ئۇلارنى چوقۇم قورشايدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرى بارلىق تەپسىلاتى بىلەن خاتىرىلىنىپ تۇرىدۇ ۋە قىيامەت كۈنىدە شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلاردىن ھېساب ئېلىنىدۇ.

2. بالىنىڭ ئاتا-ئانا ھەر ئىككىسىنىڭ ئىسپېرمىسىدىن تۆرىلىدىغانلىقى ھازىرقى ئىلىم-پەن ئىسپاتلىغان ئىلمىي ھەقىقەتتۇر.

3. گۇناھنى داۋاملاشتۇرۇش، كۆڭلىدە بولمىغاننى تىلى بىلەن ئىزھار قىلىش قەبىھ ئەمەللەردىن سانىلىدۇ.

4. «قۇرئان كەرىم» ھەقىقەتنى باتىلدىن ئايرىيدىغان ھەق كىتابتۇر.

5. كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى قىلىۋاتقان ھىيلە-مىكىرلىرى بىر كۈنى بەربات بولماي قالمايدۇ.

---

[1] زەلزەلە سۈرىسى:7-8- ئايەتلەر.

# ئەئلا سۈرىسى

ئەئلا سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 19 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىشقا، كىشىلەرگە «قۇرئان كەرىم» بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلىشقا ئەمر قىلىش، ئاخىرەتتىكى نىجاتلىق پەقەت نەپسىنى يىغىپ، قەلبىنى گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ كىرلىرىدىن پاك تۇتقان كىشىلەرگە خاس ئىكەنلىكى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىنسانلارغا ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا نېمەتلىرىنى ۋە سانسىزلىغان ئاتا، ئېھسانلىرىنى ئەسلىتىش ۋە ئۇلارنى دۇنيالىققىلا بېرىلىپ كېتىشتىن توسۇپ، ئاخىرەتلىك ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشقا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿ٱلۡأَعۡلَى﴾ «ھەممىدىن ئۈستۈن» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿سَبِّحِ ٱسۡمَ رَبِّكَ ٱلۡأَعۡلَى ١ ٱلَّذِي خَلَقَ فَسَوَّىٰ ٢ وَٱلَّذِي قَدَّرَ
فَهَدَىٰ ٣ وَٱلَّذِيٓ أَخۡرَجَ ٱلۡمَرۡعَىٰ ٤ فَجَعَلَهُۥ غُثَآءً أَحۡوَىٰ ٥
سَنُقۡرِئُكَ فَلَا تَنسَىٰٓ ٦ إِلَّا مَا شَآءَ ٱللَّهُۚ إِنَّهُۥ يَعۡلَمُ ٱلۡجَهۡرَ وَمَا
يَخۡفَىٰ ٧ وَنُيَسِّرُكَ لِلۡيُسۡرَىٰ ٨ فَذَكِّرۡ إِن نَّفَعَتِ ٱلذِّكۡرَىٰ ٩
سَيَذَّكَّرُ مَن يَخۡشَىٰ ١٠ وَيَتَجَنَّبُهَا ٱلۡأَشۡقَى ١١ ٱلَّذِي يَصۡلَى ٱلنَّارَ
ٱلۡكُبۡرَىٰ ١٢ ثُمَّ لَا يَمُوتُ فِيهَا وَلَا يَحۡيَىٰ ١٣ قَدۡ أَفۡلَحَ مَن تَزَكَّىٰ ١٤
وَذَكَرَ ٱسۡمَ رَبِّهِۦ فَصَلَّىٰ ١٥ بَلۡ تُؤۡثِرُونَ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا ١٦ وَٱلۡأٓخِرَةُ
خَيۡرٞ وَأَبۡقَىٰٓ ١٧ إِنَّ هَٰذَا لَفِي ٱلصُّحُفِ ٱلۡأُولَىٰ ١٨ صُحُفِ إِبۡرَٰهِيمَ

وَمُوسَىٰ ﴿١٩﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-5- (بارچە مەخلۇقاتنى) يارىتىپ، ئۇلارنى بېجىرىم قىلغان، (ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشنى) ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى (پايدىلىنىش يوللىرىغا) يېتەكلىگەن، (زېمىندىن) ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىپ بېرىپ، ئاندىن ئۇلارنى قوپقۇرۇق ئوت-خەسكە ئايلاندۇرغان، ھەممىدىن ئۈستۈن رەببىڭنىڭ ئىسمىنى ئۇلۇغلاپ تەسبىھ ئېيتقىن.

6-7-(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا (قۇرئاننى) ئوقۇتىمىز، ئاللاھ (ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى) خالىغان نەرسىدىن باشقىسىنى ئۇنتۇمايسەن. شەكسىزكى، ئاللاھ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

8-سېنى بىز ئاسانلىققا مۇۋەپپەق قىلىمىز.

9-ۋەز-نەسىھەت پايدا قىلغۇدەك بولسىلا، ۋەز-نەسىھەت قىلغىن.

10-(ئاللاھتىن) قورققان ئادەم ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدۇ.

11-ئەڭ بەختسىز ئادەم ۋەز-نەسىھەتتىن قاچىدۇ.

12-ئۇ (دوزاختىن ئىبارەت) ئەڭ چوڭ ئوتقا كىرىدۇ.

13-ئاندىن ئۇ دوزاختا يا ئۆلمەيدۇ يا (تىرىكتەك) ياشىمايدۇ.

14-15- (گۇناھتىن) پاكلانغان، رەببىنىڭ نامىنى ياد ئېتىپ ناماز ئوقۇغان ئادەم مۇرادىغا يەتتى.

16-بەلكى سىلەر (ئى ئىنسانلار!) دۇنيا ھاياتىنى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق كۆرىسىلەر.

17-ئاخىرەت بولسا ئەڭ ياخشىدۇر ۋە مەڭگۈلۈكتۇر.

18-19- شەكسىزكى، بۇ (ھەقىقەتلەر) بۇرۇنقى سەھىپىلەردە - ئىبراھىم ۋە مۇسانىڭ سەھىپىلىرىدە باردۇر.

## تەپسىرى

ئەڭ ئۇلۇغ رەببىڭ بولغان ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىنى بارچە نۇقسانلاردىن

ۋە ھەرقانداق بىر كەمچىلىكتىن ئەلۋەتتە پاك ۋە ھەممىدىن ئۈستۈن دەپ ئېتىقاد قىلغىن ۋە ئۇنى ئېغىزىڭدىن چۈشۈرمەي سۆزلىگىن. ئىسىم ھەرقانداق شەخسنى ۋە ھەرقانداق نەرسىنى باشقىسىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان ۋە ئۇنى تونۇشتۇرىدىغان نەرسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىمۇ ئاللاھ تائالانى تونۇتىدۇ ۋە ئۇنىڭ مەخلۇقاتتىن ھېچبىرىگە ئوخشىمايدىغان، تەڭداشسىز بىر ئىلاھ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ زاتىنى ۋە ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئىنسانىنىڭ ئەقلى ئىدراك قىلالمايدۇ. ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرەتلىك، ھەممىگە قادىر، ئەڭ مۇكەممەل ۋە تەڭداشسىز، يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بالىسى ياكى ئايالى ۋەياكى ياردەمچىسى بولۇشتىن ئۈستۈن ۋە ھەممىدىن بىھاجەت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مەزكۇر ئىسىم-سۈپەتلىرى ئۇنىڭ مۇكەممەللىكىنى ۋە تەڭداشسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئاللاھ تائالانى مۇشۇ ئىسىم-سۈپەتلىرى ئارقىلىق تونۇيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تونۇيدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنىڭ تەڭداشسىز ئىكەنلىكىگە، بۇ ئىسىم-سۈپەتلەرنىڭ ھېچقانداق مەخلۇقاتنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئىمان ئېيتىش پەرزدۇر.

ئاللاھ تائالا بارچە مەخلۇقاتنى يوقتىن يارىتىپ، ئۇلارنى بىجىرىم ۋە مۇكەممەل قىلغان، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھاياتىنى مۇكەممەل بىر نىزامغا باغلىغان، ھەربىر مەخلۇققا ئۇنىڭ ياشاش يوللىرىنى، ئۆزىگە مەنپەئەتلىك ئىشلارنى بەلگىلىگەن ۋە تەقدىر قىلغان، ئاندىن ئۇنى شۇ يولغا يېتەكلىگەن، ئۇنىڭغا كائىناتتىكى نەرسىلەردىن پايدىلىنىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن زاتتۇر. شۇڭا ھەرقانداق جانلىق ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قوغداش، ئۆزىنى خەۋپ-خەتەرلەردىن مۇداپىئە قىلىش يوللىرىنى بىلىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىدۇ، كۈرەش قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بارچە مەخلۇقاتنى ئۆزلىرىگە مەنپەئەتلىك بولغان ئىشلارغا يېتەكلىگەندەك، ئىنسانلارنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ۋە تىلەكلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئۆز تەبىئىتىدە بار بولغان ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلىدى، ئۇنىڭغا يول كۆرسەتتى. يەنى ئاللاھ تائالا ئاۋۋال ئىنسانغا ئەقىل-ئىدراك ئاتا قىلغان، ئاندىن ئۇنىڭغا ياشاش يوللىرىنى تەقدىر قىلىپ، ئۇنى شۇ ياشاش يوللىرىغا ئۇنىڭدىكى ئەقىل-ئىدراك ئارقىلىق يېتەكلىگەن. ئاللاھ

تائالا يەنە ئىنسان ۋە ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىپ بەرگەن، ئاندىن بۇ ئۆسۈملۈكلەرنى ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن قۇپقۇرۇق ئوت-خەسكە ئايلاندۇرغان زاتتۇر. بۇ ئىشلاردا ئەلۋەتتە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ ھەقلىقىگە ئىشارەتلەر بار.

ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ كاتتا نېمىتى ئىنسانلارغا «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ھىدايەت مەنبەسىنى نازىل قىلغانلىقى، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ سەرخىلى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇپ بېرىشنى ۋە ئۇنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن ساقلاشنى ۋەدە قىلغانلىقىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ۋەدىسىنى بايان قىلىپ كۆپلىگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلغان. ﴿إِنَّ عَلَيْنَا جَمْعَهُۥ وَقُرْءَانَهُۥ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئۇنى (سېنىڭ دىلىڭغا) توپلاش ۋە ئۇنى ساڭا ئوقۇتۇش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر﴾ [1] دېگەن ئايەتمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ۋەدىسى بويىچە، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەرىشتە جىبرىل ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»نى قايتا-قايتا ئوقۇپ بېرىپ ئۇنىڭ قەلبىگە مەھكەم ئورناشتۇرغان. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنتۇپ قېلىشىنى ئىرادە قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى دىلىدا مەھكەم ساقلاشقا ۋە قەتئىي ئۇنتۇپ قالماسلىققا مۇۋەپپەق بولغان.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى پەيغەمبەر! كىشىلەرگە «قۇرئان كەرىم» بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلغىن، ئۇلارغا «قۇرئان كەرىم»دىكى مىساللار ۋە قىسسىلەر بىلەن ئۈگۈت بەرگىن، شۇنىمۇ ئۇنتۇمىغىنكى، ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن مەنپەئەت ئالىدىغانلىرىمۇ بار، ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلمايدىغانلىرىمۇ بار. غەيبكە ئىشىنىدىغان، قەلبىدە ئاللاھ تائالادىن قورقۇش تۇيغۇسى بولغان ئادەم سېنىڭ قىلغان ۋەز-نەسىھەتلىرىڭنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان پايدىلارنى ھاسىل قىلىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالاغا ۋە غەيبكە ئىشەنمەيدىغان، دىلى كور ئىنسانلار ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاخ بولۇپ، ئۇلار دوزاختىن ئىبارەت چوڭ ئوتقا تاشلىنىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ئوتلىرىنى دوزاخنىڭ ئوتىغا قىياس قىلغىلى بولمايدۇ، چۈنكى دوزاخنىڭ ئوتى دەھشەتلىكتۇر. دوزاخقا كىرگەنلەر يا ئۆلمەيدۇ ياكى تىرىك ئىنساندەك ياشىمايدۇ، ئۇلار مەڭگۈگە شۇنداق ئازابلىنىدۇ. چۈنكى، گۇناھ- مەئسىيەتلەردىن، ئۆزىنىڭ

[1] قىيامەت سۈرىسى:17- ئايەت.

نەپسنى خاھىشلارغا ۋە ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنۇشنىڭ ئازغۇنلۇقىدىن ئۆزىنى پاكلىغان ئادەم چوقۇم نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ، مۇرادىغا يېتىدۇ. ﴿قَدۡ أَفۡلَحَ مَن زَكَّىٰهَا﴾ يەنى ﴿نەپسىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ﴾[1].

دېمەك، ئۆزىنى گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ۋە كۇفرىدىن ساقلىغان، رەببىنىڭ ئىسمىنى ھەمىشە ئېسىدە تۇتۇپ، ئۇنى ئۇلۇغلىغان، رەببىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىشى بىلەنلا قەلبى ئارام تاپىدىغان، ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىش بىلەن رەببىگە بولغان ئىتائەتمەنلىكىنى ئاشۇرغان كىشىلەر ئاخىرەت كۈنىدە نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئۇلار بۇ دۇنيادىمۇ ئەڭ بەختلىك كىشىلەردۇر.

﴿بەلكى سىلەر (ئى ئىنسانلار!) دۇنيا ھاياتىنى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق كۆرىسىلەر﴾ يەنى كىشىلەرنىڭ كاپىرلىق ھاياتتا ياشىشىغا ۋە تۈرلۈك گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە چۆكۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان نەرسە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ كېتىپ، بۇ دۇنيالىققىلا بېرىلىپ كەتكەنلىكى ۋە دۇنيا سۆيگۈسىنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇۋالغانلىقىدۇر. ئەمما ئىنسان بۇ دۇنيالىققا ھەرقانچە بەك بېرىلىپ كەتسىمۇ، بەربىر ئۇ ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان رىزىققا ئېرىشىدۇ، دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى ئالدىدا ئىنتايىن ئازدۇر. چۈنكى، ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى مەڭگۈلۈك تۈگىمەيدىغان بولۇپ، ئۇنى قولغا كەلتۈرگەنلەر ئەڭ ياخشى ئاقىۋەتنى قولغا كەلتۈرگەن بولىدۇ.

ئى ئىنسانلار! سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يېڭىچە بىر دىننى ئېلىپ كەلدى، دەپ ئويلاپ قالماڭلار! ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگىنى ئىلگىرىكى ساماۋى دىننىڭ داۋامى ۋە ئۇ دىننىڭ مۇكەممەللەشكەن ئاخىرقى نۇسخىسىدۇر. چۈنكى، ئۇنىڭغا كەلگەن مەسىلىلەرنىڭ تولىسى ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلاردا بار. خۇسۇسەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كىتابلىرىدا بار. چۈنكى، ساماۋى دىن ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ۋە ئۇنىڭ بارچە كەمچىلىكلەردىن پۈتۈنلەي پاك ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشنى ئىماننىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىپ بەلگىلىگەن. ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ۋە ئاخىرەتنىڭ چوقۇم بولىدىـ ـغانلىقىغا چىن ئىشىنىش، پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىش قاتارلىقلار ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن ساماۋى دىننىڭ يادروسى،

[1] شەمس سۈرىسى: 9 ـ ئايەت.

شۇئارى ۋە ئىمانىنىڭ مەركىزى نۇقتىسىدۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ھۆرمەتلەش، ئۇلۇغلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭ بارچە نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ تۇرۇش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر.

2. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كَانَ يَقْرَأُ فِي الرَّكْعَةِ الْأُولَى بِسَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى ، وَفِي الثَّانِيَةِ قُلْ يَاأَيُّهَا الْكَافِرُونَ ، وَفِي الثَّالِثَةِ قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ وَالْمُعَوِّذَتَيْنِ» يەنى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىتىر نامىزىنىڭ بىرىنچى رەكئەتتە ‹ئەئلا› سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئەتتە ‹كافىرۇن› سۈرىسىنى، ئۈچىنچى رەكئەتتە ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇيتتى»[1].

3. ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش، نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر.

4. ئاخىرەتلىكنى دۇنيالىقنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئىش كۆرۈش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىدۇر.

5. ساماۋى كىتابلارنىڭ بىر-بىرىنى قوللايدىغانلىقى ۋە ئېتىقاد سىستېمىسىنىڭ بىر خىل ئىكەنلىكى بۇ كىتابلارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر.

---

[1] «سنن ابن ماجه» 1-توم، 371-بەت، 1173 - ھەدىس.

# غاشىيە سۈرىسى

غاشىيە سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 26 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ئەھۋاللار ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇ كۈندە جەننەت ئەھلى ۋە دوزاخ ئەھلى دەپ ئىككى پىرقىغا ئايرىلىپ، ھەربىرى ئۆزىنىڭ ئورنىنى تاپىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئاندىن كىشىلەرنى تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئىلىم-ھېكمىتىگە ۋە قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان بەزى كائىنات ئالامەتلىرى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى ۋەز-نەسىھەت قىلىش ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. سۈرە ھەممە خالايىقنىڭ ۋە ھەر نەرسىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىدىغانلىقىنى جاكارلاش بىلەن ئاخىرلاشقان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى ئازابلاش ۋە نېمەتلەندۈرۈشتىكى چەكسىز قۇدرىتىنى ئۇلارغا ئەسلىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتىكى ﴿ٱلۡغَٰشِيَةِ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، «غاشىيە» قىيامەتنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرىدۇر. ئۇنىڭ مەنىسى «(دەھشىتى ھەممىنى) ئورىۋالىدىغان (قىيامەت)» دېگەنلىكتۇر.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿هَلۡ أَتَىٰكَ حَدِيثُ ٱلۡغَٰشِيَةِ ١ وُجُوهٞ يَوۡمَئِذٍ خَٰشِعَةٌ ٢ عَامِلَةٞ
نَّاصِبَةٞ ٣ تَصۡلَىٰ نَارًا حَامِيَةٗ ٤ تُسۡقَىٰ مِنۡ عَيۡنٍ ءَانِيَةٖ ٥ لَّيۡسَ
لَهُمۡ طَعَامٌ إِلَّا مِن ضَرِيعٖ ٦ لَّا يُسۡمِنُ وَلَا يُغۡنِي مِن جُوعٖ ٧
وُجُوهٞ يَوۡمَئِذٖ نَّاعِمَةٞ ٨ لِّسَعۡيِهَا رَاضِيَةٞ ٩ فِي جَنَّةٍ عَالِيَةٖ ١٠ لَّا
تَسۡمَعُ فِيهَا لَٰغِيَةٗ ١١ فِيهَا عَيۡنٞ جَارِيَةٞ ١٢ فِيهَا سُرُرٞ مَّرۡفُوعَةٞ

﴿١٣﴾ وَأَكۡوَابٞ مَّوۡضُوعَةٞ ﴿١٤﴾ وَنَمَارِقُ مَصۡفُوفَةٞ ﴿١٥﴾ وَزَرَابِيُّ مَبۡثُوثَةٌ
﴿١٦﴾ أَفَلَا يَنظُرُونَ إِلَى ٱلۡإِبِلِ كَيۡفَ خُلِقَتۡ ﴿١٧﴾ وَإِلَى ٱلسَّمَآءِ كَيۡفَ
رُفِعَتۡ ﴿١٨﴾ وَإِلَى ٱلۡجِبَالِ كَيۡفَ نُصِبَتۡ ﴿١٩﴾ وَإِلَى ٱلۡأَرۡضِ كَيۡفَ
سُطِحَتۡ ﴿٢٠﴾ فَذَكِّرۡ إِنَّمَآ أَنتَ مُذَكِّرٞ ﴿٢١﴾ لَّسۡتَ عَلَيۡهِم بِمُصَيۡطِرٍ
﴿٢٢﴾ إِلَّا مَن تَوَلَّىٰ وَكَفَرَ ﴿٢٣﴾ فَيُعَذِّبُهُ ٱللَّهُ ٱلۡعَذَابَ ٱلۡأَكۡبَرَ ﴿٢٤﴾ إِنَّ
إِلَيۡنَآ إِيَابَهُمۡ ﴿٢٥﴾ ثُمَّ إِنَّ عَلَيۡنَا حِسَابَهُم ﴿٢٦﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1- ساڭا (دەھشەتتە ھەممىنى) ئورىۋالىدىغان (قىيامەت) نىڭ خەۋىرى كەلدىمۇ؟

2- بۇ كۈندە (كاپىرلارنىڭ) يۈزلىرى خار بولىدۇ.

3- ئۇلار (دۇنيادا) گۇناھ قىلغان، (ئاخىرەتتە) ئازابقا قالىدىغان كىشىلەردۇر.

4- ئۇلار ئەڭ ھارارەتلىك دوزاخقا كىرىدۇ،

5- ئۇلار (سۇلىرى) قايناپ تۇرغان بۇلاقتىن سۇغىرىلىدۇ.

6-7- ئۇلارغا يا ئوزۇق بولمايدىغان ياكى ئاچلىققا دال بولالمايدىغان (ئاچچىق) تىكەنلىك ئۆسۈملۈكتىن باشقا يېمەكلىك يوق.

8- بۇ كۈندە (مۆئمىنلەرنىڭ) يۈزلىرىدە بەخت- سائادەتنىڭ خۇشاللىقى جىلۋىلىنىدۇ.

9- ئۇلار (دۇنيادىكى) ئەمەللىرىدىن رازى بولىدۇ،

10- ئۇلار ئالىي جەننەتتە تۇرىدۇ،

11- ئۇ جەننەتتە بىھۇدە سۆز ئاڭلىمايدۇ.

12- ئۇ جەننەتتە ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاقلار بار.

13-16- ئۇ جەننەتتە ئېگىز تەختلەر، قاتار تىزىلغان قەدەھلەر، رەت-رەت قويۇلغان ياستۇقلار، سېلىنغان بىساتلار بار.

17-20- ئۇلار تۆگىلەرنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقىغا، ئاسماننىڭ قانداق كۆتۈرۈلگەنلىكىگە، تاغلارنىڭ قانداق تىكلەنگەنلىكىگە، يەر يۈزىنىڭ قانداق يېيىلغانلىقىغا قاراپ باقامدۇ؟

21-(ئى پەيغەمبەر!) سەن (ئۇلارغا) ۋەز-نەسىھەت قىلغىن. سەن پەقەت ۋەز-نەسىھەت قىلغۇچىسەن.

22-سەن ئۇلارنى (ئىمانغا) زورلىغۇچى ئەمەسسەن.

23-لېكىن، كىمكى (ۋەز-نەسىھەتتىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن ۋە (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلىدىكەن،

24-ئاللاھ ئۇنى ئەڭ چوڭ ئازاب بىلەن جازالايدۇ.

25-ئۇلارنىڭ قايتىدىغان يېرى پەقەتلا بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر.

26-ئاندىن ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش پەقەت بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ساڭا دەھشەتتى ھەممىنى ئورىۋالىدىغان ئاشۇ قورقۇنچلۇق قىيامەت كۈنىنىڭ خەۋىرى كەلدىمۇ؟ چوقۇم كەلدى. ئۇ شۇنداق بىر كۈنكى، ئۇنىڭدا كىشىلەر قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە قالىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازاب ئورىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى دوزاخنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى قارايتىۋېتىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى ﴿هَلْ﴾ دېگەن سوراق قوشۇمچىسىنى ﴿قَدْ﴾ دېگەن تەكىتلەش مەنىسىدە كەلگەن دەپ قاراپ، ئايەتكە: ﴿ئى پەيغەمبەر! ساڭا ئاشۇ دەھشەتلىك (قىيامەت) كۈنىنىڭ خەۋىرى ئەلۋەتتە كەلدى﴾ دەپ مەنە ئېيتقان. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلگۈچىدۇر.

مۇپەسسىرلەر ﴿عَامِلَةٌ نَّاصِبَةٌ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىكرىمە ۋە سۇددىي قاتارلىقلار بۇ ئايەتنى «ئۇلار دۇنيادا گۇناھ، يامان ئىش قىلغان، ئاخىرەتتە زەنجىرلەر بىلەن باغلىنىپ دوزاخقا تاشلانغان كىشىلەردۇر»[1] دەپ تەپسىر قىلغان. قەتادە «ئۇلار دۇنيادا تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان، ئاخىرەتتە ئاللاھ دوزاخقا تاشلىغان كىشىلەردۇر»[2] دەپ تەپسىر قىلغان. ئەتائ ئىبنى

[1] «تفسير ابن كثير» 8-توم، 385-بەت.
[2] «تفسير القرطبي» 20-توم، 25-بەت.

ئەبۇ رەباھ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ «ئۇلار دۇنيادا ئىسلام دىنىغا ئەمەل قىلماي، باتىل دىنلارغا ئەمەل قىلغان مۇشرىكلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ كاپىرلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ باتىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلىپ تۇرۇپ قىلغان ئەمەللىرىنى ئاللاھ ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ، ئۇلار قىيامەت كۈنى دوزاخقا تاشلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە زەيد ئىبنى ئەسلەم قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېگەن[1].

ئۇ كۈندە كىشىلەر ئىككى پىرقىغا ئايرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، دوزاخ ئەھلى بولۇپ، ئۇلار قىيامەتنىڭ قاتتىق ئازابىغا ئۇچرايدىغان، ئۇ كۈندىكى خارلىقتىن، ئازابنىڭ قاتتىقلىقىدىن يۈزلىرى قارىيىپ كېتىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ دۇنيادا جاپا تارتىپ، ياخشىلىق دەپ قىلغانلىرى بىكارغا كېتىدۇ ۋە مۇكاپاتتىن ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ، جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. ﴿وَقَدِمْنَآ إِلَىٰ مَا عَمِلُواْ مِنْ عَمَلٍ فَجَعَلْنَٰهُ هَبَآءً مَّنثُورًا﴾ يەنى ﴿بىز ئۇلارنىڭ قىلغان (بارلىق ياخشى) ئەمەلىنى بىكار قىلىۋېتىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز﴾[2]. چۈنكى، ئۇلار دۇنيادىكى ۋاقتىدا ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلمىغان، ئەمەل-ئىبادەتلەرنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىلمىغان ئادەملەردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرى سەۋەبلىك دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئۇلار قاتتىق ئۇسساپ كەتكەندە قايناق سۇ چىقىدىغان بۇلاقتىن سۇغىرىلىدۇ، بۇ قايناق سۇ ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. ئۇلارنىڭ قورساقى قاتتىق ئېچىپ كەتكەندە، ئۇلارغا يا ئوزۇق بولۇپ بەدىنىنى سەمرىتمەيدىغان ياكى ئاچلىقنى قىلچە دال بولالمايدىغان ئاچچىق تىكەنلىك ئۆسۈملۈك بېرىلىدۇ. جانابى ئاللاھ تائالا بىزنى مۇنداق ئازابتىن ساقلىغاي، ئامىن. دېمەك، دوزاخنىڭ ئازابىنى ئىنسان تەسۋىرلەپ بولالمايدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ئازابلىرى دوزاخنىڭ ئازابى ئالدىدا ھېچ نەرسە سانالمايدۇ. دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاشلاردىن بولىدۇ.

ئەمدى ئىككىنچى پىرقىغا كەلسەك، ئۇلار جەننەت ئەھلى بولۇپ، ئۇلار نېمەت ئىچىدە بولىدۇ، خۇشاللىق ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ئۇ كۈندە بەخت-سائادەتتىن پارقىراپ، خۇددى ئەتىگەندىكى قۇياشتەك نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۇنيادىكى ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈۋاتقان كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلار ئىسىل

[1] «تفسير البغوي» 8- توم، 405- بەت.

[2] فۇرقان سۈرىسى:23-ئايەت.

ۋە ئالىي جەننەتلەردە بولىدۇ. ئۇلار بۇ جەننەتلەردە بىھۇدە ياكى كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلىمايدۇ، پەقەت دىلغا خۇشاللىق بېغىشلايدىغان ياخشى سۆزلەرنىلا ئاڭلايدۇ. جەننەتتىكى نېمەتلەرنى تەسۋىرلەپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

جەننەت شۇنداق ئېسىل جاي بولۇپ، ئۇنىڭدا كىشىنىڭ كۆڭلى تارتىدىغان ۋە ئىشتىها قىلىدىغان نازۇنېمەتلەرنىڭ ھەممىسى بار، جەننەت ئەھلى ئېگىز تەختلەردە يۇمشاق ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزئارا سۆھبەتلىشىدۇ، جەننەتنىڭ گۈزەل كۆرۈنۈشلىرىگە نەزەر تاشلاپ ھۇزۇرلىنىدۇ، كۆڭلى تارتقان مېۋىلەرنى ئەكەلدۈرۈپ نېمەتلىنىدۇ، بىر-بىرىدىن كۆڭۈلگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان، ياخشى سۆزلەرنىلا ئاڭلايدۇ. دېمەك، رەببىنى تونۇپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان ۋە ھايات تەرزىنى ئۇنىڭ بەلگىلىگەن قانۇنىغا توغرىلاپ، ئۇنىڭ تەلەپ قىلغىنى بويىچە ھايات كەچۈرگەن كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق ياخشى بولىدۇ.

ئىنسانلار تەپەككۇر قىلمامدۇ؟ ئەقلىنى ئىشلەتمەمدۇ؟ ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە ۋە ئىلىم-ھېكمىتىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات ئالامەتلىرىنى كۆرمەمدۇ؟ ئۇلار تۆگىنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقىغا قارىمامدۇ؟ تۆگىنىڭ ئاچلىققا ۋە ئۇسسۇزلۇققا چىدامىلىق قىلىپ، سەھرا ھاياتىغا ۋە چۆللەردە سەپەر قىلىشقا مۇناسىپ يارىتىلغانلىقىغا قاراپ ياراتقۇچىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ئويلىمامدۇ؟ ئۇلار يەنە ئاسمانغا قاراپ، ئۇنىڭ قانداق ئېگىز قىلىنغانلىقىغا، خۇددى ھاۋادا مۇئەللەقتەك تۇرغانلىقىغا، ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە قاراپ ياراتقۇچىنىڭ گۈزەل سەنئىتى ھەققىدە تەپەككۇر قىلمامدۇ؟ ئۇلار شۇ تاغلارغا قاراپ، بۇ تاغلارنىڭ خۇددى زېمىننى تۇتۇپ تۇرىدىغان قوزۇقتەك قىلىپ قانداق تىكلەنگەنلىكىدىن ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتىنى ئويلىمامدۇ؟ يەنە ئۇلار يەر يۈزىنىڭ قانداق يېيىلغانلىقىغا، ئۈستىدە ياشاشقا مۇناسىپ شەكىلدە قانداق ھازىرلانغانلىقىغا قاراپ ياراتقۇچىنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى چۈشەنمەمدۇ؟

يۇقىرىقى ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان تۆگە، ئاسمان، زېمىن ۋە تاغ قاتارلىقلار «قۇرئان كەرىم» بىلەن ئەڭ دەسلەپ ئۇچراشقان ئەرەبلەر ھەمىشە كۆرۈپ تۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ تۇرىدىغان نەرسىلەر ئىدى. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنى تەپەككۇر قىلىشقا، ئەقلىنى ئىشلىتىپ ھەقىقەتنى ئىزدەشكە چاقىرىشتا، ئۇلارنى ئەتراپىدا كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان تۆگە، ئاسمان، تاغ ۋە زېمىن قاتارلىق نەرسىلەرگە قاراپ

پىكىر يۈزگۈزۈشكە دەۋەت قىلغان. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، ئىلىم-ھېكمىتىنى ۋە گۈزەل سەنئىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان دەلىللەردۇر.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى پەيغەمبەر! سەن بۇ ئىنسانلارغا «قۇرئان كەرىم» بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلغىن، ئۇلارغا يول كۆرسەتكىن، ئۇلارنى ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە تەپەككۇر نەزىرى بىلەن قاراپ ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكىنى تونۇشقا ئۈندىگىن، ئۇلاردىن كۆپلىرىنىڭ سېنىڭ سۆزۈڭگە قۇلاق سالمىغانلىقىدىن قايغۇرما، چۈنكى، سەن پەقەتلا ۋەز-نەسىھەت قىلغۇچىسەن، سېنىڭ ۋەزىپەڭ ساڭا بۇيرۇلغانلارنى ئەينەن يەتكۈزۈشتۇر. سەن ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئىگە ئەمەسسەن. چۈنكى، قەلبلەر بىرلا ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇ قەلبلەرنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. ھىدايەت بىلەن زالالەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. شۇڭا سەن ئۇلارنى مەجبۇرى ئىمان ئېيتقۇزالمايسەن. زادى سەن ئۇلارنى دىنغا زورلىغۇچى ئەمەسسەن. چۈنكى، ﴿لَآ إِكۡرَاهَ فِي ٱلدِّينِۖ﴾ يەنى ﴿دىندا زورلاش يوقتۇر﴾[1] يەنى ھېچكىم دىنغا كىرىشكە زورلانمايدۇ، ھەركىم دىن تاللاشتا ئەركىندۇر. شۇڭا سەن ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلغىن، دىنغا دەۋەت قىلغىن. ئەگەر ئۇلار يەنىلا ئىماندىن ۋە سېنىڭ دەۋىتىڭدىن يۈز ئۆرۈسە، ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلسا ۋە ساڭا دۈشمەنلىك قىلىشتىن ۋاز كەچمىسە، شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى، رەببىڭ ئۇلارنى ئەڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بەربىر ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش ئىشىمۇ يەنىلا ئاللاھ تائالاغا خاس ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى بارلىق قىلغان-ئەتكەنلىرىدىن بىر-بىرلەپ ھېساب ئالىدۇ ۋە ئۇلارغا تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەتنىڭ دەھشىتى ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇقتۇر.

2. دوزاخ ئازاب ۋە جاپا-مۇشەققەتنىڭ ئورنى بولسا، جەننەت مۇكاپات ۋە راھەت-پاراغەتنىڭ ئورنىدۇر.

3. يالغان ۋە بىھۇدە سۆزلەر مۇئمىنلەرنى بىئارام قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار بۇ دۇنيادا بۇنداق سۆزلەردىن يىراق تۇرىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئۇنى قەتئىي

[1] بەقەرە سۈرىسى 256-ئايەت.

ئاڭلىمايدۇ.

4. كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلغۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۇلارغا ھەقىقەتنى تولۇق يەتكۈزۈشتۇر، ئەمما ھىدايەتنى بەرگۈچى يالغۇز ئاللاھ تائالادۇر.

5. ئىنسانلارنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھى بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانى تونۇپ، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشى ئەقىل ۋە دىنىنىڭ بىردەك تەلىپىدۇر.

# فەجر سۈرىسى

فەجر سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 30 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، كاپىرلارنىڭ چوقۇم جازالىنىدىغانلىقى، ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئۇنىڭ قىيامەت توغرۇلۇق مەۋقەسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى چەكسىز قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى نامايان قىلىش، ئىنسان خاراكتېرىنى ۋە دۇنيالىقنى ئالدىنىپ كەتكەنلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى ئاقىۋىتىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن «سۈبھى»، «تاڭ» دېگەن مەنىدىكى ﴿ٱلۡفَجۡرِ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿وَٱلۡفَجۡرِ ١ وَلَيَالٍ عَشۡرٖ ٢ وَٱلشَّفۡعِ وَٱلۡوَتۡرِ ٣ وَٱلَّيۡلِ إِذَا يَسۡرِ
٤ هَلۡ فِي ذَٰلِكَ قَسَمٞ لِّذِي حِجۡرٍ ٥ أَلَمۡ تَرَ كَيۡفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِعَادٍ
٦ إِرَمَ ذَاتِ ٱلۡعِمَادِ ٧ ٱلَّتِي لَمۡ يُخۡلَقۡ مِثۡلُهَا فِي ٱلۡبِلَٰدِ ٨ وَثَمُودَ
ٱلَّذِينَ جَابُواْ ٱلصَّخۡرَ بِٱلۡوَادِ ٩ وَفِرۡعَوۡنَ ذِي ٱلۡأَوۡتَادِ ١٠ ٱلَّذِينَ
طَغَوۡاْ فِي ٱلۡبِلَٰدِ ١١ فَأَكۡثَرُواْ فِيهَا ٱلۡفَسَادَ ١٢ فَصَبَّ عَلَيۡهِمۡ رَبُّكَ
سَوۡطَ عَذَابٍ ١٣ إِنَّ رَبَّكَ لَبِٱلۡمِرۡصَادِ ١٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

**1ـ5ـ** سۈبھى بىلەن، ئون كېچە[1] بىلەن، جۈپ بىلەن، تاق بىلەن، ئۆتۈۋاتقان كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇلاردا ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن (ئۇنى قايىل قىلغۇدەك) قەسەم بار.

**6ـ10ـ** (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئاد قەۋمىنى ـ (باشقا) شەھەرلەردە ئوخشىشى يارىتىلىپ باقمىغان، ئېگىز بويلۇق ئىرەملىكلەرنى، تاغ جىلغىسىدا (ئۆي سېلىش ئۈچۈن) قورام تاشلارنى يونۇپ ئۆيلەرنى سالغان سەمۇد قەۋمىنى، قوراللىق لەشكەرلىرى بولغان پىرئەۋننى رەببىڭنىڭ قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

**11ـ13ـ** ئۇلار شەھەرلەردە ھەددىدىن ئېشىپ، ئۇ يەرلەردە بۇزغۇنچىلىقنى كۆپ قىلىۋىدى، شۇنىڭ بىلەن رەببىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۈرلۈك ئازابلارنى ياغدۇردى.

**14ـ**شەكسىزكى، رەببىڭ ئەلۋەتتە (ھەممىنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، قاراڭغۇلۇقنى كەتكۈزۈپ، يورۇقلۇقنى ئېلىپ كەلگەن سۈبھى ۋاقتى بىلەن قەسەم قىلغان بولۇپ، بۇ ۋاقىت كۈنلۈك تىرىكچىلىك باشلىنىدىغان، ئىنسانلار، ھايۋانلار ۋە ئۇچارقاناتلار ئاللاھ تائالادىن رىزقىنى تەلەپ قىلىپ، تىرىكچىلىك قىلىش يوللىرىغا ئاتلىنىدىغان بىر ھەرىكەت ۋاقتىدۇر. ئاللاھ تائالا يەنە ئون كېچە بىلەن قەسەم قىلغان بولۇپ، كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر بۇ ئون كېچىنى زۇلھەججە ئېيىنىڭ بېشىدىكى ئون كۈن دەپ قارايدۇ[2]. ئاللاھ تائالا يەنە جۈپ بىلەن، تاق بىلەن قەسەم قىلغان. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «مۇپەسسىرلەر ﴿وَٱلشَّفۡعِ وَٱلۡوَتۡرِ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئايەتنىڭ ﴿وَٱلشَّفۡعِ﴾ دېگەن قىسمىغا ‹قۇربانلىق كۈنى›، ﴿وَٱلۡوَتۡرِ﴾ دېگەن قىسمىغا ‹ئەرەفات كۈنى› دەپ مەنە بېرىتقان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿وَٱلشَّفۡعِ﴾ بارلىق مەخلۇقاتنى كۆرسىتىدۇ، ﴿وَٱلۡوَتۡرِ﴾ ئاللاھنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن. يەنە بەزىسى ‹بۇ ئايەتتىن مەخلۇقات مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى،

---

[1] ئايەتتىكى «ئون كېچە»نى بەزى مۇپەسسىرلەر زۇلھەججە ئايىنىڭ بېشىدىكى ئون كۈن دېسە، بەزىلەر رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرىدىكى ئون كۈن دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ھەر ئاينىڭ بېشىدىن ئون كۈن دەيدۇ.

[2] «تفسير الطبري» 24ـ توم، 397ـ بەت.

مەخلۇقاتنىڭ بەزىسى جۈپ، بەزىسى تاق يارىتىلغان» دېگەن. يەنە بەزىسى «بۇ ئايەتتە ناماز كۆزدە تۇتۇلىدۇ، چۈنكى، نامازنىڭ بەزىسى جۈپ، بەزىسى تاقتۇر» دېگەن. بۇ ئايەتنىڭ ئەڭ توغرا تەپسىرى شۇكى، ئاللاھ تائالا جۈپ ۋە تاق بىلەن قەسەم قىلغان بولسىمۇ، بۇ جۈپ بىلەن تاقنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى بىزگە بىلدۈرمىگەن. شۇڭا بارلىق جۈپ ۋە تاق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا قىلغان قەسەمنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ»[1]. ئاللاھ تائالا يەنە قارا پەردىسى بىلەن يەر-جاھاننى قاپلىۋالىدىغان كېچە بىلەن قەسەم قىلغان. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىشىدىكى مەقسەت كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى بۇ ئاجايىپ كائىناتقا قارىتىش ۋە ئۇلارنى كائىناتتىكى ئىلاھىي قۇدرەت ۋە گۈزەل سەنئەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەشتۇر. ئاللاھ تائالا شۇنداقلا بۇ قەسەم ئارقىلىق كاپىرلارغا ئۆزىنىڭ چەكسىز كۈچ-قۇدرىتىنى تونۇتۇشنى، ئىلگىرىكى ئازغۇن قەۋملەرنى جازالىغاندەك ئۇلارنىمۇ جازالاشقا ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ساڭا رەببىڭنىڭ ئاد قەۋمى دەپ ئاتالغان ئېگىز بويلۇق ئىرەملىكلەرنى، تاغ جىلغىلىرىدا تاشلارنى كېسىپ، يونۇپ ئۆي-ئىمارەتلەرنى سالغان سەمۇد قەۋمىنى ۋە ناھايىتى كۈچلۈك لەشكەرلىرى بولغان پىرئەۋننى قانداق جازالىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر كەلدىمۇ؟ (ئەلۋەتتە كەلدى). ئاد، سەمۇد، قەۋملىرىنىڭ ۋە پىرئەۋننىڭ قىسسىلىرى ھاققە ۋە باشقا سۈرىلەردە تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

مەزكۇر قەۋملەرنىڭ بۇ سۈرىدىكى بايانى مۇنداق: ھەق دىننى ئىنكار قىلىپ ئۇنىڭغا قارشى چىققان ۋە ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنى رەببىڭنىڭ قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ھالبۇكى، ئاد قەۋمى شۇ ۋاقىتلارغا نىسبەتەن دۇنيادا ئوخشىشى يارىتىلىپ باقمىغان، ئېگىز بويلۇق، كۈچلۈك قەۋم بولۇپ، ئۇلار ئىرەملىكلەر دەپمۇ ئاتىلاتتى. سەمۇد قەۋمى تاغ جىلغىلىرىدا قورام تاشلارنى يونۇپ، كېسىپ، كاتتا ئۆي-ئىمارەتلەرنى ياسايدىغان، ھۈنەرۋەنچىلىكتە، ئادەم سانى ۋە كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتە ئۈستۈن قەۋم ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى ﴿تاغ جىلغىسى﴾ دىن «ۋادىقۇرا» دېگەن جاي كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ جاي «ئۇلا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى «خەيبەر» رايونى بىلەن «تەيما» رايونى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان تاغلىق رايون

[1] «تفسير الطبري» 24- توم، 400- بەت.

بولۇپ، قەدىمدە سەمۇد قەۋمى ياشىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زاماندا بۇ جاي مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن پەتھى قىلىنىپ، مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە ئۆتكەن.

پىرئەۋن ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىنى ئىلاھ دەپ ئاتىۋالغان، كۈچلۈك لەشكەرلىرى بولغان، بىناكارلىقتا ناھايىتى تەرەققىي قىلىپ، مىسىردىكى مەشھۇر ئەھراملارنى (پىرامىدالارنى) قۇرۇپ چىققان زالىم پادىشاھ ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنى ۋە پىرئەۋننى يېقىپ چۈشۈش ۋە ئۇلارنىڭ زالىملىقىنى توختىتىش شۇ زامانلاردىكى ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى، ھەتتا ئۇلار بۇنداق قىلىشنى ئەقلىگە كەلتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. چۈنكى، بۇ قەۋملەر شۇنداق كۈچلۈك ئىدى. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كېلىۋىدى، ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى، ئېگىز قامىتى، لەشكەرلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى، ئۇلارنىڭ كۈچى ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالالمىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئىبرەتلىك ھالدا ھالاك قىلىندى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى نېمىشقا ھالاك قىلىۋەتكەن ئەمەس، ئۇلارغا ئۇۋال قىلغانمۇ ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار تولىمۇ ھەددىدىن ئاشقان، ھەق دىنىنى يوق قىلىش ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلغان قەۋم ئىدى.

ئاد قەۋمى ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ھۇد ئەلەيھىسسالامنى يالغانغا چىقىرىپ، ئۇنىڭغا كەلگەن دىنىنى ئىنكار قىلغان، ئۇنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن قىلمىغان ھىيلە-مىكىرلىرى قالمىغان، ئۆزىنىڭ كۈچىگە ئىشىنىپ ھەددىدىن ئاشقان قەۋم ئىدى. سەمۇد قەۋمى ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇ دەۋەت قىلىۋاتقان دىنىنى ئىنكار قىلغان، سالىھ ئەلەيھىسسالامغا سۇيىقەستلەرنى پىلانلىغان، مۇئمىنلەرگە كۆپ زۇلۇم قىلغان، ئۆزىنىڭ ماددىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە ئىشىنىپ ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان قەۋم ئىدى. پىرئەۋن بولسا ھەقىقەتكە قارشى چىقىپ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغان، ئۇنى يالغانچى، سېھىرگەر دەپ، ئۇنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلغان، ئۆزىنىڭ ھەربى كۈچىگە ئىشىنىپ ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇل قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ئوغۇل بوۋاقلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىگە سالغان، ئۆزىنى مىسىرلىقلارنىڭ ئىلاھى دەۋالغان زالىم ئىدى. يۇقىرىقى قەۋملەرنىڭ ھەممىسى كۇفرىلىقتا، بۇزغۇنچىلىقتا، ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىشتا ھەددىدىن ئاشقان بولۇپ، ئۇلار بۇ سەۋەبتىن جازاغا لايىق بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلارغا بۇ دۇنيادا چۈشكەن ئازابلار ﴿فَصَبَّ عَلَيۡهِمۡ رَبُّكَ سَوۡطَ

﴿عَذَابٍ﴾ يەنى ﴿رەببىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۈرلۈك ئازابلارنى ياغدۇردى﴾ دەپ بايان قىلىنغان. بۇ ئايەتتىكى ﴿سَوْطَ عَذَابٍ﴾ دېگەن سۆز لۇغەتتە «ئازاب قامچىسى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىنتايىن ئېسىل بىر ئوخشىتىش بولۇپ، بۇنىڭدا ھەربىر دەۋردىكى كاپىرلارغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۈزۈلمەي چۈشكەن ئازابلار قامچىلىغانغا ئوخشىتىلغان. يەنى خۇددى قامچىمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئۈرۈلغاندەك ئازابمۇ ئۇلارغا ئارقا-ئارقىدىن چۈشكەن. بۇ ئازابلار ئۇلارنىڭ پەقەتلا مۇشۇ دۇنيادىكى جازاسىدۇر. ئەمما ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ. ئىنسانلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ گۇناھى ئۈچۈنلا جازالىنىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھېچكىمگە قىلچىلىكمۇ ئۇۋال قىلمايدۇ. ﴿شەكسىزكى، رەببىڭ ئەلۋەتتە (ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ يەنى ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، يامانلىق قىلغۇچىلارنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا ھېچبىر زالىمنى جازاسىز قويمايدۇ، كېچىكىپ بولسىمۇ ئۇنىڭغا تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ئاخىرەتتە ھەربىر ئىنسان ئۆز ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، ھەق دىننى ئىنكار قىلغان ۋە يامان ئىشلارنى قىلغانلار دوزاخ بىلەن جازالىنىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. زۇلھەججە ئېيىنىڭ بېشىدىكى ئون كۈن بىلەن رامىزاننىڭ ئاخىرىدىكى ئون كېچىنىڭ ئىسلام دىنىدا قەدىر-قىممىتى يۇقىرىدۇر. شۇڭا بۇ ۋاقىتلاردا قىلىنغان ئىبادەتلەرگە ھەسسىلەپ ساۋاب يېزىلىدۇ.

2. زالىملار ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن ھەرگىز قۇتۇلالمايدۇ. پىرئەۋن، ئەبۇ جەھل قاتارلىق زالىملارنىڭ ھالاكىتى كېيىنكى زالىملارغا ئىبرەتتۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىنى قەتئىي ئاددىي ساناشقا بولمايدۇ.

### ◄ ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئۇنىڭ بېشىغا كېلىدىغان سىناقلار

﴿فَأَمَّا ٱلۡإِنسَٰنُ إِذَا مَا ٱبۡتَلَىٰهُ رَبُّهُۥ فَأَكۡرَمَهُۥ وَنَعَّمَهُۥ فَيَقُولُ
رَبِّيٓ أَكۡرَمَنِ ﴿١٥﴾ وَأَمَّآ إِذَا مَا ٱبۡتَلَىٰهُ فَقَدَرَ عَلَيۡهِ رِزۡقَهُۥ فَيَقُولُ
رَبِّيٓ أَهَٰنَنِ ﴿١٦﴾ كَلَّاۖ بَل لَّا تُكۡرِمُونَ ٱلۡيَتِيمَ ﴿١٧﴾ وَلَا تَحَٰٓضُّونَ عَلَىٰ

طَعَامِ ٱلۡمِسۡكِينِ ﴿١٨﴾ وَتَأۡكُلُونَ ٱلتُّرَاثَ أَكۡلٗا لَّمّٗا ﴿١٩﴾ وَتُحِبُّونَ
ٱلۡمَالَ حُبّٗا جَمّٗا ﴿٢٠﴾ كَلَّآ إِذَا دُكَّتِ ٱلۡأَرۡضُ دَكّٗا دَكّٗا ﴿٢١﴾ وَجَآءَ
رَبُّكَ وَٱلۡمَلَكُ صَفّٗا صَفّٗا ﴿٢٢﴾ وَجِاْيٓءَ يَوۡمَئِذِۭ بِجَهَنَّمَۚ يَوۡمَئِذٖ يَتَذَكَّرُ
ٱلۡإِنسَٰنُ وَأَنَّىٰ لَهُ ٱلذِّكۡرَىٰ ﴿٢٣﴾ يَقُولُ يَٰلَيۡتَنِي قَدَّمۡتُ لِحَيَاتِي ﴿٢٤﴾
فَيَوۡمَئِذٖ لَّا يُعَذِّبُ عَذَابَهُۥٓ أَحَدٞ ﴿٢٥﴾ وَلَا يُوثِقُ وَثَاقَهُۥٓ أَحَدٞ ﴿٢٦﴾
يَٰٓأَيَّتُهَا ٱلنَّفۡسُ ٱلۡمُطۡمَئِنَّةُ ﴿٢٧﴾ ٱرۡجِعِيٓ إِلَىٰ رَبِّكِ رَاضِيَةٗ مَّرۡضِيَّةٗ
﴿٢٨﴾ فَٱدۡخُلِي فِي عِبَٰدِي ﴿٢٩﴾ وَٱدۡخُلِي جَنَّتِي ﴿٣٠﴾

## ◄ تەرجىمىسى

**15**ـ رەببى ئىنساننى سىناپ، ئۇنى ئىززەتلىسە ۋە ئۇنىڭغا نېمەت ئاتا قىلسا، ئۇ: «رەببىم مېنى ئەزىز قىلدى» دەيدۇ.

**16**ـ رەببى ئۇنى سىناپ، ئۇنىڭ رىزقىنى تار قىلسا، ئۇ: «رەببىم مېنى خار قىلدى» دەيدۇ.

**17**ـ ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ھەقىقەتەن شۇكى، سىلەر يېتىمنى ھۆرمەت قىلمايسىلەر.

**18**ـ بىر-بىرىڭلارنى يوقسۇلغا ئاش ـ نان بېرىشكە تەرغىب قىلمايسىلەر.

**19**ـ مىراسنى (تەقسىم قىلماي) ئۇلگۇچە يەۋالىسىلەر[1].

**20**ـ مال-دۇنيانى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرىسىلەر.

**21**ـ بۇنداق قىلىشىڭلار توغرا ئەمەس. زېمىن ئارقىمۇئارقا تەۋرىتىلگەن چاغدا،

**22**ـ رەببىڭ (بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن) كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ-سەپ بولۇپ ھازىر بولغان چاغدا،

**23**ـ جەھەننەم كەلتۈرۈلگەن چاغدا، شۇ كۈندە ئىنسان (قىلمىشلىرىنى) ئەسلەيدۇ، (ئەمما بۇ چاغدا) ئەسلىگەننىڭ ئۇنىڭغا نېمە پايدىسى بولسۇن؟

**24**ـ ئۇ: «كاشكى مەن (ئاخىرەتتىكى) ھاياتىم ئۈچۈن (دۇنيادا) ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسامچۇ!» دەپ كېتىدۇ.

---

[1] جاھىلىيەتتىكى ئەرەبلەر ئاياللار بىلەن بالىلارغا مىراس بەرمەيتتى.

25ـ ھېچكىم شۇ كۈندە ئاللاھ جازالىغاندەك جازالىيالمايدۇ.

26ـ ھەمدە ھېچكىم ئاللاھ باغلىغاندەك باغلىيالمايدۇ.

27ـ (مۆئمىننىڭ جېنىغا مۇنداق دېيىلىدۇ) «ئى ئارام تاپقۇچى جان!

28ـ سەن رەببىڭدىن مەمنۇن بولغان، رەببىڭمۇ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن.

29ـ سەن مېنىڭ (ياخشى) بەندىلىرىمنىڭ قاتارىغا قوشۇلغىن.

30ـ مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن».

### تەپسىرى

ئىنسان تەبىئىتى شۇنداقكى، ئاللاھ تائالا ئىنساننى نېمەت بىلەن سىناپ، ئۇنىڭغا بايلىق، مەنسەپ، شۆھرەت، تەن ساقلىق قاتارلىقلارنى ئاتا قىلسا، ئۇنى خەلق ئىچىدە ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك قىلسا، ئىنسان بۇنىڭدىن مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ ۋە «رەببىم مېنى ئەزىز قىلدى» دەيدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئىنسان ئاللاھ تائالا بەندىسىنى گەرچە ئۇ بەندە گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە كۆمۈلۈپ كەتسىمۇ، دۇنيادا خار قىلمايدۇ، ئاخىرەتتە جازالىمايدۇ، دەپ ئويلايدۇ. قاچانكى ئاللاھ تائالا ئۇ ئىنساننى يوقسۇللۇق بىلەن سىناپ ئۇنىڭ رىزقىنى تار قىلىپ قويسا، ئۇ ئۆزىنى مېنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ھېچقانداق قىممىتىم يوق ئىكەن، دەپ ئويلاپ: «رەببىم مېنى خارلىدى» دەيدۇ. ئىنسان ھەر ئىككى ھالەتتە خاتالاشقان بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ بىراۋغا كۆپ بايلىق بەرگەنلىكى ۋە ئۇنى باياشاتلىق تۇرمۇشتا ياشاتقانلىقى ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس، شۇنىڭدەك، بىراۋنى يوقسۇللۇقتا قويغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى جاپالىق قىلغانلىقى ئۇنى يامان كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس. ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىنسانغا كۆپ بايلىق ئاتا قىلغانلىقى ياكى ئۇنى ئابرۇيلۇق قىلغانلىقى ئۇ ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن ئەمەس، شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىنساننى يوقسۇل قىلىپ قويغانلىقى ئۇ ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە قىممىتىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئەمەس. رېئاللىقتا كۆرۈۋاتىمىزكى، نۇرغۇنلىغان ياخشى كىشىلەر يوقسۇللۇققا گىرىپتار بولغان بولسا، يەنە نۇرغۇنلىغان ناچار ئادەملەر بايلىققا تولۇپ كەتكەن. دېمەك، بايلىق ئادەمنىڭ ياخشىلىقىغا ياكى يامانلىقىغا قاراپ بېرىلمىگەندەك، ئۇ ئادەمنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقىغا دەلىل بولالمايدۇ.

ئەرەبلەر ئۆزلىرىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن كىشىلەر دەپ ئويلايتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەرگىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا دىنىدا ئەمەسلىكىنى ۋە ياخشى ئىشنىڭ ئۈستىدە ئەمەسلىكىنى جاكارلىغان. بۇنىڭ دەلىلى قىلىپ ئۇلارنىڭ يېتىملەرنى ھۆرمەتلىمەيدىغانلىقىنى، كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىنى يەۋېلىپ زۇلۇم قىلىدىغانلىقىنى، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمايدىغانلىقىنى، ئۇلارغا ئاش- نان بېرىپ خەير-ئېھسان قىلمايدىغانلىقىنى ياكى باشقىلارنى ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا تەرغىپ قىلمايدىغانلىقىنى ۋە مال-دۇنيانى ئىنتايىن بەك ياخشى كۆرۈپ، پۈتۈن قەلبى بىلەن ئۇنىڭغا باغلانغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئەيىبلىگەن. چۈنكى، بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان، بارلىق ھۇزۇر-ھالاۋىتىنى مۇشۇ دۇنيادىنلا كۈتىدىغان كاپىرلارنىڭ سۈپىتىدۇر. زادى دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكتىن ئارتۇق كۆرۈش ئەزەلدىنلا كاپىرلارنىڭ ئىشىدۇر. مۇنداق ناچار سۈپەتلىك ئادەملەر ئۆزلىرىنى قانداقمۇ بىز ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ۋە ئۇنى مەمنۇن قىلغان كىشىلەرمىز، دېيەلىسۇن!؟

ئى ئەقىلسىزلەر! ئىش ھەرگىز سىلەر ئويلىغاندەك ئەمەس، سىلەر بۇنداق قۇرۇق ئارزۇدىن ۋاز كېچىڭلار، سىلەر يۇقىرىقى يامان قىلىقلارنى قىلماڭلار، ئەقلىڭلارنى تېپىۋېلىڭلار.

شۇ شەكسىز ھەقىقەتكى، بۇ ئىنسانلار زېمىن ئارقىمۇئارقا تەۋرىتىلگەن، رەببىڭنىڭ ئەمرى كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ-سەپ بولۇپ ھازىر بولغان، جەھەننەم قىزىتىلىپ كەلتۈرۈلگەن چاغدا، ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ نەقەدەر خاتا ۋە يامان ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئۆز قىلمىشلىرىنى ئەسلەيدۇ، پۇشايمان قىلىدۇ، ھەسرەت چېكىدۇ. مۇنداق ئىنسان ئۇ كۈندە: «كاشكى مەن دۇنيا ھاياتى ئۈچۈن تىرىشىپ، تىرمىشىپ، كېچە-كۈندۈز ئىشلىگەندەك، ئاخىرەتتىكى مۇشۇ مەڭگۈلۈك ھاياتىم ئۈچۈنمۇ ئىشلىگەن بولسام، بۇ يەرگە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ كەلگەن بولسامچۇ!» دەپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇ چاغدا ئەسلىگەنىنىڭ، پۇشايمان قىلغانىنىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن!؟ ئەمەلىيەتتە، ھەقىقي ھايات ئاخىرەت ھاياتىدۇر. دۇنيادىكى ھايات بولسا پەقەتلا ئاخىرەتتىكى ھەقىقي ھايات ئۈچۈن تەييارلىق كۆرىدىغان ۋاقىتلىق ھاياتتۇر. ﴿وَمَا هَـٰذِهِ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَآ إِلَّا لَهْوٌ وَلَعِبٌ ۚ وَإِنَّ ٱلدَّارَ ٱلْـَٔاخِرَةَ لَهِىَ ٱلْحَيَوَانُ ۚ لَوْ كَانُوا۟ يَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿بۇ دۇنيا ھاياتى پەقەت بىخۇتلۇق ۋە ئويۇن-تاماشادىنلا ئىبارەتتۇر. شەكسىزكى، ھەقىقي

ھاياتلىق ئاخىرەت يۇرتىدىكى ھاياتلىقتۇر. ئەگەر ئۇلار (بۇنى) بىلسە ئىدى (دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكتىن ئارتۇق كۆرمەيتتى)﴾[1].

مۇپەسسىرلەر ﴿يَقُولُ يَٰلَيۡتَنِي قَدَّمۡتُ لِحَيَاتِي﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿لِحَيَاتِي﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى ﴿لِحَيَاتِي﴾ دىكى «ل» ھەرپىنى «في» مەنىسىدە كەلگەن دەپ قاراپ، ئايەتنى «كاشكى، ھايات ۋاقتىمدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بولسامچۇ!» دەپ تەپسىر قىلغان. بەزىسى بۇ ئايەتنى دوزاخ ئەھلىنىڭ ھاياتى ئازابلىق ھايات بولغانلىقتىن، ئۇلۇم بىلەن تىرىكلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ھاياتتۇر. شۇڭا دوزاخقا كىرگەنلەر «كاشكى، مەن تۇزۇك بىر ھاياتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەل قىلغان بولسامچۇ!» دەپ كېتىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان. ﴿إِنَّهُۥ مَن يَأۡتِ رَبَّهُۥ مُجۡرِمٗا فَإِنَّ لَهُۥ جَهَنَّمَ لَا يَمُوتُ فِيهَا وَلَا يَحۡيَىٰ﴾ يەنى ﴿كىمكى رەببىنىڭ ئالدىغا گۇناھكار ھالدا بارىدىكەن، ئۇنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ، جەھەننەمدە ئۇ يا ئۆلمەيدۇ، ياكى (ئوبدان) ياشىمايدۇ﴾ [2] دېگەن ئايەت بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر «كاشكى، ئاخىرەتتىكى مۇشۇ ھاياتىم ئۈچۈن دۇنيادىكى ۋاقتىمدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ تەييارلىق كۆرسەمچۇ!» دەپ كېتىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان[3].

قىيامەت كۈنىدە ئازابقا لايىق بولغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇلار دۇنيادا كۆرۈپ باقمىغان ۋە خىيالمۇ قىلىپ باقمىغان قاتتىق ئازابلارغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تائالا بولغانلىقتىن، بۇ كۈندىكى ئازاب ۋە نېمەتمۇ بىۋاسىتە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولىدۇ. ئازابقا لايىق بولغانلارنى ئاللاھ تائالا شۇنداق قاتتىق ئازابلايدۇكى، ھېچكىم ئۇنىڭدەك جازالىيالمايدۇ، ھېچكىم ئۇلارنى ئاللاھ تائالا باغلىغاندەك باغلىيالمايدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالا كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان كاپىرلارغا، ئىنسانلارنى ئەزگەن، بۇزەك قىلغان زالىملارغا ھېچكىم قىلىپ باقمىغان ۋە قىلالمايدىغان دەھشەتلىك ئازابلارنى قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار شۇنداق ئازابقىلارغا تېگىشلىك بولغانلاردۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىبان ۋە ناھايىتى كۆيۈمچان زات بولۇپ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ ئۇۋال قىلمايدۇ ۋە ناھەقچىلىك قىلمايدۇ. گۇناھكارنى جازالاش ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئەمما ياخشىلارنى مۇكاپاتلاش ھەم ئادالىتىنىڭ ھەم رەھىم-شەپقىتىنىڭ تەقەززاسىدۇر.

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى:64-ئايەت.
[2] تاھا سۈرىسى:74- ئايەت.
[3] «تفسير القرطبي» 20- توم، 50- بەت.

يۈقىرىقىلار دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكىدىن ئارتۇق كۆرگەن، ئاخىرەتلىكىنىڭ غېمىنى يېمىگەن بىپەرۋا ئىنساننىڭ ئەھۋالى ۋە ئاقىۋىتىدۇر.

ئەمدى نەپسىنى پاكلىغان، روھىنى يۈكسەلدۈرگەن، ئاخىرەتلىكىنى دۇنيالىقىنىڭ ئالدىدا قويغان، ھېساب كۈنىنىڭ بارلىقىغا چىن ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلغان مۆئمىن ئىنسانغا كەلسەك، مۇنداق ئىنسان ئاخىرەت كۈنىدە بەختلىكلەردىن بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولۇپ، جەننەتكە لايىق بولىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇنداق ئىنساننىڭ جېنىغا دەيدۇكى، ئى ئارام تاپقۇچى جان! ئى رەببىڭنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەنگەن جان! ئەمدى سەن رەببىڭنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن، سەن ئۇنىڭدىن مەمنۇن، ئۇمۇ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بارغىن. بۇ تولىمۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر. ئى بەختلىك ئىنسان! بارغىن، مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىمنىڭ قاتارىغا قوشۇلغىن ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن.

جانابى ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ياخشىلار بىلەن بىرلىكتە جەننەتكە كىرىدىغانلاردىن قىلغاي، ئامىن.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ماددىغا چوقۇنۇش ياكى ماتېرىيالىستىك ئىدىيە ئۆتمۈشلەردىن تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن خەتەرلىك ئىللەت بولۇپ، بۇ ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارنىڭ ئورتاق سۈپىتىدۇر.

2. يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش، پېقىرلارغا ياردەم قىلىش، ئاچ قالغانلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى ۋە دىنىي مەجـ ـبۇرىيىتىدۇر.

3. پۇل ـ مالغا ئېرىشىشتە ھالال ـ ھارامنى ئىلغىماسلىق ۋە ماددىي بايلىقنى مەنىۋى بايلىقنىڭ ئالدىغا قويۇۋېلىش كاپىرلارنىڭ قىلىقىدۇر.

4. قىيامەت كۈنى كاپىرلار ئۇچۇن پۇشايمان قىلىش ۋاقتىدۇر.

5. ئىمان بىلەن قوراللانغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن ئادەم سەكراتتىمۇ، قەبرىدىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم ـ شەپقىتىگە نائىل بولىدۇ.

# بەلەد سۈرىسى

بەلەد سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 20 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئىنسان خاراكتېرى ۋە ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان ئىلاھىي نېمەتلەر بايان قىلىنغان. بۇ سۈرە بەختلىكلەر بىلەن بەختسىزلەرنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشقان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىنساننىڭ موھتاجلىقىنى، ئاجىزلىقىنى، جاپا-مۇشەققەت ئۈستىگە يارىتىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشىش يوللىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتىكى ﴿ٱلۡبَلَدِ﴾ «شەھەر» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿لَآ أُقۡسِمُ بِهَٰذَا ٱلۡبَلَدِ ١ وَأَنتَ حِلُّۢ بِهَٰذَا ٱلۡبَلَدِ ٢ وَوَالِدٖ وَمَا وَلَدَ
٣ لَقَدۡ خَلَقۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ فِي كَبَدٍ ٤ أَيَحۡسَبُ أَن لَّن يَقۡدِرَ عَلَيۡهِ
أَحَدٞ ٥ يَقُولُ أَهۡلَكۡتُ مَالٗا لُّبَدًا ٦ أَيَحۡسَبُ أَن لَّمۡ يَرَهُۥٓ أَحَدٌ ٧
أَلَمۡ نَجۡعَل لَّهُۥ عَيۡنَيۡنِ ٨ وَلِسَانٗا وَشَفَتَيۡنِ ٩ وَهَدَيۡنَٰهُ ٱلنَّجۡدَيۡنِ
١٠ فَلَا ٱقۡتَحَمَ ٱلۡعَقَبَةَ ١١ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا ٱلۡعَقَبَةُ ١٢ فَكُّ رَقَبَةٍ ١٣
أَوۡ إِطۡعَٰمٞ فِي يَوۡمٖ ذِي مَسۡغَبَةٖ ١٤ يَتِيمٗا ذَا مَقۡرَبَةٍ ١٥ أَوۡ مِسۡكِينٗا
ذَا مَتۡرَبَةٖ ١٦ ثُمَّ كَانَ مِنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَتَوَاصَوۡاْ بِٱلصَّبۡرِ وَتَوَاصَوۡاْ
بِٱلۡمَرۡحَمَةِ ١٧ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡمَيۡمَنَةِ ١٨ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِـَٔايَٰتِنَا
هُمۡ أَصۡحَٰبُ ٱلۡمَشۡـَٔمَةِ ١٩ عَلَيۡهِمۡ نَارٞ مُّؤۡصَدَةُۢ ٢٠﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-2-بۇ شەھەر (مەككە) بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (ئى پەيغەمبەر!) بۇ شەھەردە ئۇرۇش قىلىش ساڭا (ۋاقىتلىق) ھالالدۇر.

3-ئاتا ۋە بالا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

4-بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن جاپا-مۇشەققەت ئىچىگە ياراتتۇق.

5-ئۇ (ھاكاۋۇر ئىنسان) ئۆزىگە ھېچ كىشىنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ دەپ ئويلامدۇ؟

6-ئۇ (پەخىرلىنىپ): «كۆپ مال-دۇنيا سەرپ قىلدىم» دەيدۇ.

7-ئۇ ئۇنى ھېچ كىشى كۆرمىدى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن ھېساب ئالمايدۇ) دەپ ئويلامدۇ؟

8-10-بىز ئىنسان ئۈچۈن ئىككى كۆز، بىر تىل، ئىككى لەۋ ياراتمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭغا (ياخشى ۋە يامان) ئىككى يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟

11-(شۇنداق تۇرسىمۇ) ئۇ داۋان ئاشمىدى.

12-(ئى پەيغەمبەر!) سەن داۋان ئېشىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

13-(داۋان ئېشىش دېگەن) قۇل ئازاد قىلىشتۇر،

14-16- ياكى ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن كۈنلەردە تۇغقانچىلىقى بولغان يېتىمگە، ياكى توپىدا ياتقان مىسكىنگە تاماق بېرىشتۇر.

17-ئاندىن (يۇقىرىقىلارنى قىلىش بىلەن بىللە) ئىمان ئېيتقانلاردىن، بىر-بىرىگە (تائەت-ئىبادەتتە) چىدامىلىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن، بىر-بىرىگە مەرھەمەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن بولۇشتۇر.

18-ئەنە ئاشۇ (ئىشلارنى قىلغان) كىشىلەر سائادەتمەن كىشىلەردۇر.

19-بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار ھەقىقىي بەختسىزلەردۇر.

20-ئۇلار (ئىشىكلىرى مەھكەم) تاقالغان دوزاخقا سولىنىدۇ.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا نۇرغۇن سۈرىلەردە بەزى مەۋجۇداتلىرى بىلەن قەسەم قىلغىنىدەك، بۇ سۈرىدىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى بولغان كەئبىنى ئۆز

ئىچىگە ئالغان، ئۇرۇش قىلىش ۋە قان تۆكۈش چەكلەنگەن، كىرگەنلەر ئامانلىققا ئېرىشىدىغان مۇقەددەس شەھەر ـ مەككە مۇكەررەمە شەھىرى بىلەن قەسەم قىلغان. كەئبە مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ بىرلىك ۋە باراۋەرلىكىنىڭ نىشانىسىدۇر. ﴿جَعَلَ ٱللَّهُ ٱلْكَعْبَةَ ٱلْبَيْتَ ٱلْحَرَامَ قِيَٰمًا لِّلنَّاسِ وَٱلشَّهْرَ ٱلْحَرَامَ وَٱلْهَدْىَ وَٱلْقَلَٰٓئِدَ ذَٰلِكَ لِتَعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ وَأَنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ھۆرمەتلىك ئۆي كەئبىنى، ھەج ئېيىنى، قۇربانلىقنى، (قۇربانلىق ماللارغا ئېسىپ قويۇلغان) بويۇنچۇقلارنى ئىنسانلارنىڭ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك) ئىشلىرىنىڭ تۇتقۇسى قىلدى﴾.[1]

مۇپەسسىرلەر ﴿وَأَنتَ حِلٌّۢ بِهَٰذَا ٱلْبَلَدِ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي قاتارلىق كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر مۇجاھىد بىلەن زەھھاكنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلىنىپ، ئايەتكە ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن بۇ شەھەردە چەكلىمىگە ئۇچرىمايسەن﴾ يەنى ساڭا بۇ مەككە شەھىرىدە خالىغىنىڭنى قىلىشقا رۇخسەت قىلىندى، دۈشمەنلەردىن خالىغىنىنى ئۆلتۈرسەڭ، خالىغىنىنى ئەسىرگە ئالساڭ بولىدۇ، دەپ مەنە ئېيتقان. قەتادە «سەن بۇ شەھەردە تۇرساڭ بولىۋېرىدۇ» دەپ مەنە ئېيتقان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتنى «سەن بۇ شەھەردە تۇرۇۋاتىسەن» دەپ تەپسىر قىلغان[2].

ئاللاھ تائالا سەۋەب ۋە نەتىجە بىلەن قەسەم قىلغان بولۇپ، بۇنى﴿وَوَالِدٍ وَمَا وَلَدَ﴾ دېگەن ئايەت بىلەن ئىپادىلىگەن. چۈنكى، ئايەتتىكى ﴿وَوَالِدٍ﴾ «ئاتا» سەۋەب، ﴿وَلَدَ﴾ «بالا» نەتىجىدۇر. ئاللاھ تائالا يۇقىرىقىلار بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق ئىنساننىڭ قىيىنچىلىق ۋە جاپا-مۇشەققەتلەر ئىچىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. مۇپەسسىرلەر ﴿وَوَالِدٍ وَمَا وَلَدَ﴾ دېگەن ئايەتتىن كىملەرنىڭ كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئايەتنىڭ ﴿وَوَالِدٍ﴾ دېگەن قىسمىغا «پەرزەنتى بولىدىغان ئادەم»، ﴿وَمَا وَلَدَ﴾ دېگەن قىسمىغا «پەرزەنتى بولمايدىغان ئادەم» دەپ مەنە ئېيتقان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر «ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى» دەپ مەنە ئېيتقان. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بارلىق ئاتا ۋە بالا بىلەن قەسەم قىلغان

[1] مائىدە سۈرىسى:97- ئايەت.

[2] «تفسير الطبري» 24-توم، 431-بەت.

بولۇپ، ئۇنى مەلۇم شەخسلەرگە خاس قىلىش ئۈچۈن يا نەقلىي (قۇرئان ۋە ھەدىس دەلىلى) ياكى ئەقلىي جەھەتتىن قايىل قىلغۇدەك دەلىل-پاكىت بولۇشى كېرەك. ئەمما بۇ يەردە ئومۇمىيلىقنى خاس قىلىش ئۈچۈن ھېچقانداق دەلىل يوق. شۇڭا ئايەتنىڭ مەنىسى ئومۇمىيلىقى بىلەن قالىدۇ»[1].

قىيىنچىلىق ۋە جاپا-مۇشەققەتلەر ئىچىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزىدىغان قىلىپ يارىتىلغان ئاشۇ ئاجىز ئىنسان ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ، دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇ نىمىسىگە ئىشىنىپ شۇنداق ئويلايدۇ؟ ئۆزىنىڭ ئاز-تولا مال-دۇنياسىغا ياكى كۈچ-قۇۋۋىتىگە ئىشىنىپ كېتىپ شۇنداق كۆرەڭلەمدۇ؟ بۇنداق ھاكاۋۇر، گۇناھكار ئىنسانلار ئاللاھ تائالاغا ئەنە شۇنداق تۈزكورلۇق قىلىدۇ. ئۇلاردىن بەزىسى ئۆزىگە ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ دەپ ئويلىسا، بەزىسى «مەن ئىسلام دەۋىتىنى توسۇشقا كۆپ پۇل-مال سەرپ قىلدىم» دەپ ئۆز قىلمىشى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. بۇلار ئۆزىنىڭ بايلىقىغا ئالدىنىپ كەتكەن ئەخمەقلەردۇر. بۇ ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاللاھ تائالا بىلمەيدۇ ۋە كۆرمەيدۇ، دەپ ئويلامدۇ؟

ئىمام مۇھەممەد ئابدۇھ ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ئاللاھ تائالا ئىنساننى جاپا-مۇشەققەت ۋە تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ئىچىدە ھايات كەچۈرىدىغان قىلىپ ياراتقانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىگە ئىشىنىپ كۆرەڭلەپ كەتكەن ۋە ئۆزىنى بىلمىگەن ئەبگا ئىنساننى ئەيىبلىگەن. ھالبۇكى، ئىنساننىڭ جاپاغا يارىتىلغانلىقى ئۇنى ھوشيار بولۇشقا ۋە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا تۈرتكە بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى، ئەمما ئەپسۇسكى، ئىنسان ئالىسى بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ياخشىلىق يوللىرىغا ئاز-تولا پۇل-مال سەرپ قىلىپ قويغانلىقىدىن مەغرۇرلىنىپ كېتىدىغان، سەرپ قىلغانلىرىنى مۇ پەقەت كىشىلەرگە كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «سېخىي» دېگەن ساختا ئاتاققا ئېرىشىش ئۈچۈنلا قىلىدىغانلارنى ئەيىبلىگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ۋە ئۇلارغا ئوخشاش ئۆزىنى بىلمەي كۆرەڭلەپ كەتكەنلەرگە ياخشى بىلەن يامانىنى ئايرىپ بېرىدىغان ئەقىلنى ۋە كۆرۈش، سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلغانلىقتىن ئىبارەت نېمىتىنى ئەسلەتكەن»[2].

ئاللاھ تائالا ئىنسان ئۈچۈن كۆرىدىغان كۆز، سۆزلەيدىغان تىل،

---

[1] «تفسير الطبري» 24-توم، 433-بەت.
[2] «التفسير الواضح» 3-توم، 866-بەت.

ئويلايدىغان ئەقىل قاتارلىق ئەزالارنى ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋە ياماننىلىقنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەڭ چوڭ نېمەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساننى بارچە مەخلۇقاتتىن ھۆرمەتلىك ۋە ئەزىز قىلىپ، ئۇنىڭغا ياخشى- ياماننى، توغرا-خاتانى ئايرىۋالالايدىغان ئەقىلنى بەرگەنلىكىدۇر. ئىنسان شۇ ئەقلى بىلەن پۈتۈن مەخلۇقاتتىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنى شۇنداق ئەقىللىق مەخلۇق قىلىپ يارىتىپ، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، كىتاب چۈشۈرۈپ توغرا يولنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇنى يول تاللاش ئىشىدا ئۆز ئىختىيارىغا ئەركىن قويۇپ بەرگەن ئىكەن، ئىنسانمۇ ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ پايدا-زىيىنىنى ئۆلچەپ، ياخشى يولنى تاللىشى، يامان يولدىن يىراق تۇرۇشى ۋە ھاياتلىقتىكى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇشى كېرەك ئەمەسمىدى؟!

ئىنساننىڭ مەسئۇلىيىتى نېمە؟ ئېنىقكى، ئىنساننىڭ ھاياتلىقتىكى مەسئۇلىيىتى كۆپتۇر. بۇ مەسئۇلىيەتلەرنىڭ بېشىدا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇش ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش كېلىدۇ. ئىنسان جاپا-مۇشەققەت ۋە تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا يارىتىلغان بىر مەۋجۇدات بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا ھەر خىل قىيىنچىلىقلار چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ قىيىنچىلىقلار ئىنساندىن كۆكرەك كېرىشنى، چىداملىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. نەپس بىلەن شەيتان ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بولۇپ، ئىنسان بۇ ئىككىسىنى يېڭىش يولىدا كۆكرەك كېرىشكە بۇيرۇلغان. ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش، نەپسنىڭ ۋە شەيتاننىڭ بېخىللىققا تەشەببۇس قىلىشىغا قارشى تۇرۇش ۋە نەپسنى پاكلاپ، روھنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلىش ئەڭ چوڭ جىھادتۇر. ئىنسان ئۆز نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىنى، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىنى يېڭىپ چىققاندىلا، ئاندىن خەتەر ئاستىدا ۋە قىيىنچىلىق ئىچىدە قالغانلارنى قۇتقۇزۇش، يوقسۇللارغا تائام بېرىش، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش، بىر-بىرىنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا تەشەببۇس قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جاپا تارتىشنى ھالاۋەت دەپ بىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ۋە جىمى مەخلۇقاتىغا رەھىم-شەپقەت قىلىش، شۇنداقلا باشقىلارغىمۇ شۇنداق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىش قاتارلىق گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆزىدە يېتىلدۈرگەن بولىدۇ.

يۇقىرىقى گۈزەل ئەخلاقلارغا ئىگە بولغان كىشىلەر بۇ دۇنيادا ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلغاندەك، ئاخىرەتتىمۇ ئەلۋەتتە سائادەتمەنلەرنىڭ قاتارىدا بولىدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقىدۇر. ئەمما

يۇقىرىقىلارنىڭ ئەكسىچە ئىش كۆرگەنلەر، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان، ئۆزىنىڭ ھاياتلىقتىكى مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇغان، ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان، بۇيرۇغانلىرىنى قىلمىغان، ئۇنىڭ بەندىلىرىگە رەھىم-شەپقەت قىلمىغانلار ئاخىرەتتە بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولۇپ، ئۇلار ئىشىكلىرى مەھكەم تاقالغان دوزاخنىڭ ئىچىگە سولىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەرگىز چىقالمايدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مەككە مۇكەررەمە شەھىرى قان تۆكۈش چەكلەنگەن، ھۆرمەتكە لايىق، ئۇلۇغ شەھەردۇر.

2. ئاللاھ تائالا ئىنساننى ئىشلەشكە ۋە ھاياتلىقنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىشكە چىداملىق قىلىپ ياراتقان.

3. پۇل-مېلىنى ھارام يوللارغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى يوللارغا سەرپ قىلغان ئادەم بۇنىڭ جازاسىنى تارتماي قالمايدۇ.

4. پۇل-مالنى ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان يوللارغا سەرپ قىلىش ئەڭ ياخشى ۋە نەتىجە ئېتىبارى بىلەن تولىمۇ پايدىلىقتۇر.

5. دوزاختىن ساقلىنىش پەقەت ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر سايىسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

# شەمس سۈرىسى

شەمس سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 15 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، نەپسنى پاكلاپ، روھنى يۈكسەلدۈرۈشكە تەشەببۇس قىلىش، كاپىرلار ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ ئۇلارغا چوقۇم چۈشىدىغانلىقىنى تەكىتلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىنساننى نەپسنى پاكلاشقا ۋە گۇناھتىن ساقلىنىشقا دەۋەت قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇيۇقلاردىكى ۋە ئىنسان نەپسىدىكى قۇدرىتىنى، نېمەتلىرىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن «قۇياش» مەنىسىدىكى ﴿ٱلشَّمۡسِ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿وَٱلشَّمۡسِ وَضُحَىٰهَا ١ وَٱلۡقَمَرِ إِذَا تَلَىٰهَا ٢ وَٱلنَّهَارِ إِذَا جَلَّىٰهَا
٣ وَٱلَّيۡلِ إِذَا يَغۡشَىٰهَا ٤ وَٱلسَّمَآءِ وَمَا بَنَىٰهَا ٥ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا
طَحَىٰهَا ٦ وَنَفۡسٖ وَمَا سَوَّىٰهَا ٧ فَأَلۡهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقۡوَىٰهَا ٨
قَدۡ أَفۡلَحَ مَن زَكَّىٰهَا ٩ وَقَدۡ خَابَ مَن دَسَّىٰهَا ١٠ كَذَّبَتۡ ثَمُودُ
بِطَغۡوَىٰهَآ ١١ إِذِ ٱنۢبَعَثَ أَشۡقَىٰهَا ١٢ فَقَالَ لَهُمۡ رَسُولُ ٱللَّهِ نَاقَةَ ٱللَّهِ
وَسُقۡيَٰهَا ١٣ فَكَذَّبُوهُ فَعَقَرُوهَا فَدَمۡدَمَ عَلَيۡهِمۡ رَبُّهُم بِذَنۢبِهِمۡ
فَسَوَّىٰهَا ١٤ وَلَا يَخَافُ عُقۡبَٰهَا ١٥﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ قۇياش ۋە ئۇنىڭ نۇرى بىلەن قەسەم قىلىمەن،

2ـ قۇياشقا ئەگەشكەن ئاي بىلەن قەسەم قىلىمەن،

3ـ قۇياشنى ئاشكارا قىلىدىغان كۈندۈز بىلەن قەسەم قىلىمەن،

4ـ قۇياشنى يوشۇرىدىغان كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەن،

5ـ ئاسمان بىلەن ۋە ئۇنىڭ مۇستەھكەم بىناسى بىلەن قەسەم قىلىمەن،

6ـ زېمىن بىلەن ۋە ئۇنىڭ كەڭ يېيىلىشى بىلەن قەسەم قىلىمەن،

7ـ 8ـ جان بىلەن ۋە جان ئىگىسىنى مۇكەممەل ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ئىلھام قىلغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

9ـ نەپسىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ.

10ـ ئۇنى (گۇناھ ـ مەئسىيەتكە) كۆمگەن ئادەم چوقۇم زىيان تارتىدۇ.

11ـ سەمۇد قەۋمى ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن (ئۆز پەيغەمبىرىنى) ئىنكار قىلدى.

12ـ 13ـ ئەينى زاماندا سەمۇدنىڭ ئەڭ بەتبەخت ئادىمى (مۆجىزە بولۇپ كەلگەن تۆگىنى بوغۇزلاشقا) ئۇتتۇش قىلغاندا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى (سالىھ ئۇلارغا: «ئاللاھنىڭ تۆگىسىگە چېقىلماڭلار، ئۇنى سۇ ئىچىشتىن توسماڭلار» دېگەن ئىدى.

14ـ 15ـ ئۇلار پەيغەمبەرنى يالغانغا چىقاردى ۋە تۆگىنى بوغۇزلىدى. شۇنىڭ بىلەن گۇناھى تۈپەيلىدىن رەببى ئۇلارغا چوڭ بىر ئازابنى چۈشۈرۈپ، ھەممىسىنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلىۋەتتى. ئاللاھ (ئۇلارنى بۇنداق جازالاشنىڭ) ئاقىۋىتىدىن قورقۇپ قالمايدۇ.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئاسمان جىسىملىرى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ سەييارىلەردىن بىرى بولغان قۇياش بىلەن، ئۇنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى بولغان نۇرى بىلەن، قۇياشقا ئەگىشىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ نۇرىنى قۇياشتىن ئالىدىغان ئاي بىلەن، قۇياشنىڭ نۇرىنى ئاشكارا قىلغان ۋە ھەر تەرەپتە پارلاتقان كۈندۈز ۋاقتى

بىلەن، قۇياشنى يوشۇرىدىغان كېچە بىلەن، ئاللاھ تائالا ئۆزى بىناسىنى مەھكەم قىلغان ئاسمان بىلەن، يېيىپ كەڭ قىلغان زېمىن بىلەن ۋە ئۆزى مۇكەممەل ياراتقان جان بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق نەپسىنى پاك قىلغانلارنىڭ چوقۇم مۇرادىغا يېتىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

ئىنسانلار قەسەم قىلماقچى بولسا، ئۇلار چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەنلا قەسەم قىلىدۇ. قەسەمنىڭ لەۋزىلىرى: «واللّهِ» (ۋەللاھى) «تاللّهِ» (تەللاھى) ۋە «باللّهِ» (بىللاھى) دېگەن سۆزلەردۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىنىڭ ئىسمى بىلەن قەسەم قىلغا ئادەم ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ حَلَفَ بِغَيْرِ اللهِ فَقَدْ كَفَرَ أَوْ أَشْرَكَ» يەنى «كىمكى ئاللاھتىن باشقا بىرىنىڭ ئىسمى بىلەن قەسەم قىلىدىكەن، ئۇ كاپىر بولىدۇ ياكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ»[1].

ئاللاھ تائالا قەسەم قىلماقچى بولسا، ئۆزى خالىغان مەخلۇقاتىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ قىلىدۇ ۋە قەسەمنى بىرەر مۇھىم ئىشنى ياكى ئىشلارنى تەكىتلەش ئۈچۈن قىلىدۇ. ئۇ ھەرگىز ئادديي ئىشلارغا قەسەم قىلمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە، نەپسىنى پاكلىغان ئادەمنىڭ مۇرادىغا يېتىدىغانلىقىنى تەكىتلەش ۋە نەپسىنى پاكلاشنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ۋە مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كاتتا مەۋجۇداتلاردىن ئون بىر مەۋجۇدات بىلەن قەسەم قىلغان.

نەپسىنى پاكلاش دېگەننىڭ مەنىسى: ئىسلام ئەقىدىسىگە زىت كېلىدىغان بارلىق ئېتىقاد ۋە پىكىرلەردىن ئۆزىنى پاك تۇتۇش، ھەسەت، كىبىر ۋە ئاچكۆزلۈك قاتارلىق ئىللەتلەردىن ئۆزىنى ساپ تۇتۇش دېگەنلىكتۇر. بەزى ئۆلىمالار نەپسىنى پاكلاشنى: «نەپستىكى يامان ئىللەتلەرنى قومۇرۇپ تاشلاپ، ئورنىغا گۈزەل-خىسلەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش» دەپ تەرىپلىگەن.

ئىسلام دىنى پۈتۈن تەلىماتلىرىدا ئەڭ ئاۋۋال نەپسىنى پاكلاشقا ئەھمىيەت بەرگەن. چۈنكى، ئىنساننىڭ نەپسى پاكلانغاندا، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەمەللىرى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرى دۇرۇسلۇقتا ۋە ھەققانىيلىقتا قاراپ يول ئالغان بولىدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَٱلسَّمَآءِ وَمَا بَنَىٰهَا﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە

---

[1] «سنن الترمذي» 3- توم، 162- بەت، 1535- ھەدىس.

ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتتىكى «مَا» نى تۈپ سۆز دېيىشكىمۇ بولىدۇ، ئۇ چاغدا ئايەتنىڭ مەنىسى: ‹ئاسمان بىلەن ۋە ئۇنىڭ مەھكەم بىناسى بىلەن قەسەم قىلىمەن› دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ قەتادەنىڭ سۆزىدۇر. «مَا» نى «مَنْ» يەنى (زات) مەنىسىدە دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئايەتنىڭ مەنىسى: ﴿ئاسمان بىلەن ۋە ئۇنى بىنا قىلغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەن﴾ دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ مۇجاھىدنىڭ سۆزىدۇر»[1]. تەپسىرى تەبەريي ۋە تەپسىرى ۋەسىت قاتارلىقلاردا كېيىنكى مەنە ئىختىيار قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا قەسەم قىلغان بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەھمىيەتلىك ۋە ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق نەرسىلەر بولۇپ، قۇياش كائىناتقا يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق بېرىدۇ، ئاي قۇياشتىن ئالغان نۇرى ئارقىلىق قاراڭغۇ كېچىلەرنى يورۇتىدۇ. ئاينىڭ ئۆزى چاقنىغۇچى ياكى يورۇتقۇچى بىر يۇلتۇز ئەمەسلىكىنى، پەقەت ئۇنىڭ قۇياشتىن ئالغان نۇرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى قەدىمكى ئۆلىمالار سۆزلىگەن بولۇپ، بۇ نەزەرىيەنى ھازىرقى ئىلىم-پەن ئىسپاتلىغان ۋە ئاي نۇرىنىڭ پەقەت قۇياشتىن ئەكس ئەتكەن نۇر ئىكەنلىكىنى ئىلمىي دەلىللەر بىلەن تەكىتلىگەن. شۇنىڭدەك، كۈندۈز ئىنسانلارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ۋاقتى بولۇپ، كۈندۈزنىڭ نۇرى بىۋاستە قۇياشنىڭ ئۆزىدىن كەلگەن كۈچلۈك بىر يورۇقلۇقتۇر، ئۇنىڭ نۇرى كائىناتنى يورۇتۇشقا يېتەرلىك قىلىپ يارىتىلغان. كېچە بولسا، ئىنسانلارنىڭ ئارام ئېلىش ۋاقتى بولغانلىقتىن، كېچە ئۇلارغا قاراڭغۇ ۋە جىمجىت قىلىنغان. كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى كۈندۈزنى يوشۇرالىغۇدەك كۈچلۈك قىلىپ يارىتىلغان. ئاللاھ تائالا ئاسمان جىسىملىرىنىمۇ شۇنچىلىك مۇستەھكەم ۋە مۇكەممەل قىلىپ ياراتقان بولۇپ، بۇلاردا ھېچبىر نۇقسانىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ﴿ٱلَّذِى خَلَقَ سَبۡعَ سَمَٰوَٰتٍ طِبَاقًاۖ مَّا تَرَىٰ فِى خَلۡقِ ٱلرَّحۡمَٰنِ مِن تَفَٰوُتٍۖ فَٱرۡجِعِ ٱلۡبَصَرَ هَلۡ تَرَىٰ مِن فُطُورٍ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ يەتتە ئاسماننى قاتمۇقات قىلىپ ياراتقان زاتتۇر. رەھمان ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ھېچقانداق نۇقسان تاپالمايسەن، سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يېرىقنى كۆرەمسەنكىن؟﴾[2]. ئاللاھ تائالا يەر يۈزىنى يېيىپ كەڭ ياراتقان بولۇپ، يەر يۈزىگە ئۇنىڭ قايسى تەرىپىدىن قارىسا كەڭ يېيىلغان ۋە بارچە مەخلۇقات ئۈستىدە ياشاشقا مۇۋاپىق ھالدا كۆرۈنىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە ئىنسانىنىڭ جېنىنى

[1] «تفسير ابن كثير» 8-توم، 411-بەت.
[2] مۈلك سۈرىسى: 3-ئايەت.

ئۆزىنىڭ تەلەپلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا جاپادىن قورقمايدىغان، چىدامىلىق قىلىپ ياراتقان. ئەگەر ئىنساندا نەپسى ئاۋارىگەرچىلىكى دەيدىغان نەرسە بولمىسا ئىدى، دۇنيا تەرەققىي قىلمىغان، كائىنات گۈللەنمىگەن، هاياتلىق داۋاملاشمىغان بولاتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىنسان نەپسىدە ھەر خىل تەلەپلەرنى ۋە ئىستەكلەرنى ياراتقان. ئىنسان ئۆز نەپسىنىڭ ئىستەكلىرىنى ۋە تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش يولىدا ئىشلەيدۇ، تىرىشىدۇ، جاپا چېكىدۇ. هاياتلىق بۇنىڭ بىلەن داۋاملىشىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنساندا نەپسنى يارىتىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭدا توغرا-خاتانى، ياخشى-يامانى ئايرىۋېلىشى ئۈچۈن ئەقلىنىمۇ ياراتقان. ئەقىل ئىنسانغا بېرىلگەن ئەڭ كاتتا نېمەتتۇر. شۇڭا ئىنسان قانداقلا بىر ئىشنى قىلسا، ئۇنى بىلىپ قىلىدۇ. ئىنسان ئۆزىنى ھالاك قىلىدىغان گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى قىلىشقا قادىر بولغىنىدەك، ئۆزىنى نىجاتلىققا ئېلىپ بارىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقىمۇ قادىردۇر. ئۆز نەپسىنى گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن، يولسىز ئىستەكلەردىن پاك قىلىپ، ئۇنى يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرەلىگەن ئادەم چوقۇم نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ، مەقسىتىگە يېتىدۇ ۋە مەڭگۈلۈك سائادەتلەرگە نائىل بولىدۇ. ئەمما نەپسىنى گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە پاتۇرغان، ئەقلىنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرغان ۋە ئۇنىڭ يوللۇق-يولسىز بارلىق تەلەپلىرىگە بويسۇنۇش ئارقىلىق ئۆزىنى هايۋانلىق دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويغانلار چوقۇم زىيان تارتىدۇ. چۈنكى، ئىنسان پەقەت ئەقلىنى ئىشلىتىش ۋە نەپسىنىڭ ئازدۇرۇشىغا قارشى ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەنلا هايۋانلاردىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ تۇرالايدۇ. ئەگەر ئۇ ئەقلىنى ئىشلەتمىسە، ئۇنى نەپسىگە بويسۇندۇرسا، مۇنداق ئىنساننىڭ هايۋاندىن ھېچبىر پەرقى قالمايدۇ. تەبىئىيكى، هايۋانلاردا ئەقىل يوق، شۇڭا ئۇلارنى نەپسى باشقۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ بارچە غېمى نەپسىنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداشتۇر. ئىنسانمۇ شۇ هايۋانغا ئوخشاش نەپسىگىلا بېرىلىدىغان بولۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ هايۋانلارغا ئوخشاپ قېلىشى تەبىئىي ئەھۋالدۇر.

سەمۇد قەۋمى ھەددىدىن ئاشقانلىقتىن، بارلىق دىنىي ھەقىقەتلەرنى ۋە پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان، ئۇلارنىڭ ئەڭ بەتبەخت قەبىلىسىدىن بولغان ئادىمى قۇددار ئىبنى سالىف ئۆزلىرىگە ئاللاھ تائالادىن مۆجىزە بولۇپ كەلگەن چىشى تۆگىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بۇ ئىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ: ﴿ئاللاھنىڭ تۆگىسىگە چېقىلماڭلار، ئۇنى سۇ ئىچىشتىن توسماڭلار﴾ دېگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، تۆگىنى بوغۇزلاپ

تاشلىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ھالاك قىلغۇچى قاتتىق ئازابنى چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلىپ، بۇ ھاياتلىقتىن پۈتۈنلەي يوق قىلىۋەتكەن ئىدى.

تەپسىرى ئىبنى كەسىردە مۇنداق دەپ كەلگەن: «مۇپەسسىرلەر ﴿وَلَا يَخَافُ عُقْبَاهَا﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە مۇجاھىد بۇ ئايەتكە ‹ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قورقۇپ قالمايدۇ› دەپ مەنە ئىبتقان. زەھھاك ۋە سۇددىي ‹تۆگىنى بوغۇزلىغان قۇددار ئىبنى سالىف دېگەن بەتبەخت ئادەم بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقمىدى› دەپ مەنە ئىبتقان. ئايەتنىڭ سىياقى ئالدىنقى مەنىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ»[1].

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. نەپسىنى پاكلاش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر. چۈنكى، نەپسىنى پاك قىلغانلار مۇرادىغا يېتىدۇ.

2. بارلىق گۇناھ-مەئسىيەتلەر نەپسنى بۇلغىغانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ.

3. ئىنساننىڭ دوزاختىن ساقلىنىپ، جەننەتكە كىرىشى ئۇنىڭ نەپسىنى پاك تۇتقانلىقى ۋە گۇناھ-مەئسىيەتتىن يىراق تۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولسا، ئۇنىڭ جەننەتتىن مەھرۇم قىلىپ، دوزاخقا كىرىشى ئۇنىڭ نەپسىنى قويۇۋەتكەنلىكى ۋە گۇناھقا پاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

4. كۇفرىلىق بىلەن بۇزغۇنچىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەختسىزلىككە سەۋەب بولىدۇ.

5. گۇناھكارلىقى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىنغان قەۋملەرنىڭ قىسسە-لىرىنى ئاڭلاش ياكى ئوقۇش دەۋەت يولىدا تۇرلۇك ئەزىيەتلەرگە ۋە جاپا-مۇشەققەتلەرگە ئۇچرىغۇچىلار ئۈچۈن تەسەللى بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا بۇ قىسسىلەر ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بەرگەن.

[1] «تفسير ابن كثير» 8- توم، 415- بەت.

# لەيل سۈرىسى

لەيل سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 21 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئەمەلدە ۋە مۇكاپاتتا بىر خىل ئەمەسلىكىنى، ئاخىرەتنىڭ ئازابى گۇناھكارلارغا خاس ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. بۇ سۈرىنىڭ بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە نازىل بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئەمما سۈرىدىكى بايانلار پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئومۇمىيدۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: مۇئمىنلەرنىڭ كاپىرلاردىن ئەۋزەللىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿ٱلَّيۡلِ﴾ «كېچە» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿وَٱلَّيۡلِ إِذَا يَغۡشَىٰ ١ وَٱلنَّهَارِ إِذَا تَجَلَّىٰ ٢ وَمَا خَلَقَ ٱلذَّكَرَ
وَٱلۡأُنثَىٰٓ ٣ إِنَّ سَعۡيَكُمۡ لَشَتَّىٰ ٤ فَأَمَّا مَنۡ أَعۡطَىٰ وَٱتَّقَىٰ ٥
وَصَدَّقَ بِٱلۡحُسۡنَىٰ ٦ فَسَنُيَسِّرُهُۥ لِلۡيُسۡرَىٰ ٧ وَأَمَّا مَنۢ بَخِلَ
وَٱسۡتَغۡنَىٰ ٨ وَكَذَّبَ بِٱلۡحُسۡنَىٰ ٩ فَسَنُيَسِّرُهُۥ لِلۡعُسۡرَىٰ ١٠ وَمَا
يُغۡنِي عَنۡهُ مَالُهُۥٓ إِذَا تَرَدَّىٰٓ ١١ إِنَّ عَلَيۡنَا لَلۡهُدَىٰ ١٢ وَإِنَّ لَنَا
لَلۡأٓخِرَةَ وَٱلۡأُولَىٰ ١٣ فَأَنذَرۡتُكُمۡ نَارٗا تَلَظَّىٰ ١٤ لَا يَصۡلَىٰهَآ إِلَّا
ٱلۡأَشۡقَى ١٥ ٱلَّذِي كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰ ١٦ وَسَيُجَنَّبُهَا ٱلۡأَتۡقَى ١٧ ٱلَّذِي
يُؤۡتِي مَالَهُۥ يَتَزَكَّىٰ ١٨ وَمَا لِأَحَدٍ عِندَهُۥ مِن نِّعۡمَةٖ تُجۡزَىٰٓ ١٩ إِلَّا

ٱبْتِغَآءَ وَجْهِ رَبِّهِ ٱلْأَعْلَىٰ ﴿٢٠﴾ وَلَسَوْفَ يَرْضَىٰ ﴿٢١﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ(قاراڭغۇلۇقى ھەممە نەرسىنى) قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەن،

2ـيورۇغان كۈندۈز بىلەن قەسەم قىلىمەن،

3ـئەركەك ـ چىشىنى ياراتقان زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

4ـسىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار ھەقىقەتەن خىلمۇخىلدۇر.

5ـ7ـ (ئاللاھ يولىدا) پۇل ـ مال سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، كەلىمە تەۋھىدنى راست دەپ ئىشەنگەن ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا ياخشى ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىمىز.

8ـ10ـ بېخىللىق قىلىپ (ئاللاھتىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىمىز.

11ـئۇ (دوزاخقا) تاشلانغان چاغدا، ئۇنىڭ پۇل ـ مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.

12ـشەكسىزكى، توغرا يولنى كۆرسىتىش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر.

13ـدۇنيا ۋە ئاخىرەت ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئىلكىمىزدىدۇر.

14ـمەن سىلەرنى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتىن ئاگاھلاندۇردۇم.

15ـ16ـ ئۇنىڭغا پەقەت (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغان، (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتقان ئەڭ بەتبەخت ئادەملا كىرىدۇ.

17ـ18ـ پاكلىنىش ئۈچۈن پۇل ـ مېلىنى (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدىغان ئەڭ تەقۋادار ئادەم (دوزاختىن) يىراق قىلىنىدۇ.

19ـ20ـ ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ھەممىدىن ئۈستۈن رەببىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈندۇر.

21ـئۇ كەلگۈسىدە (رەببىنىڭ مۇكاپاتىدىن) چوقۇم رازى بولىدۇ.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە ئەتراپىتىكى ھەممە نەرسىنى ئۆزىنىڭ قارا پەردىسى بىلەن يۆگىۋالىدىغان، كائىناتقا جىمجىتلىق ئېلىپ كېلىدىغان قاراڭغۇ كېچە بىلەن، قۇياشىنىڭ چىقىشى بىلەن ھايات قايتىدىن جانلىنىدىغان، ھەركىم رىزىق يولىدا ھەرىكەتكە ئۆتىدىغان يوپيورۇق كۈندۈز بىلەن ۋە بىر تامچە مەنىيدىن ئەركەك ۋە چىشى ئىككى جىنسنى ياراتقان زات (يەنى ئۆزى) بىلەن قەسەم قىلىپ ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ، مەقسەت-غايىلىرىنىڭ ۋە قولغا كەلتۈرىدىغان نەتىجىلىرىنىڭ ھەر خىل ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ﴿كُلٌّ يَعْمَلُ عَلَىٰ شَاكِلَتِهِۦ﴾ يەنى ﴿ھەر ئادەم ئۆز يولى بويىچە ئىش قىلىدۇ﴾[1]. مۆئمىنلەر بىلەن كاپىرلار بۇ دۇنيادا ھۇزۇر-ھالاۋەتتە، شۈكۈر-قانائەتتە ئوخشاش بولمىغاندەك، ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدىمۇ ئوخشاش ئەمەس. بۇ دۇنيادا مۆئمىنلەر ئىمان سايىسىدا ئېرىشكەن ھۇزۇر-ھالاۋەتلەرگە ۋە شۈكۈر-قانائەتكە كاپىرلارنىڭ ئېرىشەلىشى مۇمكىن بولمىغاندەك، ئاخىرەتتە مۆئمىنلەر ئېرىشىدىغان مۇكاپاتلارغا ئۇلارنىڭ ئېرىشەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ﴿أَمْ حَسِبَ ٱلَّذِينَ ٱجْتَرَحُوا۟ ٱلسَّيِّـَٔاتِ أَن نَّجْعَلَهُمْ كَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ سَوَآءً مَّحْيَاهُمْ وَمَمَاتُهُمْ ۚ سَآءَ مَا يَحْكُمُونَ﴾ يەنى ﴿يامان ئىشلارنى قىلغانلار بىزنىڭ ئۇلارنى ھاياتلىقىدا ۋە ئۆلگىنىدە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟ ئۇلارنىڭ چىقارغان بۇ ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!﴾[2]، ﴿أَفَمَن كَانَ مُؤْمِنًا كَمَن كَانَ فَاسِقًا ۚ لَّا يَسْتَوُۥنَ﴾ يەنى ﴿مۆئمىن بولغان ئادەم (توغرا يولدىن چەتنەپ) پاسىق بولغان ئادەمگە ئوخشامدۇ؟﴾[3]، ﴿لَا يَسْتَوِىٓ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِ وَأَصْحَٰبُ ٱلْجَنَّةِ ۚ أَصْحَٰبُ ٱلْجَنَّةِ هُمُ ٱلْفَآئِزُونَ﴾ يەنى ﴿دوزاخ ئەھلى بىلەن جەننەت ئەھلى باراۋەر بولمايدۇ، جەننەت ئەھلى بولسا مۇرادىغا يەتكۈچىلەردۇر﴾[4].

مەلۇمكى، بارچە مەۋجۇدات ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زوردۇر. كېچە ۋاقتى ھەممە جانلىق ئارام ئالىدىغان، كائىناتتا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدىغان بىر ۋاقىتتۇر. كۈندۈز بولسا ھەممە جانلىق تىرىكچىلىك يولىدا ئىزدىنىدىغان، قۇياش نۇرى ئالەمنى يورۇتىدىغان بىر

[1] ئىسرا سۈرىسى84-ئايەت.
[2] جاسىيە سۈرىسى:21- ئايەت.
[3] سەجدە سۈرىسى:18- ئايەت.
[4] ھەشر سۈرىسى:20- ئايەت.

ۋاقتتۇر. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ بىر-بىرىنى قوغلىغاندەك نۆۋەتلىشىپ كېلىشى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان ئىلاھىي ئالامەتلەردىن بىرىدۇر. بۇ ئالامەتلەر ئەلۋەتتە ئىنساننى تەپەككۇر قىلىشقا ۋە شۈكۈر قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ﴿وَهُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ خِلْفَةً لِّمَنْ أَرَادَ أَن يَذَّكَّرَ أَوْ أَرَادَ شُكُورًا﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئىبرەت ئېلىشنى ياكى شۈكۈر قىلىشنى خالىغانلار ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ بەرگەن زاتتۇر﴾ [1]. ئاللاھ تائالا يەنە ئابىمەنىيدىن ئىبارەت ئاشۇ ئەرزىمەس سۇدىن كائىناتتىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك مەۋجۇدات بولغان ئىنساننى ياراتقان، يەنە ئاشۇ سۇدىن ئەركەك ۋە چىشىدىن ئىبارەت ئىككى جىنسنى ياراتقان زاتتۇر. ﴿لِّلَّهِ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ يَخْلُقُ مَا يَشَآءُ ۚ يَهَبُ لِمَن يَشَآءُ إِنَٰثًا وَيَهَبُ لِمَن يَشَآءُ ٱلذُّكُورَ ﴿٤٩﴾ أَوْ يُزَوِّجُهُمْ ذُكْرَانًا وَإِنَٰثًا ۖ وَيَجْعَلُ مَن يَشَآءُ عَقِيمًا ۚ إِنَّهُۥ عَلِيمٌ قَدِيرٌ﴾ يەنى ﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئۇ نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ. ياكى ئۇلارغا ئوغۇل، قىزنى ئارىلاش بېرىدۇ، خالىغان ئادەمنى پەرزەنت كۆرمەيدىغان قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر﴾[2].

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن، ئىنسان خاراكتېرىنى ۋە ئىنساننىڭ ئۆز ئاقىۋىتىگە ئۆزى جاۋابكار ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ياخشى ۋە يامان ئاقىۋەتنىڭ پەقەت ئۆزىنىڭ نىيىتى ۋە ئەمەلىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل-مال سەرپ قىلىدىغان، يوقسۇللارغا، يېتىملەرگە قولىدىن كەلگەنچە ياخشىلىق قىلىدىغان، ئۇلارغا پۇل-مېلىدىن خەير-ساخاۋەت قىلىدىغان، رەببىگە تەقۋالىق قىلىدىغان، رەببى چەكلىگەن ۋە ھارام قىلغان ئىشلارغا يېقىنلىشىپ قېلىشتىن، ھاۋايى-ھەۋەسلەرگە بېرىلىشتىن ساقلانغان، ئەڭ مۇھىمى ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەتنىڭ ئاچقۇچى بولغان كەلىمە تەۋھىدكە (يەنى ‹ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ھەق پەيغەمبىرىدۇر› دېگەن ئىمان كەلىمىسىگە) چىن دىلىدىن ئىشىنىپ، ھاياتىنى ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ يولىغا توغرىلىغان، ھەربىر ئىشنى رەببىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلىدىغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئەڭ ئېسىل

[1] فۇرقان سۈرىسى:62-ئايەت.

[2] شۇرا سۈرىسى:49-50-ئايەت.

مۇكاپاتلار بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، ئارزۇ- ئارمانلىرىغا ئېرىشتۈرىدۇ، مۇرادىغا يەتكۈزىدۇ، ئۇلارغا بارلىق ياخشىلىق يوللىرىنى ۋە ياخشى ئىشلارنىڭ سەۋەبلىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى، مۇنداق كىشىلەر قەلبى ئىمان نۇرى بىلەن پارلىغان، كۆڭلى ياخشىلىقنى سۆيىدىغان ۋە ئۆزىنى ياخشىلىققا ئادەتلەندۈرگەن، نىيىتى رەببىنى رازى قىلىشتىن ئىبارەت بولغان كىشىلەردۇر. ئۇلار جەننەتتىن ئورۇن ئالىدۇ.

يۇقىرىقىلارنىڭ ئەكسىچە، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان پۇل-مالدىن ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىشقا بېخىللىق قىلىدىغان، ئاز-تولا مال-دۇنياسىغا كۆرەڭلەپ، ئۆزىنى ھەممىدىن بىھاجەت، ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس دەپ ئويلايدىغان، ئىنسانلارغا ياردەم قىلمايدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتى بولغان جەننەتنى ئۈمىد قىلمايدىغان، ئەڭ يامان بولغىنى كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلىدىغان، ھەق دىنغا ئىشەنمەيدىغان مۇنداق ئادەملەرنى ئاللاھ تائالا توغرا يولغا ۋە ياخشى ئىشلارغا يېتەكلىمەيدۇ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھالاكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يامان يوللارنى نېسىپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ دۇنيادا قىلغان بارلىق يامانلىقلىرىنى، بېخىللىقىنى، مەغرۇرلۇقىنى ياخشىلىق دەپ ئويلاپ تېخىمۇ مەغرۇرلىنىدۇ. ئاخىرىدا بولسا مەڭگۈلۈك پۇشايمانغا قالىدۇ. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا قىلغان پۇشايماننىڭ ئۇلارغا قىلچە پايدىسى بولمايدىغانلىقى ئېنىقتۇر. نەتىجىدە، ئۇلار دوزاختىن ئورۇن ئالىدۇ.

﴿ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ھەق ئەلچىسىدۇر﴾ دېگەن كەلىمە تەۋھىدنى چىن ئىمانى بىلەن ياقىراتقان ۋە ئۇنىڭغا لايىق ئەمەللەرنى قىلغان، ھاياتىنى شۇ كەلىمىنىڭ تەلىپىگە توغرىلاپ ئىش كۆرگەن، ئۆز ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلغان، يامان ئىشلاردىن ۋە يامان سۆز-ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى ساقلىغان ئادەمگە ئاللاھ تائالا ياخشى ئىشنىڭ يوللىرىنى، ياخشى ئىشلارنى قىلىشنىڭ سەۋەب ۋە چارىلىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ قەلبىگە ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى سۆيىدىغان، يامانلىقتىن نەپرەتلىنىدىغان خىسلەتنى سىڭدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇنداق ئادەم ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىش، ياخشى سۆز قىلىش ۋە ھەر ئىشتا توغرا، ئادالەتلىك بولۇش ئادەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ياخشىلىققا ئادەتلەنگەندىن كېيىن، ياخشىلىق ئۇنىڭ كۆندىلىك ئىشىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مانا بۇ: ﴿بىز ئۇنىڭغا ياخشى ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىمىز﴾ دېگەن ئايەتنىڭ

مەنىسىدۇر. شۇڭلىكى، ئۆزىنى يامانلىقتا ئاتىدىغان، ھەمىشە يامان-لىقنىڭ كەينىدىن يۈرىدىغان، ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن قاچىدىغان ئىنسانلارغا ئاللاھ تائالا شۇ يامانلىقنىڭ يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ يوللارنىڭ ئاقىۋىتى خەتەرلىك بولۇپ، ئىنساننى دوزاخقا ئاپىرىش بىلەن تۈگەيدۇ. مانا بۇ: ﴿بىز ئۇنىڭغا يامان ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىمىز﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدۇر. ئاقىۋىتى دوزاخ بىلەن نەتىجىلەنگەن مۇنداق كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىنىڭ كۆپلۈكى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. چۈنكى، ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن پۇل-مال خەجلەپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

ئەمدى بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىشى مۇمكىن: ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدىغان تۇرسا، بەندىلەرگە ياخشىلىق ۋە يامانلىق يوللىرىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەرگەن تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ بەندىلىرىدىن ھېساب ئالىدۇ؟ بۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم» ئۆزى جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەكسىزكى، توغرا يولنى كۆرسىتىش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر﴾ يەنى ئىنسانغا توغرا يول بىلەن خاتا يولنى كۆرسىتىپ بېرىپ، بۇ ئىككى يولنىڭ ھەربىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىش بىزنىڭ ئىشىمىز بولۇپ، بىزنىڭ پەيغەمبەرلىرىمىز بىز نازىل قىلغان ساماۋى كىتابلار سايىسىدا كىشىلەرگە توغرا يول بىلەن خاتا يولنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئەمما بۇ ئىككى يولنىڭ قايسىسىنى تاللاش ئىختىيارى ئىنسانغا بېرىلگەن تەبئىي ھەقلەردىن بىرىدۇر. ﴿وَهَدَيْنَٰهُ ٱلنَّجْدَيْنِ﴾ يەنى ﴿ئۇنىڭغا (ياخشى ۋە يامان) ئىككى يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟﴾ [1] يەنى بىز ئىنسانغا ياخشى ۋە يامان ئىككى يولنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا تاللاش ھوقۇقىنى بەردۇق. ئىنسان بۇ ئىككى يولنىڭ قايسىسىنى تاللاشتا ئەركىندۇر.

كىم قايسى يولدا مېڭىشنى تاللىسا ۋە قايسى ئىشنى قىلىشنى خالىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا شۇ يولنىڭ ۋە شۇ ئىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ياخشى بىلەن ياماننى، ياخشىلىقنىڭ يوللىرى بىلەن يامانلىقنىڭ يوللىرىنى ئېنىق بىلىۋالغاندىن كېيىن، بۇلارنىڭ قايسىسىنى قىلىش، قايسى يولدا مېڭىش ئۇنىڭ ئىختىيارىدا قالغان بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ ياخشىلىقنى تاللاپ، ياخشى يولدا ماڭسا، ئۇ ئەلۋەتتە دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتىغا، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ. ئەگەر ئۇ يامانلىقنى ۋە يامان يولنى

[1] بەلەد سۈرىسى:10- ئايەت.

تاللىسا، ئۇ چوقۇم دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ جازاسىغا، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا ئۇچرايدۇ.

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرنى دوزاخنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتىدىن ئاگاھلاندۇردى. سىلەر ئۇنىڭغا كىرىشكە تېگىشلىك بولۇپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەڭلار. چۈنكى، ئۇ ناھايىتى دەھشەتلىك ئوت بولۇپ، ئۇنىڭغا كۇفرىدا چىڭ تۇرغان، گۇناھ قىلىپ تەۋبە قىلمىغان، ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغان، ھەقىقەتنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سالمىغان، ھەق دىننى ئىنكار قىلغان، ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقان بەتبەختلەر كىرىدۇ. ئەمما رەببىدىن قورققان، ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلغان، ئۆزىنى گۇناھتىن، مال-دۇنياسىنى ھارامدىن پاكلاش ئۈچۈن پۇل- مېلىنى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان يوللارغا سەرپ قىلغان، قىلغان ياخشى ئەمەلىنى بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇش نىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلغان بەختلىك كىشىلەرگە كەلسەك، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۇلار رازى بولغۇدەك دەرىجىدە مۇكاپاتلايدۇ.

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرگە ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ يوللىرىنى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلدۈرمىدىمۇ؟ ئەلۋەتتە بىلدۈردى. ئۇنداقتا، قايسى يولدا مېڭىش ۋە قايسى ئەمەلنى قىلىش سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلاردۇر. ئۇنتۇماڭلاركى، ﴿فَمَن يَعۡمَلۡ مِثۡقَالَ ذَرَّةٍ خَيۡرٗا يَرَهُۥ ٧ وَمَن يَعۡمَلۡ مِثۡقَالَ ذَرَّةٖ شَرّٗا يَرَهُۥ﴾ يەنى ﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلسا، ئۇ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[1]. مانا بۇ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتتۇر. مانا بۇ ئىلاھىي ئادالەتتۇر. شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ھەربىر ئىنسان ئەقلى بىلەنمۇ ياخشى-يامانني ئەلۋەتتە پەرق ئېتەلەيدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ھەربىر ئىشتا ئەقلىنى ئىشلىتىشكە دەۋەت قىلىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. بەندىنىڭ ئىرادىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىنىڭ ئىچىدىدۇر. ھەركىم ئۆزى ئۇنىڭغا تەقدىر قىلىنغان ئىش ئوڭايدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «اعْمَلُوا فَكُلٌّ مُيَسَّرٌ لِمَا خُلِقَ لَهُ» يەنى «ئەمەل قىلىڭلار، ھەربىر ئادەم

[1] زەلزەلە سۈرىسى: 7-8- ئايەتلەر.

ئۇچۇن ئۆزىگە تەقدىر قىلىنغان ئىش ئوڭايدۇر»[1] دېگەن.

2. ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق بولۇش ئادەمنىڭ رىغبىتىگە ئاساسەن ئىشقا ئاشىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھىدايەت تېپىشنى خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىدۇ ۋە كىمنىڭ ھىدايەت تېپىشنى خالايدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. ﴿وَهُوَ أَعۡلَمُ بِمَنِ ٱهۡتَدَىٰ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ھىدايەت تاپقان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ﴾[2].

3. ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە، ئەمما تاللاش ئىختىيارى بەندىنىڭ ئىلكىدىدۇر.

4. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىدىن تىلەش لازىم.

5. ئىسلام ئۇممىتى ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالسا، بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەرتىۋىسى ئەڭ كاتتىدۇر.

---

[1] «صحيح البخاري» 6-توم، 171-بەت، 4949 -ھەدىس.
[2] نەجم سۈرىسى:30-ئايەت.

# زۇھا سۈرىسى

زۇھا سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 11 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەلچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تاشلىۋەتمىگەنلىكىنى، ئۇنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكىنىڭ بۇ دۇنيالىقىدىن ئەلۋەتتە ياخشى بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا مۇكاپات ۋە ئىنئامدىن ئۇ رازى بولغانغا قەدەر كۆپ بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان بۇ ئاتا-ئىھسانلارغا شۈكۈر قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاخىرىدا ئۇنى بەزى پەزىلەتلىك ئەمەللەرگە يېتەكلەيدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئالاھىدە يېتىشتۈرگەنلىكى، ئۇنىڭغا ۋەھيى قىلغانلىقى ۋە ئۇ ۋەھيىنى داۋاملاشتۇرغانلىقى قاتارلىق نېمەتلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايىتىدىكى ﴿الضحى﴾ «چاشگاھ ۋاقتى» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿وَٱلضُّحَىٰ ۝١ وَٱلَّيۡلِ إِذَا سَجَىٰ ۝٢ مَا وَدَّعَكَ رَبُّكَ وَمَا قَلَىٰ ۝٣
وَلَلۡأٓخِرَةُ خَيۡرٞ لَّكَ مِنَ ٱلۡأُولَىٰ ۝٤ وَلَسَوۡفَ يُعۡطِيكَ رَبُّكَ فَتَرۡضَىٰٓ
۝٥ أَلَمۡ يَجِدۡكَ يَتِيمٗا فَـَٔاوَىٰ ۝٦ وَوَجَدَكَ ضَآلّٗا فَهَدَىٰ ۝٧ وَوَجَدَكَ
عَآئِلٗا فَأَغۡنَىٰ ۝٨ فَأَمَّا ٱلۡيَتِيمَ فَلَا تَقۡهَرۡ ۝٩ وَأَمَّا ٱلسَّآئِلَ فَلَا تَنۡهَرۡ
۝١٠ وَأَمَّا بِنِعۡمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثۡ ۝١١﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ2ـ چاشگاھ ۋاقتى بىلەن، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

3ـ (ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭ سېنى تاشلىۋەتمىدى ۋە يامان كۆرۈپمۇ قالمىدى.

4ـ سەن ئۈچۈن ئاخىرەت ئەلۋەتتە بۇ دۇنيادىن ياخشىدۇر.

5ـ رەببىڭ ساڭا كەلگۈسىدە (كۆپ ياخشىلىق) ئاتا قىلىدۇ، سەن (بۇنىڭدىن) مەمنۇن بولىسەن.

6ـ ئۇ سېنىڭ يېتىملىكىڭنى بىلىپ پاناھلىق بەرمىدىمۇ؟

7ـ سېنىڭ تېڭىرقاپ قالغىنىڭنى بىلىپ يول كۆرسەتمىدىمۇ؟

8ـ سېنىڭ يوقسۇللۇقۇڭنى بىلىپ بېيىتمىدىمۇ؟

9ـ سەن يېتىمغا قوپاللىق قىلما،

10ـ تىلەمچىنى سىلكىشلىمە،

11ـ رەببىڭنىڭ نېمىتىنى سۆزلەپ تۇرغىن.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا قۇياش كۆتۈرۈلگەن چاغدىكى چاشگاھ ۋاقتى بىلەن ۋە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن كېچە ۋاقتى بىلەن قەسەم قىلىپ، ئۆزىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تاشلىۋەتمىگەنلىكىنى، ئۇنى يامان كۆرۈپمۇ قالمىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن رەنجىپمۇ قالمىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىسى ۋە ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللاپ چىققان راستچىل ئەلچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قانداقمۇ تاشلىۋەتسۇن؟! بۇ مۇمكىنمۇ؟!

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ يېنىغا ئاللاھ تائالانىڭ ئىشەنچلىك ئەلچىسى جىبرىل ئەلەيھىسسالام كەلگەن ۋە ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىملىق ۋەھيىنى قىلغان ئىدى. ئۇ چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇنجى قېتىم بىر پەرىشتە بىلەن ئۇچراشقانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭغا بەكمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ۋەھيى بىر قانچە كۈن ئۈزۈلۈپ

قالغان. ئۆلىمالار بۇنداق بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزۇش، ئىرادىسىنى كۈچەيتىش، جىبرىلغا ئۈچرىشىشتىن قورقمايدىغان، بەلكى ئۇنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولىدىغان هالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى، دەپ قارايدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

ۋەهيىنىڭ ۋاقتىلىق ئۈزۈلۈپ قېلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قاتتىق بىئارام قىلغان، كۆڭلىنى يېرىم قىلغان بولۇپ، ئۇ قورقۇنچ ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە ۋەهيىنى كۈتۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قەلبىنى خاتىرجەم قىلىش، ئۇنى پارلاق كېلەچەكتىن خەۋەردار قىلىش ۋە ئۇنى تاشلىۋەتمىگەنلىكىنى، يامان كۆرۈپمۇ قالمىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ روهىنى كۈتۈرۈش ئۈچۈن جىبرىلنى يەنە ۋەهيى بىلەن ئەۋەتىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەر ئاللاھ تائالانىڭ چاشگاھ ۋاقتى ۋە كېچە ۋاقتى بىلەن قەسەم قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «چاشگاھ ۋاقتى هايات ۋە هەرىكەت جانلانغان بىر ۋاقىتتۇر، ئەمما كېچە هەممە جىمجىتلىقتا چۆمگەن بىر ۋاقىتتۇر. شۇڭا ۋەهيىنىڭ باشلىنىشى چاشگاھ ۋاقتىغا، ئۇنىڭ ۋاقتىلىق ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ئەتىكى تىرىكچىلىك ئىشلىرىغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئارام ئالىدىغان كېچە ۋاقتىغا ئوخشىتىلغان»[1].

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تاشلىۋەتمىگەنلىكىنى ۋە ئۇنى يامان كۆرۈپمۇ قالمىغانلىقىنى قەسەم بىلەن تەكىتلەپ بىلدۈرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرەتنىڭ بۇ دۇنيادىن ئەلۋەتتە ياخشى بولىدىغانلىقىدىن، كەلگۈسىنىڭ ئەلۋەتتە نەتىجىلىك ۋە خەيرلىك بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. گويا شۇنداق دېدۈكى، ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ كېلەچىكىڭ ئەلۋەتتە پارلاقتۇر، كېيىنكى كۈنلىرىڭ هازىرقى كۈنلىرىڭدىن ئەلۋەتتە ياخشى ۋە بەرىكەتلىك بولىدۇ، ئاخىرەتلىكىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل بولىدۇ. چۈنكى، سېنىڭ دەۋىتىڭ يېقىندا بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلىدۇ، دەۋىتىڭ نۇرغۇن جايلارغا يېتىپ بارىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاشىدۇ، ئىسلام قۇدرەت تاپىدۇ. پات يېقىندا رەببىڭ ساڭا ئارزۇ قىلغانلىرىڭنى بېرىدۇ، ئالدى بىلەن سېنىڭ قەۋمىڭنىڭ، ئاندىن پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ هىدايەت تېپىشى ئۈچۈن، ساڭا

---

[1] «التفسير الواضح» 3ـ توم، 874ـ بەت.

كېرەكلىك بولغان ۋەھيىنى نازىل قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. رەببىڭ بەندىلىرىگە تولىمۇ كەرەملىك ۋە بەكمۇ مېھرىبان زات بولۇپ، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارغا ياخشىلىقنى خالايدۇ. رەببىڭ سېنىڭ يېتىم قالغانلىقىڭنى ۋە باشپاناھسىز قالغانلىقىڭنى بىلىپ ساڭا پاناھ بەرمىدىمۇ؟ سېنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ قوغدىمىدىمۇ؟ سېنى پەيغەمبەرلىككە لايىق قىلىپ شۇنداق يېتىشتۈرمىدىمۇ؟ سېنىڭ ھەقىقەتنى ئىزدەش يولىدا گاڭگىراپ قالغانلىقىڭنى ۋە باتىل دىنلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەيرانلىقتا قالغانلىقىڭنى بىلىپ ساڭا يول كۆرسەتمىدىمۇ؟ سېنى توغرا دىنغا يېتەكلىمىدىمۇ؟ سېنىڭ قول ئىلكىڭدە يوق بىر كەمبەغەل ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ سېنى كىشىلەردىن بىھاجەت قىلمىدىمۇ؟ قانائەت بىلەن سېنى باي قىلمىدىمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىم تۇغۇلغان ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چېغىدىلا ۋاپات بولغان، ئانىسىمۇ ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئاندىن ئۇنى بوۋىسى باغرىغا باسقان ئىدى، بوۋىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تاغىسى ئەبۇ تالىب ئۆز ھىمايىسىگە ئالغان. ئاللاھ تائالا ئەبۇ تالىبنىڭ قەلبىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق ئېچىندۇرىدىكى، ئەبۇ تالىب ئۇنى ئۆز پەرزەنتلىرىدىنمۇ بەك ياخشى كۆرۈپ، باغرىغا باسقان ۋە بارچە مېھىر-مۇھەببىتىنى ئۇنىڭغا بېغىشلىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىكىدىنلا ئەقلى ساغلام، روھى پاك، دىلى سۈزۈك، ۋىجدانلىق، ئەدەپ-ئەخلاقلىق، ئېسىل زات ئىدى. ئۇ ئۆز قەۋمىنىڭ خۇراپاتلىرىدىن قاتتىق بىئارام بولاتتى، ھەقىقەتنى ئىزدەيتتى، ئەمما ئۇنى قانداق تېپىشنى ۋە نەدىن تېپىشنى بىلمەيتتى، شۇنداق گاڭگىراش ۋە قايمۇقۇش ئەسناسىدا ئاللاھ تائالا ئۇنى توغرا دىنغا يېتەكلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ھەق دىننى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يوقسۇل ئىدى، ئۇنىڭغا ئاتىسىدىن كۆپ مال- دۇنيا قالمىغان بولۇپ[1]، ئاللاھ تائالا ئۆز پەزل-كەرەمى بىلەن ئۇنى كىشىلەرگە موھتاج بولۇپ قېلىشتىن بىھاجەت قىلدى، قانائەت بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى باي قىلدى.

ئاللاھ تائالا بۇ مەنىدە دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە رەھىم-

[1] بەزى رىۋايەتلەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتىسىدىن بەش تۆگە، بىر پادا قوي، بىر قىلىچ ۋە بىر خىزمەتچى ئايال مىراس قالغانلىقى بايان قىلىنغان. يەنە بەزى رىۋايەتلەردە، ئۇنىڭغا ئاتىسىدىن بىر تۆگە، بىر قىلىچ ۋە بىر خىزمەتچى ئايال قالغانلىقى بايان قىلىنغان.

شەپقەتلىك بولغىن، يېتىمنى ھەرگىز خارلىما، تۈۋەن كۆرمە، ئۇنىڭ بېشىنى سىلا. چۈنكى، سەنمۇ يېتىملىكنىڭ دەردىنى تارتقان ۋە يېتىملەرنىڭ ھالىنى چۈشىنىدىغان بىر زاتسەن. سەندىن ياردەم سوراپ كەلگەن ھاجەتمەنلەرگە ئازار قىلما، ئۇلارغا قوپال مۇئامىلە قىلما، قولۇڭدىن كېلىشىچە ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغىن. ساڭا رەببىڭنىڭ پەزل-كەرەمى ئىنتايىن چوڭ ۋە كۆپ بولماقتا. چۈنكى، رەببىڭ سەن يېتىم چاغدا ساڭا پاناھ بەردى، ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ سېنى قوغدىدى، سەن تېڭىرقاپ قالغاندا ساڭا يول كۆرسەتتى، سەن يوقسۇل چاغدا سېنى كىشىلەردىن بىھاجەت قىلدى. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، رەببىڭگە كۆپ شۈكۈر قىل، ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمەي سۆزلە!

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھاياتلىق بەزى قىيىنچىلىقلاردىن ۋە ئاز-تولا كۆڭۈلسىزلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە زات شەكسىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

3. نېمەتنى ئەسلەش ۋە ئۇنى تونۇش نېمەت بەرگۈچىگە شۈكۈر قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

4. نېمەتكە شۈكۈر قىلىش نېمەتنى كۆپەيتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا: ﴿لَئِن شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ﴾ يەنى ﴿ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە (بېرىۋاتقان نېمىتىمنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن﴾[1] دەيدۇ.

[1] ئىبراھىم سۈرىسى:7-ئايەت.

# شەرھ سۈرىسى

شەرھ سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 8 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، زۇھا سۈرىسىدىن كېيىن نازىل بولغان ۋە ئۇنى تولۇقلىغان سۈرىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدىمۇ ئالدىنقى سۈرىدىكىگە ئوخشاش پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەدە ئەلەيھىسساﻻمغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى بايان قىلغان ۋە ئۇنى ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشقا ئۈندىگەن.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائاﻻنىڭ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسساﻻمنى غەم-قايغۇدىن، قىيىنچىلىقتىن ۋە ئوڭايسىزلىقتىن خاﻻس قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاتا قىلىدىغان نېمىتىنى ۋايىغا يەتكۈزگەنلىكىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿نَشْرَحْ﴾ دېگەن سۆزنىڭ سۆز يىلتىزى بولغان «شرح» يەنى (ئېچىش) دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، يەنە بىر ئىسمى (ئېچىلىش) دېگەن مەنىدىكى «انشراح» تۇر.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿أَلَمۡ نَشۡرَحۡ لَكَ صَدۡرَكَ ١ وَوَضَعۡنَا عَنكَ وِزۡرَكَ ٢ ٱلَّذِيٓ أَنقَضَ
ظَهۡرَكَ ٣ وَرَفَعۡنَا لَكَ ذِكۡرَكَ ٤ فَإِنَّ مَعَ ٱلۡعُسۡرِ يُسۡرًا ٥ إِنَّ مَعَ
ٱلۡعُسۡرِ يُسۡرٗا ٦ فَإِذَا فَرَغۡتَ فَٱنصَبۡ ٧ وَإِلَىٰ رَبِّكَ فَٱرۡغَب ٨﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1- (ئى پەيغەمبەر!) سېنىڭ كۆكسۈڭنى (ئىلىم-ھېكمەتكە ۋە گۈزەل ئەخلاققا ئېچىپ) كەڭ قىلمىدۇقمۇ؟

2-3- سىنىڭ بىلىكىنى ئېگىۋەتكەن ئېغىر يۈكۈڭنى سەندىن ئېلىۋەتمىدۇقمۇ؟

4-سىنىڭ شان-شۆھرىتىڭنى يۇقىرى قىلمىدۇقمۇ؟

5-ئەلۋەتتە ھەربىر مۇشكۇللۇك بىلەن چوقۇم بىر ئوڭايلىق بار.

6-ھەقىقەتەن ھەربىر مۇشكۇللۇك بىلەن چوقۇم بىر ئوڭايلىق بار.

7-(ئىشلىرىڭدىن) بىكار بولغان ھامان ئىبادەتكە قاتتىق بېرىلگىن.

8-رەببىڭگە يۈزلەنگىن.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بىز سىنىڭ كۆڭلى-كۆكسۈڭنى ئىسلام نۇرى بىلەن كېڭەيتمىدۇقمۇ؟ ئۇنى ئىمان ۋە ھىدايەتكە، ئىلىم-ھېكمەتكە ۋە مەرىپەتكە ئاچمىدۇقمۇ؟ سەن بۇ ئارقىلىق دەۋەت ئىشلىرىڭدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسەن، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپەڭنى مۇكەممەل ئورۇندايسەن، دەۋەت يولىدىكى ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ چىقالايسەن.

مۇپەسسىرلەر ﴿أَلَمۡ نَشۡرَحۡ لَكَ صَدۡرَكَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنى «سىنىڭ قەلبىڭنى نۇرلاندۇرۇپ، كۆڭلى-كۆكسۈڭنى كەڭ، ئازادە قىلمىدۇقمۇ؟»[1] دەپ تەپسىر قىلغان. ئەللامە تەبەرىي «سىنىڭ كۆكسۈڭنى ئىمان ۋە ھىدايەتكە، ھەقىقەتنى تونۇشقا ئاچمىدۇقمۇ؟»[2] دەپ تەپسىر قىلغان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر «سىنىڭ قەلبىڭنى ئىلىم ۋە ھېكمەتكە تولدۇرمىدۇقمۇ؟»[3] دەپ تەپسىر قىلغان.

مۇپەسسىرلەر يەنە ﴿وَوَضَعۡنَا عَنكَ وِزۡرَكَ ۝٢ ٱلَّذِيٓ أَنقَضَ ظَهۡرَكَ﴾ دېگەن ئايەتلەرنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ھەسەن، مۇجاھىد، قەتادە ۋە زەھھاك قاتارلىقلار ئايەتكە «جاھىلىيەتتە سەندىن سادىر بولۇپ، بېلىڭنى ئېگىۋەتكەن گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈۋەتمىدۇقمۇ؟» دەپ مەنە بېرىتقان ۋە بۇ ئايەتنىڭ فەتھ سۈرىسىدىكى ﴿لِّيَغۡفِرَ لَكَ ٱللَّهُ مَا تَقَدَّمَ مِن ذَنۢبِكَ﴾ يەنى ﴿سىنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈش

---

[1] «تفسير ابن كثير» 8-توم، 429-بەت.
[2] «تفسير الطبري» 24-بەت، 493-بەت.
[3] «تفسير القرطبي» 20-بەت، 92-بەت.

ئۇچۇن ...﴾ [1] دېگەن ئايەتكە ئوخشايدىغانلىقىنى بايان قىلغان[2]. ئەبۇ ئۇبەيدە[3] «سەندىن پەيغەمبەرلىكنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلەتمىدۇقمۇ؟»[4] دەپ مەنە ئېيتقان. تەپسىرى مۇيەسسەردە ﴿سېنىڭ بېلىڭنى ئېگىۋەتكەن ئېغىر يۈكۈڭنى سەندىن ئېلىۋەتمىدۇقمۇ؟﴾ [5] دەپ مەنە ئېيتىلغان.

مەككە كاپىرلىرىنىڭ ئەدەپسىز سۆزلىرى ۋە ئاساسسىز تۆھمەتلىرى سەۋەبلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق بىئارام بولاتتى، ئۇنىڭ كۆڭلى سىقىلاتتى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ بۇ ھەقتە بەزى ئايەتلەرنى نازىل قىلغان. ﴿إِنَّا كَفَيْنَٰكَ ٱلْمُسْتَهْزِءِينَ ﴿٩٥﴾ ٱلَّذِينَ يَجْعَلُونَ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ ۚ فَسَوْفَ يَعْلَمُونَ ﴿٩٦﴾ وَلَقَدْ نَعْلَمُ أَنَّكَ يَضِيقُ صَدْرُكَ بِمَا يَقُولُونَ ﴿٩٧﴾ فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَكُن مِّنَ ٱلسَّٰجِدِينَ﴾ يەنى ﴿سېنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا بىز چوقۇم تېتىيمىز. ئۇلار باشقا مەبۇدلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىدۇ، ئۇلار ئۇزاققا قالماي (قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىپ قالىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن يۈرىكىڭنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ئەلۋەتتە بىلىمىز. رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن ھەم سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولغىن﴾ [6] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالى.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ بارغان ئىسلام دەۋىتى جاھىلىيەتنىڭ پاتقاقلىرىغا پېتىپ كەتكەن ئەرەبلەرگە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان ئومۇمىيۈزلۈك دەۋەت بولۇپ، بۇ مەسئۇلىيىتى ئېغىر، جاپاسى كۆپ، ئۆزى شەرەپلىك بىر ۋەزىپە ئىدى. پۈتۈن ئىنسانىيەتكە دىنىنى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئېيتقاندا تاغدىنمۇ ئېغىر بىر ۋەزىپە ئىدى. گەرچە بۇنى ئادا قىلىش ھەربىر دەۋەتچىنىڭ بېلىنى ئېگىپ قويىدىغان جاپالىق ئىش بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ چەكسىز شەپقىتى ۋە مەرھەمىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئېغىر يۈكىنى يەڭگىللەتكەن ۋە ئۇنىڭغا ھەر ئىشتا ئوڭايلىق يارىتىپ بەرگەن ئىدى.

---

[1] فەتھ سۈرىسى: 2ـ ئايەت.

[2] «تفسير البغوي» 8ـبەت، 461ـبەت.

[3] ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى مۇئەممەر (110ـ209ھ/ 728ـ824م) ھازىرقى ئىراقنىڭ بەسرە شەھىرىدە ئۆتكەن تىلشۇناس، ئەدىب ۋە ئالىم بولۇپ، ئۇنىڭ «مجاز القرآن»، «رسالة العقفة والبررة»، «مآثر العرب» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

[4] «تفسير القرطبي» 20ـ توم، 94ـ بەت.

[5] «تفسير الميسر» 596ـ بەت.

[6] ھىجر سۈرىسى:95ـ98ـئايەتلەر.

ئاللاھ تائالا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شان-شۆھرىتىنى ئۈستۈن قىلدى، ھەر كۈنلۈك بەش قېتىملىق ئەزاندا، ھەربىر دۇئادا ۋە ھەربىر نامازدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن بىرگە زىكىر قىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىر ئىنسان ئۈچۈن، بۇنىڭدىن يۇقىرى شان-شۆھرەت، بۇنىڭدىن كاتتا مەرتىۋە يوقتۇر. يەنە ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە ئىتائەت قىلغانلىق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتۇشنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى دوست تۇتقانلىق قاتارىدىن قىلغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسىنى قانچىلىك يۇقىرى قىلغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلىكى ۋە ئۇنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلغانلىقىمۇ ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ كاتتىلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئاللاھ تائالادىن قالسا ئەڭ سۆيۈملۈك زات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى ھەربىر مۇسۇلمان ئوبدان بىلىدۇ. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز جېنىدىنمۇ بەك سۆيەتتى، ئاتا-ئانىسىنى، بالىچاقىلىرىنى ۋە ياخشى كۆرگەن ھەر نەرسىسىنى ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ يولىغا پىدا قىلاتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىگە تويمايتتى، ئۇنىڭدىن ۋاقىتلىق ئايرىلىشقىمۇ چىدىيالمايتتى. كاپىرلارمۇ بۇ ھەقىقەتنى ياخشى بىلەتتى. ئەبۇ سۇفيان مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتدا ئېيتقان بىر سۆزىدە: «مەن دۇنيادا ھېچكىمنىڭ بىرىنى مۇھەممەدنىڭ ساھابىلىرى مۇھەممەدنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرگەنلىكىنى كۆرمىدىم» دېگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان پەزل-كەرەمىدۇر.

دېمەك، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىنى ئىمانغا، قۇرئاننىڭ نۇرىغا، ئىلىم-ھېكمەت ۋە مەرىپەتكە كەڭ ئېچىۋەتكەن، ئۇنىڭ كۆڭلى-كۆكسىنى ھەر تۈرلۈك جاپالارنى، ئەزىيەتلەرنى كۆتۈرەلەيدىغان، ئۆزىگە يامانلىق ئەپۇ قىلالايدىغان، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ مۇشەققەتلىرىگە سەۋر قىلالايدىغان دەرىجىدە كەڭ قىلىۋەتكەن، پەيغەمبەرلىكنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۇنىڭدىن يەڭگىللەتكەن، ئۇنىڭ شان-شەۋكىتىنى ئۈستۈن قىلغان بولۇپ، بۇ زېمىنغىلا خاس ئەمەس، بەلكى يۇقىرى ئۇپۇقتىكى سىدرەتۇل مۇنتەھادىمۇ ئۇنىڭ شان-شۆھرىتىنى ئۈستۈن، مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلغان. چۈنكى، شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان ۋە ئۇنى باغرىغا بېسىپ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىدىغان كۆيۈمچان، ۋاپادار ئايالى ھەزرىتى خەدىچە

رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەڭ كۆيۈمچان ئىنسان، ئۇنىڭ بىردىنبىر قوغدىغۇچىسى بولغان تاغىسى ئەبۇ تالىب ئىككىسى ئارقا-ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش، ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش، شان-شۆھرىتىنى يۇقىرى قىلىش ئۈچۈن ئۇنى بىر كېچىدە ئاۋۋال مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ بارغان، ئاندىن يەتتىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ، سىدرەتۇل مۇنتەھا دېگەن دەرەخنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا كېرەكلىك ۋەھىيلەرنى قىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن كۆپ ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغان، كۆپ قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن، كۆڭلى سىقىلغان ۋە قاتتىق بىئارام بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۇنىڭغا بېرىلگەن مۇكاپات، يەنى سەۋرچانلىقىنىڭ، چىدامچانلىقىنىڭ ۋە مۇستەھكەم تۇرۇشىنىڭ مۇكاپاتى ئىدى. چۈنكى، ﴿ئەلۋەتتە ھەربىر مۇشكۇللۇك بىلەن چوقۇم بىر ئوڭايلىق بار﴾ .

ئەمدى مۇنداق بىر سوئال كېلىدۇ: راستتىنلا ھەربىر مۇشكۇللۇك بىلەن چوقۇم بىر ئوڭايلىق بارمۇ؟ جاۋاب شۇكى، ئەلۋەتتە بار، ئەمما بىر شەرت بىلەن بار. ئۇ شەرت قايسى دېگەندە، ئۇ ئاللاھ تائالا كائىناتتا بېكىتىۋەتكەن سەۋەب قىلىش قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈپ، قولدىن كەلگەنچە سەۋەب قىلىش، چىداملىق ۋە سەۋرچان بولۇش، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىدىن قايتماسلىق ۋە جاپادىن قورقماسلىقتۇر. ئەمما سەۋەب قىلماستىن قىيىنچىلىقنى ئوڭايلىققا ئۆرۈيمەن دېگەنلىك «ئۈجمە پىش ئاغزىمغا چۈش» دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بىزنى ھەربىر قىيىنچىلىقنى يېڭىشتا سەۋەب قىلىش بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە تايىنىشقا بۇيرۇغان. بىز ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن ۋە كائىناتتا بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرىدىغان بولساق، ئەلۋەتتە ھەربىر قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئوڭايلىقنى، ھەربىر مۇشكۇللۇك بىلەن بىر ئاسانلىقنى كۆرىمىز. چۈنكى، بۇ دۇنيا سەۋەب قىلىش دۇنياسىدۇر. ئاللاھ تائالا: ﴿وَأَن لَّيْسَ لِلْإِنسَـٰنِ إِلَّا مَا سَعَىٰ﴾ يەنى ﴿ئىنسان پەقەت ئۆزى قىلغان ئىشنىڭلا نەتىجىسىنى كۆرىدۇ﴾ [1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرى بىلەن ھىدايەت يولىدا ئىزچىل مېڭىشنى خالايدىغان ھەربىر مۇسۇلمانغا ئەڭ ئېسىل ئىلاھىي نەسىھەتنى تەقدىم

---

[1] نەجم سۈرىسى:39- ئايەت.

قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئىشلىرىڭدىن) بىكار بولغان ھامان ئىبادەتكە قاتتىق بېرىلگىن﴾ يەنى سەن ئاخىرەتلىك ئىشلاردىن بىكار بولغان ھامان دۇنيالىق ئىشلارغا تۇتۇنغىن، دۇنيالىق ئىشلاردىن بىكار بولغان ھامان ئاخىرەتلىك ئىشلارغا تۇتۇنغىن، نامازدىن بىكار بولغان ھامان دۇئاغا تۇتۇنغىن، جىھادتىن بىكار بولغان ھامان يەنە بىر ئىبادەتكە تۇتۇنغىن، دەۋەت ئىشلىرىدىن بىكار بولغان ھامان يەنە بىر ساۋابلىق ئىشقا تۇتۇنغىن، پەرز ئىبادەتلەردىن بىكار بولغان ھامان نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلىشقا تۇتۇنغىن، ئىشقىلىپ بىكار قالمىغىن. چۈنكى، بىكار تەلەپلىك مۇسۇلمانىنىڭ ئىشى ئەمەس. ھەر ۋاقىت يېگانە رەببىڭگە يۈزلەنگىن، ئۇنىڭغىلا تايانغىن. چۈنكى، ئۇ ئەڭ ياخشى مەدەتكاردۇر.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە مۇسۇلمانغا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى رەتكە سېلىشنى، ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىشنى ۋە ئۆمرىنىڭ بىر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ بىكارغا ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكنى ئۆگەتكەن. چۈنكى، مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتىدا بىكارچىلىققا، بىھۇدىلىككە ۋە مەنىسىزلىككە ئورۇن يوق، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ھەربىر لەھزىسى مەنىلىك ۋە خەيرلىكتۇر. ئۇز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەنە شۇنداق ۋاقىتنى چىڭ تۇتىدىغان، ئۆمرىنىڭ ھەربىر دەقىقىسىنى غەنىيمەت بىلىپ دىن ۋە دۇنيالىق ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدىغان قىلىپ يېتىشتۈرگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ساھابىلىرىنى شۇنداق يېتىشتۈرگەن. چۈنكى، مۇسۇلمان ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتى جاپا چېكىش، ئەجىر قىلىش ۋە تۇرماستىن ئەمگەك قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئاندىن ئاخىرەتتە بۇ قىلغانلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇقى بىلەن كۆرىدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿فَإِذَا فَرَغْتَ فَٱنصَبْ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى ئىبنى ئابباس، قەتادە، زەھھاك، كەلبىي ۋە مۇقاتىل قاتارلىقلارنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلىنىپ، بۇ ئايەتنى «ئى پەيغەمبەر! سەن پەرز نامازدىن پارىغ بولغان چېغىڭدا رەببىڭگە دۇئا قىلىشتا تىرىشچانلىق كۆرسەتكىن» [1] دەپ تەپسىر قىلغان. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «پەرز ئىبادەتلەردىن بىكار بولغان چېغىڭدا نەپلە ناماز ئوقۇغىن» دەپ تەپسىر قىلغان. مۇقاتىل «سەن دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن بىكار بولغان چېغىڭدا رەببىڭگە ئىبادەت قىلىش بىلەن بولغىن» دەپ تەپسىر قىلغان. كەلبىي «سەن دەۋەت ئىشلىرىدىن بىكار بولغان چېغىڭدا رەببىڭگە يۈزلىنىپ كەمچىلىكلىرىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت

[1] «تفسير الطبري» 24-توم، 497-بەت.

تەلەپ قىلغىن» دەپ تەپسىر قىلغان[1]. ﴿وَإِلَىٰ رَبِّكَ فَٱرۡغَب﴾ دېگەن ئايەتكە ئەللامە ئىبنى كەسىر «نىيىتىڭنى ۋە رىغبىتىڭنى پەقەت بىر ئاللاھقىلا بېغىشلىغىن» دەپ تەپسىر قىلغان. ئەللامە قۇرتۇبىي «ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتقا رىغبەتلەندۈرگىن» دەپ تەپسىر قىلغان. ئەللامە تەبەرىي «ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا يۈزلەنگىن» دەپ تەپسىر قىلغان. تەپسىرى مۇيەسسەردە ﴿فَإِذَا فَرَغۡتَ فَٱنصَبۡ ۝٧ وَإِلَىٰ رَبِّكَ فَٱرۡغَب﴾ دېگەن ئايەتلەر «دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن بىكار بولغان ھامان ئىبادەتكە قاتتىق بېرىلگىن، رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىكىسىگە رىغبەتلىنىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا يۈزلەنگىن»[2] دەپ تەپسىر قىلىنغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى پۈتۈنلەي ئىبادەت ئىچىدىكى بىر ھايات ئىدى، ئۇنىڭ كېچە-كۈندۈزدىكى بارلىق ئىشلىرى پەقەت بىر ئىبادەتتىن يەنە بىر ئىبادەتكە يۆتكىلىش جەريانى ئىدى. ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ھايات دەپتىرىنىڭ ھەربىر قۇرىنى ئەنە شۇنداق ئۈزلۈكسىز ئىبادەتلەر بىلەن تولدۇرۇشقا بۇيرۇلغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا كىمنىڭ كۆكسىنى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلگە ئېچىۋەتسە، ئۇنىڭغا كاتتا نېمەت ۋە ئۈزۈلمەس ئىنئام ئاتا قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، دۇنيادا ھىدايەتتىن كاتتا نېمەت يوقتۇر.

2. ھەربىر مۈشكۈللۈك بىلەن بىللە ئاسانلىقنىڭ، ھەربىر قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئوڭايلىقنىڭ بولۇشى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى بولۇپ، مۆئمىن ئادەم قىيىنچىلىق ئالدىدا يېڭىلمەيدۇ، بەلكى كۈچىنىڭ يەتكىنىچە سەۋەب قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەيدۇ.

3. ھەقىقىي مۆئمىن ئادەمنىڭ ۋاقتى ئىبادەتتۇر. چۈنكى، ئۇ ھاياتىنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئىش كۆرىدۇ، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان شەرىئەت بويىچە ئېلىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ نىيىتى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى قازىنىش بولىدۇ.

4. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسىنى ئالاھىدە يۇقىرى قىلغان.

---

[1] «تفسير ابن كثير» 8-توم، 433-بەت.
[2] «التفسير الميسر» 596- بەت.

# تىين سۈرىسى

تىين سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 8 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساننى ئەڭ گۈزەل ۋە چىرايلىق شەكىلدە ياراتقانلىقى، ئەقىل-ئىدراكلىق، ياخشى-ياماننى بىلەلەيدىغان، ھىدايەتنى ياكى ئازغۇنلۇقنى تاللاش ئىختىيارىغا ئىگە قىلغانلىقى، ئاندىن ئۇنىڭ ھەق يولنى تاللاپ جەننەتكە لايىق بولۇشى ياكى ئازغۇنلۇقنى تاللاپ دوزاخ ئەھلىدىن بولۇشى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساننى مۇكەممەل شەكىلدە ياراتقانلىق ۋە ھەق دىنغا ھىدايەت قىلغانلىق نېمىتىنى بىلدۈرۈش، شۇنداقلا ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى ئۇنىڭ ھەق دىنغا سادىق بولۇشىغا، قىممەتسىزلىكى ئۇنىڭ ھەق دىندىن يىراقلىشىپ كېتىشىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿ٱلتِّينِ﴾ «ئەنجۈر» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿وَٱلتِّينِ وَٱلزَّيۡتُونِ ١ وَطُورِ سِينِينَ ٢ وَهَٰذَا ٱلۡبَلَدِ ٱلۡأَمِينِ ٣
لَقَدۡ خَلَقۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ فِيٓ أَحۡسَنِ تَقۡوِيمٖ ٤ ثُمَّ رَدَدۡنَٰهُ أَسۡفَلَ سَٰفِلِينَ
٥ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَلَهُمۡ أَجۡرٌ غَيۡرُ مَمۡنُونٖ ٦
فَمَا يُكَذِّبُكَ بَعۡدُ بِٱلدِّينِ ٧ أَلَيۡسَ ٱللَّهُ بِأَحۡكَمِ ٱلۡحَٰكِمِينَ ٨﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1- ئەنجۈر بىلەن قەسەم قىلىمەن، زەيتۇن بىلەن قەسەم قىلىمەن،

2- تۇرسىنا تېغى بىلەن قەسەم قىلىمەن،

3- بۇ تىنچ شەھەر (مەككە) بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

4- بىز ئىنسانىنى ھەقىقەتەن ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق.

5- ئاندىن ئۇنى دوزاخنىڭ ئەڭ تۆۋەن قەۋىتىگە تاشلايمىز.

6- پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇلارغا ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئەجىر بار.

7- (ئى ئىنسان!) بۇنىڭدىن(يەنى بۇنچە دەلىللەردىن) كېيىن، سېنىڭ ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىشىڭغا سەۋەب بولغان نەرسە نېمە؟

8- ئاللاھ ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئادالەتلىكى ئەمەسمۇ؟

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئەنجۈر، زەيتۇن قاتارلىق مېۋىلەر بىلەن، مىسىردىكى تۇرسىنا تېغى ۋە مەككە شەھىرى بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىنسانىنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە، ئەڭ گۈزەل سۈرەتتە ياراتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئەنجۈر بىلەن زەيتۇن ھەممىگە تونۇشلۇق مېۋىلەر بولۇپ، مۇپەسسىرلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى تەپسىرلىرى ھەر تۈرلۈك بولغان: بەزىلەر ئايەتتىكى ئەنجۈر بىلەن زەيتۇندىن بۇ ئىككى مېۋىنىڭ دەرىخى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېسە، يەنە بەزىلىرى ئايەتتىكى ئەنجۈر بىلەن زەيتۇندىن بۇ ئىككى مېۋە يېتىشىدىغان جاي كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن. مەزكۇر جايدىن شام (ھازىرقى سۈرىيە، ئىئوردانىيە، پەلەستىن) مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئەنجۈر بىلەن زەيتۇن ئەڭ كۆپ چىقىدىغان جاي شامدۇر. تۇرسىنا تېغى مىسىرنىڭ جەنۇبى سىينا ۋىلايىتىگە جايلاشقان بىر تاغ بولۇپ، سىينا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ جايدا ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىۋاسىتە سۆز قىلغان. ئايەتتىكى تىنچ شەھەردىن مەككە مۇكەررەمە شەھىرى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، بۇ شەھەر پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كەلگەن جايدۇر. مەككە مۇكەررەمە شەھىرى ئەزەلدىن تىنچلىق شەھىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى مەسجىدى ھەرەمگە كىرگەن ئادەم ھەر تەرەپتىن خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ، ھەتتا مەككىدىكى ئۇچارقاناتلار ۋە قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىمۇ قوغدىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنى ئوۋلاش

مەنئى قىلىنىدۇ.

بۇنىڭغا بىنائەن، بۇ سۈرىدىكى قەسەمدە مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىق ئۈچ پەيغەمبەرگە ئىشارەت قىلىنغان. چۈنكى، ئەنجۈر بىلەن زەيتۇن چىقىدىغان شامدىن ئىيسا ئەلەيھىسسالام چىققان، تۇرسىينا تېغىدا ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىۋاستە سۆز قىلغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدە تۇغۇلغان ۋە ئۇنىڭغا تۇنجى ۋەھيى شۇ جايدا كەلگەن.

ئاللاھ تائالا شام، تۇرسىينا ۋە مەككىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ مۇقەددەس جاي بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق بۇ جايلاردا تۇرغان پەيغەمبەرلەرنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ ئىنسانىنى ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ مۇكەممەل سۈرەتتە ياراتقانلىقىنى بىلدۈرگەن. دېمەككى، ئىنسان بارلىق مەخلۇقاتتىن ئەڭ چىرايلىق يارىتىلغان، گۈزەل شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن، تەپەككۇر قىلالايدىغان، ئەقلى بىلەن كائىناتتىكى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلىتەلەيدىغان، تەبىئەتنىڭ بەزى كۈچلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرالايدىغان يېگانە مەۋجۇداتتۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانىنى ئەڭ گۈزەل سۈرەتتە ياراتقانلىقىنى قەسەم بىلەن تەكىتلەش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۆزىدىكى بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەرنى ئەسلىتىپ، ئۇنى ياراتقۇچىسىنى تونۇشقا ۋە ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى بىلىشكە دەۋەت قىلغان.

مۇپەسسىرلەر ﴿ثُمَّ رَدَدْنَٰهُ أَسْفَلَ سَٰفِلِينَ﴾ دېگەن ئايەت توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە تەبەرىي، بەغەۋىي ۋە قۇرتۇبىي قاتارلىق مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى ئىبنى ئابباس، ئىكرىمە، قەتادە قاتارلىقلارنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلىنىپ «ئاندىن ئۇنى ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاجىز ھالىتىگە قايتۇردۇق»[1] دەپ تەپسىر قىلغان. چۈنكى، ئىنسان ئاجىز تۇغۇلىدۇ، ئاندىن ئاستا-ئاستا كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپ بىر ئەڭ كۈچلۈك ھالىتىگە يېتىدۇ، ئاندىن ئۇ يەنە ئاستا-ئاستا كۈچ قۇۋۋىتىدىن قېلىپ ئاجىزلىققا يۈزلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بوۋاقلىق ۋاقتىدىكىدەك تېنى ئاجىز بىر ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ.

ئەللامە ئىبنى كەسىر يۇقىرىقى ئايەتنى مۇجاھىد، ئەبۇ ئالىيە ۋە ھەسەن قاتارلىقلارنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلىنىپ «ئاللاھ ئىنسانىنى شۇنداق گۈزەل ۋە چىرايلىق شەكىلدە ياراتقاندىن كېيىن، ئەگەر ئۇ ئىنسان ئاللاھقا

---

[1] «تفسير الطبري» 24-توم، 509-بەت.

ئىتائەت قىلمىسا ۋە پەيغەمبەرگە ئەگەشمىسە، ئۇنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر»[1] دەپ تەپسىر قىلغان. يەنى ئاللاھ تائالا ئەڭ گۈزەل سۈرەتتە ياراتقان ۋە تۈرلۈك نېمەتلەرنى ئاتا قىلىپ ھۆرمەتلىگەن بۇ ئىنسان دەسلەپ دۇنياغا كەلگەن چېغىدا قەلبى تولىمۇ پاك، تەبىئىتى ساپ، ئۆزى گۇناھسىز بىر سەبىي بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭدا يامانلىق، تۇزكورلۇق، ھەسەتخورلۇق، ئاچكۆزلۈك دېگەندەك ئىللەتلەر بولمايدۇ. ئەمما بەزى ئىنسانلاردا يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭدىكى نەپسا- نىيەتچىلىك، ئاچكۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك، بۇزغۇنچىلىق قاتارلىق ئىللەتلەر باش كۆتۈرۈشكە باشلاپ، ئۇ باشقىلار بىلەن تالىشىش، قىزغىنىش، ئۇرۇشۇش، ئۆلتۈرۈش، قەستلەش قاتارلىق يامانلىقلارغا بېرىپ يېتىدۇ، ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلمايدۇ، پەيغەمبەرنىڭ يولىغا ئەگەشمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان يىرتقۇچقا ئايلىنىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ بارىدىغان جايى دوزاخنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرى بولۇپ قالىدۇ.

﴿إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَلَهُمۡ أَجۡرٌ غَيۡرُ مَمۡنُونٖ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «قانداقلا بىر ئادەم ياش ۋە كۈچلۈك ۋاقتىدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئۇ كېيىنچە ياشىنىپ قالغانلىقتىن شۇنداق ياخشى ئەمەللەرنى قىلالمىسىمۇ، ھەتتا ئەقلىنى يوقىتىپ قويسىمۇ، ئۇنىڭغا ياشلىقىدا قىلغان ياخشى ئەمەلنىڭ ساۋابى يېزىلىپ تۇرىدۇ»[2].

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئىسلامنىڭ ھەقىقەتلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان ئاك بىلەن ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا ئۆزئارا ياردەملىشىشنى، تۇغقانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشنى، ئادالەتلىك، دۇرۇس ۋە ھەققانىي بولۇشنى، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەشنى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ئېسىل خىسلەتلەرنى ئىلھام قىلغان، ئۇنىڭ تەبىئىتىگە سىڭدۈرگەن. ئەمما ئىنساندا پەرىشتىلەردە بولىدىغان روھانىيلىق بىلەن ھايۋانلاردا بولىدىغان نەپسانىيەتچىلىك بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەقلى نەپسىگە يېڭىلىپ قالغاندا، بۇ ئىنسان ھايۋاندەك يىرتقۇچ بولۇپ كېتىدۇ، باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىدۇ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىيدۇ، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى بىلىپ تۇرۇپ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاقىۋىتى دوزاخ بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ ئىنسان تەبىئىتى بولۇپ، ئۇ پەرىشتىلەردەك پاك بولالىغاندەك، ھايۋانلاردەك ۋەھشىيمۇ بولالايدۇ.

---

[1] «تفسير ابن كثير» 8-توم، 435-بەت.

[2] «تفسير الطبري» 24-توم، 509-بەت.

ئەمما قەلبى ئىمان بىلەن بېزەلگەن، ئاللاھ تائالاغا، ئەمەللەردىن ھېساب بېرىلىدىغان كۈننىڭ كېلىدىغانلىقىغا چىن ئىشەنگەن ۋە شۇ ئىمانىغا يارىشا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر يۇقىرىقىلاردىن مۇستەسنا. بۇ كىشىلەر جەننەتكە كىرىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشىدۇ. چۈنكى، ئۇلار نەپسى ھەۋەسنىڭ كۈچىنى ئەقىل ۋە دىننىڭ كۈچى بىلەن يېڭىپ ئۆزىنى ھەر خىل يولسىزلىقلاردىن ۋە زۇلۇمدىن ساقلاپ قالىدىغان، ياخشى ئىشلارنى قىلىپ رەببىنى ۋە ئىنسانلارنى مەمنۇن قىلىدىغان كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ ئەجرى ئۇلارغا بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ئۈزۈلمەستىن كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھەر ئىككى ئالەمدە ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ.

ئى ئىنسان! سېنى قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ بارغان نەرسە زادى نېمە؟ سەن ھەممە ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، شۇنچە كۆپ ۋە كۈچلۈك دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلانغان قىيامەت كۈنىنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسەن؟ قىيامەت كۈنىنى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈن قىلىپ بەلگىلىگەن ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقارغۇچى ئەمەسمۇ؟ ئۇ ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئادالەتلىكى ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە شۇنداق! ئۇ ئىتائەتمەنلەرنى مۇكاپاتلايدۇ، ئاسىيلىق قىلغانلارنى ئەلۋەتتە جازالايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مەككە مۇكەررەمە شەھىرى دۇنيانىڭ ئەڭ مۇقەددەس ۋە ئەڭ ئۇلۇغ يېرىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىنى شۇنچىلىك چىرايلىق شەكىلدە ياراتقانلىقى ئىنسانغا ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بۇرچىنى يۈكلەيدۇ.

3. مۇئمىن ئادەم ناۋادا ناھايىتى ياشىنىپ قالغانلىقتىن، ئىبادەتلەرنى جايىدا ئادا قىلالمىسىمۇ، ئۇنىڭغا ياشلىقىدا قىلغان ئەمەل ـ ئىبادىتىگە ئوخشاش ساۋاب يېزىلىدۇ.

# ئەلەق سۈرىسى

ئەلەق سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 19 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ۋەھيىنىڭ ﴿ئوقۇغىن﴾ دېگەن بۇيرۇق بىلەن باشلانغانلىقى ۋە ئىنسانىنىڭ يارىتىلىش ماددىسى بولغان «ئەلەق» بايان قىلىنغان. ئاندىن ئىنساننىڭ بەزى سۈپەتلىرى، بەزى گۇناھكار ئىنسانلارنىڭ قىلمىشى ۋە جازاسى بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىنساننىڭ كامالىتى ۋەھيىگە ۋە ئىلىمگە ئەگىشىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا باغلىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش بىلەن بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ناقىسلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى ئىككىنچى ئايەتتىكى ﴿عَلَقٍ﴾ «ئەلەق» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان. «ئەلەق» (ئېسىلغان)، (مۇئەللەقتە قالغان) دېمەن مەنىلەردە بولۇپ، ئانىنىڭ بالىياتقۇسىغا تۆكۈلگەن ئىسپېرمىدىكى مىليونلارچە ئۇرۇقنىڭ ئىچىدىن تۆرەلمە بولۇشقا تاللىنىپ بالىياتقۇ تېمىغا ئېسىلىپ قالغان ئۇرۇقنى كۆرسىتىدۇ.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿ٱقۡرَأۡ بِٱسۡمِ رَبِّكَ ٱلَّذِي خَلَقَ ١ خَلَقَ ٱلۡإِنسَٰنَ مِنۡ عَلَقٍ ٢ ٱقۡرَأۡ
وَرَبُّكَ ٱلۡأَكۡرَمُ ٣ ٱلَّذِي عَلَّمَ بِٱلۡقَلَمِ ٤ عَلَّمَ ٱلۡإِنسَٰنَ مَا لَمۡ
يَعۡلَمۡ ٥ كَلَّآ إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ لَيَطۡغَىٰٓ ٦ أَن رَّءَاهُ ٱسۡتَغۡنَىٰٓ ٧ إِنَّ إِلَىٰ
رَبِّكَ ٱلرُّجۡعَىٰٓ ٨ أَرَءَيۡتَ ٱلَّذِي يَنۡهَىٰ ٩ عَبۡدًا إِذَا صَلَّىٰٓ ١٠ أَرَءَيۡتَ
إِن كَانَ عَلَى ٱلۡهُدَىٰٓ ١١ أَوۡ أَمَرَ بِٱلتَّقۡوَىٰٓ ١٢ أَرَءَيۡتَ إِن كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰٓ

أَلَمۡ يَعۡلَم بِأَنَّ ٱللَّهَ يَرَىٰ ﴿١٤﴾ كَلَّا لَئِن لَّمۡ يَنتَهِ لَنَسۡفَعَۢا ﴿١٣﴾
بِٱلنَّاصِيَةِ ﴿١٥﴾ نَاصِيَةٖ كَٰذِبَةٍ خَاطِئَةٖ ﴿١٦﴾ فَلۡيَدۡعُ نَادِيَهُۥ ﴿١٧﴾ سَنَدۡعُ
ٱلزَّبَانِيَةَ ﴿١٨﴾ كَلَّا لَا تُطِعۡهُ وَٱسۡجُدۡ وَٱقۡتَرِب۩ ﴿١٩﴾

## ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن.

2ـ ئۇ ئىنساننى ئەلەقتىن[1] ياراتتى.

3ـ 5ـ سەن ئوقۇغىن. رەببىڭ ئىنسانغا قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتكەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئەڭ كەرەملىك زاتتۇر.

6ـ 7ـ ھەقىقەت شۇكى، ئىنسان ئۆزىنى بىھاجەت سانىغان چېغىدا چوقۇم ھەددىدىن ئاشىدۇ.

8ـ (ئى ئىنسان!) شەكسىزكى، سېنىڭ بارىدىغان جايىڭ رەببىڭنىڭ دەرگاھىدۇر.

9ـ 10ـ (ئى پەيغەمبەر!) ناماز ئوقۇۋاتقان بىر بەندىنى توسقان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟

11ـ 12ـ دەپ باققىنە، ئەگەر ئۇ (ناماز ئوقۇغۇچى بەندە) توغرا يولدا بولغان ياكى (كىشىلەرنى) تەقۋادارلىققا بۇيرۇغان بىرى بولسىچۇ؟

13ـ دەپ باققىنە، ئەگەر ئۇ (توسقۇچى) ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ۋە (ئىماندىن) باش تارتقان بىرى بولسىچۇ؟

14ـ ئۇ (قىلمىشلىرىنى) ئاللاھنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمىدىمۇ؟

15ـ 16ـ ياق (ئىش ھەرگىز ئۇ گۇماھكار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس)، ئەگەر ئۇ بۇنىڭدىن يانمىسا، بىز چوقۇم ئۇنداق يالغانچى گۇناھكارنى كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ (جەھەننەمگە) سۆرەيمىز.

17ـ ئۇ ئۆزىنىڭ سورۇنداشلىرىنى (ياردەمگە) چاقىرىپ باقسۇن!

[1] ئەلەقنىڭ مەنىسى ئۈچۈن ھەج سۈرىسىنىڭ 5ـ ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە ئاستىغا بېرىلگەن ئىزاھاتقا قارالسۇن.

18ـ بىزمۇ دوزاخنىڭ قاتتىق قول پەرىشتىلىرىنى چاقىرىمىز.

19ـ ياق (ئىش ھەرگىز ئۇ گۇناھكار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس)، (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇنىڭغا بويسۇنمىغىن، (ئاللاھقا) سەجدە قىلغىن ۋە (بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا) يېقىنلىقلاشقىن.

### تەپسىرى

ئىمام بۇخارىي ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «كَانَ أَوَّلَ مَا بُدِئَ بِهِ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم مِنَ الْوَحْيِ الرُّؤْيَا الصَّادِقَةَ فِي النَّوْمِ. فَكَانَ لاَ يَرَى رُؤْيَا إِلاَّ جَاءَتْ مِثْلَ فَلَقِ الصُّبْحِ. ثُمَّ حُبِّبَ إِلَيْهِ الْخَلاَءُ ، فَكَانَ يَخْلُو بِغَارِ حِرَاءٍ يَتَحَنَّثُ فِيهِ ، (وَهُوَ التَّعَبُّدُ) اللَّيَالِيَ أُولاَتِ الْعَدَدِ قَبْلَ أَنْ يَرْجِعَ إِلَى أَهْلِهِ ، وَيَتَزَوَّدُ لِذَلِكَ ، ثُمَّ يَرْجِعُ إِلَى خَدِيجَةَ فَيَتَزَوَّدُ لِمِثْلِهَا حَتَّى فَجِئَهُ الْحَقُّ وَهُوَ فِي غَارِ حِرَاءٍ ، فَجَاءَهُ الْمَلَكُ فَقَالَ: اقْرَأْ. قَالَ: «مَا أَنَا بِقَارِئٍ» قَالَ ، فَأَخَذَنِي فَغَطَّنِي حَتَّى بَلَغَ مِنِّي الْجَهْدَ ، ثُمَّ أَرْسَلَنِي فَقَالَ: اقْرَأْ. قَالَ قُلْتُ: مَا أَنَا بِقَارِئٍ ، قَالَ فَأَخَذَنِي فَغَطَّنِي الثَّانِيَةَ حَتَّى بَلَغَ مِنِّي الْجَهْدَ ثُمَّ أَرْسَلَنِي فَقَالَ: اقْرَأْ. فَقُلْتُ: مَا أَنَا بِقَارِئٍ ، فَأَخَذَنِي فَغَطَّنِي الثَّالِثَةَ حَتَّى بَلَغَ مِنِّي الْجَهْدَ. ثُمَّ أَرْسَلَنِي فَقَالَ: ﴿ٱقْرَأْ بِٱسْمِ رَبِّكَ ٱلَّذِى خَلَقَ ﴿١﴾ خَلَقَ ٱلْإِنسَـٰنَ مِنْ عَلَقٍ ﴿٢﴾ ٱقْرَأْ وَرَبُّكَ ٱلْأَكْرَمُ ﴿٣﴾ ٱلَّذِى عَلَّمَ بِٱلْقَلَمِ ﴿٤﴾ عَلَّمَ ٱلْإِنسَـٰنَ مَا لَمْ يَعْلَمْ ﴿٥﴾﴾. فَرَجَعَ بِهَا رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم تَرْجُفُ بَوَادِرُهُ حَتَّى دَخَلَ عَلَى خَدِيجَةَ فَقَالَ: «زَمِّلُونِي زَمِّلُونِي» فَزَمَّلُوهُ حَتَّى ذَهَبَ عَنْهُ الرَّوْعُ. ثُمَّ قَالَ لِخَدِيجَةَ: «أَيْ خَدِيجَةُ! مَا لِي» وَأَخْبَرَهَا الْخَبَرَ. قَالَ: "لَقَدْ خَشِيتُ عَلَى نَفْسِي» قَالَتْ لَهُ خَدِيجَةُ: كَلاَّ. أَبْشِرْ. فَوَاللهِ لاَ يُخْزِيكَ اللهُ أَبَدًا. وَاللهِ إِنَّكَ لَتَصِلُ الرَّحِمَ وَتَصْدُقُ الْحَدِيثَ ، وَتَحْمِلُ الْكَلَّ ، وَتَكْسِبُ الْمَعْدُومَ ، وَتَقْرِي الضَّيْفَ ، وَتُعِينُ عَلَى نَوَائِبِ الْحَقِّ. فَانْطَلَقَتْ بِهِ خَدِيجَةُ حَتَّى أَتَتْ بِهِ وَرَقَةَ بْنَ نَوْفَلِ بْنِ أَسَدِ بْنِ عَبْدِ الْعُزَّى. وَهُوَ ابْنُ عَمِّ خَدِيجَةَ ، أَخِي أَبِيهَا. وَكَانَ امْرَأً تَنَصَّرَ فِي الْجَاهِلِيَّةِ وَكَانَ يَكْتُبُ الْكِتَابَ الْعَرَبِيَّ وَيَكْتُبُ مِنَ الإِنْجِيلِ بِالْعَرَبِيَّةِ مَا شَاءَ اللهُ أَنْ يَكْتُبَ. وَكَانَ شَيْخًا كَبِيرًا قَدْ عَمِيَ. فَقَالَتْ لَهُ خَدِيجَةُ: أَيْ عَمِّ اسْمَعْ مِنِ ابْنِ أَخِيكَ. قَالَ وَرَقَةُ بْنُ نَوْفَلٍ: يَا ابْنَ أَخِي مَاذَا تَرَى؟ فَأَخْبَرَهُ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم خَبَرَ مَا رَآهُ. فَقَالَ لَهُ وَرَقَةُ: هَذَا النَّامُوسُ الَّذِي أُنْزِلَ عَلَى مُوسَى. يَا لَيْتَنِي فِيهَا جَذَعًا. يَا لَيْتَنِي أَكُونُ حَيًّا حِينَ يُخْرِجُكَ قَوْمُكَ. قَالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: « أَوَ

مُخْرِجِيَّ هُمْ؟» قَالَ وَرَقَةُ: نَعَمْ، لَمْ يَأْتِ رَجُلٌ قَطُّ بِمَا جِئْتَ بِهِ إِلاَّ عُودِيَ، وَإِنْ يُدْرِكْنِي يَوْمُكَ أَنْصُرْكَ نَصْرا مُؤَزَّرا» ثُمَّ لَمْ يَنْشَبْ وَرَقَةُ أَنْ تُوُفِّيَ وَفَتَرَ الْوَحْيُ» يەنى «رەسۇلۇللاھقا ئەڭ دەسلەپكى ۋەھيى راست چۈش بىلەن باشلانغان. ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى تاڭ نۇرىدەك روشەن ئىدى. كېيىن ئۇ يالغۇزلۇقنى ياقتۇرىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ ھىرا غارىدا[1] ئۆيگە قايتماي كېچىلىرى يالغۇز ئىستىقامەت قىلاتتى، ئىستىقامەتكە چىققاندا ئۇزۇقلۇق ئېلىۋالاتتى. ئاندىن يەنە، خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، قايتا چىقىش ئۈچۈن تەييارلىناتتى. بۇ ئىش ھىرا غارىدا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك كەلگەنگە قەدەر داۋام قىلدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا پەرىشتە كېلىپ: ‹ئوقۇ› دېدى. رەسۇلۇللاھ: ‹مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن› دېدى. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: پەرىشتە مېنى تۇتۇپ قاتتىق سىقىپ قويۇۋېتىپ، ‹ئوقۇ› دېدى. يەنە ‹مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن› دېدىم، مېنى ئىككىنچى قېتىم تۇتۇپ قاتتىق سىقىپ قويۇۋېتىپ، ‹ئوقۇ› دېدى. ‹مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن› دېدىم. مېنى ئۈچىنچى قېتىم يەنە تۇتۇپ سىقىپ قويۇۋەتكەندىن كېيىن: ﴿ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى ئەلەقتىن ياراتتى. سەن ئوقۇغىن. رەببىڭ ئىنسانغا قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتكەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئەڭ كەرەملىك زاتتۇر﴾ دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇدى. رەسۇلۇللاھ پەرىشتە بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان چاغدا پەيدا بولغان قورقۇنچ بىلەن ئايالى خۇۋەيلىد قىزى خەدىجەنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، قورقۇنچىسىنى بېسىش ئۈچۈن، ‹مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، يۆگەپ قويۇڭلار› دېدى. ئۇ قورقۇنچىسى تۈگىگىچە يۆگەپ قويۇلدى، ئۇ خەدىجىگە ئەھۋالنى بايان قىلىپ، ‹ئى خەدىجە ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ ئۆزۈم توغرىسىدا قورقۇپ قالدىم› دېدى. خەدىجە: ‹ئۇنداق ئەمەس، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ سېنى ھەرگىز خار قىلمايدۇ، چۈنكى، سەن ئۇرۇق-تۇغقانلارغا شەپقەت قىلىسەن، راست گەپ قىلىسەن، ئاجىز، بىچارىلەرگە ياردەم قىلىسەن، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن، مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈۋالىسەن، بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە ياردەم قىلىسەن› دېدى. شۇنىڭ بىلەن خەدىجە ئۇنى تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل ئىبنى ئەسەد ئىبنى ئابدۇلئۇززانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ۋەرەقە جاھىلىيەت دەۋرىدە

---

[1] ھىرا غارى – مەككە مۇكەررەمە شەھىرىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان «نۇر تېغى»نىڭ ئۈستىدە بولۇپ، مەسجىدى ھەرەمدىن تۆت كىلومېتىر كېلىدۇ، ئېگىزلىكى 634 مېتىردۇر.

خىرىستىيان دىنىغا كىرگەن ئىدى، ئىبرانىيچە ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلەتتى، ئىبرانى يېزىق بىلەن ئىنجىلدىن كۆپ نەرسىلەرنى يازاتتى. ئۇ ياشانغان، كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان بوۋاي ئىدى. خەدىجە ۋەرەقەگە: ‹ئى تاغامنىڭ ئوغلى! قېرىندىشىڭنىڭ[1] ئوغلىنىڭ (يەنى مۇھەممەدنىڭ) سۆزىگە قۇلاق سال› دېدى. ۋەرەقە رەسۇلۇللاھتىن: ‹ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! نېمە بولدۇڭ؟› دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ كۆرگەنلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى. ۋەرەقە ئۇنىڭغا: ‹بۇ مۇساغا چۈشۈرۈلگەن جىبرىل ئىكەنغۇ، ئىسىت، مەن سېنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغان چاغلىرىڭدا ياش يىگىت بولسامچۇ، ئىسىت، خەلقىڭ سېنى يۇرتۇڭدىن ھەيدەپ چىقارغان ۋاقىتتا ھايات بولسامچۇ› دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەجەبلىنىپ: ‹خەلقىم مېنى يۇرتۇمدىن ھەيدەپ چىقىرارمۇ؟› دېدى. ۋەرەقە: ‹ھەئە، ھەيدەپ چىقىرىدۇ، پەيغەمبەر بولغان ئادەم دۈشمەنلىك بولىدۇ، سېنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغان چاغلىرىڭدا ھايات بولغان بولسام، ساڭا يېقىندىن ياردەم قىلاتتىم› دېدى. ئۇزاق ئۆتمەي ۋەرەقە ۋاپات بولدى. ۋەھيى ئۈزۈلۈپ قالدى»[2].

بۇ ھەدىسكە ئاساسەن، تۇنجى ۋەھيى ۋە «قۇرئان كەرىم»دىن ئەڭ دەسلەپ نازىل بولغان ئايەتلەر ئەلەق سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى بەش ئايەتتۇر. دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلغان تۇنجى ۋەھيىسى ﴿ئوقۇ﴾ دېگەندىن ئىبارەت بولغان، ئاندىن قەلەم ۋە ئىلىمدىن سۆز ئاچقان. بەزى مۇسۇلمانلار نېمىشقا بۇنى ياخشى چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ بىزنىڭ دىنىمىز ئىلىم تارقىتىدىغان، ئىلىم بىلەن قوراللىنىشنى ئىبادەت سانايدىغان ۋە ئىلىم-مەرىپەت بىلەن يۇغۇرۇلغان دىن ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە شۇنداق. ھەتتا مۇسۇلمانلىقمۇ ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش بىلەنلا تولۇقلىنىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ كېيىنكى ئايەتلىرى خېلى كېيىن نازىل بولغان بولۇپ، بىر قېتىمدىلا تولۇق نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ ئەڭ تۇنجىسى فاتىھە سۈرىسىدۇر. چۈنكى، فاتىھە سۈرىسىنىڭ ئايەتلىرى بىر قېتىمدىلا نازىل بولغان.

بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىكى مەزكۇر بەش ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق: ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام! سەن ئەمدى ھازىردىن باشلاپ پەيغەمبەر بولدۇڭ، رەببىڭنىڭ ئەلچىسى بولدۇڭ. ساڭا ۋەھيى قىلىنغان ئايەتلەرنى

[1] ۋەرەقەنىڭ 3- بوۋىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 4- بوۋىسىنىڭ قېرىندىشى ئىدى.

[2] «صحيح البخاري»1-توم، 7-بەت 3 -ھەدىس.

ئوقۇغىن ۋە بۇلارنى كىشىلەرگە يەتكۈزگىن. سېنى ئوقۇشقا بۇيرۇغان رەببىڭ مۇشۇ كائىناتنى ياراتقان، بارچە مەخلۇقاتنىڭ ئەۋزىلى بولغان ئىنساننى يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئەقىل-ئىدراك ئاتا قىلغان، كائىناتتىكى مەۋجۇداتنى بويسۇندۇرۇش قابىلىيىتىنى بەرگەن زاتتۇر. شۇنىمۇ ئۇنتۇ-مىغىنكى، رەببىڭ ئىنساننى بالىياتقۇ تېمىغا ئېسىلىپ قالغان شۇ بىر تال مەنىي (ئىسپېرما) ئۇرۇقىدىن يارىتىپ، ئاندىن ئۇنى گۆش پارچىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن ئاستا-ئاستا تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ مۇكەممەل ئىنسان قىلغان زاتتۇر.

ئى پەيغەمبەر! سەن ئوقۇغىن، رەببىڭ ھەممىدىن بەك كەرەملىكتۇر. چۈنكى، ئۇ ھاياتلىقنى ئاتا قىلغان زاتتۇر. ساڭا ئوقۇش ۋە ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلىش كەرەملىك رەببىڭ ئۈچۈن ھەرگىز قىيىن ئەمەس. رەببىڭ سېنى ئوقۇغانلىرىڭنى ۋە ئاڭلىغانلىرىڭنى ئۇنتۇمايدىغان قىلدۇ. ﴿سَنُقۡرِئُكَ فَلَا تَنسَىٰٓ ٦ إِلَّا مَا شَآءَ ٱللَّهُۚ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا (قۇرئاننى) ئوقۇتىمىز، ئاللاھ (ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى) خالىغاندىن باشقىسىنى ئۇنتۇمايسەن﴾[1].

ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلارغا قەلەم بىلەن يېزىشنى ۋە يىراقتا بولسىمۇ يېزىق ئارقىلىق بىر-بىرىنى چۈشىنىشنى ئۆگەتكەن كەرەملىك رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. مانا بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ ۋە ئىلمىنىڭ باياندۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانغا تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىزدىنىش قابىلىيىتىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئىنسان كائىناتنىڭ سىرلىرىنى، شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىدىغان ھالغا كەلگەن. ئىنسان بۇنىڭ سايىسىدا تەبىئەتنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدىغان، كائىناتتىكى نەرسىلەردىن پايدىلىنالايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. ﴿هُوَ ٱلَّذِي خَلَقَ لَكُم مَّا فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا﴾ يەنى ﴿ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر ئۈچۈن ياراتقان زاتتۇر﴾[2]، ﴿وَعَلَّمَ ءَادَمَ ٱلۡأَسۡمَآءَ كُلَّهَا﴾ يەنى ﴿ئاللاھ بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى (ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى) ئادەمگە ئۆگەتتى﴾[3].

بۇ سۈرىدە ﴿ئوقۇ﴾ دېگەن بۇيرۇقنىڭ تەكرارلانغانلىقىنىڭ سىرلىرىدىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئوقۇشنى ئادەت ھالىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئىش تەكرارلىنىش ئارقىلىق ئادەتكە

[1] ئەئلا سۈرىسى: 6-ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى: 29-ئايەت.
[3] بەقەرە سۈرىسى: 31-ئايەت.

ئايلىنىدۇ. دېمەك، ئادەت تەكرارلاش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.

﴿ھەقىقەت شۇكى، ئىنسان ئۆزىنى بىھاجەت سانىغان چېغىدا چوقۇم ھەددىدىن ئاشىدۇ. (ئى ئىنسان!) شەكسىزكى، سېنىڭ بارىدىغان جايىڭ رەببىڭنىڭ دەرگاھىدۇر﴾ يەنى ئىنسان ئۆزىنىڭ مال-مۈلۈكىنىڭ ۋە پەر-زەنتلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە ۋە ۋاقىتلىق ئامەتلىرىگە ئىشىنىپ، ئۆزىنى ھەممىدىن، ھەتتا ياراتقان رەببىدىنمۇ بىھاجەت ھېسابلىغانلىقتىن، رەببىگە ئاسىيلىق قىلىشتا، ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىشتا تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى تولىمۇ چوڭ يولسىزلىقتۇر. چۈنكى، ئۇ بەربىر رەببىنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىرىلىدۇ ۋە قىلغان-ئەتكەنلىرىدىن بىر - بىرلەپ ھېساب بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا چەكسىز قۇدرىتىنىڭ ۋە ئىلمىنىڭ، شۇنداقلا ئىنسانغا ئاتا قىلغان كاتتا نېمەتلىرىنىڭ بەزى نامايەندىلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئىنساننىڭ تۇزكورلۇقىنى، رەببىگە ئاسىيلىق قىلىشتا ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئىنسانغا يارىشىدىغىنى رەببىگە تۇزكورلۇق قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىش ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن. دېمىسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئىنساننى شۇنداق چىرايلىق شەكىلدە مۇكەممەل يارىتىپ، بارچە مەخلۇقاتنى ئۇنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن يارىتىپ بېرىپ، تەبىئەتنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بېرىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا بەختلىك بولۇشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، نېمەتلىرىنى تولۇقلاپ بەرگەن ئىكەن، ئىنساننىڭ ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشى ۋە ھەرگىز ئاسىيلىق قىلماسلىقى لازىم ئىدى. ئەمما ئەپسۇسكى، ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش كۆرىدۇ.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئوقۇشقا ئەمر قىلغان ۋە ئىنسانلارنىڭ كۇفرىلىقىغا، ئاسىيلىقىغا سەۋەب بولغان ئىللەتلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن، مەككە كاپىرلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بولغان ئەبۇ جەھلنىڭ ھالىنى مىسال قىلىپ، بۇ مەنىدە دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! رەببىگە ئىبادەت قىلىپ ناماز ئوقۇۋاتقان سەندەك بىر ئۇلۇغ بەندىنى ناماز ئوقۇشتىن توسقان ئادەم ئەبۇ جەھلنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۆزى توغرا يولدا بولغان، كىشىلەرنى تەقۋادارلىققا ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان بۇنداق بىر پەيغەمبەرگە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىشقا بولامدۇ؟ ئۇنى رەببىگە ئىبادەت قىلىشتىن توسقان ئەبۇ جەھل ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ، ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقان ئاسىي-

گۇناھكار تۇرۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقمامدۇ؟ بۇ قىلمىشىنىڭ جازاسىغا يولۇقۇشتىن قورقمامدۇ؟ ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنىمۇ ئەلۋەتتە بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمىدىمۇ؟

بۇ كاپىرلار قىلمىشىدىن يانسۇن! يامانلىقلىرىدىن ۋاز كەچسۇن! ئەگەر ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن، ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك قىلىشتىن ۋاز كەچمەيدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ تارتىدىغان ئازابى تولىمۇ قاتتىق بولىدۇ. ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيادىكى تەكەببۇرلۇقىغا مۇناسىپ ھالدا ئەڭ خار ھالەتتە ھۇزۇرىمىزغا تۇپلاپ بارلىق قىلمىشلىرىدىن بىر-بىرلەپ ھېساب ئالىمىز ۋە ئۇلارغا ئاخىرەتنىڭ ئەڭ قاتتىق ئازابىنى چەكتۈرىمىز. ئەبۇ جەھلگە ئوخشىغان ھەربىر يالغانچى گۇناھكارنىڭ غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرۇش ۋە خار قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتقانچە سۆرەپ ئۇدۇل دوزاخقا تاشلايمىز. قېنى ئۇنىڭ قولىدىن كەلسە، ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى سورۇنداشلىرىنى ياردەمگە چاقىرىپ باقسۇن! ئۇلاردىن ياردەم سوراپ باقسۇن! چۈنكى، بۇ كاپىرلار دۇنيادىكى ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ سورۇنداشلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە ۋە ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىگە ئىشەنچ قىلىپ ئۆزىنى چوڭ تۇتاتتى، رەببىنىڭ ئازابىدىن قورقمايتتى. قېنى ئەمدى شۇلارنى ياردەمگە چاقىرىپ باقسۇن! ئۇ چاغدا بىزمۇ جەھەننەمنىڭ قاتتىق قول ئازاب پەرىشتىلىرى بولغان زابانىيلەرنى چاقىرىمىز-دە، ئۇلار بۇ گۇناھكار كاپىرلارنى دوزاخنىڭ ئازابىغا سۆرەپ، ئىتتىرىپ ئېلىپ كېتىدۇ. ﴿يَوْمَ يُدَعُّونَ إِلَىٰ نَارِ جَهَنَّمَ دَعًّا﴾ يەنى ﴿ئۇ كۈندە ئۇلار دوزاخقا قاتتىق ئىتتىرىلىدۇ﴾ [1]. ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن، جەھەننەمنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ.

بۇ گۇناھكار كاپىرلار قىلمىشىدىن يانسۇن! ئى پەيغەمبەر! سەن مۇنداق كاپىرلارنىڭ ھېچبىرىگە بويسۇنمىغىن، ئۇلاردىن قورقۇپمۇ قالمىغىن. چۈنكى، رەببىڭ سېنى قوغدايدۇ ۋە ئەلۋەتتە ھىمايە قىلىدۇ. رەببىڭگە ئىبادەت قىلىش يولىدا ناماز ئوقۇپ سەجدە قىلىشنى داۋاملاشتۇرغىن ۋە ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش ئارقىلىق رەببىڭگە يېقىنلىق ھاسىل قىلغىن. چۈنكى، ئىبادەتلەر ئىلاھىي قورغاندۇر ۋە نىجاتلىقنىڭ يولىدۇر.

---

[1] تۇر سۈرىسى:13-ئايەت.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قۇرئان ئوقۇماقچى بولغاندا ﴿أَعُوذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ﴾ دېيىش مۇستەھەبتۇر. شۇنداقلا تەۋبە (بارائەت) سۈرىسىدىن باشقا ھەربىر سۈرىنىڭ بېشىدا ﴿بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ دېيىش مۇستەھەبتۇر. ئەمما سۈرىنىڭ ئوتتۇرىدىن باشلىغاندا، «بىسمىللاھ» دېمىسىمۇ بولىدۇ، ئەمما «ئەئۇزۇ بىللاھ»نى چوقۇم دېيىش لازىم.

2. بوۋاقنىڭ ئانا قورسىقىدىكى تەرەققىياتى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنىڭ بىرىدۇر.

3. ئاللاھ تائالا سېخىيلىقتا يېگانە زاتتۇر. چۈنكى، ھېچكىم ئاللاھ تائالادەك سېخىي بولالمايدۇ.

4. ئىسلامدا قەلەمنىڭ قەدىر-قىممىتى يۇقىرىدۇر. چۈنكى، ھەرقانداق ئىلىم قەلەم بىلەن ئۆگىنىلىدۇ ۋە قەلەم بىلەن تارقىتىلىدۇ.

5. بېخىللىق ئىنساننىڭ تەبىئىتىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن ئىسلاھ قىلىنمىغاندا، ئۇنىڭ بېخىللىقى داۋاملىشىۋېرىدۇ.

6. ئۆزىنىڭ ئاز-تولا بايلىقىغا كۆرەڭلەپ كىشىلەرنى ياراتماسلىق ئاللاھ تائالا ئەڭ يامان كۆرىدىغان ناچار قىلىقتۇر.

# قەدر سۈرىسى

قەدر سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 5 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشقا باشلانغانلىقى ۋە قەدر كېچىسىنىڭ پەزىلىتى، پەرىشتىلەرنىڭ قەدر كېچىسىدە يەر يۈزىگە چۈشىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: قەدر كېچىسىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، پەزىلىتىنى ۋە ئۇ كېچىدە بولىدىغان مۇھىم ئىشلارنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئايەتلەردە كەلگەن «تەقدىر، قىممەتلىك ۋە ئۇلۇغ» دېگەن مەنىدىكى ﴿ٱلۡقَدۡرِ﴾ دېگەن سۆز بىلەن ئاتالغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿إِنَّآ أَنزَلۡنَٰهُ فِي لَيۡلَةِ ٱلۡقَدۡرِ ١ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا لَيۡلَةُ ٱلۡقَدۡرِ ٢
لَيۡلَةُ ٱلۡقَدۡرِ خَيۡرٞ مِّنۡ أَلۡفِ شَهۡرٖ ٣ تَنَزَّلُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ وَٱلرُّوحُ فِيهَا
بِإِذۡنِ رَبِّهِم مِّن كُلِّ أَمۡرٖ ٤ سَلَٰمٌ هِيَ حَتَّىٰ مَطۡلَعِ ٱلۡفَجۡرِ ٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ شەك-شۈبھىسىزكى، بىز قۇرئاننى قەدر كېچىسىدە نازىل قىلدۇق.

2ـ قەدر كېچىسىنىڭ قانداق كېچە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

3ـ قەدر كېچىسى مىڭ ئايدىن ياخشىدۇر.

4ـشۇ كېچىدە پەرىشتىلەر ۋە جىبرىل رەببىنىڭ ئەمرى بىلەن، (تەقدىر قىلىنغان) ھەممە ئىشلار ئۈچۈن چۈشىدۇ.

5ـشۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر ئامانلىقتا تولغان كېچە بولىدۇ.

### تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ شەرەپتە، پەزىلەتتە ۋە ئۇلۇغلۇقتا مىڭ ئايدىن ياخشى بولغان قەدىر كېچىسىدە نازىل بولغانلىقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر. كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ قەدىر كېچىسىدە نازىل بولغانلىقى ئۇنىڭ لەۋھۇلمەھپۇزدىكى ئورنىدىن بىرىنچى ئاسمانغا چۈشۈرۈلگەنلىكىدۇر. ئەللامە فەخرۇددىن رازى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ «قۇرئان قەدىر كېچىسىدە بىرىنچى ئاسمانغا بىراقلا چۈشۈرۈلگەن، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاز-ئازدىن نازىل بولغان»[1] دېگەنلىكىنى بايان قىلغان. ئەللامە ئىبنى كەسىر يەنە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: «قۇرئان قەدىر كېچىسىدە لەۋھۇلمەھپۇزدىن بىرىنچى ئاسماندىكى ›بەيتۇلئىززەت‹ دەپ ئاتىلىدىغان جايغا چۈشۈرۈلگەن، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇنى جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان. ئۇنى ۋەقەلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئاز-ئازدىن نازىل قىلىپ، تولۇق 23 يىلدا تاماملىغان»[2] دېگەنلىكىنى بايان قىلغان.

ئۇنداقتا، «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قاچان نازىل بولۇشقا باشلانغان؟ مۇتلەق كۆپ سانلىق ئۆلىمالار «قۇرئان كەرىم»دىن ئەڭ دەسلەپ نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ ئەلەق سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى بەش ئايەت ئىكەنلىكىگە ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا رامىزاننىڭ 17ـكۈنىدىن ئېتىبارەن نازىل بولۇشقا باشلانغانلىقىغا ئىتتىپاقتۇر. ئىبنى كەسىر «بىدايە ۋە نىھايە» ناملىق ئەسىرىدە ئەللامە ۋاقىدىينىڭ ئىمام ئەبۇ جەئفەر باقىردىن نەقىل قىلغان رىۋايىتىگە ئاساسەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشقا باشلانغانلىقى (يەنى تۇنجى ۋەھيىنىڭ باشلىنىشى) رامىزان ئېيىنىڭ 17ـكۈنىدە ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى قارارلاشتۇرغان. يەنە بىر رىۋايەتتە

[1] «مفاتيح الغيب» 33ـ توم، 28ـ بەت.

[2] «تفسير ابن كثير»8 ـ توم: 441ـ بەت.

رامىزاننىڭ 24-كېچىسى ئىدى دېيىلگەن[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى قېتىملىق ۋەھيى كەلگەندە، ئۇ 40 ياشتا ئىدى. ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 40 يېشىدا پەيغەمبەر بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن مەككىدە 13 يىل، مەدىنىدە 10 يىل تۇردى، 63 يېشىدا ۋاپات بولدى»[2] دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇ خۇلاسە چىقىدۇكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ رامىزان ئېيىدا نازىل بولۇشقا باشلىغانلىقى ھېچكىم ئىختىلاپ قىلمايدىغان كەسكىن ھەقىقەتتۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ قەدىر كېچىسىدە لەۋھۇلمەھپۇزدىن بىرىنچى ئاسمانغا بىراقلا چۈشۈرۈلگەنلىكىمۇ بىر ھەقىقەتتۇر. كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولۇشقا باشلانغانلىقى مىلادىيەنىڭ 610-يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 17-كۈنى مەككىدىكى ھىرا غارىدا ئەمەلگە ئاشقان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 40 ياشتا ئىدى.

قەدىر كېچىسى ھەق دىننىڭ دەۋىتى باشلانغان، «قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ دەستۇرى بولۇپ تاللانغان، ئىنسانىيەت ساماۋى دىننىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇكەممەل نۇسخىسى بولغان ئىسلام بىلەن شەرەپلەنگەن تەڭداشسىز ئۇلۇغ كېچىدۇر. بۇ كېچىنىڭ قەدىر-قىممىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا: ﴿قەدىر كېچىسىنىڭ قانداق كېچە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟﴾ دەپ سوئال قويغان ۋە ئارقىدىن ئۆزى جاۋاب بەرگەن. دېمەك، قەدىر كېچىسى ئىسلام دىنىدا ھەل قىلغۇچ بىر كېچىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ كېچىنىڭ يۇقىرى ئورنىنى بايان قىلىپ: ﴿قەدىر كېچىسى مىڭ ئايدىن ياخشىدۇر﴾ دېگەن. ئۆلىمالار بۇ ئايەتتىكى «ياخشىدۇر» دېگەن سۆزنىڭ تەپسىرىدە بۇ كېچىنى پەزىلەتتە، شەرەپتە، ئۇلۇغلۇقتا، بەرىكەتتە، ھۆرمەتتە مىڭ ئايدىن ياخشى ۋە ئەۋزەل دەپ بېكىتكەن. بۇ كېچە ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە شەرىئەت (قانۇن-تۈزۈم) بەلگىلىگەن، ئىسلام دىنىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دىنى قىلىپ بېكىتكەن كېچىدۇر. ﴿فِيهَا يُفْرَقُ كُلُّ أَمْرٍ حَكِيمٍ﴾ يەنى ﴿بۇ كېچىدە (بەندىلەرنىڭ رىزقى، ئەجىلى قاتارلىق) ھەربىر ھېكمەتلىك ئىش ھۆكۈم قىلىنىپ بېكىتىلىدۇ﴾[3]. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، مۇنداق بىر كېچىنىڭ

---

[1] «البداية والنهاية» 3-توم، 11-بەت.

[2] «مسند الإمام أحمد» 4-توم، 1-بەت، 2110 - ھەدىس.

[3] دۇخان سۈرىسى:4-ئايەت.

مىڭ ئايدىن ياخشى بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنىڭ، خۇسۇسەن، ئاللاھ تائالا بىلەن پەيغەمبەر-لەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچى – جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ تەقدىر قىلىنغان كۆپلىگەن ئىشلارنى يەر يۈزىگە ئېلىپ چۈشۈشىنىمۇ بۇ كېچىنىڭ پەزىلىتى قاتارىدىن ساناپ: ﴿شۇ كېچىدە پەرىشتىلەر ۋە جىبرىل رەببىنىڭ ئەمرى بىلەن، (تەقدىر قىلىنغان) ھەممە ئىشلار ئۈچۈن چۈشىدۇ﴾ دېگەن. ئاندىن بۇ كېچىنىڭ تىنچلىق، ئامانلىق ۋە سالامەتلىك كېچىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: ﴿شۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر ئامانلىقتا تولغان كېچە بولىدۇ﴾ دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەدر كېچىسىنىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كېچىسىنىڭ ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قايسى كېچە ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بەرمىگەن. مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا بىزگە نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرمىگەن. مەسىلەن: قىيامەتنىڭ ۋاقتى، جۈمە كۈنىدىكى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان سائەت، قەدر كېچىسىنىڭ قايسى كېچە ئىكەنلىكى ۋە باشقىلار.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قەدر كېچىسى بارلىق كېچىلەرنىڭ ئەڭ قىممەتلىكى ۋە ئەڭ شەرەپلىكىدۇر.

2. «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى لەۋھۇلمەھپۇزدا ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ساقلانغان مۇقەددەس كىتابتۇر.

3. رامىزان ئېيىدا قۇرئان ئوقۇش بىلەن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا «قۇرئان كەرىم»نى باشتىن ئاخىر بىر قېتىم ئوقۇپ بەرگەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان يىلىدىكى رامىزاندا ئىككى قېتىم ئوقۇپ بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

# بەييىنە سۈرىسى

بەييىنە سۈرىسى مەدىنىدە نازىل بولغان، 8 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، مۇشرىكلاردىن ۋە ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلارغا رەددىيە بېرىش، ھەق پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ راستلىقىنى بايان قىلىش، كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلارنىڭ جازاسىنى ۋە ئىمان ئېيتىپ ھەق دىنغا ئەگەشكەنلەرنىڭ مۇكاپاتىنى بايان قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىسلام دىنىنىڭ بىردىنبىر ھەق دىن ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قىممىتى ۋە مۇكەممەللىكى قاتارلىق ھەقىقەتلەرنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتىكى «ئوپئوچۇق دەلىل-ئىسپات» دېگەن مەنىدە كەلگەن ﴿ٱلۡبَيِّنَةُ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿لَمۡ يَكُنِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ وَٱلۡمُشۡرِكِينَ مُنفَكِّينَ
حَتَّىٰ تَأۡتِيَهُمُ ٱلۡبَيِّنَةُ ١ رَسُولٞ مِّنَ ٱللَّهِ يَتۡلُواْ صُحُفٗا مُّطَهَّرَةٗ ٢
فِيهَا كُتُبٞ قَيِّمَةٞ ٣ وَمَا تَفَرَّقَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ إِلَّا مِنۢ بَعۡدِ
مَا جَآءَتۡهُمُ ٱلۡبَيِّنَةُ ٤ وَمَآ أُمِرُوٓاْ إِلَّا لِيَعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مُخۡلِصِينَ لَهُ
ٱلدِّينَ حُنَفَآءَ وَيُقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤۡتُواْ ٱلزَّكَوٰةَۚ وَذَٰلِكَ دِينُ ٱلۡقَيِّمَةِ
٥ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ وَٱلۡمُشۡرِكِينَ فِي نَارِ جَهَنَّمَ
خَٰلِدِينَ فِيهَآۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمۡ شَرُّ ٱلۡبَرِيَّةِ ٦ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ
ٱلصَّٰلِحَٰتِ أُوْلَٰٓئِكَ هُمۡ خَيۡرُ ٱلۡبَرِيَّةِ ٧ جَزَآؤُهُمۡ عِندَ رَبِّهِمۡ جَنَّٰتُ

عَدۡنٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۖ رَّضِيَ ٱللَّهُ عَنۡهُمۡ
وَرَضُواْ عَنۡهُۚ ذَٰلِكَ لِمَنۡ خَشِيَ رَبَّهُۥ ٨

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىكلاردىن بولغان كاپىرلار ئۆزلىرىگە ئوپئوچۇق دەلىل كەلگەنگە قەدەر (كۇفرىدىن) ئايرىلمىدى.

2-(ئۇ ئوپئوچۇق دەلىل بولسا) پاك سەھىپىلەرنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەردۇر.

3-ئۇ سەھىپىلەر ئەڭ توغرا ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

4-كىتاب بېرىلگەنلەر پەقەت ئۆزلىرىگە ئوپئوچۇق دەلىل كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئىختىلاپ قىلىشتى.

5-ھالبۇكى، ئۇلار پەقەت دىننى ئاللاھقا خاس قىلغان، ھەق دىنغا پۈتۈنلەي يۈزلەنگەن ھالدا ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە بۇيرۇلغان ئىدى. ئەنە شۇ توغرا دىندۇر.

6-شەكسىزكى، ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىكلاردىن بولغان كاپىرلار دوزاخ ئوتىدا بولىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدا مەڭگۈ قالىدۇ. ئەنە شۇلار مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر.

7-شەكسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار – ئەنە شۇلار مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

8-ئۇلارنىڭ رەببىنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتى دائىملىق تۇرالغۇ بولغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى، ئۇلار بۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ. مانا بۇ رەببىدىن قورققان كىشىلەرگە خاستۇر.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى كۇفرى ۋە زالالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن، تەقلىدچىلىكنىڭ ئازغۇنلۇقىدىن ۋە تۈرلۈك خۇراپاتلارنىڭ ئازگاللىرىدىن ئازاد قىلىپ، ئىمان

ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا ئېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنى توغرا دىنغا باشلىشى ئۈچۈن ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن ئىدى. شۇ زامانلاردا مەيلى يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان دىنلىرىغا مەنسۇپ بولغان ئەھلى كىتاب ئارىسىدىن كاپىر بولغانلار بولسۇن، ياكى بۇتلارغا چوقۇنىدىغان مۇشرىكلار بولسۇن، ھەممىسى توغرا ئەقىدىدىن ۋە ھەق دىنىدىن پۈتۈنلەي يىراقلاشقان چوڭقۇر ئازغۇنلۇق ئىچىدە ياشايتتى. چۈنكى، ئەھلى كىتاب مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن يىراقلاشقانسېرى ئازغۇنلۇققا پېتىپ ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى ئۇنتۇغان، مۇقەددەس كىتابلىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋېتىدىغان، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پېشۋالىرىنى، راھىبلىرىنى ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋالىدىغان خۇراپاتلارغا چۆكۈپ كەتكەن ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ دىنى ئاز-تولا ھەقىقەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا پۈتۈنلەي خۇراپاتقا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. يەھۇدىيلارنىڭ ئۇزەيرنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دېيىشى، خىرىستىيانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلىشى، راھىبلارنىڭ ئاللاھ نامىدىن كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خۇراپاتتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ئەسلى ساماۋى دىن بۇنداق خۇراپاتلاردىن ئەلۋەتتە پاك ۋە يىراقتۇر.

ئەمدى مۇشرىكلارغا كەلسەك، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە ئۇنىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىمۇ، ئۇنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ۋە ئىبادەتنىڭ ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى، بۇتلارنى ئۇنىڭغا شېرىك قىلىپ قوشۇۋالاتتى، قىيامەتنى ئىنكار قىلاتتى، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىشەنمەيتتى. ئۇلار ئازغۇنلۇقتا، خۇراپاتتا، قالاقلىقتا ئۇچىغا چىققان خەلق بولۇپ تۇرۇقلۇق، يەنىلا ئۆزلىرىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا دەۋالاتتى. ھالبۇكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىدىغان، ئىبادەتنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىدىغان ھەق ۋە توغرا دىن ئىدى.

مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ھەمىشە دېگۈدەك مۇشرىك ئەرەبلەر بىلەن ئۇرۇشۇش، جېدەل-ماجىرا قىلىشىش بىلەن ئۆتەتتى. ئۇلار ئاخىر زامان پەيغەمبىرى كەلگەندە، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئەرەب مۇشرىكلىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مۇشرىكلارغا تەھدىت سالاتتى. چۈنكى، ئۇلار «تەۋرات» تا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق بېشارەتلەرنىڭ بارلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇنىڭ

كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كېلىۋىدى، ئەھلى كىتاب ئۇنى «تەۋرات»تىكى سۈپەتلىرى ئارقىلىق خۇددى ئۆز باللىرىنى تونۇغاندەك ناھايىتى ئېنىق تونۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلدى. ھەتتا شۇ ۋاقىتتىكى يەھۇدىي موللىلىرى مۇشرىكلارنىڭ «مۇھەممەدنىڭ دىنى ھەقمۇ ياكى بىزنىڭ دىنىمىزمۇ؟» دېگەن سوئالىغا، «سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن. دېمەك، ئۆزلىرىنى ساماۋى دىنىنىڭ مەنسۇپلىرى دەپ يۈرگەن، ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىدىغان بۇ يەھۇدىي موللىلىرى مۇشرىكلارنى رازى قىلىش ۋە ئۇلارنى خۇش قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ باتىل ئېتىقادىنى ئىسلامدىن ئىبارەت ساماۋى دىندىن توغرا ۋە ھەق، دەپ بەرگەن ئىدى. ھازىرقى بەزى يەھۇدىي ئالىملىرى ئەجدادلىرىنىڭ بۇ چوڭ خاتالىقىدىن خىجىللىق ھېس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئەمدى ئەھلى كىتاب، خۇسۇسەن، يەھۇدىيلار ئۆز ۋاقتىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى خۇددى ئۆز پەرزەنتلىرىنى تونۇغاندەك تونۇپ تۇرۇقلۇق، نېمىشقا ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغان؟ دېگەن سوئال كېلىدۇ. بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئوڭاي. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھتىن قورقماسلىق ۋە ھەسەتخورلۇقتۇر. چۈنكى، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ كۆپ سانلىقى ئىسرائىل ئەۋلادىدىن كەلگەن بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئىدى. بۇ سەۋەبتىن، ئەھلى كىتاب پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل ئەۋلادىدىنلا كېلىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشى كېرەك دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇلار كۈتكەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدە ئەڭ قالاق ۋە ئەڭ ئازغۇن مىللەت قاتارىدا سانالغان ئەرەبلەردىن كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار بۇ رېئاللىقنى قەتئىي قوبۇل قىلالمىغان، ئۇلار بۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نىيىتىنى بۇزۇپ، بۇ ھەق پەيغەمبەرگە قارشى چىققان، مۇشرىك كاپىرلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئىسلام دىنىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغان.

بۇ سۈرىدىكى ئايەتلەردە، ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلارنى مۇشرىكلارنىڭ ئالدىدا كەلتۈرۈشتىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئەھلى كىتاب-نىڭ ھەق دىنغا قارشى قىلغان جىنايىتىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئىدى. چۈنكى، مۇشرىك ئەرەبلەر قايسىسىنىڭ ھەق ۋە قايسىسىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ئۇلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى بىرەر پەي-غەمبەر كەلمىگەنلىكتىن، ئۇلار ساماۋى دىن توغرۇلۇق ھېچ نەرسە

بىلمەيتتى. ئەمما ئەھلى كىتاب ساماۋى دىنىنىڭ مەنسۇپلىرى بولغانلىقتىن، ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ ساماۋى دىنىنىڭ مۇشرىكلار ئېتىقاد قىلىۋاتقان بۇتپەرەسلىك دىنىدىن ئەلۋەتتە توغرا ۋە ھەق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئەھلى كىتاب (خۇسۇسەن يەھۇدىيلار) ھەق دىننى ئىنكار قىلىپ، مۇشرىكلار بىلەن بىرلەشكەن ۋە مۇشرىكلارنىڭ دىنىنى قوللىغان. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھلى كىتابتىن ياخشىلىق كۈتەتتى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، ئىسلام دىنىغا ياردەم قىلىشىنى ۋە بىرىنچى بولۇپ بۇ دىننى قوللىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما ئەپسۇسكى، ئەھۋال باشقىچە بولدى، ئەھلى كىتاب بىر تەرەپتىن ھەسەتخورلۇق قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ بۇ ئوپئوچۇق ھەقىقەتنى ئىنكار قىلدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىنى ئۆز قىلمىشى ئارقىلىق خاراب قىلىۋەتكەن بولدى.

ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىكلاردىن بولغان كاپىرلارنىڭ ھېچبىرى ئۆزلىرىگە ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىلى كەلگەنگە قەدەر ئۆزلىرىنىڭ باتىل دىنلىرىدىن ۋە بۇزۇق ئەقىدىلىرىدىن ئايرىلىپ باقمىدى. بۇ ئوپئوچۇق دەلىل قايسى؟ ئېنىقكى، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەق دىنىنىڭ ۋەكىلى، ئاللاھ تائالانىڭ راستچىل ئەلچىسى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك يولباشچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ھەقلىقىنى نامايان قىلىدىغان ئىلاھىي مۆجىزىلەر ئىنتايىن كۆپ بولغان. «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ۋە مەڭگۈلۈك مۆجىزىسىدۇر. چۈنكى، ھاياتىدا بىرەر قېتىممۇ ئوقۇپ باقمىغان، خەت يېزىشنى ياكى ئوقۇشنى بىلمەيدىغان بىر پەيغەمبەرنىڭ داڭلىق ئەدىبلەرنى ۋە تالانتلىق شائىرلارنى تىز پۈكتۈرگەن، ئىلمىي ۋە ئەدەبىي مۆجىزىلىرى كۆزلەرنى قاماشتۇرغان «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ كىتابنى يېزىپ چىقىشى مۇمكىنمۇ؟ شەكسىزكى، «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نى يادىسىغا تىلاۋەت قىلاتتى ۋە ساھابىلىرىگىمۇ يادقا ئالدۇراتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تىلاۋەت قىلىدىغان بۇ «قۇرئان كەرىم» سەھىپىلىرى لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان، ھەرقانداق بىر ئەيىبتىن، نۇقساندىن، يالغان سۆزدىن پۈتۈنلەي خالىي بولغان، پاك ۋە توغرا سەھىپىلەر بولۇپ، ئۇلار ئەڭ توغرا ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

﴿ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ عَلَىٰ عَبْدِهِ ٱلْكِتَٰبَ وَلَمْ يَجْعَل لَّهُۥ عِوَجَا ۜ ١ قَيِّمًا لِّيُنذِرَ
بَأْسًا شَدِيدًا مِّن لَّدُنْهُ وَيُبَشِّرَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ٱلَّذِينَ يَعْمَلُونَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أَنَّ لَهُمْ
أَجْرًا حَسَنًا ٢ مَّٰكِثِينَ فِيهِ أَبَدًا ٣ وَيُنذِرَ ٱلَّذِينَ قَالُوا۟ ٱتَّخَذَ ٱللَّهُ وَلَدًا﴾ يەنى
﴿جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇركى، ئۇ (ئىنسانلارنى) ئۆز تەرىپىدىن كېلىدىغان قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنلەرگە (جەننەتتىن ئىبارەت) ئوبدان مۇكاپات بېرىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۇ جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش، ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگەنلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، بەندىسى (مۇھەممەد)گە ھەرقانداق ئەيىبتىن خالىي، ئەگرى توغرا كىتاب (قۇرئان)نى نازىل قىلدى﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشى بىلەن كۇفرى تۈگىدىمۇ؟ ياق، تۈگىمىدى. ئۇنداقتا: ﴿ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىكلاردىن بولغان كاپىرلار ئۆزلىرىگە ئوپئوچۇق دەلىل كەلگەنگە قەدەر (كۇفرىدىن) ئايرىلمىدى﴾ دېگەن ئايەت ئۇلار ئۆزلىرىگە ئوپئوچۇق دەلىل كەلگەندىن كېيىن، كۇفرىدىن ئايرىلدى ۋە ئىمان ئېيتتى، دېگەن مەنانى تەقەززا قىلمامدۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس. بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەنلىكى مۇشرىكلاردا چوڭ بىر شەكنى پەيدا قىلغان، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنى تەۋرىتىپ قويغان ئىدى. ئۇلارنىڭ جاھالەتكە تولغان دىللىرى ھىدايەتنىڭ نۇرى بىلەن ئېچىلىشقا باشلىغان، ئۆزلىرى ھەق بىلەن باتىلنى پەرق ئېتىشكە باشلىغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشى ئۇلار ئۈچۈن يولنىڭ ئايرىلىشى ۋە ھىدايەت بىلەن زالالەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا چەك قويۇلغانلىقى ئىدى. شۇڭا ئايەتتە ﴿كەلگەنگە قەدەر﴾ دېيىلگەن. يەنى ئۇلارغا ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىلى كەلگەنگە قەدەر، ئۇلاردا ھىدايەت بىلەن ئازغۇنلۇقنىڭ يولى ئېنىق ئايرىلمىغان ئىدى، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى كۇفرىدىن ۋە زالالەتتىن ئايرىلمىغان ئىدى. ئەمما ئۇلارغا ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىلى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلگەندىن كېيىن، ھىدايەت بىلەن زالالەتنىڭ يولى ئايرىلغان بولدى، ئىسلام دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكى، مۇشرىكلارنىڭ ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكى ئوپئوچۇق ئوتتۇرىغا چىققان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىنى، توغرا سۆزلەۋاتقانلىقىنى ھەممە ئوبدان بىلىپ يەتكەن ئىدى. ئەھۋال شۇنداق

[1] كەھف سۈرىسى: 1-4- ئايەتلەر.

تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇپ كەتمىدى. بەلكى ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگەشكەن بولسا، يەنە بەزىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى مەۋقەدە تۇردى. ئۇلار بارلىق كۈچ-قۇۋۋىتىنى ۋە ئىمكانىيەتلىرىنى ئىشلىتىپ كىشىلەرنى ئىسلام دىنىدىن توسۇشقا ئۇرۇندى.

ئەھلى كىتاب ئۆزلىرىگە ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىلى، روشەن مۆجىزە بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە «قۇرئان كەرىم» كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئىختىلاپ قىلىشىپ، بەزىسى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى، يەنە نۇرغۇنلىرى ئۇنى ئىنكار قىلىپ كاپىرلىق ھالىتىدە قالدى. ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئىسلام دىنىغا قارشى چىقتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۇلارنى ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ دىنىغا ئەگىشىشكە بۇيرۇپ، بۇ ھەقتە كۆپلىگەن تەۋسىيەلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى.

ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ ساڭا قارشى مۇنداق دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە تۇرۇشى ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر. سەن ئۇلار بىلمەيدىغان ۋە ئۇلارنىڭ دىنىغا زىت كېلىدىغان بىر ئىشنى ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟ ياكى ئۇلارنى يامانلىققا بۇيرۇپ، ياخشىلىقتىن توستۇڭمۇ؟ ياق! سەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمىدىڭ. چۈنكى، سەن دىنىنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن خالىس قىلغان ھالدا، توغرا ئېتىقادتا ۋە توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا، ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە ۋە بارلىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا بۇيرۇيسەن. ئۇلار نېمە ئۈچۈن سېنى ئېتىراپ قىلمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئىسلام دىنىغا ئەگەشمەيدۇ؟ سەن ئېلىپ كەلگەن دىن ئۇلارنىڭ دىنىنىڭ داۋامى ۋە كامالى ئەمەسمۇ؟! ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا راستىنلا ئىشىنىدىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ساڭا ئەگەشكەن ۋە سېنىڭ دىنىڭنى قوبۇل قىلغان بولاتتى. چۈنكى، سەن ئېلىپ كەلگەن بۇ ئىسلام دىنى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەقىدىسىنى، ياخشىلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ۋە ئەڭ توغرا دىنىي مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىندۇر. ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماسلىقتا بىرەر ئۆزرىسى بارمۇ؟ ئەلۋەتتە يوق!

ئەمدى ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ توغرا ۋە ھەق دىننى قوبۇل قىلماي، كۇفرى يولىنى تاللىغانلارنىڭ جازاسى بىلەن بۇ دىننى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغان ۋە شۇ دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرگەن، ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتى نېمە؟

ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىكلاردىن ئىبارەت كاپىرلارنىڭ جازاسى دوزاخ ئوتىدا كۆيۈپ ئازابلىنىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئەھلى كىتاب قاچان كاپىر بولغان؟ جاۋاب: ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىش بىلەن كاپىر بولغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق بېشارەتلەر بار بولۇپ، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بۇ بېشارەتلەر ئارقىلىق خۇددى ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇپ تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلدى. ﴿ٱلَّذِينَ ءَاتَيْنَٰهُمُ ٱلْكِتَٰبَ يَعْرِفُونَهُۥ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَآءَهُمْ ۖ وَإِنَّ فَرِيقًا مِّنْهُمْ لَيَكْتُمُونَ ٱلْحَقَّ وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿بىز كىتاب بەرگەنلەر ئۇنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ﴾ [1]. ئۇلار ساماۋى دىنىنىڭ مەنسۇپلىرى بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنى تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلىشى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دەۋەت ئىشلىرىدا ياردەمچى بولۇشى كۈتۈلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇلار ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. شۇڭا ئايەتتە: ﴿ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلار﴾ دەپ كەلگەن. مۇشرىكلارمۇ ئۆزلىرىگە ھەقىقەت ئوپئوچۇق ئاشكارا بولغان تۇرسىمۇ، ئۇنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىدى ۋە ھەقىقەتنى بىلىپ بولۇپ ئىنكار قىلدى. چۈنكى، ئۇلارغا ئۆز مىللىتىدىن ۋە ئۆزلىرى نەسەبىنى، راستچىللىقىنى، گۈزەل ئەخلاقىنى بىلىدىغان بىر كىشى پەيغەمبەر بولۇپ كېلىپ، ئۇلارنى نىجاتلىققا چاقىرسا، ئۇنى ئىنكار قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلار بىلەن مۇشرىكلار مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ يامىنى دەپ سۈپەتلىنىشكە تېگىشلىك بولدى. زادى ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بەخت-سائادىتىنى نابۇت قىلغانلاردىنمۇ يامان، ئۇلاردىنمۇ بەتبەخت ئادەملەر بارمۇ؟

ئەمدى ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىپ، ھاياتىنى شۇ ئىمان ئۈستىگە قۇرۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئۇلۇغلىنىشتىن ئىشلارنى قىلغان ھالدا ئۆتكەن كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل-دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، دائىملىق تۇرالغۇ بولغان ئېسىل جەننەتلەر بولۇپ، ئۇلار بۇ جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېمەتلىنىدۇ. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار مۇشۇ مۇكاپات ۋە مۇشۇ جەننەت ئۈچۈن ئىشلىگەن ۋە رەببىنى رازى قىلىش ئۈچۈن تىرىشقان ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ

---

[1] بەقەرە سۈرىسى:146-ئايەت.

رازىلىقىغا ئېرىشكەن، ئۆزلىرىمۇ ئاللاھ تائالادىن مەمنۇن بولغان ۋە دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتلىرىنى تولۇق كۆرگەن ھالدا مەڭگۈلۈك ھۇزۇر-ھالاۋەتكە ۋە تۈگىمەس نېمەتكە نائىل بولىدۇ. بۇ ئەڭ كاتتا مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ، ئۇنىڭغا رەببىدىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان ئادەملا ئېرىشىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ئىسلام دىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قەدەر كەلگەن ساماۋى دىنىنىڭ مۇكەممەللەشكەن ئەڭ ئاخىرقى نۇسخىسىدۇر.

**2.** يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارمۇ مۇسۇلمانلاردىن تەلەب قىلىنغان ئىبادەتلەرگە بۇيرۇلغان ۋە مۇسۇلمانلار ئېتىقاد قىلىدىغان ئەقىدىگە بۇيرۇلغان. ئەمما ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان پاسىق قەۋمگە ئايلىنىپ قالغانلىقتىن، ئۇلار ساماۋى دىنغا مەنسۇپ بولۇش سالاھىيىتىدىن ئايرىلىپ قالغان.

**3.** ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتنى بەختلىك قىلالايدىغان يېگانە دىندۇر. شۇڭا ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئۆزىنىڭ بەخت-سائادىتىنى نابۇت قىلغان بولىدۇ، قىيامەت كۈنىدە ئەڭ قاتتىق ۋە ئەڭ دەردلىك ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولىدۇ.

**4.** ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇندىغان، توسقانلىرىنى تەرك ئەتكەن، شۇنداقلا ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن ئۆزۈقلانغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ مەڭگۈلۈك جەننىتىگە ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ.

# زەلزەلە سۈرىسى

زەلزەلە سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 8 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە قىيامەت قايىم بولغان ۋاقىتتا يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللارنى بايان قىلغان، ھەرقانداق ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ مۇكاپاتسىز ۋە جازاسىز قالمايدىغانلىقىنى ئېنىق جاكارلىغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ ئەمەللەرنى ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن تولۇق ساناپ چىقىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئاخىرەتتە ھېساب بېرىشتىن غەپلەتتە قالغۇچىلارنىڭ دىللىرىنى تىترىتىش ۋە ئۇلارنى غەپلەتتىن ئويغىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايىتىدىكى ﴿زُلْزِلَتِ﴾ «تەۋرىتىلدى» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان ۋە ئۇنىڭ سۆز يىلتىزى بولغان «زلزلة» دېگەن سۆز بىلەن ئاتالغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿إِذَا زُلۡزِلَتِ ٱلۡأَرۡضُ زِلۡزَالَهَا ١ وَأَخۡرَجَتِ ٱلۡأَرۡضُ أَثۡقَالَهَا ٢
وَقَالَ ٱلۡإِنسَٰنُ مَا لَهَا ٣ يَوۡمَئِذٖ تُحَدِّثُ أَخۡبَارَهَا ٤ بِأَنَّ رَبَّكَ أَوۡحَىٰ
لَهَا ٥ يَوۡمَئِذٖ يَصۡدُرُ ٱلنَّاسُ أَشۡتَاتٗا لِّيُرَوۡاْ أَعۡمَٰلَهُمۡ ٦ فَمَن يَعۡمَلۡ
مِثۡقَالَ ذَرَّةٍ خَيۡرٗا يَرَهُۥ ٧ وَمَن يَعۡمَلۡ مِثۡقَالَ ذَرَّةٖ شَرّٗا يَرَهُۥ ٨﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەن چاغدا،

2-زېمىن قوينىدىكى (ئۆلۈك قاتارلىق) يۈكلىرىنى چىقارغاندا،

3ـ(بۇنى كۆرگەن) ئىنسان: «بۇ زېمىنغا نېمە بولغاندۇ؟» دەپ قالغان چاغدا،

4ـ5ـ بۇ كۈندە زېمىن رەببىڭنىڭ ئەمرى بىلەن، (ئۆزىنىڭ ئۈستىدە قىلىنغان) ئىشلارنى مەلۇم قىلىدۇ.

6ـبۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن (ھېساب مەيدانىدىن) توپ-توپ بولۇپ قايتىدۇ.

7ـكىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلسا، ئۇ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ.

8ـكىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا دۇنيانىڭ ئاخىرلىشىشىنى ۋە قىيامەتنىڭ باشلىنىشىنى ئىرادە قىلغان ۋاقىتتا، زېمىنغا ئەمىر قىلىدۇ-دە، زېمىن ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان شەكىلدە قاتتىق تەۋرەپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زېمىن ئۆزىنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقانلارنىڭ ھەممىسىنى سىرتقا چىقىرىپ تاشلايدۇ، يەر ئاستىدىكى ئوت، سۇ، مەدەن، جەسەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سىرتقا، يەر يۈزىگە چىقىپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئىنسان ئەجەبلىنىپ: بۇ زېمىنغا نېمە بولغاندۇ؟ ئىلگىرى مۇنداق بولۇپ باققان ئەمەس ئىدى، نېمە سەۋەبتىن شۇنداق بولىدىغاندۇ؟ دەپ قالىدۇ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن زېمىن ئۆزىنىڭ ئۈستىدە قىلىنغان ياخشى-يامان بارلىق ئىشلارنى مەلۇم قىلىدۇ، ئۇ ئىشلارغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىدۇ. ھەر نەرسىنى سۆزلىتىشكە قادىر بولغان ئاللاھ تائالا زېمىننىمۇ سۆزلىتىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئەللامە تەبەرىي بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بۇ قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ئىشلارنىڭ تەسۋىرى بولۇپ، بۇ ئىشلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن شۇنداق مەيدانغا كېلىدۇ». بۇ كۈندە ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن، قەبرىلىرىدىن توپ-توپ بولۇپ چىقىپ ھېساب مەيدانىغا كېلىشىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿يَوۡمَئِذٖ يَصۡدُرُ ٱلنَّاسُ أَشۡتَاتٗا لِّيُرَوۡاْ أَعۡمَٰلَهُمۡ﴾ دېگەن ئايەتنى «ئۇ كۈندە ئىنسانلار ھېساب مەيدانىدىن بەختلىك ۋە بەختسىز، جەننەتتى ۋە دوزىخى دېگەندەك ھەر خىل پىرقىلەرگە ئايرىلغان ھالدا قايتىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان.

﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلسا، ئۇ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى

كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾ يەنى دۇنيادىكى ھاياتىدا زەررىچىلىك ياخشى ئەمەل قىلغان ئادەممۇ بۇ ياخشى ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرمەي قالمايدۇ، دۇنيادىكى ۋاقتىدا زەررىچىلىك يامان ئىش قىلغان ئادەممۇ شۇ يامان ئەمەلىنىڭ جازاسىنى چەكمەي قالمايدۇ، ھېچكىمگە قىلچىلىكمۇ ئۇۋال قىلىنمايدۇ، ھەركىم ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان مۇكاپات ياكى جازانى تولۇق ئالىدۇ. ﴿وَنَضَعُ ٱلْمَوَٰزِينَ ٱلْقِسْطَ لِيَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ فَلَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْـًٔا ۖ وَإِن كَانَ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِّنْ خَرْدَلٍ أَتَيْنَا بِهَا ۗ وَكَفَىٰ بِنَا حَٰسِبِينَ﴾ يەنى ﴿بىز قىيامەت كۈنى (ئەمەللەرنى تارتىش ئۈچۈن) ئادالەت تارازىلىرىنى ئورنىتىمىز، ھېچكىمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىر تال قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى كەلتۈرىمىز، ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز﴾[1]. بۇ سۈرە كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا تەرغىب قىلىش ۋە يامان ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ئىبرەتلىك سۈرىدۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەت قايىم بولغاندا كائىناتنىڭ نىزامى پۈتۈنلەي بۇزۇلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممە يوق بولىدۇ.

2. جانسىز نەرسىلەرنىڭ سۆزلىشى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان ئالامەتلەردىن بىرىدۇر.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اتَّقُوا النَّارَ وَلَوْ بِشِقِّ تَمْرَةٍ» يەنى «بىر تال خورمىنىڭ يېرىمى بىلەن بولسىمۇ دوزاختىن ساقلىنىڭلار»[2] دېگەن. بۇ ھەدىس ئەڭ ئاددىي بىر نەرسىنى سەدىقە قىلىپ بولسىمۇ، ساۋابىڭلارنى كۆپەيتىڭلار ۋە ئۇنىڭ سايىسىدا دوزاخ ئازابىدىن ساقلىنىپ قېلىڭلار دېگەننى ئىپادىلەيدۇ.

4. كاپىرنىڭ ياخشى ئەمەلى ئۇنىڭغا مۇشۇ دۇنيادىلا ئەسقاتىدۇ، ئەمما ئاخىرەتتە ھېچبىر مۇكاپاتقا ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى، ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىشنىڭ شەرتى ئىماندۇر.

5. مۇئمىن ئادەم قىلغان ياخشى ئەمەلنىڭ پايدىسىنى بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ چوقۇم كۆرىدۇ.

---

[1] ئەنبىيا سۈرىسى:47-ئايەت.
[2] «صحيح البخاري» 2-توم، 109-بەت، 1417 - ھەدىس.

# ئادىيات سۈرىسى

ئادىيات سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 11 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىدە ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىدىغان تەبىئىتىنى قەسەم بىلەن بايان قىلىدۇ، ئاندىن مۇنداقلارنى قىيامەتنىڭ قاتتىق ئازابى بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىنساننىڭ دۇنيالىقتا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى بايان قىلىش ۋە ئۇنى ئاخىرەتلىك ئەمەللەرگە تەرغىب قىلىش ئارقىلىق ئۇنى تۇزكورلۇقتىن، تەمەگەرلىكتىن توسۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتىكى «تېز چاپقۇچى ئاتلار» دېگەن مەنىدە كەلگەن ﴿وَٱلۡعَـٰدِيَٰتِ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿وَٱلۡعَـٰدِيَٰتِ ضَبۡحٗا ١ فَٱلۡمُورِيَٰتِ قَدۡحٗا ٢ فَٱلۡمُغِيرَٰتِ صُبۡحٗا
٣ فَأَثَرۡنَ بِهِۦ نَقۡعٗا ٤ فَوَسَطۡنَ بِهِۦ جَمۡعًا ٥ إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ لِرَبِّهِۦ
لَكَنُودٞ ٦ وَإِنَّهُۥ عَلَىٰ ذَٰلِكَ لَشَهِيدٞ ٧ وَإِنَّهُۥ لِحُبِّ ٱلۡخَيۡرِ لَشَدِيدٌ
٨ ۞ أَفَلَا يَعۡلَمُ إِذَا بُعۡثِرَ مَا فِي ٱلۡقُبُورِ ٩ وَحُصِّلَ مَا فِي ٱلصُّدُورِ
١٠ إِنَّ رَبَّهُم بِهِمۡ يَوۡمَئِذٖ لَّخَبِيرُۢ ١١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ6ـ (ئاللاھ يولىدا) خارتىلداپ تېز چاپقۇچى، تۇياقلىرىدىن ئوت چىقار-

غۇچى، ئەتىگەندە (دۈشمەن ئۈستىگە) باستۇرۇپ كىرگۈچى، توپا-چاڭ چىقارغۇچى، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن توپى ئىچىگە كىرىپ كەتكۈچى ئاتلار بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىنسان ھەقىقەتەن رەببىنىڭ نېمەتلىرىگە بەكمۇ تۇزكورلۇق قىلغۇچىدۇر.

7- شەكسىزكى، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ قىلمىشىغا ئەلۋەتتە ئۆزى گۇۋاھتۇر.

8-ئىنسان ھەقىقەتەن پۇل-مالغا ئىنتايىن ھېرىسمەندۇر.

9-11- ئۇ ئىنسان قەبرىلەردىكىلەر (سىرتقا) چىقىرىلغان، دىللاردىكى سىرلار ئاشكارىلانغان چاغدا، (ئۆزىنىڭ ھېساب بېرىدىغانلىقىنى) بىلمەمدىغاندۇ؟ شەكسىزكى، ئۇ كۈندە ئىنسانلارنىڭ رەببى ئۇلارنىڭ (بارلىق قىلمىشلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا جىھادقا چىقىپ، جىھاد مەيدانلىرىدا ناھايىتى تېز چاپقۇچى، تېز چاپقانلىقتىن تۇياقلىرىدىن ئوت چىقارغۇچى، ئەتىگەن تەرەپلىرىدە دۈشمەن ئۈستىگە باستۇرۇپ كىرگۈچى ۋە ئەتراپقا توپا-چاڭ چىقارغۇچى ۋە شۇنداق قىلىپ دۈشمەنلەر توپىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكۈچى يۈگۈرۈك ئاتلار بىلەن قەسەم قىلىپ، ئىنساننىڭ رەببىنىڭ نېمەتلىرىگە قارىتا نەقەدەر تۇزكورلۇقىنى ۋە ئۇنىڭ مال-دۇنياغا نەقەدەر ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئات جىھاد قىلىشنىڭ قوراللىرىدىن بىرىدۇر. بولۇپمۇ ئۆتمۈشلەردە جەڭ ئىتى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك جىھاد قورالى ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلغۇچىلار ئاتلارغا مىنىپ يۈرۈپ جىھاد قىلاتتى. شۇڭا ئۆتمۈشلەردىكى ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئاتنىڭ ئەھمىيىتى زور، قىممىتى يۇقىرى ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ يۈگۈرۈك ئاتلار بىلەن قەسەم قىلغانلىقى بۇ ئاتلارنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمدى ئىنسانغا كەلسەك، ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە ئىنساننى ئۈچ خىل سۈپەت بىلەن سۈپەتلىگەن بولۇپ، بىرىنچىسى، ئىنساننىڭ نېمەتكە ۋە نېمەت بەرگۈچىگە قارىتا تۇزكورلۇقى، ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ ئۆز قىلمىشلىرىغا ئۆزىنىڭ گۇۋاھ ئىكەنلىكى ۋە قىلمىشلىرىنىڭمۇ ئۇنىڭغا گۇۋاھ ئىكەنلىكى، شۇڭا ئىنساننىڭ ئۆز قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلالمايدىغانلىقى، ئۈچىنچىسى، ئۇنىڭ مال-دۇنياغا بەكمۇ قاتتىق

ھېرىسمەنلىكتۇر. مەلۇمكى، تۇزكور ئىنسان شۈكۈر قىلىشنى بىلمەيدۇ، ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرمەيدۇ، مال-دۇنياغا ھەددىدىن زىيادە ھېرىسمەن ئىنسان بېخىل كېلىدۇ، باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى خالىمايدۇ، تاپقانلىرىغا قانائەت قىلمايدۇ، ھەمىشە ئاچكۆزلۈك بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ.

مۇنداق ئىنسان ئۆزىنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى رەببىنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ قىيامەت قايىم بولۇپ، قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر تىرىلدۈرۈلۈپ سىرتقا چىقىرىلغان، قەلبلەردىكى سىرلار ئاشكارىلىنىپ ھەممىسى ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ھەممە ئىش ئاشكارا بولغان چاغدا، رەببىنىڭ ئالدىدا بارلىق قىلمىشلىرىدىن بىر-بىرلەپ ھېساب بېرىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ شەك-شۈبھىسىزكى، ئىنسانلارنىڭ رەببى ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىدىن ئەلۋەتتە تولۇق خەۋەرداردۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇلار نېمە ئۈچۈن رەببىدىن ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقمايدۇ؟

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن زامانغا مۇناسىپ قوراللار بىلەن قوراللىنىش پەرزدۇر. شۇڭا بارلىق پەن-تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىش زۆرۈردۇر.

2. ئىنسان رەببىنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىدىغان، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى تىلغا ئالمايدىغان، پەقەت بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرنىلا سۆزلەپ تۇرىدىغان تۇزكور، ناشۈكۈر مەخلۇق بولۇپ، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

3. ئىمان ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئۆزىنى ئىسلاھ قىلمىغانلاردا مال-دۇنيانىڭ سۆيگۈسى بارلىق سۆيگۈلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

# قارىئە سۈرىسى

قارىئە سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 11 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، قىيامەتنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى ۋە ئىنساننىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدىكى باياناتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان قورقۇنچلۇق ئەھۋاللارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىنسانلارنى غەپلەتتىن ئويغىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن «(يۈرەكلەرگە) دەھشەت سالغۇچى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ﴿ٱلۡقَارِعَةُ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان. ﴿ٱلۡقَارِعَةُ﴾ بۇ يەردە قىيامەتنى ئىپادىلەيدۇ. قىيامەت ئىنتايىن دەھشەتلىك ھالدا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەنلىكتىن، بۇ دەھشەتلىك ۋەقە گويا بىرى قاتتىق ئىشىك قېقىپ ئۆيدىكىلەرنى چۆچۈتۈۋەتكەنگە ئوخشىتىلغان. چۈنكى، ﴿ٱلۡقَارِعَةُ﴾ دېگەن سۆز لۇغەتتە «ئىشىكنى قاتتىق قاققۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿ٱلۡقَارِعَةُ ١ مَا ٱلۡقَارِعَةُ ٢ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا ٱلۡقَارِعَةُ ٣ يَوۡمَ
يَكُونُ ٱلنَّاسُ كَٱلۡفَرَاشِ ٱلۡمَبۡثُوثِ ٤ وَتَكُونُ ٱلۡجِبَالُ كَٱلۡعِهۡنِ
ٱلۡمَنفُوشِ ٥ فَأَمَّا مَن ثَقُلَتۡ مَوَٰزِينُهُۥ ٦ فَهُوَ فِي عِيشَةٖ رَّاضِيَةٖ
٧ وَأَمَّا مَنۡ خَفَّتۡ مَوَٰزِينُهُۥ ٨ فَأُمُّهُۥ هَاوِيَةٞ ٩ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا
هِيَهۡ ١٠ نَارٌ حَامِيَةُۢ ١١﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ (يۈرەكلەرگە) دەھشەت سالغۇچى،

2ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئۇ دەھشەت سالغۇچى نېمە؟

3ـئۇ دەھشەت سالغۇچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن نەدىن بىلىسەن؟

4ـ(ئۇ قىيامەت كۈنىدۇر) شۇ كۈندە ئىنسانلار تارقىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك بولۇپ قالىدۇ.

5ـتاغلار ئېتىلغان رەڭگارەڭ يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ.

6ـ7ـ ياخشى ئەمەلى ئېغىر كەلگەن ئادەمگە كەلسەك، ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرـ مۇشتا بولىدۇ.

8ـ9ـ ياخشى ئەمەلى يېنىك كەلگەن ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ جايى ھاۋىيە بولىدۇ.

10ـھاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

11ـئۇ قىزىق ئوتتۇر.

## تەپسىرى

قاتتىق دەھشىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى ئورنىدىن قوز- غىۋېتىدىغان، قاتتىق ئاۋازى بىلەن ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى پاڭ قىلىۋې- تىدىغان، قورقۇنچىسى بىلەن كىشىلەرنى ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدىغان ئاشۇ قىيامەت قايىم بولغان كۈندە، ئىنسانلار نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالىدۇ، ئۇلار خۇددى ئوتنىڭ ئەتراپىدا ئۇچۇۋاتقان پەرۋانىلەردەك بولۇپ كېتىدۇ، شۇنچە مۇستەھكەم تاغلار ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ.

دۇنيادىكى ئىمانى، ئىخلاسى ۋە ياخشى ئەمەللىرى يۈزىسىدىن، قىيامەت كۈنى ياخشى ئەمەللىرى تارازىدا ئېغىر كەلگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار جەننەتلەردە تولىمۇ كۆڭۈللۈك، شاد-خۇراملىق، تولىمۇ ئېسىل تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ، ھەر تەرەپتىن كۆڭلى تولۇق خاتىرجەم بولغان ھالدا، ھۈزۈر- ھالاۋەت ئىچىدە نېمەتلىنىدۇ. ئەمما دۇنيادىكى چاغلىرىدا ھەقىقەتتىن، ئادالەتتىن يىراق ياشىغانلىقى ۋە يامان ئەمەللىرىنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبلىك

ياخشى ئەمەللىرى تارازىدا يېنىك كەلگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ باridىغان جايى ھاۋىيە بولىدۇ. ھاۋىيە – يۇزلەرنى كۆيدۈرۈپ قاپقارا قىلىۋېتىدىغان، تېرىلەرنى پىشۇرۇپ قويىدىغان دەھ-شەتلىك قىزىق ئوتتۇر. جانابى ئاللاھ تائالا بىزلەرنى ئۇنىڭدىن ساقلىغاي، ئامىن.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەت كۈنى ياخشى ۋە يامان بارلىق ئەمەللەرنىڭ تارازىدا تارتىلىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىش مۇئمىن ئادەمنىڭ ئەقىدىسىنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

2. ئاخىرەت ھاياتىدا ئىنسانلار ئىككى پىرقىگە ئايرىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى جەننەتكە، يەنە بىرى دوزاخقا قاراپ يول ئالىدۇ.

# تەكاسۇر سۈرىسى

تەكاسۇر سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 8 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالا بىزنى پۇل-مالغا ۋە يۈز-ئابرۇيغا قاتتىق ھېرىسمەن بولۇپ كېتىشنىڭ، مال-دۇنيا بىلەن پەخىرلىنىشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە گۇناھكارلارنىڭ چوقۇم جازالىنىدىغانلىقىنى، جەھەننەمنىڭ شەكسىز ھەق ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ھەممىمىزنىڭ بىزگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن سورىلىدىغانلىقىمىزنى تەكىتلەيدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: دۇنيالىققىلا بېرىلىپ كېتىپ، ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ كەتكەنلەرگە ئۇلۇمنى، ئاخىرەتتە ھېساب بېرىشنى ۋە دوزاخنى ئەسلىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن «مال-دۇنيانى كۆپەيتىش ھېرىسمەنلىكى» ياكى «پۇل-مال ۋە باللارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلىنىش» دېگەن مەنىدىكى ﴿ٱلتَّكَاثُرُ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿أَلۡهَىٰكُمُ ٱلتَّكَاثُرُ ١ حَتَّىٰ زُرۡتُمُ ٱلۡمَقَابِرَ ٢ كَلَّا سَوۡفَ تَعۡلَمُونَ
٣ ثُمَّ كَلَّا سَوۡفَ تَعۡلَمُونَ ٤ كَلَّا لَوۡ تَعۡلَمُونَ عِلۡمَ ٱلۡيَقِينِ ٥
لَتَرَوُنَّ ٱلۡجَحِيمَ ٦ ثُمَّ لَتَرَوُنَّهَا عَيۡنَ ٱلۡيَقِينِ ٧ ثُمَّ لَتُسۡـَٔلُنَّ يَوۡمَئِذٍ
عَنِ ٱلنَّعِيمِ ٨﴾

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-2.(ئى ئىنسانلار! پۇل-مال ۋە باللارنىڭ) كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلىنىش

سىلەرنى (ئۆلۈپ) قەبرىگە كۆمۈلگەنگە قەدەر (تائەت-ئىبادەتتىن) غەپلەتتە قالدۇردى.

3-بۇنداق قىلىشىڭلار توغرا ئەمەس، (سىلەر ئاخىرەتنىڭ ياخشى ئىـ-ـكەنلىكىنى) كەلگۈسىدە بىلىپ قالىسىلەر.

4-ئاندىن (يەنە دەپ قوياي) بۇنداق قىلىشىڭلار توغرا ئەمەس، (قىلمىـ-ـشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كەلگۈسىدە بىلىپ قالىسىلەر.

5-ھەقىقەت شۇكى، ئەگەر سىلەر ھەقىقىي بىلگەن بولساڭلار (غەپلەتتە قالمايتتىڭلار).

6-سىلەر چوقۇم جەھەننەمنى كۆرىسىلەر.

7-ئاندىن ئۇنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن جەزمەن كۆرىسىلەر.

8-ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېمەتلەر توغرۇلۇق بۇ كۈندە سوراققا تارتىلىسىلەر.

### تەپسىرى

ئى ئىنسانلار! مال-دۇنيانىڭ، بالىلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلىنىش ۋە دۇنيالىق مەنپەئەتلەرگە قاتتىق ھېرىس قىلىش سىلەرنى تائەت-ئىبادەتتىن، ئاخىرەتنىڭ ئەمەللىرىدىن ۋە ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشتىن غەپلەتتە قالدۇردى. يەنى سىلەر ئۆلۈپ قەبرىگە بارغانغا قەدەر بىر ئۆمۈر شۇنداق غەپلەتتە ئۆتىسىلەر.

مۇنداق قىلىش قەتئىي توغرا ئەمەس، سىلەر بۇنداق قىلماڭلار، بۇنداق غاپىللىقتىن دەرھال يېنىڭلار ۋە ئەس-ھوشۇڭلارنى تېپىۋېلىڭلار. سىلەر بۇ خاتالىقىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى كەلگۈسىدە چوقۇم بىلىپ قالىسىلەر. يەنە تەكىتلەپ دەيمەنكى، سىلەرنىڭ بۇ قىلغىنىڭلار قەتئىي توغرا ئەمەس، سىلەر بۇ قىلىقىڭلاردىن يېنىڭلار، قىلمىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى كەلگۈ-سىدە چوقۇم بىلىپ قالىسىلەر. ئەمما ئۇ چاغدا بىلىپ پۇشايمان قىلغانىڭ سىلەرگە قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. شەكسىز ھەقىقەت شۇكى، ئەگەر سىلەر بۇ قىلمىشىڭلارنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ۋە ئاقىۋىتىڭلارنىڭ يامان بولىدىغانلىقىنى راستتىنلا بىلگەن بولساڭلار، سىلەر ھەرگىز بۇنداق مال-دۇنيانىڭ ۋە بالىلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلەنمەيتتىڭلار، ئۇنىڭغا بۇ قەدەر ھېرىس قىلىپ كەتمەيتتىڭلار، دۇنيانىڭ مەنپەئەتىنى ھەرگىزمۇ ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىنىڭ ئالدىغا قويمايتتىڭلار، ئەلۋەتتە ئۆزۈڭلار ئۈچۈن

ئەڭ پايدىلىق بولغان ئاخىرەتلىك ئەمەللەرنى دۇنيا ئىشلىرىنىڭ ئالدىغا قويغان ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرگەن بولاتتىڭلار. بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشى ئەمەسمۇ؟! ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.

﴿سىلەر چوقۇم جەھەننەمنى كۆرىسىلەر﴾ دېگەن ئايەت بۇ دۇنيادا جەھەننەمنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ ئۇنى چوقۇم كۆرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدا ئازابلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلىپ توغرا يولغا قايتمىساڭلار ۋە ئۆزۈڭلارنى ئىسلاھ قىلماي مۇشۇ ھالىتىڭلاردا ئۆلسەڭلار، سىلەر چوقۇم جەھەننەمنى كۆرىسىلەر دېگەنلىكتۇر. ﴿ئاندىن ئۇنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن جەزمەن كۆرىسىلەر﴾ يەنى سىلەر جەھەننەمنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ ئۇنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تېتىيسىلەر، ئاندىن سىلەر دۇنيادىكى ۋاقىتىڭلاردا كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلەنگەن شۇ نېمەتلەر توغرۇلۇق سوراققا تارتىلىسىلەر.

ئى ئىنسانلار! ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىڭلار! ۋاقىتلىق مەنپەئەتلەرنى دەپ، مەڭگۈلۈك بەخت-سائادىتىڭلارنى قولدىن بەرمەڭلار، ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىدىن قۇرۇق قالماڭلار!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پۇل-مال توپلاپ ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلماسلىق ئەڭ خەتەرلىك قىسمەتلەرگە يول ئاچىدۇ.

2. قەبرىدىكى سوئال-سوراق ھەق ۋە راستتۇر.

3. قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ: «إِنِّي كُنْتُ نَهَيْتُكُمْ عَنْ زِيَارَةِ الْقُبُورِ فَزُورُوهَا فَإِنَّهَا تُذَكِّرُكُمِ الْآخِرَةَ» يەنى «مەن ھەقىقەتەن سىلەرنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن توسقان ئىدىم، ئەمدى زىيارەت قىلىڭلار، چۈنكى، ئۇ سىلەرگە ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ»[1] دېگەن.

4. ئەمەللەردىن ھېساب بېرىشكە ئىشىنىش ئىماننىڭ مۇھىم پارچىسىدۇر.

5. ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان نېمەتلەردىن ھېساب بېرىدىغانلىقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر. چۈنكى، ئىنسانلار بۇ دۇنيادا ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان بارلىق نېمەتلەر ئۈستىدە ئەلۋەتتە سوراققا

[1] «مسند الإمام أحمد» 2-توم، 397-بەت، 1236-ھەدىس.

تارتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان بۇ نېمەتلەرنى جايىدا قوللىنىپ، ئۇنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلغانلار مۇكاپاتقا ئېرىشكەندەك، بۇ نېمەت- لەرنى يامان يوللارغا قوللانغان ۋە ئۇنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلمىغانلار ئازابقا ئۇچرايدۇ.

# ئەسر سۈرىسى

ئەسر سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 3 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە، ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىن ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەل- ئىبادەتلەرنى قىلغان ۋە بىر-بىرىگە ھەقىقەتنى تەۋسىيە قىلغانلاردىن باشقىلارنىڭ چوقۇم زىيان تارتىدىغانلىقىنى قەسەم بىلەن تەكىتلىگەن.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: زىياندىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ كاپالەتلىك چارىسىنى بايان قىلىش ۋە ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن «زامان»، «ناماز ئەسىر ۋاقتى»، «يۈز يىل» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان ﴿ٱلۡعَصۡرِ﴾ (ئەل ئەسر) دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿وَٱلۡعَصۡرِ ١ إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ لَفِي خُسۡرٍ ٢ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ
ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَتَوَاصَوۡاْ بِٱلۡحَقِّ وَتَوَاصَوۡاْ بِٱلصَّبۡرِ ٣﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-3-زامان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىنسان چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى

تەۋسىيە قىلىشقان ۋە سەۋرنى[1] تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەرلا زىيان تارتمايدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە زامان بىلەن قەسەم قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر- بىرىگە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشنى ۋە تائەت- ئىبادەتتە، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتا، گۇناھ- مەئسىيەتتىن يېنىشتا ۋە تەقدىرگە رازى بولۇشتا چىدامچان بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقان ۋە ھەمكارلاشقانلاردىن باشقىلارنىڭ زىيان ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. «ئايەتتىكى زاماندىن ۋاقىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ»[2].

«ئاللاھ تائالا زامان بىلەن، ئۇنىڭدىكى ئىبرەتلەر بىلەن بۇ كائىناتنىڭ ۋە بۇ زامانلارنىڭ بىر ئىگىسى، باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقان بىر ئىلاھى بار ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان بىر-بىرىگە زىت ئەھۋاللار بىلەن قەسەم قىلىدۇ. كائىناتقا ئىبرەت نەزىرى بىلەن قارىغان ئادەم ئۇنىڭ ھەر تەرىپىدە ۋە ھەربىر كۆرۈنۈشىدە بۇ كائىناتنىڭ ياراتقۇچى ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا، ئۇنىڭ بىرلىكىگە، چەكسىز قۇدرىتىگە ۋە ئىلىم-ھېكمىتىگە دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان ئالامەتلەرنى ۋە ئوپئوچۇق دەلىل-پاكىتلارنى كۆرىدۇ. مەسىلەن: كېچە بىلەن كۈندۈز، ساقلىق بىلەن كېسەللىك، ھايات ۋە ئۆلۈم، قورقۇش ۋە ئامانلىق، ئىسسىقلىق ۋە سوغۇقلۇق، ئاچلىق ۋە توقلۇق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىگە زىت ئەھۋاللار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىغا شەكسىز دالالەت قىلىدۇ. شەكسىزكى، بۇ بىر-بىرىگە زىت ئەھۋاللارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ۋە بۇلارنى زامان ئىچىدە شۇنداق ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان زات ئاللاھ تائالادۇر. زاماننىڭ بۇ ئىشلارغا ھېچبىر تەسىرى يوقتۇر، چۈنكى، ھەممە ئىش كائىناتنىڭ ئىگىسى ۋە باشقۇرۇپ تۇرغۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە ئەمرى بىلەن بولىدۇ»[3].

ئىنسان كۇفرىلىقنى ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى ئۆزى ئۇچۇن راۋا كۆر-

[1] سەۋر- تائەت - ئىبادەتتە، گۇناھتىن ساقلىنىشتا ۋە تەقدىرگە رازى بولۇشتا چىدامىلىق بولۇش دېگەنلىكتۇر.
[2] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 5- توم، 612- بەت.
[3] «التفسير الواضح» 3- توم، 900- بەت.

گەنلىكى ئۇچۇن ئۇ چوقۇم زىيان ئىچىدە، ئازغۇنلۇق ۋە ھالاكەت ئىچىدىدۇر. ئۇنىڭ ئاقىۋىتى تولىمۇ خەتەرلىك ۋە ياماندۇر. پەقەت ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇپ، ئۇنىڭ ھەققىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانىغا لايىق ھەرىكەت قىلغان، ئۆزىنىڭ ياشاش تەرزىنى شۇ ئىمانىنىڭ تەقەززاسىغا توغرىلىغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقىقەتتە، ئادالەتتە، دۇرۇسلۇقتا، ھەققانىيلىقتا چىڭ تۇرۇشنى، ھەق يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشنى، ھەق يولدىكى جاپا-مۇشەققەتلەرنى كۆتۈرۈشكە چىداملىق بولۇشنى، بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە، كېلىشمەسلىكلەرگە ۋە قىيىنچىلىقلارغا سەۋرچان بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. يەنى بۇنداق كىشىلەر زىيان ئىچىدە ئەمەس.

چۈنكى، ھەقىقەت يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇش ئوڭاي ئەمەس، بۇ يولدا توسقۇنلۇقلار ۋە قىيىنچىلىقلار كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دۇنيا ئىمتىھان ۋە سىناق دۇنياسى بولۇپ، ئىنسان ياخشى بىلەن يامان، ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشلەردە ھەمىشە ئىمتىھان قىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئىنسانلار ھەق يولدا مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە سىناقلارغا قارشى چىداملىق ۋە كۈچلۈك بولۇش ئۈچۈن بىر- بىرىگە بۇنى تەۋسىيە قىلىششقا موھتاجدۇر. چۈنكى، ئىنسان ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرسە، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشنى ۋە ئۇنىڭدا چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن باشقىلارنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

دېمەك، ياخشىلىقنى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى ئۆزىڭىزلا قىلىشىڭىز كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى باشقىلارنىمۇ ئۇنىڭغا چاقىرىشىڭىز ۋە بۇ ياخشىلىقنى، ياخشى ئەمەللەرنى ئۇلارغىمۇ ئۆگىتىشىڭىز كېرەك. چۈنكى، سىزنىڭ ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ بولغانلىقىڭىز سىزدىن شۇنى جىددىي تەلەپ قىلىدۇ. ئەمر-مەرۇپ، ۋەز-نەسىھەت (يەنى كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش) مەجبۇرىيىتى ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە بۇيرۇلغان پەرزدۇر. بۇنى ھەركىم ئۆز ئىقتىدارىنىڭ يېتىشىچە، ئىمكانىيىتىنىڭ يول قويۇشىچە ئادا قىلىدۇ. بۇ مەجبۇرىيەت تىل بىلەن دەۋەت قىلىش بىلەنلا ئەمەس، بەلكى مۇھىم بولغىنى ئۆزى ياشاپ كۆرسىتىش، ئۈلگە بولۇش، ئىسلامنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن نامايان قىلىش بىلەن بولىدۇ. چۈنكى، دىن ئېغىز بىلەنلا يەتكۈزۈلمەيدۇ، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكەت ۋە مۇئامىلە بىلەن يەتكۈزۈلىدۇ. بىزنىڭ يولباشچىمىز ۋە ئۈلگىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەنە

شۇنداق قىلغان. مۇسۇلمانلىق-مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ۋە جاپا-مۇشەققەتكە ئۆزىنى ئېتىش دېگەنلىكتۇر. بۇ يولدا جاپا بار، قىيىنچىلىق بار، خەتەر بار، ئۆلۈم بار. بۇنىڭغا چىدامچانلىق كۆرسەتكەن ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش يولىدا سەۋر-تاقەتلىك بولغان كىشىلەر ئەڭ ياخشى ئاقىۋەتكە ئىگە بولىدۇ.

ئەللامە مۇھەممەد راتىب نابلىسى بۇ سۈرە ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ئىنسان ئۆچۈن زامان (يەنى ۋاقىت) بىلەن قەسەم قىلدى. ئىنسان ئەمەلىيەتتە زاماننىڭ ئۆزىدۇر. چۈنكى، ئىنساننىڭ ئۆمرى كۈنلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئۆتكەن ھەربىر كۈن ئۇنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ئىنسان چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر﴾ دېگەنلىكىنىڭ مەنىسى شۇكى، ۋاقىت ئىنساننىڭ دەسمايىسى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش پۇرسىتى، جەننەتنى قازىنىدىغان سەرمايىسى بولۇپ، ئىنساننىڭ ھاياتىدىن ئۆتكەن ھەربىر لەھزە، ھەربىر مىنۇت ۋە ھەربىر سائەت ئۇنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىپ ماڭىدۇ. چۈنكى، ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۆمرىنى بىللە ئېلىپ كېتىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي زىياندۇر. تىجارەتتىكى ھەقىقىي زىيان تىجارەتكە سالغان دەسمايىدىن ئايرىلىپ قېلىش بولغاندەك، ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى ھەقىقىي زىيان ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ، ئۆمرىنىڭ مەنىسىز، بىكارغا ئۆتۈپ كېتىشىدۇر. شۇڭا ئۆمرىنى ۋە ۋاقتىنى ئىمان بىلەن، ياخشى ئەمەللەر بىلەن، بىر-بىرىگە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشنى، بۇ يولدا چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىنسان زىياندىن مۇستەسنادۇر»[1]. چۈنكى، بۇنداق ئىنسان ئۆمرىنى زايە قىلىۋېتىشتىن ساقلانغان ۋە ھاياتىنى يۇقىرىقى ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئۆتكۈزگەن بەختلىك ئىنساندۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئەسر سۈرىسى ئىسلام دىنىنىڭ مەقسەت ۋە غايىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈرىدۇر. شۇڭا ئىمام شافىئىي: «ئەگەر ئاللاھ بەندىلىرىگە بۇ سۈرىدىن باشقىسىنى نازىل قىلمىغان بولسىمۇ، مۇشۇ سۈرىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلغان بولاتتى»[2] دېگەن.

---

[1] «تأملات في الإسلام» للدكتور محمد راتب النابلسي 71- بەت.

[2] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 5-توم، 613-بەت.

2. ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ چوڭ زىيان تارتقۇچىلار كاپىرلاردۇر.

3. ئاخىرەتتىكى نىجاتلىقنىڭ ئاساسلىق ئامىلى ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلدۇر.

4. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىگە ھەقىقەتنى تەۋسىيە قىلىشى ۋە سەۋر-تاقەتنى ئۆگىتىشى پەرزدۇر.

5. بۇ سۈرىدە ئاخىرەتتە زىياندىن ساقلىنىش يۇقىرىقى تۆت ئەمەلنى ئورۇنداشقا مەركەزلەشكەن.

# ھۇمەزە سۈرىسى

ھۇمەزە سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 9 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە كىشىلەرنى كەمسىتىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا گەپ توشۇيدىغان، كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان، ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل-مال سەرپ قىلىشقا بېخىللىق قىلىدىغان ئىنسانلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: دىننى ۋە مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلغۇچىلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن «كەمسىتكۈچى، ئەيىبلىگۈچى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان ﴿هُمَزَةٍ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿وَيۡلٞ لِّكُلِّ هُمَزَةٖ لُّمَزَةٍ ١ ٱلَّذِي جَمَعَ مَالٗا وَعَدَّدَهُۥ ٢ يَحۡسَبُ أَنَّ
مَالَهُۥٓ أَخۡلَدَهُۥ ٣ كَلَّاۖ لَيُنۢبَذَنَّ فِي ٱلۡحُطَمَةِ ٤ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا
ٱلۡحُطَمَةُ ٥ نَارُ ٱللَّهِ ٱلۡمُوقَدَةُ ٦ ٱلَّتِي تَطَّلِعُ عَلَى ٱلۡأَفۡـِٔدَةِ ٧ إِنَّهَا
عَلَيۡهِم مُّؤۡصَدَةٞ ٨ فِي عَمَدٖ مُّمَدَّدَةِۭ ٩﴾

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-ھەربىر كەمسىتكۈچى، غەيۋەتخور قاتتىق ئازابقا دۇچار بولسۇنكى،

2-ئۇ پۇل-مال توپلاش ۋە ئۇنى ساناش بىلەنلا بولۇپ كەتتى.

3ـ ئۇ پۇل ـ مېلىم مېنى مەڭگۈ قالدۇرىدۇ دەپ ئويلايدۇ.

4ـ ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇ ئويلىغاندەك بولمايدۇ، ئۇ چوقۇم ھۇتەمەگە تاشلىنىدۇ.

5ـ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ھۇتەمەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

6ـ7ـ ئۇ ئاللاھنىڭ (ئەمرى بىلەن) قىزىتىلغان، (ھارارىتىنىڭ قاتتىقلىقىدىن) يۈرەكلەرگە ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوتتۇر.

8ـ9ـ ئۇلار چوقۇم ئۇزۇن دەملەر بىلەن تاقىلىدىغان دوزاختا سولىنىدۇ.

## تەپسىرى

كىشىلەرنى كەمسىتىدىغان، مەسخىرە قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆكىدىغان، ئار ـ نومۇسىغا چېقىلىدىغان، قەدىر ـ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىشكە ئۇرۇنىدىغان، غەيۋىتىنى قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گەپ توشۇيدىغان، ئۇلارغا تۆھمەت قىلىدىغان ھەربىر گۇناھكارنىڭ ھالىغا ۋايكى، ئۇنى بۇنداق قەبىھ قىلمىشلارنى قىلىشقا ئېلىپ بارغان نەرسە مۇتەكەببىرلىك بىلەن مەغرۇرلۇقتۇر. چۈنكى، بۇ كاپىر ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ ئاز ـ تولا مال ـ دۇنياسىغا ئىشىنىپ مەغرۇرلىنىپ كەتتى ۋە پۇل ـ مېلىم مېنى ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن ۋە خاپىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ، پۇل ـ مېلىم مېنى ئۆلمەيدىغان قىلىدۇ، مەن دۇنيادا مەڭگۈ قالىمەن دەپ جۆيلىدى.

بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ سۈرىدە سۆكۈلگەن شەخسنىڭ ئەخنەس ئىبنى شەرىق ئىكەنلىكىنى ئېلگىرى سۈرگەن، يەنە بەزىسى جەمىل ئىبنى ئامىر ئىكەنلىكىنى ئېلگىرى سۈرگەن. چۈنكى، ئۇز ۋاقتىدا ئەخنەس، ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە ۋە ئۇبەي ئىبنى خەلەف قاتارلىق كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتا شۇنداق ئەدەپسىزلىكلەرنى قىلاتتى. مۇجاھىد بۇ سۈرىدە سۆكۈلگەن شەخسنىڭ بارلىق گۇناھكارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ۋە بىرەر شەخسكە خاس ئەمەسلىكىنى بايان قىلغان[1].

ئاللاھ تائالا مۇنداق گۇناھكارلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر زاماندىكى ئوخشاشلىرىنى جازالاش ئۈچۈن، بەدەنلەرنى پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىدىغان دەھشەتلىك ئوتنى تەييارلىغان بولۇپ، ئۇ ئوتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنى

[1] «تفسير الطبري» 24ـ توم، 598ـ بەت.

﴿ٱلْحُطَمَةِ﴾ «ھۇتەمە» دەپ ئاتاش ئارقىلىق ئۇ ئوتنىڭ دۇنيانىڭ ئوتلىرىغا قەتئىي ئوخشىمايدىغان، بەدەننىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ، يۈرەككە بېرىپ تۇتىشىدىغان دەھشەتلىك ئوت ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ﴿ٱلْحُطَمَةِ﴾ دوزاخنىڭ ئىسىملىرىدىن بىر ئىسىمدۇر. قىيامەت كۈنىدە گۇناھكارلار ئۇزۇن دەملەر بىلەن تاقىلىدىغان، قەتئىي ئېچىلمايدىغان دوزاخقا سولىنىدۇ، ئۇلار دوزاختىن ھەرگىز چىقالمايدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش، كەمسىتىش، ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ۋە گەپ توشۇش قەتئىي ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «لَا يَدْخُلُ الْجَنَّةَ نَمَّامٌ» يەنى «گەپ توشۇغۇچى جەننەتكە كىرمەيدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

2. پۇل-مېلىغا كۆرەڭلەپ، باشقىلارنى كەمسىتىدىغانلار قاتتىق زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

3. ئەڭ دەھشەتلىك ئازاب دوزاخ ئازابىدۇر.

4. پۇل-مالنىڭ زاكىتىنى ئايرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىش پەرزدۇر. بەخت-سائادەت كۆپ مال-دۇنيا توپلاش بىلەن ئەمەس، بەلكى قانائەت ۋە رازىمەنلىك بىلەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «لَيْسَ الغِنَى عَنْ كَثْرَةِ العَرَضِ ، وَلَكِنَّ الغِنَى غِنَى النَّفْسِ» يەنى «بايلىق مال-دۇنيانىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، لېكىن بايلىق كۆڭۈلنىڭ بايلىقىدۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

---

[1] «صحيح مسلم» 1-توم، 101-بەت، 105-ھەدىس.

[2] «صحيح البخاري» 8-توم، 95-بەت، 6446-ھەدىس.

# فىل سۈرىسى

فىل سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 5 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە يەمەندىن كەئبىنى يىقىتىپ تاشلاش ئۈچۈن پىللارنى ھەيدەپ كەلگەن ئەبرەھە قوشۇنىنىڭ قانداق مەغلۇپ بولغانلىق قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگەن.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ مەسجىدى ھەرەمنى قوغدايدىغانلىقىنى ۋە زالىملارنى جازالاشتىكى قۇدرىتىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿ٱلۡفِيلِ﴾ ﴿پىل﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، يەمەندە ئەبرەھە ئەشرەم دەپ ئاتىلىدىغان بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇ يەمەنلىكلەرنىڭ مەككىگە بېرىپ كەئبىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى مەككىگە بېرىشتىن توسۇپ قالماقچى ۋە ئۇلارنىڭ مەككە سەپىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان پۇل-مېلىنى يەمەنگە سەرپ قىلدۇرماقچى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ يەمەندە كاتتا بىر چېركاۋ بىنا قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك شېۋىسىدە چېركاۋ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان «قۇلەيس» دېگەن نام بىلەن ئاتايدۇ ۋە كىشىلەرنى مەككىگە بېرىشنىڭ ئورنىغا بۇ چېركاۋنى تاۋاپ قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا يەمەن ھازىرقى ئېفىئوپىيە (ھەبەشىستان) پادىشاھلىقىغا قاراشلىق دۆلەت ئىدى. ئېفىئوپىيە پادىشاھلىقمۇ ئەبرەھەنىڭ بۇ ئىشىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدۇ. ئەمما ئەبرەھەنىڭ بۇ تەدبىرى كىشىلەرنى مەككىگە بېرىشتىن توسالمايدۇ ۋە بۇ چېركاۋغا يۈزلەندۈرەلمەيدۇ. بۇ ئەسنادا يەمەندىكى سەھرالىق ئەرەبلەردىن بىرى مەزكۇر چېركاۋغا كىرىپ، ئۇنىڭغا تەرەت قىلىپ قويىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەبرەھەنىڭ غەزەپتىن ئەرۋاھى ئۇچۇپ كېتىدۇ ۋە كەئبىنى يىقىتىش قارارىغا كېلىدۇ. شۇنداق

قىلىپ كەئبىنى يىقىتىش ئۈچۈن چوڭ كۆلەملىك قوشۇن تەييارلاپ يولغا چىقىدۇ. ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا چوڭ پىللارنى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ئەسكەرلەر پىللارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭاتتى. ئەبرەھە قوشۇنلىرى مەككىگە يېقىنلاپ كېلىپلا ئەتراپتىكى ئەرەبلەرنىڭ مال-مۈلۈكىنى ۋە پادىلىرىنى بۇلاشقا باشلايدۇ. ئەبرەھەنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەن پادىلار ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ تۆگىلىرىمۇ بار ئىدى. ئابدۇلمۇتتەلىب قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئىدى. ئۇ ئەبرەھەنىڭ تۆگىلىرىنى تارتىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەبرەھە بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەبرەھەمۇ بۇ تەلەپنى دەرھال قوبۇل قىلىپ، ئابدۇلمۇتتەلىبنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىدۇ. ئابدۇلمۇتتەلىب ئەبرەھە-دىن تۆگىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەبرەھە ھەيران قېلىپ ئۇنىڭغا دەيدۇ: «مەن سېنى تولىمۇ سالاپەتلىك ۋە ئېسىل بىر ئادەم ئىكەن دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئەمما سەن ئۇنداق ئەمەس ئىكەنسەن. چۈنكى، مەن سىلەر ۋە ئاتا-بوۋاڭلار ئۇلۇغلاپ كەلگەن كەئبىنى يىقىتىمەن دەپ كەلسەم، سەن مەندىن ئۇنى تىلەپ قېلىشنىڭ ئورنىغا، تۆگىلىرىڭنىڭ غېمىدە قېلىۋاتىسەنغۇ!». ئابدۇلمۇتتەلىب ئەبرەھەگە كەسكىن تەلەپپۇزدا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «تۆگىلەرگە كەلسەك، بۇ تۆگىلەرنىڭ ئىگىسى مەن. شۇڭا ئۇلارنى سەندىن تەلەپ قىلدىم. ئەمما كەئبىگە كەلسەك، ئۇنى ساقلايدىغان ئىگىسى بار، ئۇنىڭ ئىگىسى ئاللاھتۇر». شۇنىڭ بىلەن ئەبرەھە ئۇنىڭ تۆگىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئەتىسى ئەبرەھە قوشۇنلىرىنى باشلاپ كەئبىنى يىقىتىش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ. قوشۇننىڭ ئالدىدا ماڭغان پىللار كەئبىگە يېقىنلىشىشى بىلەنلا تۇرغان يېرىدە ئولتۇرۇۋېلىپ ئالدىغا قەتئىي ماڭغىلى ئۇنىمايدۇ. پىللار يەمەن ياكى شام تەرەپكە يۈزلەندۈرۈلسە ماڭىدۇ، ئەمما كەئبە تەرەپكە يۈزلەندۈرگەندە قەتئىي ماڭماي تۇرۇۋالىدۇ. شۇ ئەسنادا ئاللاھ تائالا ئاغزىدا ۋە پۇتلىرىدا ساپال تاشلارنى كۆتۈرۈپ كەلگەن قۇشلارغا ئەمر قىلىدۇ-دە، بۇ قۇشلار ئېلىپ كەلگەن تاشلىرىنى ئەبرەھە قوشۇنلىرىنىڭ ئۈستىگە تاشلايدۇ. ھەربىر قۇش ئاغزىدا بىر، ئىككى پۇتىدا بىردىن ئىككى، جەمئىي ئۈچ تاش ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، تاش گەرچە كىچىك بولسىمۇ، ئۇ كىمنىڭ ئۈستىگە چۈشسە ئۇنى ئۆلتۈرمەي قويمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەبرەھە قوشۇنلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئۆلۈپ تۈگىشىدۇ، ئۇلار باشلىرىغا چۈشكەن تاش زەربىسى بىلەن خۇددى چاينىۋېتىلگەن سامانەك بولۇپ كېتىدۇ. تاش ھەممىسىگە چۈشمەيدۇ، پەقەت نىشانلانغان ئەسكەرلەرگىلا چۈشىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاز قىسمى

ھايات قالىدۇ. ھايات قالغان ئەسكەرلەر ئەبرەھە بىلەن بىرلىكتە دەرھال يەمەنگە قاراپ قاچىدۇ. ئەبرەھە بولسا يولدا ئۆلىدۇ»[1]. «بەش ئايەتلىك بۇ سۈرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن يۈز بەرگەن چوڭ بىر ۋەقەلىكنى بايان قىلغان بولۇپ، بۇ ۋەقەلىك يۈز بەرگەن يىل ‹پىل يىلى› دەپ ئاتالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ ۋەقەلىك يۈز بېرىپ، ئەللىك كۈندىن كېيىن تۇغۇلغان»[2].

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿أَلَمۡ تَرَ كَيۡفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِأَصۡحَٰبِ ٱلۡفِيلِ ١ أَلَمۡ يَجۡعَلۡ كَيۡدَهُمۡ فِي تَضۡلِيلٖ ٢ وَأَرۡسَلَ عَلَيۡهِمۡ طَيۡرًا أَبَابِيلَ ٣ تَرۡمِيهِم بِحِجَارَةٖ مِّن سِجِّيلٖ ٤ فَجَعَلَهُمۡ كَعَصۡفٖ مَّأۡكُولِۭ ٥﴾

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-(ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ پىللىق قوشۇننى قانداق (ھالاك) قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

2-رەببىڭ ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟

3-رەببىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ-توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى.

4-5- قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئېتىپ، ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن ساماندەك قىلىۋەتتى.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! رەببىڭنىڭ كەئبىنى يىقىتىش ئۈچۈن چوڭ پىللار بىلەن قوراللىنىپ كەلگەن ئەبرەھە قوشۇنلىرىنى قانداق جازالىغانلىقىنى، قانداق ھالاك قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ رەببىڭ ئۇلارنىڭ كەئبىنى يىقىتىش ئۈچۈن قۇرغان رەزىل پىلانىنى ۋە ھىيلە-مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟ ئەلۋەتتە بەربات قىلدى. چۈنكى، رەببىڭ ئەبرەھە قوشۇن-

---

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 904- بەت.

[2] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 5- توم، 616- بەت.

ـلىرىنىڭ ئۈستىگە توپ-توپ قۇشلارنى ئەۋەتىپ، ساپال تاشلارنى ياغدۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن سامانىدەك قىلىۋەتتى.

ئايەتتىكى﴿كۆرمىدىڭمۇ؟﴾ دېگەن سۆز ئەبرەھە قىسسىسى ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۇرۇش ئارقىلىق ھەممىگە مەشھۇر بولۇپ قالغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ خۇددى كۆزى بىلەن كۆرگەندەكلا تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبرەھەنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، بۇ قىسسە ئەرەبلەردە ئەڭ كۆپ تارقالغان قىسسىلەردىن بولۇپ، ئۇنىڭ راستلىقىدىن ھېچكىم شەكلەنمەيتتى. شۇڭا ئايەتتە «ئاڭلىمىدىڭمۇ» دېيىشنىڭ ئورنىغا ﴿كۆرمىدىڭمۇ؟﴾ دېيىلگەن.

كەئبە - كۇب شەكىللىك ئۆي دېگەن مەنىدە بولۇپ، مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، كۈل رەڭ تاشتىن قۇرۇلغان، ئەڭ قەدىمىي ئىبادەت ئۆيىدۇر. كەئبە بەيتۇللاھ (ئاللاھنىڭ ئۆيى)، بەيتۇل ئەتىق (قەدىمىي ئۆي) ۋە بەيتۇلھەرام (قان تۆكۈش چەكلەنگەن ئۆي) دەپ ئاتىلىدۇ. كەئبە ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن سېلىنغان تۇنجى ئىبادەت ئۆيىدۇر. ﴿جَعَلَ ٱللَّهُ ٱلۡكَعۡبَةَ ٱلۡبَيۡتَ ٱلۡحَرَامَ قِيَٰمٗا لِّلنَّاسِ وَٱلشَّهۡرَ ٱلۡحَرَامَ وَٱلۡهَدۡيَ وَٱلۡقَلَٰٓئِدَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ھۆرمەتلىك ئۆي كەئبىنى، ھەج ئېيىنى، قۇربانلىقنى، (قۇربانلىق ماللارغا ئېسىپ قويۇلغان) بويۇنچۇقلارنى ئىنسانلارنىڭ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك) ئىشلىرىنىڭ تۇتقۇسى قىلدى﴾[1].

كەئبىنى تۇنجى قېتىم كىمنىڭ سالغانلىقى ھەققىدە ھەر خىل رىۋايەتلەر كەلگەن بولۇپ، بەزى رىۋايەتلەردە، كەئبىنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بىنا قىلىپ، ئۇنىڭدا باللىرى بىلەن بىللە ئىبادەت قىلىپ ئۆتكەن. كېيىن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا توپان بالاسى يۈز بېرىپ، يەر يۈزىنى سۇ باسقاندا، كەئبىمۇ سۇدا غەرق بولغان. كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاساسەن كەئبىنىڭ ئۇلىنى قۇم بارخانلىرى ئاستىدىن قايتا بىنا قىلىپ چىققان دېيىلىدۇ.

ئەمما كەئبىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسا-لام بىلەن بىرلىكتە تۇنجى قېتىم بىنا قىلىپ چىققانلىقى كۆپلۈك دەپ قارىلىدۇ. ئەللامە ئىبنى كەسىر بۇنى كۈچلەندۈرگەن[2]. ئىبراھىم

[1] مائىدە سۈرىسى 97- ئايەت.
[2] «تفسير ابن كثير» 2- توم، 77- بەت.

ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كەلگەنلەر ئۇنىڭ ھەق دىنىنى بۇددىستلىق دىنىغا ئۆزگەرتىۋەتكەن. ئەرەبلەر كەئبىنىڭ ئىچىنى بۇتلار بىلەن توشقۇزۇۋەتكەن بولۇپ، ھەربىر قەبىلە ئۆزىنىڭ مەخسۇس بۇتىنى كەئبىنىڭ ئىچىگە تىزىۋالغان ۋە ئىبادەتنى شۇ بۇتلارغا قىلىدىغان بولۇپ كەتكەن. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھىجرىيەنىڭ 8-يىلى (629م) مەككىنى پەتھى قىلغاندىن كېيىن، كەئبىدىكى بۇتلار چىقىپ تاشلانغان ۋە كەئبە بۇتلاردىن پۈتۈنلەي تازىلانغان.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. زالىملارنى ئىبرەتلىك ھالدا جازالاش ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتىدۇر. ئاللاھ تائالا زالىملارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرسىمۇ، ئۇلارنى جازالىماي قالمايدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ تەدبىرى بارلىق سۇيىقەستلەرنى ۋە پىلانلارنى بىكار قىلىۋېتىشقا يېتەرلىكتۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىققان كاپىرلار ھەرگىز جازاسىز قالمايدۇ.

# قۇرەيش سۈرىسى

قۇرەيش سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 4 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە قۇرەيش قەبىلىسىنى ئۆزلىرىنىڭ يېگانە ياراتقۇچىسى، كەئبىنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ رەببىنى تونۇشقا ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ قۇرەيش قەبىلىسىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى شۈكۈر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتىكى ﴿قُرَيۡشٍ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، «قۇرەيش» قەبىلە نامىدۇر. قۇرەيش قەبىلىسى ئەرەبلەر-نىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۆتىۋەر قەبىلە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ قەبىلىدىن چىققان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿لِإِيلَٰفِ قُرَيۡشٍ ١ إِۦلَٰفِهِمۡ رِحۡلَةَ ٱلشِّتَآءِ وَٱلصَّيۡفِ ٢ فَلۡيَعۡبُدُواْ
رَبَّ هَٰذَا ٱلۡبَيۡتِ ٣ ٱلَّذِيٓ أَطۡعَمَهُم مِّن جُوعٖ وَءَامَنَهُم مِّنۡ
خَوۡفِۭ ٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

**1-4.** قۇرەيشلەر ئوڭايلاشتۇرۇلغانلىقى-قىشلىق ۋە يازلىق سەپىرى ئو-ڭايلاشتۇرۇلغانلىقى(غا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش) ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاچلىقتىن تويغۇزغان، قورقۇنچتىن خاتىرجەم قىلغان بۇ ئۆي (كەئبە)نىڭ

رەببىڭگە ئىبادەت قىلسۇن!

## تەپسىرى

ھەممىگە مەلۇمكى، مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار ئەزەلدىن سۇسىز، ئېكىنسىز، قاقاسلىق جايلاردۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿رَّبَّنَآ إِنِّيٓ أَسۡكَنتُ مِن ذُرِّيَّتِي بِوَادٍ غَيۡرِ ذِي زَرۡعٍ عِندَ بَيۡتِكَ ٱلۡمُحَرَّمِ﴾ يەنى ﴿ئى رەببىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭ (كەئبە)نىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا ئورۇنلاشتۇردۇم﴾[1] دەپ دۇئا قىلغانلىقى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. مەككىنىڭ بۇ مۇھىتى ئۇلارنى تىرىكچىلىك يولىدا تىجارەت قىلىشقا مەجبۇرلىغان. چۈنكى، مەككىدە سۇ بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئەرەبلەر دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك دېگەندەك ئىشلارنى قىلالمايتتى. شۇڭا ئۇلار قىشتا يەمەن تەرەپكە، يازدا شام تەرەپكە سەپەر قىلىپ تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغ كەئبىسى ئورۇنلاشقان مەككە شەھىرىنىڭ پۇقرالىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەتراپتىكى قەبىلىلەر ئۇلارنى ھۆرمەتلەيتتى، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى ۋە چېقىلمايتتى. شۇڭا مەككىلىك ئەرەبلەرنىڭ، خۇسۇسەن، قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ كەئبىنىڭ يۈز-خاتىرىسى بىلەن ئېرىشىدىغانلىرى ۋە ئالىدىغان مەنپەئەتلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. تىجارەت دائىرىسى بارغانچە كېڭىيىپ، ئۇلارنىڭ ئالىدىغان پايدىلىرى تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار قوشنا ئەللەردىكى چوڭ سودىگەرلەر بىلەن سودا كېلىشىملىرىنى تۈزىدىغان دەرىجىگە يەتكەن.

بۇ سۈرىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: قۇرەيش قەبىلىسى ھەرەمنىڭ قوشنىلىرى ۋە مەككە مۇكەررەمە شەھىرىنىڭ پۇقرالىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بارلىق قەبىلىلەر ئۇلارنى ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ، ھەتتا شامغا ۋە يەمەنگە قىلىدىغان قىشلىق ۋە يازلىق تىجارەت سەپەرلىرىدىمۇ يول بويى ئۇلارغا قاراقچىلار تەگمەيدۇ، ئۇلارنى ئاسرايدۇ. ئەھۋال بۇنداق بولغان ئىكەن، قۇرەيشلەر ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كاتتا نېمىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى ھەرقانداق بىر قورقۇنچتىن خاتىرجەم قىلغان، ئاچارچىلىقتىن كېيىن موللۇق ئاتا قىلغان، ئۇلۇغ كەئبىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلسۇن، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلسۇن، بۇتلارغا چوقۇنمىسۇن! چۈنكى، ئۇلار شۇ ئۇلۇغ

---

[1] ئىبراھىم سۈرىسى:37- ئايەت.

كەئبىنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن شەھەرلەر ۋە دۆلەتلەر ئارىسىدا خاتىرجەم ھالدا سودا قىلىدىغان چوڭ كارۋانلارغا ئايلىنىپ قالدى، ئۇلار شۇ ئۇلۇغ كەئبىنىڭ يۈز خاتىرىسى بىلەن ئەتراپتىكى قەبىلىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

ئاللاھ تائالانىڭ مەككە ئەھلىگە قىلغان ئىلتىپاتى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، كەئبىنى ئەبرەھەنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قېلىش ئارقىلىق مەككىلىكلەرنىڭ شان-شەرىپىنى كۆتۈردى ۋە ئۇلارنى باشقىلارنىڭ ھۆر-مىتىگە سازاۋەر قىلدى. چۈنكى، ئەتراپتىكى قەبىلىلەر ئەبرەھە قوشۇنلىرىنىڭ كەئبىنى يىقىتالماي ھالاك بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كەئبىنى تېخىمۇ ئۇلۇغلايدىغان ۋە كەئبىنىڭ قوشنىلىرى بولغان ئەرەبلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان بولغان ئىدى. ئاللاھ تائالا مەككىلىكلەرگە تىجارەتنىڭ يوللىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ، يولنى ئوچۇق قىلىپ، يول بويى قاراقچىلارنىڭ خىرىسلىرىدىن ئۇلارنى ئامان قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ رىزىق يولىنى ئېچىپ بەرگەن. ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاچلىقتىن تويغۇزغان، قورقۇنچتىن خاتىرجەم قىلغان بۇ ئۆي (كەئبە)نىڭ رەببىگە ئىبادەت قىلسۇن!﴾ دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنى ئاچلىقتىن تويغۇزغان، پېقىرلىقتىن باي قىلغان، قورقۇنچتىن ۋە ھەرقانداق خەۋپ-خەتەردىن خاتىرجەم قىلغان زات ئاللاھ تائالادۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشى ۋە شۈكۈر قىلىشى ئىنسانىي ۋە ۋىجدانىي مەجبۇرىيەت ئىدى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ھەربىر ئىنساننىڭ ئىنسانلىق بۇرچىدۇر.

2. ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى ئۇنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلىش شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ، نېمەتنى يامان يولغا ئىشلىتىش نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلغانلىق بولىدۇ.

3. قورسىقىنىڭ توقلۇقى، كۆڭلىنىڭ خاتىرجەملىكى ھەرقانداق بىر نېمەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان كاتتا نېمەتتۇر. ئاللاھ تائالا كىمنى ئاچارچىلىقتىن ساقلىسا، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئامانلىق ئاتا قىلسا، ئۇنىڭغا كاتتا نېمەت ئاتا قىلغان بولىدۇ.

# مائۇن سۈرىسى

مائۇن سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 7 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە ھەق دىننى ئىنكار قىلغۇچىلارغا كايىغان ۋە ئۇلارنىڭ بەزى ئالامەتلىرىنى بايان قىلغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ھەق دىننى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ناچار ئەخلاقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق مۆئمىنلەرنى ئۇلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى ئەڭ ئاخىرقى ئايەتتىكى «ياردەم قىلىنىدىغان نەرسە»، «ئۆتنە-يېرىم قىلىنىدىغان نەرسە» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن ﴿ٱلۡمَاعُونَ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿أَرَءَيۡتَ ٱلَّذِي يُكَذِّبُ بِٱلدِّينِ ١ فَذَٰلِكَ ٱلَّذِي يَدُعُّ ٱلۡيَتِيمَ ٢
وَلَا يَحُضُّ عَلَىٰ طَعَامِ ٱلۡمِسۡكِينِ ٣ فَوَيۡلٞ لِّلۡمُصَلِّينَ ٤ ٱلَّذِينَ هُمۡ
عَن صَلَاتِهِمۡ سَاهُونَ ٥ ٱلَّذِينَ هُمۡ يُرَآءُونَ ٦ وَيَمۡنَعُونَ ٱلۡمَاعُونَ
٧﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-(ئى پەيغەمبەر!) ئاخىرەت كۈنىنى يالغان دېگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟

2-3- ئۇ يېتىمنى دۆشكەلەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر.

**4ـ5ـ شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھالىغا ۋايكى، ئۇلار نامازلىرىدىن بىپەرۋا كىشىلەردۇر.**

**6ـ7ـ ئۇلار رىياكارلىق قىلىدىغان، (يىپ، يىڭنىگە ئوخشاش) ئەڭ ئەقەللىي نەرسىنىمۇ ئۆتنە ـ يېرىم قىلمايدىغان كىشىلەردۇر.**

## تەپسىرى

ئىنسانلارنىڭ قىلغان ياخشى ۋە يامان بارلىق ئەمەللىرىگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدىغان قىيامەت كۈنىنى يالغان دېگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ماڭا بىر ئېيتىپ بەرگىنە، ئۇ كىم؟

ئايەتتىكى سوراق ئىشارىتى ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ۋە ئۇلارنى ماۋزۇغا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئايەتتە مەزكۇر ئىنكار قىلغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكى بايان قىلىنمىغان، ئەمما ئۇنىڭ ئالامەتلىرى كېيىنكى ﴿ئۇ يېتىمنى دۆشكەلەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر﴾ دېگەن ئايەتتە مۇئەييەنلەشتۈ-رۈلگەن. مۇپەسسىرلەر بۇ سۈرىنىڭ كىم ھەققىدە نازىل بولغانلىقى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە قۇرتۇبىي مۇنداق دېگەن: «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ سۈرىنىڭ ئاس ئىبنى ۋائىل ئەل سەھمى دېگەن ئادەم ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن، مۇقاتىل ۋە كەلبىي قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېگەن. زەھھاكنىڭ مۇناپىقلار ئىچىدىن بىر ئادەم ھەققىدە نازىل بولغان دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. سۇددىي ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ سۈرىنى ئەبۇ جەھل ھەققىدە نازىل بولغان دېگەنلەرمۇ، ئەبۇ سۇفيان ھەققىدە نازىل بولغان دېگەنلەرمۇ بار»[1].

باشقىلارنى يوقسۇللارغا تائام بېرىشكە تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ باشقىلارغا تائام بېرىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. دېمەك، ئاخىرەت كۈنىنى ۋە ئۇ كۈندىكى مۇكاپات ۋە جازانى ئىنكار قىلغۇچىنىڭ «قۇرئان كەرىم» دىكى ئالامىتى تۆۋەندىكىچە: ھەق ـ ھوقۇقلارنى ئادا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىش، ئاجىزلارنى ئازارلاش، ياردەمگە موھتاج بولغانلارغا ياردەم قىلىشتىن بېخىللىق قىلىش، نامازنى بىپەرۋالىق، كۆڭۈل قويماسلىق ۋە غاپىللىق بىلەن بولۇشىغا ئوقۇپ قويۇش، دىنغا ئىخلاس قىلماسلىق قاتارلىقلاردۇر. ئايەتتە مۇنداق ئادەم دىنىنى ۋە ئاخىرەت

[1] «تفسير القرطبي» 20ـ توم، 178ـ بەت.

كۈنىنى يالغان دېگەن ئادەم دەپ سۈپەتلەنگەن. چۈنكى، ئۇ ئادەم دىنغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارنىڭ ئىشىنى قىلغان ئادەمدۇر.

يېتىملەرنى دۈشكەلەش ئېغىر گۇناھتۇر. يېتىملەرنىڭ ھالىغا يەتمەسلىك، ئۇلارغا ياردەم قىلماسلىق ۋە ئۇلارنى باغرىغا باسماسلىق ئەسلىدە ئىمانى يوق ئادەملەرنىڭ ئىشىدۇر. چۈنكى، قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمان بولغان ئادەمدە ئەلۋەتتە رەھىم-شەپقەت بولىدۇ. شەكسىزكى، قەلبىدە رەھىم-شەپقەت بولمىغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم-شەپقىتىگە سازاۋەر بولالمايدۇ. يوقسۇللارغا ياردەم قىلمايدىغان، ياردەم قىلىشقا باشقىلارنى تەشەببۇسمۇ قىلمايدىغان ئادەم ياخشىلىقتىن نېسىۋىسى بولمىغان ئادەم بولۇپ، مۆمىنلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىغا ۋە رەھىم-شەپقىتىگە ئېرىشىشى ناتايىن.

ئەمدى نامازغا كەلسەك، ئىسلامنىڭ بىرىنچى پەرزى، ئىماندىن كېيىنكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئەمەلدۇر. نامازنى ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىخلاسى بىلەن ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن بويىچە ئوقۇغان ئادەم ئۇنى ئادا قىلغان بولىدۇ. نامازنى بۇ شەكىلدە ئادا قىلغان ئادەمنى ئوقۇغان نامىزى ھارام ئىشلارنى قىلىشتىن، گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىشتىن توسىدۇ. ﴿وَأَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَۖ إِنَّ ٱلصَّلَوٰةَ تَنۡهَىٰ عَنِ ٱلۡفَحۡشَآءِ وَٱلۡمُنكَرِۗ﴾ يەنى ﴿نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغىن. شەكسىزكى، (مۇكەممەل ئادا قىلىنغان) ناماز قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ﴾[1].

ئايەتتىكى ﴿ٱلۡمَاعُونَ﴾ دېگەن سۆزنى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «چېلەك، كەتمەن، قازان قاتارلىق كىشىلەر بىر-بىرىگە ئارىيەت بېرىپ تۇرىدىغان نەرسىلەر»[2] دەپ تەپسىر قىلغان. مۇجاھىد، سەئىدىي قاتارلىق مۇپەسسىرلەر «زاكات» دەپ تەپسىر قىلغان. تەپسىرى ئىبنى كەسىردە ﴿وَيَمۡنَعُونَ ٱلۡمَاعُونَ﴾ دېگەن ئايەتنى «ئۇلار ئاللاھقا مۇكەممەل ئىبادەت قىلمايدۇ، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ياردەم قىلمايدۇ، ھەتتا ئىشلىتىۋېلىپ قايتۇرۇپ بېرىدىغان نەرسىلەرنىمۇ بېرىپ تۇرمايدۇ. مۆمىنلەرنىڭ زاكاتىنى ۋە باشقا ياردەملەرنى بەرمەيدىغانلىقى تېخىمۇ ئېنىقتۇر»[3] دەپ تەپسىر قىلغان. بىز ﴿ٱلۡمَاعُونَ﴾ دېگەن بۇ سۆزگە ﴿ئەڭ ئەقەللىي ئۆتنە-يېرىم﴾

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى:45- ئايەت.
[2] «تفسير ابن كثير» 8-توم، 496-بەت.
[3] «تفسير ابن كثير» 8- توم، 497- بەت.

دەپ مەنە ئېيتىشنى لايىق كۆردۇق.

بۇ سۈرىدىن شۇنداق بىر مەزمۇن چىقىرىشقا بولىدۇكى، كىشىلەرگە ئۆزىنى سېخىي قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئايىماي پۇل-مال سەرپ قىلىدىغان، ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا قىلچىلىك ياخشىلىق قىلىشقىمۇ بېخىللىق قىلىدىغان ئادەملەر تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئادەملەرنىڭ بىرىدۇر:

بىرىنچىسى، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدىغان ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ خەير-ساخاۋەت قىلغانلارغا ئاخىرەتتە مۇكاپات بېرىدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەدىسىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ياخشىلىق قىلمايدۇ، زاكاتنىمۇ بەرمەيدۇ.

ئىككىنچىسى، ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغان ياكى شەك قىلىدىغان ئادەملەر بولۇپ، شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ يوقسۇل بەندىلىرىگە خالىسانە ياردەم قىلىشنى خالىمايدۇ. ئەگەر قىلسا كىشىلەرگە كۆرسىتىش ۋە ماختىنىش ئۈچۈن قىلىدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلارنى مۇكاپاتلايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغان ئادەملەردۇر. شۇڭا ئۇلار ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئەمەل قىلمايدۇ. بۇ ئۈچ ئىللەتنىڭ ھەممىسى كۇفرىنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، قانداقلا بىر ئادەمدە بۇ ئىللەتتىن بىرەرسى تېپىلسا، ئۇ ئادەمدە كاپىرلىقنىڭ ئالامىتى تېپىلغان بولىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ۋە ياخشى-يامان بارلىق ئەمەللىرى توغرۇلۇق ھېساب بېرىشكە ئىشەنمەيدىغان قەلب ئەڭ خاراب قەلبتۇر.

2. يېتىملەرنىڭ ھەققىنى يەۋالغانلار يېنىپ تۇرغان ئوتنى يېگەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق بولىدۇ.

3. نامازغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

4. بېخىللىق پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ تىلىدا سۆكۈلىدىغان ئەڭ رەزىل ۋە پەس قىلىقتۇر. بېخىللىق مال-دۇنياغا بېخىللىق قىلىشقىلا قارىتىلغان بىر سۆز ئەمەس، بەلكى ياخشىلىق قىلىشقا، چىرايلىق گەپ قىلىشقا، تەبەسسۇم قىلىشقا بېخىللىق قىلغۇچىلارمۇ بېخىللىق كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ.

# كەۋسەر سۈرىسى

كەۋسەر سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 3 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى بايان قىلىدۇ، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بۇنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن ناماز ئوقۇشقا، قۇربانلىق قىلىشقا ۋە خەير-ساخاۋەتنى كۆپ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان كاتتا نېمىتىنى ئەسلىتىش ۋە ئۇنى يامان كۆرىدىغانلارنى نائۈمىد قالدۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿ٱلۡكَوۡثَرَ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇ سۆز «كۆپ ياخشىلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەندەك، ئاخىرەتتىكى «ھەۋزى كەۋسەر» (كەۋسەر كۆلى)نىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿إِنَّآ أَعۡطَيۡنَٰكَ ٱلۡكَوۡثَرَ ١ فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَٱنۡحَرۡ ٢ إِنَّ شَانِئَكَ هُوَ ٱلۡأَبۡتَرُ ٣﴾

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1- (ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق.

2- شۇڭا سەن رەببىڭ (نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش) ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن.

3- ھەقىقەت شۇكى، نام-نىشانسىز قالىدىغان كىشى ساڭا ئۆچمەنلىك

قىلغان كىشىنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

### تەپسىرى

مۇشرىك ئەرەبلەر ھەقىقەت ۋە ياخشىلىق پەقەت پەرزەنتلىرى، تەرەپدارلىرى ۋە مال-دۇنياسى كۆپ بولغانلارنىڭ تەرىپىدە بولىدۇ، دەپ ئويلىغانلىقتىن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ سان جەھەتتىكى ئازلىقىنى، پۇل-مال جەھەتتىكى يوقسۇللۇقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ شەنىنى كىچىك سانايتتى، ئۇلارنى خار كۆرەتتى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ۋاپات بولغان چاغدا، ئۇلار «ئەمدى مۇھەممەدنىڭ نەسلى ئۈزۈلدى، ئۇ ئۆلسە، ئۇنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ نام-نىشانىسى قالمايدۇ» دېيىشكەن ئىدى. مۇناپىقلارمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قىيىنچىلىقتا ۋە يوقسۇللۇقتا ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر-بىرىگە «سىلەر ئازراق كۈتۈپ تۇرۇڭلار، مۇسۇلمانلار مۇھەممەدنىڭ ئۆلۈمى بىلەن پات يېقىندا تۈگىشىدۇ» دەيتتى. بۇ سەۋەبتىن بەزى يوقسۇل مۇسۇلمانلار تولىمۇ بىئارام بولاتتى. شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى نازىل قىلىش ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك نۇرغۇنلىغان ياخشىلىقلارغا ۋە قەتئىي ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان شان-شەرەپكە ئېرىشكەنلىكىنى، تا قىيامەتكىچە مەدھىيە بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان نام-نىشانغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە جەننەتتىكى سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن تاتلىق ھەۋزى كەۋسەرنىڭ ئۇنىڭغا خاس قىلىنغانلىقىنى، بارچە ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالغانلار ۋە نام-نىشانىسى قالمايدىغانلار، ئەمەلىيەتتە نەسلى قۇرۇپ كېتىدىغانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەن بولغان ۋە ئۇنىڭغا ھەسەت قىلغان كاپىرلار ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان.

مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى ﴿ٱلۡكَوۡثَرَ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى، قىيامەت كۈنى مۇئمىنلەر ھېساب مەيدانىدىكى قاتتىق ئىسسىقتىن سۇغا تەشنا بولغاندا ئىچىپ راھەتلىنىدىغان «ھەۋزى كەۋسەر» (كەۋسەر كۆلى) دەپ تەپسىر قىلغان. يەنە بەزىسى، كۆپ ياخشىلىق دەپ تەپسىر قىلغان. ئايەتنى «ھەۋزى كەۋسەر» دەپ تەپسىر قىلغاندا، ئۇنىڭ مەنىسى: «ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا ئاخىرەتتىكى كەۋسەر كۆلىنى ئاتا قىلدۇق» دېگەنلىك بولىدۇ. ئايەتنى كۆپ ياخشىلىق دەپ تەپسىر قىلغاندا، ئۇنىڭ مەنىسى: «ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا نۇرغۇنلىغان ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ﴿ٱلۡكَوۡثَرَ﴾ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاخىرەتتە ئاتا قىلىنىدىغان مەخسۇس كۆلنىڭ ئىسمىدۇر، دېگەن قاراشنى كۈچلەندۈرگەن[1]. ئەمما قۇرتۇبىي مۇنداق دېگەن: «﴿ٱلۡكَوۡثَرَ﴾ كۆپ دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، ئەرەبلەر سانى، قىممىتى ياكى خەتىرى كۆپ بولغان ھەرقانداق نەرسىنى كەۋسەر دەپ ئاتايدۇ. مۇپەسسىرلەر ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان كەۋسەر توغرۇلۇق ئىختىلاپلىشىپ، ئون ئالتە خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇلار: ئاخىرەتتىكى كۆل، قىيامەت كۈنى ھېساب مەيدانىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئۇممەتلىرى سۇغىرىلىدىغان كۆل، پەيغەمبەرلىك، قۇرئان، ئىسلام، شەرىئەتتىكى ئوڭايلىق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلىدىغان شاپائەت قىلىش رۇخسىتى قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ توغرا قاراش بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قاراشتۇر. چۈنكى، ئۇلار توغرۇلۇق ھەدىس كەلگەن»[2]. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى «ساڭا بۇ دۇنيادا غەلىبە، نۇسرەت قاتارلىق كۆپلىگەن ياخشىلىقلارنى، ئاخىرەتتە بولسا ھەۋزى كەۋسەرنى ئاتا قىلدۇق» دەپ تەپسىر قىلغان.

ئى پەيغەمبەر! شەكسىزكى، بىز ساڭا نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى، دۇنيادا ھېچكىمگە بېرىلمىگەن شان-شەرەپلەرنى ئاتا قىلدۇق. بىز سېنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتمىدۇقمۇ؟ سېنىڭ دىنىڭنى ساماۋى دىنىنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسى قىلىپ، ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىغا كاپالەت قىلىدىغان ئەڭ مۇكەممەل دىن قىلمىدۇقمۇ؟ ساڭا نازىل بولغان قۇرئاننى تا قىيامەتكە قەدەر ھەقىقەتنىڭ دەستۇرى قىلمىدۇقمۇ؟ سېنى جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلى، سېنىڭ ئۈممىتىڭنى بارلىق ئۈممەتلەرنىڭ ياخشىسى قىلمىدۇقمۇ؟ سېنىڭ نام-نىشانىڭنى تا قىيامەتكىچە يادلىنىدىغان، ساڭا ھەر كۈنى دۇرۇد-دۇئالار يوللىنىپ تۇرىدىغان قىلمىدۇقمۇ؟ شەكسىزكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ساڭا ئاتا قىلىنغان ياخشىلىقلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سەن ئى پەيغەمبەر! رەببىڭگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ناماز ئوقۇغىن، قۇربانلىق قىلغىن، رەببىڭنىڭ ئۆزىگىلا تايانغىن، ئۇنىڭ ياردىمىنى تىلىگىن. چۈنكى، رەببىڭ ئەڭ ياخشى مەدەتكار ۋە ئەڭ ياخشى ياردەم قىلغۇچىدۇر. ئەمما سېنى يامان كۆرىدىغانلارنىڭ،

---

[1] «تفسير الطبري» 24- توم، 649- بەت.

[2] «تفسير القرطبي» 20- توم، 92-93- بەتلەر.

ساڭا ھەسەت قىلىدىغانلارنىڭ نام-نىشانىسى قالمايدۇ، ئۇلارنى ھېچكىم ياخشى سۆزلەر بىلەن ياد قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ياخشىلىقتىن ھېچقانداق نېسىۋىسى يوقتۇر.

ئايەتتىكى ﴿ٱلْأَبْتَرُ﴾ دېگەن سۆز «بتْر» دېگەن سۆزنىڭ سۆز يىلتىزىدىن بولۇپ، «ئۈزۈلگەن» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. تىلشۇناسلار ﴿ٱلْأَبْتَرُ﴾ دېگەن سۆزنى بالىسى يوق ئادەم، قۇيرۇقى كېسىك ھايۋان دېگەن مەنىلەردە كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئايەتتىكى ﴿ٱلْأَبْتَرُ﴾ ھېچبىر نام-نىشانىسى قالمىغان، قەتئىي تىلغا ئېلىنمايدىغان بولۇپ قالغاننى ۋە نەسلى قۇرۇپ كەتكەنلىكنى ئىپادىلەيدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ كاتتا نېمىتىگە ۋە ئالاھىدە ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن پەيغەمبەردۇر. ئاخىرەتتىكى ھەۋزى كەۋسەر پەيغەمبىرىمىزگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلىدىغان كاتتا ئىنئامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەۋزى كەۋسەرنى مۇنداق سۈپەتلىگەن: «حَوْضِي مَسِيرَةُ شَهْرٍ ، مَاؤُهُ أَبْيَضُ مِنَ اللَّبَنِ ، وَرِيحُهُ أَطْيَبُ مِنَ الْمِسْكِ ، وَكِيزَانُهُ كَنُجُومِ السَّمَاءِ ، مَنْ شَرِبَ مِنْهَا فَلاَ يَظْمَأُ أَبَدًا» يەنى «ماڭا ئاتا قىلىنىدىغان ھەۋزى كەۋسەرنىڭ كۆلىمى بىر ئايلىق مۇساپە بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيى سۈتتىن ئاق، ئىپاردىن خۇشپۇراقتۇر، ئۇنىڭ جاملىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك پارقىراقتۇر، ئۇنىڭدىن بىر قېتىم ئىچكەن ئادەم مەڭگۈ ئۇسساپ قالمايدۇ»[1].

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ دىنىغا دۈشمەن بولغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خارلىققا مەھكۇمدۇر.

3. ھەرقانداق بىر ئەمەل-ئىبادەتنىڭ جېنى ئىخلاستۇر. شۇڭا ئىخلاسسىز قىلىنغان ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ قىلچىلىك قىممىتى يوقتۇر.

4. ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇش ۋە قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپتۇر.

[1] «صحيح البخاري» 8-توم، 119-بەت، 6579 - ھەدىس.

# كافىرۇن سۈرىسى

كافىرۇن سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 6 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرە كاپىرلارنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرسىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىبادەتنى ئاللاھ تائالاغا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بولغان ئىبادەتلەرنى مەخلۇقاتقا قىلىشنىڭ ئازغۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ۋە ئىمان بىلەن كۇفرى ئوتتۇرىسىغا چەك قويۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتىكى «كاپىرلار» دېگەن مەنىدە كەلگەن ﴿ٱلۡكَٰفِرُونَ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿قُلۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡكَٰفِرُونَ ١ لَآ أَعۡبُدُ مَا تَعۡبُدُونَ ٢ وَلَآ أَنتُمۡ
عَٰبِدُونَ مَآ أَعۡبُدُ ٣ وَلَآ أَنَا۠ عَابِدٞ مَّا عَبَدتُّمۡ ٤ وَلَآ أَنتُمۡ عَٰبِدُونَ
مَآ أَعۡبُدُ ٥ لَكُمۡ دِينُكُمۡ وَلِيَ دِينِ ٦﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ2ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرگە مەن چوقۇنمايۋاتىمەن.

3ـ سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايۋاتىسىلەر.

4ـ (بۇنىڭدىن كېيىنمۇ) سىلەر چوقۇنغان نەرسىلەرگە مەن چوقۇنغۇچى

ئەمەس.

5. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلغۇچى ئەمەس.

6. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزۈم ئۈچۈندۇر».

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىۋاتقان، ھەقىقەتكە قارشى تۇرۇشنى ئادەت ھالىغا كەلتۈرۈۋالغان ئاشۇ كاپىرلارغا كەسكىن قىلىپ ئېيتقىنكى، ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇت، ھەيكەل قاتارلىق نەرسىلەرگە مەن ھەرگىز چوقۇنمايۋاتىمەن. چۈنكى، سىلەر بۇ نەرسىلەرگە چوقۇنۇپ، ئۇلاردىن شاپائەت ۋە ياردەم تىلەيسىلەر، ئۇ نەرسىلەرنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىپ قوشۇۋاتىسىلەر. ئەمما مەن ھەممىنى ياراتقان، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىگە قادىر، ئىبادەت قىلىنىشقا تولىمۇ لايىق بولغان، يېگانە ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىۋاتىمەن، ئاللاھ تائالا ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەس، ئۇنىڭغا سىلەردەك بۇتلارنى شاپائەتچى قىلىۋېلىش بىلەن ئەمەس، پەقەت چىن ئىخلاس ۋە توغرا ئىبادەت بىلەنلا يېقىنلاشقىلى بولىدۇ. ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەر بىلەن مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھ تائالانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بار. چۈنكى، سىلەر مەبۇد ئەمەس نەرسىلەرگە چوقۇنۇۋاتىسىلەر، مەن بولسام ئىبادەتكە تامامەن ھەقلىق بولغان ھەقىقىي ئىلاھقا ئىبادەت قىلىۋاتىمەن.

ئى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشنى ئادەت ھالىغا كەلتۈرۈۋالغان كاپىرلار! مەن بۇنىڭدىن كېيىنمۇ سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرگە ھەرگىز چوقۇنمايمەن، سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلمايسىلەر.

ئەللامە ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «بۇ سۈرە مۇشرىكلارنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشتەك قىلمىشلىرىنى قەتئىي رەت قىلىدىغان ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان سۈرە بولۇپ، ﴿ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرگە مەن چوقۇنمايۋاتىمەن﴾ دېگەن ئايەت گەرچە قۇرەيش كاپىرلىرىغا قارىتىلغان بولسىمۇ، ئۇ يەر يۈزىدىكى بارلىق كاپىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بايان قىلىنىشىچە، مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ‹سەن بىزنىڭ بۇتلىرىمىزغا بىر يىل چوقۇنغىن، بىزمۇ سېنىڭ ئىلاھىڭغا بىر يىل ئىبادەت قىلايلى›

دېگەن تەلەپنى قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى نازىل قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كاپىرلارنىڭ دىنىنى ۋە تەلەپلىرىنى پۈتۈنلەي رەت قىلىشقا بۇيرۇغان. ﴿لَآ أَعْبُدُ مَا تَعْبُدُونَ﴾ يەنى مەن سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا ۋە ھەرقانداق ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنمايۋاتىمەن. ﴿وَلَآ أَنتُمْ عَٰبِدُونَ مَآ أَعْبُدُ﴾ يەنى سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان يېگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايۋاتىسىلەر. ﴿وَلَآ أَنَا۠ عَابِدٌ مَّا عَبَدتُّمْ﴾ يەنى مەن ئىبادەتنى سىلەردەك قىلمايمەن، سىلەرگە ئەگەشمەيمەن، سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىش ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلمايمەن، مەن پەقەت ئاللاھ رازى بولىدىغان ۋە ئۇزى ياقتۇرىدىغان ئۇسۇل بىلەن ئىبادەت قىلىمەن. ﴿وَلَآ أَنتُمْ عَٰبِدُونَ مَآ أَعْبُدُ﴾ يەنى سىلەر ئىبادەتتە مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ۋە شەرىئىتىگە ئەگەشمەيسىلەر. چۈنكى، ئۆزلۈكۈڭلاردىن بىر نەرسىلەرنى ئىبادەت دەپ تاللىۋالدىڭلار. ﴿لَكُمْ دِينُكُمْ وَلِىَ دِينِ﴾ يەنى سىلەرنىڭ كاپىرلىقىڭلار ئۆزۈڭلارغا، مېنىڭ مۇسۇلمانلىقىممۇ ئۆزۈمگىدۇر. بۇ ئايەت مۇنۇ ئايەتلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ: ﴿وَإِن كَذَّبُوكَ فَقُل لِّى عَمَلِى وَلَكُمْ عَمَلُكُمْ ۖ أَنتُم بَرِيٓـُٔونَ مِمَّآ أَعْمَلُ وَأَنَا۠ بَرِىٓءٌ مِّمَّا تَعْمَلُونَ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇلار يەنە سېنى يالغانغا چىقارسا: «مېنىڭ قىلغان ئەمەلىم ئۆزۈم ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەلىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، سىلەر مېنىڭ قىلغان ئەمەلىمدىن جاۋابكار ئەمەس، مەنمۇ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن جاۋابكار ئەمەس» دېگىن﴾[1]، ﴿لَنَآ أَعْمَٰلُنَا وَلَكُمْ أَعْمَٰلُكُمْ﴾ يەنى ﴿بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر﴾ [2] »[3].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارغا قىلىنغان ۋەز-نەسىھەت پايدىسىزدۇر.

2. دىندا مۇستەھكەم تۇرۇش، كاپىرلارنىڭ ئارزۇسىغا ماسلاشماسلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ گۈزەل خىسلەتلىرىدىن بىرىدۇر.

3. ئىمان بىلەن كۇفرى ئوتتۇرىسىدىكى چەك-چېگراغا رىئايە قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ يۈكسەك مەسئۇلىيىتىدۇر.

---

[1] يۇنۇس سۈرىسى: 41- ئايەت.

[2] قەسەس سۈرىسى:55- ئايەت.

[3] «تفسير ابن كثير» 8- توم، 507- بەت.

# نەسر سۈرىسى

نەسر سۈرىسى مەدىنىدە نازىل بولغان، 3 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە ئىلاھىي ياردەمنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ قەلبى ئىسلامغا ئېچىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلامغا توپ-توپ بولۇپ كىرىدىغانلىقى قاتارلىق بېشارەتلەر بېرىلگەن. ئاخىرىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەپ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىشقا بۇيرۇلغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىسلام دىنىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈك قازىنىدىغانلىقى، مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بېرىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغا ئاز قالغانلىقىغا ئىشارەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتىكى «ياردەم» مەنىسىدە كەلگەن ﴿نَصۡرُ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿إِذَا جَآءَ نَصۡرُ ٱللَّهِ وَٱلۡفَتۡحُ ١ وَرَأَيۡتَ ٱلنَّاسَ يَدۡخُلُونَ فِي دِينِ
ٱللَّهِ أَفۡوَاجٗا ٢ فَسَبِّحۡ بِحَمۡدِ رَبِّكَ وَٱسۡتَغۡفِرۡهُۚ إِنَّهُۥ كَانَ تَوَّابَۢا ٣﴾

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-3. (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھنىڭ نۇسرىتى كېلىپ، پەتھى ئەمەلگە ئاشقان ۋە سەن كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىغا توپ-توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگەن چاغدا، رەببىڭنى مەدھىيەلەش بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. چۈنكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر.

## تەپسىرى

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ۋە ئىسلام دىنىنىڭ شارائىتىدىن نېسىۋە ئېلىشىغا، شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە بەكمۇ ھېرىسمەن ئىدى، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ، جۈملىدىن بارلىق ئەرەبلەرنىڭ، خۇسۇسەن، قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى تولىمۇ ئارزۇلايتتى، بۇ يولدا قولىدىن كەلگەنىنىڭ ھەممىنى قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلىقى ئېتىبارى بىلەن كېلەچەكتە بولىدىغان ئىشلارنى بىلمىگەنلىكتىن، كاپىرلارنىڭ ئىسلام دەۋىتىگە قارشى قىلىۋاتقان سۇيىقەستلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىشى قاتارلىق ئەھۋاللاردىن تولىمۇ بىئارام بولاتتى، دەۋەتنىڭ كېلەچىكىدىن ئەنسىرەيتتى. بۇ سۈرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق بىئاراملىقتىن يىراق تۇرۇشىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدىنى ئۈزمەسلىكىنى تەكىتلىگەن. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنى تەۋبە- ئىستىغپار ئېيتىشقا بۇيرۇغان.

ئى پەيغەمبەر! سەن ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە نۇسرىتى ساڭا كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ يېپىق قەلبلەرنى ۋە شەھەرلەرنى ئىسلامغا ئېچىۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا توپ-توپ بولۇپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چېغىڭدا، رەببىڭنى ئۇلۇغلىغىن، مەدھىيىلىگىن، ئۇنى بارچە نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن پاك دەپ ياد ئەتكىن. چۈنكى، سېنىڭ رەببىڭ بۇنىڭغا ۋە بۇنىڭدىنمۇ زىيادىسىگە ئەلۋەتتە لايىقتۇر. بارلىق گۇناھلىرىڭ ئۈچۈن رەببىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. چۈنكى، رەببىڭ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچى، تەۋبە قىلغۇچىنى ناھايىتى كەچۈرگۈچى زاتتۇر.

مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، بۇ سۈرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجىلىنىڭ ئاز قالغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىسلامغا توپ-توپ بولۇپ كىرگەنلىكى ۋە مەككىنىڭ پەتھى قىلىنغانلىقى قاتارلىق چوڭ غەلىبىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى تاماملىنىپ، ئۇنىڭ رەببىگە ئۇچرىشىدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىگە ئىشارەت قىلاتتى. بەزى ساھابىلەر بۇنى مۇشۇ سۈرە نازىل بولغان ۋاقتىدىلا چۈشەنگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىدىغانلىقىغا چىداپ تۇرالماي قاتتىق يىغلاپ كەتكەن»[1].

---

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 914- بەت.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿إِذَا جَآءَ نَصۡرُ ٱللَّهِ وَٱلۡفَتۡحُ﴾ دېگەن سۈرە نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نُعِيَتْ إِلَيَّ نَفْسِي ، بِأَنَّهُ مَقْبُوضٌ فِي تِلْكَ السَّنَةِ» يەنى «كۆڭلۈم ماڭا ئۆلۈم خەۋىرىمنى بىرىۋاتىدۇ، مەن بۇ يىل ۋاپات بولىدىغاندەك تۇرىمەن»[1] دېگەن. ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿إِذَا جَآءَ نَصۡرُ ٱللَّهِ وَٱلۡفَتۡحُ﴾ دېگەن سۈرە نازىل بولغاندىن كېيىن، ئۇ نامازلىرىنىڭ رۇكۇلىرىدا ‹سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ رَبَّنَا وَبِحَمْدِكَ ، اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي إِنَّكَ أَنْتَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ› يەنى ‹ئى رەببىمىز! سەن پاكتۇرسەن، ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، ئى ئاللاھ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، شەكسىزكى، سەن ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغان بەندىلىرىڭنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى بەك مەغپىرەت قىلغۇچىسەن ۋە ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىبانسەن› دېگەن دۇئانى كۆپ ئوقۇيدىغان بولغان»[2].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئىنسانلارنىڭ ھىدايەت تېپىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا پۇتونلەي كىرىشى ئىدى.

2. ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش ھەرقانداق ۋاقىتتا تەلەپ قىلىنغان بولسىمۇ، تىلەكلەر ئەمەلگە ئاشقان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش تېخىمۇ زۆرۈردۇر. بۇ بىر ۋاپادارلىق بۇرچىدۇر. چۈنكى، ئىنسان بېشىغا كۈن كەلگەن چاغدىلا ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلماستىن، خۇشاللىق ۋە خاتىرجەم كۈنلىرىدىمۇ ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇماسلىقى لازىم. ئىنسان شۇنداق قىلسا، ئاللاھ تائالامۇ ئۇنى ئۇنىڭ قاتتىق كۈنلىرىدە ئۇنتۇپ قالماي ياردەم قىلىدۇ.

3. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بايان قىلىشىچە، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى، مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا توپ-توپ بولۇپ كىرىشىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجىلىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

---

[1] «مسند الإمام أحمد» 3- توم، 366- بەت، 1873-ھەدىس.

[2] «مسند الإمام أحمد» 6- توم، 207- بەت، 3683-ھەدىس.

# مەسەد سۈرىسى

مەسەد سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 5 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەن بولغان كاپىرلاردىن ئەبۇ لەھەب ۋە ئۇنىڭ ئايالى سۆكۈلگەن.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىسلام دەۋىتىگە قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئازابقا ۋە خارلىققا مەھكۇم بولىدىغانلىقى، خۇسۇسەن، ئەبۇ لەھەب بىلەن ئايالىنىڭ دوزاختىن ئورۇن ئالىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى ئاخىرقى ئايەتتىكى «مەھكەم ئېشىلگەن» دېگەن مەنىدىكى ﴿مَّسَدِۭ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿تَبَّتۡ يَدَآ أَبِي لَهَبٖ وَتَبَّ ١ مَآ أَغۡنَىٰ عَنۡهُ مَالُهُۥ وَمَا كَسَبَ ٢
سَيَصۡلَىٰ نَارٗا ذَاتَ لَهَبٖ ٣ وَٱمۡرَأَتُهُۥ حَمَّالَةَ ٱلۡحَطَبِ ٤ فِي جِيدِهَا
حَبۡلٞ مِّن مَّسَدِۭ ٥﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى (ئۆزى) ھالاك بولسۇن! (ئەمەلىيەتتە) ئۇ ھالاك بولدى.

2ـ ئۇنىڭغا مال ـ مۈلۈكى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى.

3ـ ئۇ ئۇزاققا قالماي لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ.

4ـ5ـ ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئوتۇن يۈدۈگەن، بوينىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولغان ھالدا (لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا) كىرىدۇ.

## نازىل بولۇش سەۋەبى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە كىشىلەرنى ئىسلامغا ئاشكارا دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇلغاندىن كېيىن، دەۋەتنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئېلىپ بارغان ئىدى. بەزىدە ئېگىز جايلارغا چىقىپ تۇرۇپ، كىشىلەرنى ئىمانغا دەۋەت قىلاتتى، بەزىدە كىشىلەرنى ئۆيىگە چاقىرىپ، ئۇلارنى مېھمان قىلىپ دىنغا دەۋەت قىلاتتى، بەزىدە ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنى بىر- بىرلەپ ئىسلامغا دەۋەت قىلاتتى.

ئىمام بۇخارىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى بەتھا دېگەن جايغا بېرىپ تاغقا چىقتى. ئاندىن ‹ئى خالايىق!› دەپ نىدا قىلىۋىدى، قۇرەيش قەبىلىسىدىكىلەر توپلاندى، ئاندىن ئۇلارغا: ‹ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر مەن «ئەتىگەندە ياكى ئاخشامدا سىلەرگە دۈشمەن ھۇجۇم قىلىدۇ» دېسەم، سىلەر ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟› دېدى. ئۇلار: ‹ساڭا ئەلۋەتتە ئىشىنىمىز› دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹مەن سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن› دېۋىدى. ئەبۇ لەھەب ‹سەن بىزنى بۇ يەرگە مۇشۇ گەپ ئۈچۈن چاقىردىڭمۇ؟ ھالاك بولۇپ كەتكىن!› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ﴿تَبَّتۡ يَدَآ أَبِي لَهَبٖ وَتَبَّ﴾ دېگەن سۈرىنى نازىل قىلدى»[1].

## تەپسىرى

﴿ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن!﴾ يەنى ئەبۇ لەھەبكە لەنەت بولسۇن! ئۇ زىيان ئىچىدە ھالاك بولسۇن! ئۇنىڭ ھىلە-مىكىرلىرى بەربات بولسۇن! مانا بۇ ئەبۇ لەھەبكە ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتى ۋە غەزىپىدۇر. ئەمەلىيەتتە، ئەبۇ لەھەب ھالاك بولدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى جەڭدە يېڭىلدى، ئۇنىڭ ئىسلام دەۋىتىنى توسۇپ قېلىش ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن خەجلىگەن پۇل-مېلى ۋە ئىشلەتكەن ھىيلە-مىكىرلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى.

ئەبۇ لەھەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى بولۇپ، ئۇنىڭ

---

[1] «صحيح البخاري» 6ـتوم، 180ـبەت، 4972ـھەدىس.

ئىسمى ئابدۇل ئۇززا ئىدى. ئۇززا ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر بۇتلىرىدىن بىرىنىڭ نامى ئىدى. ئەبۇ لەھەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىك قىلغان شەخس بولۇپ، ئۇ ئايالى بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى يالغانغا چىقىرىش ۋە كىشىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يالغانچى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن تۇرماستىن، هارماستىن تىرىشاتتى، ئۇلار قولىدىن كەلگەن يامانلىقلارنىڭ ھەممىنى قىلغان ئىدى. ئەبۇ لەھەب بىلەن ئايالىنىڭ بۇ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قىيامەت كۈنى لاۋۇلداپ تۇرغان دوزاخ ئوتىدا قاتتىق ئازابلاش بىلەن جازالايدىغانلىقىنى جاكارلىغان. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەق ۋە راستتۇر.

مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، ئەبۇ لەھەبنىڭ ئايالى ئۇممۇ جەمىل (ئەسلى ئىسمى ئەرۋا) ئەبۇ سۇفيانىنىڭ سىڭلىسى بولۇپ، ئېرى بىلەن بىرلىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت يەتكۈزەتتى. مۇجاھىد، ئىكرىمە، سۇددىي، قەتادە قاتارلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇ ئايال كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا گەپ توشۇپ يۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دۈشمەنلىك ئۇرۇقىنى چاچاتتى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆتىدىغان يوللارغا تىكەنلەرنى تاشلاپ قوياتتى. سەئىد ئىبنى مۇيەسسەيەب مۇنداق دېگەن: «ئۇ ئايالنىڭ بوينىدا قىممەت باھالىق بويۇنچۇقى بولۇپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زىيان يەتكۈزۈش يولىدا سەرپ قىلىشقا ئاتىغان. شۇڭا ئاللاھ ئۇنىڭ بوينىدىكى بويۇنچاقنى مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچىغا ئۆزگەرتىپ جازالايدىغانلىقىنى بايان قىلغان»[1].

نەتىجىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جان-جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇپ، بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ بىلەن ناھەق ئېلىشقان ئەبۇ لەھەب تاقىيامەتكىچە بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ تىلىدا لەنەتلىنىشكە ۋە ئاخىرەتتە لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا تاشلىنىپ ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقى بىلەن ئازابلىنىشقا مەھكۇم قىلىنغان.

«قۇرئان كەرىم» بۇ سۈرىدە ئەبۇ لەھەبنىڭ كاپىر پېتى ئۆلىدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىن خەۋەر بەرگەن بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە، ئىمان ئېيتماي كاپىر پېتى ئۆلۈش ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆزى توغرۇلۇق ئالدىن بەرگەن خەۋىرىنى ئىختىيارسىز ھالدا تەستىقلىغان بولدى. چۈنكى، ئاللاھ

[1] «تفسير الطبري» 24-توم، 678-بەت.

تائالا ئۇنىڭغا ھىدايەت ئاتا قىلمىغاندەك، ئۆزىنىڭ ئىسلامغا قارشى دۈشمەنلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن ئەقلىمۇ بەرمىگەن. ناۋادا ئەبۇ لەھەب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى توسۇش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە-تەدبىر ۋە ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا، خالايىقنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «مۇھەممەد مىنىڭ ئىمان ئېيتماي، كاپىر پېتى ئۆلىدىغانلىقىمنى ۋە ئاخىرەتتە دوزاخقا كىرىدىغانلىقىمنى ئېيتتى، يەنە ئۇ ئىمان ئېيتقان كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن ھازىر ئىمان ئېيتتىم، نەتىجىدە دوزاخقا كىرمەيدىغان بولدۇم» دەپ يالغاندىن بولسىمۇ، ئۆزىنى ئېلان قىلغان بولسا ئىدى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالدىن بەرگەن خەۋىرىنى يالغان دەپ تۆھمەت قىلىشقا قادىر ئىدى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا شۇنى پىلانلىغۇدەك ئەقىل بەرمىدى. نەتىجىدە، ئۇ خۇددى «قۇرئان كەرىم» ئالدىن خەۋەر بەرگەندەك كاپىر پېتى ئۆلدى.

ئۆلىمالار مۇنداق دېگەن: «بۇ سۈرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئوپئوچۇق دەلىل ۋە روشەن مۆجىزە بار. چۈنكى، ﴿ئۇ ئۇزاققا قالماي لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئوتۇن يۈدۈگەن، بوينىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولغان ھالدا (لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا) كىرىدۇ﴾ دېگەن ئايەتلەر نازىل قىلىنغاندىن بېرى، بۇ ئايەتلەر ئەبۇ لەھەب بىلەن ئايالىنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىپ كەلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلار ياكى ئۇلارنىڭ بىرەرسى ئىمان ئېيتمىدى، ئۇلار يا ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن، يا راست ياكى يالغاندىن بولسىمۇ ئىمان ئېيتىپ باقمىدى. مانا بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئەڭ چوڭ دەلىل ۋە روشەن مۆجىزىدۇر»[1].

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ۋەقەلىكلەر ھەققىدە ئالدىن خەۋەر بېرىشتەك مۆجىزىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭدا بەزى ئاجايىب ئىشلارنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىلگەن. «قۇرئان كەرىم» نازىل بولغان زامانلاردا بىراۋ بۇ ئىشلار توغرۇلۇق ئېغىز ئاچسا ئۇ چوقۇم ساراڭ دەپ ئەيىبلەنگەن بولاتتى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇرۇنقىلارنىڭ ئەقلى يەتمىگەن ئىشلارنىڭ بەزىلىرى تەرەققىي قىلغان ئىلىم-پەن سايىسىدا مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، يەنە نۇرغۇنلىرى كەلگۈسىدە ئوتتۇرىغا چىققۇسى. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىسى تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ.

---

[1] «تفسير ابن كثير» 8- توم، 517- بەت.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلامنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئەبۇ لەھەبنىڭ ھالاك بولۇشى ئىسلامغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئىلىپ بېرىلغان سۇيىقەستلەرنىڭ بەربات بولۇشىنىڭ بېشارىتى ئىدى.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا لايىق بولغانلارنىڭ بايلىقى ياكى مەنسىپى ئۇلارنى ئازابتىن توسۇپ قالالمايدۇ.

3. مۇئمىنلەرگە ئازار بېرىش كاپىرلارنىڭ قىلىقىدۇر.

4. كاپىر بىلەن مۇئمىننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. چۈنكى، گەرچە ئەبۇ لەھەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى بولسىمۇ، ئىمان ئېيتمىغانلىقتىن دوزاخقا مەھكۇم بولغان.

# ئىخلاس سۈرىسى

ئىخلاس سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 4 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ بىردىنبىر تەۋھىد سۈرىسى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى ئىخچام بايان قىلغان سۈرىدۇر. تەۋھىد ئەقىدىسى ئىسلامنىڭ ئاساسى، ئىماننىڭ نېگىزىدۇر. ئىمام بۇخارىي ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ إِنَّهَا لَتَعْدِلُ ثُلُثَ الْقُرْآنِ» يەنى «جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىخلاس سۈرىسى قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭدۇر»[1]. بۇ ئىخلاس سۈرىسىنى بىر قېتىم ئوقۇغان ئادەم «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئوقۇغاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ يەككە-يېگانە ۋە تەڭداشسىز ئىلاھ ئىكەنلىكىنى، بارچە نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى ئەمەل-ئىبادەتنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىش ۋە ھەر ئىشتا سەمىمىي بولۇش دېگەن مەنىدە «ئىخلاس» دەپ ئاتالغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿قُلۡ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ ١ ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ ٢ لَمۡ يَلِدۡ وَلَمۡ يُولَدۡ ٣ وَلَمۡ يَكُن لَّهُۥ كُفُوًا أَحَدُۢ ٤﴾

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

[1] «صحيح البخاري» 6-توم، 189-بەت، 5013 ـ ھەدىس.

1ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، ئۇ ئاللاھ بىردۇر.

2ـ ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر.

3ـ ئۇ بالىلىق بولغانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس.

4ـ ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش ئەمەس.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

قەتادە، زەھھاك ۋە مۇقاتىل مۇنداق دېگەن: «بىر كۈنى مۇشرىكلاردىن بىر قانچە نەپەر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئاللاھنى سۈپەتلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشۇدى، شۇ چاغدا ئاللاھ بۇ سۈرىنى نازىل قىلدى»[1].

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسى جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق ئەقىدىسى، ساماۋى دىنىنىڭ ئاساسى ۋە ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنىڭ يادروسىدۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە كەلگەن جىمى پەيغەمبەرلەر كىشىلەرنى «ئاللاھ بىردۇر، ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى ياكى ياردەمچىسى يوقتۇر» دەپ ئېتىقاد قىلىشقا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغان.

ئى پەيغەمبەر! سەندىن ئاللاھ تائالا توغرۇلۇق سورىغانلارغا ئېيتقىنكى، ئى ئىنسانلار! سىلەر قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولغان ئۇ ئاللاھ يەككە-يېگانە ئىلاھتۇر، ئۇ زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىدە يېگانە بولۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ھەممە مەخلۇقات ئۇنىڭغا موھتاجدۇر، ئەمما ئۇ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس، ھەممىدىن بىھاجەتتۇر.

بۇ سۈرىدە سۆزنى ﴿هُوَ﴾ يەنى ﴿ئۇ﴾ دېگەن ئالماش بىلەن باشلاشتىن مەقسەت كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى مۇھىم بىر مەسىلىگە قارىتىش ئۈچۈن بولۇپ، مەزكۇر مۇھىم مەسىلە ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىبان قىلىشتۇر.

---

[1] «أسباب النزول للواحدي» 242ـ بەت.

ئاللاھ تائالا ھېچبىر مەخلۇقاتىغا ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش ئوغلى ياكى قىزى ياكى ئاتىسى ۋەياكى ئانىسى بولۇشتىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر. چۈنكى، تۇغۇلۇش، بالىلىق بولۇش دېگەنلەر مەخلۇقاتقا خاس سۈپەتلەردۇر. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ھېچبىر مەخلۇقاتقا ئوخشىمايدۇ. ﴿ئۇ باللىق بولغانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس﴾ دېگەن ئايەتتە مۇشرىكلارغا، يەھۇدىيلارغا ۋە خىرىستىيانلارغا رەددىيە بېرىلگەن. چۈنكى، بەزى مۇشرىكلار پەرىشتىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ قىزلىرى دەپ ئېتىقاد قىلسا، يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، خىرىستىيانلار بولسا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالانىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ باللىق بولۇشتىن پاك ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر دەلىلى شۇكى، ھەرقانداق بىر بالا ئاتىسىدىن بىر پارچىدۇر. ئاللاھ تائالانى بالىسى بار دېگەنلىك ئۇنى بىر ئەمەس دېگەنلىك ۋە ئۇنى مەخلۇقاتقا ئوخشاتقانلىق بولىدۇ. بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا يەككە-يېگانىدۇر، ئۇ مەخلۇقاتقا ئوخشىمايدۇ.

ئەمدى ئاللاھ تائالانىڭ تۇغۇلمىغانلىقىنىڭ دەلىلى شۇكى، ئەگەر ئاللاھ تائالا تۇغۇلغان بولسا، ئۇ ئاتا-ئانىغا موھتاج بولغان بولاتتى. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن ئۆزى يالغۇز ئىلاھتۇر. ھېچ نەرسە يوق چاغدىمۇ ئاللاھ تائالا مەۋجۇت ئىدى، ھەممە نەرسە يوق بولغاندىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ جىمى بارلىقلارنىڭ مەنبەسىدۇر. چۈنكى، ھەممە ئۇنىڭ يارىتىشى بىلەن بار بولغان.

﴿ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش ئەمەس﴾ يەنى ئاللاھ تائالا ئۆز زاتىدا، بارلىق سۈپەتلىرىدە ۋە جىمى ئىش-ھەرىكەتلىرىدە يەككە-يېگانە ۋە ھېچكىمگە ئوخشىمىغان ئىكەن، ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ تەڭداش بولالـ-ـمايدىغانلىقىدا قىلچە شەك يوقتۇر.

بۇ سۈرە شۇنچىلىك قىسقا بىر سۈرە بولۇشىغا قارىماي، بارلىق مۇشرىكلارغا، يەھۇدىيلارغا، خىرىستىيانلارغا ۋە باتىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە ئەڭ ئەجەللىك رەددىيەلەرنى بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلارنىڭ بۇتلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋېلىشىنىڭ، خىرىستىيانلارنىڭ ئاللاھ تائالانى ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى دەپ ئېتىقاد قىلىشىنىڭ، يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى دەۋېلىشىنىڭ، يۇلتۇزغا چوقۇنغۇچىلارنىڭ يۇلتۇزلار بىزنى ئاللاھقا يەتكۈزىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىشىنىڭ، مانىي دىنىدىكىلەرنىڭ يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن

ئىبارەت ئىككى ئىلاھ بار، دەپ ئېتىقاد قىلىشىنىڭ باتىللىقى ۋە ئويىچۇق خۇراپات ئىكەنلىكى روشەن ئوتتۇرىغا چىققان بولدى.

بۇ سۈرىنىڭ ئىخلاس سۈرىسى دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ سۈرىدە ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى، ئۇنىڭ شېرىكى ياكى ياردەمچىسى يوقلۇقى، ئىنسانلارنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشتا ئۆزى يېگانە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىغا موھتاج بولمىغانلىقى ۋە بالىچاقىغا ئېھتىياجلىق ئەمەسلىكى، شۇنداقلا تەڭداشسىز بىرلا ئىلاھ ئىكەنلىكى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس قىلىشنى ۋە ئىبادەتنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىشنى جددىي تەقەززا قىلىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ تەۋھىد (يەنى بىرلىككە ئىشىنىش) ئىمانىنىڭ ئاساسىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىدە، ئىش- ھەرىكەتلىرىدە ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ شېرىكى ياكى ياردەمچىسى ۋەياكى بالىسى يوقلۇقىغا ۋە ئۇنىڭ تەڭداشسىز ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش ئىماننىڭ بىر پارچىسىدۇر.

# فەلەق سۈرىسى

فەلەق سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 5 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىنى مەدىنىدە نازىل بولغان دېگەنلەرمۇ بار[1]. بۇ سۈرە بىلەن ناس سۈرىسى «ئەئۇزۇ بىلەن باشلانغان ئىككى سۈرە» دېگەن مەنىدە «المعوذتين» (ئەل مۇئەۋۋەزەتەين) دەپ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىككى سۈرىنى شىپالىق ئۈچۈن ئوقۇغانلىقى ۋە بۇلارنىڭ پەزىلىتى توغرۇلۇق سەھىھ ھەدىسلەر كەلگەن.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ھەرقانداق يامانلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا ئىسلىنىشقا تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتىكى «سۇبھى» مەنىسىدە كەلگەن ﴿ٱلْفَلَقِ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلۡفَلَقِ ١ مِن شَرِّ مَا خَلَقَ ٢ وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ
إِذَا وَقَبَ ٣ وَمِن شَرِّ ٱلنَّفَّٰثَٰتِ فِي ٱلۡعُقَدِ ٤ وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا
حَسَدَ ٥﴾

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-5. (ئى پەيغەمبەر! سەن) «مەخلۇقاتنىڭ يامانلىقىدىن، قاراڭغۇلۇق قاپلىغان چاغدىكى كېچىنىڭ يامانلىقىدىن، چىگىكلەرگە دەم سالىدىغانلارنىڭ يامانلىقىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى يامانلىقىدىن سۇب-

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 921- بەت.

ـھىنىڭ رەببىگە سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېگىن.

## تەپسىرى

فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرۇلۇق بەزى رىۋايەتلەر كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ خۇلاسىسى مۇنداق: «يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سېھىر قىلغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇچ كېچە قاتتىق كېسەل تارتقان، ئاغرىقنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۇنىڭغا قىلمىغان ئىشمۇ قىلغاندەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن جىبرىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېھىر قىلىنغانلىقىنى ئېيتقان ۋە سېھىرنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئاندىن سېھىر بىكار قىلىنغان ۋە جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇغان. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېھىردىن شىپا تېپىپ ئەسلىگە كەلگەن»[1].

ئەمما بەزى ئۆلىمالار بۇ رىۋايەتنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئۇنى مۇسۇلمانلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق شەككە سېلىش ئۈچۈن، يەھۇدىيلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەپسانە دەپ قارايدۇ. مۇھەممەد رەشىد رىزا، مۇھەممەد ئابدۇھ، مۇھەممەد ئەبۇ زەھرە قاتارلىق ئۆلىمالارمۇ بۇ رىۋايەتنى ئىنكار قىلغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ﴿وَٱللَّهُ يَعۡصِمُكَ مِنَ ٱلنَّاسِۗ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ﴾[2] دېگەن، يەنە: ﴿إِنَّا كَفَيۡنَٰكَ ٱلۡمُسۡتَهۡزِءِينَ﴾ يەنى ﴿سېنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا بىز چوقۇم تېتىيمىز﴾[3] دېگەن.

سەئۇدى ئەرەبىستان پەتۋا ھەيئىتىنىڭ 137839-نومۇرلۇق پەتۋاسىدا مۇنداق دەپ كەلگەن: «فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنىڭ مەككىدە نازىل بولغان ياكى مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى توغرۇلۇق ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بار. شۇڭا ئەگەر بۇ ئىككى سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سېھىر قىلىنىشتىن بۇرۇن نازىل بولغان بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان دېگەن رىۋايەت ئۇ ئىشنىڭ مەدىنىدە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ».

ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، ماڭا، ئائىلەمگە، ساھابىلىرىمگە ۋە

---

[1] «أسباب النزول للواحدي» 349- بەت.
[2] مائىدە سۈرىسى:67-ئايەت.
[3] ھىجر سۈرىسى:95-ئايەت.

دەۋتىمگە زىيان يەتكۈزمەكچى بولغان ھەرقانداق بىر مەخلۇقنىڭ يامانلىقىدىن كائىناتنى ياراتقان، بارلىق ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. قاراڭغۇلۇق قاپلىغان چاغدىكى كېچىنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. چۈنكى، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بارلىق گۇناھكارلار ئۈچۈن پەردىدۇر. نۇرغۇن جىنايەتلەر قاراڭغۇ كېچىدە سادىر قىلىنىدۇ، ئىنسانلارغا قورقۇنچ ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلارمۇ كېچىدە بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن.

مەن يەنە چىگىكلەرگە ئۇقۇپ دەم سالىدىغان سېھىرگەرلەرنىڭ ۋە ھەسەتخورلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. سېھىرگەرلەر ئىمانى يوق مەخلۇقلار بولۇپ، ئۇلار جىنلاردىن ياردەم تىلەش ئارقىلىق ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە ئۆچ قىلىش، ئەر-ئاياللارنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىش، كىشىلەرنى قەستلەش قاتارلىق قىلمىشلارنى سادىر قىلىدۇ. ھەسەتخورلار بولسا كىشىلەرگە ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ياخشىلىقلار ۋە پەزل-كەرەملەر ئۈچۈن كۆز قىزارتىپ، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا يامانلىق تىلەيدۇ.

دېمەك، مەيلى سېھىرگەر بولسۇن، ياكى ھەسەتخور بولسۇن، بۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ پاناھىغا سىغىنىشتىن باشقا چارە يوق. چۈنكى، ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان بۇ رەزىل مەخلۇقلار كىشىلەرنى زىيانغا ئۇچرىتىش ۋە ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنچە ئۇرۇنىدۇ. ئۇلارغا پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ كۈچى يېتىدۇ، بەندىلىرىنى ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن قوغدايدۇ. بىزنىڭ قىلالايدىغىنىمىز ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا سىغىنىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى ھىمايە قىلىشىنى تىلەشتۇر.

«ھەسەت - باشقىلارنىڭ ئىلكىدىكى نېمەتنىڭ يوقۇلۇشىنى تىلەش دېگەنلىك بولۇپ، مەيلى باشقىلار ئېرىشكەن نېمەتكە ئۆزى ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلسۇن ياكى ئارزۇ قىلمىسۇن، شۇ نېمەتنىڭ باشقىلاردا بولماسلىقىنى ئارزۇ قىلىشتۇر. بۇ ھەسەتنىڭ ئەڭ يامىنى ھېسابلىنىدۇ. ھەسەت قىلىش ھارامدۇر. ئۆز ۋاقتىدا ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھەسەت قىلىپ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان، ھابىل قابىلغا ھەسەت قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن»[1].

[1] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 5- توم، 630- بەت.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسان ئۆز كۈچى بىلەن قارشى تۇرالمايدىغان ھەرقانداق قورقۇنچتىن ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ پاناھ تىلەشكە بۇيرۇلغان.

2. چېگىكلەرگە ئوقۇپ سېھىر قىلىش ياكى ئالىقانغا ئوقۇپ پالچىلىق قىلىش كۇفرىلىقتۇر.

3. ھەسەت قىلىش ئەڭ خەتەرلىك ۋە ئەڭ يامان مەنىۋى كېسەللىك بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىدىن قابىلنىڭ ھابىلنى ئۆلتۈرۈپ ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق قاتىللىق جىنايىتىنى سادىر قىلىشىغا تۈرتكە بولغان نەرسە ھەسەت ئىدى. چۈنكى، قابىل ھابىلنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل بولۇپ، ئۆزىنىڭ قوبۇل بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھابىلغا ھەسەت قىلغان ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان.

4. بىراۋدا بولغان ئارتۇقچىلىقنى ياكى پەزىلەتنى ئارزۇ قىلىش ۋە مەندىمۇ بولسىكەن، دەپ قىزىقىش ئۇنىڭغا ھەسەت قىلغانلىق ئەمەس. چۈنكى، ھەسەت-بىراۋدىكى ئارتۇقچىلىقنىڭ يوق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش دېگەنلىكتۇر. بۇ قەتئىي ھارامدۇر. چۈنكى، مۇسۇلمان ئادەم باشقىلارغا ياخشىلىق تىلەشكە، يامانلىق تىلىمەسلىككە بۇيرۇلغان.

# ناس سۈرىسى

ناس سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 6 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىنى مەدىنىدە نازىل بولغان دېگەنلەرمۇ بار، ئەمما مەككىدە نازىل بولغانلىقى كۈچلۈكتۇر[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشىدىن پاناھ تىلەشكە تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن «ئىنسانلار» دېگەن مەنىدىكى ﴿ٱلنَّاسِ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ ١ مَلِكِ ٱلنَّاسِ ٢ إِلَٰهِ ٱلنَّاسِ ٣ مِن
شَرِّ ٱلۡوَسۡوَاسِ ٱلۡخَنَّاسِ ٤ ٱلَّذِي يُوَسۡوِسُ فِي صُدُورِ ٱلنَّاسِ ٥ مِنَ
ٱلۡجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

**1ـ6ـ** (ئى پەيغەمبەر! سەن) «ئىنسانلارنىڭ رەببى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (بولغان ئاللاھ)قا سىغىنىپ، كىشىلەر (غەپلەتتە قالسا، ئۇلار)نىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلىدىغان، (ئاللاھنى ياد ئەتسە) چېكىنىدىغان جىن شەيتاننىڭ ۋە ئادىمىي شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن.

---

[1] «التفسير الواضح» 3ـ توم، 923ـ بەت.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، مەن پۈتۈن يامانلىقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسىگە سىغىنىمەن. يەنى ئىنسانلارنى يارىتىپ، ئۇلارنى پەرۋىش قىلىپ ۋە ئۇلارغا رىزىق بېرىپ كېلىۋاتقان، ئۇلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقان، ئىنسانلارنىڭ يېگانە ئىلاھى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ۋە ھىمايىسىگە سىغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىغا يامانلىقلارنى ۋە شەك-شۈبھىلەرنى سالىدىغان، ئۇلارنى يامان ئىشلارنى قىلىشقا كۈشكۈرتىدىغان جىن شەيتاننىڭ ۋە ئادىمىي شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن.

ئاللاھ تائالا ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئىگىسى بولغانلىقتىن، ئۇ ھەممىگە قادىر، ئۆزىگە سىغىنغان بەندىلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان زاتتۇر. شۇڭا ئىبلىسنىڭ قوشۇنلىرى بولغان، كىشىلەرنىڭ دىللىرىغا يامانلىق ۋە شەك-شۈبھىلەرنىڭ ۋەسۋە-سىلىرىنى سالىدىغان جىن - شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن ۋە زىيانكەشلىك قىلىشىدىن پاناھ تىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادىمىي شەيتانلارنىڭ توغرا يولدىن ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسىگە سىغىنىپ پاناھ تىلەش ھەربىر ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن زۆرۈردۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بارچە مەخلۇقاتقا كۈچى يېتىدىغان ۋە ئۇلارنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان بىردىنبىر قۇدرەتلىك زاتتۇر.

جىن - شەيتانلارنىڭ دىللارغا يامانلىق سېلىشى ئىنسانلارغا يامانلىقنى ياخشىلىقتەك، سەتنى چىرايلىقتەك، ساختىلىقنى ھەقىقەتتەك، ناھەقچىلىقنى ئادالەتتەك كۆرسىتىش ۋە شۇنداق گۇمان قىلدۇرۇش بىلەن بولىدۇ. ئەمما ئادىمىي شەيتانلارنىڭ دىللارغا يامانلىق سېلىشى كىشىلەرنى يامانلىققا كۈشكۈرتۈش، زىيانلىق سۆزلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەقلىنى زەھەرلەش، يامان گەپلىرى بىلەن ئۇلارغا ئەزىيەت بېرىش بىلەن بولىدۇ. ئادىمىي شەيتانلارنىڭ ئىنسانلارغا سالىدىغان زىيىنى جىن شەيتانلارنىڭكىدىن ئېغىر ۋە چوڭ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئادىمىي شەيتان ئومۇمەن يامان دوستنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ھەركىم ئۆزىنى ۋە بالىچاقىلىرىنى يامان دوستلاردىن ۋە يامان ھەمراھلاردىن يىراق تۇتۇشى لازىم. بالىلارنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى يامان دوستلاردۇر.

ئاللاھ تائالا بىزگە ئىنتايىن مېھرىبان ۋە تولىمۇ كۆيۈمچان بولغانلىقتىن، بىزگە جىن ۋە ئادىمىي شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن قانداق ساقلىنىش ۋە

ئۆزىمىزنى يامانلىقلاردىن، زىيان-زەخمەتلەردىن قانداق قوغداپ قېلىشنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى ئۆگەتكەن. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرى ۋە تەلىماتلىرى بويىچە ئىش كۆرۈش بىزنى ھەر تۈرلۈك خەتەرلەردىن ۋە يامانلىقلاردىن ساقلاشقا كېپىلدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** جىن- شەيتانلارنىڭ ۋە ئادەمىي شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەش پەرزدۇر. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر.

**2.** ئاللاھ تائالا ھەممىنىڭ ئىلاھى، ھەممىنىڭ رەببى ۋە ھەممىنىڭ ئىگىسىدۇر.

**3.**پاناھ تىلەشنىڭ لەۋزى ﴿أَعُوذُ بِٱللَّهِ مِنَ ٱلشَّيْطَٰنِ ٱلرَّجِيمِ﴾ يەنى ﴿ئاللاھقا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن﴾ دېگەن كەلىمىدۇر.

# خاتىمە

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنايىتى ۋە پەزل-كەرەمى بىلەن «تەپسىر جەۋھەرلىرى» ناملىق بۇ تەپسىر ئۇنىڭ رەھمىتىگە ۋە مەغپىرىتىگە موھتاج، ئەرزىمەس بەندىسى مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ قولىدا تاماملاندى.

ھىجرىيە 1435-يىلى زۇلقەدە ئايىنىڭ 1-كۈنى، مىلادىيە 2014-يىلى27-ئاۋغۇست، چارشەنبە، جىددە - سەئۇدى ئەرەبىستان.

# «قۇرئان كەرىم» ھەققىدە قىسقىچە بايان

## ◄ قۇرئان كەرىم ھەققىدە

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرى ۋە ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەنبەسى. ئۇ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالادىن جىبرىل ئىسىملىك پەرىشتە ۋەھيى يولى بىلەن ئېلىپ كەلگەن ساماۋىي كىتابتۇر.

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئاۋۋال لەۋھۇلمەھپۇزغا چۈشۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭدا ساقلانغان. «قۇرئان كەرىم»نىڭ لەۋھۇلمەھپۇزغا چۈشۈرۈلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدا ساقلانغانلىقى ئۇنىڭ قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغانلىقى ۋە ئىنسانلارنىڭمۇ قەتئىي ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئىسپاتىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلىپ لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان ئىشلار قەتئىي ئۆزگەرمىگەندەك، «قۇرئان كەرىم»مۇ لەۋھۇلمەھپۇزغا خاتىرىلىنىپ ساقلانغان ئىكەن، ئۇ ھەرگىز ئۆزمەرمەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» شۇنىڭدىن كېيىن لەۋھۇلمەھپۇزدىن بىرىنچى ئاسماندىكى «بەيتۇلئىززەت» دېگەن جايغا چۈشۈرۈلگەن. ﴿إِنَّآ أَنزَلۡنَٰهُ فِي لَيۡلَةِ ٱلۡقَدۡرِ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بىز قۇرئاننى قەدىر كېچىسىدە نازىل قىلدۇق﴾[1] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

«قۇرئان كەرىم» ۋەزىيەت ۋە شارائىتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاز-ئازدىن نازىل بولۇپ، جەمئىي 23 يىلدا تولۇق نازىل بولۇپ بولغان. ﴿وَقُرۡءَانٗا فَرَقۡنَٰهُ لِتَقۡرَأَهُۥ عَلَى ٱلنَّاسِ عَلَىٰ مُكۡثٖ وَنَزَّلۡنَٰهُ تَنزِيلٗا﴾ يەنى ﴿قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە-دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجىي نازىل قىلدۇق﴾[2].

«قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مىلادىيەنىڭ 610-يىلى

[1] قەدر سۈرىسى: 1- ئايەت.
[2] ئىسرا سۈرىسى 106- ئايەت.

مەككىدىكى ھىرا غارىدا تۇنجى قېتىملىق ۋەھيى بىلەن نازىل بولۇشقا باشلىغان. بۇ رامىزان ئېيىنىڭ 17ـ ياكى 21ـ ياكى 24ـكۈنلىرى بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تويتوغرا 40 ياشتا ئىدى. ﴿شَهۡرُ رَمَضَانَ ٱلَّذِيٓ أُنزِلَ فِيهِ ٱلۡقُرۡءَانُ هُدٗى لِّلنَّاسِ وَبَيِّنَٰتٖ مِّنَ ٱلۡهُدَىٰ وَٱلۡفُرۡقَانِۚ﴾ يەنى﴿(روزا تۇتۇش پەرز قىلىنغان ساناقلىق كۈنلەر) ئىنسانلارغا يېتەكچى، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى روشەن (ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىغان رامىزان ئېيىدۇر﴾[1] دېگەن ئايەت «قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشقا باشلىغان ۋاقتىنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام بۇخاري ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «رەسۇلۇللاھقا ئەڭ دەسلەپكى ۋەھيى راست چۈش بىلەن باشلانغان. ئۇ چۈش كۆرسىلا كۆرگەنلىرىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرەتتى ۋە ئەينەن تۇتۇۋالاتتى، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ يالغۇز قېلىشنى خالاپ قالىدىغان، مەككىدىكى ھىرا غارىغا كۆپرەك بېرىپ ئۇ جايدا كۈنلەرچە رەببىگە ئىبادەت قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ يېمەك-ئىچمەكلىرى تۈگىسە، خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كېلىپ يېمەك-ئىچمەكلىرىنى ئېلىپ يەنە كېتەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تويۇقسىز ئۇنىڭغا ۋەھيى كەلگەن بولۇپ، ئۇ ھىرا غارىدا ئىبادەت ۋە تەپەككۇر ئۈستىدە ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىغا جىبرىل كېلىپ ئۇنى‹ئوقۇ›دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: ‹مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن›دېدى. قىسسىنىڭ بۇ قىسمىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى سۆزلەپ بېرىپ دەيدۇكى، ئۇ چاغدا جىبرىل مېنى ئۆزىگە تارتىپ قاتتىق سىقىۋالدى، مېنىڭ پەقەت كۈچۈم قالمىغاندەك بولۇپ كەتتىم، ئاندىن قويۇپ بەردى ۋە ‹ئوقۇ›دېدى. يەنە مەن ‹مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن› دېدىم، ئىككىنچى قېتىم مېنى يەنە قاتتىق سىقىۋالدى، بۇ قېتىممۇ كۈچۈم قالمىدى، ئاندىن قويۇپ بەردى ۋە ‹ئوقۇ› دېدى. مەن يەنە ئۇنىڭغا: ‹مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن› دېدىم. يەنە قاتتىق سىقىۋالدى، بۇ قېتىممۇ يەنە كۈچۈم قالمىدى، ئاندىن يەنە قويۇپ بەردى ۋە: ﴿ٱقۡرَأۡ بِٱسۡمِ رَبِّكَ ٱلَّذِي خَلَقَ ١ خَلَقَ ٱلۡإِنسَٰنَ مِنۡ عَلَقٍ ٢ ٱقۡرَأۡ وَرَبُّكَ ٱلۡأَكۡرَمُ ٣ ٱلَّذِي عَلَّمَ بِٱلۡقَلَمِ ٤ عَلَّمَ ٱلۡإِنسَٰنَ مَا لَمۡ يَعۡلَمۡ﴾ يەنى ﴿ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى ئەلەقتىن ياراتتى. سەن ئوقۇغىن. رەببىڭ ئىنسانغا قەلەم بىلەن يېزىشنى

[1] بەقەرە سۈرىسى: 85ـ ئايەت.

ئۆگەتكەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئەڭ كەرەملىك زاتتۇر﴾[1] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇدى»[2].

«قۇرئان» دېگەن سۆز «قرأ» يەنى (ئوقۇدى) دېگەن پېئىلدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، «ئوقۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ﴿لَا تُحَرِّكْ بِهِۦ لِسَانَكَ لِتَعْجَلَ بِهِۦٓ ﴿١٦﴾ إِنَّ عَلَيْنَا جَمْعَهُۥ وَقُرْءَانَهُۥ ﴿١٧﴾ فَإِذَا قَرَأْنَٰهُ فَٱتَّبِعْ قُرْءَانَهُۥ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋەھيى چۈشۈۋاتقان چاغدا) ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. چۈنكى، ئۇ ۋەھيىنى (سېنىڭ دىلىڭغا) توپلاش ۋە ئۇنى ساڭا ئوقۇتۇش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر. شۇڭا بىز ئۇنى (ساڭا جىبرىل ئارقىلىق) ئوقۇپ بەرگەندە، سەن ئۇنى (جىم تۇرۇپ) ئاڭلىغىن﴾[3] دېگەن ئايەتتىكى «قُرْآنَ» يەنى «قۇرئان» دېگەن سۆز بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ◄ ۋەھيي ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

ۋەھيي-ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرگەن تەلىماتى دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىنى ئىنسانلارغا بىلدۈرۈشنىڭ بىردىنبىر يولىدۇر. «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿أوحى﴾ يەنى «ۋەھيي قىلدى»، ﴿كلم﴾ يەنى «سۆزلىدى»، ﴿قال﴾ يەنى «ئېيتتى»، ﴿أمر﴾ يەنى «بۇيرۇدى»، ﴿القى﴾ يەنى «تاشلىدى»، ﴿أنزل﴾ يەنى «نازىل قىلدى (چۈشۈردى)»، ﴿نادى﴾ يەنى «نىدا قىلدى» قاتارلىق ئىپادىلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ۋەھيىنىڭ يوللىرى بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان: ﴿وَمَا كَانَ لِبَشَرٍ أَن يُكَلِّمَهُ ٱللَّهُ إِلَّا وَحْيًا أَوْ مِن وَرَآيِ حِجَابٍ أَوْ يُرْسِلَ رَسُولًا فَيُوحِىَ بِإِذْنِهِۦ مَا يَشَآءُ ۚ إِنَّهُۥ عَلِىٌّ حَكِيمٌ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ بىرەر ئىنسانغا گەپ قىلىشى پەقەت ئىلھام ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىن ۋەياكى بىرەر پەرىشتىنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىرادىسى بىلەن (ئۇنىڭغا) خالىغىنىنى ۋەھيى قىلىش ئارقىلىقلا بولىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[4].

ۋەھيي ئۆزى بىلەن ئەڭ ئاۋۋال تونۇشقان ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى

---

[1] ئەلەق سۈرىسى: 1-5 ئايەتلەر.

[2] «صحيح البخاري» 1-توم، 7-بەت، 3-ھەدىس.

[3] قىيامەت سۈرىسى 16-18- ئايەتلەر.

[4] شۇرا سۈرىسى 51-ئايەت.

قايتىدىن قۇرۇپ چىققان ۋە ئۇلارنىڭ ياشاش تەرزىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتكە، ئىناقسىزلىقتىن بىرلىككە، نادانلىقتىن ئىلىم-مەرىپەتكە، ئاجىزلىقتىن كۈچ-قۇۋۋەتكە تەدرىجىي ئېلىپ بارغان ئىدى. چۈنكى، ۋەھيي يېڭى بىر ھاياتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن نازىل بولغان ئىلاھىي قانۇندۇر. زادى ۋەھيىنىڭ غايىسى ئىنساننى مەركەز قىلغان بىر ھايات، ئىماننى مەركەز قىلغان بىر ھايات، ئىلىم-مەرىپەتنى مەركەز قىلغان بىر ئىمان ۋە ھەقىقەتنى مەركەز قىلغان ئىلىم-مەرىپەت ئىدى. شەكسىزكى، ھەقىقەتنىڭ مەنبەسى ئاللاھ تائالادۇر. ۋەھيىنىڭ روھى بىلەن پارلاق بىر ھاياتقا ئېرىشكەن ساھابىلار ئەخلاق-پەزىلەتتە، ھەقىقەتنى نامايان قىلىشتا، ھەقىقەت ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىشتا ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ۋايىغا يەتكەن ۋە پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىگە ئۆچمەس ئۈلگىلەرنى ياراتقان ئىدى.

ۋەھيي تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك بولغان:

1. بىۋاستە سۆز قىلىش. ئاللاھ تائالا مىسىرنىڭ تۇر تېغىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پەرىشتىنىڭ ۋاستىسىسىز سۆز قىلغان. ﴿وَكَلَّمَ ٱللَّهُ مُوسَىٰ تَكۡلِيمًا﴾ يەنى ﴿ئاللاھ مۇساغا بىۋاستە سۆز قىلدى﴾[1].

2. ئىلھام قىلىش ياكى پەيغەمبەرنىڭ قەلبىگە ئورنىتىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن «إِنَّ رُوحَ الْقُدُسِ نَفَثَ فِي رُوعِي أَنَّ نَفْسًا لَنْ تَمُوتَ حَتَّى تَسْتَكْمِلَ رِزْقَهَا ، فَاتَّقُواْ اللهَ وَأَجْمِلُواْ فِي الطَّلَبِ» يەنى «جىبرىل ‹ھېچكىم رىزقىنى تولۇق تۈگەتمەستىن ئۆلمەيدۇ› دېگەننى قەلبىمگە سالدى، سىلەر ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىڭلار ۋە دۇئانى ئوبدان قىلىڭلار»[2].

3. راست چۈش. پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ۋەھيىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھقا ۋەھيي دەسلەپتە راست چۈش كۆرۈش بىلەن باشلانغان...»[3].

4. ئاللاھ تائالانىڭ جىبرىلنى ئەۋەتىشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيي توغرۇلۇق سورالغىنىدا: «ۋەھيي ماڭا بەزىدە قاتتىق جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن كېلىدۇ، گاھىدا پەرىشتە بىر ئادەمنىڭ سۈرىتىدە كۆرۈنۈپ كېلىپ ماڭا سۆز قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق ئېسىمدە

---

[1] نىسا سۈرىسى164- ئايەت.

[2] «مسند الشهاب» 2-توم، 185-بەت، 1151-ھەدىس.

[3] «صحيح البخاري» 1-توم، 7-بەت، 3 -ھەدىس.

تۇتتۇۋالىمەن»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن.

## ◄ مۆجىزە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

مۆجىزە-پەيغەمبەرلەرنىڭ راستىنلا ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن دەلىل، ئىسپات ۋە پاكىت دېمەكتۇر. مۆجىزىلەر ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلاردۇر.

ئاللاھ تائالا ھەربىر پەيغەمبەرنى يېتەرلىك مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتكەن. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوتتا كۆيمەس مۆجىزىسىنى بەرگەن، بابىل پادىشاھى نەمرۇد ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى چوڭ بىر ئوت يالقۇنىغا ئاتقاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەھشەتلىك ئوت ئىچىدە تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ نە بەدىنى، نە تىرىسى كۆيمىگەن، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قولى چىراقتەك نۇرلىنىدىغان، ھاسىسى ئەجدىرھاغا ئايلىنىدىغان مۆجىزىلەرنى، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈ-رىدىغان، ئاق كېسەلنى ساقايتىدىغان، تۇغما كورنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان مۆجىزىلەرنى بەرگەن. بۇلار «قۇرئان كەرىم» ۋە باشقا ساماۋىي كىتابلاردا قەيت قىلىنغان. ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسا-لامغىمۇ نۇرغۇن مۆجىزىلەر بېرىلگەن. ئۇنىڭ ۋە بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە پەرقلىق ۋە تا قىيامەتكىچە داۋاملىشى-دىغان جانلىق مۆجىزە – قۇرئاندۇر.

مۆجىزىلەر ئەزەلدىن ھەربىر دەۋر ۋە جەمئىيەتنىڭ شارائىتىغا قاراپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ تەرەققى قىلغان نەرسىنىڭ جىنسىدىن بولۇپ، ئۇنى بېسىپ چۈشىدىغان ئالاھىدە پەرقلىق ئۈستۈنلىكى بىلەن كەلگەن. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە مۆجىزە ئاتا قىلىشتىكى پىرىنسىپىدۇر. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا مۆجىزە ئەۋەتىشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمايتتى. چۈنكى، بىر پەننى بىلمىگەن خەلققە باشقا بىر پەن بىلەن دۇئېل ئېلان قىلغاننىڭ ئەھمىيىتى بولمايتتى. بەلكى دۇئېل ئۇلارنىڭ تەرەققى قىلىپ ئەڭ ئۇچىغا چىققان نەرسىسىنىڭ جىنسىدىن بولغاندىلا ئۇنىڭ قىممىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن: پىرئەۋننىڭ زامانىدا سېھىرگەرلىك ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەرەققى قىلغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا شۇ زاماننىڭ تەقەززاسىغا ماسلاشتۇرغان ھالدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن سېھىرلەرنى بەربات قىلىپ، سېھىرگەرلەرنى مات

---

[1] «صحيح البخاري» 1-توم، 6-بەت، 2-ھەدىس.

قىلىندىغان مۆجىزە ئاتا قىلغان. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرى تىببىي جەھەتتە زور يۈكسەلگەن بىر دەۋر بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامغا شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئۇستا دوختۇرلىرىمۇ ساقايتالمىغان ئاق كېسەللىنى، تۇغما كورنى ساقايتىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنىمۇ تىرىلدۈرىدىغان مۆجىزىنى ئاتا قىلغان.

ئەمما ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا كەلگەندە، ئەرەبلەردە ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. ئەرەبلەر چوڭ-كىچىك ھەممىسى بىردەك شېئىرخۇمار خەلق ئىدى. «جاھىلىيەتتىكى ئەرەبلەر ھەر يىلى ھەج ۋاقتىدىن ئىلگىرى زۇلقەئدە ئايدا «ئۇكاز»[1] بازىرىدا ھەر قايسى قەبىلىلەردىن كەلگەن ئەدىبلەر ۋە شائىرلار ماھارەت كۆرسىتەتتى، سودىگەرلەر تاۋارلىرىنى ساتاتتى»[2]. «ئۇكاز» ئەينى زاماندا شائىرلارنىڭ شېئىر سورۇنىغا ئايلانغان بولۇپ، ئەڭ ياخشى شېئىرلارنى باھالاپ چىقىپ، ئالتۇن سۇيى بىلەن يېزىپ، كەئبىگە ئېسىپ قويۇپ پەخىرلىنەتتى. ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەتكە بۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىشىدىكى سەۋەبلەر شۇكى: بىر تەرەپتىن، ئۇلار قۇملۇق سەھرالاردا ھايات كەچۈرىدىغان خەلق بولغاچقا، تەبىئەتنىڭ ھەرخىل مەنزىرىلىرى ئۇلارنى شېئىر ۋە غەزەللەرنى ئېيتىشقا ئۈندەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرەبلەردە ئومۇمىي بىرلىك يوق بولۇپ، ئۇلار قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ، ھەربىر قەبىلە ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى شېئىر ۋە غەزەللەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ پەخىرلىنىش ۋە شېئىر بىلەن رەقىبلىرىنى سۆكۈش، ھەتتا بۇ سەۋەبتىن بىر-بىرىگە قارشى چوڭ ئۇرۇشلارنى باشلىتىش قاتارلىق مۇددىئالار بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزەتتى، بەدىئىي شېئىرلارغا ۋە تالانتلىق شائىرلارغا زور ئېھتىياجلىق ئىدى. قىسقىسى، ئۇلار شېئىر بىلەن كۈتۈۋالەتتى، يەنە شېئىر بىلەن چۇشەتتى.

## ◄ «قۇرئان كەرىم» مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر

شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، «قۇرئان كەرىم» ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن دۇنياغا نۇر چاچقان، بەدىئىيلىك ۋە ئەدەبىيلىك جەھەتتە ئەڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ھالدا، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنىشى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئۆزلىرىنى «ئەرەب (تىلى

---

[1] ئۇكاز- ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەككە بىلەن تائىف شەھەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

[2] «أخبار مكة»1- توم،280- بەت، «معجم البلدان» 4- توم، 142- بەت.

راۋان)» باشقا مىللەتلەرنى «ئەجەم (تىلى راۋان ئەمەس)» دەپ مەغرۇرلانغان ئاتاقلىق ئەدىبلىرى ۋە تالانتلىق شائىرلىرى سەھنىدىن چۈشتى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا قۇرئان كەرىمنىڭ جىمى ئەرەبلەرگە جەڭ ئېلان قىلىشى ئىدى. ئۇلار قۇرئاننىڭ ئالدىدا خۇددى چۈش ۋاقتىدا قۇياشقا تىكىلىپ قارىغان كىشىنىڭ كۆزى خىرەلىشىپ قالغىنىدەك، ئەقىللىرى خىرەلىشىپ بارچە ماھارەتلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ھالدا گاڭگىراپ قالدى.

«قۇرئان كەرىم» جىمى ئەرەبلەرگە دۈئېل ئېلان قىلغىنىدەك، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە دۈئېل ئېلان قىلغانىدى. «قۇرئان كەرىم» نۇرغۇنلىغان ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ۋە بۇ ئىشلار ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن: شۇ ۋاقىتتىكى ئىككى چوڭ ئىمپېراتورلۇق بولغان رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ، ئىرانلىقلار رىملىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال مۇشرىك ئەرەبلەرنى كۆپ مەمنۇن ۋە مۇسۇلمانلارنى غەمكىن قىلىدۇ. چۈنكى، ئىرانلىقلار ئەرەبلەرگە ئوخشاش بۇتپەرەس، رىملىقلار ساماۋىي دىنغا-- خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەر ئىدى. شۇڭا مۇشرىك ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىرانلىق دىنداشلىرىنىڭ رىملىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭمۇ رىملىقلارغا ئوخشاش بولۇشىنى تىلەيتتى. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنى قاتتىق غەمكىن قىلغانىدى. شۇ ۋاقىتتا قۇرئان رىملىقلارنىڭ كېيىنكى غەلىبىسىدىن خەۋەر بېرىپ: ﴿الٓمٓ ① غُلِبَتِ ٱلرُّومُ ② فِيٓ أَدۡنَى ٱلۡأَرۡضِ وَهُم مِّنۢ بَعۡدِ غَلَبِهِمۡ سَيَغۡلِبُونَ ③ فِي بِضۡعِ سِنِينَۗ لِلَّهِ ٱلۡأَمۡرُ مِن قَبۡلُ وَمِنۢ بَعۡدُۚ وَيَوۡمَئِذٖ يَفۡرَحُ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ④ بِنَصۡرِ ٱللَّهِۚ يَنصُرُ مَن يَشَآءُۖ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ﴾ يەنى ﴿ئەلىف، لام، مىم. رىملىقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى. ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ، ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، بۇ كۈندە مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ، ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، (مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ [1] دېگەنىدى. بۇ خەۋەرنى مۇسۇلمانلار«ھەق ۋە راست»دەپ تەستىق قىلىشقان، ئەرەب مۇشرىكلىرى، يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلار بۇ خەۋەرنى«بۇ يالغان ۋەدە، قېنى كۆرىمىز، قايسىمىزنىڭ كۈتكىنى ئەمەلگە ئاشىدىكەن»دېيىشكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى پىرقە ئىرانلىقلار بىلەن رىملىقلارنىڭ ئۇرۇشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن ئىدى. ئارىدىن تولۇق يەتتە يىل ئۆتكەندىن

[1] رۇم سۈرىسى2-5-ئايەتلەر.

كېيىن، رىملىقلار خۇددى قۇرئان كەرىمنىڭ ئالدىنئالا خەۋەر بەرگىنىدەك ئىرانلىقلارنى يېڭىدۇ. ئەگەر ئەھۋال «قۇرئان كەرىم» خەۋەر بەرگەندەك بولماستىن، ئەكسىچە بولۇپ رىملىقلار يېڭىلگەن بولسا ياكى ئۇرۇش يۈز بەرمىگەن بولسا نېمە بولماقچى ئىدى؟ شەكسىزكى، ئەرەبلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان، شۇڭا گەپلىرى يالغان چىقتى» دەپ تۆھمەت قىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك شەرت-شارائىت ھازىرلانغان بولاتتى. ئۇ ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى دەستۇرى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەڭ چوڭ مۆجىزە-«قۇرئان كەرىم» يالغانغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئەھۋال قانداق بولماقچى ئىدى؟ ئەمما بۇ خەۋەرنى بەرگۈچى زات ئاللاھ تائالا ئىدى. چۈنكى، يەتتە يىلدىن كېيىن بولىدىغان مۇنداق بىر ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدىن خەۋەر بېرىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭلا ئەمەس، تەجرىبىلىك ھەربىي قوماندانلارنىڭمۇ قولىدىن كېلىدىغان بىر ئىش ئەمەس ئىدى.

## ◄ مۆجىزىلەر ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلاردۇر

پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر تەبىئىي قانۇنىيەتلەردىن ھالقىپ ئۆتىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار ئىدى. مەسىلەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتلارغا چوقۇنىدىغان بىر قەۋمگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرۈپ جازالىماقچى بولغىنىدا، ئۇنى ئىلاھلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى ئۆزلىرىنى مەسخىرە قىلغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى جازالىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغاندا، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئوت ئۆزىنىڭ كۆيدۈرۈش خۇسۇسىيىتىنى يوقاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئىنتىقام ئالالمىغانلىقتىن ئۇلارنى مات قىلىپ قويىدى.

شۇ ئېنىقكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئوتتىن قۇتۇلۇپ ئامان قېلىش ئەمەس، بەلكى ئوتنىڭ كۆيدۈرۈش قانۇنىيىتىنى بىكار قىلىش ئارقىلىق ئىلاھلارنىڭ جازالاشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئىدى. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتتىن قۇتقۇزۇشنىلا مەقسەت قىلغان بولسا ئىدى، قەۋمى ئۇنى خۇددى ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سۈيىقەستچى قەۋملەر

تۇتالمىغاندەك تۇتالمىغان بولۇشى بىلەن ياكى يامغۇر يېغىپ ئوت ئۆچۈپ قالغان سەۋەبلەر بىلەنمۇ ئۇنى قۇتقۇزالايتتى. ئەگەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قېچىپ قۇتۇلغان ياكى يامغۇر يېغىپ ئوت ئۆچۈپ قالغان بولسا ئىدى، قەۋمى «ئەگەر بىز ئىبراھىمنى تۇتالىغان بولساق، ئەلۋەتتە ئىلاھلىرىمىز ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالغان ۋە ئوت ئۆچۈپ قالمىغان بولسا، ئەلۋەتتە كۆيدۈرۈلگەن بولاتتى»دەپ كۆرەڭلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما يالقۇنلاپ تۇرغان ئوت ئۆزىگە تاشلانغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرەلمىدى، ئۇلار چوقۇنغان ئىلاھلار ئۇنى جازالىيالمىدى. نەتىجىدە، ئۇلار «ئىلاھلىرىمىز»دەپ چوقۇنغان بۇتلارنىڭ بىراۋغا پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ زىيان-زەخمەتلەردىن قوغدىيالمايدىغان ھەيكەللەر ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ «ھاساڭ بىلەن دېڭىزغا ئۇرغىن!» دېگەن ئەمرىگە ئاساسەن، ھاسىسى بىلەن ئۇرۇۋىدى، دېڭىز سۈيى خۇددى ئىككى چوڭ تاغدەك ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ، ئوتتۇرىدىن يول ھاسىل بولدى. سۇنىڭ بۇنداق بولۇشى ئۇنىڭ قانۇنىيىتىگە زىت بىر ئىش. لېكىن ئاللاھ تائالادىن كەلگەن مۆجىزە ئۇنى شۇنداق قىلالىدى. بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خاسىيەتلىك ھاسىسىنىڭ كارامىتى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئارقىدا پىرئەۋن قوشۇنلىرى، ئالدىدا پايانسىز دېڭىزدىن ئىبارەت ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ، قۇتۇلۇشنىڭ ئىنسانىي چارىلىرى پۈتۈنلەي تۈگىگەن بىر ۋاقىتتا، تولۇق ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئىشىنىڭ چارىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرغان ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قەۋمى«بىز ئەمدى تۇگەشتۇق» دېگەندە، ئۇ ﴿قَالَ كَلَّآ إِنَّ مَعِيَ رَبِّي سَيَهۡدِينِ﴾ يەنى﴿ئەسلا ئۇنداق بولمايدۇ! رەببىم چوقۇم مەن بىلەن بىللىدۇر، ئۇ ماڭا يول كۆرسىتىدۇ﴾[1] دېگەن سۆزنى تولۇق ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىك بىلەن ئېيتىش ئارقىلىق قۇتۇلۇش ئىشىنىڭ ئىنسانىي سەۋەبلەردىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە يۆتكەلگەنلىكىنى جاكارلىغان ئىدى.

پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر خاراكتېر جەھەتتە ئوخشاش بولمىغاندەك، قىممەت جەھەتتىمۇ ئوخشاش بولمىغان. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ماددىي مۆجىزىلەر بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا ئۇنى كۆرگەنلەر قايىل بولۇپ ئىشەنگەن، ئۇنى كۆرمىگەن كېيىنكىلەر ئۈچۈن تارىخ ياكى قىسسە ئورنىدا بولۇپ قالغانلىقتىن، خالىغانلار ئىشىنىپ، خالىغانلار ئىشەنمەيدىغان ئىشلاردۇر.

---

[1] شۇئەرا سۈرىسى:62- ئايەت.

ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بولغان «قۇرئان كەرىم» زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆچىنى يوقاتمايدىغان مەڭگۈلۈك مەنىۋى مۆجىزىدۇر. «قۇرئان كەرىم» ھەممىلا يەردە بار. ئۇنى ھەركىم «مانا بۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىدۇر» دەپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ شۇ ۋاقىتتا رويابقا چىقارغان ئىشلىرى ئىكەنلىكىنى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن «كالام» سۈپىتى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇرۇنقى مۆجىزىلەردە ئىش-ھەرىكەت بىر ياكى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىپ ئاخىرلىشىدۇ. بۇ خۇددى ئوت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاشلانغان ۋاقىتتا ئۇنى كۆيدۈرمىگەن بولسىمۇ، كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلى خۇسۇسىيىتىگە قايتقانلىقى بىلەن مۇسا ئەلەيھىس-سالام ئۆتكەندە يېرىلغان دېڭىز سۈيىنىڭ كېيىن يەنە ئەسلى خۇسۇسىيىتىگە قايتقىنىغا ئوخشاش. ئەمما سۈپەت ئۇنىڭ ئىگىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇددەتكىچە ئۇنىڭ بىلەن ھەمىشە بىللە داۋاملىشىدۇ. بۇ خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ كالام سۈپىتىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ داۋاملاشقىنىغا ئوخشاش.

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى ئايرىم ۋە دەستۇرى ئايرىم ئىدى. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ھاسا بولسا، دەستۇرى تەۋرات ئىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى مېدىتسىنا بولسا، دەستۇرى ئىنجىل ئىدى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئۇنىڭ دەستۇرىنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت ئۇلۇغ دەستۇرنىڭ مۆجىزە بىلەن قوغدىلىپ مەڭگۈ داۋاملىششى ۋە مۆجىزىنىڭ دەستۇردا ھەمىشە بولۇشى ئۈچۈن ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرى شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە ئامانەت قىلىنغان ۋە چىڭ ساقلاشقا ئەمر قىلىنغان. ئەمما «قۇرئان كەرىم»نى ساقلاش، ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاشلاردىن قوغداش ئىشىنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ﴿إِنَّا نَحۡنُ نَزَّلۡنَا ٱلذِّكۡرَ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ﴾ يەنى ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز﴾ [1] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ چۈنكى، بىرىنچىدىن، «قۇرئان كەرىم» تا

[1] ھىجر سۈرىسى:9- ئايەت.

قىيامەتكىچە مەڭگۈلۈك جانلىق مۆجىزىدۇر. ئۇ مۆجىزە بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ تېكىستلىرى ئۆز پېتىچە ساقلىنىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ مۆجىزىلىكى يوقالغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇرۇنقىلار ساماۋىي كىتابلارنى قوغداشتا ئاجىزلىق قىلدى، ئۇلار مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ بەزىسىنى ئۇنۇتتى، بەزىسىنى بۇرمىلىدى، بەزىسىنى خەلقتىن يوشۇردى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئامانەتلەرگە خىيانەت قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى ۋە مەڭگۈلۈك دەستۇرنى قوغداش ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى قوغداش ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئىشىنىڭ زامان ئۆتكەنسېرى ئاجىزلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنى قوغداش ئىشىنىڭ زامانىنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن كۈچىيىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، «قۇرئان كەرىم»نى قوغداش ئىشىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەر ئارىسىدىمۇ تاپقىلى بولغىنىدەك، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭمۇ ئۇنى قوغداپ ۋە نەشر قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. نېمە ئۈچۈن ياپونىيە، ئىتالىيە ۋە باشقا مۇسۇلمان بولمىغان دۆلەتلەر «قۇرئان كەرىم»نى ئەڭ ئېسىل ۋە ئەڭ سۈپەتلىك نەشر قىلىش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ خىراجەت چىقىرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن گېرمانىيىلىك مۇسۇلمان ئەمەس بىر شەخس «قۇرئان كەرىم»نى ھۆسنخەت بىلەن بىر بەتكە سىغدۇرۇپ چىقىشقا ئالدىرايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»نى نەشر قىلىدىغان مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئۆزگەرتكىنىدەك «قۇرئان كەرىم»نى بىرەر ھەرپىنىمۇ ئۆزگەر-تەلمەيدۇ؟ چۈنكى، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى شۇنداق قوغداشنى خالايدۇ ۋە ئۇ ئىنسانلارنى شۇنداق قىلدۇرۇش، «قۇرئان كەرىم»گە ئىختىيارسىز خىزمەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»نى ئاللاھ تائالا ئۆزى قوغداپ كېلىۋاتقانلىقىنى دەلىللەيدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم»نى قوغدايدىغىنى مۇسۇلمانلار ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىدۇر.

### ◄ «قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئالەم ئۈچۈن مۆجىزىدۇر

«قۇرئان كەرىم» ئەرەبلەرگىلا جەڭ ئېلان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مۆجىزە

ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئالەم ئۈچۈن مۆجىزىدۇر. ئۇ زامان ۋە ماكانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ تاشلىدى.

### 1ـ قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆتكەن زامانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھېچ ئوقۇمىغان ۋە ئوقۇش، يېزىشنى ئۆگەنمىگەن، پەقەتلا ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بىلەن تەربىيىلەنگەن بىر زات ئىدى. ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان بۇ قۇرئاندا، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ ـ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قەۋملىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى، ھەتتا تارىخ سەھنىسىدىن ھېچ ئىزى قالمىغان مىللەتلەرنىڭمۇ كەچۈرمىشلىرى، ئېتىقادلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. يۇقىرىقىلارنىڭ قىسسىلىرىنىڭ بەزىسىنى بىر ئۆمۈر ئىزدەنگەن تارىخشۇناسلاردىن مىڭدىن بىرى بىلەتتى ياكى بىلمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قىسسەلەرنى قۇرئاننىڭ ھېكايە قىلىشى بويىچە بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، مەزكۇر قىسسەلەر ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي، خىرىستىيان) ئالىملىرىنىڭ قولىدىكى ساماۋىي كىتابلارنىڭ ۋە شۇ زامانلاردىكى مەشھۇر تارىخچىلارنىڭ ھېكايە قىلغانلىرىنىڭ ئۆزى بولۇپ چىققان. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئەينى زامانلاردا ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئەھلى كىتاب ئالىملىرى ۋە باشقا ئىلىم ئەھلىلىرى كۆپ بولغان.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ بىر قانچە ئورۇندا بايان قىلغان ﴿سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ﴾ دېگەن ئايەتلىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆتكەن زامانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈشتەك ئۇلۇغ مۆجىزىسىنى كۆرسەتمەكتە. ﴿ذَٰلِكَ مِنۡ أَنۢبَآءِ ٱلۡغَيۡبِ نُوحِيهِ إِلَيۡكَۚ وَمَا كُنتَ لَدَيۡهِمۡ إِذۡ يُلۡقُونَ أَقۡلَٰمَهُمۡ أَيُّهُمۡ يَكۡفُلُ مَرۡيَمَ وَمَا كُنتَ لَدَيۡهِمۡ إِذۡ يَخۡتَصِمُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بۇ بىز ساڭا ۋەھيى قىلىۋاتقان غەيب خەۋەرلىرىدىندۇر. ئۇلار مەريەمنى تەربىيەلەشنى تالىشىپ (چەك تاشلاش ئۈچۈن) قەلەملىرىنى (سۇغا) تاشلىغان چاغدىمۇ ۋە ئۇلار (بۇ ھەقتە) دەتالاش قىلىشقان چاغدىمۇ سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ﴾[1]، ﴿وَمَا كُنتَ بِجَانِبِ ٱلۡغَرۡبِيِّ إِذۡ قَضَيۡنَآ إِلَىٰ مُوسَى ٱلۡأَمۡرَ وَمَا كُنتَ مِنَ ٱلشَّٰهِدِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز (تۇر تېغىنىڭ) غەرب تەرىپىدە مۇساغا ۋەھيى قىلغاندا سەن يوق ئىدىڭ، (بۇ ۋەقەلىكنى) كۆرگەنلەردىنمۇ

[1] ئال ئىمران 44ـ ئايەت.

ئەمەس ئىدىڭ﴾.[1]

2ـ قۇرئان كەرىمنىڭ ماكان توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى

«قۇرئان كەرىم» كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلىغانلىرى ھەققىدە تولۇق خەۋەر بېرىشتىن تاشقىرى، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە كەچۈرگەنلىرىدىنمۇ تەپسىلىي ۋە ئېنىق خەۋەر بەرگەن. ﴿وَيَقُولُونَ فِيٓ أَنفُسِهِمۡ لَوۡلَا يُعَذِّبُنَا ٱللَّهُ بِمَا نَقُولُۚ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئىچىدە: «(ئەگەر ئۇ راست پەيغەمبەر بولىدىغان بولسا) ئاللاھ بۇ سۆزىمىز تۈپەيلىدىن بىزنى جازالىماسمىدى؟» دەيدۇ﴾[2]. «قۇرئان كەرىم» بۇ ئايەتتە، ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئىچىدە ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىغانلىرى ھەققىدە خەۋەر بەرگەن. ئەگەر ئۇلار شۇنداق سۆزلىمىگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە بۇ ئايەتكە قارشى چىقىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «بىز ئۇنداق ئويلىمىدۇق، سەن يالغانچىسەن» دەپ تۆھمەت قىلغان بولاتتى. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى رەزىللىكلىرىنى پاش قىلغان بۇ «قۇرئان كەرىم» ئايىتى ئالدىدا لام-جىم دېيەلمىدى.

بۇ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە كەچكەنلەردىن خەۋەر بېرىشى بولۇپ، كىشىلەر تېخى كۆڭلىگە كەلتۈرمىگەن ۋە چوقۇم كەلتۈرىدىغان ئىشلاردىنمۇ خەۋەر بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۆجىزىسىنى نامايان قىلغان. ﴿سَيَقُولُ ٱلسُّفَهَآءُ مِنَ ٱلنَّاسِ مَا وَلَّىٰهُمۡ عَن قِبۡلَتِهِمُ ٱلَّتِي كَانُواْ عَلَيۡهَاۚ﴾ يەنى ﴿بەزى ئەخمەق كىشىلەر «ئۇلارنى (يەنى پەيغەمبەر بىلەن مۇئمىنلەرنى) يۈزلىنىپ كېلىۋاتقان قىبلىسى (بەيتۇلمۇقەددەس) دىن نېمە بۇرىۋەتكەندۇ؟» دەيدۇ﴾[3]. بۇ ئايەت قىبلە بەيتۇلمۇقەددەستىن كەبىگە ئۆزگەرتىلىشتىن بۇرۇن نازىل بولغان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» يېقىن كېلەچەكتە ئەمەلگە ئاشىدىغان بۇ چوڭ ئۆزگىرىشكە كىشىلەرنىڭ تۇتىدىغان مەۋقەسى توغرۇلۇق ئالدىنئالا خەۋەر بەرگەن. كەبە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئۇلار راستىنلا شۇنداق دېيىشكەن. ﴿سَيَحۡلِفُونَ بِٱللَّهِ لَكُمۡ إِذَا ٱنقَلَبۡتُمۡ إِلَيۡهِمۡ لِتُعۡرِضُواْ عَنۡهُمۡۖ فَأَعۡرِضُواْ عَنۡهُمۡۖ إِنَّهُمۡ رِجۡسٞۖ وَمَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُ جَزَآءَۢ بِمَا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەرنى ئېيتىپ)، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار. چۈنكى ئۇلار

[1] قەسەس سۈرىسى44ـ ئايەت.
[2] مۇجادەلە سۈرىسى:8ـ ئايەت.
[3] بەقەرە سۈرىسى:142ـ ئايەت.

نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر﴾ [1]. بۇ ئايەت، جىھادتىن قېچىپ ئايرىلىپ قالغان مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلار جىھادتىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ يالغاندىن ئۆزرىلەرنى ئويدۇرۇپ قەسەم قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. مەلۇمكى بۇ ئايەتلەر «س» ھەرپى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئەرەب تىلىدا «س» ھەرپى ھازىرقى زامان پېئىللىرىنىڭ ئالدىغا كېلىش ئارقىلىق ئىش-ھەرىكەتنىڭ تېخى يۈز بەرمىگەنلىكىنى ۋە پات-يېقىندا بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

3-قۇرئان كەرىمنىڭ كېلىچەكنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى

﴿أَمْ يَقُولُونَ نَحْنُ جَمِيعٌ مُّنتَصِرٌ﴾ يەنى ﴿بۇ جامائە يېقىندا مەغلۇپ قىلىنىدۇ ۋە ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ﴾[2]. بۇ ئايەت پۈتۈن ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ ۋە مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلارنىڭ يېقىن كېلەچەكتە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن چوقۇم مەغلۇپ قىلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. بۇ ئايەت مەككىدە مۇسۇلمانلار سان ۋە كۈچ جەھەتتە ئىنتايىن ئازلىقنى تەشكىل قىلىدىغان بىر ۋاقىتتا نازىل بولغان. ھەتتا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەت نازىل بولغاندا: «قايسى توپ ئۇ بىزدىن مەغلۇپ بولىدىغان. بىز ئۆزىمىزنى قوغداشتىنمۇ ئاجىز كېلىۋاتقان تۇرساق»[3] دېگەن . «قۇرئان كەرىم» بۇ ئايەت ئارقىلىق بىر قانچە يىل كېيىن ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر ھەقىقەتتىن خەۋەر بەرگەن. ئەگەر ھىجرىيەنىڭ 6-يىلى بىرلەشكەن ئەرەب توپى مەدىنىدە يېڭىلمىگەن ۋە ھىجرىيەنىڭ 8-يىلى مۇسۇلمانلار مەككىنى فەتھى قىلىپ ھەممىنى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلمىغان بولسا «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ ئايىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يالغانچى قىلىپ چىقىرىشقا يېتەرلىك ئىدى.

ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنىڭ ئاقىۋىتى توغرۇلۇق «قۇرئان كەرىم» ئالدىن خەۋەر بېرىپ: ﴿سَنَسِمُهُۥ عَلَى ٱلْخُرْطُومِ﴾ يەنى ﴿بىز يېقىندا ئۇنىڭ بۇرنىغا بەلگە سالىمىز﴾ [4] دېگەن. كېيىن بەدرى غازىتى بولغان كۈندە ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە بۇرنىدىن قىلىچلىنىپ ئۆلدۇ. ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلۇپ

[1] تەۋبە سۈرىسى:95-ئايەت.

[2] قەمەر سۈرىسى45-ئايەت.

[3] «تفسير ابن كثير» 7-توم، 482-بەت.

[4] قەلەم سۈرىسى:16-ئايەت.

ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئىش يۈز بەرمەستىن كىم ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟ ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئۆز خاھىشىدىن بەرگەن بولسا ۋە كېيىن ئىش ئۇنىڭ خەۋەر بەرگىنىدىن باشقىرەك بولغان بولسا ئىش قانداق بولماقچىدى؟ ئىسلام دىنىنىڭ تەقدىرى نېمە بولماقچىدى؟

«قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىك قىلغان تاغىسى ئەبۇ لەھەبنىڭ كاپىر پېتى ئۆلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ: ﴿تَبَّتۡ يَدَآ أَبِي لَهَبٖ وَتَبَّ ١ مَآ أَغۡنَىٰ عَنۡهُ مَالُهُۥ وَمَا كَسَبَ ٢ سَيَصۡلَىٰ نَارٗا ذَاتَ لَهَبٖ ٣ وَٱمۡرَأَتُهُۥ حَمَّالَةَ ٱلۡحَطَبِ ٤ فِي جِيدِهَا حَبۡلٞ مِّن مَّسَدِۭ﴾ يەنى ﴿ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى (ئۆزى) ھالاك بولسۇن! ئۇ (ئەمەلىيەتتە) ھالاك بولدى. ئۇنىڭغا مال-مۈلۈكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى. ئۇ ئۇزاققا قالماي لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئوتۇن يۈدۈگەن، بوينىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولغان ھالدا (لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا) كىرىدۇ﴾ [1] دەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يەۋەتسىمۇ دەردى چىقمايدىغان ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلانغان ئەبۇ لەھەب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى توسۇش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە-تەدبىر ۋە ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا، خالا-يىقنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «مۇھەممەد مېنى مۇسۇلمان بولماي كاپىر پېتى ئۆلىدۇ ۋە دوزاخقا كىرىدۇ، دېدى. گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن مۇسۇلمان بولدۇم، نەتىجىدە دوزاخقا كىرمەيدىغان بولدۇم» دەپ يالغاندىن بولسىمۇ، ئۆزىنى ئېلان قىلغان بولسا ئىدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «يالغانچى» دەپ تۆھمەت قىلىشقا ۋە ئىسلام دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىشقا قادىر ئىدى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا شۇنى پىلانلىغۇدەك ئەقىل بەرمىدى. نەتىجىدە خۇددى «قۇرئان كەرىم» خەۋەر بەرگەندەك كاپىر پېتى ئۆلدى.

## ◄ «قۇرئان كەرىم» نىڭ تەدرىجىي نازىل قىلىنغانلىقى

«قۇرئان كەرىم» نىڭ بىراقلا نازىل قىلىنماستىن، ئاز-ئازدىن، پارچە-پارچە نازىل قىلىنغانلىقىنىڭ ھېكمىتى ۋە سىر-ئەسرارلىرى ناھايىتى كۆپ. ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ بەزىسىنى ئوچۇقلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇش ۋە ئىرادىسىنى كۈچەيتىش، قەۋمىدىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە تەسەللى بېرىش. ئۇنى دەۋەت يولىدىكى جاپا-مۇشەققەتلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن قوبۇل قىلىشقا ئۈندەش، بۇرۇنقى

---

[1] مەسەد سۈرىسى.

پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ھېكايە قىلىپ بېرىش ئارقىلىق كۈچلۈك بولۇشقا تەشەببۇس قىلىش، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقى ۋە ئەڭ چوڭ نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلبىنى مۇستەھكەملەش... قاتارلىقلاردۇر.

مۇندىن باشقا، «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئاز-ئازدىن نازىل قىلىنغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يادلىۋېلىشى ئۈچۈن ئوڭايلىق ئىدى. «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئاز-ئازدىن نازىل بولغانلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئايەتلەرنى دەرھال يادلىۋېلىشى ۋە بۇ ئايەتلەرنى تۇرمۇشىدا تەتبىقلاشقا ئادەتلىنىشى ئۈچۈن ئوڭايلىق يارىتىپ بەرەتتى. مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئىشلار ھەققىدە ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «قۇرئان كەرىم» نىڭ تەدرىجىي نازىل بولۇشىنى تەقەززا قىلاتتى.

### ◄ ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى

«قۇرئان كەرىم» دىكى ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى ئۇلارنىڭ نازىل بولۇش تەرتىپى بويىچە ئەمەس، بەلكى جىبرىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-لامغا ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ ئورۇنلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشىگە ئاساسەن رەتلەنگەن. شۇڭا فاتىھە سۈرىسى «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەڭ بېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇ دەسلەپ نازىل بولغان سۈرە ئەمەس. بەلكى ئەڭ دەسلەپ نازىل بولغان ئەلەق سۈرىسى بولۇپ، ئۇ «قۇرئان كەرىم» نىڭ 30-پارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

### ◄ جىبرىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇرئان ئوقۇتۇشى

جىبرىل ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-لامغا قۇرئاننى بىر قېتىم باشتىن ئاخىرغىچە ئوقۇپ بېرىپ، ئاندىن يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشتىن ئاخىر تىڭشايتتى. پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى رامىزان ئېيىدا، ئۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم» نى ئىككى قېتىم ئوقۇپ بېرىپ، ئىككى قېتىم تىڭشىغان. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە كېلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆيۈملۈك قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا «أَنَّ جِبْرِيلَ كَانَ يُعَارِضُهُ بِالْقُرْآنِ كُلَّ سَنَةٍ مَرَّةً ، وَإِنَّهُ قَدْ عَارَضَنِي بِهِ الْعَامَ مَرَّتَيْنِ ، وَلاَ أُرَى

الأَجَلَ إِلَّا قَدِ اقْتَرَبَ ، فَاتَّقِي اللهَ وَاصْبِرِي ، فَإِنِّي نِعْمَ السَّلَفُ أَنَا لَكِ» يەنى «جىبرىل ماڭا قۇرئاننى ھەر يىلى بىر قېتىم ئوقۇپ بېرەتتى، بۇ يىل ئىككى قېتىم ئوقۇپ بەردى، بۇنىڭدىن ئەجىلىمنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىۋاتىمەن، ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىڭ، سەۋر قىلىڭ، سىز ماڭا ئۇزۇنغا قالماي يېتىشىسىز» دېگەن[1].

## ◄ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ساقلىنىشى

ئاللاھ تائالا ساماۋى كىتابلارنىڭ ئاخىرقىسى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان پېتى ساقلاشنىڭ پۈتۈن شەرت-شارائىتلىرىنى ۋە سەۋەبلىرىنى تولۇقلاپ بەرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنى نازىل بولغان پېتى ساقلاپ، ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلارغا سالامەت يەتكۈزگەن. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» ھەر قانداق بىر ئۆزگەرتىش، ئالماشتۇرۇش ۋە بۇرمىلاشلاردىن پۈتۈنلەي ساقلىنىپ، بىزلەرگىچە ئۆز پېتى بىلەن يېتىپ كەلگەن يېگانە كىتابتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» نى نازىل بولغان پېتى ساقلاش ئىشىدىكى ھوشيارلىقى ۋە چېكىگە يەتكەن ئېھتىياتچانلىقى دۇنيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئەھۋال. بۇنىڭغا مۇسۇلمان بولمىغان ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ گۇۋاھ.

شەكسىزكى، «قۇرئان كەرىم» يادقا ئېلىش ۋە يېزىپ قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى يول بىلەن ساقلىنىپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم» دىن نازىل بولۇپ تۇرغان ئايەت ۋە سۈرىلەرنى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا ساھابىلارغا يادقا ئالدۇرۇش ۋە تېرىلەرگە، خورما يوپۇرماقلىرىغا يازدۇرۇش ئارقىلىق ساقلاپ كەلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايەتلەرنى نازىل بولۇۋاتقان پەيتنىڭ ئۆزىدىلا يادقا ئېلىۋېلىشقا ناھايىتى زور ئەھمىيەت بېرەتتى، ھەتتا جىبرىل ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئايەتلەرنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ شۇ لەھزىنىڭ ئۆزىدە يادلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىنى مىدىرلىتاتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تولۇق ئۆگىتىپ توپلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى مۇنۇ

---

[1] «صحيح البخاري» 8-توم، 64-بەت، 6285-ھەدىس.

ئايەت بىلەن خاتىرجەم قىلغان: ﴿لَا تُحَرِّكۡ بِهِۦ لِسَانَكَ لِتَعۡجَلَ بِهِۦٓ ١٦ إِنَّ عَلَيۡنَا جَمۡعَهُۥ وَقُرۡءَانَهُۥ ١٧ فَإِذَا قَرَأۡنَٰهُ فَٱتَّبِعۡ قُرۡءَانَهُۥ ١٨ ثُمَّ إِنَّ عَلَيۡنَا بَيَانَهُۥ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقان چاغدا) ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. شەكسىزكى، ئۇنى (سېنىڭ دىلىڭغا) تoپلاش ۋە ئۇنى ساڭا ئوقۇتۇش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. بىز ئۇنى (ساڭا جىبرىل ئارقىلىق) ئوقۇپ بەرگەندە، سەن ئۇنى (جىم تۇرۇپ) ئاڭلىغىن. ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشمۇ بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر﴾[1].

بۇنىڭدىن باشقا، جىبرىل ئەلەيھىسسالام نازىل بولۇپ بولغان ئايەتلەر ۋە سۈرىلەرنى ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا باشتىن ئاخىر بىر قېتىم ئوقۇپ بېرىپ، ئاندىن يەنە ئۇنىڭدىن تىڭشايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشى ئالدىدىكى رامىزاندا جىبرىل «قۇرئان كەرىم» نى ئۇنىڭغا باشتىن ئاخىر ئىككى قېتىم ئوقۇپ بېرىپ، يەنە ئۇنىڭدىن تىڭشىغان[2].

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم» نى تەكرارلاشقا ۋە ئۇنى پىششىق يادلىۋېلىپ، ئۆز پېتى ساقلاش ئىشىغا ئىنتايىن زور ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇڭا كېچىلىرى تەھەججۇد نامازلىرىدىمۇ، ھەتتا جىھاد مەيدانلىرىدىمۇ «قۇرئان كەرىم» ئاغزىدىن چۈشمەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىن نازىل بولغانلىرىنى ئۆز ۋاقتىدىلا ساھابىلارغا يادقا ئالدۇراتتى، ئۇلارغا «قۇرئان كەرىم» دىن ساۋاق بېرەتتى ۋە يادلاش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتەتتى، ساھابىلارمۇ «قۇرئان كەرىم» نى يادلاش ئىشىغا پەۋقۇلئاددە زور ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، ھەممىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، ئاز-ئازدىن نازىل بولۇپ تۇرغان ئايەتلەرنى تېزلا يادلىۋالاتتى ۋە يادلىغان ئايەتلەرنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ۋە ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ماڭاتتى. ئۇلار «قۇرئان كەرىم» نى يادلاش ئىشىدا بىر-بىرى بىلەن بەسلىشەتتى، كېچىلىرى مەسجىدلەرگە كىرىۋېلىپ بەس-بەستە قۇرئان يادلايتتى، يادلاپ بولغانلىرىنى تەكرارلايتتى، ھەتتا كېچىلىرى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى مەسجىدلەردىن «قۇرئان كەرىم» تىلاۋىتى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە كۆپلىگەن كىتابلارنى نازىل

---

[1] قىيامەت سۈرىسى16-19- ئايەتلەر.

[2] ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە شۇنداق كەلگەن.

قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن بىرىنىمۇ كىشىلەر يادلاپ باققان ئەمەس. ھەتتا ئۆتمۈشلەردە تەۋرات بىلەن ئىنجىللارنى ھەرقانداق بىر ئاۋام ئوقۇيالمايتتى، پەقەت ئۆلىمالىرىلا ئوقۇپ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتلاردا يادلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئالىملاردىن باشقا خەت ئوقۇشنى بىلىدىغانلارمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەمما «قۇرئان كەرىم» نى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ساھابىلەرنىڭ كۆپ سانلىقى يادىسىغا بىلەتتى. بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا 70تىن كۆپرەك قارىينىڭ شېھىت بولغانلىقىمۇ شۇ ۋاقىتتا قارىيلارنىڭ كۆپلۈكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، دۇنيا تارىخىدا «قۇرئان كەرىم» دىن باشقا بىرەر كىتابنى بۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىپ يادقا ئېلىش كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىش. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» نى تاقىيامەتكىچە ئۆزى مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ «قۇرئان كەرىم» نى ساقلاشنىڭ سەۋەبلىرىنى ۋە تۈرتكىلىرىنى يارىتىپ بەرگەن. ئۇ بولسىمۇ، «قۇرئان كەرىم» نى يادلاشنى ئەڭ شەرەپلىك ئىبادەت قاتارىدىن ساناپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىدا ئۇنى يادلاش ئوتىنى ياندۇرغانلىقى ۋە ئۇنى يادلاشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكى ھەمدە ئۆز ۋاقتىدا يېزىپ ساقلاشنىڭ پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرىنى يارىتىپ بەرگەنلىكى ئىدى. ﴿وَلَقَدۡ يَسَّرۡنَا ٱلۡقُرۡءَانَ لِلذِّكۡرِ فَهَلۡ مِن مُّدَّكِرٖ﴾ يەنى ﴿ھەقىقەتەن بىز بۇ قۇرئاننى يادلاش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، (ئۇنىڭدىن) ۋەز-نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟﴾ [1]. مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم» دىن باشقا ھېچقانداق بىر ساماۋى كىتابنى ياكى ھەدىسنى يادلىغانغا ياكى ئوقۇغانغا ساۋاب ۋەدە قىلىنغان ئەمەس، بەلكى ئەمەل قىلغانغىلا ساۋاب بېرىش ۋەدە قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تا ھازىرغىچە دۇنيادا قارىيلار ئۈزۈلۈپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىم «قۇرئان كەرىم» گە بىرەر ھەرپ چاغلىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلمەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» نى ھازىر مۇسۇلمان ئەمەس خەلقلەرمۇ مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەردە ھەر خىل مەنپەئەتلەر يۈزىسىدىن نەشىر قىلىپ تارقىتىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بىرەر ھەرپكە چاغلىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلمىگەن.

### ◄ «قۇرئان كەرىم» نىڭ توپلىنىشى

«قۇرئان كەرىم» بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ

[1] قەمەر سۈرىسى 22- ئايەت.

ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغا بىر يىلمۇ توشمىغان بىر مۇددەت ئىچىدە، يەنى ھىجرىيەنىڭ 12-يىلى (مىلادىيەنىڭ 631- يىلى) يەمامە ئۇرۇشىدىن كېيىنلا رەسمىي كىتاب شەكلىدە توپلانغان.

بۇ پىكىرنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان، ئاندىن ساھابىلارنىڭ ئۆلىمالىرى بۇ ئىشقا بىردەك ئىتتىپاقلا كەلگەن. «قۇرئان كەرىم»نى كىتاب شەكلىدە توپلاپ چىقىش ئىشىنى زەيد ئىبنى سابىت باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ساھابىلار ئۈستىگە ئالغان. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا «ۋەھيى كاتىپلىرى» يەنى (ۋەھيىنى يېزىپ تۇرىدىغان كاتىپلار) ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ئىدى.

## ◄ «ۋەھيى كاتىپلىرى» ھەيئىتى

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخسۇس كاتىبى ۋە «ۋەھيى كاتىپلىرى» ھەيئىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ، قارىيلارنىڭ ئەڭ سەرخىلى، پەۋقۇلئاددە زېرەك، ھۇشيار ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئالاھىدە يۇقىرى كىشى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاۋۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، كېيىن خەلىپىلەر ئۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن مەخسۇس كاتىب قىلىپ ئىشلەتكەن. زەيد ئىبنى سابىت جىبرىل پەيغەمبەر ئەلەيھىس-سالامغا «قۇرئان كەرىم»نى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم باشتىن ئاخىر ئوقۇپ بېرىپ، يەنە ئۇنىڭدىن تىڭشىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ھازىر بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغان، ئىشەنچلىكلىكى، ئېھتىياتچانلىقى ۋە تەقۋالىقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قايىل قىلغان ساھابىلارنىڭ بىرى ئىدى.

## ◄ «ۋەھيى كاتىپلىرى»نىڭ «قۇرئان كەرىم»نى توپلاشتىكى ئۇسۇلى

زەيد ئىبنى سابىت باشچىلىقىدىكى«ۋەھيى كاتىپلىرى» ھەيئىتى ئەزالىرى «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى توپلاپ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈشتە دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇلنى قوللانغان بولۇپ، «ۋەھيى كاتىپلىرى» ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى تېرىلەرگە، سىلىق تاشلارغا، خورما دەرىخىنىڭ قوۋزاقلىرىغا ۋە يوپۇرماقلىرىغا، شۇنداقلا سۆڭەكلەرگە يېزىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە ساقلانغان «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى شۇ ۋاقىتتىكى قارىيلارنىڭ يادلىغانلىرىغا بىر-بىر سېلىشتۇرۇپ، ھەر بىر قارىيدىن

تىڭشىغان ئايەتلەردىن ھەر بىر ئايەتنىڭ توغرىلىقىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە يېزىپ ساقلانغان ئايەتلەردىن ھەر بىر ئايەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا يېزىلغانلىقىغا ئىككى گۇۋاھ- چىنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئېلىشنى شەرت قىلغان. ئۇلار ھەر بىر ئايەت ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا، ئۇنىڭ دەپ بېرىشى بىلەن يېزىلغانلىقىغا ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى گۇۋاھچىنى قەسەم قىلدۇراتتى، ئاندىن شۇ ئايەتنىڭ ئۆزىنى قارىيلاردىن تىڭشاپ كۆرەتتى، قارىيلارنىڭ ئوقۇغىنى بىلەن يېزىلىپ ساقلانغىنى ئەينەن چىقسا، ئاندىن ئۇنى رەسمى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى قاتارىدىن ساناپ توپلاپ ماڭاتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئايەت ۋە سۇرىلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا رەتلەپ قويغان تەرتىپ بويىچە ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن تىزىپ چىقىپ، «قۇرئان كەرىم» نى كىتاب ھالىغا كەلتۈرگەن. ھازىر بىز ئوقۇۋاتقان «قۇرئان كەرىم» نۇسخىلىرى ئۇنىڭ ئەينىسىدۇر.

«ۋەھيى كاتىپلىرى» ھەيئىتىنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى توپلاشتا بۇنداق ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىلەن ئىش كۆرۈشىگە تۈرتكە بولغان ئامىل شۇكى، «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن نازىل بولغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تاپشۇرۇپ ئالغان پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزۈش ھەم شەرەپلىك ھەم خەتەرلىك بىر مەجبۇرىيەت ئىدى. «قۇرئان كەرىم» نى توپلىغان «ۋەھيى كاتىپلىرى» ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى بۇنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار بۇ ئىشتا قىلچە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ ئاللاھ تائالاغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ خىيانەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، ناۋادا قىلچىلىك سەۋەنلىك ئۆتۈلسە، خۇددى ئىلگىرىكى يەھۇدىي، خرىستىئان ئالىملىرىغا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھىي كىتابلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىپ تا قىيامەتكىچە ئاللاھنىڭ ۋە خەلقنىڭ ئالدىدا لەنەتكەردى بولۇپ قېلىش خەۋپىنى ئەلۋەتتە ھېس قىلاتتى ۋە ياخشى بىلەتتى.

## ◄ «ۋەھيى كاتىپلىرى» ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا ۋەھيىلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشقا ۋە كېيىنچە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى توپلاشقا بەلگىلەنگەن «ۋەھيى كاتىپلىرى» ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ساھابىلارنىڭ ئەڭ مۇكەممەل

قارىيلىرىدىن تاللاپ چىقىرىلغان ئەڭ تەقۋادار، ئەڭ ئالىم، ئەڭ خاتىرىسى ياخشى ۋە ئەڭ ئېھتىياتچان شەخسلەردىن تەشكىللەنگەن گۇرۇپپا ئىدى. «قۇرئان كەرىم» نىڭ پۈتۈن ئايەتلىرىنى جەملەپ، ئۇلارنى كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈش ئىشىغا ساق بىر يىل كەتكەن. ساھابىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى «قۇرئان كەرىم» نى يادقا بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا «قۇرئان كەرىم» نى كىتاب شەكلىدە توپلاپ ئوقۇشقا زور ئېھتىياجلىق ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئېغىزدىن-ئېغىزغا يۆتكىلىپ يۈرگەن «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ھەتتا ئۇنى يادقا ئالمىغان ساھابىلار ئۈچۈنمۇ تونۇشلۇق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان يىلى ئىسلام دىنىنى يوق قىلىش پىلانى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان مۇرتەد ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن بولغان، تارىختا «يەمامە ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغان ئۇرۇشتا ساھابىلاردىن كۆپ كىشىنىڭ شېھىت بولغانلىقى، ھەتتا قارىيلاردىن بۇ بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا 70 تىن كۆپرەك كىشىنىڭ شېھىت بولغانلىقى سەۋەبلىك مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم» نى يادلىغان قارىيلار تۈگەپ كەتسە ئۇنىڭ بەزى ئايەتلىرىنىڭ قەلبلەردىن ئۆچۈرۈلۈپ كېتىش خەۋپىنى ھېس قىلغان. شۇنداق قىلىپ ساھابىلار قارىيلارنىڭ تۈگەپ كېتىشى بىلەن «قۇرئان كەرىم» نىڭ قەلبلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، كەلگۈسىدە داۋام ئېتەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى رەتلەپ قويغان ئايەت ۋە سۈرىلەرنى شۇ تەرتىپى بويىچە كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈش قارارىغا كەلگەن.

## ◄ «قۇرئان كەرىم» نىڭ نۇسخىلارغا كۆپەيتىلىشى

«قۇرئان كەرىم» ھىجرىيىنىڭ 25-يىلى (مىلادىنىڭ 645- يىلى) ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، ئۇنىڭ مەخسۇس پەرمانى بىلەن نۇسخىلاندۇرۇپ كۆپەيتىلگەن. «قۇرئان كەرىم» نى نۇسخىلاندۇرۇپ كۆپەيتىش پىكرىنى قارىيلارنىڭ پېشۋاسى ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ پىكرنى خەلىپىدىن باشلاپ پۈتۈن ئۇلىمالار قوللىغان. «قۇرئان كەرىم»نى ھەربىر قارىينىڭ ئۆزى مەنسۇپ بولغان شەۋدە ئوقۇشى ۋە ھەربىر قارىينىڭ ئۆزى ئوقۇغان شەۋنى ھەممىدىن ئەۋزەل سانىشى نەتىجىسىدە چىققان ئىختىلاپنى يوق قىلىپ، «قۇرئان كەرىم» نى ھەممە بىر خىل قىرائەت ۋە بىر خىل شەۋدە ئوقۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئۇنى بىرلا قۇرەيش شەۋىسىدە نۇسخىلاپ، ھەر قايسى ئىسلام ئەللىرىگە بىر نۇسخىدىن ئەۋەتكەن.

## «قۇرئان كەرىم» نى نۇسخىلاندۇرۇش ئۇسۇلى

«قۇرئان كەرىم» نى نۇسخىلاش ئىشىنى «ۋەھيى كاتىپلىرى» ھەيئىتىنىڭ رەئىسى زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير، سەئىد ئىبنى ئاس، ئابدۇراھمان ئىبنى ھارىس قاتارلىق قارىي ساھابىلار ئۈستىگە ئالغان. «قۇرئان كەرىم»نى نۇسخىلاندۇرۇشقا بەلگىلەنگەنلەر بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا توپلانغان «قۇرئان كەرىم» نۇسخىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدىن سوراپ ئېلىپ كېلىپ، نۇسخىلارنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇشۇ نۇسخىسىغا ئاساسلىنىپ نۇسخىلاندۇرغان، ئاندىن ئەسلى نۇسخىنى يەنە ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قايتۇرۇپ بېرىپ، يېڭى نۇسخىلاردىن بىرىنى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ قالغانلىرىنى ئىسلام ئەللىرىدىن ھەر بىرىگە بىر نۇسخىدىن بىر قارى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتىپ بەرگەن ۋە ھەر جايدا «قۇرئان كەرىم» نىڭ مۇشۇ نۇسخىسىنى ئوقۇش توغرۇلۇق مەخسۇس پەرمان چىقارغان. ئاندىن مۇشۇ قېتىم نۇسخىلارغا كۆپەيتكەندىن باشقا قۇرئان دەپ ساناالغانلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن.

ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا نۇسخىلاندۇرغان «قۇرئان كەرىم» زامانىمىزدا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئوقۇلۇۋاتقان «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۆزىدۇر. بۇ نۇسخا «مۇسھەف ئوسمانى» (ئوسمانىي قۇرئان) دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا كۆپەيتىلگەن «قۇرئان كەرىم» نۇسخىلىرى بەش ئىدى، دېگەنلەرمۇ ۋە ئالتە ئىدى، دېگەنلەرمۇ بار. ئەمما خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مىسىر، بەھرەين، يەمەن، مەككە، بەسرە قاتارلىق شەھەرلەرگە بىردىن «قۇرئان كەرىم» نى بىردىن قارى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتكەنلىكى ئېنىق.

## ھەزرىتى ئوسمان زامانىدىكى قۇرئاننىڭ قولىيازما نۇسخىلىرى

ئۈچىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا توپلىنىپ ۋە ھەر قايسى ئىسلام دىيارلىرىغا ئەۋەتىلگەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەسلى نۇسخىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوقاپ كەتكەن. ئەمما شۇ ۋاقىتتىكى قولىيازما نۇسخىلاردىن بىرى ھازىر مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە، يەنە بىرى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى توپقاپى سارىيى «مۇقەددەس ئامانەتلەر مۇزېيى»دە، يەنە بىر

نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى «مۇسۇلمانلار ئىدارىسى»نىڭ كۈتۈپخانىسىدا، تامغا ئۇرۇلغان مەخسۇس ئەينەك جىھازنىڭ ئىچىدە ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم.

## ◄ ئىلگىرىكى ئەرەب ئېلىپبەسى

ئىلگىرى ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەر چېكىتسىز يېزىلاتتى. مەسىلەن: (ب ، ت ، ث ، ى ، ن) ، (ج ، ح ، خ) ، (د ، ذ) ، (ر ، ز) ، (س ، ش) ، (ص ، ض) ، (ع ، غ) ، (ط ، ظ) ، (ف ، ق) قاتارلىق ھەرپلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان چېكىتلەر يوق ئىدى. لېكىن ئەرەبلەر ئادەتتە بويىچە بۇ چېكىتسىز ھەرپلەرنىڭ قايسىسى (ب)، قايسىسى (ت) ۋە قايسىسى (ث) ئىكەنلىكىنى سۆزنىڭ باش-ئاخىرىغا قاراپلا، ھېچبىر قىيىنچىلىق ھېس قىلماستىن بىلىۋالاتتى ۋە توغرا ئوقۇيتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ ئوقۇش بەلگىلىرىنى بېكىتىشكە ھاجەت يوق ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتۈپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا، ئىسلام دىنى ئەرەب ئەمەس قەۋملەر ئارىسىغا كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان. ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» نى ئوقۇشقا بولغان زور ئېھتىياجى ئەرەب ئەمەس قەۋملەرنىڭ ئەرەب تىلىنى توغرا ئوقۇشى ئۈچۈن مەخسۇس قائىدە بەلگىلەشنى تەقەززا قىلغان ئىدى. چۈنكى، ئەرەبلەر ئۆز تىلىدا نازىل بولغان بۇ «قۇرئان كەرىم» نىڭ ھەرپلىرىنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ، توغرا ئوقۇپ كېتەلىگەن بىلەن، ئەرەب ئەمەس مىللەتلەر ئۇنى ئەرەبلەردەك ئوقۇيالمايتتى.

## ◄ «قۇرئان كەرىم» گە ئوقۇش بەلگىلىرىنىڭ قويۇلۇشى

ئەرەب تىلىنىڭ گىراماتىكا قائىدىسىنى ۋە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ ئوقۇلۇش بەلگىلىرىنى تۈنجى قېتىم تۈزۈپ چىققان ئادەم تابىئىن ئۆلىمالىرىدىن ئەبۇلئەسۋەد دۇئەلىي (606-688م) دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ تۆتىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب (601-660م)نىڭ ئەمرى بىلەن بۇ ئىشنى باشلاپ، ھەرپلەرنىڭ فەتھە (ـَ )، كەسرە (ـِ )، داممە (ـُ ) قاتارلىق ھەرىكەتلىرىنى چېكىتلەر بىلەن ئايرىغىلى بولىدىغان قىلىپ چىققان. فەتھە ئالامىتىنى ھەرپنىڭ ئۈستىگە بىر چېكىت قويۇش بىلەن،

كەسرە ئالامىتىنى ھەرپنىڭ ئاستىغا بىر چېكىت قويۇش بىلەن، داممە ئالامىتىنى ھەرپنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر چېكىت قويۇش بىلەن، سۇكۇن ئالامىتىنى ئىككى چېكىت بىلەن ئايرىۋالغىلى بولىدىغان قائىدىنى تۈزۈپ چىققان.

ئەرەب ھەرپلىرىنىڭ ئوقۇش بەلگىلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى

ئەرەب ھەرپلىرىنىڭ چېكىتلىرى ۋە بەلگىلىرىنى تۇنجى بولۇپ ئىجاد قىلغان ئالىم خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەل فەراھىدى (718-790م) دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ ھەرپلەرنىڭ چېكىتلىرىنىڭ ئورنىغا ھازىرقى فەتھە (ـَ )، كەسرە (ـِ )، داممە (ـُ ) بەلگىلىرىنى قويۇپ تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ پۇختا ئۇسۇلنى ئىجاد قىلغان. ئۇ يەنە ھەمزە، شەددە ۋە باشقا بەلگىلەرنى تۈزۈپ چىققان. كېيىنچە ئەرەب تىلىنىڭ سىنتاكسىس قائىدىسىنى تۈزۈپ چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەرەب تىلىنىڭ ئوقۇش قائىدىلىرى، ھەرپلەرنىڭ بەلگىلىرى، ھەرىكەتلىرى مۇقىملىشىپ، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ خەت ئۇسلۇبى كۈندىن-كۈنگە كۆركەم ۋە چىرايلىق ھالغا كېلىپ، تەدرىجى ھالدا تەرەققىي قىلىپ بىرىپ ئەڭ ئاخىرقى كامالىغا يەتكەن.

«قۇرئان كەرىم» نىڭ ھازىر بىز ئوقۇۋاتقان شەكلى ھىجرىيە 3-ئەسىردە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، شۇنىڭدىن بېرى شۇ پېتى داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## ◄ «قۇرئان كەرىم»نىڭ رەسمىي مەتبەدە نەشر قىلىنىش تارىخى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ رەسمىي مەتبەدە بېسىلغان تۇنجى نەشرى 1538-يىلى ئىتالىيەدە بېسىپ چىقىلغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن 1694- گېرمانىيەدە، 1728-يىلى تۈركىيەدە، 1787-يىلى رۇسىيەنىڭ سانت پېتىربۇرگ شەھرىدە، 1802-ھىندىستاندا، 1834-يىلى گوللاندىيەدە، 1848-يىلى تاتارىستان پايتەختى قازان شەھرىدە، 1823-يىلى مىسىردا، 1949-يىلى مەككىدە بېسىلىپ تارقىتىلغان. ئەمما بىزنىڭ ئۇيغۇر دىيارىمىزدا 12-ئەسىردە «قۇرئان كەرىم»نىڭ تۇنجى تەرجىمىسى ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ رەسمىي مەتبەدە بېسىلىشى 20-ئەسىردىلا ئەمەلگە ئاشقانلىقى سۆزلىنىدۇ.

## ◄ «قۇرئان كەرىم»نى نەشر قىلىش ئاكادېمىيەسى

قۇرئان كەرىم ھازىرغىچە، ھىندىستان، مىسىر، تۈركىيە ۋە باشقا كۆپلىگەن دۆلەتلەردە، ھەتتا ياپونىيە، ختاي، رۇسىيە ۋە ئىتالىيەلەرگە

ئوخشىغان مۇسۇلمان ئەمەس مەملىكەتلەردىمۇ نەشر قىلىنىپ، تارقىتىلىپ كەلدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا سەئۇدى ئەرەبىستانىدا قۇرئان كەرىمنى بىر خىل شەكىل ۋە بىر خىل خەت نۇسخىسى بىلەن بېسىپ ئۇنى پۈتۈن دۇنيادا ئومۇملاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق پادىشاھى مەرھۇم فەھد ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۆز نامىدىن مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھرىدە «قۇرئان كەرىمنى نەشر قىلىش ئاكادېمىيەسى» قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلغان ۋە ئاخىرى ئۇنى قۇرۇپ چىققان. چۈنكى، مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرى قۇرئان كەرىم تاماملانغان ۋە ئايەتلىرى توپلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان مۇبارەك جاي ئىدى.

## ◄ مەزكۇر ئاكادېمىيەنىڭ تەسىس قىلىنىشى

**1984**- يىلى **30**- ئۆكتەبىر كۈنى «قۇرئان كەرىمنى نەشر قىلىش ئاكادېمىيەسى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئاكادېمىيەنىڭ بىناسى ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ناھايىتى كۆركەم ھەم زامانىۋى شەكىلدە قۇرۇپ چىقىلغان. ئۇ مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىنىڭ تەبۇك يولىغا جايلاشقان بولۇپ، **250** مىڭ كۋادرات مېتىر يەر مەيدانىغا ئىگە. بۇ ئاكادېمىيەدە ئالىملار، قارىيلار، خەتتاتلار، ئىشچىلار بولۇپ جەمئى **900**گە يېقىن ئادەم ئىشلەيدۇ. بۇ ئاكادېمىيە يىلىغا **30** مىليوندىن كۆپرەك قۇرئان كەرىم بېسىپ چىقىش قۇدرىتىگە ئىگە بولۇپ، ھەر يىلى **10** مىليون ئەتراپىدا قۇرئان بېسىپ چىقارماقتا.

بۇنىڭدىن باشقا، تەپسىر ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىلىرىنى بېسىپ تارقىتىشتىن تاشقىرى، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر قارىيلارنىڭ ئاۋازلىرى بىلەن ئوقۇلغان قۇرئان كەرىم لېنتىلىرىنى نەشر قىلىپ تارقىتىدۇ.

## ◄ قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى

«قۇرئان كەرىمنى نەشر قىلىش ئاكادېمىيەسى»دە ھازىرغىچە ئىسپانىيە، گېرمانىيە، ئىنگلىز، ھىندونېزىيە، ئۇيغۇر، قازاق، خىتاي، رۇس، ئۇردۇ، پارس، پاشتۇ، تۈرك، تايلاند، سومالى، فرانسۇز، كەشمىر، كورېيە، مىلىبارى، ھەۋسا، بورما، گرېك، زۇلۇ، بوسنا قاتارلىق **30** دىن كۆپرەك تىلدا قۇرئان كەرىم تەرجىمىلىرى بېسىلىپ تارقىتىلغان.

## ◄ قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرى ۋە تەپسىرلىرى

مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق نازىل قىلغان ۋە بارلىق ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغان ئەرەبچە كىتابتۇر. بۇ كىتابنى بارلىق ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىككىلا يول بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇش، ئاڭلاش، يادلاش ئارقىلىق ئۇنىڭ لەۋزى بىلەن ئىبادەت قىلىش بولىدۇ. يەنە بىرى، «قۇرئان كەرىم»نى ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىشتۇر. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىگە ئەرەب تىلىنى ئۆگىتىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرجىمىسىنى ئۇلارنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئەڭ ئوڭاي يولدۇر. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نى بارلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىش ناھايىتى مۇھىمدۇر. جۈملىدىن ئۇنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ خەلقىمىزگە يەتكۈزۈش بىزنىڭ دىني بۇرچىمىزدۇر.

ھازىر دۇنيادا «قۇرئان كەرىم»نىڭ 1200 دىن ئارتۇق تەرجىمە نۇسخىسى بارلىقى ۋە 140 تىن كۆپرەك مىللەتنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ بولغانلىقى مەلۇم. ھەتتا بەزى مىللەتلەرنىڭ تىلىدا 100 خىلدىن ئارتۇق «قۇرئان كەرىم» تەرجىمىسى تېپىلىدۇ. بىزنىڭ ئۇيغۇر دىيارىمىزغا كەلسەك، 12-ئەسىردە قاراخانىيلار دەۋرىدىلا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بارلىققا كەلگەن ئىكەن. ھازىر بۇ تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ سەككىز خىل قول يازما نۇسخىسى تولۇق ياكى كەمتۈك ھالەتتە چەتئەللەرنىڭ مۇزېيلىرىدا ياكى كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانماقتا ئىكەن. مەلۇم بولۇشىچە، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئۇيغۇر ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، رەسمىي تۈردە نەشر قىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي، كۆپلىرى يوقىلىپ كەتكەن ۋە لەنىتى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە نۇرغۇنلىرى كۆيدۈرۈپ يوق قىلىنغان ئىكەن.

يېقىنقى ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ئۆزبېك ئالىمى مەھمۇد تارازىنىڭ «قۇرئان كەرىم ئىزاھلىق تەرجىمىسى» ناملىق ئەسىرى پاكىستاندا چاغاتاي يېزىقىدا نەشر قىلىندى. بۇ تەرجىمە بىزنىڭ ۋەتەنگىمۇ يېتىپ باردى. يەنە 1986- يىلى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىسى ئەللامە مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم تەرىپىدىن ھازىرلىنىپ، «بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى»دا بېسىپ تارقىتىلدى. بۇ تەرجىمە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ

قولىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇرغان بولدى. بۇنىڭغىمۇ 30 يىل بولاي دەپ قالدى. 2012-يىلى «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى» تەرىپىدىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرلىنىپ، «خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلدى. 2017- يىلى ئۇيغۇر ئالىمى ئەنەس ئالىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، ئىستانبۇلدا نەشر قىلىندى. تەرجىمىنىڭ كۆپ بولۇشى پايدىلىقتۇر. تۈركچىدىمۇ 300دىن كۆپرەك «قۇرئان كەرىم» تەرجىمىسى بارلىقى سۆزلىنىدۇ.

## ◄ «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلغان ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇرلار تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە «قۇرئان كەرىم»نى ئەڭ دەسلەپ تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلغان خەلقتۇر. «قۇرئان كەرىم»نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلغانلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئۇيغۇرلار ئىچىدە «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەپسىرىنى ئەڭ دەسلەپ يازغان كىشى ئاتاغلىق تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد قەشقەرىينىڭ ئۇستازى ھۇسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەف كاشغەريي دېگەن كىشى بولۇپ، بۇ زات قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بىر قانچە ئەۋلاد خانلىرىنىڭ مەنىۋى داھىسى، شۇنداقلا تونۇلغان مۇدەررىس ئىدى. ئۇ ئۆمرى ئىچىدە 200 پارچىدىن كۆپرەك كىتاب يازغانىنىڭ سىرتىدا قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرىنى يازغان.

2. مىلادىيە 1735- يىلىدىن 1756- يىلىغىچە يەركەندە ھۆكۈمدار بولغان خوجا ياقۇب دېگەن كىشى دۆلەت خىراجىتى بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەپسىرىنى يازدۇرۇپ نەشر قىلدۇرغان.

3. قاغىلىقتا ئۆتكەن داڭلىق ئۆلىما ھۇسەيىنخان تەجەللى 1910- يىلى قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەپسىرىنى يېزىپ چىققان.

4. سابىت داموللا ھاجىم شىڭشىسەيىنىڭ تۈرمىسىدە، مىلادىيە 1937- يىلىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۈچ سەرپ قىلىپ، «روشەن بايان- تۈركىي تەپسىرۇل قۇرئان» دېگەن ئۇيغۇرچە تەپسىرنى يېزىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ 30- پارىسى 1948- يىلى غۇلجىدا بېسىپ تارقىتىلغان. بۇ تەپسىرنىڭ قولىيازما نۇسخىسىنى سابىت داموللامنىڭ غولجىدىكى ئوغلى ئابدۇللاھ 1961- يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىغا تاپشۇرغان ئىكەن.

5. 1955- يىلى مۇھەممەد زىرىپ قارىھاجىم غۇلجىدا «قۇرئان كەرىم

تەپسىرى»نى ئۇيغۇرچە يېزىپ چىققان. زىرىپ قارىھاجىمنىڭ 1926- يىلى قەشقەردە يېزىپ چىققان «ئەممە پارىسىنىڭ تەپسىرى»ناملىق ئەسىرى 1987- يىلى قاتاردا فاكسىمىل قىلىپ، ئەسلىدىكى چاغاتاي يېزىقىدا بېسىپ تارقىتىلغان. كېيىنچە 2003- يىلى شۇ فاكسىمىل نۇسخىسىغا ئاساسەن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىپ نەشىر قىلىنغان. تولۇق نۇسخىسى 2018-يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

6. قولىمىزدىكى «تەپسىر جەۋھەرلىرى» ناملىق 10 توملۇق تەپسىر پىقىر مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ قولىدا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، بۇ تەپسىر 2018- يىلى قازاقىستاندا كىرىل رۇس ھەرپىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

### ◄ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تەپسىرلەر

1. «تەپسىرى ئىبنى كەسىر» 2005-يىلى ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

2. «ئاخىرقى ئۈچ پارىنىڭ تەپسىرى» 2007-يىلى تەرجىمە قىلىنىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ رىياد شەھىرىدە نەشر قىلىنغان.

3. «تەپسىرى مۇيەسسەر» 2019- يىلى تەرجىمە قىلىنىپ، 2020-2023- يىللىرى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

4. «تەفھىمۇل قۇرئان» 2023- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

5 . «فى زىلالىل قۇرئان» بەزى سۈرىلەرنىڭ تەرجىمىسى نەشر قىلىنغان.

6. «تەپسىرى سەئدىي» تېخى نەشر قىلىنمىغان.

7. «سەفۋەتۇتتەفاسىر» تېخى نەشر قىلىنمىغان.

8. «تەپسىرى تەنتاۋى» تەبىئىي پەنگە ئائىت ئايەتلەر تەرجىمە قىلىنغان.

9. «تەپسىرى مۇختەسەر» تېخى نەشر قىلىنمىغان.

10. «ئەھسەنۇلبايان» تېخى نەشر قىلىنمىغان.

# «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەپسىرى ھەققىدە

تەپسىر ــ ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بولغان«قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، ئەھكاملىرىنى ۋە ھېكمەتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان ئىلىم دېمەكتۇر[1]. ئاللاھ تائالا ھەربىر پەيغەمبەرنى ئۇنىڭ ئۆز قەۋمى ئىچىدىن تاللاپ چىقارغانىدەك، كىتاب نازىل قىلغان پەيغەمبەرلەرگىمۇ ئۇ كىتابلارنى ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىدا نازىل قىلغان. ﴿وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن رَّسُولٍ إِلَّا بِلِسَانِ قَوۡمِهِۦ لِيُبَيِّنَ لَهُمۡۖ﴾ يەنى ﴿قانداقلا بىر پەيغەمبەر ئەۋەتەيلى، بىز ئۇنى ئۆز قەۋمىگە (ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى) بايان قىلىپ بەرسۇن دەپ، ئۆز قەۋمىنىڭ تىلىدا (سۆزلەيدىغان قىلىپ) ئەۋەتتۇق﴾[2]. ساماۋى دىننىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەب يېرىم ئارىلىدا دۇنياغا كەلگەن ۋە شۇ جايدا بارلىق ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان«قۇرئان كەرىم» ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ تىلى بولغان ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغان. ﴿إِنَّآ أَنزَلۡنَٰهُ قُرۡءَٰنًا عَرَبِيّٗا لَّعَلَّكُمۡ تَعۡقِلُونَ﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، سىلەرنى ئەقلىنى ئىشلەتسۇن دەپ، بىز ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق﴾[3]. ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا نازىل قىلىنغان بۇ كىتابنى ياخشى چۈشىنەتتى، مەنىسىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەمما بۇ كىتاب گەرچە ئەرەبچە كىتاب بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسلۇبى، پاساھىتى ۋە مۆجىزىسى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ سۆزلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىق ئىدى. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتە ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى بىر خىل ئەمەس ئىدى، ھەتتا ساھابىلەرمۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتە بىر خىل ئەمەس ئىدى، ئۇلار چۈشەنمىگەن ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن

[1] ئەللامە زەركەشىنىڭ «البرهان في علوم القرآن» ناملىق ئەسىرى 1ـ توم، 13ـ بەت.
[2] ئىبراھىم سۈرىسى: 4ـ ئايەت.
[3] يۈسۈف سۈرىسى: 2ـ ئايەت.

ئۆگىنەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىر-بىرىدىن سوراپ ئۆگىنەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە چۈشەندۈرۈپ بەرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلغانلىقى ئىدى. دېمەك، «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلانغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى مۇپەسسىر ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن زامانىمىزغا قەدەر «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىش ئىشى داۋاملىشىپ كەلمەكتە. «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەپسىرى بىر قانچە باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

## ◄ بىرىنچى باسقۇچ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىر قىلىشى

شەكسىز ھەقىقەت شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نىڭ جانلىق تەپسىرى ئىدى، چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نى ئۆزىنىڭ ھەدىسلىرى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن تەپسىر قىلىپ بېرەتتى. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى ساقلاشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندەك، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّا نَحۡنُ نَزَّلۡنَا ٱلذِّكۡرَ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ﴾ يەنى ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز﴾[1]، ﴿لَا تُحَرِّكۡ بِهِۦ لِسَانَكَ لِتَعۡجَلَ بِهِۦٓ ١٦ إِنَّ عَلَيۡنَا جَمۡعَهُۥ وَقُرۡءَانَهُۥ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقان چاغدا) ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتمىغىن. شەكسىزكى، ئۇنى (سېنىڭ دىلىڭغا) توپلاش ۋە ئۇنى ساڭا ئوقۇتۇش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر. بىز ئۇنى (ساڭا جىبرىل ئارقىلىق) ئوقۇپ بەرگەندە، سەن ئۇنى (جىم تۇرۇپ) ئاڭلىغىن. ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشمۇ بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر﴾[2]. ئاندىن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «قۇرئان كەرىم»نى كىشىلەرگە تەپسىر قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلذِّكۡرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيۡهِمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ﴾ يەنى ﴿بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا نازىل قىلىنغان (ئەھكاملار)نى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ۋە

[1] ھىجر سۈرىسى: 9- ئايەت.
[2] قىيامەت سۈرىسى: 16-17- ئايەت.

ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشى ئۈچۈن نازىل قىلدۇق﴾[1]. شۇڭا ساھابىلەر چۈشىنەلمىگەن ئايەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورايتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. «قۇرئان كەرىم» ساپ ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغان بىر ئەرەبچە كىتاب بولغانلىقتىن، ساھابىلەر ئايەتلەرنى ئومۇمەن تولۇق چۈشىنىپ كېتەلىگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورايدىغانلىرى پەقەت چۈشىنىش قىيىن بولغان ئايەتلەر ئۈستىدىلا بولاتتى. شۇڭا ئۇلار ھەممە ئايەتنىڭ تەپسىرىنى سوراپ ئولتۇرمايتتى. مەسىلەن: ﴿ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَلَمْ يَلْبِسُوٓاْ إِيمَٰنَهُم بِظُلْمٍ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمُ ٱلْأَمْنُ وَهُم مُّهْتَدُونَ﴾ يەنى ﴿ئىمان ئېيتىپ، ئىمانىغا زۇلۇم (شېرىك) ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە كەلسەك، (ئازابتىن) ئەمىنلىك ئەنە شۇلارغا خاستۇر. ئۇلار توغرا يولنى تاپقۇچىلاردۇر﴾[2] دېگەن ئايەت نازىل بولغان چاغدا، بۇ ئايەت ساھابىلەرگە قاتتىق ئېغىر كېلىدۇ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ: «يارەسۇلۇللاھ! ئارىمىزدا زۇلۇم قىلمايدىغان كىم بار؟» دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بۇ ئايەتنى يەنە باشقا ئايەت بىلەن تەپسىر قىلىپ بېرىپ: «بۇ ئايەتتىكى زۇلۇم سىلەر چۈشەنگەن زۇلۇم ئەمەس، سىلەر ياخشى بەندە (لۇقمان ھەكىم)نىڭ ﴿يَٰبُنَيَّ لَا تُشْرِكْ بِٱللَّهِ إِنَّ ٱلشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ﴾ يەنى ﴿ئى ئوغلۇم! ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن. چۈنكى شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ زۇلۇمدۇر﴾[3] دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟»[4] دېگەن. دېمەك، ئالدىنقى ئايەتتىكى«زۇلۇم» دېگەن سۆز ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش دېگەن مەنىدە كەلگەن. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى سورىمىسىمۇ بەزى ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىپ بېرەتتى.

## ◄ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەممىسىنى تەپسىر قىلغانمۇ؟

ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەپسىر قىلىپ بەرگەنمۇ ياكى ساھابىلەر چۈشىنەلمەي قالغان قىسمىنىلا تەپسىر قىلىپ بەرگەنمۇ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپ-

[1] نەھل سۈرىسى: 44- ئايەت.
[2] ئەنئام سۈرىسى:82- ئايەت.
[3] سۈرە لۇقمان: 13- ئايەت.
[4] «مسند الإمام أحمد» 6-توم، 68-بەت، 3589 -ھەدىس.

ـلاشقان بولۇپ، شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە قاتارلىق ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەممىسىنى تولۇق تەپسىر قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ئەللامە سۇيۇتى[1] قاتارلىق ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە ئايەتنىڭ تەپسىرىنى قىلمىغانلىقىنى، پەقەت ساھابىلەر چۈشىنەلمەي سورىغان ئايەتلەرنىڭلا تەپسىرىنى قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئەللامە مۇھەممەد ھۈسەين زەھەبى «التفسير والمفسرون» (تەپسىر ۋە مۇپەسسىرلەر) ناملىق ئەسىرىدە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دەلىل-ئىسپاتلىرىنى ۋە دەتالاشلىرىنى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: «يۇقىرىقى ئىككى خىل قاراشنىڭ دەلىللىرىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، كۆڭلىمىز شۇنىڭ بىلەن ئارام تاپىدۇكى، بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ مۇنداق دەيمىز: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھا-بىلىرىگە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىن كۆپلىرىنىڭ مەنىسىنى بايان قىلىپ بەرگەن بولۇپ، بۇنىڭغا سەھىھ ھەدىسلەرمۇ گۇۋاھتۇر. شۇنداقتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنىسىنى بايان قىلمىغان. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»دە مەنىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدىغان ئايەتلەر، ئالىملارلا بىلىدىغان ئايەتلەر ۋە ئەرەبلەر ئۆز تىلى بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن بىلىدىغان ئايەتلەر، يەنە ھەركىم ئاسانلا بىلەلەيدىغان ئايەتلەر ئورۇن ئالغان. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: ‹تەپسىر تۆت تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئەرەبلەر ئۆز تىلى ئارقىلىق بىلىدىغان تۈرى، ئىككىنچىسى، ھەركىم چۈشىنەلەيدىغان تۈرى، ئۈچىنچىسى، ئالىملارلا چۈشىنىدىغان تۈرى، تۆتىنچىسى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان تۈرىدۇر›[2]. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەبلەر ئۆزى چۈشىنە-لەيدىغان ئايەتلەرنى تەپسىر قىلمىغان. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ تىلىدا نازىل بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە كىشىلەر دەرھال چۈشىنەلەيدىغان ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىنى قىلمىغان. چۈنكى، بۇنداق ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

---

[1] تولۇق ئىسمى- جالالىددىن سۇيۇتى، ھىجرىيەنىڭ 849- يىلى (1445م) مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە تۇغۇلغان، فىقھ، تەپسىر ۋە تارىخ ئىلىملىرىدە ئەتراپلىق يېتىشكەن ئالىم، «الدرالمنثور في التفسير بالمأثور»، «تفسير الجلالين» قاتارلىق تەپسىرلەرنى ۋە كۆپلىگەن ئىسلامىي ئەسەرلەرنى يازغان، ھىجرىيەنىڭ 911- يىلى (1505م) ئالەمدىن ئۆتكەن.

[2] «التفسير الطبري»: 1- توم، 25- بەت.

يەنە قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى، روھ ۋە غەيبكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرۇلۇق كەلگەن ئايەتلەرنى تەپسىر قىلمىغان. پەقەت ئۆزىگە بىلدۈرۈلگەن بەزى غەيبلەرنى بايان قىلىپ بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ساھابىلىرىگە ئۈچىنچى تۈرگە كىرىدىغان ئايەتلەرنى، يەنى ئالىملار ئىجتىھاد بىلەن بىلەلەيدىغان قىسمىنى بايان قىلىپ بەرگەن. مەسىلەن: ئايەتلەردە ئابستراكت بايان قىلىنغان مەسىلىلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىش، ئومۇمىي ئەھكاملارنى خاسلاشتۇرۇش، چۈشىنىش قىيىن بولغان ئايەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش»[1].

كۆپ سانلىق ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەممىسىنى تەپسىر قىلمىغانلىقىغا، پەقەت تەپسىر قىلىشقا زۆرۈرىيەت تۇغۇلغان ئايەتلەرنى ۋە ساھابىلەر سورىغان ئايەتلەرنىلا تەپسىر قىلىپ بەرگەن دېگەن قاراشقا بىرلىككە كەلگەن. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەھكام ئايەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ھەدىسلىرى ۋە ئەمەلىي ئىش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق تولۇق بايان قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، دىنىنىڭ ئەھكاملىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولمىغان ئايەتلەرنى كۆپ شەرھلەپ كەتمىگەن. بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنىڭ تەپسىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئىزدىنىشىگە تاپشۇرغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى،«قۇرئان كەرىم» دىن ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلار مەلۇم زامان ۋە مەخسۇس ماكانلارنى كۆزدە تۇتقان ھالدا نازىل قىلىنغان بولسا، «قۇرئان كەرىم» تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان مەڭگۈلۈك مۆجىزە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ مۆجىزىلىرى ئىلىم-پەننىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە زاماننىڭ ئىلگىرلىشىگە ئەگىشىپ ھەر بىر دەۋرنىڭ سەۋىيەسىگە ماسلاشقان ھالدا ئۆزىنىڭ مۆجىزىسىنى نامايان قىلىشى تەقەززا قىلىنىدۇ.

ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋىي مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ‹قۇرئان كەرىم› نىڭ ھەممىسىنى تەپسىر قىلىپ ئۇنىڭدىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوچۇقلىغان بولسا، شۇ ۋاقىتتىكى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىيىتى ئۇلارنى قوبۇل قىلالمىغانلىقتىن، دىنىنىڭ ئاساسىي جەۋھەرىي مەسىلىلىرىگە دەخلى يەتكەن بولاتتى. ئەگەر «قۇرئان كەرىم» نى كىشىلەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەقلىيىتى ۋە ئىلمىي سەۋىيىسىگە ماسلاشتۇرغان ھالدا تەپسىر قىلغان بولسا، كېيىنكىلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم» نى تەپسىر قىلىش يولى تامامەن ئېتىلگەن بولۇپ، ئىلىم-پەن ئەسىردە مەيدانغا چىقىپ تۇرىدىغان «قۇرئان كەرىم»

---

[1] «التفسير والمفسرون» 1- توم، 50- بەت.

سىرلىرىنى تەپسىر قىلىپ ئېچىشقا ئىمكانىيەت بولمىغان بولاتتى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىرىدىن كېيىن باشقا تەپسىرگە ھاجەت قالمايتتى. تەپسىر قىلىنغاندىمۇ مۇسۇلمانلار ئامىمىسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايتتى. شۇ سەۋەبتىن تەپسىر يولىنى ئوچۇق قويۇپ قويغان»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان تەپسىرلىرى ئاساسەن چۈشىنىش قىيىن بولغان ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئوچۇقلاش، مەقسەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش، ئومۇمىيلىق چۈشىنىلىپ قالىدىغان ئايەتلەرنى خاسلاشتۇرۇش، ئايەتلەردە كەلگەن بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولغان.

## ◄ ئىككىنچى باسقۇچ: ساھابىلەرنىڭ تەپسىر قىلىشى

بىز باشتا ئېيتقاندەك ساھابىلەر «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئومۇمەن تولۇق چۈشىنىپ كېتەلىسىمۇ، يەنىلا بەزى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش سەۋىيەدە ئەمەس ئىدى. مۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئەرەب تىلىنىڭ پاساھىتىنى بىلىشتىكى سەۋىيەسىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەجلىسىدە ئولتۇرغان ۋاقتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبلىرىنى بىلىشتە بىر خىل بولماسلىقى، شەرىئەت بىلىملىرىنى بىلىشتە بىر خىل ئەمەسلىكى قاتارلىقلار ئىدى. شۇڭا ئۇلار چۈشىنىش قىيىن بولغان ئايەتلەرنى ياكى سۆزلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ ئۆگىنەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار چۈشىنەلمىگەن ئايەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىر قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغانلار بولسا شۇلاردىن سورايتتى، ئاڭلىغانلار چىقمىسا، بىر-بىرىدىن سوراپ ئۆگىنەتتى ۋە ئۆزلىرى ئىجتىھات قىلىپ تەپسىر قىلاتتى.

## ◄ ساھابىلەرنىڭ تەپسىر قىلىش مېتودى

ساھابىلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىشتىكى مېتودى قۇرئان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئىجتىھاد ۋە ئەھلى كىتابتىن مۇسۇلمان بولغان كىشىلەردىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك ئىدى. بۇلارنىڭ بايانى تۆۋەندىكىچە:

---

[1] «تفسير الشعراوي».

1. قۇرئاننى قۇرئان بىلەن تەپسىر قىلىش

«قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىكى بەزى مەسىلىلەر بىر سۈرىدە ئىخچام ۋە قىسقا بايان قىلىنغان بولسا، يەنە بىر سۈرىدە كەڭ ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنغان، بەزى ئايەتلەردە بايان قىلىنغان ئومۇمىي ھۆكۈم يەنە باشقا ئايەتلەردە مەلۇم شارائىت ياكى ئەھۋالغا خاس قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەر بىر-بىرىنى تەپسىر قىلىدۇ. مەسىلەن: قىسسىلەر بەزى سۈرىلەردە ناھايىتى ئىخچام بايان قىلىنغان بولسا، يەنە باشقا سۈرىلەردە مەزكۇر قىسسىلەر تەپسىلىي ۋە كەڭ بايان قىلىنغان. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىبلىس، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋن قىسسىلىرى بۇنىڭ مىسالى. مۇنداق تەپسىر قىلىش بارلىق تەپسىر ئۇسۇللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەمۇ شۇنداق دېگەن[1].

2. قۇرئاننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن تەپسىر قىلىش

ساھابىلەر ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىنى ئايەتلەردىن تاپالمىسا، دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۇنى بايان قىلىپ بېرەتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: ﴿بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا نازىل قىلىنغان (ئەھكاملار)نى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ۋە ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشى ئۈچۈن نازىل قىلدۇق﴾[2].

3. قۇرئاننى ئىجتىھات بىلەن تەپسىر قىلىش

ساھابىلەر ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىنى باشقا ئايەتلەردىن تاپالمىسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ ئايەت توغرۇلۇق قىلغان تەپسىرى بولمىسا، ئۇلار ئۆز ئىلمىگە تايىنىپ ئىجتىھات يولى بىلەن تەپسىر قىلاتتى. چۈنكى، ئۇلار ئەرەب تىلىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنى ياخشى بىلىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان ئايەتلىرى چۈشۈۋاتقان زامانلاردا ياشىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىدە كۆپ بولغان كىشىلەر ئىدى.

4. قۇرئاننى ئەھلى كىتابتىن مۇسۇلمان بولغان كىشىلەرنىڭ سۆزلىرى

[1] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «مقدمة في أصول التفسير» ناملىق ئەسىرى 93-بەت.

[2] نەھل سۈرىسى: 44- ئايەت.

بىلەن تەپسىر قىلىش

«قۇرئان كەرىم» بەزى مەسىلىلەردە، خۇسۇسەن پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىدە، ئۆتمۈشلەردىكى ئۈممەتلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرىدە «تەۋرات» بىلەن مۇۋاپىقلىشىدۇ. «قۇرئان كەرىم» يەنە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە مۆجىزىلىرىدە«ئىنجىل» بىلەن مۇۋاپىقلىشىدۇ. ئەمما «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىلگىرىكى «تەۋرات»، «ئىنجىل» قاتارلىق ساماۋى كىتابلارغا قەتئىي ئوخشىمايدىغان خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، «قۇرئان كەرىم» ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ قىسسىلىرىنى پۈتۈن جەريانى بويىچە تەپسىلىي بايان قىلمىغان ۋە ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئەھۋالى توغرۇلۇق تەپسىلىي توختالمىغان، پەقەت ئىبرەتلىك تەرىپىنىلا بايان قىلىشقا كۇپايە قىلغان. شۇنداق بولسىمۇ، ئىنسان قىسسىلەرنى تەپسىلىي ئاڭلاشقا قىزىقىدۇ، كۆپرەك مەلۇمات ھاسىل قىلىشنى خالايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ساھابىلەر «قۇرئان كەرىم» دىكى قىسسىلەرنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىش ۋە كۆپرەك مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلاردىن مۇسۇلمان بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، كەئب ئەل ئەھبار قاتارلىق ئۆلىمالارغا مۇراجىئەت قىلاتتى. بۇنداق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ماۋزۇدا ھېچقانداق مەلۇمات كەلمىگەن شارائىتتا خاس ئىدى، ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بايان قىلغان بولسا، ئۇنى باشقىلاردىن سوراش توغرا ئەمەس ئىدى، ساھابىلەر بۇنى ئوبدان بىلەتتى[1].

شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ساھابىلەرنىڭ ئەھلى كىتاب ئۆلىمالىرىغا مۇراجىئەت قىلىشى ئالدىنقى ئۈچ مەنبەگە نىسبەتەن مۇھىم ئورۇندا تۇرمايتتى. چۈنكى، «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل»لارغا نۇرغۇنلىغان ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ كىتابلارغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايتتى. ئەمما ئەھلى كىتابتىن مۇسۇلمان بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ۋە كەئب ئەل ئەھبار قاتارلىق ساھابىلەر ئۆزلىرى ئالىم بولغانلىقتىن، «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»لاردىكى توغرا بىلەن خاتانى، ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيالايتتى. شۇڭا ساھابىلەر بەزى قىسسىلەردە ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

## ساھابىلەرنىڭ مەشھۇر مۇپەسسىرلىرى

ساھابىلەردىن ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى

[1] «التفسير والمفسرون»1- توم، 56- بەت.

ئاففان، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير، ئۇبەي ئىبنى كەئب، زەيد ئىبنى سابىت، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قاتارلىق زاتلار «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى تەپسىر قىلىشتا تونۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ تەپسىر قىلغان مەشھۇرلىرى تۆت ساھابە بولۇپ، ئۇلار: ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ۋە ئۇبەي ئىبنى كەئب قاتارلىقلاردۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۇفە شەھرىدە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مەككىدە، ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدە تەپسىر ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، نۇرغۇنلىغان مۇپەسسىرلەرنى يېتىشتۇرۇپ چىققان.

## ◄ ئۈچىنچى باسقۇچ: تابىئىنلارنىڭ زامانىدىكى تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى

تابىئىنلارنىڭ تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ساھابىلەرنىڭ تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق يوق ئىدى. چۈنكى، تابىئىنلار ساھابىلەرنىڭ شاگىرتلىرى بولۇپ، ئۇلار تەپسىر قىلىش ئۇسۇلىنى ساھابىلەردىن ئۆگەنگەن ۋە ساھابىلەر قوللانغان پىرىنسىپلارنى قوللانغان بولۇپ، ئۇلار ئاۋۋال ئايەتنى ئايەت بىلەن تەپسىر قىلىش، بۇ مۇمكىن بولمىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى بىلەن تەپسىر قىلىش، ھەدىس تېپىلمىغاندا ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرى بىلەن تەپسىر قىلىش، ئۇمۇ بولمىغاندا، ئۆز ئىجتىھادى بىلەن تەپسىر قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. تابىئىنلارنىڭ تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى كېيىنچە كېڭىيىپ بېرىپ، ئەھلى كىتابقا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئايەتلەرنى ئەھلى كىتاب ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزلىرى بىلەن تەپسىر قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكەن بولۇپ، بۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ تەپسىرلىرىگە (ئىسرائىلىيات) دەپ ئاتالغان بەزى خۇراپاتلار كىرىپ كەتكەن. تابىئىنلاردىن چىققان مۇپەسسىرلەرنىڭ مەشھۇرلىرى: مۇجاھىد ئىبنى جەبرى، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەتا، ئىكرىمە، ھەسەن بەسرى، زەيد ئىبنى ئەسلەم، قەتادە، مۇھەممەد ئىبنى كەئب ئەلقەرزى، ئەبۇل ئالىيە رىياھى، ئامىر شەئبى قاتارلىقلاردۇر[1].

## ◄ تۆتىنچى باسقۇچ: تەپسىرنىڭ توپلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا، كېيىن ساھابىلەرنىڭ

[1] دوكتۇر فەھد ئىبنى ئابدۇراھمان رۇمىنىڭ «بحوث في أصول التفسير ومناهجه» ناملىق ئەسىرى33- بەت.

زامانىدا، ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن تابىئىنلارنىڭ دەۋرىدە قىلىنغان تەپسىرلەر ھەممىسى دېگۈدەك ئاغزاكى رىۋايەت تەرىقىسىدە كەلگەن بولۇپ، توپلىنىپ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈلمىگەن. پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندا توپلانغانلىرى بار بولۇپ، ئۇلار بىر قانچە ئايەتنىلا ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھەدىسلەرنىڭ توپلىنىشقا باشلىشى بىلەن تەپسىرلەرمۇ كىتاب ھالىغا كېلىشكە باشلىغان. ئەمما تەپسىرنىڭ كىتاب ھالىغا كېلىش جەريانى تۆۋەندىكى باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرگەن:

بىرىنچى: تەپسىرنىڭ ھەدىس توپلاملىرى قاتارىدا توپلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى توپلىنىشقا باشلىغاندا، قىسمەن تەپسىرلەرمۇ ھەدىس توپلاملىرىنىڭ بابلىرى ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، مۇستەقىل تەپسىر بولماستىن، پەقەت ھەدىسنىڭ تاھارەت بابى، ناماز بابى، ھەج بابى دېگەنگە ئوخشاش بۆلەكلىرى ئىچىگە كىرگۈزۈپ توپلانغان.

ئىككىنچى: تەپسىرنىڭ مۇستەقىل توپلىنىشى

بۇ باسقۇچتا تەپسىر مۇستەقىل كىتاب ھالىتىدە توپلانغان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى بويىچە تەپسىر قىلىنىپ توپلانغان. ئىبنى تەيمىيە ۋە ئىبنى خەلكان قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، تەپسىرنى تۇنجى بولۇپ توپلىغان كىشى ئابدۇلمەلىك ئىبنى جۇرەيج (80ـ140ھ) دېگەن كىشىدۇر. بۇ باسقۇچتا تەپسىر يازغان مۇپەسسىرلەر ئىبنى ماجە (273ھ)، ئىبنى جەرىر تەبەرىي(310ھ)، ئەبۇ بەكرى نىساپۇرى (318ھ)، ئىبنى ئەبۇ ھاتەم (327ھ)، ئىبنى ھىببان(369ھ)، ھاكىم (405ھ) ئىبنى مەردەۋەيھ (410 ھ) قاتارلىقلاردۇر[1].

بۇ باسقۇچتا توپلانغان تەپسىرلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى تۆۋەندىكىچە:

1. بۇ تەپسىرلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ساھابىلەرنىڭ ۋە تابىئىنلارنىڭ تەپسىرلىرىنى ئاساس قىلاتتى.

2. بۇ تەپسىرلەر دەسلەپكى مۇپەسسىرگە مەنسۇپ قىلىنغان ھالدا زەنجىرسىمان بايان قىلىناتتى.

3. بۇ تەپسىرلەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ھەدىسلەرنىڭ راست ياكى يالغانلىقى سۈرۈشتە قىلىنماستىن بايان قىلىناتتى.

[1] «التفسير والمفسرون» 1ـ توم 128ـ بەت.

4. بۇ تەپسىرلەردە ئەھلى كىتابنىڭ خۇراپاتلىرى (ئىسرائىلىيات) ناھايىتى كۆپ ئورۇن ئالغان[1].

ئۈچىنچى: رىۋايەتلەرنى قىسقارتىپ ئىجتىھاد بىلەن تەپسىر قىلىش

بۇ باسقۇچ تەپسىر باسقۇچلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ خەتەرلىك باسقۇچ بولۇپ، بەزى مۇپەسسىرلەر تەپسىرگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنىڭ سەنەدلىرىنى، ئىلگىرىكى ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرىنى قىسقارتىۋېتىپ، ئۆزلىرى نەقىل كەلتۈرگەن رىۋايەتلەرنىڭ توغرا، خاتالىقىنى سۈرۈشتە قىلماستىنلا بايان قىلىدىغان بولۇپ قالغان. ئىسلام دۈشمەنلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خەتەرلىك خۇراپاتلارنى، ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىققان رىۋايەتلەرنى بازارغا سالغان. بۇ باسقۇچتا يەنە ئۆز رايى بىلەن تەپسىر قىلىش، ھەربىر مەزھەبنىڭ مۇپەسسىرى ئۆزىنىڭ مەزھىبىنى كۈچلەندۈ-رۈپ باشقىلارنى باتىلغا چىقىرىش، ھەتتا ھەركىم ئۆزى مۇتەخەسسىس بولغان ئىلىم ئۈستىدىلا توختىلىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن بولۇپ، فەقىھ فىقھى مەسىلىلەرنىلا، ئەدىب پاساھەتنىلا، تىلشۇناس گىراما-تىكىنىلا بايان قىلىش بىلەن ئۆز تەپسىرىنى تولدۇرغان. يەنە بۇ باسقۇچتا تەپسىر قىلىش سالاھىيىتى يوق تۇرۇپ ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىش خاھىشى باش كۆتۈرگەن ئىدى[2].

[1] دوكتۇر فەھد ئىبنى ئابدۇراھمان رۇمىنىڭ «بحوث في أصول التفسير ومناهجه» ناملىق ئەسىرى 36-37- بەتلەر.

[2] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «الاتقان» ناملىق ئەسىرى 2- توم، 190- بەت.

# تەپسىرنىڭ تۈرلىرى

تەپسىر ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. بىرىنچىسى: رىۋايەت تەپسىرى (التفسير بالمأثور)، ئىككىنچىسى: رەيى تەپسىرى (التفسير بالرأي) دىن ئىبارەتتۇر.

## ◄ بىرىنچىسى: رىۋايەت تەپسىرى

رىۋايەت تەپسىرى-ئايەتلەرگە ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يېتىپ كەلگەن تەپسىرگە ۋەياكى ساھابىلەردىن رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن تەپسىرگە ئاساسلىنىپ قىلىنغان تەپسىر دېگەنلىكتۇر. بەزى ئۆلىمالار رىۋايەت تەپسىرىنى: «رىۋايەت تەپسىرى-ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ توغرا نەقىلگە تايىنىدىغان، دەلىلگە ئاساسلىنىدىغان، ئۆز رەيى بىلەن ئىش كۆرۈلمەيدىغان تەپسىردۇر»[1] دەپ تەرىپلىگەن. رىۋايەت تەپسىرى بارلىق تەپسىر تۈرلىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ ئىشەنچلىكى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇنداق تەپسىردە مۇپەسسىر يا ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنى يەنە ئۇنىڭ كالامى بىلەن تەپسىر قىلغان بولىدۇ ياكى ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىرى بويىچە تەپسىر قىلغان بولىدۇ. ساھابىلەرنىڭ تەپسىرىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاساسلانغانلىقتىن، ساھابىلەرنىڭ تەپسىرى بويىچە تەپسىر قىلغانلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىرى بويىچە تەپسىر قىلغان بولۇپ سانىلىدۇ.

### ◄ رىۋايەت تەپسىرلىرىنىڭ مەشھۇرلىرىدىن ئۈرنەكلەر:

ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدىن تا ھازىرقى زامانىمىزغا قەدەر كەلگەن رىۋايەت تەپسىرلىرىنىڭ مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىچە:

تەپسىرى تەبەرىي (جامع البيان في تفسير القرآن).

[1] دوكتور فەھد ئىبنى ئابدۇراھمان رۇمىنىڭ «بحوث في أصول التفسير ومناهجه» ناملىق ئەسىرى 71- بەت.

تەپسىرى سەمەرقەندى (بحر العلوم).

تەپسىرى بەغەۋي (معالم التنزيل).

تەپسىر سەئلەبى (الكشف والبيان عن تفسير القرآن).

تەپسىرى ئىبنى ئەتىيە (المحرر الوجيز في تفسير الكتاب العزيز).

تەپسىرى سۇيۇتىي (الدر المنثور في التفسير بالمأثور).

تەپسىرى ئىبنى كەسىر (تفسير القرآن العظيم).

تەپسىرى سەئالەبىي (الجواهر الحسان في تفسير القرآن).

تەپسىرى شەۋكانىي (فتح القدير).

تەپسىرى شىنقىيتىي (أضواء البيان في إيضاح القرآن).

### ◄ ئىككىنچىسى: رەيى تەپسىرى

رەيى تەپسىرى – «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەقلى كۈچى بىلەن (ئىجتىهاد يولى بىلەن) تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ خىل تەپسىر ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ، بىرى، ئىسلام ئەھلى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان تەپسىر، يەنە بىرى، قوبۇل قىلىنمىغان تەپسىردۇر.

قوبۇل قىلىنغان تەپسىر-«قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە تايانغان تەپسىر بولۇپ، مۇپەسسىرنىڭ ئەرەب تىلىنى پىششىق بىلىدىغان، بۇ تىلنىڭ قائىدە ۋە ئۇسلۇبلىرىنى ياخشى بىلىدىغان، شەرىئەت پرىنسىپلىرىنى ۋە ئەھكاملىرىنى ئوبدان بىلىدىغان بولۇشى شەرتتۇر. مۇپەسسىر بۇ يەردە ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بارچە ئەقلىي ۋە ئىلمىي كۈچىنى سەرپ قىلىدۇ، ئەرەب تىلىدىكى ۋە شەرىئەت ئىلىملىرىدىكى ماھارىتىنى جارى قىلدۇرىدۇ. بەزى ئۆلىمالار بۇ خىلدىكى تەپسىرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا ئاللاھ تائالادىن تىلىگەن تەپسىر تۈرى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا « ٱللَّهُمَّ فَقِّهْهُ فِي الدِّينِ ، وَعَلِّمْهُ التَّأْوِيلَ » يەنى «ئى ئاللاھ! ئۇنى دىندا ئالىم قىلغىن، ئۇنىڭغا تەپسىر ئىلمىنى بىلدۈرگىن»[1] دەپ دۇئا قىلغان. كۆپچىلىك ئۆلىمالار بۇ خىل تەپسىرنى قوللايدۇ.

قوبۇل قىلىنمىغان تەپسىر-«قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ھېچقانداق دىنىي نەقلىنى ئاساس قىلماستىن، پەقەت ئۆز ئەقلىگە ۋە ئۆزىنىڭ

[1] «مسند الإمام أحمد» 5-توم، 65-بەت، 2879 -ھەدىس.

خاھىشىغا تايىنىپ تەپسىر قىلىشتۇر. كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق تەپسىرنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىدۇ، مۇنداق تەپسىر قىلىشنى بىدئەت سادىر قىلغانلىق دەپ تونۇيدۇ. چۈنكى، مۇنداق تەپسىرنى ئوتتۇرىغا چىقارغانلارنىڭ كۆپ سانلىقى خاۋارىج، شىئە، راپىزى، باتىنىيە دېگەندەك ئازغۇن مەزھەبلەرنىڭ مەنسۇبلىرى بولۇپ، ئۇلار «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇن مەزھەبلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ تەپسىر قىلغان. كۆپچىلىك ئۆلىمالار بۇ خىل تەپسىر قىلىشنى قەتئىي ھارام دەپ قارايدۇ.

تۆۋەندە كۆپچىلىك ئۆلىمالار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان رەيى تەپسىرلىرىدىن بەزى ئۈرنەكلەر بېرىلىدۇ.

### ◄ رەيى تەپسىرلىرىنىڭ مەشھۇرلىرىدىن ئۈرنەكلەر:

تەپسىرى كەششاف (الكشاف).

تەپسىر رازىي (مفاتيح الغيب).

تەپسىرى نەسەفىي (مدارك التنزيل وحقائق التأويل).

تەپسىرى خازىن (لباب التأويل في معاني التنزيل).

تەپسىرى ئىبنى ھەييان (البحر المحيط).

تەپسىرى بەيزاۋىي (أنوار التنزبل وأسرار التأويل).

تەپسىرى جەلالەين (تفسير الجلالين).

تەپسىرى ئەبۇ سۇئۇد (إرشاد العقل السليم الى مزايا الكتاب الكريم).

تەپسىرى ئالۇسىي (روح المعاني في تفسير القران العظيم والسبع المثاني).

تەپسىرى مەنار (تفسير المنار).

تەسىرى فى زىلالىل قۇرئان (في ظلال القرآن).

تەپسىرى ۋادىھ (التفسير الواضح).

### ◄ تەپسىر قىلىش ئۇسلۇبى

مۇپەسسىرلەر ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل ئۇسلۇبنى قوللانغان:

تەھلىل قىلىپ تەپسىر قىلىش (التفسير التحليلي).

ئومۇمىي مەنىسىنى تەپسىر قىلىش (التفسير الإجمالي).

سېلىشتۇرۇپ تەپسىر قىلىش (التفسير المقارن).

ماۋزۇلارغا بۆلۈپ تەپسىر قىلىش (التفسير الموضوعي).

## بىرىنچى: تەھلىل قىلىپ تەپسىر قىلىش

تەھلىل قىلىپ تەپسىر قىلىشتا مۇپەسسىر ئايەتلەرنى «قۇرئان كەرىم»دىكى تەرتىپى بويىچە تەپسىر قىلىپ، ئايەتتىكى ھەربىر كەلىمە، ھەربىر جۈملىنى گىرامماتىكا، ئىستىلىستىكا تەرەپتىن ئىنچىكە تەتقىق قىلىدۇ، ھەربىر ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى، ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان شەرىئەت ھۆكمى ۋە ئومۇمىي مەنىسى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. شەكسىزكى، مۇنداق تەپسىر قىلىش ئۇسلۇبى ئەڭ قەدىمىي ئۇسلۇب بولۇپ، تەپسىر يېزىش ئىشى باشلانغان دەسلەپكى چاغلاردا مۇشۇنداق تەپسىر قىلىناتتى.

بۇ خىلدىكى تەپسىرلەرنىڭ مەشھۇرلىرى:

تەپسىرى تەبەرىي (جامع البيان في تفسير القرآن).

تەپسىرى خازىن (لباب التأويل في معاني التنزيل).

تەپسىرى سەئالەبىي (الجواهر الحسان في تفسير القرآن).

تەپسىرى ۋاھىدىي (الوسيط في تفسير القرآن المجيد).

تەپسىرى بەغەۋىي (معالم التنزيل).

تەپسىرى ئىبنى ئەتىيە (المحرر الوجيز في تفسير الكتاب العزيز).

تەپسىرى شەۋكانىي (فتح القدير).

تەپسىرى ئىبنى كەسىر (تفسير القرآن العظيم) قاتارلىقلاردۇر.

بۇ ئۇسلۇبتىكى تەپسىرلەر بەزىسى ئىخچام ھەتتا بىر توملۇق، بەزىسى چوڭ ھەجىملىك ھەتتا ئوتتۇز توملۇق بولۇپ چىققان.

## ئىككىنچى: ئومۇمىي مەنىسىنى تەپسىر قىلىش

ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى تەپسىر قىلىشتا مۇپەسسىر «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىنى بىر قانچە پارچىغا بۆلۈپ چىقىپ، ھەربىر پارچىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن ئوچۇقلايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي تەپسىرىنى قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى تەپسىرلەرنىڭ مەشھۇرلىرى:

تەپسىرى سەئدىي (تيسير كريم الرحمن في تفسير كلام المنان).

تەپسىرى ناسىرىي (التيسير في أحاديث التفسير).

تەپسىرى شەلتۇت (تفسير الأجزاء العشرة الأولى) قاتارلىقلاردۇر.

## ◄ ئۈچىنچى: سىلىشتۇرۇپ تەپسىر قىلىش

سىلىشتۇرۇپ تەپسىر قىلىشتا مۇپەسسىر بىر ياكى بىر قانچە ئايەتنى تەپسىر قىلىش ئۈچۈن، شۇ ماۋزۇدا كەلگەن ئايەتلەردىن، ھەدىسلەردىن، ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن، تابىئىن ئۆلىمالىرىنىڭ سۆز-لىرىدىن ۋە مۇپەسسىرلەرنىڭ قاراشلىرىدىن ئىبارەت دەلىللەرنى توپلايدۇ. ئاندىن بۇ دەلىللەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىلىشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ، قاراشلارنىڭ قايسى كۈچلۈك، قايسى ئاجىز ھەممىنى كۆرۈپ چىقىدۇ، ئاندىن دەلىلى ئەڭ كۈچلۈك بولغان قاراشنى تەرجىھ قىلىدۇ (تاللايدۇ). بۇ خىل تەپسىر قىلىش ئۇسلۇبىنىڭ مەيدانى كەڭ ۋە تۈرلىرى كۆپ بولىدۇ.

بۇ خىل تەپسىردە ئايەت بىلەن ئايەتنى، ئايەت بىلەن ھەدىسنى سېلىشتۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق ئايەتتە مەقسەت قىلىنغان مەنىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئايەت بىلەن «تەۋرات» تېكىستلىرىنى سېلىشتۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەۋزەللىكىنى ئوتتۇ-رىغا چىقىرىدۇ. بەزىدە مۇپەسسىرلەرنىڭ بىرەر ئايەت ئۈستىدىكى بايانلىرىنى ۋە ھەربىرىنىڭ كەلتۈرگەن دەلىللىرىنى بىر-بىرىگە سېلىش-تۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق دەلىلى ئەڭ كۈچلۈك بولغاننى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا يېزىلغان تەپسىرلەرنىڭ ئەڭ تۇنجىسى تەپسىرى تەبەرىيدۇر.

بۇ خىل سىلىشتۇرۇش ئۇسلۇبىدا يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ كۆپتۇر. دوكتور مۇررىس بۇكاينىڭ «قۇرئان، تەۋرات، ئىنجىل ۋە ئىلىم» ناملىق ئەسىرى، ئىبراھىم خەلىلنىڭ «تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئاندا تەسۋىرلەنگەن مۇھەممەد» ناملىق ئەسىرى بۇنىڭ مىسالى.

## ◄ تۆتىنچى: ماۋزۇلارغا بۆلۈپ تەپسىر قىلىش

بۇ ئۇسلۇبتا مۇپەسسىر ئايەتلەرنى «قۇرئان كەرىم»دىكى تەرتىپى بويىچە تەپسىر قىلماي، ئۆزى توختالماقچى بولغان ماۋزۇدا كەلگەن بارلىق ئايەتلەرنى توپلاپ چىقىپ، شۇ ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىش ئارقىلىق بۇ ئايەتلەردىكى ئورتاق مەقسەتنى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇ خىل ئۇسلۇبتا تەپسىر قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلانغان بولۇپ، زامانىمىزدىمۇ داۋاملاشماقتا. ئەمما (التفسير الموضوعي) دېگەن بۇ ئاتالغۇ ھىجرىيە ئون تۆتىنچى ئەسىردىن بېرى قوللىنىلىپ كەلمەكتە. بۇنداق تەپسىر قىلىشنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ بولۇپ، قۇرئاننى قۇرئان بىلەن تەپسىر قىلىش، يەنى . بىر ماۋزۇدا كەلگەن

ئايەتلەرنى توپلاپ تەپسىر قىلىش، ئەھكام ئايەتلىرىنى تەپسىر قىلىش بۇنىڭ مىسالى.

ماۋزۇلارغا بۆلۈپ تەپسىر قىلىش ئۇسۇلىمۇ ھەرخىل تۈردە بولغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

### ◄ قۇرئاننى قۇرئان بىلەن تەپسىر قىلىش

بىر ماۋزۇدا كەلگەن بارلىق ئايەتلەرنى توپلاپ، بۇ ئايەتلەرنى بىر-بىرى بىلەن تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى تەپسىر قىلىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنىڭ پايدىسى كۆپ ۋە پەزىلىتى يۇقىرىدۇر.

### ◄ ئەھكام ئايەتلىرىنى تەپسىر قىلىش

ئەمەل-ئىبادەت، مۇئامىلە، قانۇن-تۈزۈم، ئائىلە، جەمئىيەت قاتارلىق فىقھىي مەسىلىلىرى بايان قىلىنغان ئايەتلەرنىلا تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى قەدىمىي ئۇسۇللاردىن بولۇپ، بۇ ماۋزۇدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئەللام مۇھەممەد ئىبنى جەرىر تەبەرىينىڭ «ئەھكام ئايەتلىرىنىڭ توپلىمى» (الجامع لأحكام القرآن) ناملىق ئەسىرى.

ئەللامە ئەھمەد ئىبنى ئەلى رازىي جەسساسنىڭ «قۇرئان ئەھكاملىرى» (أحكام القرآن) ناملىق ئەسىرى.

ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەل ئەرەبىنىڭ«قۇرئان ئەھكاملىرى»(أحكام القرآن) ناملىق ئەسىرى.

مۇھەممەد سىددىق ھەسەننىڭ «ئەھكام ئايەتلىرىنىڭ تەپسىرى» (نيل المرام من تفسير آيات الأحكام) ناملىق ئەسىرى.

ئايەتلەرنى ئوخشاشلىرى بىلەن تەپسىر قىلىش

بۇنىڭدا مۇپەسسىر «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىكى بىر سۆزنىڭ مەنىسىنى تەتقىق قىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شۇ سۆز ئىشلىتىلگەن ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىنى قىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا يېزىلغان تەپسىرلەرمۇ كۆپ بولۇپ، ئەڭ مەشھۇر بولغىنى مۇقاتىل ئىبنى سۇلەيماننىڭ «قۇرئاندىكى ئوخشاشلىقلار» (الأشباه والنظائر في القرآن) ناملىق تەپسىرىدۇر.

بۇ خىل تەپسىردە مۆپەسسىر بىرەر ماۋزۇدىكى بارلىق ئايەتلەرنى توپلاپ چىقىپ، شۇ ماۋزۇدىلا تەپسىر يېزىش. مەسىلەن: مەنسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئايەتلەر، قەسەم، مەنسى مۇئەييەن ئەمەس ئايەتلەر، قىسسىلەر قاتارلىقلاردۇر. بۇ ئۇسۇلدا يېزىلغان تەپسىرلەرمۇ كۆپ بولۇپ، مەشھۇرلىرى:

ئەبۇ ئۇبەيدە ئەلقاسىم ئىبنى سالامنىڭ «قۇرئاندىكى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ۋە ئەمەلدىن قالغۇچى ئايەتلەر» (الناسخ والمنسوخ في القرآن) ناملىق ئەسىرى.

ئەللامە ئىبنى قۇتەيبەنىڭ «قۇرئاندىكى چۈشىنىش قىيىن بولغان ئايەتلەر» (تأويل مشكل القرآن) ناملىق ئەسىرى.

ئەللامە ماۋەردىنىڭ «قۇرئاندىكى قىسسەلەر» (أمثال القرآن) ناملىق ئەسىرى.

ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزىنىڭ «قۇرئاننىڭ بۆلەكلىرى ھەققىدە بايان» (التبيان في أقسام القرآن) ناملىق ئەسىرى.

ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسسالامنىڭ «قۇرئاندىكى ئىخچام ئىپادىلەش سەنئىتى» (مجاز القرآن) ناملىق ئەسىرى قاتارلىقلار.

# تەپسىردىكى ئاساسلىق قائىدە-پرىنسىپلار

ھەر قانداق بىر مۇپەسسىر قەتئىي بىھاجەت بولالمايدىغان مۇھىم قائىدە-پرىنسىپلار تۆۋەندىكىچە:

1-قانداقلا بىر ئايەت ئۇنى خاس قىلىدىغان بىرەر دەلىل كەلمىگۈچە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئومۇمىيلىقىدا قېلىۋېرىدۇ.

ئايەتنىڭ لەۋزى بىردىن كۆپرەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان بولسا، ئۇ ئايەتنى بىرلا مەنىگە قىسقارتىپ قويۇشقا بولمايدۇ، بۇ چاغدا شۇ ئايەتنى ئۆزى دالالەت قىلغان مەنىلەرنىڭ ھەممىسىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىرلا مەنىگە خاس ئىكەنلىكىنى كەسكىن ئىپادىلەيدىغان بىرەر ئايەت ياكى سەھىھ ھەدىس كەلسە، بۇ ۋاقىتتا مەزكۇر ئايەتنى شۇ مەنىدىلا چۈشىنىش كېرەك. ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەريي مۇنداق دېگەن: «مەنىسى ئومۇمىيلىقنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئايەتنى بىر مەنىگىلا خاس قىلىـ-ۋېلىشقا بولمايدۇ، پەقەت ئۇنى خاس قىلىدىغان دەلىل كەلگەندىلا شۇنداق قىلىشقا بولىدۇ، بۇ چاغدا شەرتسىز قايىل بولۇش لازىم. مەسىلەن: ﴿وَوَالِدٍ وَمَا وَلَدَ ۝٣﴾[1] دېگەن ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئاتا ۋە ئۇنىڭ بالىسى بىلەن قەسەم قىلغان بولۇپ، بۇ ئايەتتىكى ئاتا بىلەن بالىنىڭ مەلۇم شەخسلەرنى ئىپادىلەيدىغانلىقىغا دائىر دەلىل-ئىسپات كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئايەت ئۆزىنىڭ ئومۇمىيلىقىدا قالىدۇ، ئۇنى پالانى ئاتا ۋە ئۇنىڭ پالانى بالىسى دەپ بىرەر شەخسكە خاسلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئۇنى ھەر قانداق ئاتا ۋە ھەرقانداق بالا دەپ چۈشىنىش كېرەك»[2].

2-ئايەتنىڭ ئۇقۇمى لەۋزىدىكى ئومۇمىيلىق ئېتىبارى بىلەن بولىدۇ، سەۋەب ئېتىبارى بىلەن ئەمەس.

ئەللامە ئابدۇراھمان ئىبنى سەئدىي مۇنداق دېگەن: « ‹ئايەتنىڭ ئۇقۇمى

[1] بەلەد سۈرىسى: 3- ئايەت.
[2] «تفسير الطبري» 24- توم، 433- بەت.

لەۋزىدىكى ئومۇمىيلىق ئېتىبارى بىلەن بولىدۇ، سەۋەب ئېتىبارى بىلەن ئەمەس› دېگەن بۇ ئىنتايىن پايدىلىق قائىدە بولۇپ، بۇنىڭغا رىئايە قىلغان ئادەم كۆپ ياخشىلىقلارغا ۋە مول بىلىمگە ئېرىشىدۇ. ئەگەر بىز بۇ قائىدىگە تولۇق رىئايە قىلساق، مۇپەسسىرلەرنىڭ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرىنىڭ پەقەت مىسال ئۈچۈنلا دېگەن سۆزلەر ئىكەنلىكىنى، ئايەتنىڭ مەنىسى ئۇنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىدىكى مەسىلىگىلا خاس ئەمەسلىكىنى، مۇپەسسىرلەرنىڭ ‹بۇ ئايەت ماۋۇ مەسىلە ھەققىدە نازىل بولغان› دېگەندەك سۆزلىرىنىڭ مەنىسى ‹بۇ دېگىنىمىز ئايەتنىڭ ئومۇمىيلىققا قارىتىلغان مەنىسىگە داخىل قىلىندۇ› دېگەنلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىمىز»[1]. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «مۇپەسسىرلەر ‹بۇ ئايەت پالانى مەسىلە ھەققىدە نازىل بولغان› دېگەن سۆزىدە، ‹بۇ ئايەت ئاشۇ مەسىلىگىلا خاس› دېگەننى مەقسەت قىلمايدۇ، ھېچقانداق ئەقلى جايىدا ئادەم ۋە ھېچقانداق بىر مۇسۇلمان ئادەم مۇنداق دېمەيدۇ»[2].

3-ئايەتكە مەنە ئېيتىشتا ئالدىدىكى ئايەتكە قاراپ مەنە ئېيتىش كېرەك.

بۇ مۇھىم قائىدە بولۇپ، بۇنى ھەربىر مۇپەسسىرنىڭ بىلىۋېلىشى زۆرۈردۇر. مۇپەسسىر ئايەتلەردىكى كەلىمىلەرگە ياكى مۇستەقىل جۈملىلەرگە قاراپلا ئۇنىڭغا مەنە ئېيتماي، ئايەتنىڭ ئالدىنقىسىغا قاراپ مەنە ئېيتىشى لازىم. مەسىلەن: بەزى مۇپەسسىرلەر بەقەرە سۈرىسىدىكى: ﴿وَلَقَدۡ عَلِمُواْ لَمَنِ ٱشۡتَرَىٰهُ مَا لَهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ مِنۡ خَلَٰقٖۚ﴾[3] دېگەن ئايەتنى «شەيتانلار (ئاخىرەتلىكىنى) سېھىرگە تېگىشكۈچىگە ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچقانداق نېسىۋە يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى» دەپ تەپسىر قىلغان. ئەمما بۇ كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ تەپسىرىگە خىلاپتۇر. چۈنكى، بۇ ئايەتنىڭ ئالدىدىكى ئايەتتە يەھۇدىيلار سۆكۈلگەن. شۇڭا بۇ ئايەتتىكى ﴿وَلَقَدۡ عَلِمُواْ﴾ يەنى «ئوبدان بىلەتتى» دېگەن سۆزدە شەيتانلار ئەمەس، يەھۇدىيلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئايەتنىڭ مەنىسى: ﴿يەھۇدىيلار (تەۋراتنى) سېھىرگە تېگىشكۈچىگە

[1] ئەللامە ئابدۇراھمان ئىبنى سەئدىنىڭ «القواعد الحسان لتفسير القرآن» ناملىق ئەسىرى، 7- بەت.
[2] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «مقدمة في أصول التفسير» ناملىق ئەسىرى 44-47- بەتلەر.
[3] بەقەرە سۈرىسى:102- ئايەت.

ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچ نېسىۋە يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى﴾ دەپ تەپسىر قىلىش كېرەك.

4ـ تەپسىر ئاساسەن ئايەتنىڭ لۇغەت مەنىسىگە قاراپ بولىدۇ.

چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ئەرەب تىلىدا نازىل بولغان كىتاب بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئايەتلىرى ئەرەب تىلىدا تەپەككۇر قىلغاندا ئادەمنىڭ ئەقلىگە ئەڭ تېز كېلىدىغان مەنىگە ئاساسەن تەپسىر قىلىنىدۇ. يۇقىرىقى ﴿وَلَقَدۡ عَلِمُواْ لَمَنِ ٱشۡتَرَىٰهُ مَا لَهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ مِنۡ خَلَٰقٖ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿خَلَٰقٖ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق مۇپەسسىرلەر ھەر خىل بايانلاردا بولغان. ئاخىرى ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتتىكى ﴿خَلَٰقٖ﴾ دېگەن سۆز توغرۇلۇق بېرىلگەن مەنىلەرنىڭ ئەڭ توغرىسى ‹نېسىۋە›دۇر. چۈنكى، ئەرەب تىلىدا ﴿خَلَٰقٖ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ‹نېسىۋە› دېگەنلىكتۇر»[1].

5ـ ئايەتنىڭ دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسى لۇغەت مەنىسىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ

بىرەر كەلىمەنىڭ دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسى بىلەن لۇغەتتىكى مەنىسى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلسە، بۇ چاغدا كەلىمەنىڭ دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسى لۇغەتتىكى مەنىسىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ، يەنى دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» لۇغەتنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شەرىئەتنى بايان قىلىش ئۈچۈن نازىل بولغان كىتابتۇر[2]. ئايەتتىكى كەلىمەلەرنىڭ دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسىنى لۇغەت مەنىسىنىڭ ئالدىغا قويۇش دېگەن بۇ قائىدىنىڭ مىسالى مۇناپىقلار ھەققىدە نازىل بولغان مۇنۇ ئايەتتۇر: ﴿وَلَا تُصَلِّ عَلَىٰٓ أَحَدٖ مِّنۡهُم مَّاتَ أَبَدٗا﴾[3]. بۇ ئايەتتىكى ﴿تُصَلِّ﴾ دېگەن سۆز «ٱلصَّلَاةُ» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «ٱلصَّلَاةُ» ئۇيغۇر تىلىدا ناماز دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما «ٱلصَّلَاةُ» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا ھەم دۇئا ھەم ناماز دېگەن ئىككى مەنىدە كېلىدۇ. ناماز دېگەن ئۇنىڭ دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسى، دۇئا دېگەن لۇغەتتىكى مەنىسىدۇر. بۇ ئايەتتە بۇ

---

[1] تەپسىرى تەبەرى:8ـ توم، 578ـ بەت.

[2] ئەللامە زەركەشىنىڭ «البرهان في علوم القرآن» ناملىق ئەسىرى 2ـ توم، 167ـ بەت

[3] تەۋبە سۈرىسى: 84ـ ئايەت.

سۆزنىڭ دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسى كۆزدە تۇتۇلغان. شۇڭا ئايەتنىڭ مەنىسى: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچقانداق ئادەمنىڭ نامىزىنى ھەرگىز چۈشۈرمىگىن﴾ دېگەنلىك بولىدۇ.

## ◄ يېقىنقى ئەسىردە يېزىلغان بەزى مەشھۇر تەپسىرلەردىن ئۆرنەكلەر

يېقىنقى ئەسىردە يېزىلغان بەزى مەشھۇر تەپسىرلەر ۋە مۇپەسسىرلىرى تۆۋەندىكىچە:

### ◄ تەپسىرى قاسىمى (محاسن التأويل)

ئاپتورى: مۇھەممەد جامالىددىن ئىبنى مۇھەممەد سەئىد ئىبنى قاسىم ھىجرىيەنىڭ 1283-يىلى دەمەشقتا تۇغۇلغان، گۈزەل ئەخلاقى ۋە قەلەم قۇۋۋىتى بىلەن تونۇلغان ئالىم. 1332-يىلى دەمەشقتا ئالەمدىن ئۆتكەن.

### ◄ تەپسىرى قاسىمى:

تەپسىرى قاسىمى 17 توملۇق ئەسەر بولۇپ، بۇ تەپسىر سەلەفىي ئۆلىمالاردىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكى ۋە دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈلگەن ھەدىسلەرنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكى بىلەن مەشھۇردۇر.

### ◄ تەپسىرى مەنار (تفسير المنار)

ئاپتورى: مۇھەممەد رەشىد رىزا ئىبنى ئەلى رىزا، ھىجرىيەنىڭ 1282-يىلى ترابلۇس شەھرىنىڭ جەنۇبىدىكى قەلمۇن دېگەن يېزىدا تۇغۇلغان. كېيىنچە، مىسىرغا بېرىپ، ئەللامە مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ قولىدا ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە «ئەل مەنار» دېگەن ژۇرنالنى چىقارغان. تەپسىرى مەنار نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرى «ئەل مەنار» ژۇرنىلىدا بۆلۈپ ئېلان قىلىنىپ تۇرغان ئىدى، شۇڭا بۇ تەپسىر «تەپسىرى مانار» دەپ ئاتالغان. مۇھەممەد رەشىد رىزا 1354-يىلى قاھىرەدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

### ◄ تەپسىرى مەنار:

تەپسىرى مەنارنىڭ يېزىلىش قىسسىسى مۇنداق: ئەللامە مۇھەممەد رەشىد رىزا ئۇستازى مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ تەپسىر دەرسى ئۆتۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، ئۇستازى بۇنىڭغا قوشۇلغان. شۇنداق قىلىپ مۇھەممەد

ئابدۇھ «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىشقا باشلىغان. بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ تەپسىرى «ئەل مەنار» ژۇرنىلىدا بېسىلىپ تۇرغان. مۇھەممەد ئابدۇھ نىسا سۈرىسىنىڭ 125-ئايىتىگە كەلگەندە ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ تەپسىرىنى شاگىرتى مۇھەممەد رەشىد رىزا داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، يۈسۈف سۈرىسىنىڭ 101-ئايىتىگە كەلگەندە ئۇ كىشىمۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ داۋامىنى مۇھەممەد بەھجەت بەيتار دېگەن كىشى تاماملىغان. نەتىجىدە، بۇ تەپسىر 12 توملۇق بولۇپ نەشر قىلىنغان.

تەپسىرى مەنار ئەڭ ئىلغار تەپسىرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ تەپسىر ئىككى خىل يۆنىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى ئەللامە مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ ۋاپاتىدىن ئىلگىرىكى يۆنىلىش، يەنە بىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى يۆنىلىش ئىدى. ئالدىنقى يۆنىلىشتە ئىجتىھاد كۆپرەك بولۇپ، نەقىل ئازراق بولغان. كېيىنكى يۆنىلىشتە ئالدىنقىسىنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولۇپ، نەقىل كۆپ، ئىجتىھاد ئازراق بولغان. مۇھەممەد رەشىد رىزا مۇنداق دېگەن: «ئۇستازىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تەپسىر قىلىشتا مۇستەقىل بولدۇم ۋە ئايەتلەرنى سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن تەپسىر قىلىشتا ئۇستازىمغا خىلاپلىق قىلدىم»[1].

## ◄ تەپسىرى سەئدىي (تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان)

ئاپتورى: ئابدۇراھمان ئىبنى ناسىر سەئدىي ھىجرىيەنىڭ 1307-يىلى ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ قەسىم رايونىدىكى ئۇنەيزە شەھرىدە تۇغۇلغان. ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ كىچىك يېشىدىلا ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، ئۆگەي ئانىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان. بۇ ئانا كىچىك ئابدۇراھماننى ئۆز باللىرىدىنمۇ ئەزىزلاپ چوڭ قىلغان ۋە كىچىك مەدرىسكە بەرگەن بولۇپ، 14 يېشىدا «قۇرئان كەرىم» نى تولۇق يادلاپ بولغان. ئەللامە ئابدۇراھمان سەئدىي ياش ۋاقتىدىلا تونۇلغان كاتتا ئۆلىماغا ئايلانغان.

## ◄ تەپسىرى سەئدىي:

بۇ تەپسىر يەتتە توملۇق تەپسىر بولۇپ، مەنىسىنىڭ ئوچۇقلىقى ۋە ئىخچاملىقى بىلەن مەشھۇردۇر. بۇ تەپسىردە سۈرىلەر بىر قانچە بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ ھەربىر بۆلەكنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى بايان قىلىنىدۇ. بەزى ئايەتلەرنىڭ ھېكمەتلىرىنى ۋە ئەھكاملىرىنى بايان قىلىدۇ. خۇراپىي

[1] «تفسير المنار»1- توم:16- بەت.

قىسسىلەردىن خالىي تەپسىردۇر.

### ◄ فى زىلالىل قۇرئان (في ظلال القرآن)

ئاپتورى: سەييىد ئىبنى هاج ئىبنى قۇتۇب ئىبراھىم 1906-يىلى 10-ئاينىڭ 9-كۈنى مىسىرنىڭ ئاسيۇت ۋىلايىتىنىڭ مۇشا دېگەن يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئوقۇشىنى كىچىكىدىن باشلىغان بولۇپ، ئۆز يېزىسىدا «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادلاپ بولغان. 1933-يىلى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دارىلئۇلۇم پاكۇلتېتىنى تامامىلىغان. قاھىرەدە مۇئەللىملىك قىلغان، كېيىنچە مائارىپ مىنىستىرلىكىدە ئىشلىگەن. 1948-يىلى مىسىر مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئامېرىكىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلىپ، ئامېرىكىدا ئىككى يىل تۇرغان. سەييىد قۇتۇب ئامېرىكىدىن ئىنتايىن جەڭگىۋار ئىسلام دەۋەتچىسى بولۇپ قايتقان ۋە مىسىردىكى «ئەل ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن» جامائىتىگە ئەزا بولغان. ئۇ ھەمىشە «مەن 1951-يىلى تۇغۇلدۇم» دەيتتى. چۈنكى، بۇ ئۇنىڭ «ئەل ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن» جامائىتىگە قوشۇلغان يىلى ئىدى.

مىسىردا «ئەل ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن» جامائىتى بىلەن «23-ئىيۇل ئىنقىلابى» نىڭ مەسئۇللىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەندە، سەييىد قۇتۇب 1954-يىلى قولغا ئېلىنىدۇ ۋە 15 يىللىق ھۆكۈم ئېلان قىلىنىدۇ. سەييىد قۇتۇب تۈرمىدە مەھبۇسلۇق جەريانىدا «فى زىلالىل قۇرئان» تەپسىرىنى يېزىپ چىقىدۇ. ئۇ تۈرمىدىن چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ تەپسىرى نەشر قىلىنىدۇ. ئىراقنىڭ سابىق رەئىسى ئابدۇسسالام ئارىف ئۇنىڭ تەپسىرىنى ئوقۇپ چىقىپ قاتتىق تەسىرلىنىدۇ ۋە مىسىرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى رەئىسى ئابدۇنناسىرغا ئارىچىلىق قىلىپ، ئىراقلىق ئۆلىمالار ئارقىلىق سەييىد قۇتۇبنى تىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەييىد قۇتۇب مۇددىتى توشۇشتىن بۇرۇن تۈرمىدىن چىقىدۇ. 1965-يىلى قايتا قولغا ئېلىنىپ، 1966-يىلى 8-ئاينىڭ 29-كۈنى مىسىر ھەربىي مەھكىمىسى تەرىپىدىن دارغا ئېسىلىدۇ.

سەييىد قۇتۇب شېھىت قىلىنىشتىن بۇرۇن بارلىق ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۆلىمالار ئۇنى ئابدۇنناسىردىن تىلىۋالماقچى بولۇپ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بۇ تىرىشچانلىقلار پايدىسىز قالىدۇ. مىسىردىكى ھەربىي مەھكىمە سەييىد قۇتۇبنىڭ جامال ئابدۇنناسىردىن ئۆزرە تىلىسە، ئۇنى كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى ئۆزرە تىلەشكە قىستىغاندا، سەييىد قۇتۇب قەتئىيلىك بىلەن: «نامازدا ئاللاھ تائالانىڭ بىر

ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدىغان بۇ بارماق تاغۇتنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلىپ ئېتىراپنامە يېزىشنى رەت قىلىدۇ» دەيدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاللاھ تائالا بىلەن قىلغۇاتقان ئۇلۇغ ئىشىمنى خاتا ئىكەن دەپ ئۆزرە ئېيتامدىم؟ مەن قانداقلارچە ئۇلاردىن رەھىم-شەپقەت تىلىگۈدەكمەن؟ مېنىڭ تۈرمىگە كىرىشىم ھەق بولغان بولسا، مەن ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھۆكمىگە رازى، ئەگەر ناھەق تۈرمىگە ئېلىنغان بولسام، تاغۇتتىن شەپقەت سوراشتىن ئۈستۈنمەن».

## ◄ فى زىلالىل قۇرئان تەپسىرى:

ئەدەبىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان «فى زىلالىل قۇرئان» دېگەن تەپسىرنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ھېچقانداق تەپسىر يوقتۇر، ئۇ «قۇرئان كەرىم» سىزىپ بەرگەن ھايات تەرزىنى بەئەينى بايان قىلىپ بەرگەن بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان ئەڭ ياخشى ئەسەردۇر. بۇ تەپسىر ئالتە توملۇق بولۇپ، مىسىردا ۋە باشقا دۆلەتلەردە ئىنتايىن كۆپ قېتىم نەشر قىلىنغان.

## ◄ تەپسىرى شىنقىيتىي (أضواء البيان في إيضاح القرآن بالقرآن).

ئاپتورى: مۇھەممەد ئەمىن ئىبنى مۇھەممەد مۇختار جەنكى ئەل شىنقىيتىي ھىجرىيەنىڭ 1325-يىلى ھازىرقى مورىتانىيەنىڭ شىنقىيت دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇ يۇرتىدا دىنىي ئىلىمدە ئەتراپلىق يېتىشكەن بولۇپ، ھەج قىلىش ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ، ئۇ جايدىكى ئۆلىمالار بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستان ئۆلىمالىرى مۇھەممەد مۇختار شىنقىيتىينىڭ يۇقىرى بىلىمگە قايىل بولغانلىقتىن، ئۇنى بۇ مەملىكەتتە قېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ، ئۇ قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار پادىشاھ ئابدۇلئەزىزغا تەلەپ سۇنۇپ ئۇنىڭ قېلىپ قېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، پادىشاھنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇ كىشى سەئۇدى ئەرەبىستاندا قالىدۇ. مەككىدە ۋە رىياد شەھىرىدە مۇدەررىسلىك قىلىدۇ، «سەئۇدى ئەرەبىستان كاتتا ئۆلىمالار ھەيئىتى»گە ئەزا بولىدۇ، «دۇنيا ئىسلام ئەللىرى بىرلىكى» تەشكىلاتىنىڭ تەسىس ئەزاسى بولىدۇ. 1393-يىلى مەككىدە ۋاپات بولىدۇ.

## ◄ تەپسىرى شىنقىيتىي:

تەپسىرى شىنقىيتىي ئون توملۇق تەپسىر بولۇپ، ئاپتور مۇجادەلە

سۈرىسىگە كەلگەندە ۋاپات بولغان بولۇپ، قالغان قىسمىنى ئۇنىڭ شاگىرتى ئەتىيە مۇھەممەد سالىم دېگەن كىشى تاماملىغان. بۇ تەپسىر ئىككى ئالاھىدىلىك بىلەن تونۇلغان بولۇپ، بىرى قۇرئاننى قۇرئان بىلەن تەپسىر قىلغان، يەنە بىرى فىقھى مەسىلىلەرنى ناھايىتى ئىنچىكە بايان قىلغان.

## ◄ تەفھىمۇل قۇرئان (تفهيم القرآن)

ئاپتورى: ئەللامە ئەبۇل ئەئلا مەۋدۇدى 1903-يىلى ھىندىستاندا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ كىشى تەپسىر ساھەسىدىلا ئەمەس، ژۇرنالىستلىق ۋە ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىسلام ۋە ئەرەب دۇنياسىدا كۆپلىگەن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ كەڭ تارقالغان. ئەللامە ئەبۇل ئەئلا مەۋدۇدى 1979-9-ئاينىڭ 20-كۈنى 76 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ◄ تەفھىمۇل قۇرئان تەپسىرى

ئەللامە مەۋدۇدى بۇ تەپسىرنى 1942-يىلى يېزىشقا باشلاپ، 1972-يىلى يېزىپ تاماملىغان. بۇ تەپسىر ئۇردۇ تىلىدا يېزىلغان ئالتە توملۇق تەپسىر بولۇپ، كۆپ قىسمى زىنداندا يېزىلغان، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە قايتا-قايتا نەشىر قىلىنىپ كەڭ تارقالغان. مەۋدۇدى بۇ 30 يىل جەرياندا دۇچ كەلگەن يېڭى مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ، تەپسىرنى پىششىقلاپ ماڭغان. مەۋدۇدى بۇ تەپسىردە «ئىسلام دىن ۋە دۆلەتتۇر، ئىسلام ھاكىمىيىتى تىكلەنمەستىن، ئىسلامغا تولۇق ئەمەل قىلغىلى بولمايدۇ، ئىسلام مۇكەممەل بىر دىن بولۇپ، ھاياتنىڭ كىشىلىك ۋە ئىجتىمائىي تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن نەزەرىيەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، غەرب پىكىر ئېقىمىنىڭ، دىنسىزلىق پەلسەپەسىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا يامراپ كىرىشىگە شىددەت بىلەن قارشى تۇرغان. بۇ تەپسىر ئىنگلىزچە، تۈركچە، ئۇيغۇرچە قاتارلىق كۆپلىگەن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

## ◄ تەپسىرى مۇيەسسەر (التفسير الميسر)

تەپسىرى مۇيەسسەر تەپسىر ساھەسىدە ئالاھىدە تونۇلغان بىر گۇرۇپپا ئۆلىمالار تەرىپىدىن ھازىرلانغان بىر توملۇق تەپسىردۇر. بۇ تەپسىرنىڭ ھازىرلىنىشىدا تەپسىرى تەبەرىيدىن باشلاپ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ

ئاساسلىق تەپسىرلەر مەنبە قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر تەپسىرلەرنىڭ كۆپچىلىك ئۆلىمالار تەرىپىدىن ئەڭ توغرا دەپ بېكىتىلگەن تەرەپلىرى ئېلىنغان.

### تەپسىرى مۇيەسسەر:

«تەپسىرى مۇيەسسەر» نامىلىق بۇ شانلىق تەپسىرنىڭ مۇقەددىمە-سىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «زامانىمىزدا ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ پايلىنىشى ئۈچۈن، تەپسىر پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن، سەلەف سالىھلارنىڭ يولىغا مۇۋاپىق، ئىشەنچ قىلغىلى بولىدىغان، ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ۋە مەقسەتلىرىنى روشەن بايان قىلىپ بېرىدىغان، مەزمۇنلۇق، ئىخچام بىر تەپسىر ھازىرلاپ چىقىش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالغان ئىدى. مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدىكى «پادىشاھ فەھد قۇرئان نەشر قىلىش ئاكادېمىيەسى» بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىشقا مۇناسىپ، ئىبارىلىرى ئوچۇق، بايانلىرى راۋان بىر تەپسىر ھازىرلاپ چىقىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر تەپسىرنىڭ سىناق نۇسخىسىنى تەييارلاپ چىقىشقا تەپسىر ئىلمىدە توشقان، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ساھەدىكى مول ئەمگەكلىرى بىلەن تونۇلغان مەشھۇر ئۇستازلار تەكلىپ قىلىندى ۋە تەپسىر قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس شەرتلەر بەلگىلەندى. بۇ تەپسىر تەييار بولغاندىن كېيىن، «پادىشاھ فەھد قۇرئان نەشر قىلىش ئاكادېمىيەسى»دە تەشكىللەنگەن مەخسۇس ھەيئەت تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ چىقىلدى. ئاندىن «سەئۇدى ئەرەبىستان دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىكى»گە قاراشلىق ئايرىم ئىككى ھەيئەت تەرىپىدىن ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ چىقىلدى. ئاندىن ئۇنىڭ تۇنجى نۇسخىسى نەشر قىلىندى.

مەزكۇر تەپسىرنىڭ بىرىنچى نۇسخىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوقۇلىشى، ئىبارىلىرىنىڭ يەڭگىل ۋە چۈشىنىشلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى ئاشۇردى ۋە ھەركىم ئۇنىڭدىن بىرنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىشقا ئالدىرىدى. ئىنسانلار قىلغان ئىشلارنىڭ خاتالىقتىن خالىي ۋە مۇكەممەل بولۇشى مۇمكىن بولمىغاندەك، بۇ تەپسىردىمۇ بەزى سەۋەنلىكلەر ۋە خاتالىقلار يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇلار ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن مۇلاھىزىلاردىن مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇس تەكشۈرۈش ھەيئىتى ئەزالىرى بۇ مۇلاھىزىلارنى بىر-بىرلەپ

ئوقۇپ چىقىپ، كۆرۈلگەن سەۋەنلىكلەر ۋە خاتالىقلارنى ئەستايىدىل تۈزىتىپ چىقتى»[1].

مەزكۇر تەپسىر ھازىرغىچە 31 تىلغا تەرجىمە قىلىپ تارقىتىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ بولمىغانلىقى بىر بوشلۇق ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى-كەرەمى بىلەن بۇ بوشلۇقنى پېقىر مۇھەممەد يۇسۇپ تولدۇرغان بولدى. نەتىجىدە، تەپسىرى مۇيەسسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 2019- يىلى ئىستانبۇلدا تۇنجى قېتىم نەشر قىلىندى. قايتا كۆرۈپ چىقىلغان ۋە ئۇچرىغان قىسمەن يېتەرسىزلىكلەر تۈزىتىلگەن نۇسخىسى 2022- يىلى يەنە ئىستانبۇلدا نەشر قىلىندى.

## ◄ تۈگەنچە

ئەڭ گۈزەل ماختاش ۋە ئەڭ ئېسىل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە يېگانە رەببى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالانى چىن قەلبىمدىن مەدھىيەلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىمەن. ھەق دىننى بىزلەرگە يەتكۈزگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت، دۇئا ۋە سالام يوللايمەن. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان ۋە تا قىيامەتكىچە بۇ يولنى داۋاملاشتۇرىدىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا ئاللاھ تائالادىن رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلەيمەن.

مەن ھازىر ھاياتىمدىكى ئەڭ خۇشاللىق، ئەڭ بەختلىك ۋە ئەڭ مەنىلىك دەقىقىلەردە تۇرۇۋاتىمەن. مەن بۈگۈن ھەقىقەتەن راھەتلىنىپ قالدىم، چوڭ بىر زەپەر قۇچقاندەك بولدۇم. چۈنكى، مەن مۇشۇ كېچە، يەنى 2022- يىلى 12- يانۋار، كېچىسى ئاللاھ تائالانىڭ زور ئىلتىپاتى ۋە كاتتا ياردىمى بىلەن بۇنىڭدىن ساق 20 يىل بۇرۇن، يەنى 2002- يىلى 17- ئاپرېل كۈنى باشلىغان شەرەپلىك تەپسىر خىزمىتىنىڭ تۈگەنچىسى ھەققىدىكى ئەڭ ئاخىرقى يازمىنى يېزىۋاتىمەن. مەن 20 يىللىق مۇشۇ مۇددەت جەريانىدا بىر تەرەپتىن بۇ ئۇلۇغ خىزمەتكە مۇۋەپپەق بولغانلىقىمدىن قاتتىق سۆيۈنسەم، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ شەرەپلىك خىزمەتنى تاماملىيالماي قېلىشىمدىن ئەنسىرەش ئىچىدە بولۇپ كەلدىم. ھەر دۇئايىمدا ئاللاھ تائالادىن بۇ ئىشىمنى تاماملىشىمغا پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت بېرىشىنى تىلەپ كەلدىم.

---

[1] مەزكۇر تەپسىرنىڭ مۇقەددىمىسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

چۈنكى، ئۆلۈم دېگەن ياش، قېرى دېمەيدىكەن. نۇرغۇن كىشىلەر باشلىغان ئىشىنى داۋاملاشتۇرالماي بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان ئىكەن. «تەپسىرى مەنار»نىڭ مۇئەللىپى ئەللامە مۇھەممەد ئابدۇھمۇ مەزكۇر تەپسىرنى باشلاپ نىسا سۈرىسىگە كەلگەندە ۋاپات بولۇپ، تەپسىرنىڭ داۋامىنى ئۇنىڭ شاگىرتى ئەللامە مۇھەممەد رەشىد رىزا داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ، يۈسۈف سۈرىسىگە كەلگەندە ئۇمۇ ۋاپات بولدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئالىم باشلىغان بۇ شانلىق تەپسىرنىڭ داۋامى تاماملانماي قالدۇ. جانابى ئاللاھ تائالادىن بۇ ئىككى ئالىمغا باشلىغان تەپسىر خىزمىتى ئۈچۈن تاماملىغانلىقنىڭ ئەجرىنى تولۇق بېرىشىنى تىلەيمەن.

جانابى ئاللاھ تائالا دۇئايىمنى ئىجابەت قىلدى ۋە ماڭا بۇ ئىشىمنى تاماملىشىم ئۈچۈن يېتەرلىك پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت بەردى، تەن ساقلىقى ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلدى. بۇ ۋەجدىن ئاللاھ تائالاغا قانچىلىك كۆپ شۈكۈر قىلسام ئاز، قانچىلىك كۆپ ئەمەل-ئىبادەت قىلسامۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ماڭا ئاتا قىلغانلىرىنىڭ مىڭدىن بىرىنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلالمايمەن. مەن بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن چەتئەلنىڭ يولىنى تۇتۇپ، سۆيۈملۈك ۋەتىنىمدىن، قەدىردان ئاتا-ئانامدىن، قېرىنداشلىرىمدىن، ئەزىز خەلقىمدىن ئايرىلغان ۋاقتىمدا، دىنىم ئۈچۈن، خەلقىم ئۈچۈن كاتتا ئىشلارنى، ئۇلۇغۋار خىزمەتلەرنى قىلىشنى يۈرىكىمگە پۈككەن بولسامۇ، قولۇمدىن كەلگىنى مۇشۇنچىلىك بولدى. بۇمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ماڭا قىلغان كاتتا ئىلتىپاتى. مەن بۇ تەپسىردە بەزى خاتالىقلاردىن ۋە تۈرلۈك يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. چۈنكى، ئىنسان خاتالىقتىن خالىي ئەمەس. شۇڭا توغرا قىلغانلىرىمنى ئاللاھ تائالادىن، خاتا قىلغانلىرىمنى ئۆزۈمدىن كۆرىمەن ۋە ئاللاھ تائالادىن بارلىق گۇناھلىرىم ۋە كەمچىلىكلىرىم ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيمەن.

ئاخىردا، جانابى ئاللاھ تائالادىن بۇ ئەمگىكىمنى سۆيۈملۈك ئۇيغۇر خەلقىم ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ئىلىملەر قاتارىدىن قىلىپ بېرىشىنى، ئۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىغا پايدىلىق قىلىپ بېرىشىنى، مېنى بېقىپ چوڭ قىلىپ، ئوقۇتۇپ يېتىشتۈرۈپ، ئاللاھ يولىغا ئاتىۋەتكەن ۋە مېنىڭ قىلچىلىك خىزمىتىمدىن بەھرىمەن بولالماي مەڭگۈگە ئايرىلغان مېھرىبان ئاتا-ئانامنى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلدىن باشقا ھېچقانداق

نەرسە ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنىدە مۇشۇ ئەمگىكىمنىڭ ساۋابىدىن بەھرىمەن قىلىشىنى تىلەيمەن.

مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن

ھىجرىيە **1443**- يىلى، جامادىيەل ئاخىرنىڭ **9**- كېچىسى،
مىلادىيە **2022**- يىلى، **12**- يانۋار، چارشەنبە.
جىددە - سەئۇدى ئەرەبىستان.

# تەپسىردىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئىزاھاتى

**باتىل:** ساختا، ھەقىقەتنىڭ ئەكسى.

**باتىنى:** ئىچكى دۇنياسى.

**باقىي:** مەڭگۈلۈك، ئەبەدىي قالغۇچى.

**بالاغەت:** ئىستىلىستىكىلىق گۈزەل ئىپادىلەش ئۇسلۇبى.

**بۇت:** مۇشرىكلار چوقۇنىدىغان ھەيكەل.

**بۇرج:** ئورىبىتا

**بىدئەت:** دىندا بولمىسىمۇ ئۇنىڭغا كىرگۈزۈۋېلىنغان ئىش.

**بېشارەت:** خۇش خەۋەر.

**بىھۇدە:** پايدىسىز، ئەھمىيەتسىز.

**بەربات:** خاراب، ۋەيران.

**بەرزەخ:** دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئوتتۇرىسىدىكى ئالەم بولۇپ، بۇ ئالەمدىن ئۆتكەنلەر قىيامەتكە قەدەر بەرزەخ ئالەمدە بولىدۇ.

**بەندە:** ئاللاھ ياراتقان مەخلۇق.

**بەيتۇلمەئمۇر:** يەتتىنچى ئاسماندىكى ئىبادەتگاھ.

**بەيئەت:** بىراۋنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلىش.

**پاساھەت:** گۈزەل ئىپادىلەش ئۇسلۇبى.

**پاسىق:** ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن چىققۇچى.

**پانىي** دۇنيا: داۋام قىلمايدىغان ئالەم.

**پائالىيەت:** ئىش، مەشغۇلات.

**پۈركەنجە:** ئاياللارنىڭ يۈزىنى يۆگەپ تۇرىدىغان رومال.

**پىشۋا:** يولباشچى، يېتەكچى.

**پىتنە:** غەرەزلىك ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان يالغان سۆز، سىناق.

**پىرقە:** كىشىلەر توپى،

**پىرىنسىپ:** سۆز ۋە ھەرىكەتتە ئەمەل قىلىنىدىغان قانۇن، نىزام.

**پىلسىرات:** دوزاخنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان كۆۋرۈك.

**پەتىھى:** ئازادلىق.

**پەرھىزكار:** نەپسىنى يىغقۇچى، تەقۋادار ئادەم.

**پەرز:** قۇرئان ۋە سەھىھ ھەدىس بىلەن بېكىتىلگەن ھۆكۈم.

**پەرىشتە:** ئاللاھنىڭ نۇردىن ياراتقان، ئىتائەتمەن بەندىلىرى.

**پەزل-كەرەم:** كۆپ بەرگۈچى ۋە سېخىيلىق قىلغۇچى.

**پەزىلەت:** ئىجابىي خىسلەت.

**پەم:** ئەقىل، ئىدراك، پاراسەت.

**تاكامۇل:** كەمكۈتىسىز، يېتىشكەن.

**تۇتامى:** ئەھمىيىتى.

**تىلاۋەت:** قۇرئان ئوقۇش.

**تەپسىر:** قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ شەرھى.

**تەخىر:** كېچىكىش.

**تەربىيە:** پەرۋىش قىلىش، بىلدۈرۈش.

**تەرزى:** ھالىتى، شەكلى.

**تەرغىب:** قىزىقتۇرۇش.

**تەرك:** قىلماسلىق، ئورۇندىماسلىق، تاشلىۋېتىش.

**تەسبىھ:** سۇبھانەللاھ دېيىش، ئاللاھنىڭ پاكلىقىنى سۆزلەش.

**تەسەررۇپ:** باشقۇرۇش.

**تەشرىق:** قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈندىن تۆتىنچى كۈنگىچە

بولغان ئارىلىق.

**تەشەھھۇد:** نامازدىكى ئولتۇرۇش.

**تەقدىر:** ئاللاھ بەلگىلىگەن ئىش.

**تەقلىد:** دوراش، ئەگىشىش.

**تەقۋا:** ئاللاھتىن قورقىدىغان ۋە ئىتائەت قىلىدىغان مۆئمىن ئادەم.

**تەقەززا:** بىرەر ۋەزىپە ياكى ھالەتتىن كېلىپ چىقىدىغان تەلەپ.

**تەكبىر:** ئاللاھۇ ئەكبەر دېيىش.

**تەمە:** باشقىلارنىڭ بىر نەرسە بېرىشىنى كۈتۈش.

**تەھەججۇد:** كېچىدە ئوقۇلىدىغان ناماز.

**تەۋپىق:** ئاللاھ تەرەپتىن كېلىدىغان مۇۋەپپەقىيەت.

**تەۋھىد** : ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئېتىقاد قىلىش.

**تەۋىل:** سۆزلەرنى زاھىرى مەنىسىدىن باشقا مەنىدە چۈشەندۈرۈش.

**جاھالەت:** نادانلىق،

**جاھىلىيەت:** ئىسلامدىن بۇرۇنقى كاپىرلىق دەۋرى.

**جائىز:** دۇرۇس، دىندا رۇخسەت قىلىنغان ئىش.

**جىلباب:** ئۇزۇن كۆڭلەك.

**جىمى:** بارلىق.

**جىھاد:** ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىش.

**جەزم:** مۇقىم ۋە قەتئىي قارار.

**جەننەتۇلمەئۋا:** قارارگاھ بولغان جەننەت.

**جەھەننەم:** دوزاخ.

**چوقۇنۇش:** تېۋىنىش.

**چۆرە:** سېتىۋېلىنغان ئايال قۇل.

**چىنپۇتۇش:** جەزم قىلىپ ئىشىنىش.

**خاھىش:** خالاش، ئىزدەش ۋە ئىنتىلىش.

**خۇدى:** ئەس-ھوشى.

**خۇراپات:** ئاساسسىز، ئىلمىيلىكى يوق نەرسە.

**خۇسۇمەت:** ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك.

**خۇشۇئ:** ئاللاھ پۈتۈن قەلبى بىلەن باغلىنىپ، قورقۇنچ ئىچىدە تۇرۇش.

**خىتاب:** نۇتۇق، سۆز.

**خىلۋەت:** ئادەملەردىن، كۆزلەردىن يىراق، چەت، ياقا.

**داخىل:** كىرگۈچى.

**دالالەت:** ئىشارەت، بەلگە.

**دۇرۇت:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇئا ۋە سالام يوللاش.

**دىيەت:** سەۋەبلىكتىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان ئادەم تۆلەيدىغان تۆلەم.

**دەررە:** قامچا.

**دەرگاھ:** تۇراراجاي.

**دەستۇر:** قانۇن، قائىدە، نىزام.

**روھانىي:** دىنىنىڭ يېتەكچىسى، مەنىۋى داھىي.

**رىزۋان:** ھۆدەيبىيە دېگەن جايدا، ساھابىلەر ئاستىدا تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەدە بەرگەن دەرەخنىڭ ئىسمى.

**رىزىق:** ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن نېمەت.

**رىۋايەت:** ئېغىزدىن ئېغىزغا يۆتكىلىپ تارقالغان ۋەقەلىك.

**رىيا:** كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىنغان ئەمەل.

**رەب:** ياراتقۇچى، باشقۇرغۇچى ۋە ھەممىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ.

**رەزىل:** پەسكەش، ئىپلاس، رەسۋا.

**رەسۋا:** يامان قىلىقى سەۋەبلىك كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئادەم.

**رەھمەت:** مىننەتدارلىق، تەشەككۇر، شەپقەت.

**زات:** يۇقىرى مەرتىۋىلىك.

**زاكات:** پۇل-مالغا ئىگە بولغانلارنىڭ يىلدا بىر قېتىم پۇل-مېلىدىن يوقسۇللارغا 40 تىن بىرىنى بېرىشى.

**زالالەت:** ئازغۇنلۇق.

**زاھىر:** ئاشكارا.

**زۇلۇم:** ھەقسىزلىك.

**زىكىر:** ئەسلەش، خاتىرىلەش، تىلغا ئېلىش.

**زىلزىلە:** تىترەش، تەۋرەش.

**زىننەت:** گۈزەللىك ۋە ھۆسن بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بۇيۇم.

**زىنھار:** ئەسلا، ھېچقاچان، قىلچە.

**زەبۇن:** خاراب، ۋەيران، زەئىپ، نىمجان.

**سابىت:** ئورۇن ئالغان، مۇستەھكەم، مەزمۇت.

**سازاۋەر:** ياخشى باھا ۋە مۇئامىلىگە لايىق بولغان.

**ساقىت:** ئېلىپ تاشلانغان، بىكار قىلىنغان.

**سالىھ:** تىلتۆكۈس لەيىق ياشىغان، ياخشى ۋە ئۈلگىلىك مۇسۇلمان.

**ساماۋى:** ئاللاھتىن كەلگەن.

**ساھابە:** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھلىرى.

**ساۋاب:** مۇكاپات.

**سائادەت:** زور بەخت.

**سۆكۈش:** بىراۋنى يامان گەپ بىلەن ھاقارەت قىلىش.

**سۇخەنچى:** گەپ توشۇغۇچى.

**سۈننەت:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى ۋە ئىش-ئىزلىرى.

**سۈكۈنات:** جىمجىتلىق.

**سېلىنچا:** ئاستىغا سېلىپ ئولتۇرىدىغان كىگىز، كۆرپە.

**سېھىر:** ئەپسۇن ئوقۇش، جادۇگەرلىك قىلىش ئارقىلىق زىيان يەتكۈزۈش.

**سىدرەتۇلمۇنتەھا:** يەتتىنچى ئاسماندا پەرىشتىلەر توپلىنىدىغان جاينىڭ

ئىسمى.

**سىراتۇل** مۇستەقىم: توغرا يول.

**سىستېما:** نىزام، قانۇن.

**سىغىنىش:** ئىلتىجا قىلىش، تېۋىنىش.

**سىمۋۇل:** بەلگە، نىشان.

**سىياقى:** كۆرۈنۈشى، شەكلى،

**سەپسەتە:** توغرا پىكىر قىلىش قا.ىدىسىگە خىلاپ پىكىر.

**سەجدە:** نامـاز ئوقۇغانـدا پېشـانىنى، بۇرۇننـى، پـۇت ـ قوللارنـى ۋە تـىزلارنـى يەرگە تەككۈزۈش دېگەنلىك.

**سەدىقە:** تىلەمچى ياكى موھتاجلارغا بېرىلىدىغان ياردەم، ئىئانە.

**سەراپ:** يىراقتىن سۇغا ئوخشاش كۆرۈنىدىغان نەرسە، ئىزىتقۇ.

**سەلتەنەت:** ھاكىمىيەت.

**سەھىھ:** توغرا، ئىشەنچلىك.

**شاراپەت:** خىسلەت، پەزىلەت، خاسىيەت.

**شاھادەت:** گۇۋاھلىق.

**شۇمبۇيا:** زىيانداش، تىرىكتاپ.

**شۈكۈر:** مىننەتدارلىق، مەمنۇنىيەت.

**شەپە(شەپىسى):** بەلگە، ئىشارەت.

**شەرم- ھايا:** خىجىل بولۇش ياكى ئۇيىلىش ھېسسى.

**شەرىئەت:** ئىسلام قانۇنى.

**شەك(شەكلىنىش):** گۇمان، گۇمانلىنىش.

**شەھۋەت:** جىنسىي تەلەپ، جىنسىي ئىنتىلىش.

**غاپىل:** بىغەم.

**غەپلەت:** بىپەرۋالىق.

**غەيىب:** كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ئالەملەر.

**فىترىت:** ئىنساننىڭ تۇغۇلغان چاغدىكى ھالىتى.

**فىقھىي:** ئىسلام دىنىنىڭ ئىبادەت، مۇئامىلە، دەۋا ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىم.

**قارارگاھ:** ئورۇنلاشقان جاي.

**قازا:** ئۆلۈش، ۋاپات بولۇش، ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش.

**قاساۋەت:** قاتتىق.

**قايىم:** بولىدىغان ئىش.

**قىران:** كۈچ-قۇۋۋەتتە ۋايىغا يەتكەن چاغ.

**قىسسە:** ۋەقە، ھادىسە.

**قىسمەت:** پېشانىگە پۈتۈلگەن تەقدىر.

**قىياس:** ئوخشىتىش.

**قىيام:** ئۆرە تۇرۇش.

**قىيامەت:** ئاخىرەتنىڭ باشلىنىشى.

**قەبىھ:** يىرگىنىشلىك، ناچار ۋە رەزىل قىلىق.

**قەدرى:** قىممىتى، ئەھمىيىتى.

**قەدىر:** ...غىچىلىك، قىچىلىك قوشۇمچىلىرىغا ئوخشاش سۆز.

**قەسر:** سەپەردە تۆت رەكئەتلىك نامازنى ئىككى رەكئەت قىلىپ ئوقۇش.

**قەھر:** قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش.

**قەھەتچىلىك:** ئاچارچىلىق.

**قەۋم:** بىر ئۇرۇقتىن چىققان كىشىلەر توپى.

**كاپارەت:** گۇناھنى يۇيۇش ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئىش.

**كاپىر:** ئىمانسىز ئادەم.

**كارامەت:** ئاللاھ خالىغان بەندىلىرىگە كۆرسىتىدىغان ھەيران قالارلىق ئىش.

**كاززاپ:** يالغانچى.

**كاسات:** خەۋەردارى يوق.

**كالام:** سۆز.

**كامالەت:** مۇكەممەللىك.

**كاھىن:** رەمچى، پالچى.

**كائىنات:** دۇنيا.

**كۇفرى:** كاپىرلىق.

**كۇلتۇر:** مەدەنىيەت.

**كىبىر:** ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش.

**كەرەم:** سېخىلىق.

**كەلىمە تەۋھىد:** «لائىلاھە ئىللەللاھۇ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن ئىمان سۆزى.

**كەئبە:** نامازدا يۈزىمىزنى قارىتىپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ جاي.

**گۇناھ:** ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىش.

**لال:** ھەيرانلىقتىن تىلى تۇتۇلغان.

**لەنەت:** قاتتىق قارغىش.

**لەھزە:** كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتىدىغان ۋاقىت.

**لەۋھۇلمەھپۇز:** كائىناتتا بولىدىغان ۋە بەندىلەر قىلىدىغان بارلىق ئىشلار ئالدىن خاتىرىلەنگەن بۈيۈك دىۋان.

**مالامەت:** تاپا-تەنە.

**مۆتىۋەر:** خەلق ئىچىدە ئابرۇيى بار.

**مۆجىزە:** ئاللاھ پەيغەمبەرلەرگە ئاتا قىلغان ھۆججەت، پاكىت، دەلىل.

**مۇباھ:** قىلسا گۇناھ ياكى ساۋاب بولمايدىغان ئىشلار.

**مۇپەسسىر:** قۇرئان كەرىمنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرگۈچى.

**مۇتەكەببىر:** ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچى، ھاكاۋۇر.

**مۇتەئەسسىپ:** ئۆز رەيىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغان ئادەم.

**مۇجادەلە:** دەتالاش قىلغۇچى ئايال.

**مۇجاھىد:** ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغان جەڭچى.

**مۇجتەھىد:** بارچە ئىلمىي كۈچىنى چىقىرىپ ئىزدەنگۈچى ئالىم.

**مۇجەسسەم:** توپلانغان، يىغىلغان.

**مۇخالىپەت:** قارشى پىكىردە بولۇش.

**مۇخلىس:** ئىخلاسمەن.

**مۇرتەد:** دىنىدىن يېنىۋالغۇچى.

**مۇستەسنا:** ومۇمىي جائىدىدىن تاشقىرى.

**مۇستەھەب:** ساۋابلىق ئەمەل.

**مۇسھەف:** قۇرئان كەرىم.

**مۇسەللەت:** باشقۇرۇۋېلىش، ھۆكۈمران بولۇۋېلىش.

**مۇشرىك:** ئاللاھ شېرىك كەلتۈرگۈچى.

**مۇناپىق:** تىلىدا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، دىلىدا ئىشەنمەيدىغان، ئىككى يۈزلىمچى ئادەم.

**مۇناجات:** دۇئا قىلىش، يالۋۇرۇش.

**مۇنكىر-نەكىر:** قەبرىدە سوئال-سوراق قىلىدىغان پەرىشتىلەر.

**مۇھاجىر:** دىنىي مەقسەت بىلەن يۇرتىدىن ئايرىلىپ چىققۇچى.

**مۇۋەپپەق:** مەقسەتكە يېتىش.

**مۇئمىن:** ئاللاھقا ۋە دىنىمىزدا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان مەسىلىلەرگە چىن ئىشەنگۈچى.

**مۇيەسسەر:** ئېرىشىش.

**مۇئەسسەسە:** بىرەر ساھەنى باشقۇرىدىغان ئورۇن، تەشكىلات.

**مۇئەييەن:** ئېنىق.

**مىراج:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەتتىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغانلىقى.

**مەبۇد:** ئىبادەت قىلىنغۇچى ئىلاھ.

**مەجنۇن:** ساراڭ، ئەقلى يوق.

**مەجۇسىي:** ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا مەنسۇپ كىشى.

**مەخلۇق:** ئىنسان ۋە بارلىق تىرىك جانىۋارلارنىڭ ئورتاق نامى.

**مەخلۇقات:** بارلىق مەخلۇقلار.

**مەدەنىيەت:** ئىنسانلار ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلار.

**مەرھەمەت:** ئىلتىپات، رەھىم-شەپقەت.

**مەرىپەت:** كىشىلەرنىڭ بىلىمىنى، ئاڭ-سەزگۈسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان تەلىم-تەربىيە.

**مەغپىرەت:** ئەپۇ قىلىش، كەچۈرۈش.

**مەكرۇھ:** ياقتۇرۇلمايدىغان ئىش.

**مەلھەم:** يارا، جاراھەتلەرگە سۈرۈلىدىغان يۇمشاق، يېپىشقاق دورا.

**مەنتىق:** تەپەككۇرنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى.

**مەھبۇس:** زىندانغا تاشلانغان، قاماقتا ئېلىنغان كىشى.

**مەھرەم:** ئۆزىنىڭ جورىسى ۋە نىكاھى باغلانمايدىغان يېقىن تۇغقىنى.

**مەھشەر:** قىيامەت كۈنىدىكى توپلىنىدىغان جاي.

**مەھشەرگاھ:** قىيامەت كۈنىدىكى توپلىنىدىغان جاي.

**مەۋقە:** ئادەم ۋە ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي گۇرۇپپىنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى.

**مەئسىيەت:** گۇناھ.

**نادامەت:** پۇشايمان.

**نازىل قىلىش:** چۈشۈرۈش.

**ناقىس:** كەم، كەمتۈك.

**نائىل:** ئېرىشىش.

**نۇسرەت:** ياردەم، مەدەت.

**نىسپ:** ئاللاھ ھەر بىر ئادەمگە بەلگىلىگەن ھەسسە، ئېرىشمەك.

**نىسۋە:** كىشىنىڭ بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھەسسىسى، ئۈلۈشى.

**نېمەت:** ئاللاھ ئاتا قىلغان بارچە ياخشىلىقلار.

**نجات:** قۇتۇلۇش.

**نجس:** پاسكىنا.

**ندا:** چاقىرىق.

**نزام:** مەلۇم مەسىلىلەر ھەققىدىكى قائىدە-تۈزۈم.

**نفاق:** مۇناپىقلىق، ئىككى يۈزلىمچىلىك.

**نهايەت:** ئاخىرى.

**نەپس:** ئىنسانلاردىكى يېيىش-ئىچىش، مال-دۇنيا ۋە شۆرەتكە بولغان قىزىقىش، ھەۋەس.

**نەقلىي دەلىل:** قۇرئان ۋە ھەدىس دەلىللىرى.

**ھارام:** ئاللاھ ئىستېمال قىلىشنى چەكلىگەن نەرسىلەر ۋە مەنئىي قىلغان ئىشلار.

**ھالا:** تېخىچە.

**ھالال:** ئاللاھ ئىستېمال قىلىشقا رۇخسەت قىلغان نەرسىلەر ۋە قىلسا گۇناھ بولمايدىغان ئىشلار.

**ھالاۋەت:** راھەت-پاراغەت، لەززەت.

**ھاماقەت:** ئەقىلسىز، ئەخمەق.

**ھامىي:** ھىمايىچى، ئاسرىغۇچى، يۆلىگۈچى.

**ھايا:** نومۇسلۇق ئىش ۋە ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش.

**ھېرىس:** بىر نەرسىگە ئىشتىياق باغلاش، كۆڭۈل قويۇش.

**ھېكمەت:** توغرا سۆز، توغرا ئىش.

**ھجاب:** مۇسۇلمان خانىم-قىزلارنىڭ شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن ئۆلچەم بويىچە كىيىنىشى.

**ھجرەت:** دىن يولىدا يۇرتىدىن ئايرىلىش.

**ھىدايەت:** توغرا يول.

**ھىممەت:** باشقىلارغا ياردەم قىلىش، غەمخورلۇق قىلىش.

**ھەدىس:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز-ھەرىكىتى، كۆرسەتمىلىرى.

**ھەزەر ئەيلەش:** ئۆزىنى تارتىش، ساقلىنىش.

**ھەسەت:** ئىچى تارلىق، باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ يوق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش.

**ھەشر:** قىيامەت كۈنىدىكى توپلىنىش.

**ھەلقۇم:** كېكىردەك، كاناي، بوغۇز.

**ھەمدۇسانا:** مەھىيە، ماختاش.

**ھەۋزى كەۋسەر:** جەننەتتىكى سۈيى سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن تاتلىق ئۆستەڭ.

**ۋابالى:** ئاقىۋىتى، جازاسى، گۇناھى.

**ۋاپات:** ئۆلۈم.

**ۋۇجۇد:** ئادەمنىڭ پۈتۈن بارلىقى، جىنى، تېنى.

**ۋەسۋەسە:** كىشىنى تەشۋىشكە سالىدىغان، يامانلىققا كۈشكۈرتىدىغان ئوي-خىيال.

**ۋەسىلە:** ۋاستە.

**ۋەلىيسى:** ئىگە-چاقىسى.

**ۋەھشي:** ئىنسان قىلمىغان چىققان، ئۆتۈپ كەتكەن زالىم. قانخور.

**ۋەھيى:** ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەرگە سۆز قىلىشى ۋە ئەمر-پەرمانى.

**ئابىدە:** مەڭگۈتاش.

**ئاتېئىزىم:** ياراتقۇچىنى ئىنكار قىلىدىغان، خۇداسىزلىق سەپسەتىسى.

**ئاتېئىست:** دىنغا ئىشەنمەيدىغان ئادەم.

**ياچاق:**

**ئاخىرەت:** باقىي ئالەم، قىيامەت.

**ئازغۇن:** يولدىن ئازغان، توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەن.

**ئاسىي:** گۇناھكار.

**ئاقىۋەت:** ئاخىرقى يەكۈن، نەتىجە.

**ئالەم:** دۇنيا، بارچە مەۋجۇدات، كائىنات.

**ئامىل:** سەۋەب.

**ئاۋام:** پۇقرا، ئاددىي خەلق.

**ئوربىتا:** ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى باشقا جىسىمنىڭ تاتىش كۈچى تەسىرىدە قىلىدىغان ھەرىكەت يولى.

**ئۆزرە:** كەچۈرۈم سوراش.

**ئۆلىما:** دىنىي ئالىم.

**ئۇلۇل ئەزم:** ئىرادىلىك بەش پەيغەمبەرنىڭ سۈپىتى.

**ئۇممەت:** مەلۇم دىن ياكى ئېتىقادتا بىرلەشكەن كىشىلەر.

**ئىسلام ئۇممىتى:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتى بولغان مۇسۇلمانلار.

**ئۆگۈت:** پەند-نەسىھەت.

**ئېتىقاد:** بىرەر مەسىلىككە، ئىدېئولوگىيەگە، بىرەر كىم ياكى مەسىلىگە بولغان ئىشەنچ.

**ئېھرام:** ئۆمرە ياكى ھەج قىلغۇچىلار يۆگىنىدىغان ئىككى پارچە رەخت.

**ئېھسان:** بىراۋغا قىلىنغان ياخشىلىق.

**ئىبادەت:** ئاللاھ رازى بولىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان ھەرقانداق ئىش-ھەرىكەت ۋە گەپ-سۆز.

**ئىبرەت:** ساقلىنىش ئۈچۈن ساۋاق بولىدىغان ئىش-ھەرىكەت، ھادىسە، ۋەقە.

**ئىپپەت:** نەپسىنىڭ، ۋىجدانىنىڭ پاكلىقى ۋە ئەخلاقىنىڭ گۈزەللىكى.

**ئىجابەت:** قوبۇل قىلىش.

**ئىجتىھاد:** بار كۈچىنى چىقىرىپ ئىزدىنىش، تىرىشچانلىق كۆرسىتىش.

**ئىجما:** زاماندىكى ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسىنىڭ ياكى كۆپ سانلىقىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئېلىنغان قارار.

**ئىخلاس:** چىن كۆڭلىدىن بېرىلىش.

**ئىددەت:** ئېرى ۋاپات بولغان ياكى تالاق قىلىنغان ئاياللارنىڭ پاكلىنىش ئۈچۈن ساقلايدىغان مۇددىتى.

**ئىدراك:** بىلىش، چۈشىنىش قابىلىيىتى.

**ئىرپان:** ئىلىم-مەرىپەت.

**ئىزتىراپ:** روھىي ئازاب.

**ئىستىخارە:** ئاللاھتىن ياخشىلىق تىلەش.

**ئىستىراھەت:** دەم ئېلىش، ئارام ئېلىش.

**ئىستىغپار:** ئاللاھتىن گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىشنى تىلەش.

**ئىستىقامەت:** ھەق يولدا مۇستەھكەم تۇرۇش.

**ئىستەك:** ئىنتىلىش، تىلەك، خاھىش.

**ئىشارەت:** مەقسەت، نىشان ۋە غەرەزنى سۆزسىز ئۇقتۇرۇش.

**ئىكرام:** ھۆرمەت، ئىززەت.

**ئىلاھ:** ھەربىر مەبۇدقا قويۇلغان ئىسىم بولۇپ، ھەقىقىي ئىلاھ ئاللاھ تائالادۇر.

**ئىلاھىي تەلىمات:** ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرى.

**ئىلاھىي ئەھدە:** ئاللاھ ئالغان ئەھدە.

**ئىلتىپات:** غەمخورلۇق، كۆڭۈل بۆلۈش.

**ئىلتىجا:** يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ، ئۆتۈنۈپ سوراش.

**ئىلھام:** ئىجادىي روھ، ئىجادىي غەيرەت.

**ئىمان:** ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەرىشتىلىرىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا قىيامەت كۈنىگە چىن ئىشىنىش.

**ئىنايەت:** ياردەم، ئىلتىپات.

**ئەبگا:دۆت ،** ئەقىلسىز.

**ئەدەپ:** ئەخلاق، قائىدە-يوسۇن.

**ئەزىيەت:** ئازار، زىيان-زەخمەت.

**ئەسنا:** بىرەر ئىش ياكى ھادىسە بولۇپ تۇرغان پەيت.

**ئەسھابۇلكەھف:** ئاللاھقا بولغان ئىمانىنى قوغداش يولىدا ئۆڭكۈرگە سىغىنغان ياشلار.

**ئەقىدە:** چىن كۆڭۈلدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن پىكىر، ئىشەنچ.

**ئەمر:** بۇيرۇق.

**ئەمرۇ -مەرۇپ ، ۋەز-نەسىھەت:** كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش.

**ئەمىن:** ئىشەنچلىك.

**ئەمەل:** ئىش، ئەمگەك، ئەمەل-ئىبادەت.

**ئەنبىيا:** پەيغەمبەرلەر.

**ئەھكام:** ھۆكۈملەر.

**ئەھلى** كىتاپ: يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار.

**ئەۋرەت:** دىنىمىزدا يۆگەپ يۇرۇشكە بۇيرۇلغان ئەزالار.

**ئەۋزەل:** ياخشى، ئەلا، ئوبدان.

**ئەۋۋەل:** بۇرۇن.

**ئەيمىنىش:** قورقۇش، تەپ تارتىش.